دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# مەمەح ئاۋاح

②

ياشار كامال ( تۈركىيە )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ياشار كامال ( تۈركىيە )

# مەمەت ئاۋاق

2

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : تۇرسۇنئاي سائىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

瘦子麦麦德 2：维吾尔文／（土）凯马尔著；吐尔逊娜依·沙克木译．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.8
ISBN 978－7－228－14416－7

Ⅰ.①瘦… Ⅱ.①凯… ②吐… Ⅲ.① 长篇小说 — 土耳其 — 现代 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I374.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第170933号

责任编辑 阿不都热合曼·艾白
编　　辑 托乎提·巴克，库尔班·马木提
责任校对 万力·在顿
封面设计 穆卡达斯·迪力夏提
出版发行 新疆人民出版社
电　　话 0991－2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 北京盛通印刷股份有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 1/32开本
印　　张 19.5
版　　次 2011年8月第2版
印　　次 2011年8月第1次印刷
印　　数 1—3000
定　　价 53.00 元

# 1

ئۇۋسىنى ياسار قارلىغاچ
لايدا سۇۋاپ ھەمدە سىلىقلاپ.

جەيھان دەرياسى ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتىدۇ. بۇ دەريا ھەممىتە تېغىدىن ئاناۋارزا قىيالىقلىرىغىچە ئەگىمەستىن تۈپتۈز ئاقىدۇ. بەزى جايلارنى سۇ چوڭقۇر ئويۇپ ئۆتكەچكە، ئۈستى سۇغا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ. قىلىچ بىلەن كەسكەندەك تىك يارلار سۇنىڭ يالىشى بىلەن بۇدۇر - چوقۇر بولۇپ كەتكەن، كىچىك قۇملۇق كۆلچەكلەر ھاسىل بولغان. بەزى يەرلەردە سۇ تۈزلەڭلىككە شېغىل تاشلارنى يېيىپ كېڭىيىپ ئاقىدۇ. تېيىز سۈزۈك سۇلارنىڭ ئاستىدىكى سىغىلىدىغان چوڭ - چوڭ سازاڭ بېلىقلار يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ، يەر - يەرگە سوركىلىشىپ ئۇياق - بۇياققا دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ. دەريا بويلىرىدا كىچىك - كىچىك قومۇشلۇقلارمۇ بار. بۇ قومۇشلۇقلاردا يوغان يېشىل پاقىلار، ئاپپاق بېلىقئالغۇچلار ياشايدۇ.

دەريا بويلىرى سۆگەت، ئىلگىن ۋە باشقا دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، سېرىق ھەرىلەر، قىزىل ئېشەك ھەرىسى، مونچاقلىق ھەرىلەر، كۆكۈچ دالا ھەرىلىرى كۆنەلگۈلىرىنى ئىسسىقتا چوقايتىشىدۇ. دەرەخلىك ھەرىلەرنىڭ غوڭغۇلداشلىرى بىلەن تولىدۇ. قۇلۇلە قېپىدەك قاتتىق ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق قۇشلار، كۆكۈچ رەڭلىك قۇشلار، پارقىراق قۇشلار قىلىچ كەسكەندەك تىك يارلاردا كۈنبويى چوڭقۇر تۆشۈكلەرنى تېشىدۇ. ئەڭ چوڭقۇرلۇقلارغا ئۇۋا ياسايدۇ. دەريانىڭ ھەممىتە تېغىدىن ئاناۋارزا

قەلئەسىگىچە بولغان ياقىلىرىغا، يەنى ئاناۋارزا قەلئەسى بويىغا ھەمتە، ئورھانىيە، سەلىمىيە، ئەندال، كەسككۆلى يېزىلىرى جايلاشقان. دەريا ئۆز ئېقىنىنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرغاچقا، گاھىدا بۇ يېزىلاردىن يىراقلىشىپ ئاقىدۇ، بەزىدە يېزىنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ يېزىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئېقىتىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

جەيھان دەرياسى ئاناۋارزانىڭ يېنىدا چوڭ بىر سۇ ئامبىرى ھاسىل قىلغان. ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ ئايىغىدا يەنە قاينام كۆل پەيدا قىلغان. بۇ قاينامنىڭ سۈيى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ ھەم كۆپۈكلىنىپ، باش قايغۇدەك تېزلىكتە توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ. سۇغا چۈشكەن بىرەر شاخ ياكى يوپۇرماق ئۇ قاينامدىن بۇ قايناماغا ئۆتۈپ، سۇ يۈزىدە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. كېپىنەكلەر سۇغا چۈشسە ياكى سۇ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەندە، ئادەمدىن يوغان ئاپاتبېلىقلار بۇرۇتلۇق ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىپ سۇ ئۈستىگە سەكرىشىدۇ ۋە كېپىنەكلەرنى تۇتۇپ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇشىدۇ. بۇ چاغدا سۇ ئۈستى سېرىق كۆپۈككە تولۇپ كېتىدۇ.

ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ قىيالىرى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، گويا بىر كېمىگە ئوخشايدۇ، بۇ كېمە ئۈستىدىكى كونىرىغان، بۇزۇلغان خارابىلىكلىرى بىلەن ھەرقاچان تىمتاس دېڭىزدا تەۋرەنمەستىن ئاستا ـ ئاستا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئەگەر بىز ئېگىز، تىك كۆكۈچ ئاناۋارزا قىيالىرىغا چىقىپ كۈنچىقىشقا قارايدىغان بولساق، ئالدى بىلەن چوققىسىنى تۇمانلار قاپلىغان ھەمتە تېغىنى كۆرىمىز. تاڭ سوزۇلۇپ، تۇمانلار تارقالغان چاغدا ھەمتە تېغىنىڭ باغرىدىكى قويۇق دەرەخلەرنى، ئوچۇق تۇر①لارنى كۆرىمىز. ھەمتە تېغىدىن كېيىن چوققىلار پەسىيىپ بارىدۇ. بوزكۆيۈ يېزىسىنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي تاقىر بولۇپ، ئېچىلمىغان يەرلىرى ئاپپاق كۆرۈنىدۇ. جىغجىق يېزىسى باشلانغاندا تۆپىلىكلەر تارىيىپ، يېشىل

① تۇر ـــ مازار (قەبرە) ئۈستىدىكى خاتىرە تاش.



ئورمانلىق باشلىنىدۇ. ھەممىلا يەردە گۈللەر ئېچىلغان بولغاچقا، جىغجىق يېزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىزانتىيە مەنزىرىسى چوڭ بىر ياۋا گۈللەر باغچىسىدەك تۈزلەڭلىكتە يېيىلىپ تۇرىدۇ.

شىمالدا قەدىرلى تېغى بولۇپ، سۈلەمىش چوققىسى جىغانلار بىلەن قاپلانغان، يايپېشىل تۇرىدۇ. بۇ تاغ تۈۋىدىن ساۋۇرۇن دەرياسى تۈزلەڭگە قاراپ ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا كوزان يولى سوزۇلغان. سۇمباش دەرياسى كوزان يولىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئاناۋارزا قىيالىقلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. سۇمباش دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە، يەنى ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ غەربىگە ھاجىلار يېزىسى جايلاشقان ... ئۇنىڭ نېرىسىدا ئاسلانلىق يېزىسى. ئاسلانلىق يېزىسىدا بۇرۇنقى كىشىلەر ئوۋچى قۇش دەپ ئاتاپ كەلگەن كۆرد خەلقىنىڭ ئەۋلادلىرى ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭمۇ نېرىسىدا بولسا گويا يەلكەنلىرىنى ئېچىپ ئاق دېڭىزدا ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان دۇملۇ قەلئەسى. دۇملۇ قەلئەسىنى تۇمانلار قاپلاپ تۇرغاچقا، كۈن ئىسسىغان چاغلاردىلا قىزىل قىيالىرى چوقچىيىپ كۆرۈنىدۇ.

مانا بۇ تۈزلەڭلىك ـــ مۇنبەت ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدۇر. ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چەكسىز كەتكەن، غوڭغۇلداپ تۇرىدىغان، قۇش ئۇچالمايدىغان، يىلان كىرەلمەيدىغان قاراڭغۇ چاتقاللىق ۋە قومۇشلۇقى بىلەن ئاقچەساز پاتقاقلىقى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئاقچەساز پاتقاقلىقىنىڭ ئەتراپىدا تۈركمەن يېزىلىرى بولۇپ، ئۆيلىرى قومۇشلاردىن ياسالغان. ئاقچەساز پاتقاقلىقى جەنۇبتىن، ساۋۇرۇن دەرياسىنىڭ جەيھان دەرياسىغا ئۇلاشقان يېرىدىن باشلىنىپ، شىمالدا ۋېلىۋاي يېزىسىنىڭ دەل ئايىغىدا تۈگەيدۇ.

ئاناۋارزانىڭ مۇنبەت تۇپراقلىرىدىن يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. بۇ قاپقارا، مايلىق، يۇمشاق، ئۈنۈملۈك يەرلەردە ھەر خىل ئۆسۈملۈك ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر بولۇق بولۇپ، باشقا يەرلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىككى ـ ئۈچ، ھەتتا بەش ھەسسە

يوغان تۇرىدۇ. گۈللىرىنىڭ، ياشناپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلىرىنىڭ، دەرەخلىرىنىڭ رەڭگى تامامەن باشقىچە، يېشىلى ـــ قاشتاشتەك سۈزۈك يېشىل، سېرىقى ـــ كەھرىۋادەك سايسېرىق، قىزىلى ـــ چاقناپ تۇرغان ياقۇتتەك قىزىل، كۆكى ـــ قىيتىق كۆكۈچ، ھاشاراتلار، چۈمۈلىلەر، كېپىنەكلەر، قۇشلارنىڭ قاناتلىرى، تۈكلىرى ئاز كۆرۈلىدىغان مىڭ خىل سېھىرلىك رەڭدە ۋاللىداپ تۇرىدۇ. قۇرت ـ قوڭغۇز، كېپىنەك، قۇشلار، چېكەتكىلەر تۈزلەڭلىكتە شامالدەك ئۇچۇشىدۇ. بىردە قارىساڭ، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە خىلمۇخىل رەڭدىكى كېپىنەك دولقۇنى دەرەخلەر، ئوت ـ چۆپلەر ۋە تاش ـ تۇپراقنى، جىمىكى يەر ـ جاھاننى قاپلاپ كېتىدۇ. سېرىق، قىزىل، يېشىل، كۆك، ئاق رەڭدىكى، ھەربىرى قوشچىلىك كېلىدىغان كېپىنەكلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، كېپىنەكلەر قايتىمى تۈزىدۇ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ دولقۇن ھاسىل قىلىدۇ، تۈزلەڭگە يېيىلىدۇ، يەنە كۆتۈرۈلۈپ بۇلۇتلاردەك ئۇچۇشىدۇ، بۇ يەرنى ئاجايىپ ـ غارايىپ، باشقىچىلا سېھىرلىك بىر دۇنياغا ئايلاندۇرىدۇ. بىردە قارىساڭ، يوغان قىزىل چۈمۈلىلەر ئۇزۇن پاچاقلىرىنى كېرىپ تۈزلەڭلىكتە ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشىپ يۈرۈشىدۇ. موتچاقلىق ھەرىلەر شامالدەك ئۇچۇشىدۇ.

بۇ تۈزلەڭلىكتە پارقىراق قوڭغۇزلارمۇ ئاجايىپ يوغان بولىدۇ. كېچىسى تۈزلەڭلىكتە ۋە ئاقچەساز ئۈستىدە يۇلتۇز چاقنىغاندەك كۆرۈنىدۇ، شۇڭا تاڭ ئاتقۇچە ئوت ـ چۆپلەر، دەل ـ دەرەخلەر، گۈللەر بىر يورۇپ، بىر ئۆچۈپ تۇرىدۇ. ئۇچقۇنلار ئاستا ـ ئاستا ئۇچۇشىدۇ، ئۇچقۇن شامال يۇلتۇزلارنى سۈرىدۇ، يەر يۈزىدىكى ۋە ئاسماندىكى يۇلتۇز ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجاپ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ.

يېشىل چىۋىنلەر، چېكەتكىلەر، دۈمبىسىدىكى نەقىشلىك قاپلىرى قانتىمىق پارقىراق ھاشاراتلارمۇ شامالدەك ئۇچۇپ ئوينىشىدۇ.

ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە ھەممە نەرسە ـــ ئوت ـ چۆپ، دەل ـ



دەرەخ، قۇرت ـ قوڭغۇز، ئۇچار قاناتلار بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىدۇ. ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدىكى مەخلۇقاتلار باشقىچىلا ئوتتۇملۇك، ساغلام، پارلاق، سېھىرلىك بىر دۇنيانىڭ مەخلۇقلىرىدۇر.

ئاقچەساز پاتقاقلىقىنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي نەرگىسلىك بولۇپ، نەرگىسنىڭ ئىگىزلىكى ئادەمنىڭ كىندىكىگە كېلىدۇ. قىزىلگۈلدەك چوڭلۇقتا ئېچىلغان سايسېرىق نەرگىس گۈللىرى سازلىقنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، باھار مەزگىلىدە ئاقچەسازدىن پاتقاق پۇرىقى كەلمەيدۇ، ئەكسىچە، يۇمشاق تويىدىن گۈپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدىغان نەرگىس پۇرىقى ئىسسىق ھاۋاغا، تاشلارغا، ئوت ـ چۆپلەرگە، دەل ـ دەرەخلەرگە، ھاشاراتلارغا، قۇشلارغا، ھەتتا ئادەملەرگىمۇ سىڭىپ كېتىدۇ... ئاناۋارزادا باھار كۈنلىرى قۇرت ـ قوڭغۇزدىن تارتىپ قۇشلارغىچە ھەممىلا نەرسە نەرگىس پۇرايدۇ. كۈندۈزى ئىللىق ئاپتاپتا نەرگىس پۇرىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئاقچەسازدىكى ئادەملەر بۇ پۇراقتىن مەست بولۇشىدۇ. ئاناۋارزادا بارلىق جانلىق مەستخۇشلۇقتا ياشىشىدۇ.

بۇنىڭدىن خېلى زامانلار بۇرۇن ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنى چۆلدىن قېچىپ كەلگەن جەرەنلەر قاپلاپ كەتكەنىكەن. ھازىر ئەنە شۇلاردىن قېلىپ قالغان چىرايلىق ئۈچ جەرەن تۈزلەڭلىكتە چاقماقتەك تېز يۈگۈرۈپ، كېپىنەك، چېكەتكە، ھاشارات، ھەرە، قۇش شامالىرىنىڭ، نەرگىس پۇراقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ھەممىنە تېغىدىن ئاناۋارزا قەلئەسىگە، ئاناۋارزا قەلئەسىدىن ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئايىغىغا، ۋايۋايدىن ھاجىلار يېزىسىغا، دوملۇننىڭ تۈۋىنىگە، ئۇ يەردىن جەيھان دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە كېچە ـ كۈندۈز كېزىپ يۈرۈشىدۇ. ئاناۋارزادا بىرەر جانلىق مەۋجۇدات ـــ يىلان، چايان، قۇش، ئادەمزات، بۆرە، چاكال[1]، ئىت ۋە باشقىلار بۇ جەرەنلەرگە چېقىلمايدۇ. ئۇلار ئاناۋارزا

① چاكال ـــ بۆرىدىن كىچىكرەك يىرتقۇچ مايمۇن.

تۈزلەڭلىكتىكى ئاخىرقى مۇقەددەس جانلىقلاردەك ئەركىن – ئازادە، خالىغىنىچە يايراپ ياشىشىدۇ.

ئاقچىساز پاتقاقلىقىنىڭ ئىچىگە ئوق ئۆتمەيدىغان، يىلان كىرەلمەيدىغان دەرىجىدە قويۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ كەتكەن. پاتقاقلىقتىكى سۇلارمۇ بەزى يەردە كۆپۈكلىنىپ، پورۇقلاپ قاينايدۇ. بۇ يەرگە قول تىققىلى بولمايدۇ. بەزى يېرىدە تامامەن باشقىچە، تېگىدىكى شېغىل تاشلار كۆرۈنگۈدەك سۈپسۈزۈك مۇزدەك سۇغا چۈشكەن قوياش نۇرى ئەكس ئېتىدۇ. يەنە بەزى يەرلىرىدە بولسا لاي سۇ سېسىق پۇراپ تۇرىدۇ. پاتقاقلىقمۇ ھەر خىل، بەزى يەرلەردە دەرەختەك ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار، بەزى يەرلەردە پاكار قويۇق ئوت – چۆپلەر، رەڭلىك قىيا گۈللىرى ... بەزى يەرلەردە تۆپتۈز كەتكەن يايپېشىل چىمەنلىك، بەزى يەرلەردە ئاسمان كۆرۈنمىگۈدەك ئېگىز دەرەخلىك، ئورمانلىق ... خىلمۇخىل دەرەخ، ئوت – چۆپلەر، يۇگەيلەر ... كۈن چىقىش بىلەن شاپىلاقتەك كۆكۈچ يوگەي گۈللىرى ئېچىلىدۇ. قېلىن قومۇشلۇقلاردا ئېچىلىدىغان ياۋا گۈللەر ۋە تىلۇپەرلەر قوچاقتەك بولۇپ سۈزۈك سۇدا لەيلەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سازاڭگىلىق، تاپانبىلىق، تاشپاقا، يوغان يېشىل كۆز – كۆز پاقىلار ئۈزۈپ يۈرۈشىدۇ ... چىۋىن، پاشىلار خۇددى بۇلۇتتەك ئۇزۇشىدۇ، قارا يىلان، سۇ يىلانلىرى، قىزىل قۇيرۇقلۇق تۈلكىلەر، قورقۇنچاق چاكاللار، بوز، مايسارەڭ، ئۇزۇن پاچاقلىق، ئۇزۇن بويۇنلۇق سۇ قۇشلىرى چېپىپ يۈرۈشىدۇ.

تۇرۇس تېغىدىن تۈزلەڭلىككە چۈشكەندە جىمجىتلىق باشلىنىدۇ. يا قۇشنىڭ، يا سۇنىڭ، يا بىرەر ئادەمزاتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. تۈزلەڭلىك گويا بارچە ئاۋازنى يۇتۇپ كەتكەندەك. بولۇپمۇ ئاپتاپ چىقىپ كۈن ئىسسىغان چاغلاردا تۈزلەڭلىك تىمتاس بولۇپ كېتىدۇ. بۇ جىملىق ئاقچىسازغا يەتكۈچە داۋاملىشىدۇ. ئۇ يەردىن باشلاپ بىر شاۋقۇن پارتلايدۇ. بۇ پاتقاقلىقتىن ئادەمنى چۆچۈتىدىغان، ھەتتا ھوشىدىن كەتكۈزگۈدەك ھەر خىل، ئارىلىشىپ كەتكەن، ئاڭلاپ باقمىغان



ئاۋازلار كېلىدۇ. قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى، سۇنىڭ پورۇقلاشلىرى، ھاشاراتلارنىڭ غەلىتە ئاۋازلىرى، ئورماننىڭ شۇۋۇلدىشى، قومۇشنىڭ شىلدىرلىشى، خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى، چاكاللارنىڭ ھۇۋلاشلىرى بىرلىشىپ زەمبىرەك ئاۋازىدەك ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئاقچىساز ئادەمنى قورقۇتىدۇ. شۇڭا، ئادەملەر ئاقچىسازنىڭ ئىچىگە ئاسانلىقچە كىرەلمەيدۇ.

ئاناۋارزانىڭ كەڭ زېمىنى كۆپ يىللىق تارىخقا ئىگە. خارابىلاشقان ئاناۋارزا شەھىرى، تىك قىيالاردىكى قەلئەلەر، تاشقىنلاپ ئاقىدىغان جەيھان دەرياسى، ساۋرۇن، سۇمىياش دەريالىرى، قۇشلىرى، بۈركۈتلىرى، رەڭدار گۈللىرى، ئاجايىپ – غارايىپ ھاشاراتلىرى، بىرگە مىڭنى بېرىدىغان ھوسۇللۇق ئېتىزلىرى، ئاقچىساز پاتقاقلىقى، تومۇز ئىسسىقتا مۇزدەك ئاقىدىغان سۈزۈك سۇلىرى، توپا يوللىرى، ئۈچىدىغان بېلىقلىرى ۋە مول بايلىقى بىلەن چۇقۇر ئوۋانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاپتاپتا قاقلىنىپ، مۇھەببەت ۋە ھەممەت ئىلكىدە ئەركىن – ئازادە بېيىلىپ ياتىدۇ.

قوياش ئاناۋارزا قىيالىقىنىڭ ئۈستىدىن غەربكە يېتىۋاتقان چاغدا قۇشتەك يوغان، قېنىق سېرىق رەڭدىكى كېپىنەكلەر قاناتلىرىنى جۈپلەشتۈرۈپ، پۇتلىرى بىلەن باش – كۆزلىرىنى سىيپاپ، بەدەنلىرىنى يېنىك تىترىتىپ، ئولتۇرۇۋاتقان قوياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان شاخقا قونۇشىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكى، دەرەخلەر، سۇلار، يەر ۋە ئاسمان قېنىق زەڭگەر رەڭگە كىرىدۇ. كېپىنەكلەرمۇ شۇ رەڭنى ئالىدۇ.

ئاناۋارزانىڭ توپىسى ئادەتتىكى توپا ئەمەس، بەلكى ئالتۇن، بۇنى پەقەت ئەلى ساپا بايلا بىلىدۇ. يەرنىڭ قەدرىنى شۇ ئەلى ساپا بايلا تېگى – تەكتىدىن چۈشىنىدۇ. ھەربىر ئادەمدە ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، بىر سەۋدا بولىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسىسى بولىدۇ. ئەلى ساپا باينىڭ

سەۋداسى بەكمۇ كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئاناۋارزانىڭ ئۇنۇملۈك قارا چىلان تۇپرىقى ئىدى. ئەلى ساپا باي ھەر كۈنى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ يەرنى چىڭ دەسسەپ، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە ھەۋەس بىلەن كۆز يۈگۈرتەتتى. ئۇ، جاھاننىڭ ئويغىنىشىنى، بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ ئۇچۇۋاتقان ھاشاراتلارنى، تولغىنىپ كېتىۋاتقان يىلانلارنى، بىر - بىرىگە مىنگىشىۋالغان يوغان يېشىل پاقىلارنى، ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان تاشپاقىلارنى، پوستى قاتتىق رەڭدار قۇرت - قوڭغۇزلارنى، ھەرىلەرنى، قۇشلارنى، جەرەنلەرنى، خىلمۇخىل گۈللەرنى، بولۇق زىرائەتلەرنى، تويۇپ ياشارغان شاللىقلارنى، كېپىنەكلەرنى، مولارنى، سازلىقلارنى، ئۆستەڭلەرنى، يوللارنى، توپا - چاڭ باسقان تېرەكلەرنى، ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارنى، جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، ئۇچۇۋاتقان، توختىماستىن يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان، بۇ جاھاننى قىيامەتكە ئايلاندۇرىدىغان يېڭى دۇنيانى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۆزىتەتتى. بۇ كۆزىتىشتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك بولاتتى. ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنى غۇلاچ ئېچىپ قۇچاقلىماقچى بولاتتى. ئەسلىدە ئەلى ساپا باينىڭ ئاناۋارزادا بىر غېرىچمۇ يېرى يوق ئىدى. ئۇ ئاچ كۆز كۆپ ئۆتمەيلا تېرىلغۇ مەيدانلىرىغا ئىگە بولۇۋالدى، يەنىلا تويماۋاتىدۇ. دېمەك، نېمىشقا پۈتۈن ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە ئىگە بولمايدۇ، نېمىشقا شۇنچىۋالا كەڭ زېمىننى يەنە كېڭەيتمەيدۇ؟! ئەلى ساپا باي: «ھايات — كۈرەش دېمەكتۇر. ئەڭ مۇھىمى تېخىمۇ كۆپ يەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك. كۈرەشسىز ھايات ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. يەر ئۈچۈن بولغان كۈرەش ئەڭ مۇقەددەستۇر. ئادەم بالىسى بۇ دۇنيادا كۈرەش قىلماي نېمە قىلىدۇ، كۈرەش قىلمىسا ئوت - خەستىن نېمە پەرقى؟» دېيەتتى.

لېكىن، يەر ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەر بارغانسېرى قىيىنلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئەسلىدە بۇ يەرلەرگە — چۇقۇر ئوۋاغا، ئاناۋارزاغا، بۇ يەرلەرنىڭ ئىسسىقىغا، چىۋىن -



پاشىلىرىغا، قومۇش ئۆيلىرىگە كۆنەلمىگەن كۆچمەنچى تۈركمەنلەر بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى خالىمىسىمۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەرگە باغلىنىشتىن باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەنگەنىدى. ئەللىك دۆنۈملۈك يەرنى بەش كىلو تۇزغا، بىر ئۆچكىگە، ئون لىراغا، بىر تايغا، بىر ئېشەككە سېتىۋالىدىغان كۈنلەر كەلمەسكە كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئون بەش - يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۈچ مىڭ لىراغا يەر - زېمىنى بىلەن بىر يېزىنى سېتىۋېلىشقا بولاتتى. دېھقانلار باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشەتتى. ھازىر ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەنە شۇ قومۇش ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان ئادەملەر يەر ئۈچۈن قان تۆكۈشتىن يانمايتتى. ئەلى ساپا باي بىرلا نەرسە ئۈچۈن بەكمۇ كۆيۈپ - پىشاتتى. ئەسلى ئۇ ئۆز ئىشىنى يوشۇرۇنچە ئېلىپ بارغان بولسا، ئارزۇسىنى بىلىندۈرمىگەن بولسا ياخشى بولاتتىغۇ. لېكىن ئۇ بار غەيرىتى بىلەن يەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كۆزى ئېچىلدى. كۆزلىرى ئېچىلغان دېھقانلار بىلەن كۈرەش قىلىش بەكمۇ قىيىن، بىراق بۇ لەززەت بېغىشلايدۇ. مانا بۇ، ئادەمگە زۆرۈر ياشاش يولى. يەرنى — شۇنچىلىك قىممەتلىك نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەلۋەتتە ئاسانغا توختىماسلىقى لازىم - دە.

ۋايىۋاي يېزىسى ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدىكى يېزىلاردىن بىرى، ئۇ باشقا يېزىلاردىن سەل - پەل چوڭ. ۋايىۋاي دېھقانلىرى ئەلى ساپا باينىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ. ئۇلار يا قاراقچىدىن، يا ھۆكۈمەتتىن قورقمايتتى. ياخشى - يامان سۆزلەرنىمۇ ئاڭلىمايتتى، ئۆچمەس ئوتتەك يەرگە مەھكەم يېپىشىپ، ھەرقانداق بالا - قازاغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقاتتى ۋە سوقۇشاتتى. ئەلى ساپا باي مۇشۇ ۋايىۋاي يېزىسىنىلا قولغا چۈشۈرەلىسە، پۈتۈن ئاناۋارزانى قولغا كىرگۈزۈش پايپاقنىڭ يېپىنى سۆككەندەك ئاسانغا چۈشەتتى.

ۋايىۋاي يېزىسى ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنىڭ يۇقىرىسىغا،

تۇپراقتۇپىنىڭ يېرىم سائەتلىك تۆۋىنىگە، دەدەپاكلى چاتقاللىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، ساۋرۇن دەرياسىنىڭ شېغىل تاشلارنى ئېقىتىپ كەڭرىتكەن يېرىگە جايلاشقان. يېزا ئۆيلىرى قۇمۇش ۋە شاخلاردىن ياسالغان كەپىلەردىن ئىبارەت.

جەيھان دەرياسىدىن سۈلەمش دۆڭلۈكىگە بارغۇچە ئاناۋارزا تۈپتۈز كەتكەن بولۇپ، سازلىقلىرى، يېزىلىرى، كەپىلىرى، چاتقاللىرى، بۈك دەرەخلىرى بىلەنمۇ خۇددى بىر دېڭىزدەك كۆرۈنىدۇ. كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكى گويا دېڭىزغا ئوخشاش ئاقىرىپ، جىمجىتلىق قوينىدا مۈگدەيدۇ. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە بىر ئاۋازدىن مىڭ خىل سادا پەيدا قىلىدىغان يەر ــ جاھان تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولىدۇ.

تۈزلەڭلىك ئاقىرىشقا باشلىغاندا، قۇشتەك يوغان توق سېرىق كېپىنەك شاخقا قونۇپ قاناتلىرىنى تىترىتىپ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن بېشىنى قاشلاپ، كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا قاراپ كېرىلمەكتە ئىدى.

## 2

جىغان ئاق ياخشى ۋە ئاق ئۇنۇملۇك يەرلەردە ئۆسىدۇ. بىر يىلتىزدىن شاخلىنىپ ئۆسىدىغان جىغاننىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويىغا يەتمەيدۇ. ياش جىغان ھەسەلنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ، چوڭىيىغانسېرى ئۇنىڭ رەڭگىمۇ قېنىقلاپ قارىيىدۇ. جىغان ئەتىيازدا ئاق يالدۇر بىخ ئۇرۇپ يوپۇرماق چىقىرىدۇ. دەسلەپ سېرىق گۈل ئېچىلىدۇ، يوپۇرمىقى ئاچ يېشىل بولىدۇ، كېيىنچە يوپۇرمىقى توق يېشىل ۋە قارامتۇل يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ. ياز ئايلىرىغا كەلگەندە گۈللىرى قوڭۇر رەڭدە ئېچىلىدۇ.

چوقۇر ئوۋادا ۋە ئاناۋارزادا يۈز دۈنۇمچە يەردە جىغان ئورمانلىقى بار. بۇ يالتا چېپىلمايدىغان، قۇش ئۇچمايدىغان، كارۋان ئۆتەلمەيدىغان بۈك ئورمانلىقتۇر.



جىغان قاتتىق تىكەنلىك دەرەخ بولۇپ، باش بويى ھەممىسىلا، ھەتتا ئىنچىكە شاخلىرىغىچە قىسقا ئۇچ بۈرجەك تىكەن بىلەن قاپلانغان. جىغان ھەسەلنىڭ رەڭگىدىن قارامتۇل رەڭگە ئۆزگەرگەندە، تىكەنلىرىمۇ مىختەك قاتتىق بولۇپ كېتىدۇ. جىغاننىڭ يىلتىزلىرى يەرگە ئەگرى ــ توقاي چوڭقۇرلاپ كىرىپ ئۆسىدىغان بولغاچقا، ئۇنى يۇلۇش ئاسان ئەمەس.

جىغانلىققا ئات، ئېشەك، كالا، چوشقا، بۆرە، ھەتتا ئىتلارمۇ كىرەلمەيدۇ. ئەگەر ئادىشىپ كىرىپ قالسا قانلىرىنى ئاققۇزماستىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ يەردە توشقانلار، ياۋا توڭگۇزلار، كىچىك چاكاللار ياشىيالايدۇ. ناگان ــ ناگاندا قۇيرۇقى يۇلۇنغان قىزغۇچ تۈلكىلەر ئۇچراپ قالىدۇ.

ئەتىيازدا جىغانلىق ھەرىلەر ماكانىغا ئايلىنىدۇ. سېرىق ھەرە، موتچاقلىق قارا ھەرە، ئېشەك ھەرىلىرى جىغاننىڭ قاتتىق تىكەنلىرى ئۈستىگە ئۇۋىلىرىنى قۇرۇشىدۇ. ئۇۋىلىرىدىن چىققان ھەسەل ھەرىلىرى جىغانلىق ئۈستىدە خۇددى ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدىغاندەك نۇر چاڭلىرىنى توزۇتۇپ ئۇچۇشىدۇ.

جىغانلىقتا ئۆمۈچۈكلەرمۇ تور توقۇشىدۇ. كۈن چىققان چاغدا جىغانلىق نېپىز بىر قات ئاق يېپىنچا يېپىنغاندەك كۆرۈنىدۇ. جىغانلار ئارا تارتىپ توقۇلغان تورلار تاڭ شامىلىدا ئاستاغىنا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكى تۇمان ئىچىدە ئىدى. بىلىنەر ــ بىلىنمەس سىم ــ سىم يامغۇر چۈشۈۋاتاتتى. شامال يوق ئىدى. تاغدا كۈن چىقىش بىلەن تۇمانلار كەينىدە ئەۋۋا يورۇقلۇق بىر يورۇپ، بىر يوقايتتى. شۇ چاغدا بىر ئادەم گۈللۈك چاپىنىغا ئورىلىپ، جىغان يىلتىزىغا قويغان مىلتىقىغا بېشىنى قويۇپ، تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ـــ دەل جىغانلىقتىن بىر توپ قۇش ھەر خىل ئاۋازدا سايرىشىپ ئۇچۇپ ئۆتتى. بۇ ئادەم كۆزىنى ئېچىپ يەنە يۇمۇۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۆرۈلۈپ كۆزىنى ئۇۋۇلىدى ۋە ئەتراپىغا ھاڭقىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ

بەدىنى كۈيۈشۈپ، تىزى سىرقىرايتتى. كېرىلىپ ئورنىدىن تۇردى، ئاغزى ئاچچىق بولۇپ تۈكۈرۈۋەتتى، تۈكۈرۈك ئۈمۈچۈك تورىنى تېشىپ جىغانىڭ يۇتىقىغا چۈشتى. ئۇ ئادەم ئېڭىشىپ مىلتىقىنى ئالدى ـ دە، مۈرىسىگە ئاستى. كۆمۈش نەقىشلىك چېركەس خەنجىرى سول يېنىغا ئېسىلغان بولۇپ، تىزىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بېلىدە تاپانچا قىستۇرۇقلۇق ئىدى. قولدا توقۇلغان قېلىن ئالىچىپار يىپەك كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ قاتار تىزىلغان ئوقدان باغلانغان، بويىنىغا يوغان، يىپىپىگى قارا دۇربۇن ئېسىلغانىدى. گۈل چېكىپ تىكىلگەن قېلىن تېرە چورۇقى يېڭى بولۇپ، گۈللۈك يۇڭ پايپىقى تىزىغا كېلەتتى. بۇ خىل پايپاقنى توروس تېغىدىكى دېھقانلار ئۆزلىرى توقۇۋالىدۇ. ئۇ ئادەم پايپىقىنى ياڭاق شۆپۈكى بىلەن بويالغان ئۇچۇق خورما رەڭلىك يۇڭ شالۋۇرىنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ كىيىۋالغانىدى.

ئۈچ تەرەپتىن خورازنىڭ چىللىغان، ئىتتىنىڭ هاۋۇشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئادەم جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۆز يولىنى پەرق قىلالمىدى. جەنۇب تەرەپتىن خورازنىڭ قىچقىرىشى ئاڭلاندى. غەربتىن خىلمۇخىل ئاۋاز كېلەتتى. پاقىلار توختىماي كۇرۇلدايتتى. شەرقتىن يېقىملىق بىر ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، يەنە توختاپ قالاتتى. يىراقتىن ــ جىغانلىق سىرتىدىن بىر ئاۋاز كېلەتتى. كۈن دىمىق ئىسسىق، قۇياش گەرچە مۇنار ئېگىزلىكىدە كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، تۇمان ئىچىدە كۆرۈنمەيتتى. پەقەت سىم ـ سىم يېغىۋاتقان يامغۇردا غۇۋا يورۇقلۇق ئاران كۆرۈنەتتى.

بۇ ئادەم شەرققە قاراپ ماڭدى. تىزلىرى پۈكۈلۈپ مېڭىشقا هالى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ يولغا چىققىنىغا تۆت كۈن بولغان، ئوزۇقى تۈنۈگۈن چۈشتە تۈگىگەن، بىراق هازىر ئۇنىڭ قورسىقى ئاچمىغانىدى. چۈنكى، قورسىقىنىڭ ئاچلىقى خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى. تۆت كۈن ئاۋۋال ساۋرۇن دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە ئۇنى ئەسكەرلەر قورشىۋالغانىدى. ئەسكەر كۆپ بولغاچقا،



ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك چۈشەتتى. بەختىگە، قورشاۋدا قالغان ۋاقتى كەچقۇرۇن بولۇپ، يامغۇر چۈشۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ يېرىم كېچىدە ئەسكەرلەر قامال قىلىۋالغان تامدىن ئۈن چىقارماستىن مۈشۈكتەك سەكرەپ ئۆتۈپ قاچقانىدى. ئەمدى ئۇ بۇ تاغلاردا تۇرالمايتتى. چۈنكى، تاغۇتاشلارنى ئەسكەرلەر قاپلاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىغا كالتەك، چوماق ئالغان دېھقانلار ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ هېچ يەرنى ئالا قويماي قاراقچىلارنى ئىزدەيتتى. تېخى بىر هەپتە بۇرۇنلا ئېگىز، تىك تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە مۆكۈنگەن ئەلى غوجىنى تاغقا يامىشىپ چىققان دېھقانلار تۇتۇۋالغانىدى.

ئادەم ساقلانغۇدەك بىردىنبىر جاي ۋايىۋاي يېزىسى. ئۇ شۇ يەرگە بارسا قۇتۇلۇپ قالاتتى ۋە خاتىرجەم بولاتتى، چۈنكى ئۇ يەردە ئوسمان چولاق بار. بىراق، هازىر ئۇ سەل ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ يېزىغا كىرەر ـ كىرمەيلا ۋايىۋاي دېھقانلىرى ئۇنى هۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرەر ياكى ئۆز قېرىندىشى، ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوسمان چولاق بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان قېرى ئادەم، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىمىدى. كىم بىلىدۇ، ئۆلۈپ قالدىمۇ. شۇنداق بولسا ئۇ يەردە كىمنى ئىزدەيدۇ؟ ۋايىۋاي يېزىسىدا ئۇنى كىممۇ تونۇيدۇ؟ ئۇ بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ ئۈممەت سىرىقنىڭ يېنىدا بىر كېچە قونۇپ قالغانىدى. شۇ كۈنى قورققىنىدىن ئۈممەتنىڭ ئۆتى يېرىلايلا دەپ قالدى، ئەمدى ئوسمان چوڭمۇ شۇنداق قورقارمۇ؟ ئوسمان چوڭغۇ كۆپىنى كۆرگەن، كۆڭلى يۇمشاق، قورقماس بىر بوۋاي. لېكىن، بىرنېمە دېمىش تەس، ئىنسانچىلىق ...

ئويلاپ تۇرىدىغانغا نەدە ۋاقىت، نېمە بولسا بولسۇن، ئۇ ئۇدۇللا ۋايىۋاي يېزىسىغا بېرىشى كېرەك. هازىر، مۇبادا ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقا يوشۇرۇنغۇدەك بىر جاي بولغان تەقدىردىمۇ، ۋايىۋاي يېزىسىغا كۆڭلى تارتىپ تۇراتتى. بېرىشقا قىزىقىپ تۇراتتى.

ئۆزىگە بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلغان، چىن قەلبىدىن مۇناسىۋەت قىلغان ئوسمان چوڭ ۋە ۋايىۋاي دېھقانلىرىنىڭ ھازىر ئۆزىنى قانداق قارشى ئېلىشلىرىنى بىلمەكچى بولاتتى. چۈنكى، دېھقانلارغا ھېچقانداق زىيان سالمىغان، ئەكسىچە، پايدا يەتكۈزگەن، كەمبەغەللەرنىڭ دوستى، بايلارنىڭ دۈشمىنى، يېتىم بىچارە ئەلى ئوجىنى شۇ دېھقانلار تاغدىن تۇتۇپ كېلىپ، باش - كۆزىگە ئۇرۇپ، يۈزىگە تۈكۈرۈپ ساقچىغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە: «ۋاي ساقچى باشلىقى جانابلىرى، دۈشمىنىمىزنىڭ ئۆمرى مۇشۇنچىلىك بولغىنى يېتەر!» دەپتۇ ۋە يېزىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئويۇن - تاماشا قىلىشىپتۇ.

يېزىغا كىرەر - كىرمەيلا ئوسمان چوڭنىڭ قولىنى باغلاپ سايا باينىڭ ئالدىغا ئاپارغىنى كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇ ئەلى سايا باي قانداق ئادەم بولغىيدى؟

تۈنۈگۈن ئاخشام جىغانلىققا كىرگەندە تىكەنلەر ئۇنىڭ پاقالچاقلىرىنى تىلىۋەتكەندى، شۇ يارىسى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى. يامغۇر توختىماستىن سىم - سىم چۈشۈۋاتاتتى. سېرىق ھەرىلەر كۆنەلگۈلىرىگە تىقىلىپ، بىر - بىرىگە چاپلىشىۋالغانىدى.

جىغان قويۇق ئۆسكەچكە يېرىپ مېڭىش تەس ئىدى، مىڭ تەسلىكتە چۈشكە يېقىن قىيان پەيدا قىلغان جىراغا يېتىپ كەلدى. جىرا جىغانلىقنى باشتىن - ئاياغ ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى. ھەر تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن قىيان سۈيىنىڭ يىرىلىشىدىن ھاسىل بولغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئۈچ تۈپ يوغان دەرەخنى كۆردى، ئوتتۇرىدىكى دەرەختە ئىككى ئادەم پاتقۇدەك كاۋاك بار ئىدى. بۇ ئادەم شۇ كاۋاكقا كىرىپ يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇزۇن توقۇلما چاپىنىدىن يامغۇر ئۆتمىگەچكە، بەدىنى مۇزلاپ كەتمىگەنىدى. بىراق، يوتى، پاقالچاقلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. توقۇلما چاپىنى تىزىغا كېلەتتى. ئۇ مىلتىقنى چىقىرىپ يېنىغا تىرەپ قويدى. دۈربۇن، خەنجەر،



ئاپانچىسىنى مىلتىقنىڭ يېنىغا قويدى ۋە كۆزلىرىنى يۇمدى. قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەن بولسىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ئۇممەت سېرىق ۋايىۋاي يېزىسىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «تۆۋەنگە مېڭىپ، نارلى قىشلاقتىن ساۋۇرۇن دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكەندىن كېيىن جىغانلىققا كىرىسەن، جىغانلىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ مېڭىۋەرسەڭ دۆڭگە چىقىسەن. ئۇنىڭ باغرىدا ئۈچ تۈپ دەرەخنى كۆرىسەن، ۋايىۋاي يېزىسى شۇ يەردىن دەل ئىككى سائەت يىراقلىقتا. سەن يېزىغا كېچىدە يېتىپ بارىسەن. يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخ بار، ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى ئاپپاق مەرمەر تاش كېچىدىمۇ پارقىراپ كۆرۈنىدۇ. دەرەخنى تېپىپ، جەنۇبقا قاراپ مېڭىۋەرگىن. كېچە تۇم قاراڭغۇ بولسىمۇ ئۇدۇللاپ مېڭىۋەرسەڭ بىر دەرۋازىغا بېرىپ توختايسەن، ئوسمان چوڭ دەپ چاقىرساڭلا دەرۋازىنى ئاچىدۇ.»

«ئەگەر دەرۋازا ئېچىلمىسىچۇ؟ مۇبادا ئېچىلغاندا بۇ يېزىنىڭ يارلىق ئەرلىرى يىغىلغان بولسىچۇ؟» دېگەن خىياللار كاللىسىغا كىرىۋالدى.

يېرىمى خىيال، يېرىمى چۈشتەك ئويلار بىلەن دەرەخ كاۋىكىدا كۈننى كەچ قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە كاۋاكتىن چىقتى.

ھاۋا بىر ئاز سوۋۇغانىدى، يامغۇر يەنىلا يېغىۋاتاتتى، ئۇ يەر - بۇ يەردە غۇۋا يورۇقلۇق كۆرۈنەتتى، جىغانلىقنى تۇمان باسقانىدى. جىغان گۈللىرى كىشىنى مەست قىلغۇدەك ئىللىق پۇراق چاچاتتى.

مىلتىق، دۈربۇن، خەنجەرنى، ھەممىسىنى ئابا[1]سىنىڭ ئىچىگە ئېلىۋالدى. مۇنداقلا قارىغاندا ھېچكىم ھېچنېمىنى بايقىيالمايتتى، لېكىن ئابانىڭ بىر يامان يېرى شۇكى، چوقۇر

① ئابا — دېھقانلار كىيىدىغان يەڭسىز ئۇزۇن چاپان.

ئۇۋادا ھېچكىم ئاپا كىيمەيتتى، ئاپا تاغلىق دېھقانلارنىڭ كىيىمى. مەيلى، كېچىدە كىممۇ دىققەت قىلاتتى؟!

يىراقتىن كىچىك بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى. ئۇ بەكمۇ ھارغانلىقتىن پۇتلىرىنى سۆرەپ ماڭاتتى. يامغۇر يەنىلا توختىماستىن سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. بۇرنىغا تېزەك پۇرىقى كېلىشى بىلەن تەڭ ئېسىگە كەلدى، ئۇ جىغانلىقتىن چىقىپ يېزىغا كىرىپ قالغانىدى. بىر ئىت قاتتىق ھاۋشىدى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، كاللىسىدا بىرەر نەرسە ئويلىمىغان بولسىمۇ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقاتتى. يېزىنىڭ خېلىلا ئىچىگە كىرگەندە بىر ئادەم ئۇچرىدى. ئۇ كېتىۋەردى. يېقىنلاشقاندا سالام بەردى، ئۇچراشقان ئادەممۇ سالام قايتۇردى:

— يول بولسۇن يولۇچى، بۇ كېچىدە نەدىن چىقىپ، نەگە كېتىۋاتىسەن؟

— تاغدىن كېلىۋاتىمەن، نارلى قىشلىقىغا كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى بۇ ئادەم.

— خوش ئەمىسە، يولۇڭ بولسۇن، — دەپ قويۇپ كېتىۋەردى ئۇچراشقان ئادەم.

— سالامەت بولۇڭ! — دەپلا تىترەپ كەتتى بۇ ئادەم.

بۇ ئادەم ماڭغان يول يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇڭ تەرەپتە چوڭ بىر توپ دەرەخ قارىيىپ كۆرۈندى. شۇ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاقىرىپ تۇرغان مەرمەر تاشنى كۆردى. ھېچ يەردىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيتتى، مۇشۇ بىرلا يورۇقلۇقتىن باشقا پۈتكۈل يېزا قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىققا چۆككەنىدى ... بۇ ئادەم بەكمۇ چارچاپ كەتكەنلىكتىن دەرەخكە يۆلىنىپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى، يۈرىكى يەنىلا ئىتتىك سوقاتتى. قايسى تەرەپ جەنۇب، قايسى تەرەپ شەرق، قايسى تەرەپ شىمال ۋە غەرب، زادىلا ئايرىغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ قالدى. يامغۇر توختىماي يېغىۋاتقاچقا، دەرەخ شاخلىرى شىلدىرلايتتى. « نېمە بولسا بولسۇن، بېشىمغا كەلگەننى



كۆرەي» دەپلا ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر ئۆينىڭ قاشاسىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى، قولى بىلەن سىلاپ - سىيپاپ ئىشىكنى تاپتى.

— ئوسمان ئاغا، ھەي ئوسمان ئاغا! ئوسمان ئاغا ...

ئىچكىرىدىن ئەركىشىنىڭ «كىم؟» دېگەن ئۇيقۇلۇق بوم ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خۇدايى مېھمان!

ئىشىك شۇ زامان ئېچىلدى.

— ئۆيگە كىر، قېرىنداشىم، قېنى كىرگىن، ھازىر چىراغنى ياقىمەن، — دېدى كۆڭلەكچان بىر ئادەم.

— ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيمەن، بۇ ئۇنىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ؟

— تۇرۇپ تۇر، قېرىنداشىم، كىيىنىۋالاي، ئاندىن سېنى باشلاپ بارىمەن، يامغۇر تېخىچىلا يېغىۋاتامدۇ؟

— ھەئە، يېغىۋاتىدۇ.

ئۆي ئىگىسى ھايالشىمايلا چىقىپ، كەلگەن كىشىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى، بىرەر ئىغىز گەپمۇ سورىمىدى، بېرىپ ئوسمان چوڭنىڭ ئىشىكىنى قاقتى:

— ئوسمان ئاغا، ھەي ئوسمان ئاغا! مېھمىنىڭ كەپتىكەن، باشلاپ كەلدىم!

ئىشىك شۇ زامان ئېچىلىپ ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مېھمىنىمىز ئامان - ئېسەن كەپتۇ، خۇدايى مېھماننىڭ قەدىمى قۇتلۇق بولسۇن! ۋەلى، سەنمۇ ئۆيگە كىر، تېخى ئەتىگەنغۇ، ئوسمان چوڭ چوم تىكىۋاتىدۇ، قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار!

— ئۇيقۇمنى ئۇخلاي، — دەپلا ۋەلى ياندى.

— سالامەت بول، ۋەلى! — دەپ ۋارقىرىدى ئايال كەينىدىن ۋە مېھماننى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

ئوچاق بېشىدا ئولتۇرغان ئوسمان چوڭ:

— كىم كەپتۇ؟ — دەپ بوم ئاۋازدا سورىدى.

— تونۇمايمەن، خۇدايى مېھمان ئىكەن، ئۇچىسىدا ئابا. تاغلىق بولسا كېرەك، — دېدى ئايال.
— تاغلىقمىكەن؟ — سورىدى ئوسمان چولاق، — ھە تاغلىق دېگىن، خوش، سالامەت كەلگەن بولسا قەدىمى قۇتلۇق بولسۇن، كەل، ئوچاق بېشىغا كەل، قېنى، بۇ يەرگە ئولتۇرغىن، يامغۇر يېغىۋاتامدۇ؟
— سىم - سىم چۈشۈۋاتىدۇ.
ئوسمان چولاق چومىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان مېھمانغا باشتىن - ئاياغ كۆز يۈگۈرتتى.
— نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن، بۇرادەر، ئولتۇرساڭچۇ! ساڭا نېمە بولدى؟ خۇدا ھەققى، ئولتۇرغىن!
مېھمان ئولتۇرالمايتتى، ئولتۇرسىلا ئىچىگە ئېسىۋالغان قۇراللىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.
ئوسمان چولاق ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى مېھمىنىنىڭ مۈرىسىگە قويدى.
— يالام، ئولتۇرساڭچۇ!
مېھمان يەنىلا ئولتۇرمىدى.
— قەمەر، كۆرپە ئاچىق. قەدىرلىك مېھمانىمنىڭ ئاستىغا كۆرپە سال!
ئايال ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرۇپ «ماقۇل» دېدى.
— مېھمان ئوغلۇم، ئاپاڭمۇ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دېدى ئوسمان چولاق.
— تاغدىن چۈشتۈم، ئوسمان چولاقنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى خوشال بىر ئاۋاز.
— دېمەك، سەن ئوسمان چولاقنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپسەن - دە، ئاجايىپ ئىش...
— شۇنداق، ئاجايىپ ... — قەمەر موماي كۆرپىنى ئەكىرىپ ئوچاق بېشىنىڭ سول بۇرجىكىگە سالدى.
— قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئۇكام، — دېدى ئايال.



— ئولتۇرغىن، ئوغلۇم، ماۋۇ ئاپاڭنى سېلىۋەتكىن، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئولتۇرمايدىغان مېھماننى كۆرۈۋاتىمەن، — دېدى ئوسمان چولاق.
مېھمان ئىككىلىنىپ تۇراتتى، ئاپاسىنى سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.
قەمەر موماي ئېرىنىڭ قۇلىقىغا:
— بۇ بالىنىڭ بېشىدا بىر ئىش بار چۇمۇ؟! — دېدى.
— نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان چولاق ۋە، — ھەي مېھمان، بېشىڭدا بىر غەم بارمۇ؟ — دەپ ئېچىنغان ئاھاڭدا سورىدى.
— مېنى تونۇمىدىڭمۇ، ئوسمان ئاغا؟ — دەپ خۇشاللىق بىلەن كۈلدى مېھمان.
ئوسمان چولاق مېھمانغا يېقىن كېلىپ، مۈرىسىدىن تۇتۇپ يۈزىگە قارىدى.
— ۋاي مەمەت ئاۋاق، شۇڭقارىم، قوزام! ئاھ مېھمىنىم، مېنىڭ يالام، بۈركۈتۈم! — دېدى - دە، مەمەت ئاۋاقنى قۇچاقلىۋالدى، پۈتۈن ئەزايى بولسا دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇ يەنە:
— ۋاي، بۇ سەنمىدىڭ، مېنىڭ لاچىنىم سەنمۇ؟ خۇدايى مېھمان سەنمۇ؟ راستىلا سەن شۇمۇ؟ — دەپ خۇشاللىقتىن قىنىغا پاتمايتتى.
بۇ ئەھۋالدا مەمەتنىڭ بوغۇزىغا بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك، ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى، ئۇ خۇددى لەززەتلىك چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى.
— ھەي قەمەر، كۆزۈڭ كور بولۇپ كەتسۇن، قاراپ باققىنا، كەلگەن كىم ئىكەن؟ كەلگىنە قەمەر، بىر كۆرۈپ باققىن.
ئايال ئۇزۇن سىلىنغان ئۆينىڭ ئۇ بېشىدا تۇرۇپ:
— نېمە دەۋاتىسەن، ئوسمان، نېمە دېدىڭ؟ — دېدى.
— بېرى كەل، تېز كەل، كېلىپ ئۆزۈڭ كۆرگىن، قارىغىنا،

كىم ئىكەن، زادى كىم كەپتۇ؟

— ئوسمان ! زادى كىم كەپتۇ؟ — دېدى قەمەر موماي.

— لاچىنىم ! — دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان چولاق، — شۇڭقارىم، مېنىڭ لاچىنىم.

— ۋارقىرىما — دېدى موماي، — ۋارقىرىما، ساراڭ بايقۇش، بۇ بالا ھازىر قاچقۇن، ۋاي جېنىم بالام، مەمەت ئاۋاقمۇسەن؟

— ھەئە، مەن شۇ، ئانا.

— سالامەت كەپسەن، جېنىم بالام، بۇ ساراڭ ياقاڭنى قويۇۋەتسىچۇ، راھەتلىنىپ ئولتۇرغان بولساڭ. يىراق تاغلاردىن ئېشىپ كەلگەنسەن؟

— جىم بول، خوتۇن، ئۇنى قويۇپ بەرمەيمەن، قېچىپ يۈرۈۋالماستىن قويۇۋەتمەيمەن.

ئوسمان چولاق مەمەت ئاۋاقنىڭ بويىنىنى، مۈرىلىرىنى، توغرا كەلگەن يېرىنى پۇرايتتى.

— بالا ھېرىپ كېتىپتۇ ! — دېدى ئايال، — چارچاپ جېنى ئومشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ.

ئاخىر موماي يېرىپ مەمەتنى ئېرىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالدى. ئوسمان چولاق مەمەت ئاۋاققا ھەيرانلىقتا قارايتتى، قەمەر موماي مەمەتنىڭ ئاياسىنى سالدۇرماقچى بولاتتى. ئاخىر مەمەت ئۆزىگە كېلىپ دەرھال ئاياسىنى سالدى. مىلتىق، تاپانچا، دۇربۇن، خەنجىرىنى يېشىپ تامغا يۆلەپ قويدى. كېلىپ قەمەر ئانا سېلىپ بەرگەن كۆرپىدە ئولتۇردى.

ئوسمان چولاق مەمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تېڭىرقاپ قارايتتى ۋە كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەيتتى.

مەمەت كۈلۈمسىرەيتتى، قەمەر ئانا سۆزلەيتتى، ئوسمان چولاق قىمىر قىلماستىن مەمەتكە تىكىلىپ قارايتتى.

— كۆزلىرىم راست سېنى كۆرۈۋاتقاندۇ - ھە؟ قۇلاقلىرىم خاتا ئاڭلىمىغاندۇ - ھە؟ سەن راستىلا شۇڭقارىممۇسەن؟ كۆزلىرىم يەنە بىر مەرتەم سېنى كۆردى - ھە ... كۆرۈشكە ئېسىپ



بولدى ... خوش، سالامەت كەلدىڭمۇ؟

ئوسمان چولاق ئاستا - ئاستا ئېسىنى يىغىشقا باشلىدى.

— دېمەك، شۇنداق بولدى - ھە ! يەنە بىر قېتىم مەمەت ئاۋاقنى كۆرۈشكە ئېسىپ بولدى ! ۋاي ئوسمان چولاق، سەن تەلەيلىك ئادەمسەن - دە ! ئاناڭ سېنى شەۋقەدىر كېچىسى تۇغقان ئوخشايدۇ، ۋاي ئوسمان، ئەمدى سەن ئۇ دۇنياغا ئارمانسىز — خۇشال - خۇرام كېتىدىغان بولدۇڭ، ۋاي ئوسمان چولاق ...

ئوسمان چولاق شۇ سۆزلەرنى قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مەمەتنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، يەنە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ:

— خۇدا ھەققى، سەن — راستىلا مەمەت ئاۋاقمۇ سەن؟ شۇڭقارىممۇ سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ تەلۋە ! — دەپ جىملىدى قەمەر ئانا، — ۋاي ساراڭ، بۇ بالا قېچىپ يۈرگەن تۇرسا، نېمانچە ۋارقىرايسەن، ئىككىنچىلەپ مەمەت ئاۋاق دېگەن گەپنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما !

— يائاللا ! — دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان چولاق، — يائاللا ! ...

قەمەر ئانا بىلەن مەمەت ھودۇقۇپ كەتتى.

— ئوغلۇم ئاچلىقتىن ئۆلەي دېگەندۇ، لاچىنىمنىڭ قورسىقى ئاچ، قەمەر، تېز بول، تېز !

— قورقۇتۇپ يۈرىكىمنى ئالدىڭغۇ، مانا، ھازىر پولۇ ئېتىمەن، — دېدى قەمەر ئانا.

— قورقۇپ كەتمىگىن، ئوسمان ئاغا، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمايمەن، — دەپ كۈلدى مەمەت.

— تېز بول، لاچىنىم ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدى. قېتىق ئەكەل، ھەسەلمۇ بار - ھە؟ قېنى سېرىق مايتى، يېڭى مايدىن ئەكەل !

— قەمەر ئانا، يېرىم كېچىدە پولۇ ئەتمەيلا قويۇڭ، نېمە بولسا شۇنى يەيلى ...

— مەن ساڭا لاچىنىم ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدى دېمىدىممۇ،

شورپىنى تېزرەك ئىسسىتقىنا !

قەمەر ئانا شۇ ھامان كورىنى ئوچاققا ئاستى.

— بۇ ئادەم مېڭەمنى ئىلەشتۈرۈپ، مېنى ساراڭ قىلىۋەتتى، — دېدى قەمەر ئانا.

— ئازراق چىداپ تۇر، شۇڭقارىم، ھازىر ئىسسىيدۇ. بۇ شورپا بەكمۇ مەززىلىك قايىنىغان، — دېدى ئوسمان چوڭ ۋە ئۆزى بېرىپ ئوتنى چۇخچىلاپ ئوتۇن سالدى. ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى.

— سادىغاڭ كېتەي، ئوسمان — دەپ يالۋۇردى قەمەر ئانا، — ساڭا نېمە بولدى، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال !

قەمەر ئانا مەمەتنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.

بىر ئازدىن كېيىن شورپا ئىسسىدى، يوغان قاچىدا شورپىنى مەمەتنىڭ ئالدىغا قويدى. شورپىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى ۋە مەززىلىك پۇرايتتى. مەمەت شورپىنى گەپ قىلماستىن ۋە توختىماستىن ئىتتىك ئىچىپ تۈگەتتى، قەمەر ئانا ھەسەل قوشقان قېتىقنى ئەكېلىپ قويدى، مەمەت ئۇنىمۇ بىردەمدە ئىچىپ بولدى.

قەمەر ئانا ئۆيدە يېگۈدەك نېمە بولسا ھەممىسىنى بىردىن - ئىككىدىن ئەكېلىپ داستىخاندا قويدى، سېرىق ماي، شېكەر، ياڭاق مېغىزى، ئالما، ئۆرۈك، قورۇق ئۈجمە ...

مەمەت ئاخىر:

— رەھمەت، كۆپ رەھمەت، داستىخىنىڭلارغا ئىبراھىم خەلىلۇللا بەرىكەت بەرگەي ! — دېدى.

قەمەر ئانا توختىماستىن:

— يېگىن، بالام، تارتىنماي ئال ! يىراقتىن كەلدىڭ، ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپ كەلدىڭ، — دەيتتى.

— رەھمەت، ئانا، كۆپ رەھمەت، ئەمدى قورسىقىم ئېتىلىپ كېتىدۇ. قارىغىنا، تاغرىدەك بولۇپ كەتكىنىنى ! — دەپ كۈلەتتى مەمەت.



مەمەتنى خۇشاللىق چۇلغىۋالدى. ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىدە مۇنداق قىزغىن كۈتۈۋېلىنىشى چەككەن جەمى ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى، ئۇ ھازىر خۇددى بالىدەك بولۇپ قالدى.

— ئوسمان ئاغا، ئۆيۈڭدە قۇشلاردەك يېنىكلىشىپ قالدىم.

قەمەر ئانا داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، قەدىمكى زاماندىن قالغان، ساپىقى سۇنغان قەلەي تۈركمەن چۆگۈننى ئوچاققا ئاستى.

— بالام، قەھۋەنى قانداق تەييارلاي؟ — دەپ سورىدى.

مەمەت ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇ ناھايىتى ئاز قەھۋە ئىچكەنىدى، شۇڭا ئىززا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتتى. نېمە دېيىشىنى بىلمەستىن ئۆلۈك قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— قانداق بولسا مەيلى، ئانا، — دېدى.

— مېنىڭكىدەك بولسۇن، ئىككىمىزنىڭكىنى بىللە قايناتقىن، — دەپ ئوسمان چوڭ سۆزگە ئارىلاشتى.

قەھۋە قاينىغىچە گەپ - سۆز قىلماستىن ئولتۇرۇشتى. مەمەت يوغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى. قەمەر ئانا قولاقلىق چىنىگە قەھۋەنى قۇيغاندا، يېڭى قەھۋەنىڭ مەززىلىك پۇرىقى پۇراپ كەتتى، بۇ پۇراق مەمەتكە بەكمۇ ياقتى. چىنە قۇلىقىنى تۇتقاندا قولى تىترەپ تەخسىگە ئازراق تۆكۈلدى. مەمەت، چىنىنى قانداق تۇتىدىكىن، قەھۋەنى قانداق ئىچىدىكىن دەپ ئوسمان چوڭغا قارايتتى، ئۇنىڭمۇ قوللىرى تىترەيتتى. بىراق، تەخسىگە تۆكۈلمىدى. گەرچە قولى مەمەتنىڭكىدىن يەكرەك تىترەۋاتقان بولسىمۇ، چىنىنى بىرلا كۆتۈرۈپ، غۇرتۇلدىتىپ سۈمۈرۈپ، گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى، مەمەتمۇ شۇنداق قىلدى، بىراق ئاغزىنى كۆيدۈرۈۋالدى. قەھۋەنىڭ بىر خىل قىرتاق تەمى بار ئىدى، قەھۋە سەل سوۋۇغاندىن كېيىن يەنە ئوسمان چوڭغا ئوخشاش ئاز - ئازدىن سۈمۈرۈپ ئىچتى. ئۇ ئۆمرىدە يەنە بىر قېتىم تەمى مۇشۇنداق قەھۋەنى ئىچىپ باقمىدى. ھەر قېتىم قەھۋە ئىچكەندە قەمەر ئانىنىڭ قەھۋەسى

ئېمىگە كېلەتتى. ئۇ ھېچقاچان مانا مۇشۇ تېپىلماس تەمنى، تېپىلماس پۇراقنى تېتىيالمىدى. ئاغزىدىن بىر ئۆمۈر مانا مۇشۇ قەھۋەنىڭ تەمى كەتمىدى. ھەر قېتىم قەھۋە ئىچكەندە مۇشۇ قەھۋەنىڭ تەمىنى تېتىغۇسى كېلەتتى، ھەربىر چىنە قەھۋەنى مۇشۇ قەھۋەنىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن ئىچەتتى.

ئوسمان چوڭ قەھۋەسىنى ئىچىپ بولۇپ چىنىنى ئوچاق بېشىغا قويغاندىن كېيىن:

— تالا سوغۇقمۇ نېمە؟ توڭلاۋاتىمەن، — دېدى.

— يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، — دېدى قەمەر ئانا.

— ئويدان چاغدا كەلدىڭ، ئوغلۇم، — دېدى ئوسمان چوڭ، — خىزىردەكلا يېتىپ كەلدىڭ، جېنىمىزغا جان قاتتىڭ. بۇ ئەلى سايا دېگەن ئىتتىنىڭ دەردىدە ھالىمىز خاراب بولدى. ئۇ يېزىنى بىزدىن تارتىۋالدى، يۈنىسى ئېتىمىق. بۇ ئەھۋاللار مېنى غەزەپلەندۈرىدۇ. ئىنساني غۇرۇرۇمغا تېگىدۇ. مېنىڭ مەستىم، مېنىڭ شوڭقارىم، ئون ئوغۇل چوڭ قىپتىمەن، ھەممىسىلا توشقاندەك قورقۇنچاق. مەن بولسام قېرىپ قالدىم، دېھقانلار قورقۇپ ئەلى سايىغا قارشى تۇرۇشتىن يالتىيىپ قاپتۇ. قورقۇنچاقتىن ياخشى ئادەم چىقمايدۇ. خۇدايىم قورقۇنچاق ئادەملەرنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن.

ئوسمان چوڭنىڭ بىر تۇتام ئۇزۇن ئاق ساقىلى تىترەيتتى، قورۇق چۈشكەن يۈزى ئوت يالقۇنىدا مىستەك قىزىرىپ، قايغۇ ئىچىدە مەدىرلايتتى، ئاپپاق قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدا كۆرۈنمەي قالغان يېشىل كۆزلىرى ئېچىلىپ، بىر نۇرلىنىپ، بىر ئۆچەتتى. ئوسمان چوڭنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدە بىر خىل مۇلايىملىق بار ئىدى. بىرەر نەرسىگە ھەيران بولۇپ ئەركىن كۈلۈشلىرىدە، قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ تېگىرقاپ بېقىشلىرىدا، ئادەملەرگە، ھايۋانلارغا، قۇرت - قوڭغۇزلارغا، قۇشلارغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىدە بىر خىل باللارچە مۇلايىملىق بولغاچقا، دېھقانلار ئۇنى ياش چېغىدا، ئوتتۇرا ياشقا كىرگىنىدىمۇ «ئوسمان



بالا» دەيتتى. كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزلىرىچە «بالا» دېگەننىڭ ئورنىغا «چوڭ» دېگەننى ئىشلىتىشتى. بۇ ئىش قاچان بولغان، ئوسمان چوڭنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ھېچكىمنىڭمۇ ئېسىدە يوق. ھازىر بىر زامانلاردا ئۇنى ئوسمان بالا دەپ چاقىرىشقىنىنى ھېچكىم ئەسلەپ قويمايتتى. پەقەت بىرلا ئادەم، يەنى قەمەر ئانىلا بۇنى ئۇنتۇمىغانىدى، بەزىدە ئاچچىقى كەلگەندە «ئوسمان بالا» دەپ ۋارقىرايتتى.

قەمەر ئانا غەزەپ بىلەن تېرىدىن كېلىپ شۇنداق دېدى:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن بۇ بالىغا، ئۇ تېخى چورۇقىنى يەشمەي، دېمىنى ئالماي، تويىسىنى قاقماي تۇرۇپ نېمىلەرنى بىلجىرلايسەن، ھەي ئوسمان بالا، ئوسمان كىچىك! ... سەن يۈز ياشقا، ھەتتا مىڭ ياشقا كىرسەڭمۇ ئەقلىڭ توشمايدۇ، ئوسمان كىچىك. بۇ بالا ئەمدىلا ئوتتىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ جېنىنى ئارانلا سۆرەپ كەلگەن تۇرسا، يەنە كېلىپ سەن ئۇنى دەم ئالغۇزماستىن ... قارىغىنا بالىنىڭ ئەھۋالىغا، توڭىشىپلا كېتىپتۇ. بىر يارىلانغان قۇش جىنغانلىققا مۈكۈنسە ئارقىسىدىن مىڭ ئەسكەر، يەنە مىڭ باي ئاختۇرۇپ كېلىدۇ. مەمەت ئاۋاقنىڭ ئېيتىشى ئاڭلىسا، بايلارنىڭ ئۇنى ئىزدىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ چوقۇر ئۇۋاغا كەلگىنىنى بىلمەي قالامدۇ؟ چوقۇر ئۇۋادا سېنىڭ ئۆيۈڭگە چۈشكىنىنى بىلمەسمۇ؟ بۇ بالا دېمىنى ئالماي تۇرۇپ ھالىمىز، ھاياتىمىز، پالانىمىز، پۇستانىمىز دېگىلى تۇردۇڭ. ساڭا بىر گەپنى قىلايمۇ ئوسمان بالا، سەن مۇشۇ ئەقلىڭ بىلەن مەمەت ئاۋاقنى بايلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىڭ مۈمكىن تېخى، مەن سېنى بىلمەمدىمەن! بايلار مەمەت ئاۋاقنى ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ بېرىشىدۇ، ھۆكۈمەت بۇ ئىنجىماروقىمىزنى دارغا ئاسىدۇ. شۇ چاغدا سەن دارنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ يىغلا، دۇئا قىل، ئوسمان بالا! ...

ئوسمان چوڭ سۆزلەشكە پۇرسەت تېپىش بىلەن:

— توغرا ئېيتىسەن، قەمەر، دېگەنلىرىڭ توغرا، جىم بول، ئاغزىڭنى يىغ، يائاللا، — دېدى.

— بۇ قىلىقلىرىڭ ئەيىب ئەمەسمۇ؟ يىزاڭنى چېكەڭگە تاق. ئەلى سايا بىيىسلىك جەھەننەمگە كەتسۇن. يائاللا، بۇ دۇنيادا يا ئادەمگەرچىلىك قالمىدى، يا ئەدەپ - ئەخلاق! ... تېخى دېمىنى ئالماي تۇرۇپ ... ئەلى سايا سىلەرنىڭ توشقان يۈرەكلىكىڭلاردىن پايدىلىنىپ سۈرگۈن قىلسا قىلمامدۇ ...

— بولدى قىل، قەمەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان چولاق، — جىم بول دەيمەن، قېرى.

مەمەت گەپ تەگمىشۋاتقان بۇ ئەر - خوتۇنغا مېھرى بىلەن قاراپ كۈلەتتى.

— بولدى ئەمدى، خوتۇن، مەمەت ئۆزىمىزنىڭ ئوغلى ھەم بىزنىڭ شوڭقارىمىز. ۋاي قەمەر، مەمەت يېزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

قەمەر ئانا سەل بوشىشىپ:

— ماقۇل، ئاۋۋال زېمىنەلنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەر. بۇ يېزىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ بىرى، ھېلىقى زېمىنەل تازچۇ ... — دېدى.

ئوسمان چولاقنىڭ كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ، قايغۇ بىلەن شۇنداق دېدى:

— شوڭقارىم، ئىش بەكمۇ چاتاق، بۇ كۈنلەردە سەن تاغدا يوشۇرۇنۇپ قالالمايسەن. تاغنىڭ ئادەملىرى ياۋايىراق كېلىدۇ، بولۇپمۇ ھازىر غالجىرلىشىپ كەتتى. نە مەمەت ئاۋاقنى، نە گىزىلىك تۆراننى تۇتۇشسۇن، ئۆز دادىسىنىمۇ قوغلاپ يۈرۈپ ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ. ئەگەر سەن ئاناۋارزاغا بارىدىغان بولساڭ، ئىككى كۈنگە قالماي تۇتۇلىسەن. ھازىرچە مۇشۇ يەردە — مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرىسەن. سېنى بۇ قېرىدىن باشقا ئادەم بىلمەسلىكى كېرەك، ھەتتا ئوغۇللىرىممۇ بىلمىسۇن. سېنى ۋەلىدىن باشقا ھېچكىم كۆرمىدى، شۇنداقمۇ؟

— ھېچكىم كۆرمىدى.

— ئۇنداق بولسا تولا ئوبدان، بۇ قېرىنىڭ ئوغۇللىرىمۇ



بىلمەي قالسۇن. بىرىگە بۇ خوتۇن، بىرىگە سەن، بىرىگە مەن، يەنە بىرىگە ئۇلۇغ ئاللا بىلىپ قالايلى.

قەمەر ئانا بېشىنى لىڭشىتتى، ئاق ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن پېشانىسىگە ساڭگىلاپ تۇرغان ئالتۇن تەڭگىلىرى جىرىڭلاپ كەتتى.

— ۋاي ئاللا، مەن سېنى بىلمەمدىمەن، ئوسمان كىچىك، ئەتە تاڭ سەھەردە پۈتكۈل يېزىغا جار سالىمەن، يائاللا، مەن سېنى بىلمەمدىمەن؟ بەك ياخشى بىلىمەن.

ئوسمان چولاق خاپا بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ۋاي ساراڭ قېرى، مەن بىلەن ئېيتىشما، مەن بىلەن ئويناشما. مەن ساراڭمۇ، ئەقلىم يوقمۇ؟ مەن بىرىپ بىرىگە دېسەم، ئۇ بېرىپ باشقا بىرىگە دېسە، ئۇ بىرى يەنە بىرىگە ... شۇنداق قىلىپ زېمىنەلگە بېرىپ يەتمەمدۇ؟ ھازىر زېمىنەل يېزىدا بىردەم - يېرىم يات قۇشنىمۇ ئۇچۇرتمايدۇ. زېمىنەل ئۆلگەن ھامان ئەلى سايا ئىنتقا بېرىپ: ئاۋۋال مەمەت ئوسمان چولاقنىڭ ئۆيىدە، ۋايۋاي يېزىسىدا دېسە، ئۇلار كېلىپ مەمەتنى باغلاپ كەتسۇن، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن مەمەت ئۆلسە، بايلار پادىشاھ بولۇپ، دېھقانلار سۈرگۈن قىلىنىپ، يېزىلار ۋەيران بولسۇن، شۇنداقمۇ؟

— دەل سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولىدۇ، ئوسمان كىچىك.

— مەمەت شوڭقارىم، بۇ قېرى جادىغا بىر نېمە دېگىنە، ئاللانىڭ بۇ تۈن كېچىسىدە مېنى دەسسىمىدىن، ئىمانىمدىن چىقىرىۋەتمىسۇن، مەن بىلەن قېرىشمىسۇن.

قەمەر ئانا ئادەتتە ئوسمان چولاقنىڭ مۇشۇنداق خاپا بولۇشى بىلەنلا توختاپ قالاتتى. ھازىرمۇ قەمەر ئانا توختاش بىلەن ئوسمان چولاقمۇ جىم بولۇپ قالدى.

— ھازىر بۇ بالا مۆكۈنگۈدەك جاي تەييارلايلى، — دېدى قەمەر ئانا.

— ھېچكىم بىلمەيدىغان، تاپالمايدىغان بىر يەرنى تەييارلايلى، —

دېدى ئوسمان چولاڭ. — شۇڭقارىم شۇ يەردە يەپ - ئىچىپ ياتسۇن، سەمرىپ بويى ئۆسسۇن. سەن كۆلمە، قەمەر، بۇنىڭ مەمەت ئاۋاق بولغانلىقىغا قارىما، ئۆزى تېخى كىچىك بالا.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، — دەپ ئۇھ تارتتى قەمەر ئانا ۋە «ئانا - ئانىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن ...» دېمەكچى بولدى - يۇ، ئۇنىڭ ئانا - ئانىسىنىڭ يوقلۇقى ئېسىگە كېلىپ، — خۇدايىم بۇنى دۆلەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن ئامان قىلسۇن! — دېدى. لېكىن، بۇمۇ ئۆزىگە ياقمىدى، چۈنكى ھۆكۈمەتمۇ، بايلارمۇ ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى، ئۇنى تېپىۋالىدىغان بولسىلا ئۆلتۈرمەي قويمايتتى. ئاخىر ئۇ: «قايغۇ ئىچىدە، زۇلۇم ئاستىدا قالغان كەمبەغەللەرنىڭ بەختىگە ئۇنى خۇدايىم ساقلىسۇن» دېدى.

ئوسمان چولاڭ ئوچاق بېشىدىكى تەكچىدىن چىراغنى ئېلىپ نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— مەمەت، بۇ ياققا كەل، — دەپ چاقىردى ئوسمان چولاڭ، — قەمەر، سەنمۇ كەل، بىر ئورۇن ھازىرلايلى، ئاندىن سەن بىلەن تاڭ ئاتقۇچە سۆزلىشىمىز، شۇڭقارىم.

مەمەت قەمەر ئانا بىلەن بىللە كىرىپ ئويۇق[1]نىڭ ئالدىغا كەلدى. ئورۇن يىغىدىغان بۇ ئويۇق تامنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا كېلەتتى. تورۇسقا تاقاشقۇدەك ئېگىزلىكتە، نەقىشلەپ ياسىغان بولۇپ، ئىستا قارايغان، خۇددى ئىشكاپتەك يوغان ئىدى. ئوسمان چولاڭ ئويۇقنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى، ئويۇقنىڭ ئاستىغا قات - قات قىلىپ گىلەم ۋە تاغارلار تىزىلغان، ئۈستىدىكى قەۋەتتە تاۋار يوتقانلار، مامۇق كۆرپىلەر، ياستۇقلار يىغىلغانىدى.

ئوسمان چولاڭ شۇنداق دېدى:

— مانا قارا، مەمەت، بۇ يەر سېنىڭ ئۆيۈڭ. باشقا ئۆيۈڭگە كەلمەك ... بۇ قېرى خوتۇن مېنى ئۆز ئارامىمغا قويمايۋاتىدۇ.

[1] بۇ يەردە قازناق شەكلىدىكى ئويۇق نەزەردە تۇتۇلىدۇ.



بېرىڭگە كەلمەك، دېھقانلار ساڭا يەر ئېلىپ قويغان ئەمەسمىدى ... ئەنە شۇ يەرگە ئىشلەپ ئۆيۈڭنى سالارسىز، بۇنى كېيىن دېيىشەرمىز. بولمىسا بۇ قېرى يەنە مەن بىلەن جاڭجاللىشىدۇ. ماۋۇ تاغارلارنى سىرتقا ئاچىقىمىز، لاچىنىم. ھەي قىز، قېنى ماۋۇ چىراغنى ئېلىپ تۇرغىنا.

چىراغنى نېرىدا بۇلارغا قاراپ تۇرغان قەمەر ئانىغا ئۇزارتتى، ئۇ چىراغنى سىلكىپ ئالدى.

بۇغداي بىلەن لىق تولغان بەش تاغارنى ئاچىقىپ تاشقىرىدىكى تامغا يۆلەپ قويدى.

— ئەمدى سىلەر نېرى تۇرۇڭلار، — دېدى قەمەر ئانا، — قالغان ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن. مەمەت بالام، ماۋۇ ئورۇن - كۆرپىلەرنى پەسكە ئال، ئىشقا بۇيرۇدى دەپ كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ.

— قېرىپ قالدى، — دەپ قويدى شۇ زامان ئوسمان چولاڭ.

— قېرىپ قالدىم، بالام، ئورۇن - كۆرپىلەرنى چۈشۈر.

مەمەت ئورۇن - كۆرپىلەرنى پەسكە ئالدى، قەمەر ئانا ئۇلارنى ئويۇققا رەتلەپ سېلىشقا باشلىدى.

— ئاۋۇ يوتقاننى، ماۋۇ ياستۇقنى ...

ئورۇن - كۆرپىلەردىن خۇش پۇراق ئەتىر سوپۇن پۇرايتتى، سېلىنغان ئورۇن ماموقتەك يۇمشاق ئىدى. مەمەتنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ئۆز مەيلىگە قويۇلىدىغان بولسا، بۇ ئورۇندا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلىغان بولاتتى، چۈنكى ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى ساراڭ قىلاي دېگەنىدى.

— قېنى ئەمدى ئوچاق بېشىغا بارايلى، — دېدى ئوسمان چولاڭ.

— ئەمدى بالىغا ئاراملىق بەر، سادىغاڭ كېتەي ئوسمان، بىچارە بالىنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى قالمىغىنىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟

— ئۇنداق بولسا ئۇخلا، شۇڭقارىم، ئەتە سۆزلىشەرمىز.

## 3

تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىغان ئوسمان چولاق خورازلار چىللاش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچاققا ئوت قالىدى. قەھۋە چۆگۈنىنى ئوچاققا ئاستى. ئۇ شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى، بىر يەردە جىم تۇرالمايتتى، ئىچ - ئىچىگە پاتماي كېتىۋاتاتتى. ئىككى قېتىم ئويۇقنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ ئۇخلاۋاتقان مەمەتكە قارىدى. قاراڭغۇدا مەمەتنى ئوچۇق كۆرەلمىدى. قەھۋەسىنى ئىچىپ بولۇپ يەنە مەمەتنىڭ يېنىغا ياردى. يۈرىكى گۈپۈلدەپ سالاتتى. ئۇ خېلى زاماندىن بېرى ھېس قىلمىغان ئاجايىپ بىر خىل ساپ، لەززەتلىك ھاياجان ئىچىدە ئىدى.

ئۇ ياغاچ دەرىخىدىن نەقىشلەپ ياسالغان ساندۇقتىن تويى - بايراملاردا كىيىدىغان كوتىرىغان پار - پۇر كىيىملىرىنى ئالدى، رەڭگى سۇسۇنگە مايىلراق قېنىق كۆك ئىدى. شالۋۇرنىڭ پاچىقى، يۇچىقىقى، يان تىكىشلىرى زەر يىپتا ئىشلەنگەن، جىلىتكە ئۇنىڭ كىچىكلەپ كەتكەن ئورۇق بەدىنىگە چىپ كېلەتتى. بۇ كىيىملەر ئۇستا ماشىنىچىنىڭ قولىدىن چىققانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جىلىتكە، شالۋۇر، يول - يول يىپەك كۆڭلەك، كۆك چاپان ... ئۇ رەتلىك كىيىندى. مەيدە يانچۇقىدىن سائەتنىڭ كۈمۈش زەنجىرىنى ساڭگىلىتىپ قويدى. بېلىگە پوتا ئورنىغا بوۋىسىدىن قالغان يېپىپكى، ئالتۇن ھەللەپ گۈل چېكىلگەن كۈمۈش كەمەرنى باغلىدى. يەنە زەر يىپتا گۈل ئىشلەنگەن تېرە ئوقدانىنى تاقىدى، يېنىغا سەدەپ ساپلىق ۋالىلداپ تۇرىدىغان، ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئىككى يۈز ئەللىك يىللىق كونا تاپانچىسىنى ئاستى، مايلاپ پارقىرىتىۋەتكەن ئۆتۈكىنى كىيدى، بېشىغا نېپىز يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن، ئۈستىگە يىپەك لېنتا باغلانغان قالپىقىنى كىيدى. ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇ ياشتىن بۇ ياشقا بىرنەچچە قېتىم مېڭىپ چىقتى. كۈن چىققاندا ئويۇقنىڭ



قاپقىقىنى ئاچتى، مەمەت تۈگۈلگىنىچە ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى، مىلتىقى باش تەرىپىدە تۇراتتى.

ئوسمان چولاق ئىچىدە شۇلارنى ئويلىدى: «ئاجايىپ قۇۋۇ بالا ئىكەن - دە، مىلتىقىنى قاچانلاردا بېشىغا ئەكىلىۋالغاندۇ؟! مېنىڭ ئويۇمدىمۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ. ئۆزى مۇشتۇمدەك تۇرىدۇ، بىر سىقسا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك. ھەي، قالتىس ئېسىل بالىدە ئۆزى، — ئۇ كۈلۈمسىرىدى، — ئادەملەر ئىچىدە ئۆزى كىچىك، قىلغان ئىشى چوڭ بىزنىڭ مۇشۇ بالا، بۇ بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، كۆز نۇرىمىز ... تاغلاردا ئاچ - توق يۈرۈپ قانداقمۇ بويى تارتسۇن، بۇ يەردە خېلى ۋاقىت تۇرۇپ ياخشى ئوزۇقلىنىپ كۆتۈلسە، بەلكى بويى ئۆسۈپ، سەمرىپ بەستلىك يىگىت بولۇپ كېتەر، — يەنە ئۇنىڭ يۈزىگە ھەيرانلىق ۋە مېھىر - شەپقەت بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — پاكارلىقى، ئورۇقلۇقى ئەيىب ئەمەسقۇ؟ لاچىنمۇ ئۆزى كىچىك تۇرۇپ ئۆۋنى تارتقۇزۇپ قويمايدۇغۇ، — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — باشقىلار مەمەت ئاۋاقنى باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ، كۆرمىگەنلەر ئۇنى بەستلىك، بويى ئىككى ئادەمنىڭ ئېگىزلىكىدەك، ئادەملەرنىڭ سەرخىلى دەپ ئويلايدۇ. شۇنداق ئويلىغىنى ياخشى. ھېچقانداق ئادەم بۇ بىچارە بالىنىڭ مەمەت ئاۋاق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەس، قەسەم ئىچىپمۇ ئىشەندۇرگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھازىرچە يوشۇرۇنۇپ تۇرسۇن، ۋاقتى كەلگەندە بايلارنى ئۆلتۈرۈپ، قوياشلىق ئەلنى تېغىغا قاراپ ماڭىدۇ. قارلىق دۆلدۆل تېغىنىڭ چوققىسىغا — ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىدۇ. ئادەمنىڭ چاققىنى خۇددى ئۇۋۇ قۇشىنىڭ كىچىكىگە ئوخشاش ئەقىللىك بولىدۇ.»

ئۇنىڭ قەلبىدە ئىللىق بىر مۇھەببەت قايناپ تاشتى، ئاستا ئېگىلىپ مەمەتنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ سۆيۈپ قويدى. ئويۇقنىڭ قاپقىقىنى يېپىپ، يەنىلا ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە مېڭىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قەمەر ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزرىقىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى، ئۇمۇ چۆرىسىگە چىلتەك

تۇتقان يوغان ياغلىقنى ساندۇقتىن ئېلىپ بېشىغا سىلىۋالغانىدى. ئوسمان چوڭنى كۆرۈپ تورۇپ قالدى ۋە كۈلۈپ كەتتى. كېيىن سەل قورقۇيراق:

— ئوسمان، ھەي ئوسمان، ئادەتتە مۇنداق كىيىنمەيتتىڭ. بۈگۈن ئالاھىدە كىيىنگىنىڭگە قاراپ ئەل - جامائەت بىر نەرسىنى سېزىپ گۇمان قىلماسمۇ؟ — دېدى.

— ئەل - جامائەت دېگىنىڭ قۇرۇسۇن! — دېدى ئوسمان چوڭ ئاچچىق ۋە كەسكىنلىك بىلەن. — مۇشۇ خەلقتە ئازراق ئەقىل بولغان بولسا، ئىككى - ئۈچ بايىنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ ياشىمىغان بولاتتى. بېرىپ قاراپ باققىنا، مەستىم ئويۇقنىڭ ئىچىدە بوۋاقتەك ئۇخلاۋاتىدۇ. كالپۇكىنى يالاپ، بۇرنىنى تارتىپ ... ئۆزى مۇشتۇمدەك، ئەمما ئۇنىڭدا يۈرەك ۋە ئەقىل ھەم ئادەمگەرچىلىك بار. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياتۇرلۇق بايلارنى، ھۆكۈمەتنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئېلىۋاتىدۇ، ئۆتىنى تاشتۇرۇۋاتىدۇ. تاغدا بەش يۈز قاراقچى بار، ھۆكۈمەت ئۇلارغا پىسەنت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ قاراقچىلاردا ئادەمگەرچىلىك يوق. ئويلاپ كۆرگىن، ھازىر بىر مەمەت ئاۋاق ئۈچۈن پۈتكۈل تاغنى ئەسكەر بېسىپ كەتتى. شۇنچە مەشھۇر بايلار، ئۇلۇغ ھۆكۈمەت بىر كۆتۈرەلمىگۈدەك ئەسكەر بىلەن شۇ بىچارىگە قارشى چىقىۋاتىدۇ.

ئوسمان چوڭ ئۆتۈكىنى تاقىلدىتىپ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى، ئاخىر ئويۇقنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى:

— قارىغىنا، بوۋاقتەك يېتىشىنى، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى كۆرسە قورققىنى ئۈچۈن خىجالەت بولار ۋە ئۆزلۈكىدىن كۈلۈشەر، — دېدى.

ئوسمان چوڭ ئويۇقنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇپ جىددىيلەشتى، قەمەر ئانىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تولىمۇ مۇلايىم ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى:

— خوتۇن، چىرايلىقىم قەمەر، مېنىڭ بۇ شۇڭقارىمنى



ھۆكۈمەت ۋە بايلار مۇشۇ ھالەتتە كۆرسە نېمىمۇ دېيىشەر؟ كۆزگە ئىلمىغان چوماقنىڭ پۇتقا ئىلىنىشىنى ئويلىمايدۇ ... ئاشۇلاردا ھەقىقىي يۈرەك بولسا، ئادەمگەرچىلىكتىن ئازراق ئەسەر بولسا، بۇ بالا ئىسيان كۆتۈرۈپ نېمىمۇ قىلار ئىدى؟ شۇنداق، ئاپپىقىم قەمەر، ئادەم ياشقا نەرسە، ئادەمىيلىك ياشقا نەرسە!

ئوسمان چوڭ يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، «ئادەمىي ئادەم ... ئادەمىي» دەيتتى ۋە يەنە:

— ئادەمىي بولۇش، ھەي قەمەر، ئادەم بولماق ... ماڭا قارا، بىر ئايىغىم گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى، ئەڭ كۆپ ياشىيالىسام يەنە ئون يىل ياشارمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پۈۋلىسىلا جان قۇشى قەپىسىدىن ئۇچىدۇ. ۋاي قەمەر، ئادەمىيلىك ھەممە ئىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىدۇ، ئادەمنى چاكىنا كۆرسىتىدىغان، ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىرىۋېتىدىغان نەرسە قورقۇنچاقلىق. مەن بۇنى بەك ياخشى چۈشىنىمەن، شۇڭا دائىم دەيمەن.

قەمەر ئانا قاتلىما بىلەن بىر چىنە سۈتنى ئەكىرىپ ئوسمان چوڭنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ، چىشلىرى قالمىغان كوماك ئاغزىدا قاتلىمىنى يالماپ چايناپ، سۈتنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— قەمەر، بېزىنى ئارىلاپ كېلەي، شۇڭقارىم ئويغانسا ئۇنى سىرتقا چىقارما، تامىقىنى ئويۇققا ئەكىرىپ بەرگىن. بىر داس ئەكىرىپ قوي، تەرىتى قىستىسا شۇنىڭغا ئولتۇرسۇن. ھېچكىم كۆرمەستە ئاچىقىپ تۆكۈۋەتسەڭ بولىدۇ. ئەتە ئويۇقتىن ئېغىلغا ئىشىك ئېچىپ بېرىمەن.

يامغۇر توختىغانىدى، ئاسماندا بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى، غۇر - غۇر چىقىۋاتقان سالقىن شامال تۈزلەڭلىكتىن، ئاقچىسازدىن ئاپتاپتا ھەر تەرەپكە تارقالغان نەرگىس، سازلىق، ھەرە، كېپىنەك، قومۇش ۋە نەم تۇپراقنىڭ پۇرىقىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى.

ئوسمان چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ غاڭزىسىغا كەھرىۋادەك سېرىق موخوركا تۇشقۇزدى ۋە

تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. يېزىنىڭ ئۇ چېتىگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ ئۈچ قېتىم قاتتىق يۆتەلدى. بۇنى ئاڭلىغانلار: «ئوسمان چولاق بۈگۈن خۇشال ئىكەن - دە» دېيىشتى.

ئوسمان چولاق ئورنىدىن تۇرۇپ غاڭزىسىنى كوماك ئاغزىنىڭ ئوڭ يېقىغا قىستۇردى. قولىنى ئارقىغا قىلىپ بېلىنى رۇسلىدى. ئۆزىچە كېلىشكەن ياتۇر ئەرەب ئېتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك قىياپەت ئالدى. كېيىن سەل ئېگىلىپ مۈكچىيىپ ماڭدى. ئۇ گويا دۇنياغا ئېگىزدىن تۇرۇپ قاراۋاتقاندەك ۋە مەلۇم بىر سىرنى بىلىپ تۇرۇپ دېمەيۋاتقاندەك ئەلپازدا ئىدى ... ئۇ ئۆز ئۆيىدىن يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى سەلۋەر كېلىننىڭ ئۆيىگە بارغۇچىلىك ئاشۇنداق مەغرۇر، خۇشال، كۈلۈمسىرەپ، ھەتتا كىرىلىپ، « ھەي دېھقانلار، كىچىك تاغلارنىڭ ياراتقۇچىسىمەن » دېگەندەك ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىپ ماڭدى. ئۇ ھەممە ئادەم كەينىمدىن سەلۋەر كېلىننىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، مەن بىلەن سۆزلىشىدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ، شۇ مەغرۇر قىياپىتى بىلەن سەلۋەر كېلىننىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، ئارقىسىغا ياندى.

ئۇنىڭ يانغانلىقىنى كۆرگەن سەلۋەر يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ئوسمان ئاغا! ھەي ئوسمان ئاغا! ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قويۇپ، قايتىپ كېتىدىغان ئىش بارمۇ؟! — دېدى.

سەلۋەر كېلىن ئوسمان چولاق بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى بالىلىرى بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە كېتىپ، شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. سەلۋەر يېزىنىڭ چېتىدىكى كەپىدە يالغۇز ئۆزى ياشايتتى، يىراق بىر يېزىدا بىرلا نەۋرىسى بار ئىدى.

— ئوسمان ئاغا، بىر چىنە قەھۋە ئىچىپ كەتكىن.

ئوسمان چولاق كۈلۈمسىرىگىنىچە تۇرۇپ قالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن:

— سەلۋەر كېلىن، — دېدى ئۇ يەنە شۇ بىر سىرنى بىلىپ



تۇرۇپمۇ ئېيتمايۋاتقان مەغرۇر ھالىتىدە، ھازىر قەھۋە ئىچىدىغان ۋاقىت ئەمەس، سالامەت بولغايسەن!

ئۇ چىلاق - چىلاق دەسسەپ ماڭدى. كەيپى تولىمۇ چاغ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەنىدى.

ئوسمان چولاقنىڭ بۇ قىياپىتىنى — بايراملاردىكىدەك ياسىنىشىنى، خۇشال چىرايىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭدا چوقۇم بىر ئۆزگىرىش بار، دەپ ئويلاشتى. ئاياللار، بالىلار، ئاغرىق - سىلاقلار، قېرىلار ئىشىك ئالدىدىكى بەندىڭلەردە ئولتۇرۇشۇپ، يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غاڭزىسىنى يۇرقىرىتىپ، كاتتا ياسىنىۋېلىپ مېڭىپ يۈرگەن ئوسمان چولاققا قارىشاتتى: «ئوسمان چولاققا نېمە بولغاندۇ، يېزىدا ئالاھىدە بىر ۋەقە بولمىغاندىغۇ؟»

ئوسمان چولاق جىمجىتلىقچە ئاشۇنداق مېڭىپ يۈردى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن سوئال سورىمىدى. سوراشقا ئۆرۈنغانلار ئۆزىنى چولاق تۇتقان مەغرۇر چىرايىغا، نۇر چاقنىغان كۆزلىرىگە، يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلىرىگە دۇچ كېلەتتى. ئۇ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ توختىماستىن ماڭاتتى، غاڭزىسىنى شورايتتى.

ئوسماننىڭ چولاق ئوغلى ھۇسام يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ:

— ئانا، دادامغا نېمە ئىش بولدى؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، بالام. ئۇ تەلۋىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق يۈرۈشىنى مەن نەدىن بىلەي؟! تۇتقاقلىقى تۇتقاندۇ ئۇ جىن تەگكەن ساراڭنىڭ ...

قەمەر ئانىنىڭ ئەھۋالىمۇ باشقىچە ئىدى. ھۇسام بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— ئانا، چوقۇم بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ. سېنىڭ ئاغزىڭ دادامنىڭكىدىن چىڭ، ئۆلسەڭمۇ دېمەيسەن. قانداقلا بولسۇن دادام دەپ بېرەر. قارىمامسەن، ئۇ تېرىسىگە سىغماي ئېتىلىپ كېتەي دەپ يۈرىدۇ. ئىككى كۈن سۆزلىمىسىلا يارىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، سەتلا سۆزلەپ بەرگىنە، ئىچىمىز پۇشۇپ ئۆلەي دېدۇق. دادام

كېيىنكى يىللاردىن بېرى مۇنداق ياسىنىپ، يېزىنى ئايلىنىپ يۈرمىگەنىدى. پەقەت مەمەت ئاۋاقنى كۆرگىلى بارغاندىلا مۇشۇنداق كېيىنگەنىدى.

مەمەت ئاۋاقنىڭ ئېيتىشى ئاڭلاش بىلەن قەمەر ئانىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، قولى، كالپۇكى تىترەپ كەتتى، بۇنى ھۆسام بايقاپ قالدى.

ھۆسام يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدى. توپلاشقان دېھقانلار ئۇنىڭ نېمە دەپ كېلىشىنى قىزىقىش بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ھۆسام يىراقتىنلا:

— ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدىم، دادام دېمىگەن يەردە ئانام دېيەتتىمۇ؟! ئىچىڭلار پۇشمىسۇن، ئىككى ــ ئۈچ كۈندىن كېيىن دادام چىدىيالماستىن دەۋېتىدۇ. ھازىرچە ھېچكىم ئۇنىڭغا قارىماي قويسۇن، ئۆتى كۆرمەسكە سالسۇن، بۇنى كۆرۈپ خاپىلىقىدىن تېشىپ كېتىدۇ ... قېنى ھەممىمىز ئۆيلىرىمىزگە تارقىلايلى، — دېدى.

ئوسمان چولاق چۈشتە ئۆيگە كىرىپ ئويۇقتا ياتقان مەمەت بىلەن ئامانلاشتى. تامىقىنى ئىتتىك يەپ بولۇپلا تاشقىرىغا يۈگۈردى، غاڭزىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىستىنى پۇرقىرىتىپ يەنە مىڭىشقا باشلىدى. ئۇ، يېزىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆز قىرىدا دېھقانلارغا، ئۇلارنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا سەپسالاتتى.

ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن «مەن سەن قۇۋلارنى بىلمەمدىمەن؟!» دەپ ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى: «مەن سىلەرنى ئوبدان بىلىمەن ... ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ قويىسىلەر، مېنى تېزرەك ھەممىنى سۆزلىسىدى دەپ تەقەززا بولۇۋاتىسىلەر. خاتىرجەم بولۇڭلاركى، بۇ ئىشنى ئىچىمگە پاتماي ئېيتىلىپ كەتسەممۇ، پارتلاپ كەتسەممۇ دېگىلى بولمايدۇ!»

ئوسمان چولاق تويتوغرا ئۈچ كۈن تاڭ يورۇماستىن تارتىپ قاراڭغۇ كەچكىچە يېزىنى ئايلىنىپ يۈردى. ئۈچىنچى كۈنى



ئاخشىمى بولالماي ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلىدى. ھارغىنلىق يېتىپ قوللىرى تىترىۋىتتى. ئۇ غاڭزىسىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— ۋاي خۇدا، ھارغىنىمدىن تۈگىشىپ كەتتىم، — دېدى، — ئۈچ كۈن توختىماي ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ماڭسام جان توشامدۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ، قەمەر؟ ھېچكىم ماڭا كۆرۈنمەيلا قويدى. بىراق، مەن ئۇلارنى بىلىمەن، ئۇلارنىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ، تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ مەمەت ئاۋاقىمۇ قارىمىدى، قەھۋەسىنىمۇ ئىچمىدى، ئوچاق بېشىغا بېرىپ بىر چەتكە قىڭغىيىش بىلەن كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ۋە خورەك تارتىشقا باشلىدى، ئېچىلغان ئاغزى خۇددى قاراڭغۇ تۆشۈككە ئوخشايتتى.

## 4

ساۋرۇن دەرياسىنىڭ بويىدىن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تېخى خورازلار چىللىماي تۇرۇپلا يېزىدا توساتتىن ۋاڭ ــ چۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئىتلار قاۋاپ، ئېشەكلەر ھاڭراپ، كالىلار مۆرەپ، ئاتلار كىشنەشكە باشلىدى، خىلمۇخىل ئاۋاز، ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ يېزىنى بىر ئالدى. نەم قاراڭغۇلۇق بىر قارىسىپ، بىر ئاقىراتتى. ھەممىلا ئادەم كۆڭلەكچانلا سىرتقا يۈگۈرۈشتى، بىراق ئوسمان چولاق پەرۋامۇ قىلمىدى.

— قەمەر، ھەي خوتۇن، — دېدى ئاستاغىنا، — يېزىدا بىر بىسەرەمجانلىق بولۇۋاتىدۇ، ئۇ دۆيۈز يەنە يوقىتى يەپ بىرەرىگە ئىش تېپىپ بەرگەن ئوخشايدۇ.

مەمەت قولىدا مىلتىق، ئويۇقتىن چۈشۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەنىدى. ئۇ سىرتقا چىقايمۇ ــ چىقمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇراتتى. چىراغ تەكچىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئوسمان چولاق ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئالىيىپ، زاڭلىق قىلغاندەك قارىدى.

— نېمە بولدى، ئاۋاقىم، نېمە ئىش بۇ، لاچىنىم؟ ئۇرۇشقا

ماڭدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى، — ماڭ، ئورنۇڭغا بېرىپ يات! سېنىڭ چاتىقىڭ بولمىسۇن، ئۇ دۈبۈز يەنە پوق يەپ، ئاغزى بار، تىلى پوق بىر بىچارىنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلغان ئوخشايدۇ. بۇ يېزىدا ھەر كۈنى ئاخشىمى دېگۈدەك مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئورنۇڭغا بېرىپ ياتقىن، بىرەر پېشكەللىك چىقىپ قالسا ساڭا خەۋەر قىلىمەن.

ئوسمان چولاق كىيىملىرىنى كىيىپ تۇرۇپ ئاللىبىرنېمە-لەرنى دەيتتى.

جىددىيلىكى پەسەيگەن مەمەت قولىدىكى مىلتىقنى يەرگە قويۇپ ئۇچىدىن تۇتتى، ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئوچاقتىكى كۈللەرنىڭ ئىچىدە ئىككى تال چوغ يالتىراپ تۇراتتى.

قەمەر ئانا ھودۇققان، ھاسىراپ بىرنېمىلەرنى ئىزدەۋاتقان ئېرىدىن سورىدى:

— ئوسمان، خۇدا ھەققى، زادى نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ — دېسەڭچۇ، نېمە ئىزدەيسەن؟

ئوسمان چولاق ئاچچىقلىنىپ، شۇ زامان:

— ئۆلۈككە گۆر ئىزدەۋاتىمەن، قەمەرخېنىم، ئۆلۈككە گۆر! — دېدى، — نېمىنى ئىزدەيتتىم، سائىتىمنى ئىزدەۋاتىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سېنىڭ دەردىڭگە داۋا ئىزدەۋاتىمەن، خوتۇن. سىرتتا قىيامەت قايىم بولۇۋاتىدۇ. قىيامەت بولسا بولسۇن! بۇ ئىشلار مۇشۇ دېھقانلارغا، بۇ ئېشەككە ئوخشاش خەلققە لايىق! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇلارغا مۇشۇ لايىق، بولدىمۇ ئەمدى؟

— بۇ يېرىم كېچىدە سائىتىڭنى نېمە قىلاتتىڭ، بۇ قىزىل قىيامەتتە سائەتنىڭ نېمە ئىشى؟ مانا ئال، سائىتىڭنى! مانا!

ئوسمان چولاق سائىتىنى ئېلىپ:

— ئۆلۈككە گۆر قازىمەن، قەمەرخان، ئۆلۈككە گۆر، — دېدى كۈلۈمسىرىگەندەك كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ.

بۇ ئىككى قېرىنىڭ ھەر دائىم ئەنە شۇنداق مېھىر -



مۇھەببەت بىلەن بىرى - بىرىگە رەنجىمەستىن تالاش - تارتىش قىلىشلىرىغا قاراپ مەمەت خۇشاللىناتتى. بۇ ئىككى قېرىنىڭ ياشاۋاتقان دۇنياسى چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان خۇشاللىق دۇنياسى ئىدى. سىرتتىكى ئاۋازلار بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. مەمەت بالىلارغا ئوخشاپ قالغان بۇ ئىككى قېرى ھەققىدە ئويلايتتى: «ھەممە ئادەم مۇشۇلاردەك ئۆتۈشسە، بۇ دۇنيا قانداق گۈللەپ كەتكەن بولاتتى. ئادەم بالىسى قانچىلىك بەختلىك ياشىغان بولاتتى.»

ئوسمان چولاق سائىتىنى تاقاپ بىر كېرىلىۋالدى. ئۆتۈكىگە، قولىغا قاراپ قويدى. ئوچاقتىن بىر تال چوغ ئېلىپ غاڭزىسىنى تۇتاشتۇردى. سىرتتىكى ئاۋازلار بارغانسېرى كۈچىيىپ بۇ ئۆيگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆيدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ ھويلىدا تۇرۇپ قالدى:

— كۆيدۈرۈۋېتتى، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئوت قويۇۋېتتى دۈبۈز، بىزنى ئادەم ھېسابلىماي كۆيدۈرۈۋاتىدۇ ... بىزنى ئەخمەق قىلىدۇ، بولايدۇ ... ھەممىمىزنى شۇنداق قىلىدۇ، قىلىدىغۇ ... ۋاي ھەسەن، باتۇرۇم ھەسەن، باغرىم، بەگتاشىم ھەسەن! ئۇ بىچارىنى ئۆلتۈرۈۋېتەكەنمىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى قاتتىق يىغلايدىغان بولدى - دە! باتۇر يىگىتنىڭ ئانىسى ... يېزىدا شۇ بىر باتۇر ئادەم قالغانىدى. ئۇنىمۇ شۇ ئىتنىڭ بالىسى ئۆلتۈرىدىغان بولدى، يىگىتنىڭ ئانىسىنىڭ ھالى نېمە بولار؟! ...

«يىگىتنىڭ ئانىسى قاتتىق يىغلايدىغان بولدى - دە» دېگىنىگە پۇشايمان قىلدى. بۇ دېگەنلىرىمنى مەمەت ئاڭلىغانمىدۇ؟ ئاڭلىغان بولسا بەك سەت ئىش بولدى. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ مۈكۈنۈپ ياتقان يارىدار بىر قۇش تۇرسا، يىگىتنىڭ ئانىسى يىغلايدۇ دەپ ۋارقىرىغىنىمنىڭ نېمىسى؟ سەنمۇ ئالجىغان قېرى جۇمۇ، ئوسمان! بۆرە قېرىسا ئىتلار ئۆزىنى دالدىغا ئالمايدۇ، بۆرە قېرىسا ئىتقا ئوخشاپ قالىدۇ. ئوسمان چولاق، خۇدايىم ساقلاپ بەلكى ئاڭلىماي قالغاندۇ.

ئۇ، مەمەت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ كۆڭلى يېرىم بولغانمىدۇ دەپ ئويلاپ ئۆيگە كىردى.

— مېھمان ئوغلۇم، — دەپ ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى، — بېشىڭنى چىقىرىپ سىرتقا قاراپ قوي. ئوت يالقۇنلىرىنى كۆرگىن. ئاندىن ئورنۇڭغا كىرىپ راھەتلىنىپ ئۇخلا! مېھمان لاچىنىم، تەرەت قىستىغان بولسا سىرتقا چىقىپ يەڭگىللەپ كىرگىن. بۇنى خالاۋاتقانسەن؟ ئەمما شۇ بۇلۇڭدىن ئايرىلما، نېرىغا ئۆتمە؟

ئوسمان چولاق كۆيۈۋاتقان ئۆي تەرەپكە مېڭىۋېتىپ:

بىر زامانلار مەن قېچىپ بىرىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنغانىدىم، — دېدى ئۇ. — ئالتە ئاي ياتتىم، نېمىدىن يەكمۇ قاتتىق قېينالغىنىمنى بىلەمسەن، مېھمان ئوغلۇم؟ تالاغا چىقىپ يۇلتۇزلار ئاستىدا ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ ھاجەت قىلىش ماڭا ئەڭ ھوزۇرلۇق ئىش ئىدى. ئۆيدىن چىققان تۈنجى كېچىدە يۇلتۇزلار ئاستىدا شۇنداق كېرىلىپ ئولتۇرۇپ راھەتلەنىدىم دېگىنە. بۇ پۇرسەتتە سەنمۇ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر يەڭگىللىۋال، ئەمما شۇ بۇلۇڭدىن نېرىغا ئۆتۈشنى ئەسلا خىيال قىلما.

مەمەت ئاستا مېڭىپ ئىشىكتىن چىقتى.

يوباز ئوغلىنىڭ ئۈچ ئېغىز ئۆيى كۆيۈۋاتاتتى. بېشىدىكى بىر ئېغىزى ئولتۇراق ئۆي، ئوتتۇرىدىكىسى ئېغىل، ئاخىرىدىكىسى سامانلىق ئىدى. ئوت بىردەمنىڭ ئىچىدە قوشنىسى تۇراق تەلۋىنىڭ ئۆيىگىمۇ تۇتاشقان بولۇپ، يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتاتتى. سال - يەل چىقىۋاتقان شامال ئوت ئۇچقۇنلىرىنى مۇنار ئېگىزلىكىدەك يۇقىرىغا ئۆرلىتەتتى. يالقۇنلاپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى بارغانسېرى كۆچىيىپ ھەر تەرەپكە تۇتىشاتتى.

يۇنكول يېزا، بالىچاقا، قېرى - ياش، ئاغرىق - سىلاقلارنىڭ ھەممىسى سىرتتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىيىنگەن، بەزىلىرى ئوت يورۇقىدا كىيىنەتتى، بەزىلىرى كۆڭلەكچان ئىدى ...



يوباز ئوغلى ھەسەن قوللىرىنى قوينىغا تىقىپ، ئىككى تەرەپكە سەندىرەكلەيتتى ۋە كۆيۈۋاتقان ئۆيىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەيتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى باللىرىنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ داد - پەرياد قىلىپ، قوشاق قېتىپ ۋارقىراپ يىغلايتتى.

ئوت قويغۇچىلار ئۈچ ئۆيگە تەڭلا ئوت قويغاچقا، ھەسەن ئۆيىدىن بىر تال يىپنىمۇ ئالالماستىن، ئۆزىنى ۋە باللىچاقىلىرىنى ئارانلا سىرتقا ئاچىقىپ جانلىرىنى قۇتقۇلدۇرغانىدى. سەللا كېچىككەن بولسا، ئۆيىنىڭ ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

ئېغىلدىن يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ كىشنەۋاتقان بىر ئاتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئات ئۇزۇن ئېغىلنىڭ ئىچىدە، ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ غەزەپ بىلەن چىرقىراپ كىشنەيتتى. تورۇستىن دۈمبىسىگە چۈشۈۋاتقان ئوت پارچىسى ئاتنى ساراڭ قىلىۋەتكەنىدى. بۇ تاپتا ھېچكىم ھېچ نەرسە قىلالمايتتى. ياش يىگىتلەر ۋە ئەركەكلەر ئاتنىڭ جان ئاچچىقىدا كىشنىشىنى ئاڭلاپ ئىلاجىسىز تۇرۇشاتتى.

سەيپە ئىسىملىك بىر ئاقساقال:

— ھەي، ئىشىكنى ئېچىۋەتكۈدەك بىر ئىنسان يوقمۇ؟ ئاراڭلاردىن بىرەر يىگىت چىقماسمۇ؟ بىرەرىڭلار چىقىپ ئېچىۋېتەلمەمسىلەر؟ — دەپ ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ يالۋۇراتتى، — بۇ ئېسىل نەسىللىك ئات، ئىشىكنى ئۆزى تېپىپ چىقالايدۇ. ئاتقا ئېچىنىۋاتىمەن، بولۇپمۇ مۇشۇ ئېسىل ئاتقا، ئىسسىت، ئات ئادەمگە ئوخشايدۇ، پەقەتلا تىلى يوق - دە. ئۇلار ھەم يىغلىيالايدۇ، ھەم كۈلەلەيدۇ. ئاراڭلاردا بىرەر قەھرىمان، بىرەر ئەركەك يوقمۇ؟ قېرىلىق قۇرۇسۇن، ئىشىكنى ئاچالمايمەن - دە! ئېچىشقا مادار يوق ...

ئاتنىڭ كىشنىشى ئەۋجىگە چىقتى، يۈرەكلەرنى پارە - پارە قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئېچىنىشلىق ئىدى.

يوباز ئوغلى ھەسەن بىردىنلا ھەرىكەتكە كەلدى. تۇرغان يېرىدە ئورغا ئوخشاش پىرقىراشقا باشلىدى. كېيىن كەينىگە

بېيىش ئۈچۈن ھۆل قىلىنغان كىگىزنى ياش يىگىتنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۈستىگە ئارتتى – دە، كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە ئارىلىقتا يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدىلا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن تارتىپ سىرتقا ئاچىقتى. ئات سىرتقا چىقىشىغىلا چۇلۋۇرنى ھەسەننىڭ قولىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىپ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ چاپتى. سەل بۇرۇن ھەسەن يىرقىرىغاندەك ئۇمۇ خېلىغىچە يىرقىراپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈزلەڭلىككە قاراپ چېپىپ، قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى.

كەپىلەر ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى. يېزىنىڭ چېتىدە توپ – توپ ئوت ئۇچقۇنى ئۇچۇپ يۈرەتتى.

يوباز ئوغلى ئۈستىدىكى كىگىزنى يەرگە تاشلىدى، قوللىرىنى بۇرۇنقىدەكلا قوينىغا تىقىۋالدى، كۆزىنى ئوت يالقۇنىدىن ئۈزمەستىن قاراپ تۇرۇۋېلا قالدى.

ھەممىلا ئادەم قىمىر قىلماستىن كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ تۇرۇشاتتى. كەپىلەرنىڭ چاراسلىشى ئاڭلىناتتى، ئۈگزە، قاشا تاملار ئۆرۈلەتتى، چاراسلايتتى، ئوت ئىچىدە قالغان سىيىرلارنىڭ ئاخىرقى مۆرەشلىرى بېسىلدى.

ئادەملەر تىمتاسلىق ئىچىدە قېتىپ قالغاندەك تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ، سارغىيىپ كەتكەنىدى. پەقەت ئوسمان چوڭلا كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۇياقتىن – بۇياققا ماڭاتتى ۋە ئاللىنېمىلەرنى دەيتتى. بىلىنى تۇتقان ھالدا لەۋلىرىدىكى بىر خىل كۈلۈمسىرەش بىلەن غاڭزىسىنىڭ ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلەيتتى. تۇرۇپلا يوباز ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «خۇداغا شۈكۈر بۇرادەر، يۇمۇ ئۆتۈپ كەتتى، بىر مۇسىبەت مىڭ نەسىھەتتىن ياخشى» دەپ كەينىگە ياناتتى، يوباز ئوغلىنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان – ئاڭلىمىغىنى بىلەن كارى بولمايتتى. يەنە قايتىپ كېلىپ: «بۇرادەر، شۇ ئىشتى ياخشى قىلمىدىڭ، قىلغانلىرىڭ خاتا بولدى، پۈتۈن يېزىنى تەھلىكىگە



سالغان سەن بولدۇڭ. مانا، جازاسىنى تارتتىڭ. بۇنىڭدىن ئارتۇق جازا بولامدۇ، بۇرادەر!؟ خوتۇن – بالىلىرىڭ، ئۆزۈڭمۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈپ كەتكىلى تاس قالدىڭ، ھېلىمۇ شۈكۈر قىل. بىر مۇسىبەت مىڭ نەسىھەتتىن ياخشى. ئەمدى مەن سەندىن غەم قىلمايمەن، ئۆلۈم بىلەن ئۇچراشقان ئادەم ئازراق بولسىمۇ ھوشىنى تاپىدۇ ھەم قورقماس بولىدۇ. سەن ئەسلىدىمۇ قورقماس ئادەم ئىدىڭ، بىراق كاللاڭ سەل ئىشلىمەيدىغان دۆيۈز ئىدىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەيتتى.

ئۇ يەر – بۇ يەردە كۆيۈۋاتقان ئوت يورۇقىدا ئۆيگە كىرىپ چىققان سايىلەر كۆرۈنەتتى، كۆيگەن گۆش پۇرىقى، يۇڭ – قىل قۇيقىسى پۇرايتتى. ساپ باھار پۇرىقىغا بۇ قۇيقا پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتتى.

ئوسمان چوڭ ئاخىر مىڭىشتىن چارچىدى. يورۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆيۈۋاتقان ئۆيگە دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا ئوتنىڭ تاۋى ئۇرۇلاتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىگەن كۆزلىرىنى دېھقانلارغا، ئەر – خوتۇن، قېرى – ياش، بالىلارغا تىكەتتى.

ئۇ ئوڭغا بۇرۇلغاندا يېنىغا كەلگەن سەيچە ئاقساقال بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— قارىغىنا، سەيچە قېرىندىشىم! بىر قاراپ باق، — دېدى ئوسمان چوڭ، — بۇ يالقۇنلار نېمىدېگەن چىرايلىق، باھار كېچىسىنىڭ قاراڭغۇسىغا نېمىدېگەن چىرايلىق ياراشقان.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ مەغرۇر كۈلۈپ كەتتى. كۈلكىسىنى ھەممىسى ئاڭلىدى، ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ غودۇڭشىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— يالقۇنلار بۇ كېچىگە نېمىدېگەن ياراشقان. كۆيۈۋاتقان ئوتلار يۈرەككە ئورناشقان. قول – پۇتىمىز باغلاقلىق تۇرۇش بىزگە نېمىدېگەن ياراشقان. كۆيۈۋاتقان ئوتلار قارشىسىدا تومۇردىكى قانلار توختىغان، قوللىرىمىزنى قولتۇقىمىزغا تىقىپ

تۇرۇشلىرىمىز بىزگە قانداق چىرايلىق ياراشقان. ماتەم ساداسى كۆڭلىمىزگە خۇشياققان. ئاياللارنىڭ تامباللىرى بېشىمىزغا بەكمۇ چىرايلىق بۆك بولۇپ ياراشقان. بۇ ئادەمگەرچىلىكلەر بىزگە نېمىدېگەن ياراشقان ! قارىغىنا، سەپچە بۇرادەر ! بۇ يالقۇنلار نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن جۇلالىق قىزىل ! شامال يالقۇنلارنى ئۇزارتىدۇ، كەڭرىتىدۇ ۋە گۈزەللەشتۈرىدۇ. يۈرىكىم تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە ئايلاندى. سەندەلمۇ بازغانلارغا ياخشى ماسلاشقان. ئەلى سايا بايمۇ قورقۇنچاقلىقىمىزدىن خويمۇ ياخشى پايدىلانغان. ئادەم بولماق بىزگە نېمىدېگەن چىرايلىق ياراشقان. ماڭا قارا، سەپچە بۇرادەر، شۇ يالقۇنلارغا قاراپ باق ! بۇ يالقۇنلار كېچىمىزگە نېمىدېگەن ياراشقان !

سەپچە ئاقساقال ئۇنىڭ كۈلكىسىگە، خۇشال ھالىتىگە، چۈشىنىپ بولمايدىغان تەلۋىلەرچە سۆزلىرىگە ھەيران قالدى. بوينىنى ئۇياققا – بۇياققا يۆكۈپ ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشتى. ئۇ كېتىۋېتىپ: « يائاللا، ياخۇدا » دېيتتى، « يارەببىم، بۇ ئادەم بارغانسېرى ئەقلىدىن ئازغىلى باشلاپتۇ. بۇرۇن زادىلا مۇنداق ئەمەس ئىدى. يېزا كۆيىۋاتسا، ئۇ كۆيىۋاتقان ئۆيلەرگە قاراپ بولۇشچە كۈلۈۋاتىدۇ. ۋاي ئوسمان چوڭ ! دېمەك، قېرىپ قاپسەن – دە، بېلىڭ پۈكۈلدى، كۆز گۆھىرىڭ خىرەلەشتى ! ۋاي ئوسمان چوڭام ! ۋاي ئاللا، ۋاي بۈركۈتتەك يولدىشىم ! قۇرۇپ كەتسۇن قېرىلىق ! ئادەم قېرىغاندا كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدىكەن، خۇددى بوۋاق بالىلاردەك. ۋاي بىچارە ! ۋاي خۇدايىم، ۋاي رەببىم ئاللا !»

سەپچە ئاقساقال ئوسمان چوڭدىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ بېلى پۈكۈلۈپ، ئۆزى دومچىيىپ قالغانىدى. ئوسمان چوڭ بىلەن سەپچە ئاقساقالنىڭ ئاجايىپ خۇيلىرى، ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى، ئايرىم ئۆرپ – ئادەتلىرى بار ئىدى. ئۇلار دېھقانلار بىلمەيدىغان، كۆرۈپ باقمىغان، چۈشەنمەيدىغان قائىدىلەرنى سۆزلەيدىغان ۋە بۇ قائىدىلەرگە يۈزمۇيۈز ماسلىشىدىغان ئادەملەر



ئىدى. ھەر ئىككىسى ئوخشاش كىيىنەتتى، بەللىرىگە ئاتا – بوۋىلىرىدىن قالغان كونا تاپانچىلىرىنى ئاسماي يۈرمەيتتى. ئۇلار ئەزەلدىن باشلىرىنى ئۈستىرا بىلەن قىردۇرۇپ، چوققىسىدىكى ئىككى ئىلىك يەرگە ئۇزۇن چاچ قويۇۋالاتتى. سەپچە ئاقساقالنىڭ چېچى شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىدىكى، قويۇۋەتسە ئاياللارنىڭ چېچىدەك بېلىگە چۈشەتتى.

تاڭ ئاستا – ئاستا يورۇشقا باشلىدى، ئەمدى قوشنا يېزىلاردىن خىلمۇخىل ۋاڭ – چۇڭ، چوڭقۇر بىر يەردىن ھۆۋۈلداشلار كېلەتتى. ئاقچەساز ئىچىدىن توپ ئوقلىرى پارتلىغاندەك، خۇددى يەر ئاستىدا پارتلىغان بوغۇق توپ ئوقلىرى ئاۋازلىرىدەك ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى.

كۆيۈك پۇرىقىغا پاتقاق، نەرگىس، گۈل، باھار پۇراقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بىردىنلا ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمدى. بارچە ئاۋاز بىردىنلا توختىدى. چۈنكى، بىر ئاتنىڭ يىراقتىن ئاچچىق – ئاچچىق كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بىراق ئۇمۇ توختاپ قالدى. ئوت كەتكەندىكى چارسىلداش ئاۋازلىرى ئاللىقاچان بېسىلغانىدى، ئەتراپنى كۆيۈك گۆش پۇرىقى قاپلىغان. دېھقانلارنىڭ بۇرنى كۆيگەن گۆش قورۇمىسى ۋە يېغىنىڭ پۇرىقىدا پۈتۈپ كەتكەنىدى، ھەممە ئادەم توختىماستىن يۆتىلەتتى.

ئوت يالقۇنلىرى ئاستا – ئاستا ئۆچۈپ، كىچىكلەشكە باشلىدى. ئەتىگەنلىكى پەقەت ئوتتۇرىدا بىر توپ چوغ قالدى. كۈن چىققان چاغدا ئۆيلەر قاپقارا ئىس ئىچىدە بۇخسۇپ كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئېگىلىپ – پۈكۈلۈپ كەتكەن داس – قازانلار، ئېرىپ كەتكەن كورىلار، لېگەنلەر، تۆمۈر – تەرسەكلەر، چاقماق تاشلىرى ياتاتتى. كۆيۈپ كەتكەن ھايۋانلارنىڭ ئۈستىخانلىرىمۇ قالمىغان، ئېغىلنىڭ كەينىدىكى خەندەككە قاپقارا ياغ تاماتتى.

بالىلار، ئانىلار ئۇيقۇلۇق، قېرىلار خاپىلىقتا، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار تەرگە چۆمگەن، ھارغان ھالدا نەم تۇپا ئۈستىدە كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. باشلىرى سىلىنغان، يۈزلىرى پەرىشان، ئۈمىدسىز ئىدى. ساڭگىلىغان باشلار مىدىرلىمايتتى، ھېچ تەرەپكە باقمايتتى، خۇددى ئاسماندا ئىزا تارتىدىغان بىر نەرسە باردەك، بېشىنى كۆتۈرسىلا كۆزلەر ئۇچرىشىپ قالىدىغاندەك بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. ئۈن - تىن چىقىرىشمايتتى، گۈلدىن - گۈلگە، بويۇرماقتىن - بويۇرماققا قونۇپ، ئۇچۇپ يۈرگەن ھەرىلەرنىڭ ۋىڭىلدىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

يالغۇز ئوسمان چوڭلا ئۆرە تۇراتتى. كۆڭگە قاراپ تۇرغاچقا سايىسى ئۈزىراپ تۆۋەنگە — تۈزلەڭلىككە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا كۈلۈمسىرىگەن، ھەيۋەتلىك قىياپەتتە قىمىر قىلماستىن خېلىغىچە تۇردى. كېيىن قۇياش نۇرىغا قاراپ ئاغزىسىنىڭ ئىسىنى پۈۋلىدى، ئاستا چىقىۋاتقان شامال ئىسىنى يىراقلارغا ئەكەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى ئۇيقۇدىكى مىڭ باشلىق دىۋىنىڭ بىر بېشى قىمىرلىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ، ئولتۇرغان ئادەملەر ئالدىدىن، كۆيۈپ ئىس چىقىۋاتقان ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن مېڭىشقا باشلىدى. قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئاغزىسىنى يۇرۇقىرىتىپ شوراپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭاتتى ...

دېھقانلار باشلىرىنى ئاستا كۆتۈرۈشۈپ ئۇنىڭغا قارىشاتتى ۋە ئۇنىڭ كۆيگەن خارابىلەر ئارىسىدا خۇشال مېڭىپ يۈرۈشىنىڭ سىرىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى.

چاشكا ۋاقتىغىچە ئوسمان چوڭ مۇشۇنداق مېڭىپ يۈردى، ئاغزىسىنى توختىماي شورايتتى. ئاخىر داڭ قېتىپ قالغان، كۆيگەن ئوڭ قولى قايرىپ ئىششىپ كەتكەن، سول قولىنى قوينىغا تىقىۋالغان، يۈزى سارغىيىپ كەتكەن، بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ئون بەش ياش قېرىپ كەتكەن، چىرايى



يۈرۈشۈپ ناتارغان يوباز ئوغلى ھەسەننىڭ ئالدىغا كەلدى، خۇشال، جاراڭلىق، يوغان ئاۋاز بىلەن:

— يوباز ئوغلى ھەسەن، ھەي يوباز ئوغلى ھەسەن، — دېدى ئۇ، — شۇ رەھمەتلىك دادالىڭ بارغۇ، غەيرەتلىك ئادەم ئىدى. مەرد، باتۇر كۆرد ئىدى. قىسقىسى، ئۆز ئالدىغا بىر ئادەم ئىدى، ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. مەن بىر يالىنى كۆردۈم. ئۇ ئەتىگىنى، ئاخشىمى، كېچىسى خۇددى قۇياشتەك نۇر چاچىدۇ، ئۆزى مۇشتۇمدەك، بىراق قالتىس يۈرەكلىك - دە! ئەنە شۇ يالىدىن شۇنداق ئۇلۇغ ھۆكۈمەت، داڭدار مۇستاپا كامال، يۇناننى، دۇنيانى يەڭگەن ئۆتكۈر كۆزلۈك مۇستاپا كامال قورقۇۋاتىدۇ. بايلار ئىچىنى ئاڭلىسا دىر - دىر تىترەيدۇ، تىترىگىنىدىن ئىشتىنى بېلىدە تۇرمايۋاتىدۇ، بۇنى بىلدىڭمۇ؟ يوباز ئوغلى، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ساڭا دەيدىغان ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار. ئەلى سايا باي ئۆيۈڭنى كۆيدۈرگەن بولسا بوپتۇ، كۆيدۈرۈپ ياخشى قىلدى، ئوبدان بولدى، بەكمۇ چىرايلىق ئىش قىلدى، قولىغا بەرىكەت بەرسۇن. خالىسا كېلىپ بىزنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، بىز رازى بولىمىز، بۇرادەر. بىز ئاشۇ يەسكەشلىكلەرنى ھەق دەپ كەلگەن ئادەملەرمىز. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇنى بەكمۇ مۇناسىپ، بەكمۇ ياخشى ئىش دەپ بىلىدۇ. بوپتۇ، ئۇ ئەلى سايانىڭ ئىتلىرى قولىدىن كەلگەننى قىلىپ تۇرسۇن. شۇنداق قىلسا بولامدۇ دېمەي، ھە دېگىن. قىلىپ تۇرسۇن. قورقما، قېرىندىشىم، زادىلا قورقما. كۆڭلۈڭگە قورقۇشنى يېقىن يولاتما! قورقۇنچاق يۈرەك ساغلام يۈرەك ئەمەس. ئۇنداق يۈرەك سوقۇشتىن تېزلا توختاپ قالىدۇ. سەن يوبازىم، ھەرگىز قورقما! ئۇ كاپىر بۇ ئىشلارنى سېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ. قورقما، باتۇرۇم، قورقما! مەن ساڭا قورقما دەۋاتىمەن، قېرىندىشىم. سەۋەبىنى سورىساڭ، قورققان ئادەم ھېچقاچان، ھەرقانداق يەردە، كۆكتە، يەردە، سۇدا، ھېچقانداق ۋاقىتتا روناق

تاپالمايدۇ. قورقمىغىن. قىچىپ كەتكەن ئىتنىڭ قايتىپ كېلىدۇ.
ئەلى ساپا ئىتىمۇ جاجىسىنى يەيدۇ. ئوت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئات قايتىپ كېلەلەيدۇ، ئۇنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ كۆيەدۈرۈۋالغان چىرايلىق قولۇڭنى كۆرىدۇ. بالام، قولۇڭ ئىچىشىۋاتامدۇ؟ ئىچىشمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ ئىچىشىپ تۇرسۇن، بەربىر ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئىتىڭ قايتىپ كېلىدۇ، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. يانغىندىن قاچقان ئات قايتىپ كەلمەيدۇ ۋە ئامان قالمايدۇ دېگەن سۆز بار. بىراق سېنىڭ بۇ ئىتىڭ قايتىپ كېلىدۇ، يوباز ئوغلى قىزىلباش ھەسەن، كۆرد ھەسەن. بۇ گەپلەرنى ساڭا ئېيتىۋاتىمەن، ياخشى ئاڭلا! سەن ئۇچۇن دەۋاتىمەن ... — ئوسمان چوڭ ئاللاھىدە بوم ئاۋازى بىلەن خۇددى دېۋىلەردەك گۈركىرەپ سۆزلەيتتى. — ئىتىڭ قايتىپ كېلىدۇ، قېرىنداشىم يوباز ئوغلى. ھەممە چوقىدىن بىر قۇياش كۆتۈرۈلىدۇ! — ئۇ كۆلۈپ تۇرۇپ، قېلىن قاشلىرى ئاستىدا يېپىلىپ قالغان كۆزلىرىنى كۆپچىلىككە يوگۇرتتى، كېيىن تەنتەنىلىك ئاۋازدا دانە - دانە قىلىپ سۆزلىدى:
— ھەممە چوققىدىن بىر قۇياش كۆتۈرۈلىدۇ، بىر قۇياش چىقىدۇ، قۇياش ...
ئۇ ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن، بوغۇم - بوغۇم يېلتىزغا ئوخشىغان بىگىز قولى بىلەن كۈننى كۆرسىتىپ:
— مانا شۇنداق! — دېدى، — مانا شۇنداق بىر قۇياش چىقىدۇ، مانا شۇنداق چىرايلىق بىر قۇياش تۇغۇلىدۇ، ئۇ ھەم ھارارەتلىك، ھەم مېھرىبان بىر قۇياش، مانا شۇنداق ... ھەربىر چوققىدىن بىر قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ، سېنىڭ ئىتىڭ قايتىپ كېلىدۇ، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ ...
ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىتتىك ئۆز ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ھەممە ئۇنىڭ كەينىدىن كۆز تىكتى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ئېيىپ كىرىپ كەتكۈچە كۆپچىلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمىدى.



# 5

قۇياش كۆتۈرۈلگەن. يوباز ئوغلىنىڭ ئىتى تۈزلەڭلىكتىكى ئوتتۇرىسىدا قىمىر قىلماستىن تىك تۇراتتى. سايىسى ئاناۋارزا قىيالىقلىرىغا سوزۇلغانىدى. قۇشلار توپى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا قاراپ تەڭلا سايرىشاتتى. بۇ ئاۋازلار پۈتۈن ئەتراپنى قىيامەتتەك قىلىۋەتكەنىدى. ئات بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ يېڭى ئوتنى يۇرىماقچى بولغاندەك بويىنىنى سوزدى. قارا كۆزلىرىنىڭ ئېقى قىزارغان، ئوڭ ساغرىسىنىڭ ئۈستىدىكى كۆيۈك يارىسى شەلۋەرەپ ئېتىلغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن سېرىق سۇ تەپچىگەن يارىنىڭ ئۈستىگە چىۋىنلەر قونۇشقا باشلىدى. چىۋىنلەرنى قوغلاش ئۈچۈن ئات قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. كېيىن پاشىلار ۋە ئۈششاق ھاشاراتلار ئاتنىڭ كۆزىنى چېقىشقا باشلىدى. ئەمدى ئات بېشىنى چايقاشقا باشلىدى. ئاخىر كۆزىگە ۋە ساغرىسىدىكى كۆيۈك يارىسىغا قونغان ھاشاراتلارغا پىسەنت قىلماستىن جىملا تۇرىۋەردى.
ئەتراپنى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى قاپلىدى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى توختىدى. ئىسسىق كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇچۇۋاتقان ھەرىلەر ئىسسىقتا تەرلەپ، گۈللەرنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈشكە باشلىدى. پارقىراق قاناتلىرى جىرىلدىغان ھەرىلەر قالمىدى، پەقەت يوغان ئېشەك ھەرىلىرى، ئۇلاردىنمۇ چوڭ ھەم ئۆزۈن ئالىچىپار قىزىل، كۆك، مونچاقلىق ھەرىلەر ئىسسىققا قارىماي ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە — يىراقلاردا گويا قۇياش سۇلىرىدەك بىر يېتىپ، بىر ئۆچەتتى. ئىسسىق تېخىمۇ كۈچەيدى، دىمىق باشلاندى. دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ، قۇشلار بۇ قايناپ تۇرغان باھار ئىسسىقىنىڭ دىمىقلىقىدا سولىشاتتى. كېپىنەكلەر توپى يان تەرەپتىكى يوغان چىنار دەرىخىگە قاراپ خۇددى يۇلۇنىتەك ئۇزدى. جىمىكى

ئەرسىدىن قوياش نۇرىدا تاۋلانغان بىر خىل ساپ پۇراق كېلەتتى. قوياش نۇرى چۈشۈش بىلەن تەڭ ئېچىلغان گۈللەر، قوياش نۇرى چۈشكەن ئوت - چۆپلەر، ئاپتاپ قىزىتقان توپىلار ۋە بۇ دىمىق ئىسسىقتا سوزۇلۇپ ياتقان ئاتاۋارزا تۈۋرىقى خۇددى ھېلىلا يارىتىلغاندەك كۈچلۈك ساپ پۇراق تارقىتاتتى.

قىمىرلىماستىن تىك تۇرغان ئاتنىڭ كۆزلىرىنى كۆمۈتىلار قاپلاپ كەتتى. ساغرىسىدىكى كۆيۈك يارىسى چىۋىنلەر دەستىدىن كۆرۈنمەي قالدى. بىر كېپىنەك ئاتنىڭ ئۇزۇن، پاكىز ياللىغا قونۇپ، ھاۋا رەڭ قاناتلىرىنى بىر ئېچىپ، بىر ياپاتتى. بېشىدىكى ئاقچەساز پاتقاقلىقنىڭ سۇلىرىدىن يانغان شولا ئاتنىڭ بويىنىنىڭ سول تەرىپىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

ئات بىردىنلا قىمىرلىدى، بېشىنى سىلكىپ ۋە بىرنەچچە قېتىم تېپچەكلەپ چىۋىنلەرنى ئۈچۈرۈۋەتتى. تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە چېپىپ، پىرقىراپ چىقتى. ۋايىۋاي يېزىسىنىڭ تۆۋىنىدىن تارسوسلو ئېتىزلىقلىرىغىچە چېپىپ، كېيىن توختىدى، يەنە چاپتى. شۇنداق تېز چاپتىكى، پۇتلىرى كۆرۈنمەيلا قالدى.

ئات تارسوسلو ئېتىزلىقىدىن نارلى قىشلىقى ئەتراپىغا كەلگەندە ئامازدىگەر بولۇپ قالغانىدى. نارلى قىشلىقى بېشىدىكى پاتقاقلىقنىڭ سۇلىرى توختىماستىن كۆۋۈجەيتتى، كۆپۈكلىنەتتى ۋە پورۇقلايتتى. تۈم، ئۇزۇن بىر قارا يىلان ئوتلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، پاتقاقلىققا قاراپ ئاستا قىمىرلايتتى. يىلان ئىنىدىن ئەمدىلا چىققاچقا، قېنى ئاستا - ئاستا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆزىمۇ ئېسىگە كېلىشكە باشلىغانىدى. قاپقارا دۈمبىسى قوياش نۇرىدا يېشىل تۈسكە كىرىپ يالتىرايتتى. يىلان دەل ئاتنىڭ ئايىغى تۆۋىدىن تۇيۇقسىز يالاپ ئۆتۈپ كەتتى. بىرنەچچە قوڭغۇز غوڭۇلدىغان پېتى دەرەخنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاتنىڭ بېشىنى چۆرگىلەپ ئۇچاتتى. ئات پەسەنت قىلمايتتى.



بىردىنلا يىراقتا — ئاقچەساز ئۆستىڭىدە ئوت ئۇچقۇنى پەيدا بولدى - دە، يەنە ئۆچۈپ قالدى. شۇ زامان ئات خۇددى ئۇچماقچى بولغاندەك قايتا - قايتا يۇقىرىغا ئۆرەدەپ، بويىنى ئۆزىراپ، پاچاقلىرى كېرىلدى. يەنە ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆرەدەپ، ئاندىن چېپىشقا باشلىدى. بىرھازادىن كېيىن چۆرگىلەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. كېيىن ئۆز ئورنىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى، تىنىدى، يەنە قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. شۇ ئاپتا ئۇنىڭ گۆشىنى، قۇلىقىنى كەسسىمۇ قىمىر قىلمىغۇدەك قېتىپ قالدى.

ئۇزاقتىن — كوزان يولىدىن بۇ تەرەپكە بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئات ئادەمنى كۆردى - دە، بېشىنى قاتتىق سىلكىپ، تەلۋىلەرچە كىشنىدى ۋە بولۇشىچە چېپىپ كەتتى. ئۇ شۇنچىلىك تېز چاپتىكى، قورسىقى يەرگە تېگىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئات كۈن پاتقۇچە چاپتى، كۆپۈكلەر ئىچىدە توختىماي چاپتى. ئاتاۋارزا قىيالىقلىرىدىن ئۆتۈپ، دوملۇ قەلئەسىگە كىرىپ كەتتى. يىراقتا ھاجىلار يېزىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قېلىپ، يەنە شۇ تېزلىكى بىلەن كەينىگە ياندى. ھاجىلار يېزىسىدا چىراغلار يېقىلغانىدى. ئات چىراغ يورۇقىنى كۆرۈش بىلەنلا جان تالاشقاندەك قاتتىق بىر كىشنەپ، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. تاڭغا يېقىن تۈۋرىقتۆپە ئەتراپىدا پەيدا بولدى. ئات ھارغان، قارا تەر ۋە كۆپۈككە چۆمگەنىدى. ئۇ، شامال كۆرۈكمىدەك نەپەس ئالاتتى، ماڭغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. تاڭ ئېتىپ، كۆتۈرۈلگەن قوياش نۇرىدا بېشى ساڭگىلىغان، قولاقلىرى سالپايغان، كەينى سول پۇتىنى يىغىۋالغان، قورۇلۇپ كىچىكلەپ، تامامەن ھالىدىن كەتكەن ھالدا ياتاتتى.

يوباز ئوغلى ھەسەتنىڭ ئېتى ئېسىل نەسىللىك ئەرەب ئېتى ئىدى، ئۇ نازۇك، ئېگىز، بەستلىك تورۇق بولۇپ، ساغرىسى قارا قىزىل ئىدى. مۇنداق ئاتلار ئادەتتە ئاز ئۇچرايدۇ ۋە شۇ نەسىلدىكى ئاتلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

تورۇق بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئەلى ساپا باينىڭ ئىدى. تېخى ئىككى ياشلىق تايچاق ۋاقتىدىلا ئېسىل نەسىل ئىكەنلىكىگە ئىسپات قەغىزى بىلەن ئەلى ساپا بايغا ئەڭ يېقىن دوستى ئۇرفادىن ئەۋەتكەنىدى. ئىسپات قەغىزىنىڭ كەينىگە تورۇق ئات نەسلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىلگەن ئىزاھاتىمۇ چاپلانغانىدى. بۇ ئات تىللاردا داستان بولدى. بۇ ئاتنى كۆرۈش ئۈچۈن كوزاندىن، ئادانادىن، تارسۇستىن بايلار، بەگلەر چۇقۇر ئوۋاغا مېھمان بولۇپ كېلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئەلى ساپا باي بۇ تورۇق ئۈچۈن تىك تۇراتتى.

ئەلى ساپا باي مۇشۇ ئات ئۈچۈن ھەتتا ئۇرفادىن بۇ خىل نەسىلدىكى ئاتلارنى بېقىپ كۆرگەن بىر قېرى ئات باقارنى ئەكەلدى. باينىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، بۇ ئات ئادەمدىنمۇ ئەقىللىق، ئەپىۋس، تىلى يوق: ئەگەر ئۇنىڭ تىلى بولغان بولسىدى ... ھەي، ھەي، ھەممە نەرسىگە — دوستقا دوستچە، دۈشمەنگە دۈشمەنچە ئۆز لايىقىدا مۇھەببەت بىلەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئەلى ساپا باي خاپا بولسا، ئۇمۇ تەڭ خاپا بولاتتى، قاپقارا يوغان كۆزلىرى خىرەلىشىپ، ھەسرەت بىلەن قارايتتى. ئەلى ساپا باي خۇشال بولسا، ئاتمۇ شادلىنىپ شامالدەك ئۇچاتتى، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق چاقنايتتى.

ئەلى ساپا باي: «ئاتنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن!» دەيتتى.

ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي كۆرەشلەردە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ئەلى ساپا باي تورۇققا مىنىش بىلەن ئۆزىگە كېلەتتى. بارلىق دۇنيا ئۇنىڭ بولاتتى. «تورۇق ئاتنىڭ ئىگىسى ئەلى ساپا باي!» بۇ سۆز ئۇنى چەكسىز خۇشال قىلاتتى. بۇ ئاتقا بولغان مۇھەببىتىگە ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى. ئىچىدە: «دېمەك، تومۇرلىرىمدا ئەسلىدىكى ياۋا تۈركمەن قېنى بار ئىكەن — دە، ئۇ قىزىق پېتى ئايلىنىۋېتىپتۇ! دېمەك، توختىماي ئايلانماقتا! ئەرەب ئاتلىرىنىڭ نەسلى بولىدۇ. ئادەملەردە نەسىل سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، پەقەت خىلمۇخىل خۇسۇسىيەت بولىدۇ. ئاتقا



ئوخشىمايدۇ. ئادەملەر ئات ئەمەس — دە. ئەمما، مەندىكى ئاتقا بولغان مۇھەببەت نېمىدىندۇ؟» دەيتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن يەرگە بولغان مۇھەببىتى تەڭ كېلىپ قالغاندا، تومۇرىدىكى ياۋا تۈركمەن قېنى يەر ئالدىدا تەسلىم بولدى.

ۋايۋاي يېزىسىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك بىر پارچە يەرمۇ ئەلى ساپا باي ئۈچۈن كېرەك ئىدى. بىر پارچە يەر ۋايۋاي يېزىسىنىڭ پۈتۈن يەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ ئاچقۇچى بولاتتى. ئۇزاق ۋاقىت ئىزدەشلەردىن كېيىن ناھىيەنىڭ يەر خېتى بېجىرگۈچى خىزمەتچىسى ئەنە شۇنداق بىر يەرنى تېپىپ چىقتى. ئۇ شۇنداق بىر يەر خېتى يازدىكى، بۇ يەرنىڭ چېگراسىنى خالىغانچە كېڭەيتىشكە، تارايتىشقا بولىدۇ، نەگىچە ئاپىرىمەن دېسە شۇ يەرگىچە بارىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ يەر خېتى ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئۆزىنى، چېگراسىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. بۇ ئون يەتتە دۆنۈملۈك يەر يوباز ئوغلى ھەسەنگە قاراشلىق ئىدى. مۇنداق يەر خېتىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە بەش مىڭ، ئون مىڭ، ئون بەش مىڭ، ھەتتا ئەللىك مىڭ دۆنۈملۈك يەرنى كىرگۈزىۋېلىش مۇمكىن ئىدى. بۇ يەر خېتىنىڭ ئۈچۈرنى ئالار — ئالماي، يەر خېتى كەسكۈچىگە بەش يۈز لىرالىق سوۋغات تەقدىم قىلدى. خۇشاللىقىدىن كۆزىگە ئۈچ كۈن ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەلى ساپا باي بۇ يەر خېتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قانات ياساپ ئۇچقاندەك بولدى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە يوباز ئوغلى ھەسەننى چاقىرتتى.

— ھەسەن، قولۇڭدىكى يەر خېتىڭنى ماڭا بەرگىن! — دېدى.

— قولۇم كۆكسۈمدە، بېگىم! — دەپ جاۋاب بەردى ھەسەن.

— بىزنىڭ دادىلىرىمىز بىر قاچا سۈتنىمۇ تەڭ ئىچىپ دوست بولۇشۇپ كەلگەن. بىز سەن بىلەن تۇغقاندەك ئۆتكەن. سېنىڭ ئىرنىقىڭ كېسىلسە، مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. تىرناق گۆشتىن

ئايرىلالمايدۇ، ھەسەن ...

— بېشىم بىلەن رازىمەن، بېگىم!

— بىز قېرىنداشمىز، دوستىمىز ھەم تۇغقانمىز. بىراق، دوستلۇق باشقا گەپ، سودا باشقا گەپ. سېنىڭ ئون يەتتە دۆنۈملۈك يېرىڭگە قانچە بەرسەم بولار؟ ياكى باشقا نەرسە ئالامسەن؟

— سىلى ئامان بولسىلا، بىر غېرىبچە يەر نېمە ئۇ، ئۇ بىر پارچىلا يەرغۇ. سالامەت بولسىلا بېگىم ... بۇ يەرنى سىلى خالاپ قاپتىلا. ئۇنداقتا ئەتىلا شەھەرگە كىرىپ بۇ يەرنى سىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەي. ئىككىمىز ئەزەلدىن دوست ئادەملەر، ئالىقانچە يەرنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولسۇن؟ ھېچقانداق باھا قويمايمەن. سىلىنىڭ گۆلدەك جانلىرى ئامان بولسىلا بولىدى. خۇدايىم ھەر قاچان سىلىنىڭ سايىلىرىنى بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشۈرۈپ تۇرسۇن!

— دېگىنىڭ كەلسۇن، — دېدى ئەلى ساپا باي خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئاز - تولا بىرنەرسە ئېلىشىڭ كېرەك. ئەگەر ئالمايدىكەنسەن، يېرىڭنى ئالمايمەن. ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە ئېلىشىڭ لازىم.

ھەسەن ئىززا تارتىپ يەرگە قارايتتى، زادىلا جاۋاب بېرەلمەيتتى.

— ھەسەن، ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. يېرىڭنى ئالالمايمەن. دېگىن، نېمىنى خالايسەن؟ ئالدى بىلەن سەن دېگىن، كېيىن باھاسىنى ئۆزۈم پىچىپ بېرىمەن. بىر قورۇش ئالىمەن دېسەڭمۇ مەيلى، بىر ئۆكۈز، بىر ئۆچكە، بىر قوي، بىر ئات ... نېمىنى خالىساڭ دېگىن.

ھەسەن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى، ياخشى ياكى يامان سۆزگە تىلى بارمايتتى.

ئەلى ساپا باي خىيالىدا: «يوباز ئوغلى قىز بالىدەك بېشىنى كۆتۈرمەي، يۈزىمىزگىمۇ قارىيالمايدۇ. مۇشۇ ياشقا كىلىپمۇ ياش



قىزلاردەك قىزىرىپ - تاتىرىپ تۇرسا، يېرى ئۈچۈن پۇل ئېلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇ تۈركمەنلەرنىڭ ئادىتى - دە: چوڭلارنىڭ ئالدىدا سۆز قىلماسلىق ھەم ئۇلار بىلەن سودىلاشماسلىق. بىراق، مەن ئۇنىڭغا مەجبۇرلاپ بىرنەرسە ئالدۇرىمەن، بۇ قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

بۇ ئون يەتتە دۆنۈملۈك ئېتىزنىڭ ئارقىسىدا جىق ئىش بار، بىرنەرسە بەرمەستىن ئېلىۋېلىش ياخشى بولمايتتى.

— قېنى، سۆزلىگىنە يوباز ئوغلى، — ئەڭ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى ئەلى ساپا باي. — سۆزلىگىنە، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى قېرىندىشىم، ئادەملەرنىڭ ئېسىلىسەن قېرىندىشىم. مەردلىكىڭنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن، قەبرە تېشىمغىمۇ يازدۇرىمەن، قېنى ئېيتقىنا! ...

يوباز ئوغلى بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ چاقنايتتى: كىچىككىنە يۈزى شوخ - تەنتەك بالىلارنىڭ گۇناھ قىلىشقا ھازىرلىنىپ، «مانا يۈتى ساڭا ئاتىمەن» دەپ تۇرغاندەك قوزۇلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا ئوخشايتتى ... يوباز ئوغلىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشى ئەلى ساپا باينى خۇشال قىلىۋەتتى. «بۇ بالا ئەمدى ئەقلىگە كەلدى، بۇنىڭ چىرايى يەتتە ياشلىق بالىغا ئوخشايدۇ، ئەجەب مەن بىلگەن ھەسەن چوڭلا ئادەم، مەن بىلەن تەڭغۇ» دەپ ئويلىدى.

ھەسەن خىجىللىق ئىچىدە كۈلۈمسىرەيتتى، كۆزىنى ئەلى ساپا باينىڭ كۆزىدىن ئايرىمايتتى.

— بېگىم، سىلى بەك قاتتىق تۇرۇۋالدىلا ...

— شۇنداق، قاتتىق تۇرىمەن. ئەگەر ھەققىڭنى ئالمىساڭ، خۇدا ھەققى، يېرىڭنى ئالمايمەن، يەر تۇرماق، ئالتۇن بولسىمۇ ئالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا بېگىم ...

ئەلى ساپا باي چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى، دۈمبىسىدىن ئېغىر

يۈكنى تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ:

— قېنى، سۆزلىگىنە، ھەسەن، سۆزلىگىنە، جېنىم دوستۇم، مەندىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى تىلىگىن، — دېدى.

— سېنىڭ تورۇق ئېتىڭنى تىلەيمەن، بېگىم، يا ئاتنى ئالىمەن، يا ھېچ نەرسىنى. ئاتنى بېرىپ بېرىمتى ئالىمەن. سەن مىنگەندە ئىشلەتكەن بارلىق جابدۇقى بىلەن بېرىشىڭنى سورايمەن.

بايىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى، سۆزلىگەن بولسا تىلى كالۋالىشىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرى:

— شۇنداقمۇ، ھەسەن؟ — دېيەلىدى، — دېمەك، تورۇقنى، ئەرەب ئېتىمنى خالايدىكەنسەن ـ دە؟

— مېنى كەچۈرگىن، باي، — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى، — يا ئات، يا ھېچ نەرسە!

ئۇ كەينىگە قارىماستىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ كېتىپ خېلىدىن كېيىن ئەلى ساپا باي ئېسىگە كەلدى ۋە ساراڭ بولاي دېدى. ئۇ مېھمانخانىسىنىڭ دالانىدا ئايلىنىپ يۈردى، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلايتتى. مۇشۇ تاپتا يوباز ئوغلى ئۇنىڭ قولىغا چۈشىدىغان بولسا ئۇنى يۇردا ـ يۇردا قىلىۋەتكەن بولاتتى. يوباز ئوغلىنىڭ سورىغىنى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا بەكمۇ قاتتىق تەگكەنىدى ... «قانداق قىلىپ سورىيالىدى، قانداق قىلىپ بۇ جاسارەت كەلدى ـ ھە؟ ھۇ سەھرالىق ھارامزادە، قانداق قىلىپ مېنىڭ ئېتىمنى سورىيالىدى ـ ھە؟ » دەپ ئۆزىچە ۋارقىرايتتى. « قانداق تىلى بارغاندۇ، قانداقلارچە بۇ جاسارەتكە كەلگەندۇ ؟»

ئۇنىڭ غەزىپى ئۇزاققىچە بېسىلمىدى، بىرنەچچە كۈن ئۇنداق قىلدى، بۇنداق قىلدى، بولمىدى، ئوتتۇرىغا شەھەرنىڭ ئابرۇيلۇق ئادەملىرى كىردى، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ بايلىرىمۇ ئارىلاشتى، ھەممىلا ئادەم ئارىغا كىرىپ باقتى، باي ھەسەنگە



تۇرغۇن پۇل، باشقا يەردىن كۆپ يەر ئاجرىتىپ بەرمەكچى بولدى، ھەسەن بۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى.

— بەرسە تورۇقنى — ئەرەب ئېتىنى ئالىمەن، بولمىسا ھېچ نەرسە ئالمايمەن، — دېيىتتى.

ئەلى ساپا باي ھېچ نەرسە قىلالمىدى، باشقىچە بولمۇ يوق ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئېتىنى كۈمۈش ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن ياساپ يوباز ئوغلى ھەسەننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ يوباز ئوغلىغا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچەيدى.

ئىككى كۈن ئىچىدە يەر خېتى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئەلى ساپا باي يەر خېتىنى قولىغا ئېلىش بىلەن دەسلەپ كۈلدى، كېيىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ھەسەنگە ۋە شۇ يەردىكى ۋايۋاي دېھقانلىرىغا قارىدى: «ئەمدى مەندىن كۆرىدىغىنىڭلار بار سىلەرنىڭ ! — دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، — ئېتىمنى — جېنىمدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئېتىمنى مەندىن تارتىۋالامسىلەر ۋە شۇ ئېپلاسنى ئادەم قاتارى ساناپ، ئاتقا مىندۈرەمسىلەر؟»

ھەسەنمۇ، باشقا دېھقانلارمۇ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك غەزەپلەنگەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدى. بىراق، كۆڭۈللىرىگە بىر ئەندىشە چۈشتى.

ھەسەننىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچبىر كار قىلمىدى. ئاتنى مىنىپ يېزىمۇ يېزا، بازارمۇبازار ئايلىنىپ يۈردى. بارغانلا يېرىدە:

— بۇ ئات ئەلى ساپا باينىڭ ئېتى، ئون يەتتە دۈنۈملۈك گىياھ ئۈنمەيدىغان شورلۇق يەرنى بۇ ئاتقا تېگىشتىم، ئۇ تازىمۇ ئەخمەق ـ دە، — دەپ يۈردى.

يوباز ئوغلى بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى:

— ئەگەر مەن خالىغانلا بولسام، شۇ ئون يەتتە دۈنۈملۈك شورلۇق يەر ئۈچۈن ئەلى ساپا باي ئېتىنىلا ئەمەس، خوتۇنىنىمۇ بەرگەن بولاتتى. رەھىم قىلىپ خوتۇنىنى ئالماستىن ئېتىنى

ئالدىم، ئىتىنى بەرگەن يەردە خوتۇنىنى بەرمەي قالامدۇ، راست ئەمەسمۇ؟ ۋىجدان بىلەن دەپ بېقىڭلارچۇ!

ئۇ ئەلى ساپا باي ئۈستىدە ھەر خىل مازاق گەپ توقۇپ ھەممە ئادەمنى كۈلدۈرەتتى.

ئەلى ساپا باي ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن تەلۋىلىكلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئاڭلاپ تۇراتتى ۋە ساراڭ بولاي دېيەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئۆز ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، ھەسەنگە: «ئاغزىنى يىغىپ يۈرسۇن، ئەگەر يەنە ئاغزىنى يىغمىسا قانداق يۇمدۇرۇشنى ئوبدان بىلىمەن» دېگۈزدى.

ھەسەن قىلچە پەرۋا قىلمىدى.

— ئاغزىمنى يۇممايمەن، — دېيەتتى ئۇ، — يۇممايمەن، ئۇ تۇرماق پەرىشتىسىدىنمۇ قورقمايمەن. قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن. كېلىدىغان بولسا كۆرىدىغىنى بار. ئۇنىڭ قەلەيچى باشچىلىقىدىكى قاراقچىلىرى بولغان، ھازىر ئۇلار تاغدا بولغان بولسىمۇ قورقۇپ قالمايمەن. ئۇ ئون يەتتە دۈنۈملۈك بىر پارچە يەرگە، ئالىقانچىلىك بىر قەغەزگە، بىر سىقىم تويىغا ئۆزىنىڭ گۈلدەك ئىتىنى بەردىمۇ، بولدى، ئالدىمدا ئۇنىڭ يارماقچىلىك ئابرۇيى قالمىدى. خالىسا مېنى ئۆلتۈرسۇن، پەرۋايىم پەلەك. پەقەت مېنى بىر ئىت تالاپ يەپ كەتتى دەيمەن، خالاس. قولۇمدا يەنە ئالىقانچە قەغەزگە پۈتكەن ئازراق يېرىم بار، ئۇنىمۇ بېرىپ، كېلەر يىلى ئەلىنىڭ خوتۇنىنىمۇ ئالىمەن. ئەرەب ئىتىمنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ يېزىمۇيېزا ئايلاندۇرىمەن. ئەمدى ئالدىمدا ئۇنىڭ بىر تىيىنچىلىك يۈزى يوق، خالىسا ئۆلتۈرگۈزسۇن.

بىر كۈنى ھەسەن جىغانلىقنىڭ يېنىدىكى يولدا ئاتلىق كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭغا كەينىدىن بەش پاي ئوق ئېتىلدى، بىراق تەگمىدى. چۈنكى، ئات شامالدەك ئۇچۇپ ئوقنى تەگكۈزمىدى. ھەسەن ھەرقانداق يەردە، تۈزلەڭلىكتە ئىتىنى چاپتۇرۇپ يۈرەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئوق يامغۇرىغا دۇچ كەلدى، بىراق ھېچ نەرسە بولمىدى. ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى. تويلاردا، ئولتۇرۇشلاردا ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەيدىغان بولدى.



ھەسەننى ساقچى چاقىرتىپ بۇرنىدىن قان كەتكۈچە ئۇردى. ھەسەن ساقچىدىن چىقىپ ئون بەش كۈنگىچە قان سىيدى، يەنىلا پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋەردى.

— ئالىمەن! — دېيەتتى ئۇ، — ئۇنىڭ خوتۇنىنىمۇ ئالىمەن، چوقۇم بىر كۈنى ئالىمەن. ئەرەب ئىتىمنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ يايلاقمۇيايلاق ئوينىتىمەن، قولۇمدا بىر غېرىچ ئىتىمنىڭ قەغىزى بار.

ئات ئۈچ قېتىم ئوغرىلاندى، ھەسەن تېپىپ كەلدى.

— ئات ئۆلسە نېمە بولاتتى؟ جېنىمدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئىتىمنى ماڭا بەرگىنى يالغانمۇ؟ ئىتىمنى بېرىپ ئادەملىكتىن چىققىنى يالغانمۇ؟ ئەمدى ئات ئۆلسە ئۇنىڭ ئابرۇيى ئەسلىگە كېلەتتىمۇ؟

* * *

كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى، يۇلتۇزلار گويا تۆكۈلگەندەك كۆچەتتى. تورۇق قاتتىق خارتىلدايتتى، چاناقلىرى كېرىلىپ، يېپىلاتتى. ئات چاپاتتى، يەنە چاپاتتى، بىر ھازا تۇرۇۋېلىپ ھاۋادىن پۇرايتتى. كېيىن كەڭ دائىرە ياساپ چۆرگۈلەپ ئايلىنىشقا باشلايتتى. چوڭ خاماننىڭ ئورنىچىلىك يەردىكى ئوتلار، گۈللەر، قۇرت - قوڭغۇزلار دەسسىلىپ - چەيلىنىپ كەتتى.

تورۇق خېلى ئۇزاق ئايلانغاندىن كېيىن ئاققان يۇلتۇز بىلەن تەڭلا ئاقچەسازدىكى نەرگىسلىك ئىچىگە كىرىپ كەتتى. نەرگىسلەر ئاتنىڭ قورسىقىغا كېلەتتى. باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدا گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چاچاتتى. ئاسماندا كۆچكەن ۋە چاقناپ تۇرغان يوغان يۇلتۇزلار تورۇقنىڭ يالتىراپ تۇرغان ساغرىسىدا ئەكس ئېتەتتى. ئات ساغرىسىنى قاتتىق تىترىتىپ ئاقچەسازنىڭ توختام سۇلىرىغا كىرىپ كەتتى. سۇنى چوڭ - كەڭ يويۇرماقلىق نىلۇپەرلەر قاپلىغانىدى.

## 6

دەرۋازا ئۇرۇلغاندا ئەلى ساپا باي يۇقىرىدىكى مېھمانخانىسىدا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئولتۇرغانىدى. ئىككى ئادەم ئاتتىن چۈشتى، ھەر ئىككىسىلا لايغا مىلەنگەن، ئاتلارمۇ لاي ئىدى.

ئەلى ساپا باي شۇ زامان پەسكە قاراپ يۈگۈردى:

— نېمە خەۋەر ئەكەلدىڭلار؟ ئوت كەتكەننى كۆردۈم. كارامەت يانغىن بولدى، ھەسەندىن نېمە خەۋەر بار؟ ئاتتىنچۇ؟

— ئادەم ئىشكىنى قېقىش بىلەن ھەسەن ئاچتى، شۇنداقمۇ ئادەم؟ — دېدى مۆرتىزا.

— شۇنداق! — دېدى ئادەم. — ئۇ ۋىجىككىنە ئادەم ئىكەن.

— مەن ئادەمگە چەتكە ئۆت دېدىم، ئادەم ئۆزىنى چەتكە ئېلىش بىلەن ھەسەنگە قارىتىپ بەش پاي ئوق ئۈزدۈم، شۇنداق ئەمەسمۇ ئادەم؟ — دېدى مۆرتىزا.

— شۇنداق! — دېدى ئادەم كىچىك بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ھەسەن يەرگە يىقىلىپ كالىدەك ھۆركىرەپ كەتتى. ئىشىك يېپىلدى، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئادەم؟

— شۇنداق، ئىشىك يېپىلىپ قالدى.

— مەن كىرىسىنگە چىلانغان لاتىلارغا ئوت يېقىپ بىرىنى ئىشىك بېشىغا، بىرىنى ئۆينى شامالدىن توسۇپ تۇرىدىغان چۈپلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلىدىم، ئوت بىردىنلا تۇتىشىپ كەتتى. كېيىن ئېغىلغا كىرىپ تاشلىدىم، ئوت يالقۇنلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئات كىشنىدى، شامال ئوتنى ئۇلغايتىۋەتتى. ئۈچ ئادەم بىزنى سازلىققىچە قوغلاپ كەلدى. كۆيۈۋاتقان ئېغىل ئىچىدىكى ئات ئىس - ھوشىنى يوقىتىپ يالۋۇرغاندەك ئاچچىق - ئاچچىق كىشنەيتتى. ئۇنىڭ كىشنىشى ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. بىزنى قوغلاپ ئۈچ ئادەم سازلىقنىڭ بويىغا كەلدى. بىراق، ئىچىگە كىرەلمىدى. بىز سازلىقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۈچ



كىشىگە ئوق ئاتتۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئادەم؟

— شۇنداق! — دېدى ئادەم. — ئۈچ پاي ئوقنى مەن ئاتتىم، بىراق كېچە قاراڭغۇ بولغاچقا تەگمىدى. ئات شۇنداق كىشنەيتتىكى، ئاۋازى تۈزلەڭدە جاراڭلاپ كەتتى، خۇددى ئادەمدەكلا يىغلايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ ...

— كۆيۈپ كەتتى، — دېدى ئادەم ئاھ ئۇرۇپ. — بىچارە كۆيۈپ كەتتى، خۇددى ئادەمدەكلا يىغلايدۇ. يۈرەكلەرنى پارە - پارە قىلىۋەتتى.

— بىز ئامان - ئېسەن سازلىققا كىرىۋالدۇق. ئات ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆرۈلدۈرمەي كىشنەپ چىقتى، كېيىن بىردىنلا كىشنىشى بېسىلدى.

ئەلى ساپا باينىڭ چىرايى ئېچىنىشلىق ۋە غەزەپلىك تۈسكە كىردى.

— كۆيۈپ ئۆلسۇن ئۇ ئات! كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتسۇن! — دېدى - دە، ئەركىن نەپەس ئالدى. — قېنى، بېرىپ ئاتلارنى يۇيۇڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇستىبېشىڭلارنىمۇ ئالماشتۇرۇۋېلىڭلار. زەينەل نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ ھەقىقىي خەۋەرنى شۇ ئەكېلىدۇ. زەينەل كەلمەستىن تۇرۇپ ھېچقايسى خەۋەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

— شۇنداق، ئىشەنگىلى بولمايدۇ، — دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى باشقىلار.

كۈن چىقىپ چاشكا ۋاقتىغا يېقىن تۇمان ئاستا - ئاستا تارقالدى. قۇشلارنىڭ سايرىشىمۇ توختىغانىدى. چاق ئىزى يېشىل ئوتلارغىمۇ ئىز سېلىپ تا ئاناۋارزاغىچە باراتتى. بىر ئادەم ئېغىلدىن سىرتقا قىغ توشۇۋاتاتتى. يېغىر رەڭ يۇڭ چاپان كىيگەن ئادەم چىلان تورۇق ئاتنى داۋالاۋاتاتتى. بىر توپ كېپىنەك بۇلۇتتەك رەڭگارەڭ بولۇپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى ۋە ئۇچۇپ كېتىشتى. ئاناۋارزانىڭ ئاق تۈتەك بىلەن قاپلانغان كۆكۈچ قىيالىقلىرىدىن ئاقۇچ، كۆكۈچ، قىزغۇچ كۆركەم

يۈلۈنلار سۇرۇلۇپ ئۆتۈشتى.

مۆرتىمزا بىلەن ئادىم يۈيۈنۈپ كىيىنىپ گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. باينىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن سەگەك تۇرۇشقا تىرىشاتتى. باينىڭ چىرايىغا قارىيالمايتتى، بېشىنى يەردىن ئۆستۈن قىلمايتتى. ئەلى سايا باي بەزىدە تۈركمەن گىلىمى سېلىنغان سۇپىدىن تۇرۇپ سىرىق گۈل چېكىلگەن ئۆتۈكىگە قامچىسىنى ئۇرۇپ، غەزەپ بىلەن تاقەتسىزلىنىپ ئىچىدە كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى.

— قارىغىنا باي، تۈۋەندىن كېلىۋاتقان زېمىنەل ئەمەسمۇ؟ — دېدى مۆرتىمزا.

باي قولىنى كۆزىگە تۇتۇپ، تۆۋەنكى قارىغاتلىقتىن كېلىۋاتقىنى زېمىنەلنى كۆردى. ئۇنىڭ تۈتۈلۈپ كەتكەن چىرايى ئېچىلدى.

— كېلىۋاتقىنى زېمىنەل، ئاتقا نېمە بولغاندۇ؟

— ئات ئۆلدى، — دەپ غالىبانە سۆزلىدى مۆرتىمزا، — شۇنداق ئەمەسمۇ، ئادىم؟

— ئۆلگەنلىكىدە گەپ يوق، ئۈستىخانلىرى چاراسلاپ كۆيدى، بىر تال تۈكىمۇ قالمىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ زېمىنەل كىرىپ كەلدى. چىرايى تاتارغان، قاش ـ قاپىقى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى، پاچاقلىرىنىڭ تىترىگىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ يەردە ئولتۇر، ئولتۇرۇپ دېمىڭنى ئېلىۋال، ئوغلۇم زېمىنەل، قېرىنداشىم زېمىنەل، — دېدى ئەلى سايا باي. ئۇ زېمىنەلنىڭ يۈزىگە تەشۋىش بىلەن قاراپ تاقەتسىزلىنەتتى. زېمىنەلنىڭ قىڭغىر ئېڭىكى ئۇلاق تەرەپكە تېخىمۇ قىيسىيىپ كەتكەنىدى. — مۆرتىمزا، زېمىنەلگە سۇ ئەكىرىپ بەر، ئىچىپ ئۆزىگە كەلسۇن.

زېمىنەل ئولتۇردى. مۆرتىمزا سۇ ئەكىرىپ زېمىنەلگە سۇندى.



قاچىنى ئېلىۋېتىپ زېمىنەلنىڭ قولى تىترەپ كەتتى، سۇ يەرگە تۆكۈلدى.

— قېنى سۆزلە، زېمىنەل، نېمە بولدى؟

— ھېچ نەرسە بولمىدى، — دېدى زېمىنەل، — ھېچ نەرسە بولمىدى. ھەسەننىڭ ئۆيى، ئېغىلى، ساماتلىقى كۆيۈپ كەتتى ... بۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىش بولمىدى.

— ئۆزىچۇ؟

— بۇرنىمۇ قانىمىدى.

— ئاتچۇ؟

— ئېغىلنىڭ ئىشىكىگىمۇ ئوت تۇتىشىپ ئات ئوت ئىچىدە قالغانىدى، ھەسەن ئاتنى قۇتۇلدۇردى. ئاتنى دەپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. كۆيۈۋاتقان ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، ئاتنى سۆرەپ چىقتى.

— زېمىنەل، دېھقانلارنىڭ ئەلپازى قانداق؟ ئەندىشە قىلغاندەك، قورققاندەكمۇ؟

— ئەندىشە ئىچىدە ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن قېتىپلا قېلىشتى. گويا يويۇرماقسىز دەرەختەكلا. يۆتكىلىپ ئەتراپقا تاش ـ تۇپراق، دەل ـ دەرەخ، ئۇچار قۇشلارغىمۇ بىر قورقۇش سىڭىپ كەتتىكى، ھەتتا نەپەس ئالالماي قېلىشتى.

— ئاھ، ئات ئۆلمىدى ... ئۇلارنىڭ قورققانلىقى بەك ياخشى ...

— پەقەت بىرلا كىشى، يەنى ئوسمان چولاق ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلمىدى، غاڭزىسىنى پۇرقىرىتىپ ئوت كەتكەن يەردە كۆلۈپ، كېرىلىپ يۈردى.

— ئوسمان چولاقنىڭ يەنە باشقا ئويۇنى بارمىدى تېخى؟ بۇ يەرگە كەلمەسمۇ؟ بىز بىلەن سۆزلەشمەسمۇ ھە زېمىنەل؟

— باي، مەن ئۇنى ياخشى بىلمەيمەن، ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىمۇ ئۆزگىرىپتۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان كونا تاپانچىسىنى بېلىگە ئېسىۋاپتۇ، چوقۇم بىر ئىش بار. لېكىن ھېچكىممۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— يەلكى ئەقلىدىن ئېزىپ، ئالجىپ قالغاندۇ — دېدى باي، — ئوسمان چوڭ ئاللىبۇرۇنلا سەكسەندىن ئاشقان. تۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. كۆرۈپ باقمامدۇق.

— ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ، — دېدى زەينەل، — ئۇ ئالجىمىغان، گويا قارا بۇلۇتتەك يېزىنى ئارىلاپ كېزىپ يۈرىدۇ. ئالدىمغا كېلىپ بېشىمدىن تا ئايىغىمغىچە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. غاڭزىسىدىن قويۇق ئىسنى پۈرقىرىتىپ يەرگە ئۈچ قېتىم تەپتى. ئوسمان چوڭنىڭ بىلىدىغان بىر ئىشى بار. ئۇ سوقۇشۇشقا تەييارلا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدى، روھسىز، ئۆلۈكتەك پۈتنى سۆرەپ ماڭاتتى.

— بۇ يەرلەر بىزنىڭ قولىمىزدا، — دېدى ئەلى ساپا باي، — بىر-بىرىمىز بىلەن تۇتۇشۇپ چىقىمىز. ئوسمان چوڭ نېمە ئويۇن ئوينىسا ئويناۋەرسۇن، كۆچ مەندە، ھەم ھەقلىقمەن. بىراق، ئاتنىڭ قېچىپ كەتكىنى ياخشى بولمىدى، يۈرىكىمدىكى يارا يۇتمىدى، ئۇ ئاتنى تۇتۇۋېلىپ ئېتىۋېتىش كېرەك.

— مەن كونا ئوۋچى، — دېدى ئادىم، — مەن شۇ ئاتنى نەدىن بولسۇن تېپىپ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلتۈرىمەن ياكى تۇتۇپ ساڭا ئەكېلىمەن.

— ماڭا ئەكېلىپ بېرىمەن دېمە، — دېدى باي، — ئۆلتۈرۈۋەتكىن، ئۆلتۈرمەستىن تۇرۇپ قېشىمغا كەلمە. قېنى بارغىن، شۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئات ماجىراسى مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن.

— مەن ئاجايىپ ياخشى بىر ئىشنى ئويلاپ تاپتىم، — دېدى زەينەل، — خۇدا ھەققى، بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار ئۆيلىرىنى، مال - مۈلكىنى تاشلاپ كەينىگىمۇ قارىماستىن تاكى ئاق دېڭىزغىچە قېچىشىدۇ، قورققىنىدىن ئۆتى تېشىپ كېتىدۇ.

— زەينەل، سەن قالتىس ئىشنى ئويلاپ يېتەلەيسەن، — دېدى ئەلى ساپا باي، — كارامەت ھۈنەرلىرىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. بۇ تۇزلەڭلىكتە سېنىڭمۇ ئوبدان پايدا كەلتۈرىدىغان



كىچىك بىر دېھقانچىلىق مەيدانىڭ بولىدۇ. ھازىر تاماق يەيلى، ئاندىن سەن يېڭى پىلانىڭنى سۆزلەپ بېرەرسەن.

— سۆزلەپ بېرەيمەن، — دېدى زەينەل، — بۇ قالتىس بىر پىلان - دە.

## 7

يوباز ئوغلى ھەسەننىڭ كۆيۈپ كەتكەن ئۆيىنىڭ ئالدىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ مىدىرلىماي ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە شەبنەم چۈشكەندى. ھەممىلا ئادەم توڭلاپ شۈمشىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم زۇۋان سۈرمەيتتى، كۆيۈپچىلىك قىلىپقا قۇيۇپ قويغاندەك قېتىپلا قالغانىدى.

كۈن چىقتى، تارام - تارام نۇرىنى شادلىق پارلىغاندەك ئەتراپقا چاچتى. تۈزلەڭلىكتىكى قۇشلار بەس - بەستە سايراشقا باشلىدى. ھەرىلەر تېپىمىز قاناتلىرىنى دىرىلدىتىپ غوڭۇلداشقا، ئۇچۇپ تاماشا قىلىشقا باشلىدى. يېزىنىڭ نېرىقى بېشىدىكى ئۆيلەردىن بوۋاقلارنىڭ ئىڭگىلىرى ئاڭلاندى، كېيىن كىچىك باللارنىڭ يىغىسى قوشۇلدى. شۇ چاغدا كۆيگەن ئۆينىڭ ئەتراپىدىن توختىماي كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈنلەر كەينىدىن ئاۋۋال ئۇزارغان سايىلىرى كۆرۈنۈپ ژاندارمىلار چىقىپ كەلدى. ئۇلار كۆيۈپچىلىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى.

— بىزنىڭ چاۋۇش يوباز ئوغلى ھەسەننى ھازىرلا ئەكېلىڭلار دېگەنىدى.

ئورۇق يۈزلۈك، كۆزىدىن ياش ئەگىپ تۇرغان سەيپەلى سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىچارىنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتتى، مانا قاراڭلار، ئىس چىقىپ تۇرىدۇ. كۆيۈپ كۇل بولدى، — دېدى ئۇ كېلىنچەكلەردەك بويىنىنى ئېگىپ، — بۇنى خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ مال - چارۋىلىرىمۇ كۆيۈپ كەتتى، ھەتتا بۇ بىچارىگە ئوقمۇ ئاتتى.

بالىلىرى، خوتۇنى ۋە چىرايلىق ئەرەب ئىتىمۇ كۆيۈپ كەتكىلى تاس قالدى. مەيلى، بېرىپ دەردىنى چاۋۇشقا ئېيتسۇن. بەلكى چاۋۇش دەردىگە دەرمان بولار. ئۇن، يارما، ياغلىرى كۆيۈپ كەتتى، توخۇلىرى، ئۇرۇن - كۆرپىلىرىمۇ كۆيۈپ بولدى، قاراڭلار! ھازىرغىچە ئىس چىقىۋاتىدۇ. ئۆيگە كىمنىڭ ئوت قويغانلىقىنى چاۋۇش ئۆزىڭدىن سوراپ بىلسۇن. يوباز ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كىمنىڭ ئوت قويغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. كېلىپ ئوبدان قىلدىڭلار، قېنى، يوباز ئوغلىنى ئاپىرىڭلار. ئەرەب ئىتىمۇ كۆيۈۋاتاتتى، مۇشۇ يوباز ئوغلى ئۆزىنى ئوتقا ئېتىپ ئاتنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئەرەب ئىتى بېشىنى ئېلىپ ئاللىقاياقلارغا قېچىپ كەتتى ...

يوباز ئوغلى مىدىرلىدى، دۈمبىسىدىن سۈس ھور چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ژاندارمىلارغا قاراپ ماڭدى. ژاندارمىلاردىن بىرى شۇ زامان ئىشتىنىنىڭ كەينى يانچۇقىدىن كويزىنى چىقىرىپ يوباز ئوغلىنىڭ قولىغا سالدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى مۇختار سەيپەلى.

— سەن ئارىلاشما، مۇختار، — دەپ سىلكىۋەتتى ژاندارما.

— مەنمۇ بىللە باراي، بارايمۇ؟ — دېدى مۇختار سەيپەلى.

— بىرىشقا بولمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ژاندارما، — بىز تويغا كېتىۋاتمايمىز.

ئۇلار يوباز ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى، يېڭىدىن كۆكەرگەن ئېتىزلىقلاردىن ئۆتۈپ توپىلىق يولغا چىقىشتى.

قىزدۇرۇۋاتقان ئەتىگەنلىك ئاپتاپتا ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىدىن ھور كۆتۈرۈلەتتى، ھوردىن بىر خىل ئاچچىق تەر پۇرىقى كېلەتتى. يوباز ئوغلى كۆزدىن يىتكۈچە كۆپچىلىك ئۇنىڭ كەينىدىن سۆز قىلىشماستىن قاراپ قېلىشتى.

چاۋۇش يوباز ئوغلىنى دەھشەتلىك ئەلپازدا كۆيۈكلىرىنى چاچرىتىپ، ۋار - ۋۇر ۋارقىراپ قارشى ئالدى:

— يا يۈز - خاتىر قىلمايسىلەر، ياكى كۆڭۈل ئايىمايسىلەر،



يا ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيسىلەر، يا قېرىنداشلىقنى بىلمەيسىلەر، يا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر، ياكى كىچىكلەرنى، يا ئاغىلارنى تونۇمايسىلەر، ياكى بايلارنى، يا خۇدانى ئېسىڭلەرگە ئالمايسىلەر، يا پەيغەمبەردىن، يا ژاندارمىلاردىن قورقمايسىلەر، ياكى ھۆكۈمەتتىن ...

چاۋۇش بەكمۇ قاتتىق غەزەپلەنگەچكە، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا دىر - دىر تىترەيتتى.

ئۇ ھەسەننىڭ قوۋۇرغىسىغا تېپىشكە باشلىدى. ھەسەن تىنماي ئىنجىقلايتتى. چاۋۇش يوباز ئوغلىنىڭ بوينىدىن تۇتۇپ يەنە بىر ئۆيگە ئەكىردى. ژاندارمىلار چاۋۇشقا گىلاس ياغىچىدىن ياسالغان كالتەكنى بەردى. ئۇ ئىڭراپ تۈگۈلۈپ كەتكەن ھەسەننىڭ باش - كۆزى، دۈمبىسى، قورسىقى بولسۇن، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەردى. ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن بىر ياقتىن ئۇرۇپ، بىر ياقتىن غالجىرلارچە سۆزلەيتتى:

— نېمىدەپ ئۆيۈڭگە ئوت قويىسەن؟ ئۆز ئۆيۈڭگە ئۆز قولۇڭ بىلەن ئوت قويغىنىڭ ئۈچۈن چارە كۆرمەي قاراپ تۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ قايسى ئادەم ئۆز ئۆيىگە ئۆزى ئوت قويىدۇ؟ سەن ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ سېنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرەيمۇ؟ يا ساقچىمۇساقچى سۆرەپ، جىنايىتىڭنى سۆزلەيمۇ؟ ھەي كاپىر! باللىرىڭ، ئائىلەڭ بىللە كۆيۈپ كەتكەن بولسىدى، ياخشى بولاتتى. شۇ چاغدا سېنى دارغا ئاستۇراتتىم. بۇلارغا نېمە دەيسەن؟ نېمىشقا سۆزلىمەيسەن، نېمىدەپ ئۆيۈڭگە ئوت قويىسەن؟ يېزىدىكى ھەممە ئادەم سېنى دورايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ سەن ئۆز ئۆيۈڭگە ئوت قويۇپ، ھەممىنى كۆيدۈرۈپ، خەلققە يامان ئىبرەتلىك ئىش قىلدىڭ!

چاۋۇشنىڭ يۈزى بوينىغىچە قىزىرىپ، ھەتتا تەرگە چۆمگەنىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە يوباز ئوغلىنى ئۇردى. كېيىن يېنىدا تەييار تۇرغان ژاندارمىغا كالتەكنى ئۇزىتىپ:

— ئۇرۇپ ئۇستىخانلىرىنى چېقىۋەت! — دېدى ئۇ، —

بۇنداقلار ياشقىلارنى يامان ئىشلارغا ئۆگىتىدۇ، يەيت تىپىپ بايلارغا، ژاندارمىلارغا، ھۆكۈمەتكە، ھەتتا خۇداغىمۇ قارشى چىقىدۇ. ئۇر، خۇدانىڭ ھەققىدە ئۇر! شەمشىر ھەققىدە ئۇر. جېنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇر. بۇنداقلارغا شۇنداق تەربىيە بېرەيلىكى، ئىككىنچىلەپ ئۆز ئۆيىگە ئوت قويمايدىغان، بالىلىرىنى كۆيدۈرمەيدىغان بولسۇن! خالايىققە ئىبرەت بولىدىغان ئىشلارنى قىلمىسۇن! ئۇر، قاتتىق ئۇر!

ژاندارمىمۇ ئۇرۇشقا باشلىدى، چاۋۇشنى دوراپ ھەم ئۇراتتى، ھەم سۆزلەيتتى:

— ھەي ئىت! — دەيتتى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ. ئۇ قارا دېڭىزلىقلار تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى، — ھەي ئىت، ئادەم بالىسى ئۆز ئۆيىنى ئۆز قولى بىلەن كۆيدۈرەمدۇ؟ ئېغىلىنى، كېپىنەكتەك ئەرەب ئېتىنى، گۈلدەك بالىلىرىنى كۆيدۈرگەنمۇ ئىشمۇ؟ ھۇ ئىتنىڭ بالىسى، كۈچۈك! ...

يوباز ئوغلىدىن زوۋان چىقمايتتى، ئۇنى ئۆلۈكنى ئۇرغاندەك كالتەكلەيتتى. قارا دېڭىزلىق ژاندارمىمۇ ھېرىپ قالدى. كالتەك ئۈچىنچى ژاندارمىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە يوباز ئوغلى ھوشىدىن كەتتى. بەدىنى ئۆيۈشۈپ، ئاغزىدىن قان كەتتى، دۈمبىسى، پۇت - قولى، ھەممىلا يېرىدىن قان تامچىپ تۇراتتى.

— بۇ ئىتنى يولنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى چاۋۇش، — مۇبادا ئۆلۈپ قالسا، قاچقانىدى، ئېتىۋەتتۇق دەرسىلەر ياكى قوراللىق توقۇنۇشتا ئۆلتۈرۈلدى دېسەڭلارمۇ بولىدۇ. باي بىزنى ھىمايە قىلالايدۇ. ئەگەر ئۆلمەي قالسا، ئېسىگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا ۋايىۋاي يېزىسىنى تاشلاپ كېتىشنى ئېيتىڭلار. ئەلى ساپا باي ئۇنىڭغا باشقا يېزىدىن يەر، ئۆي بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ يەنە ۋايىۋاي يېزىسىدىن كەتمەي باي بىلەن ئۆچىرىشىپ قالىدىغان بولسا، ساقچىدىن ئۆلۈكى چىقىدۇ. ئۇنىڭغا دەڭلار، يەنە ساراڭلىق قىلىپ ئۆيىگە ئوت قويۇپ



يۈرمىسۇن.

چاۋۇش قەھۋەسىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋاتاتتى.

— يوباز ئوغلى ھوشىغا كەلدى، يەنە ئۇرايلىمۇ، — دەپ سورىدى بىرى.

— ئۇرماڭلار، بۇ يەرگە ئەكىرىڭلار!

قېلىن، رەندىلەنمىگەن تاختاي سۇپىغا ئۇ يەر - بۇ يېرى كۆيگەن يىرتىق يېشىل پالاس سېلىنغان. تامدا ئېسىقلىق تۇرغان، قىزىل لاتىدىن تىكىلگەن ئوقدانغا ئالتە تاللا ئوقنى سېلىپ قويغان، ئوقلارنىڭ ئۇچلىرى ئىسلاشقان، پارقىراق يەرلىرىگە چىۋىنلەر چىچقانىدى. ئوقداننىڭ يۇقىرىسىغا مۇستاپا كامالنىڭ مارشاللىق كىيىمى بىلەن قولىدا قامچا، ئۆرە تۇرۇپ چۈشكەن رەڭلىك سۈرىتى ئېسىلغان. كۆك كۆزلىرى قارىغان كىشىگە قايغۇلۇق باقاتتى. سۈرەتتە تورلۇق ئاتنىڭ بېشى، كەينىدە كۆل يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنەتتى.

— ئالدىمغا كەل! تۈز تۇر! مەھكەمرەك تۇر، ھازىر ئۆددۇللا يېزىڭغا قايتىپ بالىلىرىڭ، خوتۇنۇڭنى ئېلىپ نارلى قىشلىقىغا جۆنىگىن. باي ئۇ يېزىدا ساڭا بىر ئېغىز ئۆي ئېلىپ قويدى، يەرمۇ بەردى. سەن بىلەن كونا، ئاتا كۆرگەن تونۇشلاردىن بولغاچقا ساڭا ئۆي بەردى. يەنە ۋايىۋاي يېزىسىدا قالىدىغان بولساڭ ساقچىدىن ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ، باي شۇنداق دېدى. ئۆيۈڭگە يەنە ئوت قويىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭ بىل، مېنىڭ قانۇنۇمدا ئۆيگە ئوت قويغۇچى ئۆلۈمگە مەھكۇم. بۇ قېتىم سېنى ئەلى ساپا باينىڭ ئىلتىماسى بىلەن قويۇپ بېرىمەن. ئەمدى قىلىدىغان بولساڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسەن. شۇنداق، بۇ قېتىم ئۆيۈڭگە ئوت قويغان جىنايىتىڭنى كەچۈردۈم، ئەمدى قىلساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. قېنى، ماڭ! يول بولسۇن ساڭا، يوباز ئوغلى ھەسەن پاشا!

ھەسەننىڭ يۈز - قوللىرىدىن قان توختىماي تېپچىپ تۇراتتى، ئۇ كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى، كىيىملىرى يىرتىلىپ - تىتىلىپ كەتكەنىدى، قانغا بويالغان بىر پارچە لاتىغا ئايلىنىپ

قالغانىدى. ئۇ ئىرغاڭلاپ يولغا چىقتى. ياشقا نەرسە ئويلىيالمايتتى، پەقەت ئۆزىگىلا ئىچىناتتى. ئەگەر ئىزا تارتمىسا ئاياللاردەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپ پەرياد قىلغان بولاتتى. يالتىزدوت يېزىسىدىن ئۆتۈپ جىراغا چۈشتى. ئۇنى ئىككى ئاتلىق كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنى تونۇۋېلىپ:

— ئەلى ساپا باينىڭ ساڭا بېرىدىغان سالىمى بار ئىكەن، — دېدى تونۇش بىر ئاۋاز.

ھەسەن بۇ ئاۋازنىڭ كىملىكىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، سۆزلىگەن كىشىگە يالۋۇرۇش نەزىرى بىلەن قاراپ:

— مېنى ئۇرماڭلار ئەمدى، باي نېمە دېسە بېشىم بىلەن قىلىمەن، — دېدى.

— ئەلى ساپا باي: نارلى قىشلىقىغا بېرىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشسۇن، ئۇ يەردە ئۆيى بار، كۈتۈپ تۇرىدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا قىلىدىغان نەسىھەتىم ئىككىنچىلەپ شۇ ئەرەب ئېتىغا مىنمىسۇن، ئۆيىگە يەنە ئوت قويۇپ يۈرمىسۇن. جۇمھۇرىيەت قانۇنىدا ئۆيگە ئوت قويغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. بىلىپ قويسۇنكى، ھۆكۈمەت ئۆيگە ئوت قويۇشقا قەتئىي رۇخسەت قىلمايدۇ، دېدى. سەن ئۆيۈڭ بىلەن قوشۇپ بالىلىرىڭنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بوپسەن. ئەلى ساپا باي: ئۇنىڭدىن سوراپ كۆرۈڭلار، ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپتۇمۇ؟ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن ئېتىمنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ، ئۇ راستىلا ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ ـ دە، دېدى. ھازىر يېزىغا بېرىپلا بالىچاقىلىرىڭنى ئېلىپ نارلى قىشلىقىغا كېتىسەن، باي ساڭا ئۆي بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەتىسى ـ ئاخشىمى نامىزىڭدا دۇئا قىلىسەن!

— ئۇقتۇم، — دەپ ئىڭرىدى ھەسەن، — شۇنداق قىلىمەن، سىلەر مېنى ئۇرمىساڭلارلا بولىدى، ئەمدى ئىككىنچىلەپ ئەرەب ئېتىغا مىنمەيمەن، ئۆيۈمگىمۇ ئوت قويمايمەن.



— بولمىسا باي سېنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ.

— دەپ قويۇڭلار، مېنى ئامان قويسۇن.

ھەسەن يېزىغا قايتىپ كەلگەندە ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپ، خورازلار چىللاۋاتاتتى. دېھقانلار ئۇخلىماستىن مۆختار سېيىپەلىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىپ ئۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشۈۋاتاتتى. يوباز ئوغلى سېيىپەلىنىڭ ئۆيىدىكى يورۇقنى كۆرۈپ ئۇدۇل شۇ يەرگە باردى. ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان ئىككى يىگىت ھەسەننىڭ قانغا بويالغان تۇرقىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە تاڭ ئاتقان بولسىمۇ، ئۆز ئورنىدا ياتاتتى. دېھقانلار تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ چىققانىدى. قەمەر ئانا ئۇنىڭ يارىسىغا دۇئا ئوقۇپ تۇرۇپ مەلھەم دورىلارنى سۈرەتتى. ئوسمان چولاق ئۆز ئۆيى بىلەن سېيىپەلىنىڭ ئۆيى ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرەتتى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى مەمەت ئاۋاققا يەتكۈزەتتى.

يوباز ئوغلى بىر ھەپتىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرالىدى. ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا خۇشال ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ يېزىدىكى جىمى ئۆيگە كىرىپ ھەممە ئادەم بىلەن خوشلاشتى. ئالدىغا كىم ئۇچرىسۇن، مەيلى قېرى، مەيلى ياش بولسۇن، ھەممىسىگە:

— كېتىدىغان بولدۇم، قېرىنداشلار، — دەيتتى ئۇ، — ھۆكۈمەت مېنى سۈرگۈن قىلدى، ھۆكۈمەتكە تەڭ كەلگىلى بولامدۇ؟! ھۆكۈمەت ماڭا بۇيرۇق چۈشۈرگەندىكىن نارلى قىشلىقىغا باراي، شۇ يەرگە ئولتۇراقلىشاي. ھۆكۈمەت مېنى ۋەيران قىلدى، مېنى خاراب قىلدى. سىلەر دەپ بېقىڭلار، ھۆكۈمەتكە تەڭ كەلگىلى بولامدۇ؟ بولمايدۇ. ئون يىل مابەينىدە ھەرقانداق ئورۇشتا يۈزىمىز يورۇق يېڭىپ چىقتۇق. ئەمما، ھۆكۈمەتنى يېڭەلمىدۇق؟ ئەمدى ئەرەب ئېتىغا مىنمەيمەن، زادىلا مىنمەيمەن، ئۆيۈمگىمۇ ئوت قويمايمەن. مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. مەندىن رازى بولۇڭلار، قېرىنداشلىرىم!

يوباز ئوغلى ھەسرەتلىك ۋە ئەلەملىك ھالدا يېزىدىن چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن بالىلىرى ۋە خوتۇنى ماڭدى. ئۇلار خېلىدىن كېيىن كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

بۇ چاغ چاشكا ۋاقتى ئىدى.

# 8

ئوسمان چولاق:

— بۇگۈن ئېشەكنى ھېچكىمگە ئىجىپ بەرمەيمەن ! — دەپ قەمەر ئانىغا ھەربىيلەردەك قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى، — بۈگۈن ئېغىل تەرەپكە بىر ئىشەك ئاچىماقچىمەن، شۇڭقارىم ھوزۇرلىنىپ تازا بىر ھاجەت قىلىۋالسۇن، قاچقۇن بولۇپ يۈرگەنلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇشكۇل ئىش مۇشۇ. بىگەنتى راھەتلىنەلمەي تۇرۇپ چىقىرىۋالمىسا دۇنيا زىندان بولۇپ كۆرۈنىدۇ. گويا ئالەم دۈم كۆمتۈرۈلگەندەك تۇيۇلىدۇ. ئېغىلغا بىر ئىشەك ئاچاي، قەمەر خوتۇن. شۇڭقارىم راھەتلىنىپ تۇرۇپ يەڭگىللىۋالسۇن.

قەمەر ئانا ئىشەكنى ئىلدى.

— كەل، مەمەت، — دېدى ئوسمان چولاق، — ماڭا ياردەم قىل، بۇ يەردىن ئىشەك ئاچايلى، ئاندىن سەن راھەتلىنىپ ھاجەت قىلىسەن، ئويۇقنىڭ ئىچىدە ئاۋارىچىلىك تارتما.

دېرىزە، ئىشەك يوچۇقلىرىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق ئۆيىنىڭ غۇۋا قاراڭغۇلۇقىدا ئۈزىراپ، يورۇقلۇق ئىچىدە سانسىز چاڭ ئۇچقۇنى ئايلىناتتى.

ئوسمان چولاق يېنىغا كەلگەن مەمەتكە:

— ئىشەكنى بۇ يەردىن ئاچىمىز، — دەپ ئوچاق بېشىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ تۇسۇقنى كۆرسەتتى.

— ھەرە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— بار، بالام، ۋاي مانا ھەرە، — دەپ مەمەتكە ئىتتىلدى قەمەر ئانا.



— تولا ئوبدان، ئەمدى ئاسان بولىدۇ، — دېدى مەمەت.

قەمەر ئانا ئۈزارتقان تاختاي، ھەرە، پالتىنى قولىدىن ئېلىپ ياغاچ تامنىڭ يېنىغا قويدى.

ئوسمان چولاق بېلىنى تۇتقان ھالدا غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— ھېچقانداق شەپە چىقمىسۇن، شۇڭقارىم، بولمىسا ئۆيدە تىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قېلىشىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇلار بىرنېمىنى سەزگەندەك، چولاق ئوغلۇم ئانىسىدىن دادامغا نېمە بولدى، ئەجەبلا ئۆزگىرىپ قالدى، دەپ سوراپتۇ.

مەمەت كۈلۈپ، پالتىنى قولىغا ئالدى.

— مۇشۇ يەرمىدى، ئوسمان ئاغا، — دەپ ئادەم بويى كېلىدىغان جاينى كۆرسەتتى.

— ھە، مۇشۇ يەردىن باشلا، مەن ئىشىكنى ياساي، — دېدى ئوسمان چولاق، — خالىساڭ ئىشىكنى ئۆلچىۋال، شۇ بويىچە ئىشىكنى ئاچساڭ بولىدۇ.

مەمەت ئېگىلىپ كونا، قاغجىراپ ئۆتكەن ئىشىكنى ئۆلچىگەندىن كېيىن پالتا بىلەن ئىشەك ئورنىنى چېپىشقا باشلىدى. كېيىن ھەرە بىلەن ھەرىدەشكە كىرىشتى. بىر ئازدىن كېيىن ياغاچ تامدىن تۈز ئىشەك ئېچىلدى. مەمەتنىڭ قولى ھۈنەرلىك ئىدى. ئوسمان چولاق ياسىغان ئىشىكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئاچقان يەرگە قويدى، ئىشىكنى ئورنىتىپ بولۇپ ئېچىپ - يېپىپ كۆردى. ئىش جايىدا بولغانىدى.

چۈش بولدى، ئۇ يەر - بۇ يەردە خورازلار چىللاپ قوياتتى. ئىككى قېتىم ئىشەك قېقىلدى. بىراق، ئاچمىدى. مەمەت تەرلەپ كەتتى، ئاخىر پالتىنى، تاختاينى، ھەرىنى ۋە مىخ سېلىنغان قۇتىنى قەمەر ئانىغا بىر - بىرلەپ ئۈزارتتى.

— قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن، شۇڭقارىم، بەك ئوبدان بولدى، — دەپ ئوسمان چولاق ئۇنىڭ مۈرىسىنى سىلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى. كېيىن ئېگىلىپ مەمەتنىڭ قۇلىقىغا شۇنداق دېدى:

— ھازىر ئېغىلغا چىقىپ تازا بىر راھەتلىنىپ ھاجەت قىلىۋال، قەمەر، بالامغا ئۆۋرىقنى بەرگىن. قايتىپ كىرگەندىن كېيىن تاماق يەيلى. ساڭا قاراپ ئولتۇرۇپ دەيدىغان سۆزلىرىم بار، بالام.

مەمەت ئۆۋرىقنى قەمەر ئانىنىڭ قولىدىن ئالدى. ئېغىلنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىغا بېرىپ زوڭزايدى، راھەتلىنىپ ھاجەت قىلدى. ئوسمان چوڭنىڭ دېگىنى توغرا، كۈندۈزى ھاجەت قىلالماي كېچىنى كۈتەتتى، شۇڭىمۇ بەك تەس كېلەتتى.

مەمەت ئېغىلدىن كىرگەندىن كېيىن ئوچاق تۈۋىگە بېرىپ ئۆزى سۇ قۇيۇپ قولىنى يۇيۇشقا باشلىدى، قەمەر ئانا سۇ قۇيۇپ بېرەي دېسىمۇ ئۇنىمىدى، قەمەر ئانىمۇ زورلاپ تۇرىۋالمىدى.

— ئوت ياقالمىدىم، — دەپ ھەسرەت چەكتى قەمەر ئانا، — لېكىن بوز ئىنەكنىڭ ئوغۇزى بار، شېكەر سېلىپ بېرىمەن، خالىساڭلار ھەسەلمۇ بار.

— ھەسەل بىلەن ئوغۇز سۈتنى ئەكەل، — دېدى ئوسمان چوڭ، — بالامغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئوغۇز سۈت ئادەمگە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ.

ئوسمان چوڭنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى بۇ ئورۇق، جۈدەڭ ئوغۇلغا جىق يېگۈزۈپ - ئىچكۈزۈپ بەستلىك بىر ئادەم قىلىشتا ئىدى. ئۇ شۇنداق خىيال قىلاتتى: «سەمرىسە، بويى تارتىپ، بويى - بەستى پالۋانلاردەك كۆرۈنسە، ئۇنى كۆرگەن ئادەم قورقسا ... بۇ كىچىككىنە بالىنى مەمەت ئاۋاق مۇشۇ دەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئىزا تارتىدۇ كىشى. ئادەملەرنى بۇنىڭ مەمەت ئاۋاق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قەسەم ئىچسەڭمۇ، قۇرئان تۇتساڭمۇ ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. مەنمۇ ئاجايىپ ئىش قىپتىمەن ... مۇشۇ مۇشتۇمدەك بالىنى يېزىغا كېلىپ قالدى دەپ قورقۇپ يوشۇرۇپ يۈرىمەن، مۇبادا بۇنى كوچىغا چىقىرىپ قويسام، بۇنىڭ مەمەت ئاۋاق ئىكەنلىكىگە كىممۇ ئىشىنەتتى، بىزنىڭ قەمەرمۇ ئىشەنمىگەندىغۇ، ئىشىنەلمەيدۇ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ماڭا ھومىيىپ قارايدۇ،



كۆزلىرى: «ئوسمان چوڭ، ئىشەنمەيمەن، بۇنىڭ شۇڭقارىم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، زادىلا ئىشەنمەيمەن» دېگەندەك مۆلدۈرلەيدۇ. ئىنشائاللا، خاتالىشىپ قالمىغانىمەن دېگەندەك بىر خىل ئەندىشە تۇرىدۇ ئۇنىڭدا. مەنمۇ بۇرۇن كۆرمىگەن بولسام، ئىشەنمىگەن بولاتتىم. مەمەت ئاۋاق مۇنداق بولماسلىقى كېرەكتىغۇ ئاخىر ... ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭ يۈزىنى ھازىر ھېچكىم كۆرمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بوۋاقلاردەك ئۇخلىغان ۋاقتىنى، لەۋلىرىنى ئامشىپ، ئۇيقۇلۇق بۇرنىنى تارتىۋاتقىنىنى كۆرمىگىنى ياخشى. بىر كۈنى قەمەر ئۇنىڭ ئۇخلاۋېتىپ بالىلاردەك يىغلىغىنىنى كۆرۈپ:

— ئوسمان، بالا ئۇيقۇلۇق يىغلاۋاتىدۇ، — دېگەنىدى.

— مەيلى، يىغلاۋەرسۇن.

— خۇددى بوۋاقلاردەكلا.

— مەيلى، قەمەر خوتۇن.

— بۇ بالىغا مىلتىق زادىلا ياراشمايدۇ، بارماقتەكلا تۇرسا.

— قەمەر، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟

— بىر نېمە دېمەكچى ئەمەسمەن، مۇشتۇمدەكلا، خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئۇخلاۋېتىپ يىغلايدۇ.

قەمەر ئىشەنمەيدۇ - دە، كۆزلىرىم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، مەنمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم. ئايدى ئاغىنى ئۆلتۈرگەن مۇشۇمۇ؟ تېخى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمەتتىن قورقماي! قەلەيچىنىڭ جېنىنى ئالغان، ئاسىم چاۋۇشنىڭ بېشىغا بالا تېرىغان، قىسقىسى، تۇرۇس تاغلىرىنى دىر - دىر تىترەتكەن! ...

— جىق - جىق يە، چوڭ - چوڭ ئال، شۇڭقارىم، ئوغۇز بىلەن ھەسەل ئادەمگە بەك پايدا قىلىدۇ، ئۈچ كۈن يېسىپ يەيدىغان بولساڭ ... قەمەر ئانا ساڭا ...

مەمەت بۇ گەپلەرگە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى ھەم ئوسمان چوڭنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن دەپ ئاغزىغا جىق - جىق سالاتتى.

— ماڭا قارا، شۇڭقارىم، پۇرسەت تېپىپ ساڭا

دېيەلمىگەنىدىم. دېھقانلار سەن ئۈچۈن ئېلىپ قويغان يەرنى ئەلى سايا ئېلىۋالدى، يېرىڭ يوق بولدى. ئۆيۈڭگە كەلسەڭ، ئۇنىڭغا چىقىلمىدى، ئۆيدە ھازىر سەيران قىز ئولتۇرۇۋاتىدۇ. سەيران قىز قاتتىق قايغۇ ئىچىدە، ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، پەقەت قەمەر ئاتاڭ بىلەنلا سۆزلىشىدۇ، سەيران قىز ياخشى كۆرىدۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەل ـ جامائەت ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەندە، قۇرت ـ قوڭغۇز، قۇشلار ئۇيقۇغا كەتكەندە سەيران قىز ماتەم قوشىقىنى ئېيتىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ تاغۇتاشلارنى يېرىپ ئۆتكۈدەك ئاۋازى بار ... دېھقانلار ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىدىغان ۋاقتىنى بىلىدۇ، ئۇخلىماستىن ساقلاپ ئولتۇرۇشىدۇ ۋە ئاڭلىشىدۇ. مەمەت شۇڭقارىم، سەيران قىز گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن بەندىنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن ... ھەتتا خۇدايىم ئۇنىڭغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەمنى دۈشمەنلىرىگىمۇ كۆرسەتمىسۇن. ئەمما، سەيران چىدىدى، چىرايى غەمكىن ۋە سولغۇن. بىراق، ئۆزى دەرد ـ ئەلەم يالقۇنلىرىدا كۆيۈپ تاۋلاندى، غەزەپ ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتتى، چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمايسەن.

پۈتۈن چۇقۇر ئۇۋا خەلقىگە ئوخشاشلا مەمەتمۇ سەيراننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇھ تارتىپ قويدى.

— سەيراننىڭ ئەھۋالىنى بىلدىڭمۇ، بالام؟

مەمەت كۆزلىرى ياشقا تولغان، چىرايى غەمكىن ھالدا:

— بىلدىم، ئوسمان ئاغا، — دەپ جاۋاب بەردى، — ئۇنى بىلدىم.

— ساڭا يەر ئېلىپ ئۆي سالدۇرۇۋىدۇق، ئەلى سايا بېشىمىزغا ھەر بالانى سالدى. سېنىڭ تاغدىن چۈشمىگىنىڭ بەك ياخشى بولدى. كەچۈرۈمگە ئىشىنىپ تاغدىن چۈشكەن بولساڭ، چۇقۇر ئۇۋادىكى ئاغىلار ساڭا كۈلپەت ـ ئەلەملەرنى سالغان بولاتتى ۋە سېنى تىنچ قويمايتتى. سەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالغان تۆمۈر تىكەن. سەن تۈزلەڭدە بولساڭمۇ، تاغلاردا يۈرسەڭمۇ،



تۈرمىدە ياتساڭمۇ، ھەتتا يوقاپ كەتكىنىڭدىمۇ، ئۆلگىنىڭدىمۇ يەنىلا ئۇلار ئۈچۈن كۆزگە قادالغان تۆمۈر تىكەنسەن. مۇبادا ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قۇل بولغىنىڭدىمۇ سېنى ئەپۇ قىلمايدۇ. چوڭ ـ چوڭ ئال، ئوغۇز سۈتى بىلەن ھەسەلدىن كۆپرەك يېگىن.

مەمەت بېشىنى كۆتۈردى، چىرايى جىددىيلەشكەنىدى. ئۇ بىر پارچە ناننى ئاغزىغا سالدى. شۇ تاپتا گويا بىر ئوت ئۇچقۇنى كۆز قارىچۇقىغا چۈشكەندەك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— يوباز ئوغلىغا نېمە بولدى؟ — دەپ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك كەسكىن ئاۋازدا سورىدى مەمەت.

قەمەر ئانا ئۆز كۆڭلىدە: «دېمەك، مەمەت ئاۋاقنىڭ ھەيۋىسى مۇشۇ ئاۋازى بولسا كېرەك، نېمىدېگەن غەزەپلىك ئاۋاز بۇ؟» دەپ ئويلىدى.

— يوباز ئوغلى خوشلىشىپ كەتتى، — دېدى ئوسمان چوڭ، — غەزەپ ۋە قايغۇ ئىچىدە كەتتى، دەرد ـ ئەلەم ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى، ئۆلگەندىن بەتتەر تۈگىشىپ كەتتى.

— كاشكى، بۇ يېزىدىن كەتمىگەن بولسا بوپتىكەن، — دېدى مەمەت.

ئوسمان چوڭ بويىنىنى ئېگىپ:

— شۇنداق قىلغان بولسىدى، كاشكى، — دېدى، — چوڭ ـ چوڭ ئال.

ئوسمان چوڭ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە يېنىغا كەلدى. دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ تاپانچىسىنى غىلاپتىن چىقىرىپ مايلاشقا باشلىدى. خېلىغىچە گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئىشنى داۋام قىلدى.

— سەن گويا شامال ئۇچۇرغان يالقۇندەك دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىدىن چىقىپ كەتتىڭ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئوسمان چوڭ، — ئۇچىتۇڭ، كەتتىڭ، كۆزدىن غايىب بولدۇڭ. سەن كېتىپلا ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدا بىر پارچە ئوت يالقۇنى

مۇناردەك ئېگىزلەپ، ئۆلغىيىپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ياندى. جىمى دېھقان ھەيران بولۇشۇپ، ئۈچ كېچە ئۇخلىماي ئوتنى تاماشا قىلدى. مەنمۇ قاراپ تۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى دەل شۇ كۈن كېچىسى، يەنى سەن كەتكەن، يوقالغان كېچىسى ئوت يالقۇنى ئۆرلەيدۇ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يانىدۇ، ئوت يالقۇنىدا كېچىمۇ كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىدۇ. سەنچۇ، شۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— شۇنىڭدىن كېيىن مەن ... — دېدى مەمەت تىترىگەن ئاۋازدا، — ئوسمان ئاغا، ئاستىمدا سەن ئەكەلگەن ئات ... توختىماي چاپتىم. شۇ كېچىسى ئېگىز تاغ ئۈستىدە ئۇخلىدىم. ئىككىنچى كۈنى چېدىرلار تىككەن تۈركمەن يايلىقىغا چۈشتۈم. ئۇلار مېنى تونۇۋالدى، بەكمۇ ياخشى كۈتۈۋالدى ... مەن ئۇلاردىن كەرىم ئوغلىنى سورىدىم ...

— كارامەت مەرد ئادەم ـ دە، شۇ كەرىم ئوغلى، — دېدى ئوسمان ئاغا تاپانچىسىنى غىلاپقا سېلىۋېتىپ.

— تۈركمەن يايلىقىنىڭ ئاقساقىلى كەرىم ئوغلىدەك زور ئادەم ئىكەن ... مەن چېدىرغا كىرىش بىلەن ئاسمانغا ئۈچ پاي ئوق ئاتتى، شۇ ھامان بىر قوچقارنىڭ بېشى كېسىلدى.

## 9

— ئىسمى مۇسلىم باي ئىدى، چوڭ زىيابەت بېرىپ، تاڭ ئاتقۇچە گۈلخان ياقتۇردى، گۈلخاننىڭ ھەجمى چېدىرنىڭ تۆت ھەسسىچىلىك كېلەتتى، ئوت يالقۇنى ئاسمانغا بويلايتتى ...

— مۇسلىم باي ساڭا يامانلىق قىلالاتتىمۇ، بالام، ھازىر مەن ساڭا يامانلىق قىلالامدىمەن؟ سېنى چېدىرىمغا چۈشتى دەپ، مۇسلىم باي خۇشال بولغاندۇ، خۇشلۇقىدىن بېشى كۆككە يەتكەندۇ؟ ئاشۇنداق ئادەمگىمۇ ئىشەنمىگەن بارمۇ؟ كۆچمەنلەر قالتىس مەرد بولىدۇ، يەرلىكلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قاتتىق



ھۆرمەت قىلىدۇ. مانا بۇ بېشىمىزدىكى بىر تۇتام ئۇزۇن چاچ بارغۇ، سەپچە بىلەن مېنىڭ بېشىمدىكى ئۇزۇن چاچ ... تۈركمەن چوڭلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا بار. ھەتتا ياش يىگىتلىرىمۇ مۇشۇنداق بىر تۇتام چاچ قويۇشۇۋالىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەر بولسا تۇخۇمدىن چىقىپلا شاكىلىنى يارالمايدىغانلارنىڭ تاش قەلئەسى بولدى. تۈركمەنلەر بولسا ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ، ئادەمگەرچىلىك ۋە ئادەم بولۇشنىڭ قائىدىسى. مۇبادا ئالدىڭغا بىرى كېلىپ باشپاناھلىق تىلىسە، تايانچىم، ئىشەنچىمسەن، شۇڭا ئۆيۈڭگە كەلدىم دېسە، سەن قانداق قىلىسەن؟ قوغداپ قالامسەن ياكى قوغلاپ چىقىرامسەن؟ ھەي، سەن ياخشى ئىش قىلمايسەن، ئۇنىڭغا ئىشىنىشىڭ كېرەك ئىدى. ئادەم يالىنسىغا ئىشىنىش كېرەك.

— ئۇ قاپقاراڭغۇ بىر كېچە ئىدى. ئوت ـ چۆپ، گۈللەرنىڭ پۇرىقى چېدىرنىڭ ئىچىنى قاپلىغانىدى. ئورۇن ـ كۆرپىدىن تاغ لەيلىسىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. مۇسلىم بايغا ئىككى كۈن مېھمان بولدۇم. ئىككى كېچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. خۇددى ئۇخلاپ قالساملا مۇسلىم باي مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى، شۇڭا سەگەك ياتتىم. مۇنداق ئەندىشە، مۇنداق ئىشەنچسىزلىك ھېچقاچان بېشىمغا كەلمەيتتىكەن. كېچىدە سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، يېشىنمەيلا ياتقانىدىم. ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. مىلتىق، ئوقدان، بار ـ يوق ھەممە نەرسەمنى، ھەتتا دۇربۇن، بۆكۈمنىمۇ ئالمىدىم، ئېتىم چوڭ چېدىرنىڭ ئالدىدا باغلاقلىق ئىدى، ئۇنىمۇ شۇ پېتى قالدۇرۇپ يولغا چۈشتۈم ...

— باي سېنى بىر ئات ئۈچۈن ئۆلتۈرەرمىدى؟ بىر تۈركمەن ھەرقانچە پەسكەش بولسىمۇ، يايلىقىغا پاناھ ئىزدەپ كەلگەن ئادەمنى بىر ئات ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ قويمايدۇ. سەن ئاشۇ كۈنى كېچىسى يوشۇرۇنغان غاردىن ئەتىسى كېچىسىمۇ چىقمىدىڭ. ئۆزۈڭنى يەككە ـ يېگانە، ھىمايىسىز، پۈتكۈل ئالەمدە تەنھا —

يالغۇز قالغاندەك ھېس قىلدىڭ. شۇنداقمۇ؟ قاراقچىلىق تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، دەسسەپ تۇرغان زېمىن تەۋرەپ تۇرغاندەك بىلىندى. شۇنداقمۇ؟ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويدۇڭ. شۇنداقمۇ؟ يوشۇرۇنغان غاردا تىترەپ ياتقانسەن؟ بۇ مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلگەن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. بىر ئادەم قانچە يۈرەكلىك بولسا، ھەم شۇنچە قورقۇنچاق بولىدۇ. بىر ئادەم قانچە قورقۇنچاق بولسا، ھەم شۇنچە يۈرەكلىك بولالايدۇ. بۇنى پەقەت سەكسەن ياشقا كىرگەن چاغدىلا ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ.

— غارنىڭ تاشلىرى قىزىل ۋە چۈرۈك، تېگىپ كەتسىلا ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. قىزىل تاشلار ئۈستىدە كۆكۈچ، ئەگرى - بۈگرى، كۆرۈمسىز، گۈلى، يوپۇرمىقى باشقا ھېچقانداق گۈللەرگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئاجايىپ گۈل ئۆسىدىكەن. غار ئاغزىنى سۇ قىياقلىرى قاپلىغان، ئۇ ساپ خۇش پۇراق چاچاتتى.

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى يۈرەكلىك ھېسابلايدۇ. كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ قالسا بۇنى ئادەتتىكى ئىش دەپ ئويلىماستىن، غەزىپىدىن ساراڭ بولاي، ھەتتا ئۆلۈپ قالاي دېيدۇ. نېمىشقا قورقىدىغاندىمەن دەپ باش قاتۇرىدۇ. ئەسلىدە قورقۇش ئادەم بالىسىنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن بولىدۇ، لېكىن ئۇنى بىلمەيدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇ بىر قورقۇشتىن ئىبارەت، بۇنى ئۆزى بىلمەيدۇ، شۇڭا ھەم ئېتىراپ قىلمايدۇ ... سۇ ئىچىدە ئۆسىدىغان قىياق گۈللەر ئىچىدە ئەڭ خۇشبۇي پۇرايدۇ. تولىمۇ ساپ پۇراق ... ئادەمنىڭ تېرىسى، چېچى، ھەتتا بىلىكلىرىگىچە سىڭگەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ پۇرىقى ئەڭ چۈشكۈن، ئوسال ئەھۋالدىكى كىشىنىمۇ تېتىكلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

ئۆزەن تەرەپتە سوزۇلۇپ ياتقان يېشىل ئوتلاقلار، پاكار ئۆسكەن ئاق، قىزىل، كۆك ئۆتكۈر پۇراقلىق گۈللەر، توپ - توپ



بولۇپ ئوتلىشىپ يۈرگەن قويلار، ئېرىقلار، ئۇ يەر - بۇ يەرگە تىكىلگەن يوغان دەرەخلەر، شالاڭ يۇلغۇنلار پۈتۈن بىر تۈزلەڭلىكنى قاپلاپ تۇراتتى. تۇمان ئىچىدە تۇرنىلار توپ - توپ بولۇپ ئايلىنىپ يۈرەتتى.

يىراقتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئاللىقەيەرلەردە سوقۇش بولۇۋاتقاندەك ئىدى.

كۈن ئولتۇرغاندا تۈزلەڭلىك ئوت كەتكەندەك قىزىرىپ كەتتى. ئاسمان، تاغلار، جىرالار، تۈزلەڭلىك تۆۋىنىدە كۆرۈنمەي ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ئوت يالقۇنىدەك تاۋلىناتتى. كېيىن ھەممە نەرسە — تاغلار، دەرەخلەر، قىزىل تۇپراق، ئوتلاقلار، ھايۋانلار، تۇرنىلار ئاستا - ئاستا كۆكۈچ رەڭگە كىرىشكە باشلىدى.

— ئۆمرۈمدە ھېچقاچان مۇنداق ئىشقا يولۇقمىغانىدىم. غاردىن ئۆزۈمنى سىرتقا — ئوت يالقۇنىغا ئاتتىم. گويا تاغۇتاشلار ئۈستۈمگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۈچ كۈن ئاچ قورساق ئوت ئىچىدە يۈردۈم. بىر پادىچى خۇددى مېنى يەۋېتىدىغاندەك ھومىيىپ قاراپ، ئىسمىمنى سورىدى. قارامىستىنىڭ دېدىم، ئۇ مېنىڭدىن كۈلدى ۋە بىر پارچە نان، بىر چىنە سۈت بەردى. خۇددى تەلۋىدەك سۈتنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچتىم، ناننى بىر يالماپلا يۇتۇۋەتتىم ۋە يۈگۈرگەن پېتىم كېتىپ قالدىم. پادىچى ئارقامدىن كۈلۈپ « مەمەت ئاۋاق، مەمەت ئاۋاق » دەپ ۋارقىرايتتى. كەچ كىرگىچە يۈگۈردۈم. تۈن قاراڭغۇلۇق باشلاندى ھەم يامغۇر ياغاتتى.

— بۆرىلەر، قۇشلار ساڭا ھۇجۇم قىلدىمۇ؟ ئوت - چۆپلەر، دەل - دەرەخلەر، قۇرت - قوڭغۇزلار ... شۇنداقمۇ؟ ... سەن يىلاننىڭ تېرە تاشلىغىنىنى كۆرگەنمۇ؟ ئاجايىپ ئىش - دە بۇ، يىلاننىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

يىلان دەسلەپ يۇمشاق ئوتلۇقنى تاللايدۇ، مەلۇم ۋاقىت ئوت - چۆپ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ. كېيىن ئوقيادەك ئىككى - ئۈچ قېتىم كېرىلىدۇ، توختاپ يەنە كېرىلىدۇ، ئاخىرىدا

خېلى ئۇزاققىچە كېرىلىدۇ. ئاندىن توپتەك تۈگۈلۈپ يەنە يېتىلىدۇ. شۇ چاغدا يىلان كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇزۇن تېرىسىنى باشقا يەرگە — يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە تاشلايدۇ. تېرىسىنى تاشلىغاندىن كېيىن ئالاقزادە بولۇپ قورقۇپ كېتىدۇ، نېمە قىلىشىنى، نەگە مېڭىشىنى بىلمەي، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. مەنمۇ ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كېلىپ بىر يىلغىچە قوللىرىمنى نەگە قويۇشۇمنى بىلمەي يۈرگەنىدىم، ھازىرمۇ ھەر كۈنى تۇرۇش سىگنالى بېرىلىدىغان چاغدا ئويغىنىپ كېتىمەن.

— پادىچى: مەممەت ئاۋاق، نەگە بارىسەن، نەگە؟ — دەپ ۋارقىراپ قالدى. بۇنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

— شاكىلىدىن ئايرىلسا ھەممە تونۇۋالىدۇ. سېنىڭ مەممەت ئاۋاقلىقىڭنى بىلىپ ۋارقىرايدۇ ـ دە.

— نەدىن بىلىدۇ؟

— بىلىدۇ ـ دە، قېنى، سۆزلە !

— فىرات دەپ ئاتىلىدىغان دەريا بويىغا كەلدىم، يايپېشىل مۇخلار لەيلەپ ئاقىدىكەن، ئەتىياز، ياز ئايلىرىدا خۇددى دېڭىزغا ئوخشاش كۆپۈكلىنىپ كېتىدىكەن. يېزا فىرات دەرياسىنىڭ ياقىسىغا، يېشىل قىيالىق تاغنىڭ تۈۋىگە جايلاشقانىكەن، سوقما تاملارنىڭ ئۈستى يېشىل چىم. ئۇچرىغانلارلا سورايتتى:

— ئېتىڭ نېمە؟

— قارامستىك.

— پادىچىمۇسەن؟

— ھەئە !

— قەيەرلىكسەن؟

— ئۇزۇن يايلىلىق.

— ئۇزۇن يايلىنىڭ ئوت ـ چۆپى ئەڭ بولۇق بولىدۇ، ئوت ـ چۆپى ئەڭ ياخشى يەرلەرنىڭ بىرى ئۇرپا، بىرى بولسا ئۇزۇن يايلا. ئۇزۇن يايلىنىڭ ئوتى سېمىز، بولۇپمۇ قىزغۇچ غوللۇق



ئوت ـ چۆپلەر كارامەت ـ دە.

سورىغانلارغىلا ئېتىم قارامستىك دېدىم.

بىر يېزىدا چوڭ توي بولدى. تويدا ئادەملەر بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان قوش تېرەكنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويغان مۇشتۇمچىلىك گۈللۈك كومزەككە ئوق ئېتىشاتتى. يېزىدىكى ياش ـ قېرىنىڭ ھەممىسى — ئەسكەرلىككە بارغىنى، قاراقچىلىق قىلغىنى، ئۇستا مەرگەنلىرى بۇ كىچىككىنە كومزەكنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ توي سوۋغىسىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. ناھايىتى كۆپ ئوق ئېتىلغان بولسىمۇ كومزەككە تەگمىدى. ھەممىسىنىڭ ئاچچىقلىرى كېلىپ، تىت ـ تىت بولۇشاتتى ھەم خىجىللىقتا ئوڭايسىزلىناتتى. كومزەك بەك كىچىك بولغاچقىمۇ، ئوق تەگمەيتتى، كومزەكنى ئېتىپ چۈشۈرەلمەسلىك توي ئۈچۈن چوڭ بەختسىزلىك بولاتتى. ھەممە كۆز كومزەكتە، تويلۇق كىيىمدىكى كېلىننىڭ، يىگىتنىڭ، يېزىدىكى قىزلارنىڭ، ياش ئايالLARنىڭ جىممىسىنىڭ كۆزى ... كومزەكنىڭ ئەتراپىدىن ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۆتۈشەتتى، كومزەكنىڭ نەقىشلىرى ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا چاقناپ تۇراتتى.

ئۆز ـ ئۆزۈمگە: سال، چاپىنىڭنى، بىر بۇلۇڭدا شۇمشىيىپ يۈرمە، ھېچكىم چىرايىڭغا قارىمايدۇ. مۇشتۇمدەكلا ئادەمسەن، قورقۇشتىن كۆزلىرىڭ ئاغمىخانىنىڭ كۆزىدەك پىرىلداپ قالغاندۇ، ئۈستۈڭدىكى كىيىمىڭنى سال، پادىچى مەممەت، پادىچى مىستىك ! دەيتتىم.

بىر يىگىتنىڭ قولىدىن گېرمانكىنى ئالدىم، يىگىت ماڭا ھومىيىپ قارىدى. مەيداندىكى جىمىكى ئەر ھومىيىپ قاراشقا باشلىدى، قىزلار ـ ئاياللار كۈلۈشەتتى، پۇت ـ قولۇم تىترەشكە باشلىدى، خۇددى قولۇمدىن مىلتىق ئۇچۇپ كېتىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىۋەتتىم، كومزەك چۈشتى.

— ئېتىڭ نېمە؟

— قارامسىتىڭ.

كىشىلەر مەمەت ئاۋاق دېدى، ئۇلار تونۇدى، سەن قارامسىتىڭ دېگىنىڭ بىلەن ئۇلار مەمەت ئاۋاق دەيتتى، ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ كەتتىڭ، يەككە ـ يېگانە تەمتىرەپ يۈردۈڭ. جىمىكى ئادەم ھەممە قىلمىشىڭنى بىلىدۇ. ئاتاڭنىڭ ئۆلۈمىنى، خەدىچەنىڭ ئېتىلىپ كەتكىنىنى، ئاسىم چاۋۇشنىڭ سېنى غاردا تۇتۇۋېلىپ يەنە قويۇپ بەرگىنىنى، ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈرگىنىڭنى، مۇسلىم باينىڭ چېدىرىدا ئېتىڭنى، قوراللىرىڭنى تاشلاپ قاچقىنىڭنى، ھەممىنىلا بىلىدۇ. چېقىرتىكەنلىكنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىنى، ئاقتۇزلۇ يېزىسىنى، رەجەپ چاۋۇشنىمۇ. ھەممە كىشى ھەممە ئىشتىن خەۋەردار. شۇنداقمۇ؟

— مەمەت ئاۋاق، مەمەت ئاۋاق، تىك چوققىلاردىكى بۇغىلارنىڭ ئوۋچىسى مەمەت ئاۋاق.

تۇم قاراڭغۇ، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. فىرات دەرياسى تىپتىنچ، ئازراقمۇ شامال يوق. كېچە ئىسسىق، شۇڭا يامغۇردىن ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ يېشىنىپ سۇغا كىردى. كىيىملىرىنى سول قولىغا ئېلىپ ئوڭ قولى بىلەن ئۈزەتتى. بىر سائەت، ئىككى سائەت، ئىشقىلىپ، فىرات دەرياسى بىلەن ئېلىشتى. نېرىقى قىرغاققا چىققاندا تاڭ يورۇشقا باشلىغانىدى. ھېرىپ تۈگەشكەنىدى. ئۈستىبېشىدىكى سۇدىن، ئاغرىۋاتقان بەدىنىدىن، سوزۇلۇپ ياتقان قۇمدىن قىياقنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ كىيىنىپ يولغا چۈشتى.

بارغانلا يېزىدا ئۇنى تونۇشاتتى، بىر يەردە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرالمايتتى. بىر يېزىغا بارغاندا مەن مەمەت ئاۋاق دېسە ئىشەنمىدى. خۇدا ھەققى، ئىللا ـ بىللا، مەن مەمەت ئاۋاق دەپ قەسەم ئىچسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمىدى. يېزىدىكىلەر ئۇنى شۇنچىلىك مازاق قىلىشتىكى، ئاخىر كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

يەنە قاراڭغۇ يامغۇرلۇق كېچە.

— ئېتىڭنى ئېيتقىنا؟



— ئېتىم قارامسىتىڭ.

— ھا ـ ھا ـ ھا! مەمەت ئاۋاق قارامسىتىڭمۇ؟

نېمە ئامال بار، بالام، تۇمانلىق فىرات دەرياسى بويلىرىدىكى بۈركۈتتەك دەرسىم كۆردلىرىنىڭ ئىچىدە، تۇپراقلىرى ئاق بىرەجىك تۈركمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا سېنى تونۇمايدىغىنى يوق. سېنى تۇتۇۋېلىپ زالىم ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار سەندىن ئابدى ئاغىنىڭ خۇنىنى تۆلىتىۋالىدۇ. ئەمدى خەدىچەنىڭ خۇنى، ئاناڭنىڭ، ئىرازىنىڭ، رىزانىڭ، رەجەپ چاۋۇشنىڭ خۇنلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ خۇنىنى كىم تۆلىتىپ بېرىدۇ؟ ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ خۇنىنى ئېلىپ بېرەتتىمۇ، ئابدى ئاغىنىڭ خۇنىنى ساڭا تۆلىتىدۇ تېخى. بۇ دۇنيادا سېنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق. جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق. سېنىڭ كۆزۈڭ تاغلاردا قالدى. سەن نەدە بولغىن، مەمەت ئاۋاق دېگەن نامىڭ ياقاڭنى قويۇپ بەرمەيدۇ.

قايتقىنىڭدا مۇسلىم باي بىلەن ئۇچراشقان بولساڭ ياخشى بولاتتى. مىلتىقىڭنى ئېلىش ئۈچۈن كېچىسى ئەمەس، كۈندۈزى بارغان بولساڭ بوپتىكەن. مۇسلىم باينىڭ چېدىرىدىن ئوغرىلىقچە مىلتىقىڭنى ئاچچىقىڭنىڭ نېمىسى؟ مىلتىقىڭنىڭ ئۆزۈڭ قويغان يەردە تۇرغىنىنى كۆرگەنسەن. ئۆيدىكى ئاياللار سېنى ياخشى كۈتكەندۇ، سەن كەتكەندىن بېرى باي ئېتىڭغا ھېچكىمنى مىندۈرمىدى دېگەندۇ. مۇسلىم باي ھەرگىزمۇ ئېتىڭغا باشقا بىرىنى مىندۈرمەيدۇ. ئەگەر ئون يىل بارمىساڭ، ئون يىلغىچە ھېچكىممۇ قورالىڭغا قول تەگكۈزمىگەن بولاتتى. ئېتىمنى مۇسلىم بايغا قالدۇردۇم، مىنىپ ھۇزۇرلانسۇن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ مۇسلىم باينى ئامانەت ئاتقا مىنىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

— مەرىيەمچىل غولىغا يېتىپ كەلدىم. مىلتىق ئېتىۋىدىم، يېنىمغا تۆمۈر كەلدى، ئۇ ۋىجىككىنە، قورقماس، ئېسىل ئادەم. بىر پولكقا ئۆزى تەڭ كېلىدۇ. ئۇ يەردىن كاليرانلىغا، دۇلدۇل

تېغىغا كەلدىم، يەر - زېمىننىڭ ھەممىسىلا ئەسكەر، ئەلى تېغىغا كەلسەم، ئۇ يەردىمۇ ئەسكەرلەر چۈمۈلىدەك يېغىلىپ كېتىپتۇ. بالىچاقىلىرى بىلەن ھەممە دېھقانلار بىكارغىلا ...

— ھىزارجىنى قورشىۋالغانلار، قىرىق پاي ئوق بىلەن ئۇنى ئۆتمۈتۆشۈك قىلىۋەتكەنلەر ئەسكەرلەر ئەمەس، دېھقانلار ... سېنى تۇتۇۋالغان بولسا خۇددى شۇنداق قىلغان بولاتتى. يا بويتۇڭغا ئارغامچا سالاتتى، يا قىرىق يېرىڭگە ئوق ئېتىپ ئەلگەكتەك قىلىۋېتەتتى. مەمەت ئاۋاق كەمبەغەللەرنىڭ دوستى ئىدى دېگەننى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار ھەتتا يۈز بېشى پارۇخنى، يا بىرەر ھۆكۈمەت خادىمىنى تۇتۇۋالمىدىغان بولسا، ئۇلارغا ھىزارجى، مەمەت چولاق كۆرگەندىن بەتتەر كۈنلەرنى سالىدۇ. بۇ ئىشنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرىدۇ. ئۇلار بىلىپ قىلىشى كېرەككى، سەن كۈچلۈكسەن ... بولمىسا تۈگەشكەن بولاتتىڭ.

— تاغدا ئۆزۈڭ يالغۇز قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ بۇ ئالەمدە يەككە - يېگانە بولۇپ قالدىڭ، يالغۇزلا قالدىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— يالغۇز قالدىم، ئوسمان ئاغا، يەككە - يېگانە، تىغ جانلا قالدىم.

قاراڭغۇلۇق قويۇقلاشتى، يامغۇرلۇق ئىللىق ۋە تۇمانلىق كېچە ...

## 10

ئوسمان چولاق لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرەتتى، ئېغىلغا يەنە كىرىپ، يەنە چىقاتتى، ئۇزۇن قاشلىرىنى سىلاپ قوياتتى. ئەتراپىغا بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قارايتتى، ئېڭىشىپ ئۆتۈكىنىڭ قونجىنى تارتىپ قوياتتى. ئېغىلغا كىرىپ ئاتنىڭ يالىنى سىلايتتى، مەمەت تەرەپكە مېڭىپ، ئۆزىنى مەجبۇرىي كۈلكىگە زورلاپ، يىغلامسىرىغان ئاۋازدا: «مەمەت بالام!» دەپ



قوياتتى. ئاۋازىدا بىر خىل ماتەم قايغۇسى، قاتتىق ئېچىنىش ھەسرىتى بار ئىدى.

تېخى كۈن چىقمىغان، ئەتراپ غۇۋا قاراڭغۇ ئىدى. كالىلارنى پادىغا چىقارغانىدى. ئاناۋارزا قىيالىقلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قارا تۇمان ئاستا - ئاستا تارقالماقتا ئىدى. تورۇق ئات قىيا-تاشنىڭ ئۈستىدە گويا قاتۇرۇپ قويغاندەك قىمىر قىلماستىن تىك - مەزمۇت تۇراتتى.

مۇختار سەيپەلى بىر ئۆينىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلدى. ئوسمان چوڭنىڭ قايغۇلۇق چىرايى ئېچىلىپ يەنە تۇرۇلدى. بىر ئازدىن كېيىن سەيپەلىنىڭ ئارقىسىدىن يېزا باشلىقى سەيچە كۆرۈندى. قولىدا ھەربىر غۇنچىسى قىزىلگۈلدەك چوڭلۇقتا ئېچىلغان بىر تۇتام نەرگىس گۈلى بار ئىدى.

— قەمەر ئانا، ساڭا نەرگىس گۈلى تېرىپ كەلدىم، مانا، — دېدى — دە، كالا سېغىۋاتقان قەمەر ئانىغا ئۇزارتتى. قەمەر ئانا خۇددى ياش قىزلاردەك قىزاردى ۋە تارتىنغاندەك:

— رەھمەت، سەيچە ئاغا، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — مېنى ئەسلەپسەن - دە ...

— بۈگۈن كېچە ئۇخلىمىدىم، سازلىقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. يوباز ئوغلىنىڭ تەلۋە ئېتى تۈزلەڭلىكتە توختىماي چېپىپ يۈردى، ئۇ يەردە نەرگىس گۈللىرى ئادەمنىڭ تىزىغا كېلىدۇ.

ئۇلار قاشا تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

ئوسمان چولاق غەزەپ بىلەن:

— ۋەدە بېرىشنى بەردىم، بىراق كەتمەيمەن. ئۇ ئاغا بولسا، كەينىدە ھۆكۈمەت تۇرسا نېمە بوپتۇ. مەنمۇ سەكسەن ياشقا كىرگەن قېرىمەن، مېنىڭمۇ ئارقامدا ... — دېدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، يەنە بىر قېتىم «مېنىڭ ئارقامدا ...» دېدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن تىترىلدەيتتى، ئۇچۇق سۆزلىيەلمىگەنلىكى ئەلەم قىلاتتى. «مېنىڭمۇ ئارقامدا ئاللا

ئاﺋﺎﻻ بار » دېيىش بىلەن مەمەت ياتقان ئويۇق تەرەپكە قارىدى. — بىزنىڭ ئارقىمىزدا كىمنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قەلەيچى جاجىسىنى قانداق يېگەن بولسا، ئەلى ساپامۇ شۇنداق يەيدۇ. بىز بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندا ئەلى ساپا تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشمىگەن. بىزنىڭ ئارقىمىزدا ...

ئوسمان چوڭنىڭ چوڭ ئوغلى ھوشام كەلدى، ئارقىدىن رەشىت كەلدى، دېھقانلار بىرلەپ ـ ئىككىلەپ ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە كېلىشكە باشلىدى، ئاياللارمۇ كەلدى. ئۇلار ھېلىلا ساغقان سۈتنى ئىشىك تۈۋىگە قويغان قەمىر ئانىنى ئورىۋالدى. كېيىن قورۇنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېرىپ گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئولتۇرۇشتى.

ئوسمان چوڭ ئورنىدىن تۇراتتى، ۋارقىرايتتى، يەنە ئولتۇراتتى، جىم بولاتتى. بۆكىنى ئېلىپ بېشىدىكى بىر تۇتام چېچىنى قولىغا ئورايتتى. كېيىن ئاچچىق بىلەن بۆكىنى كىيەتتى، تاپانچىسىنى چىڭ قامااللايتتى.

— يوباز ئوغلىغا مىڭ لەنەت، ئۆزىنى كۆرسىتىپ، بىر ئات ئۈچۈن ئەلى ساپاغا ئىككى ئېغىز يامان گەپ دەۋېلىش بىلەن پۈتۈن يېزىنى سېتىۋەتتى. ئۇ ئىشنى باشقا ئاچىقالايتتىمۇ. شۇ يوباز ئوغلىغا مىڭ لەنەت! ئاخىر ئۆزى يېزىدىن قېچىپ كەتتى.

خاپىلىقتىن چىرايلىرى پۈرۈشۈپ كەتكەن دېھقانلار:

— لەنەت! — دېيىشتى.

— ئۇ، يېزىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ بىزنى يەنە بىر قېتىم يەرگە قاراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەلى ساپاغا جان كىرىپ قالدى، ئەمدى بىزنىڭ بېشىمىزدا ياغاق چاقىدۇ.

— ئەلى ساپا بېشىمىزدا ياڭاق چاقىدۇ، — دېيىشتى ھەممىسى.

— يوباز ئوغلى يېزىغا قايتىپ كېلىشى كېرەك.

— باشقا چارە يوق، كېلىشى كېرەك، — دېيىشتى.

يېزا باشلىقى سەپچە شۇنداق دېدى:



— بۇرادەر ئوسمان، سەن يەنە بىر قېتىم ئەلى ساپا دېگەن چوشقىنىڭ يېنىغا بېرىپ باقساڭ قانداق، قېنى، نېمە دەيدىكىن.

— سەپچە ئاقساقال، سەنمۇ ئوسمان ئاغا بىلەن بىللە بارغىن، بىر نېمە دەر، — دېدى بىرتەچچە دېھقان.

— نېمە دەيتتى ئۇ، — دېدى ئوسمان چوڭ، — نېمە دەيتتى، يەنە بىزنى قورقۇتىدۇ، يېزىدىن چىقىپ كېتىڭلار دەيدۇ. سىلەر ئۈچۈن ئۇنداق قىلىپ بېرىمەن، مۇنداق قىلىپ بېرىمەن، دەيدۇ، يەنە يېزىدىن چىقامسىلەر؟ باشقا يەردىن بىر يېزا قۇرامسىلەر؟ دەپ سورايدۇ.

زەينەل توپىنىڭ ئاق بېشىدا، قەدىمكى يۇنان يېزىقى بىلەن نەقىشلەنگەن تۆت بۇرجەك ئاق مەرمەر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— بۇ يېزىدا بىزگە ياخشى كۈن يوق، — دېدى ئۇ، — بەش قېتىم گۇۋاھچىلارنى ئەكەلدۇق. ھاكىم، يۈزبېشىلارنىمۇ ئەكەلدۇق. ھەر قېتىمدا يېزىدىكى يەرلەر ئەلى ساپا باينىڭ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، يەنى ئۇلار ئىسپاتلاپ بېرىشتى.

كۆپچىلىكنىڭ بىرەرىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ زەينەل تەرەپكە قارىمىدى، زەينەل سۆزىنى داۋام قىلدى:

— پايدىسىز ئىشتىن ۋاز كېچەيلى، ھەممە ئادەم چۇقۇر ئويۋانى تاللىشىدۇ. ئەلى ساپانىڭ يېرىمىدىن چىقىپ كېتىپ، باشقا بىر يەردە مۇقىملىشىپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن يۇرت قۇرايلى.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئەبلەخ، ئىت! — دېدى ئوسمان چوڭ، — سەن ئەسلى ئەلى ساپانىڭ ئىتىسەن.

— مېنى مۇنداق تىللىما، ئوسمان ئاغا، — دەپ خاپا بولدى زەينەل، — مەن ھېچكىمنىڭ ئىتى ئەمەسمەن. ئەمما، مەن ئېيتىپ قوياي، بۇ يەرلەر بۈگۈندىن كېيىن بىزگە ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدا يەر خېتى، ئارقىسىدا ھۆكۈمەتى، تاغدا قاراقچىسى، چوڭ يېزىدا تاغىسى، تۇغقىنى بار. ئەلى ساپا باي

بەربىر بىزنى بۇ يېزىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئاخىر بىر كۈن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بىز ۋاقتىنى قولدىن بەرمەستىن، باشقىلار چۇقۇر ئوۋۋانى بۆلۈشۈپ بولماستا ئۆزىمىزگە بىر يۇرت تېپىۋالايلى. ئەلى ساپا بايىنى گەپكە كىرگۈزەلمەيمىز. ئوسمان ئاغا، ئۆتكەندە ئۆزۈڭ: «بۇ يەرلەر بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئەسقاتمايدۇ» دېمىگەنمىدىڭ؟» ئەلى ساپا بىلەن سۆزلىشىپ، باشقا يەردىن ئۆزىمىزگە بىر يېزا قۇرۇۋالايلى» دېگەن ئۆزۈڭغۇ؟ «بۇ ئاناۋارزاغا ئەلى ساپا بايىنىڭ كۆزى چۈشكەنىكەن، بىز بۇ ياتقاقلىقنى، بۇ بەزگەك تارقىتىدىغان بالا ـ قازا يەرنى تاشلاپ، ئاتارلىق مەمەت يېزىسىنىڭ ئەتراپىغا، تاغ ئېتەكلىرىگە كېتەيلى» دېگەن گەپنى قىلمىغانمىدىڭ؟

— سەن شۇنداق دېگەنىدىڭ ئوسمان، ھازىر نېمىشقا گېپىڭدىن يېنىۋالىسەن؟ — دەپ زەينەلگە يان باستى سەيچە ئاقساقال.

ئۆزۈنتۇرا ئارىپ تاز تاياق بىلەن توپىغا ئاجايىپ سىزىقلارنى سىزىپ ئولتۇراتتى.

— ئوسمان ئاغا، — دېدى ئۇ، — راستىنى ئېيتساق، دېگەنلىرىڭ بىر ـ بىرىگە زىت. يا بۇ يېزىدىن چىقىپ كېتەيلى، يا بولمىسا چىڭ تۇرايلى. يىللاردىن بېرى ئىككىلىنىپ يۈرۈپ ئۆلۈپ تۈگەۋاتىمىز. دېھقانلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك تاكى تاشدۆملۈ قەلئەسى تەرەپلەرگىچە كېتىپ قالدى. شورلۇق يەرلەردە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۈگۈن دېگىنىمىز ئەتە دېگىنىمىزگە ئوخشىمايۋاتىدۇ.

— ئەلى ساپا بايىنىڭ ئالدىغا ئىككىمىز بارىمىز، يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ كۆرىمىز، — دېدى مۇختار سەيپەلى، — بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئارىسالدىلىق بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويدى.

ئوسمان چوڭ ھاسىراپ كەتتى. ئۇ خېلىلا خاپا ئىدى. غاڭزىسىنى تۇتاشتۇردى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ چەتتىن ـ بۇ



چەتكە مېڭىشقا باشلىدى:

— ئەلى ساپا ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىشىۋالدى. ئۈستىمىزدىكى زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى بىزمۇ ھالسىزدىن كەتتۇق. قەلەيچى ئۆلگەندىن كېيىن بېشىمىزدىكى قارا بۇلۇت تارقاپ كەتتى دەپ ئويلىدۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىراق شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى بېشىمىزغا مىڭ تۈرلۈك بالا ـ قازانى كەلتۈردى. ئۈمىدلىرىم يوققا چىققاندىن كېيىن كېتەيلى دېدىم. قەلەيچى ئۆلگەندىن كېيىن ئالدىمىزغا بۇ زۇلۇم تېغىنى — ھۆكۈمەتنى تىكلەپ قويدى. ھۆكۈمەتنىڭ قولى ئۇزۇن، مەغرىبتىن مەشرىققە يېتىدۇ. بىزنىڭ قولىمىز ھېچنىمىگە يەتمىسە، مەن قانداق قىلاي، ئىلاجىم قانچە؟ شۇڭا بۇ يەرنى تاشلاپ كېتەيلى دېگەنىدىم. سېرىق نەرگىس گۈللەر، سۆسۈن ياپيۇزلار ئۆزەڭگىگە تېگىپ تۇرىدىغان، بىر تال ئۇرۇقتىن مىڭ تال مايسا ئۈنىدىغان، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان بۇ يەرلىرىمىزنى تاشلاپ كەتمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق ئىدى. يېزىدىن قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ بىر قىسمى قورققانلىقلىرى ئۈچۈن، بىر قىسمى ئۈمىدسىزلەنگىنى، بىزار بولغىنى ئۈچۈن كەتتى. پەقەت قىسمەنلىرىگە ئەلى ساپا باي ئازراقلا پۇل بەردى. بەزىلەر بولسا بۇ يەردىن كېتىپ ئاجايىپ ياخشى يەرلەرگە ئورۇنلىشىمىز دەپ ئويلاشتى. ھازىر ئەھۋال باشقىچە. سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار يوقتۇ بەلكىم، چوقۇر ئوۋادا بىز بېرىپ ئورۇنلاشقۇدەك بىر غېرىچ يەرمۇ قالمىدى، ئىشلار ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاجايىپ ئۆزگەردى.

ھۆسام دادىسىنىڭ ئاچچىقىنى ئۆزىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ:

— نېمە ئۆزگەردى، دادا؟ — دەپ سورىدى، — تۈنۈگۈن ئەلى ساپا يوباز ئوغلىنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، بىچارىنى سۈرگۈن قىلىۋەتمىدىمۇ؟ ژاندارمىلار ئاشۇ يوباز ئوغلىنى خالىغىنىچە ئۇرۇپ، قان سىيدۈرمىدىمۇ؟ دادا، زادى نېمە ئۆزگەردى؟ يوباز

ئوغلىنى يېزىغا ئەكېلەلىسەڭ ئەكەلگىنە قېنى، ئەلى ساپا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن ...

ئۇ، دادىسىدىن تىل ئىشىتىمەن دەپ ئويلىغانىدى، بىراق دادىسى تىللىمىدى ھەم خاپىمۇ بولمىدى، گەپمۇ قىلمىدى. موخوركىسىنى پۈركىرىتىپ چېكىپ، دېھقانلارنىڭ يۈزىگە بىرمۇ ـ بىر قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ، دېھقانلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ، ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى ئىزدىگەندەك قىلاتتى. كېيىن قاشانىڭ تۈۋىدىن بىر تۇپ چاقچاق ئوتنى يۇلۇۋېلىپ سىقىملىدى يەنە يەرگە تاشلىدى. ئۇنىڭ گويا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك چىرايى بىر ئېچىلىپ، بىر تۇتۇلاتتى. لەۋلىرى، ساقاللىرى تىترەيتتى. قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى كىچىك كۆك كۆزلىرى بىر ئېچىلىپ، بىر يۇمۇلاتتى. ئۇنىڭ چەكسىز ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. سۆزلەشكە تەمشىلەتتى ـ يۇ، يەنە توختاپ قالاتتى. بۇ يەرگە توپلاشقانلار ئوسمان چوڭنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىدا بىر گەپ بارلىقىنى سېزەتتى، ئەمما زادى نېمە؟ ھەممىلا ئادەم ئوسمان چوڭنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدىكى سۆزىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى.

ئاخىر ئوسمان چوڭ پاڭگىدە يېرىلدى:

— ئۇ ئىتتىنىڭ ئالدىغا بارمايمەن. بىزنى يېزىمىزدىن قانداق قوغلىماقچى بولسا، شۇنداق قوغلاپ چىقارسۇن. نېمە قىلغۇسى كەلسە، قىلىپ باقسۇن. ئۇنىڭ كەينىدە ھۆكۈمىتى، قاراقچىسى بولسا، بىزنىڭ ئارقىمىزدىمۇ ... بار.

— بىزنىڭ كەينىمىزدە كىم بار؟ — دەپ سورىدى بىرى.

ئوسمان چوڭ تىك تۇردى، مۆكچەيگەن بېلىنى رۇسلاپ، غەزەپ بىلەن «بار!» دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ يەنە مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئىككىلىنەتتى، بارغانسېرى ھارغىنلىق ھېس قىلاتتى. قېرىلىق يەتكەن ۋۇجۇدى بۇ جىددىيلىكلەرنى يېڭەلمەيتتى.

كېيىن يۈتىنى كېرىپ قەددىنى رۇسلىدى، ئوڭ قولىنى



بېلىگە تىرىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىدى. بىردىن يۈزى قارىداپ كەتتى، بىر ئازدىن كېيىن يەنە كۈلۈمسىرىدى.

— بىر تاغ چوققىسى بار ئىكەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — چەكسىز سوزۇلغان قاپ تاغلىرىنىڭ ئېغىزى، قاپقاراڭغۇ ئىكەن، يولۇچىلار بۇ يەرگە كەلگەندە ئادىشىپ قاپتۇ. ھېچ يەردىن بىرەر يورۇقلۇق كۆرۈنمەيتۇ. تاڭمۇ زادىلا ئاتماي كېتىپتۇ. قاپ تاغلىرى گۈمبۈرلەپ ئاۋاز چىقارغۇدەك، بىراق يەنىلا تاڭ ئاتماپتۇ. يولۇچىلار قاراڭغۇدا يول تاپالماپتۇ. قويۇق قاراڭغۇلۇقتا نەپەسمۇ ئالالماي قاپتۇ. ئۇلار بۇ قاپ تاغلىرىدا تاڭ ئاتمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپتۇ. قويۇق قاراڭغۇلۇقتا يولنى تاپالماي تۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلارنى قىرىق بىر قاراقچى قوغلاپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇلار بۇ قاراڭغۇلۇقتا تاغقا ئۆسۈپتۇ، قاتتىق ئۆسۈپتۇ. خۇددى بىزگە ئوخشاش. ئەمدى قاپ تاغلىرىدا تۇرمايلى، دېيىشىپتۇ.

دېھقانلار ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى، سۆزىنىڭ ئاخىرى نېمىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى كۈتۈشۈپ، قۇلاقلىرى دىڭ ئىدى. ئاياللار ئارىسىدا كۇسۇرلاشلار باشلاندى. ئەمدى ئوسمان چوڭ سۆزىنى نېمىگە باغلاپ، نەدە چۈشۈرۈشىنى بىلەلمەيتتى. قاپ تاغلىرى ... قاپ تېغى ... قاپ تېغىدىكى قىلىچ كېسەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇق دەيتتى، يەنە تاشتەك ئېغىر مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئۇلارنىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ تۇراتتى. خۇددى بىزدەك ... دەيتتى، سۆزىنىڭ باش ـ ئايىغى يوق ئىدى.

ئۇ ئاخىر ھېرىپ كەتتى.

— ئەنە شۇ قاراڭغۇلۇققا يورۇقلۇق چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن قاپ تاغلىرىدىكى يولۇچىلار يولنى تېپىۋالدى، قاراڭغۇلۇقنى يوسۇپ ئۆتتى. بىزنىڭ قاراڭغۇلۇقىمىزغىمۇ يورۇقلۇق چۈشتى، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— سۆزۈم مۇشۇنچىلىك. ئەلى ساپا باينىڭ ئالدىغا بارمايمەن،

بارىدىغانلار بارسۇن، ئەمما مەن بارمايمەن ... چۈنكى بۇ قاراڭغۇلۇقتا ... — ئۇ كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى، — چۈنكى يورۇقلۇق چۈشتى، كېچىمىز كۈندۈز بولدى.

سەپچە ئاقساقال يېنىدىكى ھۆسامنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ:

— ئوغلۇم ھۆسام، دادالڭ خېلىلا قېرىپ قاپتۇ، تېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى.

— ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىدىم، تاغا، — دېدى ئۇ، — خېلىدىن بېرى دادامغا بىر ئىش بولدى، بىچارە يەكلا قېرىپ قالدى.

دېھقانلار تېمە قىلىشنى بىلمەستىن تۇرۇشتى. ئاندىن بىرلەپ - ئىككىلەپ مېڭىشقا باشلىدى.

ئوسمان چولاڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتتى:

— بېرىپ ئۆزىنى باي دەپ ئاتايدىغان ئەلى ئىتقا ئېيتىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەيمەن، كېلىدىغان بولسا كۆرىدىغىنى بار، بېرىپ مۇشۇ سۆزلەرنى يەتكۈزۈڭلار.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ ئىشىكنى قاتتىق ياپتى - دە، مەمەتنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

— دېگەنلىرىمنى ئاڭلىدىڭمۇ، بالام؟ — دەپ سورىدى.

— ئاڭلىدىم، ئوسمان تاغا.

— ناھايىتى ئوبدان سۆزلىدىم، شۇنداقمۇ؟

— يەك ئوبدان!

— قاراڭغۇلۇقتا چۈشكەن يورۇقلۇقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندۇ؟

— كىم بىلىدۇ؟ بەلكى ئۇققاندۇ، — دېدى مەمەت چوڭقۇر تىنىپ.

## 11

ئوسمان چولاڭ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ھويلىغا چىقتى. ئوق ئاۋازلىرى خۇددى



مۇلدۇر ياغقاندەك ئاڭلىناتتى. يېزىدا چېپىپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ھەم قوشۇلاتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئوق ئاۋازلىرى ئەۋجىگە چىقتى. ئارقىدىنلا ئوسمان چولاڭنىڭ ئالدىدىكى خەت ئويۇلغان ئاق تاشنىڭ يېنىدىن جاۋابەن بەش پاي ئوق ئېتىلدى. ئالدىغىلا كېلىپ چۈشكەن ئوقلاردىن ئۈركۈپ كەينىگە ئۈچ قەدەم چېكىنگەن ئوسمان چولاڭ:

— مەمەت بالام، سەنمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى، — مېنى ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭ.

مەمەت ئاڭلىنار - ئاڭلانماس بىر ئاۋازدا:

— مەن، ئوسمان تاغا، — دەپ جاۋاب بەردى.

— چاپسان ئۆيگە كىر. مەندىن بىسوراق تالاغا چىققۇچى بولما. يېزىنى تويقا ئۈتسىمۇ كارىڭ بولمىسۇن. كۆڭلۈڭنى بۇزما! بولامدۇ بالام؟ تېخى سېنىڭ نۆۋىتىڭ كەلمىدى.

مەمەت ئاق تاشنىڭ يېنىدىن قوپۇپ ئۆيگە ماڭدى. ئوسمان چولاڭ ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— ئۇدۇل ئورنۇڭغا كىر - دە، راھەتلىنىپ ئۇخلىغىن ...

ئۇ، مەمەتكە قىزغىن مۇھەببەت ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىدا «بۇ بىچارە ئەتىدىن كەچكىچە كېچىككىنە ئويۇقنىڭ ئىچىدىلا ياتىدۇ، ئۆيۈم ئۇنىڭغا تۈرمە بولدى. مېنىڭ شۇڭقارىم — مەمىتىم ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ كەلسە، بۇ كۈنتۈزۈپلىشىمغا قاراڭلار. بۇرە قېرىسا ئىتقا ئويۇنچۇق بولامدۇ، بۇرە قېرىسا ئىت بولۇپ قالامدىكەن، ئىت. ھەي ئوسمان چولاڭ، نېمىمۇ دېگۈلۈك، مەمەت ئاۋاقنى — تاغلارنىڭ بۈركۈتىنى، شۇڭقارىڭنى بەكمۇ قالتىس كۈتۈۋالدىڭ. مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟ خۇدا ئۆزى كەچۈرسۇن. يىگىرمە يىل بۇرۇن بولسىدى، سەن بۇ بالاڭنى، شۇڭقارىڭنى مۇنداق مېھمان قىلماس ئىدىڭ، بۆرىلەر ... ئىت ... خۇدايىم ئۆزى كەچۈرسۇن» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئاتلىقلار يېزىنىڭ ئەتراپىدا توختىماي چېپىپ يۈرەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ يېزىغا قارىتىپ ئوق

ئېتىپ قوياتتى. ئەتراپ قاراڭغۇ، سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆيگە يېنىپ كىردى. قەمەر ئانا ئوچاققا ئوت يېقىپ، ئوچاق بېشىدىلا مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى.

— يۈرىكىڭ سىقىلىپ كەتتىمۇ، قەمەر، مۈكچىيىپ كېتىپسەنغۇ؟

— بۇ نېمە ئىش، ئوسمان، بېشىمىزغا نېمىلەر كېلىۋاتىدۇ؟

— ئەلى دېھقانلارنى قورقۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كونا ھۈنىرى، ئەمدى نېمە قىلاركىن؟

— دېھقانلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ئۇخلاۋاتىدۇ، ھېچبىر شەپە يوق.

ئوسمان چوڭ كىيىنىدى، ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ تاپانچىسىنى ئوقلىدى.

— قەمەر، — دېدى ئۇ خۇددى يىگىتلەردەك قىياپەتتە، — تاپانچىغا ئوق توشقۇزدۇم. كىمگە نېسىپ بولۇشىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بۇ ياندىن كىرىپ، ئۇ ياندىن چىقىدۇ. ئالدىمغا كەلگەننىڭ ھالىغا ۋاي! ۋاي دېگىنە، ۋاي، قەمەر! قارىغىنا، قولۇممۇ تىترىمەيدۇ.

تاپانچا تۇتقان ئوڭ قولىنى سوزۇپ، بىر كۆزىنى قىسىپ ۋە چەنلەشكە باشلىدى. ھەقىقەتەنمۇ قولى تىترىمەيتتى. ئەمدى يېقىنلا يەردىن، ئۆينىڭ كەينىدىنلا ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يېزىغا كىرىشتى، — دېدى - دە، سىرتقا يۈگۈردى.

تالا قاپقاراڭغۇ، يېزىنىڭ ئىچىدە ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، كىشنىشى ئاڭلىناتتى. بىر پەس ئاتلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشى پەسىيدى - دە، ئوقلار مۈلدۈردەك قويۇۋەتتى، يامغۇرمۇ شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى.

ئوسمان چوڭ: «يېزىنىڭ ھويلىدا بولمايدۇ، — دەپ ئويلايتتى، — بۇ ئىتلارنىڭ بىرىنى ئاتىدىغان بولسام، ژاندارمىلار ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىدۇ. ئالتۇننى يوق قىلسەن، ئوسمان چوڭ، ھەي ئوسمان



قېرى، مەمەت ئاۋاقنى قالتىس مېھمان قىلدۇق - دە، بىچارىنى ئويۇققا سولاپ قويدۇق، بۇنى ئاز دەپ، ژاندارمىلارغا تۇتۇپ بېرىپ ھەممە ئىشنى تۈگەتكۈلۈكمۇ؟!»

ئۇ ھويلىسىدىن چىقىپ ئوغلى ھۆسامنىڭ ھويلىسىغا كىردى. «ئۇ ئىتلارنى بۇ يەردە ئاتسام، ھۆسامنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيدۇ، ئاندىن مېنىڭ ئۆيۈمگىمۇ كىرىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئارىتام قوشنىسى كەرىم كۆردىنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ئاتلىقلار يېزا كوچىسىدىن چېپىپ كېلىشىۋاتاتتى. ئوسمان چوڭ بىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تاپانچىسىنى كوچىغا قاراتتى. ئۇ ساقلاپ ئولتۇردى، كۆڭلىدە بىر ئىشەنچ بار ئىدى. «ئەگەر شۇلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرسەم، ئاۋۇقىم، شۇ بالام قانچە خۇش بولۇپ كېتەر. ئوسمان تاغىسىنىڭ قېرىغاندا ئىت بولۇپ كەتمىگىنىنى بىلىۋالىدۇ. يۈرىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىت بولۇپ كەتمەس، باتۇر بۆرە قېرىغاندىمۇ يەنىلا باتۇرلۇقىدىن قالمايدۇ. خەپ ئالدىمدىن بىرى ئۆتسۇن قېنى ... — دەپ ئويلايتتى، — يېزىغا ئات چاپتۇرۇپ كىرگىنىنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن. يېزىنى ئوققا تۇتقىنىنى ئۇچۇن كۆرىدىغىنىنى كۆرسىتىمەن.»

كەرىم كۆردىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ئاتلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشى يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

— ۋاي ئاناڭنى، باشقا كوچىغا كىرىپ كەتكىنىنى قارا، — دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ئوسمان چوڭ.

ئاتلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى بېسىقتى. ئوق ئاۋازلىرىمۇ جىمىپ، يېزا چوڭقۇر جىمجىتلىققا چۆمدى. ئوسمان چوڭ ئەتراپىغا قۇلاق سالدى، ھېچ يەردىن بىرەر شەپە، يا بىرەر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. «ھەي بۇرادەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن ئوخشايدۇ. يا تومۇرىدىكى قان قېتىپ قالدىمۇ؟! تاڭ ئېتىپ قالسا ھېچبىرىنى تۇتقىلى بولمايدۇ. يېزىنى تاشلاپ قاچىدۇ. ۋايۋاي يېزىسى، سېرىق نەرگىسلىك، سۆسۈن يالپۇزلۇق يۇرتۇم بوشايلا قالدۇ. ۋاي بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ھېچبىر ئاۋاز يوققۇ؟

ئۇلار ئۆلگەن ئوخشايدۇ. ئۇلار ئاۋۇقمىنىڭ يېنىدا ئىككەيلەنلىكىنى بىلگەن بولسىدى، ئۇزلىرىنى قويار جاي تاپالماس ئىدى. ھەي ... يا ئەلى ساپا ئاڭلىمىدى، يا بىر ئىش بولمىدى، بىر بىلگەن بولسىدى ... — ئۇ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى، — بۇ ئىتلارغا نېمە بولغاندۇ؟ ئېسىل كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ كەتتى - دە. ئۇلار كەلگەن بولسا بىر ئېلىشىپ باققان بولساق. ئەجەبا ئۇلار يېنىنى تاشلاپ كەتكەنمىدۇ؟ياق، ئۇلار كېتىپ قالمايدۇ. تاڭ ئاتقۇچە كەتمەيدۇ» دەپ ئويلايتتى.

بىر دەمدىن كېيىن ئوق ئاۋازى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قارىسى ئوسمان چوڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاتلىقلار شۇ قەدەر تېز ئۆتەتتىكى ئوسمان چوڭ ئېتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭ قولى، پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى. «يەنە كېلىشىدۇ» دەپ ئۆزىنى باستى، ئاز ئۆتمەي ئويلىغىنىدەك بولدى. ئاتلارنىڭ قارىسى دەل ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. بۇ دەھشەتلىك تاپانچا ئاۋازىغا ئۇلاپلا قاراڭغۇلۇقنى يارغۇدەك قاتتىق ۋارقىراش ئاڭلاندى، ئاتلىقلار يېنىدىن قېچىشقا باشلىدى. ئوسمان چوڭ ئاتقان ئاتلىقنىڭ ۋارقىرىشى يىراقتىن — پاتقاقلىقتىن ئاڭلىناتتى.

خۇشال ھالدا ئۆيگە كىرگەن ئوسمان چوڭ كىيىنىپ، قورال - ياراغلىرىنى ئېسىۋالغان، ئورۇشقا تەييار ھالەتكە كەلگەن مەمەت ئاۋاقتا دۇچ كەلدى. ئۇ دۈربۈنىنىمۇ ئېسىۋالغانىدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئاۋۇقىم؟

— ئاڭلىدىم، قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن. كالىدەك ھۆركىرەپ كەتتى، نەرىگە ئاتقان بولغىيدىڭ؟

— تىزىنىڭ لىپىكىگە ئاتتىم. بەكمۇ ئاغرىيدۇ، جېنىنى ئالىدۇ. ئوق تىز لىپىكىگە ياكى مۈرىسىگە تەگكەنلەر ئاشۇنداق ھۆركىرەيدۇ.



ئوسمان چوڭ مەمەت ئاۋاقتا باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقىپ:

— بۇ نېمە ئىش، ئوغلۇم، خۇددى سەپەرگە ئاتلىنىدىغاندەك كىيىنىۋاپسەن، — دېدى.

— مەندىن خاپا بولما، تاغا، — دەپ ئۆزرە قويدى مەمەت، — مېنىڭ ئادىتىم شۇ. ئوق ئېتىلغان ھەرقانداق ئەھۋالدا كىيىنىپ تەييار تۇرۇشۇم كېرەك.

ئوسمان چوڭ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ھېرىپ كەتتىم، بالام، دېمەك قېرىپ قاپتىمەن، بۈگۈن ھېس قىلدىم. ئۇ ئىتتىنى ئاتالمىغىنىمدا تاسلا قالدىم ... ئۇ كىم بولغىيدى دەپ ئويلاپ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، كىم دەپ ئويلايسەن، مەمەت؟

— كىم بولغىيدى؟ — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى مەمەت، — پۈتىنى بىلىپ بولمايدۇ، ئەگەر ئەلى ساپا باي بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى.

ئوچاق بېشىغا بارغان ئوسمان چوڭ:

— ۋاي قارىغىنا، بەكلا ھۆل بولۇپ كېتىپتىمەن، شوڭقارىم. بۇ كىيىملىرىم تۇنجى قېتىم يامغۇر كۆرۈشى، يىگىرمە بەش يىل بولدى، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى، كېيىن مەمەتكە قاراپ:

— ئەلى ساپا باي ئۆزى بۇ تەرەپلەرگە كەلمەيدۇ، شوڭقارىم، مۇنداق يەرلەرگە ئىتلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ھەي، كىمنى ئاتقان بولغىيدىم؟

ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ قەمەر ئانىغا بەردى:

— قەمەر، بۇ كىيىملىرىمنى ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇپ بەرسەڭ قانداق؟

— بۈگۈن كېچە ئۇلار يەنە كېلەرمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— نېمە قىلاتتىڭ؟

— ھېچ نەرسە، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

— تاڭ ئاتقۇچە يېزا ئەتراپىنى، ئىچى - تېشىنى ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. مەن قىلىدىغانتى قىلىۋالدىم. بۇ تەرەپكە ئۆتمەس، ئۇ

ئۈستىنىڭ ھۆركىرىشى تېخى بېسىلمىغانىدى، بىر ھەپتىگىچە ھۆركىرەيدۇ تېخى. سەن قەلەيچىنى ئاتقان يىلى ئەلى ساپا خۇددى بۈگۈنكىدەك كېچىدىن تا تاڭ ئاتقۇچە يېزىنى ئوقىغا تۇتقانىدى ... بىز قاتتىق تۇرالىساقتۇق، بىز چىڭ تۇرمىساق، قورقساق ئۇ ھەر خىل ئويۇننى كۆرسىتىدۇ، چىڭ تۇرساق، قورقمىساق ئەلى ساپا بوشايدۇ ... بىز ھەم قارشى تۇرمىساق، ھەم قورقمىساق ... ئەتىلىككە يەنە بىرنى ئاتىمەن.

ئۇ بالىلاردەك خۇشال بولۇپ چاۋاك چالاتتى.

— قېرىپ قاپتىمەن، قاراڭغۇدا سايىلەرنىڭ قىمىرلىشىنىلا كۆردۈم، شۇنداق بولسىمۇ ئاتتىم، ئاتتىم - دە، ئاغىنە. ئەتە يەنە بىرنى ئاتىمەن، ئۈگۈنلۈككە يەنە بىرنى ... قانچىسى كەلسە مەيلى، ھەر كۈنى بىرنى يىقىتىمەن، ئۇلار تۈگىگۈچە ئاتىمەن. بۇ قېتىمقىسى تىز لېپىكىگە تېگىپتۇ، ئەمدىكىسىنىڭ دەل يۈرىكىنى چەنلەيمەن. بۇنداق قىلسام بولار - ھە، ئوغلۇم؟ ئۇلار بىزنى قان قۇستۇردى. بۇ دېھقان دېگەن يۈرەكسىزنى قويە، بىرىمى بۇ يەرنى تاشلاپ دوملۇ قەلئەگە قېچىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ئىشلار بېشىمىزغا كەلمىگەن بولاتتى. مەن بېرىپ يوباز ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك. بېرىپ دوملۇقەلئە ئەتراپلىرىغا سۈرگۈن قىلىنغان دېھقانلارنى تېپىشىم، ئۇلارنى قايتىپ كېلىشكە ئۈندىشىم، ھەتتا يالۋۇرۇشۇم كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

چوڭقۇر خىيالغا پاتقان مەممەت بولىدۇ دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

ئوسمان چوڭ شالۋۇرىنى ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇۋاتقان، ئويقۇسىزلىق ۋە غەم - قايغۇدىن ئورۇقلاپ كەتكەن قەمەر ئانىغا قاراپ:

— قەمەر، بەك ھېرىپ كەتتىم، سەن تاپانچىمنى، ئوق دورىسى سالغان قاچىنى ئەكېلىپ بەرگىن، بىر پارچە قۇرۇق لاتىمۇ بەر. مەن بۇ يولۋۇسىمنى تويدۇرۇپ قوياي، ئەتە ئاخشام يەنە ۋەزىپە



ئۆتەيدۇ، دېدى.

ئوسمان چوڭ تاپانچىسىغا دورىنى نىقتاپ چىڭ قاچىلىدى.

ئەمدى ئوق ئاۋازى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلانمىدى. ئوسمان چوڭ تاڭ ئاتقۇچە مەممەتنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ توختىماي سۆزلەپ چىقتى، مەممەت بېرىلىپ تىڭشىدى.

## 12

ئوسمان چوڭ كۈن چىقماستىنلا سەيپەلىنىڭ ئۆيىگە باردى. سەيپەلى ئوچاق بېشىدا ئوتقا قاقلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئوسمان چوڭنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ھارغىنلىقىدىن ئويقۇسىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— تۆرگە ئۆت، ئوسمان ئاغا، — دېدى سەيپەلى، — چىرايى قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ تارتىنغاندەك بوغۇق ئاۋازدا، — بېشىمىزغا كەلگەننى كۆردۈڭمۇ؟ يەنە باشلاندى.

ئوسمان چوڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەلى ساپادىن نېمىنى كۈتمەكچىدىڭ؟ جىم ئولتۇرۇپ بىزگە دۇئا قىلىدۇ دېيۈندىڭمۇ؟ بىز خوتۇن خەقتەك ئۆيگە تىقىلىۋېلىپ ئۈن چىقارمىساق، دېھقانلاردىن بېرىسى قورقۇپ دوملۇغا، يۈرەكسىزلەرگە قېچىپ كەتسە، يوباز ئوغلىمۇ بىر - ئىككى يىل خەقنىڭ ئىتتىنى مىنىپ ... كېيىن ئۆيى كۆيۈپ، ئىككى توقماق يېيىش بىلەن بېشىنى ئېلىپ كېتىپ قالسا، ئەلى ساپا مۇشۇنداق قىلىدۇ - دە ...

— ئاۋۋال ئولتۇرغىن، ئوسمان ئاغا، تۆرگە چىق.

ئوسمان چوڭ مورا يېنىدىكى كىگىز ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىگە ئولتۇردى. ئۇ غەلىبە كۈلكىسى بىلەن كۈلەتتى.

— يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن، مۇختار، — دېدى ئۇ غاڭزىسىنى چوغ بىلەن تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما، قاپ تاغلىرىنى يورۇتقان يوروقلۇق

بىرگىنىمۇ يېتىپ كەلدى. يېڭىلمەس پەقەت بىرلا ئاللا ... ھەرقانداق چوققىدا يېڭى قۇياش كۆتۈرۈلىدۇ، ئاللا بىر، ئەمما ئىشىكى مىڭ ... يەتتىلەر قىستىمىغۇچە خىزىر كەلمەيدۇ. خىزىر بوۋىمىز بىر ئاق كەپتەر سىياقىدا بولۇپ كېلىدۇ. غەم يېمە، سەيپەلى، غەم قىلما! كېچە بولمايدىغان قايسىبىر كۈننى كۆردۇڭ؟

سەيپەلى ئوسمان چوڭنىڭ يۈزىگە ئىشەنچسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى. ئوسمان چوڭ ئۇنىڭ قارىشىنى سەزدى، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. كېيىن ئۇرغۇلۇق قىلىپ:

— تاڭ ئاتمىغان قانچە كېچىنى كۆردۇڭ؟ ھەي مۇختارىم، ئوغلۇم، ماڭا مۇنداق قارىما! — دېدى.

سەيپەلى قورۇنغان ھالدا ئاستاغىنا:

— تىلىمىزنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە بار، ئاغا. دېھقانلار چوڭ - كىچىك، بالىچاقا ھەممىسى ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي يېرىلاي، — دېدى.

— يېرىلىپ كەتسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئېتىلىپ كەتسۇن! يېرىلىپ كەتسۇن! شۇنداق، تىلىمىزنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە بار. بولمامدىغان؟ خىزىرنىڭ قولىنى تۇتتۇم، نېمىشقا بولمايدىكەن. كېچە بىر ئوق ئېتىلدى، يەنە بولمامدىكەن. يېزىغا بىر قاراپ باققىنا، مىڭ يىللىق مازارلىقتا ئوخشاپ قالدىغۇ. ئەمدى بولماي بولامدۇ؟ قېنى ئېيتقىنا، سەن يېزىنىڭ مۇختارىسەن، تىلىمىزنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە بولمامدىغان؟!

شۇ چاغدا ئۆيگە پەرھات موللام كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم ئېگىز، چىرايى ئاپتاپتا كۆيگەن، ساغلام، ئات يۈزلۈك، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، ئوتتۇز ياشلاردا ئىدى. خېلى يىللار بۇرۇن ۋاپۋاي يېزىسىغا كېلىپ يەرلەشكەن، مۇشۇ يەردە ئۆيلىنىپ ئىككى قىز، ئىككى ئوغۇللۇق بولغانىدى. خوتۇنى ئەشەدەننىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. شۇڭا ھەر خىل گەپ - سۆز تارقىلىپ يۈرەتتى.



سەيپەلى پەرھات موللامنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— مايىققا ئۆتكىن، قېنى، — دېدى.

ئوسمان چوڭ موللامنى كۆرۈش بىلەن سەل بوشاپ قالدى. ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ ئاخىرقى قېتىم:

— بولمىسا بولامدۇ؟ — دېدى.

پەرھات موللام ئولتۇرۇپ بولۇپ:

— ئوسمان ئاغا، بولمىسا بولمايدىغان نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئوسمان چوڭ موللامغا قاراپ قويدى.

— تىلىمىزنىڭ ئاستىدىكى ...

— ھەقىقەتەن شۇنداق، — دېدى پەرھات موللام ھودۇققان ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا، — خېلى كۈنلەردىن بېرى سەندە بىر ئۆزگىرىش بار، تىلىڭنىڭ ئاستىدا چوقۇم بىر نەرسە بولسا كېرەك.

ئوسمان چوڭ ئولتۇرغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— بار، — دېدى ئۇ، — كېچىدە ئۇخلاۋاتاتتىم، ئويغاقلۇق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم: «ئوسمان چوڭ، ھەي ئوسمان چوڭ» دەيتتى، چاچراپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم، كۆزىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بىر ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كىردى. شۇ زامان كەپتەر سىياقىدىن چىقىپ خىزىرغا ئايلاندى. ساقىلى ئاپپاق يالتىراپ تۇراتتى، كېلىپ قولۇمنى تۇتتى. ئويغاق ئىدىم، بۇ چۈش ئەمەس. قاپ تېغىمدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئادىشىپ قالغان يولۇچىلارنىڭ ئۈستىگە بىر دەستە يورۇقلۇق چۈشتى. سەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيسەن، سەن مۆجىزىلەرگە ئىشەنمەيسەن، شۇنداق ئەمەسمۇ، موللام؟

— ئىشەنمەيمەن، — دېدى پەرھات موللام.

— تىلىمىزنىڭ ئاستىدىكىچۇ؟

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — دېدى ئىشەنچلىك ئاۋازدا پەرھات موللام.

— ۋاي موللام، — دەپ بىر ئۇھ تارتتى ئوسمان چولاق، — يۈرىكىمدىكى سۆزلەرنى دېيەلىگەن بولسام، كاشكى! خۇدا ھەققى، نەچچە كۈندىن بېرى نەلەردە ئىدىڭ، موللام، نەگە يوقاپ كەتتىڭ، كېچە مۈشۈك يەردىمىدىڭ؟

— مۈشۈك يەردە ئىدىم.

— نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— ئورتۇمدىن تۇرمىدىم.

ئوسمان چولاق بىرىنلاي ـ بىرىنلاي دەپ قالدى. بۇ ئادەملەر نېمانچە ئەخمەقتۇ، شۇنچە دېسە ئۇقمايۋاتىدۇ. چوپچولاق، شەيتاندەك ئەقىللىك پەرھات موللامۇ چۈشەنمەيۋاتىدۇ. « ئۆيىمىزدە خىزىر بار »، « قارا كۆڭۈلۈققا بىر دەستە نۇر چۈشتى »، « تىلىمنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە بار » دېيىمۇ باقتىم، زادىلا چۈشەنمىدى. ياللا، قانداقمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىگىلى بولسۇن، تويتوغرىلا « بىزنىڭ ئۆيگە مەممەت ئاۋاق كەلدى » دېيىش مۇمكىنمۇ؟ دېيىش كېرەكمۇ يا؟ راستىنى دەپ دېھقانلارنى غەيرەتكە كەلتۈرۈپ ئۇلارغا كۈچ بېغىشلاش كېرەكمۇ؟ ئارىدىن بىر ئىت چىقىپ ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويسا، ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟ ھۆكۈمەت، ئاغىلار جىمىكى ئادىمى، ئەسكىرى، ژاندارمىسىنى ئىشقا سالمامدۇ؟ ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئېتىپ تاشلانغان مەممەتنىڭ باللاردەك تۇگۈلۈپ ياتقان ئۆلۈكى كەلدى. چىرايلىق بەدىنىنى، قىرىق پاي ئوق ئۆتمەستۈشۈك قىلىۋەتكەن ئوتلۇق يۈرىكىنى ... يۈيۈپ، تاراپ، جابدۇپ تام تۈۋىدە ئۆلۈكىنى سۈرەتكە تارتىۋاتقان مەتبۇرىلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتەتتى. ماتەم ئىچىدە يېتىملاردەك بويىۇن قىسىپ يىغلاۋاتقان دېھقانلار، كۆلۈشۈۋاتقان ئاغىلار، بايلار كۆز ئالدىغا كېلەتتى ... مەممەتنى ساقلاشتا ئۇ كۆز بۇ كۆزگە ئىشەنمەسلىكى كېرەك. بىراق، دېمىسە يەنە بولمايدۇ. پەرھات موللامغا قۇرئان تۇتقۇزۇپ، قەسەم ئىچۈرۈپ ئاندىن دېيىش كېرەكمۇ؟ ئۇ باشقا مولللارغا ئوخشىمايدۇ، يۈرەكلىك ئادەم، كۆپنى كۆرگەن، كۆپ ئىشنى



بېشىدىن كەچۈرگەن. بىر ئادەم بولسىمۇ بۇ ئىشنى بىلىشى كېرەك ئىدى ... ئاھ، بىر كىشى بىلىشى كېرەك ئىدى ...

ئوسمان چولاق ئورنىدىن تۇردى.

— مەن بىلەن بىردەم تالاغا چىققىنا، موللام، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى جىددىي ئىدى.

پەرھات موللام شۇ زامان ئورنىدىن تۇردى، ئوسمان چولاقنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىرتقا تارتتى.

— موللام، — دەپ زارلاندى ئوسمان چولاق، — دېھقانلار يېزىنى تاشلاپ كېتىشىدۇ، ئەمدى چىداپ تۇرالمايدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىدىم، — دېدى پەرھات موللام، — يەنە بىرنەچچە ئۆيگە ئوت قويسا، ئاتلىقلار بىرنەچچە كېچە يېزىنى ئوققا تۇتسا، يېزىدا ھېچكىممۇ قالمايدۇ، ھېچكىم ھېچكىمگە قارىماي قاچىدۇ ... كەتكىنى كەتتى، قالغىنى قورقتى. كەتكەنلەر بارغان يەرلەردە يۇرتىمۇ قۇرالماپتۇ، ئۆيىمۇ سالالماپتۇ، ۋەيرانە بولۇپ يۈرۈپتۇ. بۇ يەردىكى ئەلى سايا باشقا يەردە يوقمۇ؟ ھەربىر تاشنىڭ ئاستىدىن ئەلى سايالار چىقىپ كېلىدۇ. ئوسمان ئاغا، دېھقانلار ئەلى سايالارغا يا قارشى تۇرۇشى كېرەك. ياكى بولمىسا قۇل بولۇشى كېرەك. ئاللا بەندىسىنى ئادەم دەپ ياراتقان، قۇل قىلىپ ياراتقان ئەمەس. قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئاللاغىمۇ ياقمايدۇ. قېنى تىلىڭنىڭ ئاستىدىكىنى سۆزلىگىنە.

ئوسمان چولاق جاۋاب بەرمىدى، ئۇ سۆزلەشكە تەييار ئىدى، بىراق ئويلىنىپ ئىش قىلىش كېرەك. ئۇ بىر سىرنىڭ ئۈزرىدە، پەقەتلا ئۈزرىدە بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن مېڭىپ يېزىنىڭ چېتىگە چىقىشتى. قارىس ئورمانلىقىغا يېتىپ بېرىپ، ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئوسمان چولاق بولسا ھاسىرايتتى. ئۇ ئارىسالدىلىق ئوتىدا ياناتتى. پەرھات موللام ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چىرايىدىن بايقاپ تۇراتتى. ئۇ سۆزلەشكە قارار قىلالاتتى، پەرھات موللام، مانا سۆزلەيدۇ، ئەنە

سۆزلەيدۇ دەپ ساقلايتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ چىرايىدىن سۆزلىمەسكە قارار قىلغان ئىپادىنى كۆرۈپ ئىچى تىتىلداپ كەتتى.

تاقىتى تاق بولغان پەرھات موللام ئاخىر:

— ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما، ئوسمان چولاق، سەن ھازىرچە بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمايدىغاندەك قىلىسەن، ھەتتا بۇ سىرنى ئۆزۈڭدىنمۇ يوشۇرۇۋاتىسەن، بولدى، ئۆزۈڭنى قىيىنىما! — دېدى.

— شۇنداق، يوشۇرۇشقا مەجبۇرمەن، موللام، — دېدى يىغلامسىراپ. كېيىن موللامنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— «ھېچقانداق كىشىگە تىنمايمەن» دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچەلەمسەن، موللام؟

— ئىچىمەن! — دېدى موللام.

ئوسمان چولاق جىم بولۇۋالدى، يەنە موللامنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇۋېلا قالدى. ئۇ خۇددى بىرى سېھىرلەپ قويغاندەك ۋە يەنە جۆيلۈپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئوسمان چولاق شۇنداق دېدى:

— مەندىن رەنجىمە، سۆزلەشتىن ۋاز كەچتىم. بىرلا نەرسىنى بىلىپ قويغىنكى، خىزىر يېزىمىزدا. قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە يورۇقلۇق چۈشتى، بۇ ئاجايىپ بىر مۆجىزە، — ئۇ موللامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ مېڭىشقا باشلىدى. ئارىسالدىلىق ئۇنى ھارغۇزۇۋەتكەچكە پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇلار يېزىغا كىرىپ سەيپەلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە قۇياش ئۆرلەپ باھار كۈنلىرىدىكى تۇپراقتىن سۈس ھور كۆتۈرۈلەتتى.

ئىشىك تۈۋىدە — ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان سەيپەلىنىڭ يېنىدا ھۇسام، زەينەل، قەمەر ئانا، يەنە چىرايىدىن كىچىچە ئۇخلىمىغانلىقى چىقىپ تۇرغان، قوللىرىنى قوينىغا تىقىۋالغان



بىرمۇنچە دېھقان تۇراتتى.

— ھازىر بەش - ئالتىمىز ساقچىغا بېرىپ ئەرز قىلىمىز، ساقچىدىن چىقىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا كىرىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋالىيغا تېلېگرامما بېرىمىز، مۇستايا كامالغا تېلېگرامما ئەۋەتىمىز، — دېدى سەيپەلى.

ئوسمان چولاق بۇ سۆزلەرگە يۆتىلىپ، قورسىقىنى تۇتۇپ تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلگەندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— ھەي سەيپەلى، سېنى نادان دەپ ئويلايتتىم، ئەمما مۇنچىلىك دەرىجىدە ئۆتۈپ كەتكەن نادان ئىكەنلىكىڭنى ئەقلىمگە كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەنمەن. ۋاي سەيپەلى، ئانىسىغا ئەقىل ئۆگىتىدىغان قازى، سەن كىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلماقچىسەن؟ ئانىسىغا يول كۆرسىتىدىغان قازى.

پەرھات موللام جىددىيلىشىپ كەتتى.

— ئوسمان ئاغا، كۈلمىگىن، ئانىسىغا ئۆگىتىدىغان قازى بولسۇن، قازىنى قازىغا ئەرز قىلساق نېمە بوپتۇ. شۇنداق چولاق يېزىنى بېسىۋالسا، ناك ئاتقۇچە ئوققا تۇتۇپ چىقسا، ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋاتسا شىكايەت قىلمىساق بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇلارنىڭ كارى بولمىسا، بۇنىمۇ كۆرۈپ باقامدۇق.

— ئەرز قىلايلى، — دېدى ئوسمان چولاق — ئانىسىغا ئەقىل ئۆگىتىدىغان قازى نېمە دەرىكىن؟ قازى ئۈستىدىن قانداق پەتىۋالار چىقىرىدىكىن؟

كۆپ ئۆتمەي ئۇلار يولغا چىقتى. ئالدىدا ئوسمان چولاق، ئارقىسىدا پەرھات موللا، سەيپەلى، يېزىدىكى قېرىلاردىن ئۈچ كىشى ۋەكىل بولۇپ ساقچىغا قاراپ مېڭىشتى. ساقچى ئىدارىسى يېزىنىڭ سىرتىدا، يول بويىدا خىشتىن ياسالغان قورۇق تامنىڭ ئىچىدە ئىدى. دەرۋازا ئۈستىدە يىرىمىغىچە يىرتىلىپ كەتكەن، يۈيۈكلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، ئۆڭۈپ كەتكەن بىر بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى.

ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈشتى. ئاتلارنى ياندىكى

قاشاغا باغلاپ قويۇپ، كىيىملىرىنى ئۆڭلاپ، تۈگمىلىرىنى ئېتىشىپ، چوڭ ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىرىشتى. ئۇلارنى ئىشىك ئالدىدا تۇرسۇن ئونبېشى كۈتۈۋالدى. سەييەلى مۇختار بوينىنى ئېگىپ:

— چاۋۇش ئىچكىرىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئونبېشى سەل ئوڭايسىزلىنىپ ھودۇقتى. دەرھال جاۋاب قىلماستىن سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— چاۋۇشنى تۇنۇگۈن ئاخشام بىرى ئېتىۋەتتى، — دېدى، — قاراقچىلار ئېتىپتۇ.

ئوسمان چوڭنىڭ قاشلىرى تۈرۈلدى، قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— يارىسى ئېغىرمۇ؟ ئوق نەرىگە تېگىپتۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل قىزىقىش بار ئىدى.

— تاپانچا ئوقى، توڭگۈزنىڭ ئوقى چاۋۇشنىڭ تىز لېپىكىنى چېقىۋېتىپتۇ.

ئوسمان چوڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تۇنۇگۈن كېچە چاۋۇش قاراقچىلارغا نەدە ئۇچراپ قېلىپ ئوق يېگەندۇ؟ — دېدى.

ئونبېشى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن جاۋاب تاپالمىدى، بىرئازدىن كېيىن:

— تۇنۇگۈن ئاتاۋارزاغا بىر قاراقچى ئەترىتى كەپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى، تاغدىكى يۈزبېشى پارۇختىنىڭ ئالدىدىن قېچىپ تۈزلەڭلىككە چۈشۈپتىكەن، چاۋۇشنى ئاشۇلار يارىدار قىلدى، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

ئوسمان چوڭ پەرھات مۇللامغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— قېنى، شەھەرگە — ھاكىمنىڭ ئالدىغا بارايلى، ئەنقەرەگە تېلېگراما يوللايلى، — دېدى پەرھات مۇللام. ئۇ ئاچچىقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئونبېشى، ئۇنىڭ



يۈزىدە يوشۇرۇپ قالالمىغۇدەك زاڭلىق ئىپادىسى ئەكس ئېتەتتى.

— ھېچ نەرسە بولمىدى، بالام. نېمە بولاتتى؟ سىلەرنىڭ سايەڭلەردە خاتىرجەم ياشاۋاتىمىز. كېچە ئازراق ئوق ئېتىشىۋىدى، شۇڭا ... بىز تېخى بىزگە ئوق ئېتىشتى دەپ ئويلاپتىمىز، ئەسلىدە چاۋۇش قاراقچىلار بىلەن جەڭ قىلغانىكەن- دە، ئامان بول! — دېدى ئوسمان چوڭ.

ساقچى ئىشىكىدىن ئوسمان چوڭ ئالدىدا، باشقىلار كەينىدە چىقىشتى. ئاتلىرىغا مىنىپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. يولدا كېتىۋېتىپ ئوسمان چوڭ:

— مۇللام، يېقىنراق كەلگىنە، — دېدى.

ئىككى ئاتلىق ئارقىدىراق مېڭىشتى.

— ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى ئوسمان چوڭ، — چاۋۇشنىڭ تىز لېپىكىنى چېقىۋەتكەن، ئۇنى كالىدەك ھۆركىرەتكەن توڭگۈز ئوقى نەدىن كەلدى؟

— ئۇقتۇم، قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن! — دېدى پەرھات مۇللام.

— ھەممىمىز كېچە مەن قىلغاندەك قىلساق، توشقاندەك قاچمىساق، ئەلى سايا يېزىغا كېلەلەيتتىمۇ؟ يوباز ئوغلىنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتتى، شۇ كېچىسى ئەلى سايانىڭمۇ ئۆيى كۆيدۈرۈلسە بولماسمىدى؟ شۇ چاغدا بىرەرى ئۇستىمىزگە بېسىپ كىرەلەيتتىمۇ؟

— كىرەلمەيتتى.

— نېمە ئۈچۈن قارشى تۇرماستىن يېزىنى بوشىتىپ قاچىمىز؟ يېزىدا قالغانلار ھەر كۈنى كېچىسى يامغۇردەك چۈشكەن ئوق ئاستىدا قولىمىزنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىمىز؟ بۇلارنى نېمە ئۈچۈن دەپ ئويلايسەن، مۇللام؟

— قورقۇنچاق ئادەم ئاللانىڭ لىللا بەندىسى ئەمەس، — دېدى مۇللام، — ياراتقۇچى ئاللا بولسا بوشاشقان، قورققان، ئۈركۈگەن ئادەمدەك يامان مەخلۇقنى خەلق قاتارىغا قوشمىغان. ئۇلار

جەھەننەمدىن ئەسلا چىقالمايدىغان، كۆيۈپ كۈل بولۇپ تۈگەيدىغان مەخلۇقلاردىن ئىبارەت. ئاللانىڭ ئەڭ ناباپ قۇلى — قورقۇنچاق ئادەمدۇر. بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتىدىغانلار. چاۋۇش يىقىلدى. يۈتىگىدىن بەكمۇ خۇشالمەن. يۈتى ھاكىمغا قانداق ئۇقتۇرساق بولار؟ بىزىمىزغا باستۇرۇپ كىرگەن چاۋۇش ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ دېيەلەيمىز؟

— دېيەلمەيمىز، — دېدى ئوسمان چوڭ، — مېنىڭ چاۋۇشنى ئاتقانلىقىمنىمۇ ھېچكىمگە دېيەلمەيمىز. بۈگۈن كېچىمۇ يەنە باستۇرۇپ كىرەر، مەن يەنە ئاتىمەن.

— يارايسەن! — دېدى پەرھات موللام.

— خىزىر ماڭا: بۇ كۈرەشتە يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن كېتىپ قالغانلار قايتىپ كېلىشى كېرەك، دېدى. شۇڭلاشقا، مەن بىزدىن كەتكەنلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ باقاي، بىزگە قايتىڭلار، ۋەزىيەت ئۆزگەردى، دەيمەن.

پەرھات موللام چوڭقۇر خورسىنىپ:

— ئاھ، ئوسمان ئاغا، ئاھ، — دېدى، — ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكېلەلمەيسەن. بەلكى كەتكەن يەرلىرىدە ۋەيران بولۇپ يۈرۈشكەندۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكېلەلمەيسەن. خىزىر ماڭىمۇ: ئۇلار بىزگە قايتىپ كەلسە بەك ياخشى بولىدۇ، دېدى. ئاھ، ئوسمان ئاغا!

ئۇلار شەھەرگە كىرىشتى. ئەلى ساپا باينىڭ رەقىبى تىلكى ئوغلى خېلىل ئاغىنى ئالدىغا سېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا باردى. دېھقانلارغا ئارام بەرمىگىنىنى، بىزنى تاڭ ئاتقۇچە ئوققا تۇتقانلىقىنى ئېيتىپ شىكايەت قىلىشتى. ھاكىم بىر ئىلاجىنى قىلىشقا ۋەدە بەردى، خەتتات كوزان پەتخى ئەپەندىگە تېلېگراما يازدۇرۇپ ئەنقەرەگە يوللىدى.

بازار ئىچى غۇلغۇلىدا ئىدى. ئەلى ساپا باينىڭ ئۆز ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ۋايۋاي يېزىسىغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى، رەمزى چاۋۇشنىڭمۇ بارلىقى، سەكسەن ياشلىق ئوسمان چوڭنىڭ



قاراڭغۇدا تاپانچا بىلەن رەمزى چاۋۇشقا ئوق ئېتىپ تىزىدىن يارىدار قىلغانلىقى ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا يۈرەتتى.

رەمزى چاۋۇش شۇ كۈنىلا ئادانادىكى ھەربىي دوختۇرخانىغا ئەۋەتىلگەنىدى.

ئوسمان چوڭ ئالدىدا، باشقىلار كەينىدە كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىرىدا دۇكاندارلار، گەزمالچىلار، تۆنىكچىلەر، موزدۇزلار، تۆمۈرچىلەر كوچىغا چىقىپ ئوسمان چوڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى. ئاياللارمۇ، بالىلارمۇ ئوسمان چوڭنى كۆرۈش ئۈچۈن كوچىغا چىقىشتى. ئوسمان چوڭ شەھەردىن چىقىپ كەتكۈچە بېشىنى كۆتۈرمىدى ... ئۇنىڭغا تىكىلگەن يۈزلەرچە كۆزنىڭ بېسىمى ئاستىدا قورۇناتتى، ئېزىلەتتى. ئۇ بەكمۇ ئىزا تارتقان ھالدا شەھەردىن قايتتى.

## 13

ئادىم بويى پاكار، يۈزى يۇمىلاق، بويىنى قىسقا، يۇمىلاق كۆز، نېپىز كالپۇكىنى چىڭ يۇمۇپ يۈرىدىغان ئادەم ئىدى. پاچىقى، قولى، بارماقلىرى، گەۋدىسى ھەممىلا يېرى دىقماق ئىدى. قولىدا بەكمۇ ياخشى بىر گېرمانكىسى بار. ئۇنىڭ ئاچ سېرىققا مايىل چاچلىرى خۇددى كىرپىنىڭكىدەك تىك تۇراتتى.

ئادىم بىر بۇلۇڭدا خاتىرجەم، قىمىر قىلماستىن، ھەتتا تاماقمۇ يېمەستىن خېلى كۈنلەرگىچە ئولتۇرالايتتى.

ئۇ ئەلى ساپا باينىڭ ئۆيىگە يۈتىگىدىن ئالتە ئاي بۇرۇن كىرگەنىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن توشقان، كەكلىك، سۇلۇن، غاز، تورنا ئوۋلايتتى. ئوۋلىغىنىنى ئاناۋارزادىكى ئاغىلارغا، بايلارغا ئەكېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. يىل بويى قىش دېمەستىن، يامغۇر، پاتقاق دېمەستىن، كېچە - كۈندۈز دېمەستىن تۈزلەڭلىكتە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئادەملەر ئۇچرىتىپ باقمىغان ئاجايىپ قۇشلارنى ئېتىپ ئەلى ساپا بايغا ئەكېلىپ بېرەتتى.

بەكمۇ يېخشىق بولغان ئەلى سايا باي ئادىم ئەكەلگەن ئاجايىپ قۇشلارنى كۆرۈپ خۇشال بولاتتى ۋە پۇل خالتىسىنى ئاچاتتى. ئادىم بىر كۈنى ئاجايىپ قۇشلاردىن بىرقانچىسىنى ئېتىپ ئەلى سايانىڭ جاڭگىلىغا كەلدى. قۇشلار ھەر خىل رەڭگە ئۆزگىرەتتى، تۇمشۇقى، پاچىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ئىدى. ئەلى سايا باي كۆرۈپ باقمىغان بۇ قۇشلارغا قاراپ:

— كاشكى، بىرەرى تىرىك بولسىچۇ، — دېدى.

كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغ ئىدى. ئادىم سىلتىسقىنى مۈرىسىگە ئېسىپ ئاقچىسارغا باردى. ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ قولىدا ھېلىقى ئۇزۇن پاچاقلىق قۇشتىن بىرى خۇددى ئۇۋىسىدا ياتقاندەك راھەتلىنىپ ياتاتتى. قۇشنىڭ بېشى ئالچىپار، كۆزلىرى قىزىل ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئادىم ئەلى سايا باينىڭ جاڭگىلىدا قېلىپ قالدى. ياكى ئادىم ئەلى سايا باينىڭ ئالدىدا، مەن بۇ جاڭگىلدا قېلىشنى خالايمەن، قالسام بولامدۇ؟ دەپ سورىمىدى، ياكى ئەلى سايا باي سەن بۇ يەردە قال، دېمىدى. ئادىم گويا مۇشۇ جاڭگىلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك ياشاپ قېلىۋەردى. ئۇنىڭغا جاڭگىلدىكى مېھمانخانىنىڭ كەينىدىن كىچىك ئىككى ئېغىز ئۆي ئاجرىتىپ بېرىلدى. ئۇ خۇددى ئۆزى سېلىۋالغان ئۆيىدەك كىرىپ ئورۇنلىشىۋالدى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىر خوتۇنتى باشلاپ كەلدى. بۇ ئايال ئادىمغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ئۆزى دىقماق، گەپ - سۆز قىلمايدىغان، چەكچىيىپ تۇرىدىغان، چىقىر كۆزلۈك، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ يۈرىدىغان بىر ئايال ئىدى. ئادىم ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئادىم باينىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالدى. ئادەم قورقۇتۇش، يېزىغا ھۇجۇم قىلىش، قاراقچىلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش، قاراقچىلىق قىلىش ... ئىشقىلىپ، قىيىن ئىشلارنىڭ ھەممىسىگىلا باي ئادىمنى ئەۋەتەتتى. ئادىممۇ باينىڭ بۇ ئىشەنچىسىنى ئاقلايتتى. ئۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەرقانداق بىر ئىشنى دەل جايىدا ئورۇنلايتتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوۋچى



ئادىم ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدىكى دېھقانلارنىڭ بېشىغا بالا بولدى. ۋايۋاي يېزىسىغا خېلى زۇلۇم سالدى. شۇڭا، دېھقانلار ئۇنىڭدىن بەكمۇ بىزار بولغانىدى.

ئۇنىڭ قولىدىكى گېرمانكىسى بەكمۇ خىل ئىدى، شۇڭا ئاتقىنىنى يىقىتاتتى. سىلتىسقىنى گويا ئايالىدەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى دەپ سېرىققا مايىل چاچلىرى تىك تۇراتتى.

بۇ كۈنلەردە ئادىم بەكمۇ خاپا ئىدى. تورۇق ئاتنىڭ كەينىدىن شۇنچە كۈندىن بېرى چېپىپ يۈرسىمۇ، تېمىشقىدۇر ئاتقا زادىلا يېقىنلىشالمايۋاتاتتى. گويا بۇ ئاتنىڭ مىڭ كۆزى، مىڭ قۇلىقى باردەك، ئەڭ ئاستا ھەرىكەتلەرنىمۇ، غۇۋا سايىلەرنىمۇ يىراقتىنلا بايقىۋالاتتى. كىچىككىنە بىر شەپىنىمۇ ئاڭلىۋالاتتى.

ئۇزاقتىن بېرى ئادىم قومۇشلۇق ئارىسىغا مۆكۈپ، تورۇق ئاتنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتۈشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئات كەلمىدى. ھەتتا قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى ... ئادىم ساقلاشقا كۆنۈك ئىدى. ئۇ سەۋرلىك، بەش كۈن، بىر ھەپتە، ھەتتا ئون كۈن مىدىر قىلماستىن ساقلىيالايتتى. ئەمما، بۇ ئات ئادىمنى سارالڭ قىلىۋەتتى.

ئۇ، تۈزلەڭلىكتە بىر - ئىككى قېتىم ئاتقا دۇچ كەلدى. سىلتىسقىنى يەتلەپ بولغۇچە كۆزدىن غايىب بولدى. «بۇ ئاتقا نېمە بولغاندۇ؟ نەگە كەتكەندۇ؟» ئادىم ئەندىشىگە چۈشتى. شۇنچىلىك تېز، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كۆزدىن غايىب بولغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئاتقا چوقۇم بىر نەرسە بولغان. بۇ ئاجايىپلا بىر ئات. ئادەمگىمۇ ئوخشىمايدۇ، جىن - پەرىلەرگە ئوخشايدۇ ... سېھىرلىك ئات. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە قورقۇشقا باشلىدى.

يېرىم كېچىدە ئاتنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. ئاۋاز قومۇشلۇقتىن كېلىۋاتاتتى. يىراقتىن توپا توزۇتۇپ، تۆپە تەرەپكە كېتىۋاتقان ئاتنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئادىم قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى. ئۇ نەچچە كېچە ئۇخلىمىغانىدى، بېشى قومۇشنىڭ

يىلتىزىغا قويار ــ قويمايلا قېتىپ ئۇخلاپ كەتتى.

ئۇ ئويغانغاندا كۈن چىققانىدى. ئاقچەسازنىڭ ئۈستىنى بىرىمى چاڭ، يېرىمى بۇلۇتتەك بىر خىل تۇمان قاپلىۋالغان، ئاناۋارزا بۇ تۇماننىڭ كەينىدە غۇۋا كۆرۈنەتتى. يەر ئۈستىدىكى تۇمان بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ئادەم قومۇشلۇقتىن چىقىش بىلەن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى، ئات تېرىدىلا، دۆڭنىڭ ئۈستىدە قويۇق چاڭ ــ تۇمان ئىچىدە مىدىرلىماستىن تۇراتتى. تۇمان ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقىلاتتى. ئادەمنىڭ يۈرىكى سوقۇشقا باشلىدى. ئات ئۇنىڭغا بىر ئۇق يېتىمى ئارىلىقتا يېقىن كەلگەنىدى. شۇ زامان مىلتىقنى بەتلەپ قارىغالىدى ــ دە، تەپكىنى باستى. ئوقنىڭ ۋىڭىلدىشى بىلەنلا ھەممە نەرسە تۇماندا غايىب بولدى. ئادەم دۆڭگە يۈگۈردى. ئۇ ئاتنىڭ تېپىرلاپ يېتىشىنى كۆرمەكچىدى ھەم شۇنى كۈتەتتى. ئاتنىڭ بېشىنى كېسىپ توپتوغرا ئەلى سايا باينىڭ ئالدىغا ئاپارسا، «دۆشمەنلىرىڭنىڭ، ۋايۋاي يېزىسىدىكىلەرنىڭ ئۆمرى مۇشۇنداق بولسۇن، باي » دېسە، باي ئۇنى رازى قىلاتتى، ئېتىمىزدىن ــ ئېتىمىز، مالدىن ــ مال، پۇلدىن ــ پۇل بېرەتتى. ئۇ ئۇن بەش دۈنۈملۈك يەر تەلەپ قىلاتتى، باي ھەرگىز بەرمەي قويمايتتى، چوقۇم بېرىدۇ ... ئەمما دۆڭگە چىقىپ ھاڭ ــ تاڭ قالدى. ئات يىراقتىكى جىرالاردىن ئاناۋارزا قىيالىقلىرىغا چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇنچىلىك تېز چاپاتتىكى، ھەر سوزۇلسا قارنى يەرگە تەگكەندەك كۆرۈنەتتى. ئادەم ئورنىدا قېتىپلا قالدى. ئۇ خېلىغىچە جىرالاردا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاتقا قارىدى. ئات ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. تۇمان ئاستا ــ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئات ئاناۋارزانىڭ تۈۋىنىدە كىچىككىنە بىر چېكىتتەك كۆرۈنگۈچە قاراپ تۇردى. ئات كۆزىدىن يىتكەندىن كېيىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. ئۇ ئاچچىقىدىن سارالڭ بولاي دېگەنىدى. كېيىن قورقۇشقا باشلىدى. بۇ ئاتتا سىرلىق بىر ئىش بولمىسۇن يەنە. يەرلەر، جىنلار، ئەۋلىيالار



ئات سىياقىغا كىرىۋالغان بولسا ... شۇنداق. يېقىندا تۇرغان ئاتنى ئاتالماسلىق ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەمدى بىر ئات تېپىش كېرەك. شۇ تورۇقتەك يۈگۈرۈك ئات بىلەن قوغلاش كېرەك. يېقىنلاشقاندا ئاتدىن ئاتسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇل بىلەن بۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلايتتى. ئەتىلىككە بايدىن يۈگۈرۈك ئاتتىن بىرنى سوراش كېرەك، بىراق ئاتنى ئۆلتۈرەلمىدىم دەپ قايسى يۈزى بىلەن باينىڭ ئالدىغا بارىدۇ؟ ئەپسۇس، باشقا چارىسى يوق.

ئادەمنىڭ تاپىنى ئىششىپ كەتكەن، شالۋۇرىنىڭ پۇچقىقىنى جىغانلار يىرتىۋەتكەن، ساڭگىل ــ سوڭگۇل ئىدى، يۈز ــ قوللىنى تىكەنلەر تىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئىلاجىسىز ھالدا جاڭگالغا قاراپ ماڭدى. مېھمانخانا ئالدىغا كەلگىنىدە، باي يېڭىلا ئويغىنىپ پېشايۋاندا يۈز ــ قوللىنى يۇيۇۋاتاتتى. يات بىر قىز ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. ئادەم بىر چەتتىرەك تۇردى. ئۇ بولسا باينىڭ « ئادەم نېمە ئىش بولدى ؟» دەپ سورىشىنى كۈتەتتى. بىراق، باي ئۇنى كۆرمىدى. يۈز ــ كۆزىنى قۇرۇق لۆڭگىدە ياخشىلاپ سۈرتۈپ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. باي ئادەمنى كۆرمىگەچكە، ئۇ باينىڭ كەينىدىن پەلەمپەيدىن چىقىپ توختىدى. باي ئۇزۇن ئۈستەلدە بىرنەچچە كىشى بىلەن قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن ئادەمنى كۆردى:

— نېمە بولدى؟ بۇ يەرگە كەلگىنە ! — دەپ چاقىردى.

ئادەم ئۈستەلگە قاراپ ماڭدى. ئۇ باينىڭ چىرايىغا قارىيالمايتتى. باي ئۇنىڭ ئاتنى ئاتالمىغىنىنى سەزدى ۋە يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— مەن سىلەرگە دەپ بەرگەن ھېلىقى ئۇستا مەرگەن مۇشۇ، — دىدى ئۇ. — بۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇۋاتقان، يۈگۈرۈۋاتقان ھەر قانداق نەرسە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. ھازىر مەن ئۇۋچىلارنىڭ ئۇۋچىسىنىڭ چىرايىدىن ئاتنى ئاتالمىغىنىنى بىلدىم، بۇ قانداق گەپ؟ سۆزلەپ بەرگىنە ! — دېدى.

ئادىم بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرىگە ياش تولغانىدى. مۇبادا بىر ئېغىز سۆز قىلسىلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇ ئاخىر تىترەك ئاۋازدا:

— بۇ ئاتنىڭ مىڭ كۆزى، مىڭ قۇلىقى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ، — كارامەت ئات ئىكەن، خۇددى شامالنىڭ ئۆزى، قۇشمۇ يېتەلمەيدۇ. مەن پەقەت بىرلا قېتىم ئۇنىڭغا يېقىنلىشالىدىم. چۈنكى، ئۇزى يېنىمغا كېلىپ، ماڭا تىكىلىپ تۇردى. ئۇ ئۆق ئېتىشىم بىلەن تەڭلا غايىب بولدى. مەن ئۇنى جەزمەن يىقىلدى، دەپ ئويلىغانىدىم، شۇنداق قارىسام، ئاناۋۇ ئارزا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتامدۇ، مەن زادىلا بىلەلمىدىم. بەلكى ئۇ ئات ئەمەس ...

ئەلى ساپا باي ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئادىم، ئۇ بىر ئات، — دېدى، — ئۇ، ئۇ شۇنداق بىر ئاتكى ... بۇ ئات ئادەم بالىسىدىن ئەقىللىك.

— ئەگەر ئۇ راستىنلا بىر ئات بولسا، ئات سىياقىغا كىرىۋالغان پەرى يا جىن بولمىسا، ياكى سېھىرلەپ قويۇلغان بولمىسىلا مەن ئۇنى چوقۇم ئاتىمەن، باي.

باي ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى، ئۇستەلدىكىلەر توختىماي كۈلۈشەتتى.

— ياللا ئادىم، بۇ ئات سېنى تۇگەشتۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى باي ئاخىر، — نېمە ئىش بۇ؟

— راست، تۇگەشتۇرۇۋەتتى، بۇ ئات پەرى ...

— ياق، ئادىم، ياق ! — دەپ سۆزىنى كېسىۋەتتى باي.

— چوقۇم تەگمىدى ئەمەسمۇ، باي.

— ئۇ يەكمۇ يوگۈرۈك ئات، ئادىم، ئادەتتە شۇنداق تېز يۈگۈرىدىغان ئاتلارغا ئوقايلىقچە ئوق تەگمەيدۇ.

ئادىم بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— باي ئاتا، ماڭا بىر ئات بەرگىن، ئات بىلەن قوغلىسام بەلكى تۇتۇۋالارمەن.

— ئات قورۇسىغا بېرىپ ئۆزۈڭ تاللىۋال. ئەمما، ئۇمىدىڭ



بىكار، ئادىم، ئۇ ئاتنى سەن ئاتلىق قوغلاپمۇ تۇتالمايسەن، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

ئادىم بۇ يەردىن سۆرىلىپ چىقىپ ئۆيىگە كىردى. باينىڭ سىلىق - سىپايىلىكى ئۇنى تۇگەشتۇرۇۋەتكەنىدى. چۈنكى، باينىڭ ئاۋازىدىن يوشۇرۇن مازاقنى سەزگەنىدى. ئۇ توڭگۈزنى ئاتالىقمۇ تۇتقىلى بولماسمۇ؟ ئات ئەمەس، جىن - پەرى، پەرى بولمىسا ... باي جىن - پەرىلەرگە ئىشەنمەيدۇ. ئەجەبا، بۇ ئات سېھىرلىك بولمىسا ...

ئات قورۇسىدا يوغان ئاق بوز ئات بار. شۇ ئاتقا مىنىپ قوغلاش كېرەك. ئۇ تورۇقنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم بېرەر.

ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر قورقۇنچ بار ئىدى. چۈنكى، ئۆمرىدە ئېتىشتىن خالاپ تۇرۇپ ئاتالمىغان بىردىنبىر جانلىق نەرسە بەلكى مۇشۇ ئاتتۇ. بۇ كېچە ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى. ئايالى ئادەتتە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە سورىمايتتى. شۇڭا، ئۇلار سۆزلەشمىدى.

## 14

پەرھات موللامنىڭ قاپقارا بۇدۇر ساقىلى تىترەپ كەتتى. ئوت چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرى چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى. ئاپتاپتا كۆيگەن سوزۇنچاق چىرايلىق يۈزى تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئوسمان چوڭنىڭمۇ قورۇق باسقان يۈزى غەمكىن ئىدى.

يوبار ئوغلى ھەسەن نارلى يېزىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قاشالىرى ئېگىلىپ، تورۇسىنىڭ قومۇشلىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئۆتمىتۈشۈك، ۋەيرانە بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۆيدە بىر كارىۋات، بىر سايال قاچا، ئۈچ - تۆت دانە ھېجىر، بىر دانە كورىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۈچ يالىڭنىڭ ھەممىسىلا ئاغرىق بولۇپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا بورىنىڭ

ئۆستىدە ئېگىرشىپ ياتاتتى، يوباز ئوغلىمۇ ئورۇقلاپ، تۈگىشىپلا كەتكەنىدى. يۈز - قوللىرىدىكى جاراھەتلەر ئەدەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كۆلۈپ تۇراتتى. باشقىلارنى گويا ئۆزىگە ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئائىلى ئۆيىدە ماتەم بولغاندەك پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ ئۆزۈلۈپ كېتەي دېگەن ئۆيگە كۆنەلمىگەندەك، كۆيۈپ كەتكەن ئۆيىنى، ئۇ ئوت كەتكەن كۈننى ئۇنتۇيالمىغاندەك ئىدى.

ئوسمان چولاق گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، تىترەك ئاۋازدا:

— ئوغلۇم ھەسەن، پەرھات موللام بىلەن سېنى يوقلاپ كەلدۇق. بۇ يۇرتلاردا مۇسايىرچىلىقتا يۈتىگەدىن ئارتۇق ۋەيرانچىلىقنى يەنە تارتمىغايسەن. قارىغىنا ئۆلتۈرغان ئۆيۈڭگە! جېنىڭنى باققۇدەك ھالىڭ يوق، بۇ يەرگە نېمە دەپمۇ كەلگەنسەن؟ دېھقانلار ساڭا نېمە قىلدى؟ بۇ يەردە ئاچلىقتىنمۇ ئۆلۈپ قالارسەن. ئادەم ھايات - ماماتلىقتا ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن بىر يەردە جەم بولغىنى ياخشى، بىز سېنى ئەكېتىشكە كەلدۇق. بۇ يەردىن بىر ھارۋا تېپىپ بالىلارنى ئېلىپ يېزىمىزغا كېتەيلى.

ھەسەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يا پەرھات موللامغا، يا ئوسمان چوڭغا قارىمىدى، نېمە ئويلاۋاتقىنىنىمۇ بىلدۈرمىدى. چىرايىدىن ھېچ نەرسىنى بىلىپ بولمايتتى.

ئوسمان چوڭدىن كېيىن پەرھات موللام سۆزلەشكە باشلىدى، ئاخىر:

— ھەسەن، سېنى يېزىغا ئەكەتمەكچىمىز! — دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى.

ھەسەن ئاخىر بېشىنى كۆتۈرگەندە يۈزى تونۇغۇسىز ھالەتكە كىرگەنىدى. كۆزىدە لىق ياش، چارىسىز قالغان كىچىك بالىغا ئوخشايتتى.

— ئۇ يېزىغا قايتىپ بارالمايمەن، — دېدى ھەسەن.

— بارىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان چولاق، — ئېشەكنى



ھەيدەپ ئېلىپ ماڭغاندەك ئاپىرىمىز.

— مەجبۇرىي بارىسەن، — دەپ ئوسمان چوڭنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى پەرھات موللام.

— بارالمايمەن! — دېدى ھەسەن قوللىرىنى قويىنىغا تىقىپ بالىلاردەك پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— چاۋۇشتىن قورقما، — دېدى ئوسمان چولاق، — چاۋۇشنى بىزنىڭ يېزىدا ئېتىۋەتتى. قانداق دېمەمسەن، باشمالتىقىمچىلىك توڭگۇز ئوقى بىلەن، ئىككى يۈز ئەللىك يىللىق تاپانچا بىلەن ئاتتى. يېزىغا كېچىدە باستۇرۇپ كىرگەن چاۋۇشنى ئېتىپ، تىزىنىڭ لېپىكىنى چىقىۋېتىپ، كالىدەك ھۆركىرىتىۋەتتى. ھازىر ئۇ ئادانادىكى دوختۇرخانىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ، كالىدەك ھۆركىرەۋاتىدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، قېرىنداشىم، توڭگۇز ئوقى تېگىپ تىز لېپىكى سۇنغان ئادەملا شۇنداق ۋارقىرايدۇ. مۇستاپا كامال پاشاغا قالتىس بىر تېلېگرامما يوللىدۇق. خۇدانىڭ ياخشى بەندىسى پەرھات موللام، دېنىڭ، ئىمانىڭ ھەققىدە بىر سۆزلىگىنە، تېلېگراممىنى قانداق يازدۇق؟ خەتتات كوزان ئوغلى پەتخى نېمىلەرنى يازدى؟ سەن دەپ بەرگىنە! پەتخى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۆزى ھەم ياۋاش، ھەم ياخشى ئادەم، ئەمما يازغىنى تاشنى ئېرىتىدۇ. پەتخى مۆلايىم ئادەم، ئەمما كوزان ئوغلى - دە! پەتخى كۆلدىكى تۈگىمەس سۇ، شۇنداققۇ؟ مۇستاپا كامالغا نېمە دەپ يازغىنىنى سەن سۆزلەپ بەرگىنە موللام، ھەسەن بىلىپ قالسۇن. ئۇ شۇنداق دەپ يازدى: سەن ۋەتەننى نېمىدەپ قۇتقۇزغانىدىڭ؟ ژاندارمىلار، چاۋۇشلار، فېئودالارنىڭ قالدۇقلىرى ھەر كۈنى ئاخشىمى يېزىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ بىزنى ئوققا تۇتسۇن، غورۇرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلسۇن دەپ ئازاد قىلغانمىدىڭ؟ بۇ سۆزلەرنى كىم يازدى؟ كوزان ئوغلى پەتخى يازدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاغىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ بىزنى ئوققا تۇتۇشى جىنايەت. بۇنىڭغا چارە قوللىنىش كېرەك، دەپ يازدى. مانا بۇلارنى كوزان ئوغلى پەتخى

يازدى. ھەسەن، يېزىغا قايتقىن. سەن كۆرد ئوغلىسەن. داداڭمۇ باتۇر ئادەم ئىدى. سەن تېخى قىزىلباشنىڭ ئوغلىسەن. قىزىلباشلار قورقماس كېلىدۇ. ھەيۋەت تاغلاردىكى بۈركۈتلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئاجايىپ شوخ ناخشىلارنى ئېيتىدۇ، ئاڭلىغانلار ھاياجاندىن بارمىقىنى چىشلىشىدۇ ...

ئوسمان چوڭ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكۈچە سۆزلىدى. كوماك ئاغزىدىن تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى. قاپ تېغىدىكى ھېكايىنى، قاراڭغۇلۇقنى، قاراڭغۇلۇق تېمىغا ئۇسۇۋالغان يولۇچىلارنى، ئاخىر قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە چۈشكەن قىلىچتەك ئۆتكۈر نۇر ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

— ئەمدى نېمە دەيسەن، ھەسەن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ تەرلەپ كېتىپ ئالدىنى ئېچىۋەتتى. مەيدىسىدىكى ئۇزۇن ئاق تۈكلىرى سىلىندى، بارماقلىرىدىن ئاچچىق تەر يۇرايتتى. — يۇسۇپنى قۇدۇقتىن چىقىرىۋالغان خۇدا بىر كۈن كېلىپ بىزنى كۆرمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ھە، ئەمدى نېمە دەيسەن ھەسەن؟

ئۇنىڭدىن كېيىن پەرھات موللام سۆزلەشكە باشلىدى:

— يۇسۇپنى قۇدۇقتىن چىقىرىۋالغان خۇدا ھېچقاچان ياخشى بەندىلىرىنى يامان كۈنگە قويمايدۇ. بىز بىر تەرسىنى بىلىپ سېنى يېزىغا چاقىرىۋاتىمىز. ئوسمان چوڭ نېمە دېدى؟ قاپ تېغىدا يولۇچىلار يوللىرىدىن ئادىشىپ قاراڭغۇلۇق تېمىغا ئۇسۇۋالغان، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالغان. ماڭىدىغان يولمۇ يوق. ئەنە شۇنداق جىددىي پەيتتە قىلىچ ئۆتمەيدىغان، تەپەس ئالغىلى بولمايدىغان قويۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە بىر دەستە نۇر چۈشكەن ئەمەسمۇ؟ شۇ ياشقا كەلگەن ئوسمان ئاغا بۇ نۇرنىڭ قانداق نۇر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ھەم شۇ نۇرغا ئىشىنىدۇ ... ھەي يوباز ئوغلى، يەنە شۇنداق يولۇچىلارمۇ بولۇپ ئۆتكەن. ئۈچ كىشى چۆلدە كېتىۋېتىپ سۇسىز قاپتۇ، ئۇسساپ ئۆلەي دەپتۇ، كۆتىمۇ ئولتۇرماسقا قاپتۇ. ئۇچىلىسىنىڭ تىللىرى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ



كېتىپتۇ. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرگەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا يېشىل چىمەنلىك ئىچىدە بىر قۇدۇق بار ئىكەن ... سۈيىمۇ بار ئىكەن. بىراق يولۇچىلار بۇ قۇدۇقنى كۆرەلمەيدىكەن، قۇدۇق بىر چەتتە قېلىپ ئۇلار باشقا چەتكە ماڭىدىكەن. كېيىن ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بىر ئاق قۇشنى كۆرۈپتۇ. يولۇچىلاردىن بىرى — ئوسمان ئاغامدەك ئۇزۇن ياشىغان، ھەممە ئىشنى بىلىدىغان بىر كىشى: «قۇش ئۇچقان تەرەپكە ماڭايلى، قۇش توپتوغرا سۇ بار يەرگە قاراپ ئۇچىدۇ. قانىتىنى قېقىشىغا قاراڭلار، ئۇمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قاپتۇ» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قۇشنى ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. بېرىپ قارىسا، چىمەنلىك ئىچىدە بىر قۇدۇق تۇرغان ... ئۇلار سۇدىن ئىچىشىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. مانا بۇ ئوسمان چوڭ ئاق قۇشنى كۆرۈپ، ساڭا كەلدى، ئاق قۇش سۇغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى سەن نېمە دەيسەن؟ يېزىغا قايتىپ كېتەمسەن - كەتمەمسەن؟

— ئاق قۇش توغرىسىدىكى تەمسىلنى خوپ ياخشى دېدىڭ، موللام، — دېدى ئوسمان چوڭ خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ، — بۇنىڭدىن ئارتۇقراق مىسالنى تاپقىلى بولمايدۇ. مانا ئەمدى ئاق قۇش ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. قارىغىنا يوباز ئوغلى ھەسىنىم، قارىغىنا قىزىلباشىم، ئاق قۇش ھاياتلىق سۈيى بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاققا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ. يېزىغا قايت!

ئۇلار كۆپ سۆزلىدى. جىق تەمسىلنى كەلتۈردى. بىراق، يوباز ئوغلى بەكلا قورقۇپ كەتكەچكە، ئۇنى يېزىغا قايتىشقا كۆندۈرەلمىدى. ئۇلار يوباز ئوغلىنىڭ ۋەيرانە ئۆيىدىن يەكمۇ خاپا ھالدا ئايرىلدى.

يولدا ئاتلىرىنى ياندىتىپ مېڭىشتى. ئۈن - تىن سۆرمىدى. ئۇلار ئاناۋارزاغا، تۆۋەنكى دوملۇ قەلئەگە قاراپ يول ئېلىشتى.

— ئۇلار قايتىپ كەلمەيدۇ، — دەيتتى پەرھات موللام، — كەلمەيدۇ، ژاندارمىلاردىن قورقىدۇ. بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە جان قايغۇسى كىرىپ قالدىمۇ بولدى، ياخشىلىق كۈتمىسەڭ بولىدۇ.

ئوسمان ئاغا.

پەرھات موللام يول بويى سۆزلەپ ماڭدى، ئوسمان چوڭ بىر ئېغىزمۇ سۆز قاتمىدى.

ئۇلار كېچىنى ھاجىلار يېزىسىدا ئۆتكۈزدى، پەرھات موللام توختىماي سۆزلەيتتى، ئوسمان چوڭ بولسا ئۈن چىقمايتتى.

تاڭ ئېتىش بىلەن ئۇلار دوملۇق قەلئەگە قاراپ يولغا چىقىشتى، پەرھات موللام ھاجىلار يېزىسىدىن چىقىش بىلەن:

— بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟ جىمجىت كېتىۋاتىسىز، ئوسمان ئاغا؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، جىمجىت كېتىۋاتىمەن. بىراق شۇ نەرسىنى ئويلاۋاتىمەن، مەندىكى ئاق قۇشنى نەدىن بىلدىڭ؟

— ئۆزۈڭ دېدىڭغۇ، ئوسمان ئاغا.

— نەدە كۆردۈڭ؟

— كۆرمىدىم، ئوسمان ئاغا، ئەمما سەن ئۈمىدۋارسەن، مەنمۇ ئۈمىدلىكمەن، سەن بىلمىدىغان بىر نەرسە بار، دەپ ئويلايمەن.

— بار، موللام، مەن بىلمىدىغان قانداق نەرسە دېمەمسەن؟

ئوسمان چوڭ ئىچ - ئىچىدىن تىترەيتتى، ئاھ، شۇنى بىر دېيەلىگەن بولسام، دەپ ھەسرەت چېكىپ قىيىنىلاتتى. چىرايى بىر تۇتۇلۇپ، بىر ئېچىلاتتى. بىردەم خۇشاللانسا، بىردەم غەمگە پاتاتتى.

ئۇ ئاخىر شۇنداق دېدى:

— ئۇ شۇنداق بىر ئاق قۇشكى، قالتىس بىر ئاق قۇش! پەرھات موللام، كارامەت بىر قۇش! بىر ئاق شۇڭقارنىڭ ئۆزى، پەرھات موللام!

ئۇ كېيىن ئۆزىچە پۇشايمان قىلدى. پەرھات موللام ئاق شۇڭقارنى ئەسلىسىلا ئاق قۇشنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ - دە.

— كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى پەرھات موللام.

ئەتىسى ئۇلار سارىچام دېگەن يەرگە يېتىپ باردى. دېھقانلار



تاشلىق، ھەم شورلۇق بىر چوڭقۇرغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ۋەيرانە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي ۋە چۆرىدەپ كىچىككىنە تام سوقۇۋالغانىدى. بىر قىسمى كونا كىگىز ئۆيدە، يەرلىرى كەپە تىكىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلارنى ئۆز يېزىلىقلىرى بەك قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشى كونىراپ كەتكەن، ئورۇقلىغان، بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان. باللار ھەممىسى دېگۈدەك بەزگەك بولغانىدى.

ئوسمان چوڭ كونا يېزىلىقلىرىنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ بەكمۇ بىئارام بولدى، كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىدى. پەرھات موللامنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى.

ئوسمان چوڭ بىرئاز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— سىلەرنىڭ بۇنداق يامان كۈنگە قالغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ يۈرىكىمىز سىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەرھات موللامنى باشلاپ، ئاللانىڭ بۇ ياخشى بەندىسى بىلەن بىللە سىلەرنى ئەكېتىشكە كەلدىم.

خېلى ۋاقىتقىچە ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. كېيىن ئابدۇراخمان سۆزلىدى:

— ئۆيلىرىمىز كۆيۈپ كەتكەن تۇرسا، قانداق قايتالايمىز؟ ئېتىزلىرىمىزنى تارتىۋالسا، قىزلىرىمىزنى ئەپقاچسا، چارۋىلىرىمىز بوغۇزلانغان، ئادەملىرىمىز ئۆلتۈرۈلگەن تۇرسا ... يەنە ئۇ يېزىدا تۇرغۇدەك ھالىمىز بارمۇ؟ بىزنى قانداق قىلىپ يېزىمىزغا ئاپارماقچى بولىدۇڭ، ئوسمان چوڭ؟ ئەلى ساپا ئۆلدىمۇ؟ ياكى بىز بىلەن ئەپلەشمەكچىمۇ؟ يا بولمىسا ھۆكۈمەت بىزنى ياقلاپ چىقتىمۇ؟ ياكى مەمەت ئاۋاق يەنە پەيدا بولۇپ قالدىمۇ؟ بىزنى يېزىغا ئاپارغۇدەك قانداق ئۆزگىرىش بولدى؟

ئوسمان چوڭ مەمەت ئاۋاق دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن يايراپ كەتتى، ئۈمىدلەندى، ئەمما قانداق قىلسۇن، دېيەلمەيدۇ - دە، ئاھ! ... پەرھات موللام بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى ۋە مەنىلىك قارىشىۋالدى. ئوسمان چوڭنىڭ ئىچى تىخىمۇ پۇشۇپ كەتتى.

سۆزلىشۈپتەيمۇ؟

ئۇ سۆزنى باشلىدى، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلىدى. يالۋۇرۇپ باقتى، تەھدىت سالدى، ۋارقىرىدى، نەسىھەت قىلدى، يېقىملىق سۆزلەرنى قىلدى. قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقان نۇرنى سۆزلىدى. ئايلاندۇرۇپ نەچچە رەت سۆزلىدى. ئاق قۇش تەمسىلىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تەمسىللەرنىمۇ سۆزلىدى.

ئۇنىڭدىن سۆزنى پەرھات موللام تارتىۋالدى. ئۇمۇ سۆزلىدى. يېزىدا چاۋۇشنىڭ ئېتىلغانلىقىنى، ئەمدى يەنە يېزىغا زادىلا كېلەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلىدى، يەنە بىرمۇنچە تەمسىلنى توقۇدى. پەرھات موللامنىڭ مەۋلۇت ئوقۇپ ئادەتلەنگەن ئاھاڭى بەكمۇ تەسىرلىك ئىدى. موللامنىڭ توقۇغانلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرغانلار ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىشتى. موللام چىرايلىق ئاۋازى بىلەن قۇرئاندىكى ئەرەبچە ئايەتلەرنى ئوقۇپ، مەنىسىنى يېشىپ بەردى. ئايەتتە دېھقانلارنىڭ ئۆز يېزىسىغا قايتىشى كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنتاتتى.

ئۇلار كەچ كىرگۈچە ئاۋارە بولۇشىمۇ دېھقانلارنى ۋايىۋاي يېزىسىغا قايتىشقا كۆندۈرەلمىدى. ئوسمان چولاق ئۇلار تەييارلىغان كەچكى تاماقنى يېمەستىن:

— سىلەردەك ئادەملەرگە مىڭ لەنەت! — دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خاپىلىقىدىن دىر ـ دىر تىترەيتتى، يۈزى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. پەرھات موللام ئۇنى پەس قىلىشقا تىرىشاتتى، يىقىلىپ چۈشۈپ توساتتىن ئۆلۈپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇ ئاران دېگەندە ئوسمان چولاقنى تىنچىتىپ ئېتىغا مىندۈردى. ئۆزىمۇ ئېتىغا مىنىپ، شۇنچىلىك قاتتىق خاپا بولۇشلارغا ھەيران بولۇپ تۇرغان دېھقانلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. تەمكىن، تۆۋەن ئاۋازدا دانە ـ دانە قىلىپ دېدى:

— سىلەر ئەسلىدىمۇ ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغاندىڭلار. سىلەرگە دەپ قوياي، ئەمدى ئاللانىڭ قارغىشىغىمۇ ئۇچرايسىلەر. مەيلى، بۇ گىياھ ئۈنمەس شورلۇق، تاشلىقتا



ئۆلگۈچە ياشاڭلار، ۋايىۋاي يېزىسىنى بەربات قىلدىڭلارغۇ ئاخىر.

دېھقانلار بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى. تۇرغان يېرىدە قىمىر قىلالمىدى، شۇ پېتى كۆزى يانغۇچە تۇرۇشتى.

ئاي تېخى چىقمىغانىدى. قاراڭغۇدا ئاتلىقلار سۆزلەشمەستىن بېرىم كېچىگىچە يانمۇيان مېڭىشتى.

ئوسمان چولاقنىڭ مېڭىسىگە: پەرھات موللام مەمەت ئاۋاقنى بىلگەنمىدۇ يا بىلمىگەنمىدۇ؟ دېگەن خىيال كىرىۋېلىپ زادىلا چىقمايتتى. بىر تۇرۇپ، بىلمىسە بۇ ئادەم شۇنچىمۇ خۇشال بولاتتىمۇ؟ دەپ ئويلايتتى. بىر تۇرۇپ، پەرھات موللام نېمىنى بىلسۇن، ئەسلىدىمۇ خۇشخۇي ئادەم، دەپ دەسلەپكى خىيالىدىن يالتىياتتى. يەنە تۇرۇپ، دەپ باقايمۇ يا، پەرھات موللامۇ بىلسە، مەمەت ئاۋاقنى كۆرسە، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسە، دەيمۇ ئويلايتتى. «دېسەم نېمە بولاتتى، پەرھات موللام خائىنلىق قىلمايدۇ» دەپ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتەتتى، بىردەمدىن كېيىنلا «ئادەم بالىسى خام سۈت ئەمگەن، ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ ۋاز كېچەتتى. «مەمەت ئاۋاق» دېگەن سۆز تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلەتتى ـ يۇ، يەنە يۇتۇۋېتەتتى.

ئاخىر چىداپ تۇرالماستىن، «مەمەت ئاۋاق» دەپلا توختاپ قالدى.

— مەمەت ئاۋاققا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى چۆچۈپ پەرھات موللام.

ئوسمان چولاق بىردەم دۇدۇقلاپ، ئاندىن:

— پەرھات موللام، — دېدى ـ دە، يەنە توختاپ قالدى.

خېلىدىن كېيىن يەنە: «پەرھات موللام» دېدى. يەنە ئويغا پاتتى: «بۇ پەرھات موللام نەدىن كەلگەن، قانداق ئادەم؟ كىمنىڭ نېمىسى؟ ۋايىۋاي يېزىسىدىن ئۆيلەنگەن، تۇغقىنىنىڭ قىزىنى ئالغان. ئەمما زادى كىم؟ ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ ئەمەسمۇ؟»

— پەرھات موللام!

— خوش، ئوسمان ئاغا.

— پەرھات موللام، مەمەت ئاۋاق ھازىر ئامان بولغان بولسىدى ...

— مەمەت ئاۋاقنى ئۆلدى دەپ ئويلىمەن، ئوسمان ئاغا.

— ياق، مۇنداقلا دەپ قويدۇم. مەمەت ئاۋاق بۇرۇنقىدەك تاغدا بولغان بولسا بىزگە ياردەم قىلغان بولارمىدى؟

پەرھات موللام كامىل ئىمانى بىلەن:

— ئۇ باتۇر، ياخشى يىگىت، پاك بىر ياردەمچى، چوقۇم پايدىسى تېگەتتى، — دېدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە تاغدا بولغان بولسىدى، — دېدى ئوسمان چولاق، — ياكى ساق - سالامەت يېنىمىزدا بولغان بولسىدى، ھېلىقى قاراڭغۇلۇقتا چۈشكەن نۇردەك يورۇقلۇق بېرەرمىدى، موللام؟

— بېرەر ئىدى.

— ئاق قۇشچۇ؟

— مۇنداق ئادەملەرنى ئاق قۇش دېسە بولىدۇ، — دېدى پەرھات موللام، — بۇلار ئاق قۇشقا ئوخشاش ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ. قەلەيچىنى قانداق ئۆلتۈردى، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئەلى ساپانى نېمە كۈنگە سالمىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— كاشكى، يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، — دېدى ئوسمان چولاق، — چىقسىلا مۇشۇ ئەلى ساپانىڭ جېنىنى ئالسا، ئەلى ساپا قىمىر قىلماستىن تۈگەشسە ...

## 15

ئۆيىنى سەيران قىزغا بېرىشىپتۇ. سەيران قىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر دۈشمەنتىنىڭ بېشىغىمۇ كەلمىسۇن. مەمەت ئۆيىنى كۆرۈپ يىقىشنى بەكمۇ خالايتتى، بەرگەن ئىتىزلىقى نەدە بولغىيدى؟ ئۇنىمۇ ئەلى ساپا ئىلىۋالدى - دە. بۇ ئەلى ساپا زادى



قانداق ئادەمدۇ؟ شۇنچە كۆپ يەرنى ئىگىلەپ نېمە قىلماقچىكىن؟ ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە پادىشاھلىق قۇرماقچىمۇ؟ ئوسمان چولاق نېمە دېگەنىدى؟ ھە، مۇشۇ ئاناۋارزا قىيالىقلىرىنىڭ ئۈستىدە ئەرمەن خاقانلىرىنىڭ قەلئەسى بار، دەيتتى. ئۇ زامانلاردا پۈتۈن چۇقۇر ئوۋا ئەرمەن خاقانىغا تەۋە ئىكەنمىش، ئەمدى ئەلى ساپا شۇنداق قىلماقچىمۇ؟

ئەلى ساپانىڭ ئىنسابسىز، زالىم، ئادەم بالىسى راۋا كۆرمەيدىغان ئىشلاردىن يانمايدىغان مەخلۇقلۇقىنى، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى ئوسمان چولاق مەمەتنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ سۆزلىگەنىدى. ئۇ يەنە چۇقۇر ئوۋادىكى ئاغىلار، بايلار ھەققىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز سۆزلەپ بەردى. مەمەت بۇلارنى ياخشى بىلەتتى، ئوسمان چولاق تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئايان بولدى، تېگى - تەكتىنى بىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ ئاغىلارغا غەزىپى بارغانسېرى قايناپ تاشاتتى. ئۇنىڭغا ئاغىلارنىڭ ھەرقانداقى ئابدى ئاغىدىنمۇ يەتتەر بىلىنەتتى، بولۇپمۇ ئەلى ساپا ... ھازىر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. ئاغىلار ئۇنىڭ دۈشمىنى. چۇقۇر ئوۋادا ئابدى ئاغىنى قانتى ئاستىغا ئالغان دەل مۇشۇ ئەلى ساپا ئىدى. بۇ ئاغىلار، بايلار ئەسلىدە بىر - بىرى بىلەن شۇنچىلىك دۈشمەنلىشىدۇ، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە دوست ھەم بولالايدۇ. ئابدى ئاغىنىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنى ساراڭ قىلغىلى تاس قالدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار قاراقچىلار ئەترىتى قۇرۇپ، ئاختۇرمىغان تورۇس تاغلىرى، ئۆڭكۈر ۋە يېزىلار قالمىغانىدى. ئەگەر قېچىپ قۇتۇلمىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئۇلار تاغۇ، دەشتلەردە مىڭلاپ دېھقان، يۈزلەپ ژاندارمىنى ئىشقا سالدى. ئۇلار مەمەت چوڭنى، ھاجى تۆرىنى، قاراقچى دۇرمۇشنى ئىزدەيتتى. ئىزدىگەن ئادەمنى تاپالماستىن ساراڭلاردەك تەلۋىلىشەتتى. نەدە بولسا تېپىپ ئۆلتۈرۈشكە ئەھدە قىلىشاتتى. ئۆلگۈچە ئابدى ئاغا بولماستىن،

بەلكى ئۆزلىرىدەك ھېس قىلىشىپ، ئەسلا يولدى قىلىشمايتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەلى سايا دېھقانلارغا شۇ قاتارلىق قاتتىق زۇلۇم سايتۇ - دە. نېمىشقا ئارىدىن بىرەرى چىقىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتمىغاندۇ؟ ئادەملەر ھەممىسىلا قورقۇنچاق بولۇپ كەتكەن. چۈقۇر ئۇۋادىكى دېھقانلارنىڭ تولىسى مۇشۇ كۈنلەردە زۇلۇمنىڭ دەستىدىن باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن ۋە بىرەر يەر تېپىپ يەرلىشىش ئۈچۈن تەمتىرەپ يۈرگەن، ۋاپۇاي يېزىسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بوشاپ قالغانىدى. ئۇلار ئەلى سايادىن شۇنچىلىك قورقۇپ كېتىشكەنىدىكى، بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قارىساڭ، گويا يېزىدا بىرمۇ ئادەم قالماي كۆچۈپ كېتىدىغاندەك ... قورقۇشتىن يۈرەكئالدى بولغان دېھقانلار قېچىش كويىدا. ئوسمان چوڭ بۇ قورقۇپ كەتكەن دېھقانلارنى قانداقمۇ تۇتۇپ قالالىسۇن؟ ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىئارام بولاتتى. ئوسمان چوڭ ئاقمازار دېگەن يېزىنى، شۇ يېزىدىكى ئىدرىس ئاغىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئىدرىس ئاغىنىڭ ئەھۋالىغا يۈرەك چىدىمايتتى. ئىدرىس ئاغىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ قىيىتىغان باي مۇستاپا كامال پاشانىڭ يېقىن سەپدىشى ئارىپ سايىم بەگ ئىكەن. بۇ بەگنىڭ ماشىنىسى بارمىش، چۈقۇر ئۇۋانىڭ توپىلىق يوللىرىدا ماشىنا بىلەن يۈرەرمىش. مەمەت ماشىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا كۆرۈشكە خۇشتار ئىدى. شۇنچە چوڭ چۈقۇر ئۇۋادا يالغۇز بىرلا ئادەمنىڭ، يەنى ئارىپ سايىم بەگنىڭ ماشىنىسى بارمىش. دېھقانلار، ھەتتا ئاغىلارمۇ ئارىپ سايىم بەگدىن قورقارمىش، ئەلى سايانىڭمۇ قورقىنىدىن ئۇنى تاشارمىش ...

مەمەت قاراڭغۇ بۆلۈڭدا مىلتىقنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ بۇلارنى ئويلايتتى. يېپىقلىق دېرىزە يوچۇقىدىن كۈننىڭ ئۇزۇن شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ نۇر سوزۇلۇپ بېرىپ يوقىلاتتى. بورۇقلۇق ئىچىدە مىڭلاپ چاڭ - توزان قىمىلدايتتى. مەمەت بىرنەچچە قېتىم ئوڭ قولىنى نۇر شولىسىغا تۇتتى. قولى



زورايغاندەك، كۆچەلەڭگەندەك ئاجايىپ بىر خىل ھېسقا چۆمدى. يېزىلىقلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى، ئۈمىدسىزلىكى ئۇنىڭ قەلبىگىمۇ ئاستا - ئاستا سىڭىشكە باشلىدى. ئۇمۇ بۇ يېزىلىقلاردەك قاراڭغۇلۇق تېمىغا كىلىپ ئۇسوۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

مەمەت پەرھات موللامنى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئىككى قېتىم كۆردى. ئۇ زادىلا موللىلارغا ئوخشىمايتتى. يۇمىلاق ياسىتىلغان بۇدۇر ساقىلى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان قارا كۆزلىرى، بۇدۇر چاچلىرى، بۈركۈتنىڭكىدەك بۇرنى كىشىدە ئىشەنچ تۇغدۇراتتى. ئوسمان چوڭنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھارغان، مۇرىسىگە خالتا ئاسقان، خالتىسى كىيىم ۋە كىتابلار بىلەن تولغان پەرھات موللام ئاناۋارزا تەرەپتىن مۇشۇ يېزىغا كەپتىكەن. شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر بوش ئۆينى مەسچىت قىلىپ، دېھقانلارنى تەرەۋى نامىزىغا چاقىرىپ ئۆزى ئىمامەتچىلىك قىپتىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ يېزىنىڭ موللىسى بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. دىن ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمەيدىكەن. نامازنى ئۆتەتكۈزۈپ بولۇپلا ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولىدىكەن. ئۇ ۋاپۇاي يېزىسىدىكى بىر قىزغا ئۆيلەنگەن. قىزغا قاراشلىق ئازراق يېرى بولغاچقا، ئىماملىق قىلغىنى ئۈچۈن ھەق ئالماستىن، شۇ يەرنى تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن.

دېھقانلار دەسلەپ ئۇنىڭدىن ئۈركۈگەن، تارتىنغان، كېيىن بارا - بارا ئۆگىنىپ قالغان ۋە ئۆز ئادىمى قاتارىدا كۆرگەن. پەرھات موللام گويا سېھىرگەردەك ھەممىسىلا قايىل قىلدى. ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا خۇددى سېھىرگەرگە قارىغاندەك قارىشاتتى. ئوسمان چوڭمۇ بىر ياقتىن ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى ھەم ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭدىن تارتىناتتى ھەم ئۈركۈيتتى. چۈقۇر ئۇۋانىڭ ئاغىلىرى ۋاپۇاي يېزىسىغا بىر موللامنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ خېلىلا قىزىققانىدى. كېيىن

بىرىپ - بىرىپ ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ زىيانسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئەسلىرىدىن چىقىرىشقانىدى. پەقەت پەرھات موللامنىڭ كېلىشكەن سۈمباتى پۈتۈن چوقۇر ئوۋاغا تارقىلىپ، بارغانسېرى ئاياللارنىڭ ئاغزىغا چىققانىدى. يىراقتىكى يېزىلاردىن — ئادانادىن، كوزاندىن، تەرسۇستىن، ھەتتا مەرسىندىن، ئىسكەندەروندىن تىلتۇمار پۈتكۈزۈش باھانىسى بىلەن ياش قىزلار، چوكانلار ئۇنى كۆرۈشكە كېلەتتى. پەرھات موللام پۈتۈپ بەرگەن تۇمارلىرى ئۈچۈن ھەق ئالمايتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇنىڭ داڭقى پۈتكۈل چوقۇر ئوۋاغا تېخىمۇ پۇر كەتكەنىدى.

مەمەت ئايىغى چىقماس قالايمىقان خىياللار ئىچىدە قاراڭغۇ ئۆيدە جىمىكى نەرسىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى.

ئەمدى بۇ يېزا ئۆزىگە مازار بولۇپ قالارمۇ؟ ئەگەر ئوق تەگسە نەرىگىمۇ تېگەر؟ قانداق ئۆلۈم بىلەن ھاياتى ئاخىرلىشار؟ ئۆلۈم بىر خىل قاراڭغۇلۇقمىدۇ؟ ئۇنداقتا قانداق قاراڭغۇلۇق؟ ئۇيقۇدەكمۇ يا؟ ئۆلۈم يارىسى قاتتىق ئاغرىمىدىغاندۇ؟

تۇرۇپلا ئۆلۈمدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، خۇددى ئۆلۈم باستۇرۇپ كەلگەندەك يۈرىكى جىغىلدايتتى، تىترەيتتى، پۈتۈن بەدىنى — چېكىسىدىن تىرناقلىرىغىچە تىكەنلىشىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنى خېلىدىن بېرى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ قويغانىدى. بىراق، ئۆلۈمنىڭ قانداق كېلىشىنى زادىلا جەزم قىلالمايتتى، شۇڭا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقاتتى.

ئۇ تۇتۇلمىغان، ژاندارمىلارنىڭ قولىغىمۇ چۈشمىگەن، سوتچىنىڭ ئالدىغىمۇ كەلمىگەنىدى. ژاندارما، تۈرمە، سوتچى ھەققىدە خەدىچە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن، خەدىچە بۇلارنى سۆزلەۋېتىپ: «مېنىڭ مەرتەم ئۆلۈمنىڭ قۇربانى بولاي، مەمەت» دېگەنىدى.

بەزىدە مەمەت خاپىلىقنىڭ كۈچىدە مەسكىنىپ كېتەتتى - دە، «كۆرەش قىلىپ ئۆلىمەن» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە



ئۆچ ئېلىش ھەسرىتى ئەسلا بېسىلمايتتى، بۇ ئابدى ئاغا بىلەن تۈگىمىگەن. ئۇ ئۆچ ئېلىش ئەزىيىتىنى ۋۇجۇدىغا سىغدۇرالمايتتى. ئۇنىڭ خاپىلىقى، غەزەپ - نەپرىتى ساقچىدىكى چاۋۇشقا — ھېلىقى يوبار ئوغلىنى ئۇرغان چاۋۇشقا، ھۆكۈمەتكە، ئەلى ساپاغا، ئارىپ سايىم بەگكە قارىتىلغان، ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسىمۇ كىشىلەردىن كىشىلەرگە يۆتكىلەتتى.

مەمەت بەزىدە ئۆزى كۆرمىگەن، بىلمەيدىغان ئەلى ساپا بىلەن خىيالەن كۆرەش قىلاتتى، ئۇنى ئۆلتۈرەتتى. كاللىسىنى كېسىپ ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتاتتى - دە، تاغلارغا چىقىپ كېتەتتى. ئوسمان چوڭ «شۇڭقارىم، بىزنى قۇتۇلدۇردۇڭ، دېھقانلارغا جان بەردىڭ» دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلايتتى. ئاقمازار دېھقانلىرىمۇ ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ توي - بايرام قىلاتتى، مەمەت مانا بۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئوق ئاتقاندەك، ئادەم ئۆلتۈرگەندەك، كاللا كەسكەندەك قارا تەرگە چۆمۈلەتتى.

كېيىن بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تېمىغا ئۆسەتتى. ئوسمان چوڭ بۆگۈنگىچە تىنچ كەلدى. مەمەت يېزىغا كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىنى، ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ھەر خىل گەپ - سۆز، ھەرىكەت بىلەن ئەگىتىپ دېمىگەن ئادەمى قالمىدى. ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بېرىلاتتى، ھەممە ئادەمگە ئىچىگە سىغمىغان بۇ چوڭ سىرىنى ۋارقىراپ - جارقىراپ دېمەي چىدىمايتتى. ئۇ بۇنى دېمىش بىلەن نېمە بولماقچى؟ ئاغىلار، بايلار، ھۆكۈمەت ئاڭلايدۇ - دە، بولمىدىغان ئىش شۇ چاغدا بولىدۇ. ئۇ بۇ يەردە خېلى تۇرۇپ قالدى. يەنىلا ئوسمان چوڭ باتۇر چىقتى. ئۇنىڭ كەلگىنىنى ھەممە ئادەمگە ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەشكە جېنى تاقىلداپ تۇرسىمۇ، ھېچكىم تۈيمىدى. بىلمەي قالدى. ئەمدى بۇ يەردە ئارتۇق تۇرۇشقا بولمايدۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئىشىك ئالدىغا كېلىپ يوچۇقىدىن تالاغا قارىدى. بىر مېكىيان ئون بەش - يىگىرمىچە چۈجىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ھويلىدىكى توپىلاردا ئېغىنايتتى. ئارقا يولدىن بويى

— بولىدۇ، — دېدى مەمەت. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەنسىزلىك چۈشتى. چوقۇر ئوۋا تۈزلەڭلىكىدە ژاندارما بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ئاخىر ئۆلۈپ تۈگىشەر. ئەمدى كەچ كىرىشىنى ساقلاش كېرەك. قېچىشتىن باشقا ئامال يوق. كەچ كىرىشكە يەنە قانچىلىك ۋاقىت بار؟ ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۈنگە قارىدى. كۈن ئولتۇرغانىدى، دېمەك، ئاز قالدى دەپ خۇشاللاندى. كېتىشنىڭغۇ كېتەر، بىراق كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۆزىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەن بىر ئادەم بىلەن خوشلاشماستىن، مۇڭداشماستىن قانداقمۇ كېتىدۇ؟ ئوسمان چولاق ئۇنى ئانىسى ۋە خەدىچە ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى - دە.

## 16

ئەلى ساپا باي مېھمانخانىنىڭ سۇپىسىدا خاپىغان ھالدا ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىپ، ئۆزىچە سۆزلەيتتى ۋە غودۇڭشىيتتى.

— ئاتقان ئاش كۆزلىگەن قۇشقا تەگمەيۋاتىدۇ، — دەپ ھەسرەتلىنەتتى ئۇ، — بۇ كۇرەش قاچانغىچە داۋاملىشار؟ يەرلەر بوش تۇرۇۋېتىدۇ. كارغا كەلمەيدىغان بۇ دېھقانلار يا ئۆزلىرى بىرتەرەپ قىلمىدى، يا بىزگە قويۇپ بەرمىدى.

زەينەل سۇپىغا قويۇلغان كارىۋاتتا شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. ئەلى ساپا باينىڭ ئاچچىقىنىڭ ئۆرلىشى ۋە پەسىيىشىگە بېقىپ ئۇنىڭ رەڭگىرويىمۇ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئەلى ساپا باي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوتلىغۇچە بۇ ھالەت داۋام قىلدى.

ئەلى ساپا باي زاڭلىق قىلىپ ۋارقىرىدى:

— ھە، قېنى زەينەل، ۋايىۋاي يېزىسىدىكىلەر بۇ يىل ئەتىيازدا كۆچۈپ كەتمەكچى ئەمەسمىدى؟ بۇنى ياخشى بىلەتتىڭغۇ. ئەجەب ياخشى بىلىپسەن - دە! قېنى ھېچ نەرسە بولمىدىغۇ. نېمە بولغىنىنى بىلەمسەن، زەينەل؟ ئوسمان چولاق



بىلەن پەرھات موللام ئۇلارنى ۋايۋاي يېزىسىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال يوباز ئوغلىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، كېيىن سارىچامغا ... يېلىنىپتۇ، يالۋۇرۇپتۇ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلەلمەپتۇ. سەن تېخى بۇ يىل ئەتىيازدا يېزىدا ھېچكىم قالمايدۇ دېگەنىدىڭ، ئەمدى نېمە بولدى، زەينەل؟

— خۇدا ھەققى، بىلمىدىم، باي، نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيمەن، ئويلايمەن، تەكشۈرىمەن، لېكىن نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەلمەيمەن. يوباز ئوغلىنىڭ ئۆيى كۆيۈپ، ھەر كۈنى كېچىسى يېزىغا مۆلدۈردەك ئوقلار چۈشكەندىن كېيىن يېزىدا دېھقانلار تۇرالماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمما، نېمە بولغاندۇ؟ زادىلا بىلەلمىدىم، باي. دەسلەپ ئوتتۇرىغا ئوسمان چولاق چىقتى، كېيىن پەرھات موللام ... ھەممە نەرسە بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. قورقۇپ تۈگىشىپ كەتكەن دېھقانلارغا جان كىردى. خۇدا ھەققى، باي، بۇلارغا بىرنېمە بولدى، بىراق نېمە بولغاندۇ؟

— ئەخمەق ھاكىم، يۈزبېشى، ھۆكۈمەتتىن باشقا بىرى يەنە ئۇلارنى بىزگە كۈشكۈرتكەن بولمىسۇن؟ كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ھەممىسى قولىمىزدىكى ئۆز ئادەملىرىمىز تۇرسا، يا ئارىپ سايىم بەگمىدۇ؟ ... شۇ بولمىسۇن يەنە! ئەگەر ئارىپ سايىم بەگ بولىدىغان بولسا، تۈگەشكىنىمىز شۇ. بۇ يەرلەرگە ئارىپ سايىم بەگنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن ... مۇبادا كۆزى چۈشسە، ۋايىۋايلىقلارنى بىزگە قارشى كۈشكۈرتۈپ قويامدۇ تېخى!

— ئارىپ سايىم بەگ توغرۇلۇقمۇ ئويلىدىم ھەم تەكشۈرۈپ باقتىم. بۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋال ئۇ ئوسمان چولاق بىلەن بىر قېتىم سۆزلەشكەندىن باشقا، ھازىرغىچە بۇ يېزىدىن ھېچكىم بىلەنمۇ كۆرۈشمەپتۇ.

— پەرھات موللام بىلەنچۇ؟

— كۆرۈشمەپتۇ.

— بۇ پەرھات موللامغا نېمە بولغاندۇ؟ تا بۈگۈنگىچە بىرەر ئىشقا ئارىلاشقىنىنى ئاڭلىمىغان.

— ئۇنى بەك قاتتىق خاپا بولدى دېيىشىدۇ، ئات ئۈچۈن بەكمۇ ئاچچىقلاپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىنىڭ ھەر كۈنى كېچىسى ئوققا تۇتۇلۇشىغا، يوباز ئوغلىنىڭ كۆرگەن كۈنىگە خاپا بوپتۇ. ئاتنىڭ تۈزلەڭلىكتە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياشلار تۆكۈلۈپتۇ. چاۋۇشنى ئاتقان كىشى ئوسمان چوڭ دېيىشىدۇ. ئوسمان چوڭ بۇرۇن مۇنداق ئەمەس ئىدى. چاۋۇشنى ئېتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، يېزىنى ئوققا تۇتقاندىمۇ ئۆيىدىن بېشىنى چىقىرىپ قويمايتتى.

— ئوسمان چوڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئارىپ سايىم بەگدىن كەلدىمۇ يا؟ بەگ مۇنچىلىك پەس ئىشنى قىلماس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ۋالىۋاي يېزىسىدىكى يەرلەرگە ئېھتىياجلىق ئەمەس، يەنە كېلىپ مەن بىلەن ناھايىتى ياخشى. ئەگەر ۋالىۋاي يېزىسىدىكى يەرلەر لازىم بولسا، ئۆزۈمگە دېگەن بولاتتى. ياق، ياق، ھېچبىر ئادەمنى خىيالىمغا كەلتۈرەلمەيۋاتىمەن. بەلكى پەرھات موللام مەددەت بېرىۋاتامدۇ يا؟

— بەلكى شۇنداقتۇ، بىراق پاكىتىمىز يوق. مېنىڭچە، بۇ قارشىلىق ئوسمان چوڭدىن باشلاندى.

ئۇ ئوسمان چوڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلىدى. بايراملىق كىيىملىرىنى، غاڭزىسىنى، يېزىدا ھېچكىمگە گەپ - سۆز قىلماستىن ئۈچ كۈن كۈلۈمسىرەپ يۈرگىنىنى، يوباز ئوغلىنىڭ ئۆيى كۆيگەندە كۈلۈپ يۈرۈپ تاماكا چەككەنلىكىنى، ھەممىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئەلى سايا باي كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇرۇپ:

— ئوسمان چوڭنىڭ تېمىشقا شۇنداق ئىشلارنى قىلىشىنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى.

— ئۇ بەك جەسۇر ئادەم، — دەپ جاۋاب بەردى زەينەل، — كۆزى ئۆتكۈر، ئون بەش قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان، پۈتۈن بەدىنى يارا ... قىسقىسى، ئەقىللىك. بەزىدە بولسا غەلىتە ئىش، ئاجايىپلا قورقۇنچاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق چاغدا قولىدىن تېنىنى



تارتىۋالغىلى بولمىدۇ. يەنە بەزىدە كارامەت جەسۇر بولۇپ كېتىدۇ. غەزىپىدىن ئادەم يېنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جېنىنى بەكمۇ ئايايدۇ ... مەنمۇ بۇ ئادەمنى چۈشىنەلمەي كېتىمەن.

ئەلى سايا باي قولىنى ئېڭىكىگە ئاپاردى، ئېڭىكىنى، بويىنىنى تاتىلىدى.

— بىزمۇ كۆپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇق، لېكىن ئۆلگۈسى كەلگەن كاپىرلاردەك ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى بىلەن ئويناشمىدۇق. كىشىلەرنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىلىۋالمىدۇق. بۇ قېرى ئىتتەك دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن ئويناشمىدۇق. مىللەتنىڭ چاۋۇشنى ئاتمىدۇق. بۇ قېرى ئىتنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار. يەنە ھېلىقى ئەسلىي نامەلۇم موللامۇ؟ ئۇ ئىمامىمۇ، قاراقچىمۇ؟ جاجىسىنى يېسۇن! ئۇلارغا كۆرسىتىمىز، زەينەل، چوقۇم كۆرسىتىمىز، تاكى جېنى تۇمشۇقىغا كەلگۈچە، جېنىدىن تويغۇچە كۆرسىتىمىز. ۋالىۋاي يېزىسىنى ئۇلار ئۈچۈن دوزاخ قىلىپ، ئاندىن قوغلايمىز. يا بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن دوزاخ بولىدۇ، يا يەرلىرىنى تاشلاپ ماڭىدۇ. دېگىنە زەينەل، ئىشنى نەدىن باشلايمىز؟

— بىر پىكرىم بار، ئاغام، — دېدى زەينەل، — ياغمۇر ئاغىغا بېرىپ دېسىلى، يېزىدا قانچىلىك ئات بولسا شۇنچىلىك — ھەممىسىنى ئوغرىلاتسۇن.

— ياخشى پىكىر، — دېدى ئەلى سايا باي خۇشاللىق بىلەن، — ئوغرىلانغان ئات بېشىغا بىر لىرا پۇل بېرىمەن، مېنىڭ ئادەملىرىممۇ ياردەم قىلىدۇ، زەينەل، سەنمۇ ياردەم قىل.

— ياردەم قىلىمەن، باي.

— ئاتلار ئىشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. يا ئۇلار باش ئېگىپ: «يائاللا، ۋايتوۋا» دېيىشىپ يېزىنى تاشلاپ كېتىدۇ ياكى بولمىسا ... ساقلاپ تۇرۇشسۇن، بالا - قازانىڭ چوڭىنى كۆتسە بولىدۇ.

زېنەل كۆزلىرىنى يۇمۇپ، لېۋىنى تامشىپ:
— يالا ـ قازاغا يولۇقسۇن! — دېدى.
— بۇگۈن كېچە مەن ياغمۇر ئاغىنىڭ قېشىغا بارىمەن، سەن مەھەددىنلى يېزىسىغا ۋە چىكچىك يېزىسىغا بارغىن ۋە بىزنىڭ تۇغقانلارغا ئېيتقىن، بۇگۈن كېچە يېزىنى يەنە ئوققا تۇتسۇن. شۇنداق قاتتىق ئوققا تۇتسۇنكى، ھەر كۈنى كېچىدە يېزىغا ياستۇرۇپ كىرگۈچىنىڭ چاۋۇش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالسۇن.
— ھازىر ماڭىمەن، باي، — دېدى زېنەل. ئۇ سۆپىدىن چۈشۈپ ئېتىغا مىندى ـ دە، چاپتۇرۇپ كەتتى.
ئەلى ساپا باي كۆڭلىدە شۇنداق ئويلايتتى: مۇبادا ئۇلارغا ماڭا قارشى تۇرالىغۇدەك كۈچ ـ غەيرەتنى ئارىپ سايىم بەگ بەرگەن بولسا، ئۇ بۇ يەرلەرگە كۆز سالغان بولسا، ئۇنى يېڭىش تەس. ئارىپ سايىم بەگنى ياخشى بىلىمەن. ئاھىيىلىك ساقچىدا روتا كوماندىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بىنگوللۇق كۆرد، قارام، ئاچ كۆز، كۆزى ئۆتكۈر، ھەممىنى تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان ئادەم. ئادانانى فىرانسۇزلار ئىشغال قىلىۋالغان زامانلاردا فىرانسۇزلار بىلەن فوۋاي مىللەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى ئويۇنلارنى ئوينىغان. ئۇنىڭ كاللىسى قالتىس ئىشلەيدۇ ـ دە. بۈگۈنكى ئەنقەرە ھۆكۈمىتى — ئارىپ سايىم بەگ دېگەن گەپ. ئۇ مۇستاپا كامالنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى، ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلى. ئوسمان چوڭنى قۇتراتقان ئارىپ سايىم بەگ بولۇپ يۈرمىسۇن، خۇدايىم ساقلا! ئۇنىڭدىن باشقا كىم بولسا بولىۋەرسۇن، يەڭگىلى بولىدۇ. پەقەت ئارىپ سايىم بەگ قارشى چىقمىسىلا بولىدى ... ياق، ئارىپ سايىم بەگ دېھقانلارنى مۇنداق يوشۇرۇنچە كۈشكۈرتمەيدۇ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئارىلىشىدۇ. «ئەلى ساپا، دېھقانلارغا چېقىلما!» دەپ بىر ئەلچى ئەۋەتىدۇ. مانا شۇ چاغدا باتۇر بولساڭ دېھقانلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ كۆرۈپ باق. ھاكىمچۇ؟ ئۇنىڭدا مۇنچىلىك يۈرەك يوق. ئەمما، يەڭ ئىچىدە



سودا قىلىدىغان — سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان كىشىدەك قىلىدۇ. بۇ ھاكىمنى تېزرەك يوقىتىپ، ئورنىغا ئىشەنچلىك بىرىنى ئەكېلىش كېرەك. ژاندارما قوماندانى يۈز بېشى ... ئۇنىڭ ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق، ھېچ نەرسىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ بىر بىچارە، چۈش كۆرۈپ ياشايدىغان خامۇشلاردىن ... ئۇ تۇرۇپ تۇرسۇن. قالغان ئىش تەننىڭ سالامەتلىكى ...
ئۇنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى خۇشاللىق بىلەن تولماقتا. ۋايۋايلىقلار بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرۇپ يېزىدا بىرمۇ ئات قالمىغانلىقىنى كۆرسە، ئاتخۇمار ۋايۋايلىقلارنىڭ كۈنى ئېشەككە قالسا ... بىراق بىرلا تورۇق ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە يۈرمەكتە ... ئادەم ئۇنى ئاتالارمۇ؟ تورۇق ئات خىيالىغا يېتىش بىلەنلا ئۇنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. كېيىن باشقا كۆرۈنۈشلەرنى: دېھقانلار كېلىپ: «بىز ساڭا قىلدۇق، باي، سەن بىزگە قىلما! ئېتىزلار سېنىڭ. بىز ساڭا يامانلىق قىلدۇق، سەن رەھىم قىلىپ ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بەر، نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىپ چىقىپ كېتىمىز» دەيدىغان ۋاقىتقىچە بولىدىغان ئىشلارنى ئويلىدى.
بالىچاقا، ياش ـ قېرى ھەممىسى مېھمانخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلغان. ئۇ مېھمانخانىنىڭ بالكونىدا تۇرۇپ ۋايۋاي دېھقانلىرىغا قاراپ: «كېتىڭلار، سىلەرگە ئىككى كۈن ۋاقىت بەردىم، پەقەت ئىككىلا كۈن. ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى ئۇ يەردە مەنمۇ، ھېچكىممۇ كۆرمىسۇن. ئۈزۈمنىڭ يېرىمىدە مېنى قان قۇستۇردۇڭلار. شۇنچىلىك ھەققانىيەتسىزلىك قىلغان بارمۇ؟ ھەي قېرىنداشلار، تېرىپ ـ ئورۇمايدىغان بۇ ئېتىزلار سىلەرگە نېمە لازىم بولۇپ قالدى؟ ...» دېمەكچى بولاتتى. ۋايۋاي يېزىسىدىن كېيىن ... قاراچاللىققا يىلتىز تارتىش لازىم. قاراچاللىق بولسا بەش مىڭ دۆنۈملۈك يەر ... ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئاقچەسازدىن ئېتىز ئېلىش، كېيىن دېھقانچىلىق مەيدانى ... چۇقۇر ئوۋادا، ئاناۋارزادا چوڭ

بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىگە بولۇش بىر دۆلەتنى ئىگىلەش بىلەن باراۋەر. ھەي ۋايىۋاي دېھقانلىرى. ۋاي پەسكەشلەر، سىلەر مېنىڭ ئالدىمنى شۇ ئېگىز ئالا تاغدەك، دولدۇل تېغىدەك توسۇپ، قادىلىپ تۇرۇۋالدىڭلار. ئەمدى ماڭا يول بېرىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەن ئۈچۈن ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش. سىلەر ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس. ھەي ئادەملەر، ئالدىمدىن كېتىڭلار، چۇقۇر ئۇۋادا بوش يەرلەر تولۇپ تۇرۇپتۇ. ھەي يوبار ئوغلى، ئۆزۈن ياشا. ئەڭ چوڭ ياخشىلىقنى سەن قىلدىڭ ـ دە ... ئۇ ھەمىيىنىدىن يوباز ئوغلى بەرگەن ئون يەتتە دۆنۈملۈك يەرنىڭ خېتىنى چىقاردى. يەر خېتىنى خېلى ئۇزاققىچە قولىدا تۇتۇپ كۈلۈمسىرىدى. قولىدىكى بۇ نەرسە بولمىسا، ئۇنىڭ ئىشى قىيىنلاشقان بولاتتى.

— ۋەلى! — دەپ ئاستىنقى قەۋەتكە قاراپ ۋارقىرىدى. قارىقۇمچاق، ئېگىز بويلۇق، كەڭ شالۋۇر كىيگەن بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. — ۋەلى، ۋايىۋاي يېزىسىنىڭ يەرلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان ۋاقىت قاچان؟

— مۇشۇ ئاينىڭ ئون سەككىزى.

— گۇۋاھچىلار تولۇقمۇ؟

— تولۇق، باي ئاتا.

## 17

ئۇلار قۇرۇق قول ياندى، ئەمما ئوسمان چوڭ نىمىشقىدۇر خۇشال ئىدى. جىرالىقتا ئوسمان چوڭنىڭ ئېتى ئالدىدا، پەرھات موللامنىڭ كەينىدە كېلىۋاتاتتى. پەرھات موللامنىڭ كىشىدە ئىشەنچ پەيدا قىلىدىغان يۈزى، قارا بۇدۇر ساقىلى ئاپتاپتا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ چوڭقۇر ئويغا پاتقان، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغانىدى. گويا مۈگدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار جىرالىقتىن دۆڭگە چىقتى، ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرىغا، كۆزلىرىگە چىۋىنلەر



قونۇۋالغانىدى.

ھەر خىل ھەرە — ئېشەك ھەرىسى، مونچاقلىق ھەرە، قارا، سېرىق ھەسەل ھەرىسى پاتقاقلىقنىڭ ياقىسىدا، ئاتلارنىڭ قورسىقىغا كەلگۈدەك ئۆسكەن نەرگىس گۈللىرىنىڭ، يالپۇزلارنىڭ، قارىقاتلارنىڭ، ياۋا قىزىلگۈللەرنىڭ، رەيھانگۈللەرنىڭ ئۈستىگە قونۇپ شىرنە يىغىۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. ھەرىلەرنىڭ غوڭۇلدىشى بەكمۇ چوڭ ئاقچەسار پاتقاقلىقىدا خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك شاۋقۇنغا ئايلانغانىدى. بوز يىلانلار جىرالىقتا كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىغا تېگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. چوڭ ـ كىچىك يېشىل پاقىلار قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ، ئىسسىق ئاپتاپتا قاقلىنىپ نەپەس ئېلىشاتتى. ئاتلار ھەربىر قەدەم تاشلىغاندا بىر توپ چېكەتكە خۇددى ئېتىلدۇرۇلغان قوناقتەك سەكرەيتتى.

— يائاللا، — دېدى ئوسمان چوڭ، — يائاللا، بۇ ئەخمەقلەر نېمانچە قورقىدۇ، ۋاي ... ۋاي، ئۇلار شۇنچىلىك قورقۇپ كېتىپتۇكى، ۋاي ... ۋاي ...

يىراقلاردىن، ئاناۋارزا قىيالىقلىرىدىن قىرغاۋۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ قۇش توختاپ ـ توختاپ سايرايتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۈزمەي سايراشقا باشلىدى.

بىر توپ ئاق بۇلۇت ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە قارا سايىسىنى تاشلايتتى. بۇ سايە بەزىدە ئاقچەسارنىڭ ئېقىن سۇلىرىغا، يېشىل سازلىققا، بەزىدە سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئۆردەكلەرنىڭ ئۈستىگە، بۇغدايلىققا، ياۋا مېۋە دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىغا، ياۋا لەيلى بىلەن قاپلانغان تۈزلەڭلىككە چۈشۈپ، خۇددى تۇماندەك سۇلەمسىتتىن جەيھان دەرياسىغا، جەيھان دەرياسىدىن بوزكۆيۈننىڭ شورلۇق يانباغرىغا، ئۇ يەردىن ئۆكسۈزلۈ ئۈستىگە كۆچەتتى.

مەيىن شامال ئوسمان چوڭنىڭ ئۇزۇن ساقىلىنى ئويناتاتتى.

— ۋاي ئانامەي، ۋاي خۇدايىم، بۇلار بەكمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ، ۋاي ماكانسىز قالغۇرلار، بۇلار ئاچ قاپتۇ. بىر پارچە

نانغا زار بوپتۇ، تەمتىرەپتۇ، غۇربەتچىلىكتە قاپتۇ. شۇ ئەھۋالدىمۇ يەنىلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بېرىسىغا قارىيالماپتۇ. قورقاق ئادەمنىڭ ئۆيى ۋەيران بولۇپ كەتسۇن. بىر ئادەمگە چېقىلماستىن قورقۇتساڭلا بولدى، ئۆلگۈچە، قىيامەت قايىم بولغۇچە قۇل قىلىپ ئىشلەتسەڭمۇ غىڭ قىلمايدۇ. كۆزى قورققان ئادەم بولمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، پەرھات موللام؟ — دېدى.

پەرھات موللام جاۋاب بەرمىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىمۇ، ئاڭلىمىدىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

— قورقۇنچاق ئادەم ئادەم ئەمەس، ئادەمدىن ئۆزگە بىر مەخلۇق. قورقۇنچاق ئادەم يەر بىلەن يەكسان بولسۇن، شۇنداق ئەمەسمۇ، پەرھات موللام؟

پەرھات موللام يەنىلا جاۋاب قايتۇرمىدى، ئوسمان چولاڭ ئۇنىڭغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇنىڭغا نېمە دېيسەن، موللام؟ بەلكى قورقۇنچاق ئادەمنى ئادەم ھېسابلايدىغانسەن؟ قورقۇنچاق، ھەممە ئىشقا كۆزى قورقىدىغان ئادەم باشقىچە بىر مەخلۇق ئەمەسمۇ، پەرھات !؟

ئوسمان چولاڭ « پەرھات » دېگەن سۆزنى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئېيتتى، پەرھات موللام بېشىنى كۆتۈردى. سەل توم ۋە ۋەزمىن ئاۋازدا:

— قورقۇنچاق ئادەم ئىنساندىن باشقىچە بىر مەخلۇقتۇر ! — دېدى.

ئوسمان چولاڭ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئادەملەرنىڭ قورقماسلىرىمۇ بار. ھەرنېمە قىلساڭمۇ قورقمايدىغانلار بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، موللام؟

— شۇنداق !

— بىر ئىنسان بار. بويى كىچىككىنە، گەۋدىسى ئون ئىككى ياشلىق بالىنىڭكىدەكلا، ئەمما ئۇ ئانىسىنى ئۆلتۈرسىمۇ



قورقمايدۇ. سۆيگەن قىزىنى — ئاق ياخشى كۆرىدىغىنىنى ئۆلتۈرگەندىمۇ قورقۇشنى بىلمەيدۇ. ھۆكۈمەت، دېھقانلار، ئاغىلار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلسىمۇ، يامغۇردەك ئوققا تۇتسىمۇ يەنىلا پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا تاغلار دالدا بولالمايدۇ. قارا كېچىلەر، ئۆڭكۈر — غارلار، ئادەملەرمۇ ئۇنى ساقلاپ قالالمايدۇ. بىراق ئۇ يەنىلا مەزمۇت يۈرۈۋېرىدۇ، ھەرگىزمۇ نالە قىلمايدۇ. پەرھات موللام، ئۇ بىزگە ئوخشاش ئىتتەك كۈن كەچۈرمەيدۇ. ئادالەتسىزلىك مىڭ يىل، ئونمىڭ يىل، يۈزمىڭ يىل داۋاملاشسىمۇ، ئۇ يەنىلا دېۋىلەردەك تۇرىدۇ.

— قانچىلىق ئادالەتسىزلىكنى يىمىرىپ تاشلىيالايدۇ، شۇنداقمۇ، ئوسمان تاغا؟

— ئادالەتسىزلىكنىڭ قارىنىنى يىرىۋېتىدۇ، يانچىۋېتىدۇ، موللام. بۇ مۇشتۇمدەك بالا بىر بىچارىنىڭ، سەكسەن ئىككى ياشلىق قېرى ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ. بۇ كىچىك بالا كىرىپ قېرىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆيىدىن باشپاناھلىق ئىزدەيدۇ. بۇ مۇشتۇمدەك ئوغۇل ئۇ قېرى ئادەمنىڭ ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئەزىز كۆرىدىغىنىنى بىلىۋالغان.

ئوسمان چولاڭ بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ پەرھات موللامنىڭ چىرايىدا بىرەر ئۆزگىرىش بولارمىكىن دەپ يۈزىگە قاراپ — قاراپ قوياتتى. پەرھات موللام ھېچ نەرسىنى بىلدۈرمەيتتى. ھېچ نەرسىنى سەزمىگەندەك، چىرايىدا قىلچە ئۆزگىرىش كۆرۈنمەيتتى.

ئوسمان چولاڭ « ئەمدى بولدى » دەپ ئويلايتتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى بۇنىڭدىن باشقا قانداق دەپ بېرىش مۇمكىن؟ بۇ پەرھات موللام سەزگۈر ئادەم، گەپنىڭ بېشى چىققۇچە ئاخىرىنى چۈشىنىپ بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ بۇ ئوچۇق — ئاشكارا سۆزۈمنى قانداقلارچە چۈشەنمەيدۇ — ھە؟ كىچىككىنە، ئون ئىككى ياشلىق بالىدەك كۆرۈنىدىغان يۈرەكلىك ئادەم مەمەت ئاۋاق ئەمەسمۇ؟ ئانىسى، سۆيگىنى ئۆلتۈرۈلگەن،

ۋارقىرىدى، ئىچىدىن ئاۋاز چىقمىدى.

— قەمەر، ئانىسى، ھەي قەمەر، ئوتى ئۆچمەس قەمەر! پەرھات موللام بىلەن بىللە كەلدۇق.

پەرھات موللامۇ ئاتتىن چۈشتى. ئېتىنى ئىرىدىكى قاشاغا باغلىدى.

ئوسمان چولاق ئىشىك ئالدىغا كەلدى، ئىشىك ئوچۇق ئىدى. ئىچكىرىگە كىردى.

— قەمەر، ھەي ئانىسى، قېنى سەن؟

ئاۋاز چىقمىدى، ئۇ ئىتتىك مەمەت ياتقان ئويۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەمەت بالام، ھەي شۇڭقارىم، نەدەسەن؟ ئۈنۈڭنى چىقارغىنا! — دېدى ۋە جىم تۇرۇپ تىڭشاشقا باشلىدى، بىراق ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. ئويۇقنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ، قولى بىلەن مەمەت ياتقان يەرنى سىيپاشتۇردى، ھېچكىم يوق ئىدى. ئېغىلغا كىرىپ كەتكەندۇ دەپ ئېغىلغا يۈگۈرۈپ كىردى. پەس ئاۋازدا:

— جېنىم بالام، مەمەت، شۇڭقارىم، ھە دېمەڭچۇ، بىللە كەلگەن يات كىشى ئەمەس، پەرھات موللام، — دېدى ئۇ.

ئەتراپقا قۇلاق سالدى، ھېچقانداق بىر شەپە ئاڭلانمىدى.

ئوسمان چولاق ئۆزىچە «بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ، نېمىمۇ بولغاندۇ؟» دەپ پىچىرلاپ پىرقىراشقا باشلىدى. بۇ چاغدا پەرھات موللام ئىچكىرىگە كىرگەنىدى. ئۇ ئوسماننىڭ چولاقنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. پىرقىراپ يۈرگەن ئوسمان چولاقنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېغىلدىن ئۆيگە ئەكىردى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى، بىراق بۇ ئۆزۈلمىسىپ كېتىۋاتقان ئادەمدىن جاۋاب ئالالمىدى. ئوسمان چولاق بىردەمنىڭ ئىچىدە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمدى. پەرھات موللام ئۇنى بۇلۇڭدىكى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى. كۆيۈپتىن سۇ ئېلىپ



ئىچۈرمەكچى بولدى. ئوسمان چولاقنىڭ ئېڭەكلىرى، قوللىرى تىترەيتتى. پەرھات موللام بەرگەن سۇ ھەممە يېرىگە تۆكۈلۈپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا قەمەر ئانا كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ تۇگىشىپ كەتكەنىدى. شۇ قەدەر غەمكىن ئىدىكى، چىرايىدىن غەم - قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— تېزرەك سۆزلە، نېمە بولدى؟ — دەپ ئىڭرىدى ئوسمان چولاق، — ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟

قەمەر ئانا خۇددى ماتەم قوشىقى ئېيتىۋاتقاندەك قايغۇلۇق ئاۋازدا:

— ھېچ نەرسە بولمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇ نەدە؟ — دەپ سوراش بىلەن ئوسمان چولاق سەل ئېچىلدى، — ھازىر ئۇ نەدە؟

قەمەر ئانا بىر پەرھات موللامغا، بىر ئېرىگە قارىدى ۋە جىم تۇرۇۋالدى.

— دەۋەرگىن، پەرھات موللام بۇ يەتتۈپ كەتكەن ئادەمنى بىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ كىملىكىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

— يېزىسىنى سېغىنىپ كېتىپتۇ، — دېدى قەمەر ئانا، — يېزىسىغا كەتتى. يېلىندىم، يالۋۇردۇم، ئوسمان تاغاڭ كەلسۇن، ئاندىن كەتكىن، دېدىم، زادىلا تۇرالمىدى. «يېزام بۇرنۇمغا پۇراپ كەتتى» دېدى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. بىرىم كېچىدە تۇرۇپ كىيىندى، قوراللىرىنى ئېسىپ كېتىپ قالدى. كېتىۋېتىپ «ئۇنىڭغا كۆپ سالام ئېيت. قوللىرىنى سۆيىمەن، ئۇنى ھاياتلىقىمدا يەنە بىر قېتىم كۆرىمەن، ئىككى كۆزگە قالماستىن كېلىشىم مۇمكىن» دېدى.

— ئەمدى ئۇ كەلمەيدۇ، كېتىپ قالدى، — دەپ ئاھ ئۇردى ئوسمان چولاق، — قول ۋە قانىتىمنى سۇندۇرۇپ كېتىپ قالدى...

ئۇ پەرھات موللامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ئۆگەتقارىمنى كۆرۈشۈڭنى بەكمۇ خالايتتىم، بىراق نېسىپ بولمىغانىكەن، — دېدى.

ئۇ جىمىپ كەتتى. ئىككىنچىلەپ سۆزمۇ قىلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

## 18

ئۇ يېشىل ياغلىق چىگىپ يۈرەتتى. ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا چاچلىق ئىدى. ئىككى تال توم چېچى يوتىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. يۈزى سەل سوزۇنچاق بولۇپ، مەڭزىدە زىنىخى بار ئىدى. يوغان كۆزلىرى غەمكىن ... لەۋلىرى ئۇماققىنا يۇرۇلەتتى. ئۇزۇن قارا كىرپىكلىرى قايرىلىپ تۇراتتى ... قۇلىقىنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە ئۈچ تال مېڭى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ئاجايىپ، ئادەمنى سېھىرلىگۈچى بىر خىل تۈس بېرەتتى. سەيران مۇقەددەس، باشقا دۇنيادىن كېلىپ قالغان، چۈشەنگىلى بولمايدىغان، يالغۇز دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر ئىنسانغا ئوخشايتتى. ھېچقانداق ئادەم، مەيلى ئايال، مەيلى ئەركەك بولسۇن، خېلى ۋاقىتقىچە سەيراننىڭ يۈزىگە قارىيالمايتتى. بولۇپمۇ سەيراننىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىيالمايتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ، يۈرەكنى مۇجۇيدىغان، ئادەمنى بىرەر نەرسىگە، بىر خىل قايغۇغا، چىداپ بولمايدىغان ئەلەمگە سۆرەپ بارىدىغان قاراشلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالەتلىرى ئەڭ قەدىمىي، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، بەزىدە بەك كۈچلۈك سېھىرلىگۈچى، كېچىلەردە تاغلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بىر خىل ناخشىغا ئوخشايتتى. ئۇ بەكمۇ ئاز سۆزلەيتتى. زادىلا كۈلمەيتتى. ئاۋازىمۇ مىڭ يىللىق ماتەم قوشاقلىرىدەك قايغۇلۇق چىقاتتى. ناۋادا بىرەر قېتىم كۈلۈپ قويسا ئەتراپ يورۇپ كېتەتتى، دۇنيا ئۈمىدكە تولاتتى، نۇرلىنىپ كېتەتتى. ئۇ كۈلگەندە يۈرىكىدىن چىقىرىپ كۈلەتتى ۋە تېخىمۇ چىرايلىق



بولۇپ كېتەتتى. ئۇ يىگىرمە بەش بىلەن ئوتتۇز ياش ئەتراپىدا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە قاچاندىن بېرى ياشاۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ خۇددى مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغاندەكلا سىڭىشىپ كەتكەنىدى. ئاناۋارزا ئەتراپىدا ئۇنىڭ كارامەت چوڭ بالا - قازالارنى يەڭگەنلىكىنى ھەممە ئادەم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى. بۇ يېزىدا ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئۆزىنىڭ قىزى دەپ ھېسابلايتتى ۋە شۇنداق كۆرەتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى شۇنداق دەپ بىلەتتى. سەيران قىز بۇ يېزىدىن كېتىپ قالسا بولمايدىغاندەك، ئۇ كەتسە يېزا ۋەيران بولۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان پالاكەت كەلگەندىن كېيىن پازارچىك تاغلىرىدىن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، تاغلىرىنىڭ تۇغقانلىرى، ياشقا تۇغقانلىرى كېلىپ ئۇنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئەكەتمەكچى بولۇشتى. بىراق سەيراننى ئاناۋارزا تۈپرىقىدىن، ۋايۋاي يېزىسىدىن نېمە ئۈچۈندۇر ئەۋەتەلمىدى. سەيران گەپ - سۆز قىلماستىن جىم تۇرۇۋالدى. شۇ پېتى خېلى ئۇزاق يىللار جىم بولۇۋالدى. ئۇنى پازارچىك تاغلىرىغا ئەكېتەلمىگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاتىسىنىڭ نالىسىگە چىدىماستىن بىر قەبىلە ھالىتىدە تاغلاردىن چۈشتى ۋە ۋايۋاي يېزىسىنىڭ بەرىكەتلىك تۈپرىقىغا ماكانلاشتى. ئۇلار باي ئىدى، باتۇر، كۈچلۈك، ساغلام، ئۇستا مەرگەن، چەۋەندار ئادەملەر ئىدى. ئۇلار مەرد ۋە مۇھەببەتلىك ئىدى. ئۇلار چوقۇر ئوۋادىكى تۈركمەنلەرنى بەك ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. مۇھەببەتتە، مەردلىكتە، ئالىيجاناب ئىنسانىي خىسلەتتە داڭقى چىققان چوقۇر ئوۋا تۈركمەنلىرىمۇ بۇ باتۇر تاغلىقلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. بىرقانچە يىل ئىچىدىلا تۈركمەنلەر بىلەن تاغلىقلار ئاياق - چاپاق بولۇشۇپ كەتتى. قىز ئېلىپ، بېرىشتى، قېرىنداشلاردەك ئۆتۈشتى. ئۇلار باشقىچە يارىتىلغان، ئۆزگىچە خاراكتېردىكى ئىنسانلار بولسىمۇ، ئۇلارنى بىر خىل مۇھەببەت، مەردلىك، ھۆرمەت قىلىش ئادەتلىرى بىرلەشتۈردى. سەيران ئاتا - سىڭىللىرى،

تۇغقانلىرى، ھەتتا ئانىسى بىلەنمۇ سۆزلەشمەيتتى. ئۇلارنى كەچۈرمەيتتى.

سەيرانىنىڭ ئانىسى: «سەيران قىز ئاغزىنى ئېچىپ مەن بىلەن بىرلا قېتىم سۆزلەشسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن شۇ زامان قېنىم يەرگە تۆكۈلسىمۇ رازىمەن» دەيتتى. ئەمما، سەيران قىز بۇ گەپلەرگە پەرۋا قىلمايتتى. لام ـ جىم دېمەيتتى. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم گەپلەشكەن ئادىمى قەمەر ئانا بولدى. سەيران قىز بىلەن قەمەر ئانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئانا ـ بالا مۇھەببىتىدىنمۇ زىيادە ئىدى.

سەيران ئوسمان چوڭنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى قوشنىسىنىڭ بالىسى ئىبراھىمدىن بىلدى.

ئىبراھىم شۇلارنى دەپ بەردى:

— ئوسمان چوڭ ئۆيىگە كېلىپ بىرنەرسىنى ئىزدەپتۇ، ئۇنى تاپالماستىن شۇ زامان ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. خېلى قاتتىق ئاغرىپتۇ. بۇنىڭدىن پەرھات موللامۇ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئوسمان چوڭغا جىن تەگكەن ئوخشايدۇ. ئوسمان چوڭچۇ، يارىلانغان يوبارز ئوغلىنى، قېچىپ كەتكەن دېھقانلارنى تىللاپتۇ، راسا كېلىشتۈرۈپ ...

سەيران قىز ئىبراھىم گېپىنى تۈگەتمەستىنلا ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. قەمەر ئانا ئوسمان چوڭنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۇۋۇلايتتى ۋە يىغلايتتى. موماي سەيران قىزنى كۆرۈپلا:

— قىزىم، ئوسمان تاغاڭ ئۆلگىلى ئۇۋاتىدۇ، ئۆلمەي قالغان ھالەتتىمۇ بۇ دەرد ئۇنى ساق قويمايدۇ، قىزىم. بۇ ئىش ئوسمان تاغاڭنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەچكە، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان بولدى. بۇ بىچارىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە بېشىغا بۇ ئىشلارنىڭ كەلگىنىنى قارىمامسەن؟ — دېدى.

بۇ چاغدا ئوسمان چوڭ كۆزىنى ئاچتى، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.



— سەيران قىز كەلدىمۇ، قىزىم كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، سەيران كەلدى، قىزىڭ كەلدى، — دېدى قەمەر ئانا، — سەن ئاغرىپ يېتىپ قالساڭ، سەيران قىزىڭ سېنى يوقلاپ كەلمەسمىدى، ئوسمان؟

— سەيران قەمەر ئانىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئوسمان چوڭنىڭ قوللىرىنى تۇتتى ۋە ئەڭ مۇھەببەتلىك، ئەڭ شەپقەتلىك ئاۋازى بىلەن چىن قەلبىدىن:

— ئاللا شىپالىق بەرسۇن، ئوسمان تاغا، ساقىيىپ كېتىسەن، — دېدى.

ئوسمان چوڭ سەل قىمىرلىدى، ئاپپاق قويۇق قاشلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سەيران قىزنىڭ يۈزىگە ئۆزاققىچە تىكىلدى.

— ساقىيالمايمەن، قىزىم، ساقىيالمايمەن. مېنى ھېچقانداق نەرسە ئۆلتۈرەلمىگەنىدى. ئۇرۇشلار، دۈشمەنلەر يوقىتالمىدى، بەزىگەك كېسىلى ئۆلتۈرەلمىدى. مانا ئەمدى بۇ دەرد ئۆلتۈرىدىغان بولدى.

ئۇ ئاستا يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى، باشقىلارغا بىلىندۈرمەستىن يىغلاشقا باشلىدى:

— مەن بىر بۆركۈتمەن. قېرىپ قالغان، قاناتلىرى سۇنغان، پەيلىرى تۈزۈغان، تىرناقلىرى ئۆپىراپ كەتكەن، ئۇچالماس بولۇپ قالغان شۇڭقارمەن، قىزىم. ئۇنىڭدىن باشقا، جۈجىسىنى ئۇۋىدىن قاچۇرۇپ قويغان، شۇڭقارىنى قولىدىن چىقىرىۋەتكەن، ئۈمىدىنى، نۇرىنى يوقىتىپ قويغان بۆركۈتمەن، ھەي سەيران قىزىم، ئەمدى ئۇلار شۇڭقارىمنى، بالامنى، ئالەمنىڭ قاياشىنى، كۆزىمىزنىڭ نۇرىنى يوق قىلمۇۋېتىدۇ.

ئۇنىڭ قولى سەيرانىنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ تىترەپ قىزىشقا باشلىغانىدى، كۆزلىرىدىن ياشلار توختىماستىن لەۋلىرىگە ئېقىپ چۈشەتتى. سەيرانمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىغلىدى.

ئوسمان چوڭ خۇددى جۆيلۈۋاتقاندەك:

— بېرىڭلار، شوڭقارىمنى تېپىڭلار، — دېدى، — بېرىپ ئالەمنىڭ قاياشىنى، كۆزىمىزنىڭ نۇرىنى، ئۈمىدىمىزنى تېپىپ كېلىڭلار. ۋەھشىيلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن. شوڭقارىمنى بۆرىلەرگە يەم قىلىپ بەرمەڭلار. پەرھات موللام، سەن موللىلارنىڭ موللىسىسەن، ئادەملەرنىڭ ئادىمى، باتۇرلارنىڭ باتۇرىسەن. شوڭقارىمنى ساڭا تاپشۇردۇم. مەن ئۆلسەم ساڭا ئامانەت. ۋەھشىي بۆرىلەرگە شوڭقارىمنى تالاتقۇزما. مەن ئۇنىڭغا بىرنەرسە دەپ ئۇنى رەنجىتىپ قويغاندىمەنمۇ، قەمەر؟

— مەن ساڭا مىڭ قېتىم دېدىمغۇ، ھەي ئوسمان كىچىك، ئوسمان يالا، — دەپ ۋارقىرىدى قەمەر ئانا، — ئۇ سەندىن خاپا بولۇپ كەتمىدى.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن مېنى ساقلاپ تۇرمىدى؟ ئۇ قورقتى، مېنى تۇتۇپ بېرىدۇ دەپ قورقتى. ماڭا ئىشەنمىدى، شۇنداقمۇ؟

— زادى ئۇنداق ئەمەس، — دېدى قەمەر ئانا، — ئۇ بالا بىزگە قاتتىق ئىشەندى. شۇڭلاشقا، ئۆيىمىزدە شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت تۇردى. سەنمۇ ھەممە ئادەمگە ئېلان قىلىپ يۈرمىگەن بولساڭ بوپتىكەن.

— كىمگە ئېلان قىلدىم، قەمەر، كىمگە؟ — دەپ ئاستا لېكىن ئېيىبلىك بىر خىل ئاھاڭدا سورىدى ئوسمان چوڭ.

— كىمگە بولاتتى، پۈتكۈل يېزىغا يايدىڭغۇ.

— كىمگە دېپتىمەن، كىمگە ئاغزىمنى ئېچىپتىمەن؟

قەمەر ئانا بەكلا خاپا بولدى.

— ئاغزىڭنى ئاچمىدىڭ، بىراق، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىڭنى كىيىپ، غاڭزاڭنى توغرا چىشلەپ، تاپانچاڭنى بېلىڭگە ئېسىپ، كۈمۈش زەنجىرىڭنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆتۈكلىرىڭنى پارقىرىتىپ، ئۈچ كۈن يېزىدا كوزان ئوغلىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن سەن ئەمەسمۇ؟ دېھقانلار مۇشۇنداق يۈرۈشلىرىڭنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتۇرمايتتىمۇ؟ ئويلىمايتتىمۇ؟



— ئاغزىڭنى يۇم، قەمەر، سادىغاڭ كېتەي، جېنىمنى چىقارما! مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرمە. قىزىم سەيران، بۇنىڭغا بىر گەپ قىلىپ قوي، ئۆلۈكۈمنى تىنىچ ياتقۇزسۇن، — دەپ يالۋۇردى.

— ئاغزىمنى يۇممايمەن، ئوسمان كىچىك، — دەپ ۋارقىرىدى قەمەر ئانا، — ئۆيۈڭگە كېلىپ سەندىن باشپاناھلىق سورىغان بالىنى تېخى تۇتۇلغۇنىلا پەرھات موللامغا كۆرسەتمەكچى بولغان سەن ئەمەسمىدىڭ؟ ئۇ كەپتۇ ئۆيۈڭگە، يېزاڭغا مۆكۈنمەكچى بوپتۇ ...

— جىم بول، قەمەر، سادىغاڭ كېتەي، جىم بولغىن. سەيران قىزىم، بۇ سارىڭ خوتۇن مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى، تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرغىنا.

— مانا جىم بولدۇم، — دەپ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى قەمەر ئانا.

— پەرھات، قېرىندىشىم، ئۇستازىم، سەن بىرنەرسە قىل، شوڭقارىمنى تاپقىن! — دېدى ئوسمان چوڭ ۋە بىر يېنىدىن يەنە بىر يېنىغا ئۆرۈلدى.

پەرھات موللام قاپقارا بۇدۇر ساقىلىنى ئاچچىقى بىلەن قامالاپ سىلاپ تۇرۇپ:

— ئوسمان ئاغا، بىئارام بولما، ئۇنىڭغا بىر ئىش بولمايدۇ. ئۇ كۆپ بالا - قازادىن ئامان قالغان ئادەم. سەن بۇنى ئۆزۈڭگە دەرد قىلىۋالما، زادىلا قايغۇرما. ئۇ كېلىمەن دېگەنلا بولسا كېلىدۇ. بېشىغا بىرەر بالا - قازامۇ كەلمىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە يا ئىچى پۇشۇپ كەتكەندۇ، ياكى بىرەر ئىشى چىقىپ قالغاندۇر. بولمىسا سەن بىلەن خوشلاشماستىن كېتىپ قالاتتىمۇ. چوقۇم كېلىدۇ، — دەپ ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدى.

— راست دەۋاتامسەن؟ — دېدى ئوسمان چوڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — پەرھات موللام، سەن كامالەتكە يەتكەن، ئادەملەرنىڭ ياخشىسىسەن، ساقىلىڭدىن نۇر تامىدۇ. قارىغىنا ساقاللىرىڭنىڭ

يالتىراپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېشىغا ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، — دېدى پەرھات موللام ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— ماڭا خاپا بولۇپ قالغان بولسىچۇ؟

— خاپا بولمايدۇ، — دېدى پەرھات موللام شۇ تەلەپپۇزىدا.

— ئۇ يەنە كېلەرمۇ؟

— چوقۇم كېلىدۇ.

— ئۇنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ، ئۇنىڭ شۇ ئىككىلىكىگە ئىشەنمەيتتىڭ. ئۇ ئۇز نامىغا ماس كەلمىگەنلا ئالاھىدە بىر ئادەم. ئاھ، ئۇنىڭ چىرايىنى بىر كۆرگەن بولساڭ.

— كۆرىمەن، ئاخىر بىر كۈنى چوقۇم كۆرىمەن.

پەرھات موللامنىڭ ئاۋازى قاتتىق ئىشەنچ بىلەن ياڭرىدى. بۇ ئاۋازدىكى ئىشەنچ بىلەن ئۈمىد ئوسمان چوڭنى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلتۈردى.

— موللام، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، — خۇددى يولات ئۇچقۇنلىرىغا قارىيالمىغاندەك قارىيالمايتتىڭ. كۆزلىرى ئۇزىگە ماس كەلگەن.

— ھە، شۇنداق.

ئوسمان چوڭنىڭ ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى كەلدى. سەيپەلى ۋە باشقا دېھقانلار، سەيچەكەھيا، سەيرانىنىڭ قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئانىسى، زەينەل، ھەتتا سەلۋەر كېلىنمۇ كەلدى. مەمەت ئاۋاقنىڭ خېلى كۈنلەردىن بېرى ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى، تۈنۈگۈن ئوسمان چوڭ ئۆيگە كېلىپ ئۇنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈش بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىشتى.

ئوسمان چوڭنىڭ ھويلىسى قايناپ كەتتى.

سەيچەكەھيا خۇشاللىق بىلەن:

— دېمەك، بىزنىڭ بۇ باتۇر ئاخىر چىدىيالماپتۇ - دە،



كۆڭلىدىكىنى ھېچكىمگە دېيەلمەستىن يۈرگەنىكەن - دە، خۇداغا شۈكۈر، — دەپ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ھويلىدا خاتىرجەم ئايلىنىشقا باشلىدى.

دېھقانلار مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن دەسلەپ خۇشاللاندى، كېيىن ھەيران قېلىشتى. ھازىر بولسا ھودۇقۇشتىن خۇشاللىققا، خۇشاللىقتىن قورقۇشقا چۈشتى. زەينەل بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاش بىلەن ئوسمان چوڭنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم ساقلاپ تۇردى. ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقتى. كېيىن ھېچكىمگە بىلىندۇرمەستىنلا چىقىپ كەتتى. پەرھات موللام ئۇنى پايلاپ يۈرەتتى، كەرىم كۆردىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ:

— ماڭا قارا، زەينەل، — دېدى ئۇ ئاق تۇم، ئاق قوپال، ئەڭ ئاستا ئاۋازدا، — مەمەتنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكى ۋە كەتكەنلىكىنى ھېچكىمگە، ئەلى سايا بايغا دېمەيسەن جۇمۇ!

زەينەل تۇرۇپلا قالدى، كالپۇكلىرى تىترەيتتى، چىرايى يىغلىغاندەك بىر تۈسكە كىردى. ئۇ سەل ئويلىنىپ شۇنداق دېدى:

— ماڭا قارا، موللام، مەن ھېچكىمگە دېمەيمەن. ئەمما پۈتۈن يېزا بىلىپ بولدى. ئەتراپتىكى يېزىلارغا، پۈتكۈل تۈزلەڭلىككە يۈز كەتتى. ئەلى سايا باي ۋە باشقا ئاغىلار باشقىلاردىن ئاڭلاپ قالسا چاتىقىم يوق، بۇنى مەندىن كۆرمەڭلار. مانا ھازىر كۆز ئالدىڭدا ئارقامغا قايتىپ كېتىمەن.

زەينەل پەرھات موللامنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ئوسمان چوڭنىڭ ھويلىسىغا قايتىپ كەلدى.

شۇ كۈنى دېھقانلار ھەم خۇشاللىق ئىچىدە قىزغىنلىق بىلەن، ھەم سەل ئەنسىرەش بىلەن مەمەت ئاۋاق ھەققىدە سۆزلەشتى. بىرنەچچە قىز - يىگىت مەمەت ئاۋاق ھەققىدە توقۇلغان قوشاقلارنى ئاستا ئېيتىشقا باشلىدى.

كېيىنچە دېھقانلار ئوسمان چوڭدىن رەنجىشكە باشلىدى:

«مەمەت ئاۋاق ئۆيىگە كېلىش بىلەنلا نېمە ئۈچۈن دېھقانلارغا دېمەيدۇ؟ ئۇ يېزىدا غاڭزىسىنى توغرا چىشلەپ، ئىسىنى پۇرقىرىتىپ، خۇددى كوزان ئوغلىدەك غاچىلداپ يۈردى. ۋاي ئۆلگۈر قىرى! مەمەت ئاۋاقنىڭ كەلگەنلىكىنى دېگەن بولسا، بىز ئۇنى يەۋېتەتتۇقمۇ؟ توۋا، مەمەت ئاۋاقنى كەلدى دەپ قويسا، ھەممىمىز ئۇنى كۆرگەن بولساق، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!»

دېھقانلارنىڭ رەنجىشلىرى، خاپىچىلىقلىرى، قورقۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئوسمان چوڭنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشكەنىدى.

يىگىرمىچە ئادەم مەمەت ئاۋاقنى يېزىغا كىرىۋاتقاندا ئاقچەسازنىڭ بويىدا، يېرىم كېچىدە يېزىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، بوز ئاتقا مىنىپ ئاناۋارزا قىيالىقلىرىدا شامالدەك ئۇچۇپ يۈرگەندە كۆرۈشكەنلىكلىرىنى دېيىشتى.

رەمزە چاۋۇشنى ئاتقانمۇ مەمەت ئاۋاق بولۇپ چىقتى.

مەمەت ئاۋاق ھەققىدە ھەركىم ئەقلىگە كەلگەن ھەر خىل سۆزنى ئويدۇرۇپ چىقىراتتى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئوسمان چوڭنىڭ يېنىدا قەمەر ئانا بىلەن سەيران قىز قالدى. ئوسمان چوڭ مۇشۇ ئىككىسىدىن باشقا ئادەمنىڭ قېلىشىنى خالىمىدى. ئوغۇللىرىنى، كېلىنلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە كەتكۈزۈۋەتتى. پەرھات موللام ئۆزى كېتىپ قالدى.

ئوسمان چوڭ سەيران قىزغا مەمەت ئاۋاقنى، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى، كۆزلىرىنى، چاچلىرىنى، ئاۋازىنى، سۆزلەشلىرىنى، ئادەملەرگە بولغان مۇھەببىتىنى، دوستلۇق مېھرىنى، ياخشىلىقىنى، مۇلايىملىقىنى سۆزلەپ بەردى. سۆزلىگەنسېرى قايناپ، ئاخىر مۇنداق دېدى:

— مېنى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئۇ ئالدىغا پۈتۈن بىر ئارمىيە كەلسىمۇ سوقۇشالايدۇ. يالغۇز ئۆزى يېڭىپ چىقالايدۇ. ئۇ خۇددى بۆركۈتنىڭ ئۆزى. شۇنچىلىك چاققانكى، سوقۇشقاندا يۈزىنى كۆرەلمەيسەن. ھازىر بۇ يەردە



بولسا، كۆزۈڭنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە باشقا يەردە بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا شۇنچە دۈشمەننىڭ ئىچىدە جېنىنى ساقلاپ قالالمايدۇ ـ دە. ئۇنىڭدەك قاراقچىغا ياۋايى ھايۋانلارمۇ، قۇشلار، دەرەخلەر، تاش ـ تۇپراقلار، چاتقاللار، يىلان ـ چايانلارمۇ، قىسقىسى، بارلىق مەخلۇقات دۈشمەن. ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن ... — ئۇ يەنە تۇرۇپلا باشقىچە سۆزلەپ، — ئاقارجاننىڭ تاغلىرىدا شۇ بالامنى بىرنېمە قىلىپ قويامسىچۇ؟ بىر پولك ژاندارما، قوللىرىغا توقماق ئالغان مىڭلارچە دېھقان. ئون بەش ئادىمى بار ئاغىلارنىڭ ئىتى قارا ئىبراھىم ... ئۇ يالغۇز تۇرسا. مۇشتۇمدەك كىچىك بالا، شۇنچىلىك چوڭ ئىشقا قانداقمۇ تەڭ كېلەر؟ — دەپ قايغۇراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قەمەر ئانىغا قاراپ مىڭ بىرىنچى قېتىم:

— ئۇ مېڭىشتا قورسىقىنى ياخشىلاپ تويغۇزغانمىدى؟ يولدا يېگۈدەك بىرنەرسە بەرگەنمىدىڭ، ئۈچ كۈنگە يېتەمدۇ؟ — دەپ سورايتتى.

قەمەر ئانا ئۇنىڭغا قارايمۇ قويماستىن:

— قورسىقىنى نىقتاپ تويغۇزدى. ياڭاق مېغىزى، سېرىق ماي، پىششىق تۇخۇم، بىر كاللەك شېكەر، قاتلىما ۋە يېڭى پىيازلارنى يوغان بىر تۈگۈنچەك قىلىپ بېلىگە باغلاپ بەردىم. ئۈچ كۈنگە ئەمەس، بەش كۈنگە يېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئوسمان چوڭ ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەندەك بىئارام ئىدى.

تاڭغا يېقىن ئۇ جىم بولدى. ئاستا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

مەمەت ئاۋاقنىڭ ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكى، ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىدە ئالتە ئاي يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى، تېخى تۈنۈگۈنلا ئوسمان چوڭغا خاپا بولۇپ تاغلارغا چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىر دەمدىلا ۋاڭ-ۋۇڭ يېزىدىن كەنتكەلىگە، كەنتكەلىدىن ھەممىسىگە، بوزقويۇغا، ئاقماتاشقا، تارلى قىشلاقىغا، ئوكسۈزلۈغا، چىيانلىغا، ئۇ يەردىن ھاجىلارغا، يۈتكۈل ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە يېيىلدى.

ھېچكىم مەمەت ئاۋاق دېگەن سۆزنى ئاغزىغا ئالمايتتى،

« ئۇۋ، » « ياش »، « شوخقار » دەپ سۆزلەيتتى.

ئاناۋارزا تۇزلەڭلىكى، چۇقۇر ئوۋا تۇزلەڭلىكىدىكى دېھقانلار، كوزان تۇۋىدىكى دېھقانلار كۆتىۋىي ئۇنىڭ ئىسمى، باتۇرلۇقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن تەۋرەپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق بىر ئاغىنىڭ، ھېچقانداق بىر ھۆكۈمەت خادىمىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولمىدى. تۇزلەڭلىكتىكى دېھقانلار مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىسمىنى ئەڭ مۇقەددەس سىرلىرىنى ساقلىغاندەك ساقلايتتى. ئەگەر ئوسمان چوڭ بۇنى بىلگەن بولسىدى، ئۇ چاغدا خۇشاللىقىدىن ساراڭ بولۇپ قالغان بولاتتى.

## 19

سەيران پارازچىكنىڭ قىزىلقىيالىق ھارمانجا دېگەن يېزىسىدىن ئىدى. ھارمانجا يېزىسى ئاق يېشىل، كۆك، قىزىل چاقماق تاشلىرى ئۇچلۇق، پىچاقتەك ئۆتكۈر، ئاجايىپ بىر خىل ئورماندەك قىيالىققا جايلاشقانىدى. بۇ يەردە بەك چىرايلىق ئوت - چۆپلەر ئۆسەتتى. سۇلىرى چاقماق تاشلىق قىيالارنىڭ ئارىسىدىن قايناپ چىقاتتى، بىللۇردەك مىڭبىر خىل پارىلداپ تۇزلەڭلىككە قۇيۇلاتتى. ھارمانجا يېزىسىنىڭ ئۈستىدىن قاتار - قاتار تۇرنىلار يىلدا تۆت قېتىم تۆۋەن ئۇچۇشۇپ ئۆتەتتى. چاقماق تاشلىق قىيالارنىڭ ئارىسىدا شاخلىرى ئۇزۇن، ئۆزى چوڭ، پۇراقلىق رەڭدار گۈللەر ئۆسەتتى. قىيالارنىڭ ئارىلىقلىرىغا تېرىلغان بۇغدايلارنىڭ دانلىرى توق، ھوسۇلى كۆپ چىقاتتى. ئىنەكلىرى، ئۆكۈزلىرى، ئاتلىرى، ئېشەكلىرى، ھارمانجا يېزىسىدا ياشايدىغان پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئىنچىكە، ئۇزۇن، قاتتىق ۋە چىرايلىق ئىدى. بولۇپمۇ ئادەملىرى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. ماراش ۋە تۆۋەنكى تۇزلەڭلىك خەلقلىرى ھارمانجا يېزىسىنىڭ ئادەملىرىنى پەقەت گۈزەللىكلىرى ۋە كېلىشكەنلىكلىرىگە قاراپ تونۇيتتى. ھارمانجا يېزىسىنىڭ قۇشلىرى، ھاشاراتلىرىمۇ ئۇزۇن



ۋە ھەر خىل رەڭدە ئىدى. باشقا قۇشلار، ھاشاراتلاردىن يېقىملىق سايرايتتى ۋە چىرايلىق پارىلدايتتى.

خەلقى ئانچە باي ئەمەس ئىدى، بىراق ئىقتىسادچان ئىدى. شۇڭلاشقا، كەمبەغەللىكلىرى بىلىنمەيتتى. ئۆزلىرى رەخت توقۇيتتى، ئۆزلىرى بويايتتى، ئۆزلىرى كېسىپ، ئۆزلىرى تىكىپ كىيىشەتتى. ھارمانجا يېزىسىدىكى بىرەر ئادەمنىڭ كىمگە، يىرتىق كىيىم كىيگەنلىكىنى كۆرگەن ئادەم يوق ئىدى. مەغرۇر ۋە چىدامىلىق ئادەملەردىن ئىدى. ھارمانجادا قان كۆپ تۆكۈلەتتى. بۇ يەردە قان تۆكۈلۈش بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا كۆپىنچە كىشى قورقۇمسىز كېلەتتى. بەلكى ھاۋاسىنىڭ، سۈيىنىڭ، تۇپرىقىنىڭ ئۇيدانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە بەرداشلىق ئۆسەتتى. يۇمشاق، ئېگىلىپ تۇرغان نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئادەملىرىنىڭ چىرايى مىس رەڭگىدە بولۇپ، ئەر ۋە ئاياللىرىنىڭ كۆزلىرى يوغان ئىدى.

سەيران خەلىل موللىنىڭ قىزى بولۇپ، بەش بالىنىڭ كەنجىسى ئىدى. خەلىل موللا بۇ تاغلارنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئادىمى ھېسابلىناتتى. نوپۇس دەپتىرىگە ئۇنىڭ يۈز يىللاردىن بۇرۇنقى فامىلىلىرى يېزىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆيى مېھمانلار ئۈچۈن دائىم ئوچۇق ئىدى. موللا خەلىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدىسى ۋە ئايرىم ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بار ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەك كىچىك بىر بالا ھارمانجا يېزىسىدا پەيدا بولۇپ قالدى. بەش - ئالتە ياشلاردا يا بار، يا يوق بۇ بالىنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، قايسى يېزىدىن ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. پەقەت بۇ بالىدا بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى. نەدە بىر تامچە قان كۆرۈپ قالسا ۋارقىراپ - جارقىراپ قاچاتتى. بولۇپمۇ بىرەر ئادەمنىڭ بەدىنىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ۋارقىراپ - چىرقىراشلىرى توختىمايتتى. بۇ بالا ۋەلى كوسىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولدى. ۋەلى كوسا سەيرانلارنىڭ قوشنىسى ئىدى. بىر زامانلاردا بۇ بالىنىڭ

بېشى تاز بولۇپ قالدى. سەيراننىڭ ئانىسى بۇ بالىسىنىڭ بېشىغا ھەر خىل دورا چېپىپ ئاخىر ساقايتتى. دېھقانلار بۇ بالىسىنىڭ ئىسمىنى ئەزىز دەپ قويغانىدى. سەيران ئەزىزدىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. قوشنا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن دائىم بىللە ئوينايتتى. سەيران بۇ يېتىم بالىغا خۇددى ئانىسىدەك مېھرىبانلىق قىلاتتى. ھېچكىمنى ئەزىزگە بىرنەرسە دېگۈزمەيتتى. مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى. سەيران ئەزىزگە يامانلىق قىلماقچى بولغانلارغا، ئۇنى زاڭلىق قىلغانلارغا ۋەھشىي ھايۋانلاردەك ئېتىلاتتى ۋە جېدەل چىقىراتتى. سەيران ھارمانجاننىڭ چاقماق تاشلىق قىيالىقلىرىدا كېزىپ يۈرگەن دەھشەتلىك چىشى يىلپىزغا ئوخشايتتى. يېنىدىكى بالىسىغا كىچىككىنە بىر يامانلىق قىلماقچى بولغانلارغا دەھشەتلىك ئېتىلاتتى. ئەزىز خۇددى ياۋايى سەيران تۇغقان بالىسىغا ئوخشايتتى. سەيران ئۆز ئۆيىنىڭ داستىخىنىدا ئۆزى يەپ، ئەزىز يېيەلمىگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا توشۇپ بېرەتتى. ئۇلار چوڭايغانسېرى دوستلۇقلىرىمۇ كۈچەيدى. ئەمدى ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلماس ھالەتكە يەتكەنىدى.

سەيران بويىغا يەتكەن قىز، ئەزىز يىگىت بولغانىدى. سەيران ئېگىز بويلۇق، ئەزىز پاكار، ۋىجىك ئىدى. بىراق يەكمۇ ئوماق، غەمكىن، ئەمما ئوچۇق چىراي ئىدى. سول ياڭىقىدىن ئېڭىكىگە چۈشكەن يارا ئىزى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشاتتى. ئەزىزمۇ ۋىجىكلىكىگە قارىماي ھارمانجالىقلارغا ئوخشاش قالتىس بولۇپ يېتىشتى. ئۇلاردەك ئاتقا مىنەتتى. ئۇلاردەك ئۇستا مەرگەن ئىدى. كۆزىنى ھېچ نەرسىدىن ئۆزمەيدىغان، باتۇر ...

سەيران بويىغا يېتىپ، ئەزىز يىگىت بولۇش بىلەن تەڭ يېزىدا ھەر خىل پىتنە - پاسات چىقىشقا باشلىدى. بۇ ياشتىكى يىگىت بىلەن قىز ئەمدى كېچە - كۈندۈز بىللە يۈرەلمەيتتى.

پىتنە - پاسات، غەيۋەتلەر ھارمانجا يېزىسىدىن ئېشىپ يىراق - يىراقتىكى باشقا يېزىلارغىمۇ تارقالدى. سەيراننىڭ گۈزەللىكى



ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈش بىلەن تەڭ، ئەزىزگە بولغان ئىشق - سەۋداسىمۇ تەڭلا ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە ئاڭلىنىپ، كېڭىيىپ بىر ئەپسانىگە ئايلاندى.

بىر كۈنى سەيراننىڭ دادىسى خوتۇنىنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ:

— چىقىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دېدى.

— ئاڭلىدىم، — دېدى ئانا، — ئاڭلاشنى ئاڭلىدىم، بىراق ئەزىز سەيراننىڭ ئىنىسىدەك تۇرسا، بۇلار بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك ...

— بۇنى ياخشى بىلىمەن، يەكمۇ ياخشى بىلىمەن، بىراق بۇنى باشقىلارغا قانداقمۇ چۈشەندۈرەلەيسەن؟ قىزىڭغا دېگىن، ئەزىزدىن يىراقلاشسۇن، — دېدى خەلىل موللا.

ئانا سەيرانغا بولغان گەپلەرنى سۆزلەپ بەردى. سەيران ھەيران بولدى. بېشىغا مۇنداق بىر ئىشنىڭ كېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ھەيرانلىقى بېسىلغاندىن كېيىن كۈلۈپ كەتتى، كېيىن قايغۇغا چۆمدى. ئانا - ئانىسى بىلەن ئۇزاقىچە تالاش - تارتىش قىلدى. بىر قېتىم ئەزىزنى ئۈچ كۈن كۆرمىدى. بۇ جەرياندا ئاچچىقىدا ئۆلەي دېدى، ئاچچىق ۋە ھەيرانلىقىدىن جىنى چىققاي دېدى.

ئانىسى، دادىسى، قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى، دوستلىرى، پۈتكۈل يېزا خەلقى كۈنبويى نەسىھەت قىلىشتى. بىراق سەيران ئەزىزسىز ياشىيالمايتتى. يېمەس - ئىچمەس، ئۈن چىقماس بولۇۋالدى.

ئەزىزنى باشقا يەرلەرگە، باشقا يېزىلارغا ئەۋەتىشتى. سەيران بېرىپ تېپىپ كەلدى. سەيراننى نېرىقى يېزىدىكى كېلىشكەن بىر يىگىتكە چاي ئىچۈرۈپ قويىدى. بۇ يىگىت ئاتلىرى، ماللىرى، يەرلىرى كۆپ خۇرشىد باينىڭ ئوغلى ئىدى. سەيران بىر كېچىسى ئۆزىنى سۆيۈۋالماقچى بولغان بۇ يىگىتنى ئېتىۋەتكىلى تاس قالدى.

سەيران ئىككى يىل دېھقانلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن

جاڭجاللاشتى. ئاتىسىنىڭ بەرگەن سۈتىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەزىز غايىب بولۇپ كەتتى. چوقۇر ئۇۋاغا، بىر ئاقلارغا، ئادەم بىلمەيدىغان يەرگە كېتىپتۇ، دېيىشتى. ئەزىزنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن سەيرانمۇ بىر كۈنى دادىسىنىڭ ئېغىلىدىن بىر ئاتنى مىنىپ يولغا چۈشتى. ئىزدىدى، سوراپ - سۈرۈشتۈردى. سەيراننى كۆرگەنلا ئادەم ھوشىدىن كەتكۈدەك بولاتتى، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قالاتتى. ئەزىزنى ۋېلىۋاي يېزىسىدىن تاپتى. ئەزىز يېزا ئاقساقىلى سەيپەلنىڭ پاناھىدا ياشايتتى. خەلىل موللا سەيپەلنىڭ دادىسىنىڭ دوستى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەزىزنى شۇلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدى. سەيپەلمۇ، دادىسىمۇ ئەزىزنى ياخشى كۈتۈۋالدى. سەيران بىلەن ئەزىزنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئىشق - مۇھەببەتلىرى چوقۇر ئۇۋادىكى تۈركمەنلەرنىڭ تىللىرىدا داستان بولدى. تۈركمەنلەر ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە بۇ ئىشق سەۋدايىلىرىغا قولىدىن كەلگەن ياردەملىرىنى قىلىشتى. بۇ ئاشىق - مەشۇقلار دۇنيانىڭ ئەڭ بەختىيار كىشىلىرىدىن ئىدى. سەيراننىڭ گۈزەللىكى تىللاردا داستان بولدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بېشىغا كۈتۈلمىگەن بىر بالا - قازا كەلدى.

ئەلى سايا باينىڭ بىر ئاكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار جاڭگىلدا ئولتۇراتتى. بىراق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەردىن ئىدى. ئۇلار شەھەرلەرگە ئادەتلىنىپ قېلىپ، تۈركمەن ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن، ئادەم قېلىپىدىن چىققان يامانلاردىن ئىدى. قىمار ئوينايتتى. يېزىلاردا زىنا قىلاتتى. ھاراق - شاراب ئىچەتتى. ئۇلار تۈركمەنلەرنىڭ بۈگۈنگىچە كۆرۈپ باقمىغان «مۇشۇنداقمۇ ئادەم بولامدۇ؟» دەپ ھەيران قالىدىغان ئادەملىرى ئىدى. ئۇلار ئوغرىلىق قىلاتتى، ئادەممۇ ئۆلتۈرەتتى.



ئۇلار ۋېلىۋاي يېزىسىدىكى سەيپەلنىڭ ئۆيىدىكى سەيراننىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋېلىۋاي يېزىسىدىن ئايرىلماي قويۇشتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە يېزىدا چۆرگىلەپ يۈرۈشەتتى. دېھقانلار سەيرانغا كۆز - قۇلاق بولۇشۇپ، بۇ يامان ئادەملەرگە قارشى غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرۈشتى. ئۇلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە قېتىم جاڭجالمۇ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ساقچىنىڭ چاۋۇشى زۇلپىيۇ چاۋۇشمۇ ئۇلارغا قېتىلدى. ئۇلار يېزىدا ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. بىراق، سەيرانغا يېقىن كېلەلمەيتتى. سەيران بەكمۇ تەڭدىشى يوق گۈزەل ئىدى. ئەزىز بىر بالا بولسىمۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن تەپ تارتىپ سەيرانغا يېقىنلىشالمايتتى. سەيران ئۇلارغا يېقىنلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، چىرايلىرىغىمۇ قارىمايتتى. ھېچ نەرسە قىلىشالمىدى. ئاخىر بىر كېچىدە سەيپەلنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كېلىپ تاڭ ئاتقۇچە ئوق ئېتىشتى. دېھقانلاردىنمۇ، ئۇلاردىنمۇ بىرقانچىسى يارىدار بولدى. بىراق سەيراننى ئەپقېچىشتى. ئۇلار سەيراننى ئەپقاچقاندىن كېيىن ھەر خىل گەپ - سۆز تارالدى. بەزىلەر: ئەلى سايانىڭ چوڭ جىيەنى سەيرانغا ئاشىق بوپتۇ، ئاشىق بولۇپ ئۆلەي دەپتۇ، سەيران ئۇنىڭغا تەسلىم بولماپتۇ، دېيىشسە، بەزىلەر: باشتا زۇلپىيۇ، كېيىن باشقىلار نۆۋەت بىلەن سەيراننىڭ نومۇسىغا تېگىپتۇ، دېيىشەتتى. ئىشقىلىپ، ھەركىم ھەرنېمە دېيىشتى. بىراق، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىلەلمەس بەلكى.

ئۇلار سۆيگىنىنى ئەپقاچقاندىن كېيىن ئەزىز سارالڭ بولۇپ قالدى. بىرنېمىلەر قىلىپ يۈرۈپ ناھايىتى ياخشى بىر گېرمانكا (گېرمانىيە مىلتىقى) تاپتى. دائىم ئوق يىغاتتى. شۇنچىلىك كۆپ ئوق يىغدىكى، ئېسىۋالغان ئوقدانلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن مىدىرلىيالماي قالاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئەزىز زۇلپىيۇ چاۋۇشنى، ئۈچ ئاكا -

ئۆكىنى، يەنە بىرقانچە كىشىنى بوزقۇيۇ يېزىسىدا بىر كېسەك ئۆيدە تۇتۇۋالدى. ئىشىكنى ئاچتى. بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ ئۆيدىكىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۆيدە سەيراندىن باشقا ھېچكىم ساق قالمىدى. ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن سەيراننىڭ قولىنى تۇتتى. ئورنىدىن تۇرغۇزدى. خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. كېيىن پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى. ئارقىسىغا قايتىپ بوزقۇيۇ يېزىسىدىن تۆۋەنگە يۈگۈرۈپ چۈشتى. ساقچىغا چۈش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئالدىغا ئۇچراشقان بىرىنچى ژاندارمىنى ئاتتى. باشقا ژاندارمىلار ساقچى دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ سوقۇشۇشقا باشلىدى. ئېتىشىش ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. كېيىن ئەزىز تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. يىراقتا تۇرغان بىر دېھقاندىن سەرەڭگە، كىرسىن، لاتا سورىدى. دېھقان ياق دېيەلمىدى، كېتىپ، كەلمەي قويالمىدى، بىرئازدىن كېيىن ئەسكى ـ تۈسكى لاتا، كىرسىن، سەرەڭگە ئەكەلدى. دېھقان ھوشىدىن كەتكەندەك تۇراتتى. نەرسىلەرنى ئەزىزگە سۇندى. ئەزىز سوغۇققانلىق بىلەن ساقچى ژاندارمىسىنىڭ ئىشىكىگە ئوت قويدى ۋە ئىشىككە قاراپ تۇردى، ئاز ئۆتمەي ژاندارمىلار ئۆزلىرىنى سىرتقا ئېتىشقا باشلىدى. ئەزىز سىرتقا چىققانىنىلا ئېتىپ تۇردى، ئۆلتۈردى. ئەڭ ئاخىرقى ژاندارمىنى ئېتىۋاتقان چېغىدا ۋەقەنى ئاڭلىغان ژاندارما ئەترىتى شەھەردىن كېلىپ قالدى ۋە ئەزىزنى قورشىدى. ئېتىشىش ئۇزاق داۋام قىلدى. كۆپ ژاندارما ئۆلدى. ئەزىز ئوقلىرى تۈگىگەندىن كېيىن چۈشۈۋالغان خەندەكتىن چىقىپ ژاندارمىلارغا قاراپ ماڭدى. ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلدى. بەدىنى ئۆتمەستۆشۈك ئىدى. قانچە پاي ئوق تەگكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

ئەزىزنىڭ جەسىتىنى شەھەرگە ئەكېلىشتى، ژاندارما قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئالدىدا ئىككى كۈن خەلققە كۆرسىتىشتى، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئەزىزنىڭ تۈگۈلۈپ ياتقان



كىچىككىنە جەسىتىگە ھەيرانلىق ۋە مۇھەببەت بىلەن قاراشتى. ئۆلۈش بىلەن تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن بەدىنىگە خۇددى قاۋۇل بىر يىگىتنىڭ بەدىنىگە قارىغاندەك قارىشاتتى.

سەيراننى تۈرمىگە سولاپ قويغانىدى. ئەزىزنىڭ ئۆلۈكىگە ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمىدى. ژاندارمىلار ئۆلۈكنى شەھەر سىرتىدىكى بىر ئورەككە تاشلاپ، ئۈستىنى بىرنەچچە گۈرجەك توپا بىلەن كۆمۈپ قويۇشتى. ئۆلۈكنىڭ باش ۋە پۇتلىرى سىرتقا چىقىپ تۇراتتى. ژاندارمىلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن خەلق كېلىپ ئەزىزنىڭ ئۆلۈكىنى ئورەكتىن ئاچىقىشتى، مەسچىتكە ئەكېلىپ يۇيۇپ ـ تاراپ، چوڭ ھازا ئېچىپ، مازارلىققا دەپنە قىلىشتى.

بۇ شۇم خەۋەرنى ۋەقە بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەيراننىڭ دادىسى خەلىل موللا ئاڭلىدى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلىپ، شۇ زامان ئاغرىپ قالدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جان ئۈزدى.

سەيراننىڭ ئانىسى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چۇقۇر ئۇۋاغا كېلىشتى. تۈرمىدىكى سەيراننىڭ قېشىغا بېرىشتى. سەيران يا ئانىسىغا، ياكى قېرىنداشلىرىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي سەيراننى تۈرمىدىن بوشاتتى. سەيران تۈرمىدىن چىقىپلا شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە — مەرسىن چاتقاللىرى ئارىسىدىكى ئەزىزنىڭ قەبرىسىگە باردى. ئەزىزنىڭ قەبرە بېشىدا يىغلىق ئاۋازى بىلەن ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ مۇڭلۇق، ئاڭلىغان ئادەمنى ساراڭ قىلغۇدەك ھازا قوشاقلىرىنى يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېيتتى. سەيران بىرنەچچە كۈن شەھەردە تۇرغاندىن كېيىن ۋايىۋاي يېزىسىدىكى سەيپەلىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئانىسى، قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى ئۇنى ھارمانجا يېزىسىغا ئەكەتمەكچى بولۇشتى. سەيران پىسەنت قىلمىدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانىغا، ئۆزلىرىنى

كۆرمىگەنگە سېلىۋالدى. ئانىسى، قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى يېزىلىرىغا قۇرۇق قول قايتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم سەيراننى ئەكېتىشكە كېلىشتى ۋە كېتىشتى. سەيراننىڭ تاغلارغا قايتىپ بارمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەن ئانا كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاچا ـ قومۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ۋايىۋاي يېزىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى كېلىپ ۋايىۋاي يېزىسىغا يەرلەشتى. ئۇلارنىڭ پۇللىرى بار ئىدى، ئاتلىرىنى، ماللىرىنى سېتىشتى، ئاقچەسارنىڭ ئەتراپىدىكى تۈركمەنلەردىن ئۆزلىرىگە يەر سېتىۋالدى. ئۇلار ئاز ۋە نوچى ئادەملەر ئىدى. ھېچكىم ئۇلارغا نېمە قىلىۋاتسەن، دېيەلمەيتتى.

سەيران ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارمىدى، ھېچ نەرسىسىنى ئالمىدى. ئانىسى باشلىق ھېچقانداق كىشى بىلەن سۆزلەشمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى.

تاغلىق ئادەملەر چوقۇر ئۇۋانىڭ ھاۋاسىغا، سۈيىگە تەسلىكتە كۆنۈشتى. سەيرانمۇ، باشقىلارمۇ دەسلەپكى يىللاردا بەزگەك كېسىلىدىن خېلى دەرد تارتتى. كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا ئۇلارمۇ ئويمانلىقنىڭ ئىسسىقىغا، پاشا ـ چىۋىنلىرىگە كۆنۈپ قالدى.

سەيران ھەر ئاينىڭ دەسلەپكى جۈمە كۈنى شەھەرگە ـــ ئەزىزنىڭ قەبرىسىگە باراتتى. قەبرە بېشىدا تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ ھازا ئاچاتتى، مۇڭلۇق ماتەم قوشاقلىرىنى ئېيتاتتى.

سەيران ئايرىم بىر ئۆي تۇتۇپ يالغۇز ياشايتتى. ئۆز جېنىنى جان ئېتىش ئۈچۈن مەدىكارلىق قىلاتتى، ھېچكىمدىن ھېچ نەرسە ئالمايتتى.

ئەزىزنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سەيرانغا ھېچكىم تەكلىپ قويمىدى. سەيران شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، چوقۇر ئۇۋا دېھقانلىرى ئۇنىڭغا خۇددى بىر مۇقەددەس ئىنسانغا قارىغاندەك قارىشاتتى، ئۇنىڭغا بىر ئايال كۆزى بىلەن قاراش ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيتتى.



قەلەيچىنىڭ ئۆلۈمى، مەمەتنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشىدىن كېيىن دېھقانلار مەمەتنىڭ بوش ئۆيىنى ياساپ، جۆندەپ سەيرانغا تۇتۇپ بەردى. سەيرانمۇ مەمەتنىڭ بوش قالغان، ئىگىسىز ئۆيىدە ئولتۇرۇشنى رەت قىلالمىدى. ئەزىز ھەققىدە توقۇغان ئەڭ مۇڭلۇق ماتەم قوشاقلىرىنى مۇشۇ ئۆيدە تاڭ سەھەرگىچە يىغلاپ ئېيتىپ چىقاتتى. يېزىنىڭ ياش قىزلىرى بۇ ئۆينىڭ يۆلۈڭلىرىدا ئۇيقۇسىز تاڭنى ئاتقۇزۇپ، بۇ ماتەم قوشاقلىرىنى ئۆگەندى. مەرسىيەلەر پۈتكۈل چوقۇر ئۇۋادا ئېيتىلىشقا باشلىدى.

سەيران ئەزىز ئۆلگەندىن كېيىن پەقەت بىرلا قېتىم كۈلۈمسىرىدى. ئۇ بولسىمۇ مەمەت ئاۋاقنىڭ قەلەيچىنى ئاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغى ئىدى. سەيران ۋايىۋاي يېزىسىغا كەلگەندىن بېرى ھېچ نەرسىنى، ھېچكىمنى كۆرۈشنى خالىمىغان ۋە ھەۋەسمۇ قىلمىغانىدى. قەلەيچىنى ئاتقاندىن كېيىن مەمەت ئاۋاقنى بىر كۆرۈپ بېقىشنى چىن يۈرىكىدىن خالاپ قالدى ...

سەيران پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغىنى ئۈچۈن پۇشايمان يەيتتى. ئۆزىچە تىت ـ تىت بولاتتى، «ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىدە بىر ئىش بولغانلىقىنى بىلگەنىدىم، سېزىپ يۈرەتتىم، قەمەر ئانا توختىماي مىدىرلاپ يۈرەتتى، بىر يەردە تۇرالمايتتى، ھەردائىم ئۆيى تەرەپكە، ئۆيىنىڭ ئېتىكلىك ئىشىكىگە قارايتتى. شۇ ئۆيگە كىرىپ باققان بولسام، كاشكى ...» دەيتتى. نەچچە قېتىم شۇ ئۆيگە كىرمەكچىمۇ بولدى، كېيىنچە نېمە ئۈچۈندۇر كىرىشتىن ۋاز كەچتى. مانا شۇنىڭغا پۇشايمان قىلاتتى. ئەجەبا، ئۇ قانداق ئادەم بولغىيدى؟ مەمەت ئاۋاق زادى قانداق ئادەمدۇ؟

ئوسمان چوڭمۇ ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشلىرىنى سەزگەندەك، مەمەت ئاۋاقنىڭ بۇ ئۆيدىلىكىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

ـــ چوڭ ـ چوڭ، ئاجايىپ ئۆتكۈر بىر خىل كۆزى بار، چىرايىغا قاراش بىلەن ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن باشقا

نەرسىنى كۆرەلمەيسەن. كۆزلىرى شۇنچىلىك ئۆتكۈركى، تىكىلىپ قارىيالمايسەن. يۈرىكىڭ ئويناپ كېتىدۇ. ئۇنى ھېچكىم ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئېتىلىپ كەتسە، مەن تۈگىشىمەن، ياشىيالمايمەن، ئۆلىمەن. ۋاھ، ئۇنىڭ تەپكە ئۈستىدىكى بارماقلىرى شۇنچىلىك تېز ئىشلەيدۇكى، مىلتىق – تاپانچا ئاتقاندا بارماقلىرىنى كۆرەلمەي قالىسەن. ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدۇ. ئۇ يەنە كېلىدۇ.

« يەنە كېلىدۇ » دېگەندە، پەرھات مۇللامىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە يالۋۇرغاندەك تىكىلىپ قارىدى. پەرھات مۇللامۇ قەلبىدىكى بارلىق ئىشەنچىنى ئاۋازىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ جاۋاب بەردى:

— يەنە كېلىدۇ.

## 20

كۈن ئۇچۇق ۋە بەك ئىسسىق ئىدى. ئاتنىڭ قېلىن سايىسى يېنىدىكى قۇدۇقتەك تېرەن، ياپيېشىل كۆلچەكنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. كۆك قەرىدە ئاپپاق بۇلۇت تۇپىلىرى ئۈزۈپ يۈرەتتى.

يېشىل كۆلچەكنىڭ ئەتراپىدا ئۆسكەن چىغىرتماق، قارىقات، كۆكۈچ ياپيۇز گۈللىرىگە ھەرىلەر ئۇۋىلىرىنى سالغانىدى. مىڭلاپ ھەرە كۆلچەك ئۈستىدە غۇڭۇلدىشاتتى. چوڭ – چوڭ يېشىل چىۋىنلەر ئۇچۇشاتتى، ئۆمۈچۈكلەر كەڭ تورلىرىنى يېيىشاتتى.

يوللاردا سۇنغان ئەينەك پارچىلىرى پارقىرايتتى. يىراقتىكى سەيخان دەرياسىدىن كۆتۈرۈلگەن نۇر تۈزلەڭلىككە چېچىلاتتى. تۈزلەڭلىكتە ئۆتكۈر كۈن نۇرى قىلىچتەك بىر پارقىراپ، بىر ئۆچەتتى.

ئات تاشتەك قېتىپ قالغان، زادىلا قىمىرلىمايتتى،



كۆزلىرىگە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئات ئۇلۇغ گۆرجىكىنىڭ تېرىسىنى توختىماي مىدىرلىتاتتى. ئۇ يەرگە قارا چىۋىنلەر قونۇشاتتى.

ئات بېشىنى كۆتۈردى، چاناقلىرىنى كەردى، راسا كەردى. ئىسسىق ھاۋانى بولۇشىچە سۈمۈردى، كېيىن بېشىنى يەرگە قىلدى. يەرنىڭ تۈپىلىرىنى بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن چىققان نەپەسلىرى بىلەن توزۇتۇپ پۈرىدى. تۆت – بەش قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ھاۋانى ئىچىگە سۈمۈردى، يەنە پەسكە ئېگىشتى. بېشىنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ چىۋىن غىڭشىلداپ ئايلىناتتى. بىر ئازدىن كېيىن تورۇق ئات بۇرنىغا چىۋىن كىرىپ كەتكەندەك بېشىنى چايقاشقا باشلىدى. كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر ئالدىنقى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى ۋە ئۆز ئەتراپىدا ئىككى قېتىم ئايلاندى. ساغرىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كۆلچەكنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم يۈگۈرۈپ ئايلاندى ۋە تۇرۇپ قالدى. پۈتكۈل تۈزلەڭلىككە يېيىلغان جاراڭلىق ئاۋازدا سوزۇپ – سوزۇپ كىشنىدى. كىشنىگەندىن كېيىن يەنە ئۆرەدەپ كۆلچەكنىڭ ئەتراپىدا مىختەك تۇرۇپ قالدى. قىمىر قىلمىدى. چوڭ، قارا كۆزلىرىنىڭ ئىچى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلۇغ پۇتىدىكى يارىشىملىق، بىلەزۈكتەك تۈۋۈنقى ئوت – چۆپلەر ئىچىدە كۆرۈنمەيتتى. ئارقا پۇتلىرىنىڭ تاقىسى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

مەيىن شامال چىقتى. يىراقلاردا كىچىككىنە، بىراق تېز كەلگەن چاڭ – توزان ئايپاپىتا چىمىلدايتتى. ئاتنىڭ دولىسى مىدىرلايتتى. چىۋىن يوق ئىدى. ئات چىقىۋاتقان شامال، پارىلداۋاتقان چاڭ – توزان بىلەن تەڭ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىشقا باشلىدى.

بوز ئاتلىق ئادەم ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنى ئىزدەيتتى. قارىمىغان تۆشۈك، كىرمىگەن چاتقاللىق قالمىغانىدى. تورۇق ئاتنى ھېچ يەردە كۆرمىدى، يۈرىكىدىكى ئەندىشە كۈچەيدى.

ئۇ ئۆز – ئۆزىگە: « بۇ ئاتنى تۇتۇش زادى مۇمكىن ئەمەس، بۇ

ئاتتا چوقۇم بىر خىسلەت بار » دەيتتى، مېڭىشىمدىن بۇ ئۆي نېرى كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆي ئۇنىڭ بارلىق ئاۋارىچىلىكىنى بارغانسېرى كۆچەيتتى: « ئۈچ كۈندىن بېرى ئىزدەۋاتىمەن، تۈزلەڭلىكتە مەن ئىزدىمىگەن ھېچ يەر قالمىدى، قومۇشلۇقنىڭ كىرگىلى بولىدىغان ھەممە يېرىگە كىردىم، يوق، يوق، يوق ... »

ئادىم ھېلىقى كېچىنى، يوپياز ئوغلىنىڭ ئۆيىگە، تورۇق ئاتنىڭ ئېغىلىغا ئوت قويۇۋەتكەن شۇ كېچىنى ئۆز ئەينى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئوتنى يېقىش بىلەن ئۆي بىردىنلا قاردەك ئاقىرىپ كەتتى. ئوت يالقۇنى بىردەمدىلا ئىشىكنى ئۆرۈۋەتتى. بىر مۆجىزە بولمىغان بولسىدى، بۇ ئاتنىڭ شۇ ئوت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تورۇق ئات ئوتتىن قانداق قۇتۇلدى؟ مانا ئۈچ كۈندىن بېرى نېمە ئۈچۈن كۆرۈنمەيدۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم خۇدانىڭ بىر ھېكمىتى بار.

بىردىنلا ئۇنى ئىشەنگۈسىز بىر خىل قورقۇنچ باساتتى. يۈرىكى قەلبىنى، ۋۇجۇدىنى ئورىۋالاتتى، قول - پۇتى بوشىشىپ كېتەتتى. بۇ ئاتنى ئاتالمايمەن، دەپ ئويلايتتى. ھېچكىم ئاتالمايدۇ. ئەگەر ئاتسام چوقۇم قولۇم چولاق بولىدۇ.

ئاتنى ئاتمىغان بولسا بېشىغا چوڭ بالا - قازانىڭ كېلىشىگە ئىشىنەتتى. بىر تەرەپتىن ئاتنى زادىلا ئۇچراتماسلىقنى خالايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى كۆرۈشكە تاقىتى تاق بولاتتى.

مىنىۋالغان بوز ئاتنىڭ ئالدىدىن قارلىغاچلار پىر - پىر ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ھازىر كەرىملى دېگەن جاينىڭ تۆۋەن قىسمىدىن تەرسۇسلۇ دېگەن جاڭگىلغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يەردە ئاقچەساز پاتقاقلىقىنىڭ چەتلىرىدىكى يوغانلىقى دەرەختەك قومۇشلار ئاسمانغا تاقاشقان ... بۇ يەر قومۇش ئورمانلىقى.

ئادىم شۇ قومۇش ئورمانلىقىغا كىرىپ باقايمىكىن، دەپمۇ ئويلىدى. قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق بىر يەردە، بىر دۆڭلۈكتە سوغۇق، شىغىل تاشلىق بىر بۇلاق بارلىقىنى ئېسىگە



ئالدى. ئاتتىن چۈشتى، ئېتىنى بىر سۆگەتكە باغلىدى. قومۇشلۇققا قاراپ ماڭدى. قومۇشلۇققا كېلىپ تۇردى. يەنە ھېلىقى قورقۇنچ يۈرىكىنى مۇجۇۋالدى. قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي سۇ ئىدى. چورۇقىنى يەشمەستىن شالۋۇرىنى تۈرمەستىنلا سۇغا كىردى. قومۇشلۇق ئىچىدە خېلى ماڭدى. قومۇشلۇقتا ئېشەك ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسى كۆپ ئىدى، ساپسېرىق ھەرىلەر، ئۆمۈچۈك تورلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، پۈتى تۈگۈلۈپ ياتقان ئۇزۇن تىكەنلىك بىرنەچچە كىرپىگە تېگىپ كەتتى. ئۇزۇن پاچاقلىق بىر قۇشنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. قۇشنىڭ ئېگىزلىكى ئادىمنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئىدى. قولىنى ئۇزارتسا بۇ قۇشنى تۇتۇۋالالايتتى. قۇش پەرۋا قىلمىدى، مىدىرلاپمۇ قويمىدى، پەقەت يۇمۇلغان كۆزلىرىنىڭ بىرىنى بىردەم ئېچىپ، يەنە يۇمۇۋالدى. قومۇشلۇقنىڭ ئىچى سالقىن ۋە قاراڭغۇ ئىدى. ئادىم دىققەت قىلىپ ماڭاتتى، چۈنكى قومۇشلۇقتا زەھەرلىك يىلانلار كۆپ بولاتتى.

ئادىم: « ئات بۇ يەردە بولمىسا نەدىدۇ؟ ئاسمانغا چىقىپ كەتمىگەندۇ، بۇ كاساپەت چوقۇم بىر يەردىدۇ » دەيتتى.

بۇلاقنى تاپتى. دۈم يېتىپ، سۇنى ئەمگەندەك ئىچىشكە باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ بۇلاق بېشىدىن تۇردى. تىزلىرى لاي بولۇپ كەتكەنىدى، ئۆۋۈلىدى.

بۇ ئاتنى تاپقىلى بولمايدۇ، تاپقان تەقدىردىمۇ، ئاتقىلى بولمايدۇ. ئاتقان تەقدىردىمۇ، ئاتقۇچىغا ياخشى كۈن يوق. ئاتقۇچىغا ئۆلۈم كەلمىسىمۇ، بىراق پالاكەتچىلىك - نەسلىكتىن ئۆرە كەلمەيدۇ، ئۆلگەندىن يەتتەر كۆڭگە قالىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈمنى خالاپ قالدىم. ھەي ئوبدان ئۆلۈم تېزرەك كېلىپ جېنىمنى ئال، دەپ ۋارقىرىدى ئادىم.

ئۇ قومۇشلۇقنى ئىزدىدى، قورقتى، يەنە ئۆزىگە كەلدى. قومۇشلۇقنىڭ ئەڭ چېتىگە — پاتقاقلىققىچە بېرىپ كەلدى. ھەممە يەردە ھېلىقى مىدىرلىماي تۇرغان قۇشلارنى كۆردى.

قومۇشلۇقتىن چىققاندا كۈن ئولتۇرغانىدى. تولىمۇ چوڭ بىر گۈلنى كۆردى. گۈل قىزغۇچ سۆسۈن، كۆكۈچ ئىدى، قات ـ قات ئېچىلغان بولۇپ، قايسىدۇر بىر قۇشقا ئوخشايتتى.

تورۇق ئات بەلكىم قۇش سىياقىغا كىرىۋالغاندۇ، قارلىغاچ بولۇپ ئالدىمنى توسىدىغاندۇ. ھەي ئادىمىم، ئالدىڭدىن ئۆتتۇم، بۆرۈتۈڭگە چالما تىزدىم، دەيدىغاندۇ!

ئادىم توختىماستىن بۇ سۆزلەرنى تەكرارلايتتى: «قارلىغاچ سىياقىغا كىردىم، بىر قارلىغاچ، ئىككى، ئۈچ، بەش، ئون قارلىغاچ سىياقىغا كىردىم، ئالدىڭدىن ئۆتتۇم، بۆرۈتۈڭگە چالما تىزدىم.»

بۇ سۆزنى زادىلا مېڭىسىدىن نېرى قىلالمايتتى، خاپا بولاتتى، ساراڭ بولاي دەيتتى، بىراق تىنماستىن ئىچىدە تەكرارلايتتى. «ئالدىڭدىن ئۆتتۇم، بۆرۈتۈڭگە چالما تىزدىم.»

ئۇ بىردەم ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدى، خامۇشلۇقتا ئايلىنىپ يۈردى. «شۇ ئۇزۇن پاچاقلىق يېشىل قۇش تورۇق ئات بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىدى. مىلتىقنى يېشىل قۇشقا قاراپ بەتلىدى. قورقتى، چۈشۈرۈۋالدى. يەنە بەتلىدى، بۇ قېتىم تېخىمۇ قورقتى. قولى ماشىنىدەك ئىشلەيتتى. بىردەم قارىغا ئالاتتى، بىردەم چۈشۈرەتتى. ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك تېزلەشتىكى، خۇددى ئادىمنىڭ قوللىرى ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى. بىردىنلا مىلتىق ئېتىلدى. مىلتىق ئېتىلىش بىلەن تەڭ يېشىل، ئۇزۇن پاچاقلىق قۇش جانسىز يەرگە چۈشتى. ھېچ مىدىرلىماستىن سوزۇلۇپ ياتتى. ئادىم يېنىغا باردى، ئۆرۈتتى، كۆتۈردى. قۇشنىڭ بەكمۇ ئۇزۇن، ئادىمنىڭ بويىدىن ئىككى ھەسسە ئۇزۇن قاناتلىرى ئېچىلدى. ئادىم قۇشنى يەرگە ئاتتى. ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ قومۇشلۇقتىن چىقىشقا باشلىدى. تېز ـ تېز ئويلايتتى. ئات كۆز ئالدىدىن شۇ تېزلىكتە ئۆتەتتى. تورۇق ئات بىر سىلكىنىپ قاپقارا، غەمكىن كۆزلۈك نازۇك جەرەن بولۇپ كۆرۈنەتتى. جەرەن بىر سىلكىنىپ قىزغا



ئايلىناتتى، پەرى قىز ... كېيىن ئات يەنە قۇش بولاتتى، كەكلىك بولۇپ كۆرۈنەتتى، كەكلىكتىن قىرغاۋۇلغا ئايلىناتتى. يەنى، كۆپكۆك رەڭلىك، چىرايلىق تۇمشۇقلۇق ... قۇشنىڭ سىياقىغا كىرەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئۈستىنى كۆپكۆك تۇمان قاپلايتتى. ئات تۇمانغا ئايلىناتتى. تۇمان بىر يەردە يىغىلىپ قاپاق تېرەككە ئايلىناتتى. تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا يالغۇز ئۆسكەن شاخلىق تېرەككە ... تېرەك تۇرۇپلا سۇغا ئايلىناتتى ۋە يەر ئۈستىدە پارقىراپ دومىلايتتى. سۇ چىملىق ئورمانغا ئايلىناتتى، ئورمان بۇلۇتقا ئايلىناتتى. بۇلۇت ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپلا بىر ئەجدىھا بولۇپ قالاتتى. ئادىم ئەجدىھادىن دەھشەتلىك قورقۇپ كەتتى. ئەجدىھا يەتمىش ئىككى خىل قىلمىق چىقىرىپ، قىپقىزىل ئوت چاچرىتىپ ئالدىغا كېلەتتى. ئادىم يۈگۈرگەن پېتى قومۇشلۇقتىن چىقتى. ئاپتاپ يۈزىگە قاتتىق ئۇرۇلدى، كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرىدىن كۆزلىرى قاماشتى. مەلۇم ۋاقىت كۆزىنى ئاچالمىدى. كۆزىنى ئاچقان چېغىدا بوز ئات سەل نېرىسىدا تۇراتتى. بوز ئاتقا مىندى، بولۇشىچە چاپتۇردى، ئالدىدىن يۈزلەپ قارلىغاچ پىر ـ پىر قىلىپ ئۇچۇشقا باشلىدى ... ئالدىڭدىن ئۆتتۇم، بۆرۈتۈڭگە چالما تىزدىم ... ئادىم ئېتىنى قامچىلاشقا، ئۈزەڭگىنى تېپىشكە باشلىدى. بوز ئاتمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چاپتى. ئات شۇنچە چاپسىمۇ قارلىغاچلار يەنىلا توپ ـ توپ بولۇپ ئالدىدىن ئۆتەتتى ۋە ھېلىقى ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيەتتى. بوز ئات بىرسەل جىلغىسىغا يېتىپ كەلدى. كېيىن بىركۆل چوڭقۇرلۇقىغا چۈشتى، ئۇ يەردىن چاتقاللىققا كىردى. بىرنەچچە خەندەكنى ئاتلاپ ئۆتتى، بارغانسېرى ئاستىلاپ ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئۆسكەن قومۇشلۇققا كىرىپ قالدى. قومۇشلۇقنى يېرىپ چىقالماستىن شۇ يەردە تۇردى.

تورۇق ئات قۇشقا ئايلىناتتى. «ئالدىڭدىن ئۆتتۇم ...».

قىزىل پاچاقلىق لەگلەك بولاتتى. «بۇرۇنتۇغىغا چالما تىزدىم ...»، ئالتۇن كۆزلۈك، يوغان قاناتلىق بىر لاچىنغا، بىر تايغانغا ئايلىناتتى. «ئالدىڭدىن ئۆتتۇم ...»، بىر قارا يىلانغا ئايلىناتتى. بۇ يىلان چوڭ چىنارغا چىرمىشىۋالاتتى. چىنارنىڭ ئېگىز ئۈچىدىكى قۇشنىڭ ئۇۋىسىدىكى قۇش چۈجىلىرىنى يېيىش ئۈچۈن يۇقىرىغا يامىشاتتى، بېشىنى ئۇۋىغا ئۇزىتاتتى، قىپقىزىل ئوتتەك، ھەرىدەك تىلىنى چۈجىلەرنىڭ ئۈستىدە ئايلاندۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە ئادىم ھەرىكەتكە كېلىدۇ، بىر ئوق بىلەن دەرەخنىڭ ئۈچىدىكى يىلاننى يەرگە چۈشۈرىدۇ. «ئۇزۇن يىلان ئۆلگەن! ئالدىڭدىن ئۆتتۇم ...»، ئادىم پالەچ بولۇپ قالىدۇ. خۇددى ئىسمائىل تىترىگەككە ئوخشاش قول - پۇتى تىتراشتىن تىترەيدۇ. قولى بىر تەرەپكە، پۇتى، بېشى، گەۋدىسى بىر تەرەپكە كېتىدۇ. ئىسمائىل تىترىگەك كارامەت مەرگەن ۋە ئىنتايىن كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تورنىنىڭ كۆزىنى سوقالايدىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئوۋ قىلىۋاتقاندا ئالدىدىن زىلۋا ۋە ئوماق بىر كېيىك چىقىپ قاپتۇ. ئىسمائىل ئۆز ئىچىدە بۇ كېيىكنى ئاتماسلىقنى ئويلاپتۇ. ئوت - چۆپلەر، گۈللەر، تاش - توپىلار تىلغا كېلىپ: «يائاللا ئىسمائىل، ئۇنى ئاتما» دېيىشىپتۇ. بىراق، ئىسمائىلنىڭ تەپكە ئۈستىدىكى بارمىقى جىم تۇرالماپتۇ. ئىسمائىل شۇنداق قارىسا، كېيىك تۇرغان يەردە ئالىقاندەك، ئىنتايىن يوروق بىر پارچە تۇمان تۇرغۇدەك! مىلتىق قولىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ، تىترەشكە باشلاپتۇ، تىلى كالۋالىشىپتۇ.

ئادىم كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. قولىنى پېشانىسىگە ئاپىرىپ خېلىغىچە قاراپ تۇردى. يەنىلا ئىشەنمىدى. ئەمما، قىمىر قىلماستىن ئاپتاپقا قاقلىنىپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان ئات توروق ئاتتىن باشقىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نېمە قىلىشىنى بىلەلمەستىن تۇرۇپ قالدى، مىلتىقىنى توغرىلىدى. ئات بەكمۇ يىراقتا ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ تەپكىنى باستى، قول -



پۇتى، پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى، «ئىسمائىل تىترىگەككە ئوخشاپ قالدىم» دەپ ئويلىدى. ئات تۇرغان يەرگە قارىدى، ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كېرىلىپ، خۇددى ئاسمانغا ئۇچىدىغاندەك سەكرەيتتى. قاناتلىرىنى ئاسمانغا ئۇزارتقان ئەپسانىۋى قۇشلارغا ئوخشايتتى. ئات بۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردىكىن، ئادىممۇ بىلەلمىدى. ئات ئالدى پۇتلىرىنى بىر يەرگە ئۇراتتى، كېيىن يەنىلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئات ئويۇنى ئوينايتتى. پاچاقلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە، داڭلىق گەۋدىسى كېرىلەتتى، ئۇچاتتى، كېيىن راھەتلىنىپ ئەسلىگە كېلەتتى.

ئادىم مىلتىقىنى يەنە بىر قېتىم بەتلىدى، يەنە ئوق ئاتماقچى بولدى، بىراق قولى تىترەپ مىلتىقنى تۈز تۇتالمىدى.

ئات يەنە بىر قېتىم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، چۈشتى، كېيىن قاتتىق ئاۋازدا سوزۇپ ئۇزاققىچە كىشنىدى.

كىشنەش پۈتكۈل ئاناۋارزاغا ئاڭلاندى. ئاناۋارزا قىيالىقلىرىدا ئەكس سادا چىقاردى. توروق ئات كېيىن بېرىپ كۈنپېتىشقا — ئاناۋارزا يېزىسىغا قاراپ چېپىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئادىمنىڭ ئاستىدىكى بوز ئاتمۇ ئارقىدىن چاپتى. بولمىسا ئادىمنىڭ توروق ئاتنى قوغلىغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ئالدىدىكى توروق شۇنچىلىك تېز چاپاتتىكى، خۇددى قارنى يەرگە تېگىۋاتقاندەك ئۇزىراپ باراتتى. ئادىمنىڭ ئاستىدىكى بوز ئاتمۇ ياخشى چاپاتتى. چاپقانسېرى شامالدەك ئۇچاتتى. بۇ ئۇچقان شامال ئاستا - ئاستا ئادىمنى ئېسىگە كەلتۈرەتتى.

توروق ئات بىر ئازدىن كېيىن ئاناۋارزا قىيالىقلىرىنىڭ ئارقىسىغا — ئاناۋارزا يېزىسىغا چۈشتى. كېيىن يولنى ھاجىلار قومۇشلۇقىغا قاراپ ئۆزگەرتتى. ھاجىلار قومۇشلۇقىدىن بۇرۇنقى تېزلىكتە قايتىپ ئاقچەسازغا كىردى. ئۇنىڭ تېزلىكى بارغانسېرى ئاستىلىدى، بىراق بوز ئاتنى خېلىلا ئارقىدا قويدى.

تورۇق ئات ئاقچەسازنىڭ ياقىسىدىكى سۆگەتلىككە بېرىپ توختىدى. ئاتنىڭ شۇ يەرگە بېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئادەم خۇشاللاندى، قوللىرىمۇ تىترىمەيتتى، ھېچ نەرسە بولمايتتى، خېلى ياخشى قارىغا ئالغاندىن كېيىن تەپكىنى باستى. بىراق، بۇ ئەتراپتا تورۇق ئات كۆرۈنمەيتتى، غايىب بولغانىدى. خاپا بولدى، قورقتى، ئۆزىگە ئېچىندى. شۇنچە كۈندىن بېرى بىر ئاتنىڭ كەينىدە يۈرگەنىدى. ئىنس - جىنمۇ، پەرىمۇ، شەيتانمۇ، ئىشقىلىپ، بىر ئاتنىڭ ئارقىسىدا يۈرەتتى، ئىتتەك ئۆمىلەيتتى. بۇ ئاتنى ئاتماستىن قايتىپ بارسا ئۇنىڭ ئادەم بولغىنى بىر تىيىن بولاتتى، نېمىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. خوتۇنىمۇ، ئۆزىمۇ مەدىكارلىق قىلىپ كۈننى ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق بەخت - سائادىتى مانا مۇشۇ ئاتنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتە ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى ئىززەت - نەپسىگە تېگەتتى. مەيلى ئۇ ئات جىن، پەرى بولسۇن، مەيلى تەڭداشسىز بولسۇن، يۈز خىل تۈسكە كىرگەن ھالەتتىمۇ نېمىشقا ئاتالمايدىكەن؟ شۇنچە يىلدىن بېرى چاشقانتىمۇ ئالدىدىن قاچۇرمىغان ئادەم! ... ئات تۇرغان سۆگەتلىكنىڭ يېنىغا كەلدى. بوز ئاتتىن چۈشۈپ بىر دەرەخكە باغلىدى. ئەتراپنى تۇمانلىق قاراڭغۇ باسقانىدى. تورۇق ئات تۇرغان يەردە قان كۆرۈنەمدىكىن دەپ ئېگىلىپ قارىدى، كېيىن تورۇق ئاتنىڭ ئىزىنى ئەگىشىپ پاتقاقلىققا ياردى. بىر ئازدىن كېيىن يورۇقلاپ قايناۋاتقان چوڭقۇر ئىسسىق سۇغا دۇچ كەلدى. بىردىنلا ئارقىدىن دەل ئەللىك قەدەم نېرىدا قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ بىر ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئادەم ئارقىسىغا ياندى. سازلىقتىن باشقا نەرسە كۆرمىدى. يۈگۈرۈپ سازلىقتىن چىقتى. باغلاقلىق تۇرغان بوز ئات بىلەن تورۇق ئات بىر - بىرىنى پۇرىشىپ تۇراتتى. بۇ پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ نىشانلىدى ۋە ئاتتى. ئوق ئاۋازىدىن ئۇنىڭ تەگمىگەنلىكىنى بىلدى. يەنە تۆت قېتىم ئاتتى. قارايدىغان بولسا ئىككى ئات يانمۇيان چېپىپ كېتىۋاتقان. بوز ئاتمۇ چۇلۇۋۇرنى



ئۈزۈۋېلىپ، تورۇق ئات بىلەن بىرلىكتە نارلى قىشلىقىغا قاراپ چاپاتتى. ئادەم تۇرغان يېرىدە — پاتقاقلىقنىڭ بويىدا، گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن يالپۇزلۇقنىڭ ئىچىدە قېتىپلا قالدى. ئاتلار نارلى قىشلىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئارقىلىرىغا ياندى. دەل ئادەمنىڭ ئالدىدىن چېپىپ ئۆتكەن چاغدا، ساراڭ بولاي دېگەن ئادەم زوڭزايغان پېتى مىلتىقىنى ياخشى قارىغا ئېلىپ ئوق ئاتتى. ئارقا - ئارقىدىن بەش پاي ئوق ئاتتى. ئاتلارنىڭ بىرى يىقىلدى. بىرنەچچە قېتىم ئىنچىكە ئاۋازدا كىشنىدى، ئۇزاققىچە تىپىرلىدى، قاراڭغۇلۇقتا ...

## 21

تۇمانلىق، دىمىق جىمجىت كېچە ئىدى. ئاسماندا ئانچە يورۇق بولمىغان بىرنەچچە يۇلتۇز پارقىرايتتى. ئوڭ ۋە سولدا، تاغ باغرىدا پادىچىلارنىڭ گۈلخانلىرى يېنىپ تۇراتتى. مەمەت ماڭغان يولنى بەك ياخشى بىلەتتى. ئىككى چېتى خادا تاشلىق تارغىنا بىر چىغىر يول ئىدى. بۇ يول ئۇممەت سىرىقنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باراتتى. ئورمان ھۇۋۇلدايتتى، ئەتراپتا ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. مەمەت ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا بىر يەردە تۇرمايتتى، ماڭغاندا ئاۋاز چىقارمايتتى، تىمىسلىپ كېتىۋاتقاندەك، پۇتلىرى يەرگە تەگمىگەندەك كېتىۋاتاتتى. ئۈستىدىكى يۈك بەكمۇ ئېغىر ئىدى. بەدىنىگە ئۈچ قاتار قىلىپ ئوقدانلارنى باغلىغان، ئوڭ ۋە سول مۈرىسىگە ئىككى قاتار ئوقداننى چەپرەس قىلىپ ئېسىۋالغان، مىلتىقى، خەنجىرى، دۇربۇنى، بومبىلىرى، تاپانچىسى خېلىلا ئېغىر ئىدى. مەمەت مېڭىشقا، مۇنداق كىچىك دۆڭلۈكلەردىن كەكلىكتەك تاقلاپ مېڭىشقا ئۇستا ئىدى.

مەمەت ئىككى كۈندىن بېرى تاغ ئىچىدە يۈرەتتى. ناھايىتى ئىتتىك ماڭاتتى. ھېچقانداق ئەسكەرگە، ژاندارمىغا، دېھقانغا

ئۆچراپ قالمىدى، ئەمما يەنىلا ھوشيار كېتىۋاتاتتى. قانداقتۇر بىرنەرسە باردەك ھېس قىلاتتى. بىر تۈزلەڭ قورۇلغاندەك، بىرى ساقلاۋاتقاندەك تۇراتتى. ئەگە تۆۋەندە تۇرىۋەت دېگەن جايدىن ئۆتكەن چاغدا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بەلكى ئاددىي بىر توقۇنۇش بولسا كېرەك، ئاۋازلارنىڭ ئۇزاققىچە داۋام قىلمىغانلىقىغا قارىغاندا. تۇزاققا چۈشكەن قاراقچى يا ئېتىلدى، ياكى تەسلىم بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، مەمەت تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ماڭاتتى، ئوغرى يوللارغا چۈشەتتى.

قويۇق ئورمانلىقتىن كېتىۋاتاتتى، بوش چىققان شامالدىمۇ لىڭشىغان دەرەخلەر شىلدىرلايتتى.

ئۆممەتنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنىدى. ئۆممەتنىڭ ئۆيى تەرەپتىن يوغان پادىچى ئىتلىرىنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى. كېچىنىڭ بۇ ۋاقىتلىرىدا ئىتنىڭ ھاۋشىشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس ئىدى.

مەمەت يۇقىرى تەرەپتىكى تاغ يامرىلىدىن ئۆممەتنىڭ ئۆگزىسىگە تاقلىدى. ئۈچ قېتىم بوش تېپىپ قويدى. ئۆممەت سىرىق ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ بۇ ئاۋازنى تونۇياتتى، شۇ زامان تاشقىرىغا چىقاتتى. ئەگەر سىرتقا چىقمىسا، يا ئۆيدە يوق ئىكەنلىكى، ياكى چوڭ خەتەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولاتتى. مەمەت تاقەتسىزلەندى، ئۆگزىنى ئۈچ قېتىم تېخىمۇ قاتتىقراق تەپتى. بىر ئازدىن كېيىن ئاياغ تىۋىشى كەلدى، بىراق قارا سايە تامنى تولىمۇ ئاستا ياقىلاپ، سوزۇلۇپ تامغا ئارتىلدى. تامدىن ئارتىلىپ ئۆگزىگە چىقتى.

— يات، مەمەت، — دېدى ئۆممەت.

مەمەت شۇ زامان يەرگە چاپلاشتى.

— ئۆيدە لىق ئەسكەر، ئېغىلدا ئىبراھىم قارىنىڭ ئەترىتى ... — دېدى ئۇ ئاغزىنى مەمەتنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ، — سېنى ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ، ئۆيمۇئۆي، تۆشۈكمۇتۆشۈك، يېزىمۇيېزا سېنى ئىزدىشىۋاتىدۇ. سېنىڭ تورۇسقا قايتقانلىقىڭنى بىلمىگەن



ئادەم قالماپتۇ. خۇدا ھەققى، سېنى زادى كىم كۆرگەنىدى؟

— بىلمەيمەن، — دېدى مەمەت، — كىم كۆرىدىكىنتاڭ ... ھەرھالدا كۆرگەن بىرى باردۇ.

— بۇ قېتىم شۇنچىلىك دەھشەتلىك. جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ قويۇپ ئىزدىشىۋاتىدۇ سېنى، بۇنى بىر دېمە ... ئەلى سايا باي ۋە باشقا ئاغىلار سېنىڭ بېشىڭ ئۈچۈن پۇلمۇ تىكىپ قويغانمىش، يۈزبېشى پاروخ سۆزلەۋاتقاندا ئاڭلىۋالدىم. سەن بىرنەچچە ئاي تورۇستىن غايىب بول. ئىزدەپ - ئىزدەپ تاپالماستىن، ئاخىر ئىزدىمەي كېتىشىدۇ. بۇ بوران توختىغۇچە بۇ يەرلەردىن يىراقلىشىپ تۇر. ھازىر سەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇر. ساڭا ئوق تېپىپ قويدۇم، بەلكى كېتىۋېتىپ ئېتىشىپ قالارسەن.

ئۆممەت سىرىق ئۆگزىنىڭ تېمىدىن پەسكە چۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن بىر قولىدا بىر خالتا ئوق، يەنە بىر قولىدا ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن يېتىپ كەلدى.

— بۇلارنى ئال، يېزاڭغا يارغۇچى بولما، ئىككى ئايدىن بېرى ژاندارمىلار سىلەرنىڭ يېزىدا پىتىراپ يۈرۈشىدۇ.

— بىزنىڭ يېزىدىكى ئەھۋال قانداق؟ — دەپ سورىشىغا، ئۆممەت سىرىق ئۇنىڭ ئاغزىدىن سۆزنى تارتىۋېلىپ:

— بۇ يەردە ئۇزاق تۇرما، سىلەرنىڭ يېزا تۇرغان يېرىدە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ياللا، زادىلا بارمىغىن، تۇزاققا چۈشىسەن. تاغۇتاشلىرىنى ئەسكەر قاپلاپ كەتكەن. ئېسىڭدە چىڭ تۇت، دېھقانلار غالجىرلىشىپ كېتىپتۇ. داداڭ بولسىمۇ، قېرىندىشىڭ بولسىمۇ كۆرۈنمە. تورۇستىن تېز ئارىدا تاشلاپ كەت. قېنىڭ خوش، ئامان بول!

ئۆممەت سىرىق قاراڭغۇدا قولىنى ئۇزارتتى، مەمەتنىڭ مۇزدەك قولىنى سىقتى.

ئۆگزىنىڭ تېمىدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشتى.

مەمەتمۇ شۇ زامان دۆڭگە يامىشىپ، ئورمانلىققا كىرىپ

كەتتى. ئۆزى بىلمىدىغان يوشۇرۇن بىر چىغىر يولنى مىڭىپ يۈرۈپ تېپىۋالدى. ناھايىتى ئىتتىك ماڭاتتى. يۈرىكىدىكى قورقۇش تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى، كۆڭلى پەرىشان ئىدى. قاراڭغۇ تۈن تامنىڭ ئىچىدە ھېچكىمسىز، دوستسىز يالغۇز ئۆزى قالغانىدى. بىر تەرەپتە ئەسكەر، يەنە بىر تەرەپتە دېھقانلار ... تاغۇتاشلار، ئەسكەرلەر، دېھقانلار، دەرەخلەر، ئوت ـ چۆپلەر، ئۇچارقانلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، ھەممە جانلىق مەخلۇقات ئۇنىڭغا دۈشمەن ئىدى.

دەھشەتلىك ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ دۇنياسىنى قاراڭغۇلاشتۇراتتى.

يېزىسىنى سېغىنىش ھېسسىياتى بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. يېزىغا بارسا، بېشىغا كېلىدىغان كۆلپەتلەرنى بىلەتتى. ئۇ يەردىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ ساراڭلارچە ھەۋەس قىلاتتى. دېھقانلار نېمە بولغاندۇر؟ چېقىرتكەتلىككە توي ـ تاماشا بىلەن ئوت قويۇۋالغانمىدۇ؟ دۇرمۇش ئاغا ھارغىن، دەرمانسىز ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشكەنمىدۇ؟ ھۆرى ئانىنىڭ خاپىچىلىقى تۈگىگەنمىدۇ؟ لېكىن ئۇ بەك ئاچچىقى يامان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ غەزىپىدىن يەر ۋە ئاسمان لەرزىگە كېلىگەندەك بولاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆكۈزلىرى ئۆزىنىڭكى بولغانمىدۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزى ھەيدەپ تېرىغان يەرلىرى ئۆزىنىڭ بولغانمىدۇ؟ مەمەت بىرنەچچە يىلدىن بېرى ناھايىتى كۆپ نەرسىنى ئۆگەنگەنىدى. ئىنتايىن كۆپ ... بىر ئادەم ئون ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ياشىغان تەقدىردىمۇ، مەمەتنىڭ ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى بەكمۇ تەستە ئۆگەنگەن بولاتتى.

ئەلى سايا باي، ئارىپ سايىم بەگ، چۇقۇر ئوۋۋانىڭ باشقا ئاغىلىرى ... مەمەت خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە چۇقۇر ئوۋۋا ئاغىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ قالغانلىقلىرىنى چۈشەنمەيتتى. ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.



ئابدى ئاغا ئۇلارنىڭ تۇغقىنى ئەمەسقۇ ... مەمەت ئۇلارغا نېمە قىلغان بولغىيدى شۇنچە. بىر ئۆزى ئۈچۈن ژاندارمىلار بىلەن پۈتۈن تورۇس تاغلىرىنى تولدۇرۇۋەتكۈدەك نېمە ئىش قىلغانىدى؟ راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭ سەۋەبىنى تېخىچە ئانچىلىك بىلىپ كېتەلمەيتتى. نېمە ئۈچۈن باشقا قاراقچىلارغا ئۇنچىلىك دۈشمەنلىك قىلمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە قاراقچىنى قوغداپ قېلىشاتتى تېخى؟ ئاغىلارنى، بايلارنىڭغۇ چۈشەندۇق دەيلى، بۇ دېھقانلارغا نېمە بولغاندۇ؟

ئەمدى مەن نەگىمۇ بارارمەن، دەپ ئويلىدى. پۈتۈن فىرات ئەتراپىنى، ھېچكىم بىلمەيدىغان كۆرد يۇرتلىرىنى ئايلىنىپ چىقتىم. ياناھلانغۇدەك بىر يەر تاپالمىدىم، بۇ دۇنيا ماڭا تارلىق قىلدى. يەنە قايتىپ شۇنچە يوغان تورۇسقا كەلدىم. ئۆلۈكۈمنىڭ نەدە قېلىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەن تورۇسقا ئۆلۈش ئۈچۈن كەلدىم. ئۆز تۇپرىقىمغا كەلدىم، ئۆلۈم بۇرنۇمغا كۆپ ـ كۆپ يۈراپ كېتىۋاتىدۇ. بىر قاراقچىنى، مەمەت ئاۋاق دېگەن بىرىنى ئاغىلارنىڭ، بايلارنىڭ خورلاشلىرىنى دۇنيا كۆتۈرمەيدۇ. ئۈممەت سىبرىق ئاغا ... يەر يۈزى، كۆك يۈزى ماقۇل كۆرمەيدۇ. نەگە باراي، ئۈممەت ئاغا! مەن قانىتى سۇنغان بىر قۇشمەن، مۈشتۈمدەك بولسامۇ مېنى ھېچقانداق بىر چاتقاللىق قوبۇل قىلمايدۇ.

بارغۇدەك، قاچقۇدەك بىر يەرنى ئويلايتتى. تاپالمايتتى. غەزەپلىنەتتى ... ئوسمان چوڭ دېگەن ئادەمنى تاپتىم. ئۆيىگە يوشۇرۇندۇم. ياخشى ئادەم، ساپ دىل ئادەم، ياۋاش ئادەم، سەممىي ئادەم. ئەمما كىچىك بالىدەك ئادەم. ئۆيىدە ئىكەنلىكىمنى ھەممە ئادەمگە دېيىش ئۈچۈن جېنى ئاقىلداپ يۈرەتتى. قەمەر ئانىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن ... چۇقۇر ئوۋۋانىڭ تۈزلەڭلىكىدە ژاندارمىلارغا تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولسام قۇتۇلۇشۇم يوق گەپ، ئۇ چاغدا چۇقۇر ئوۋۋا ئاغىلىرى بايرام قىلىپ شادلىناتتى.

ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە، چىغىر يولنىڭ ئۈستىدە، كېچىنىڭ

قاراڭغۇلۇقىدا تۇرۇپلا قالدى. يولنى قاياققىمۇ سالاتتى؟! بارىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى. قايسى تەرەپكە ماڭسۇن؟ مەلۇم ۋاقىت كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا تىك تۇرۇپ قالدى. كۆپ نەرسىنى ئويلىدى، مېڭىسىگە ھەر خىل خىيال ئىشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل تېزلىكتە كېلەتتى، ئەۋج ئالاتتى. كۆز ئالدىغا ئانىسى كېلەتتى. خەدىچە، بالىسى، ئىراز خاتۇن، سۇلايمان غوجا ... سۇلايمان غوجا ئېسىگە كېلىش بىلەن كۆڭلىدە ئىللىق، يورۇق ئۈمىد نۇرى چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، كەرىم ئوغلى، جاپپارلارمۇ بار. جاپپار باتۇر يىگىت ئىدى ۋە ھەققىي دوست ئىدى ... ئۇ ئۆيلىنىپتۇ. بىر قىزى، بىر ئوغۇل — ئىككى باللىق بوپتۇ. جاپپارنىڭ يېنىغا بارسىچۇ؟ جاپپارنىمۇ، سۇلايمان غوجىنىمۇ ئۇلار تىنچ قويمايدۇ ... كەرىم ئوغلىنىمۇ بوش قويمايدۇ. تاغلار ئىشەنچلىك، ئەمما قەيەرگە بارىدۇ؟

يېقىن ئەتراپتا بىر غار بولۇشى مۇمكىن، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى، بىردەمدىلا ئەتراپ يورۇيدۇ. غار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تاڭ سۈزۈلگەن چاغدا چوڭ قىيالىقتىكى بىر غارغا كىرەلىدى. غارنىڭ تۆشۈكىنىڭ ئاغزىدا ئىككى لاچىن تۇراتتى. تۆشۈكنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى تۈپ ئارچا دەرىخى ئۆسكەن، كۆكۈچ گۈل ئېچىلغان، يۆگەيلەر دەرەخلەرگە ياماشقانىدى. مەمەت غارغا چىقتى، ھېرىپ كەتكەن لاچىنلار خالىماستىن قاناتلىرىنى ئېچىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. مەمەت مىلتىقىنى يەرگە قويدى. قولىدىكى ئوق خالتىسىنى مىلتىقىنىڭ ئۈستىگە قويار - قويماستىنلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئويغانغاندا كۈن ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئۇسسىغان ھەمدە قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. ئەتراپ پىچان ۋە كەكرە پۇراپ تۇراتتى. غار ئاغزىدا غۇچچىدە قىزىلگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. قىزىلگۈللەر غارنىڭ ئاق، قارا، يېشىل، كۆكۈچ قىيالىقلىرىغا سايىۋەن بولغانىدى. مەمەت شۇنچىلىك جىق ئېچىلغان، شۇنچىلىك يالت - يۇلت قىلىپ يىراقلاردىن پارقىراپ



تۇرىدىغان قىزىلگۈللەر تۈپىنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى. مىلتىقىنى ئاستى، ئوق خالتىسىنى ئالدى، تاشقىرىغا چىقتى. ئەتىگەنكى لاچىنلار يەنە كېلىپ غارنىڭ ئالدىغا قونۇۋالغانىدى. ئۇلار خالىماستىن ئۇچۇشتى، ئۇن قەدەم نېرىدىكى بىر خادا تاشنىڭ ئۇچىغا يانمۇيان قونۇشتى. يەكمۇ قېرىپ كەتكەن لاچىنلار ئىدى.

تۆۋەن تەرەپتە بىر بۇلاق قاينىپ چىقىۋاتاتتى. مەمەت بۇلاق بېشىغا باردى. ئۇزۇن، كۆكۈچ گۈللۈك يالپۇزلارنىڭ ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ مەمەت سېرىق بەرگەن بېلىدىكى تۈگۈنچنى يەشتى. تۈگۈنچىدە ئۈچ باش پىياز، ئالتە تۇخۇم، سۇزمە، بىر پارچە تۇركمەن سېرىق مېيى، بىرمۇنچە كۆمەچ نان، بىرنەچچە مەززىلىك قاتلىما بار ئىدى. تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېدى. بۇ ئۇزۇقلۇق ئۇنىڭغا ئىككى كۈن يېتەتتى. مەمەت ئادەتتە ئانچە كۆپ تاماق يېمەيتتى. بولۇپمۇ يۈرىكى سىقىلغان كۈنلىرىدە تاماق يېيىش ئېسىگىمۇ كەلمەيتتى.

ئورنىدىن تۇردى. شىمال تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۆز يېزىسىغا كېتىۋاتاتتى. يېزىسى كۆزىگە گۈل كۆرۈنەتتى. يۈرىكىگە بىر سېغىنىش ئوتى تۇتىشىپ، ئۇنى كۆيدۈرەتتى. ئۆلۈمگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما تۇرالمايتتى. يېزىسىنى كۆرۈش كېرەك. يېزىسىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ يوغان چىنارنى، چولاقنى، ئۇنىڭ تۈگمىنىنى، يوغان چىنارنىڭ قاشاسىنى، توپىلىق يوللارنى. چېقىرتكىلىك تۈزلەڭلىكنى، ئۆيلەرنى، رەڭلىك تۈپىلارنى، يېزىنىڭ چېتىگە سۇلار ئېقىپ كەلگەن شېغىل تاشلارنى، دەرەخلەرنى، بۇلغۇنلارنى، تۆگە تاپانلىرىنى، يېزىنىڭ توخۇلىرىنى، بولۇپمۇ مېكىيانلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرىدىغان يۇمران سېرىق جۆجىلىرىنى ... ھەممە نەرسىنى كۆرگۈسى كەلگەنىدى. دورمۇش ئەلىنى، ئۇنىڭ ئىللىق، مېھرىبان، دوستانە كۆزىنى، مۇھەببەتلىك، مەرھەمەتلىك كۆپ ئادىمىنى ... ھۆرى ئانا ئەڭ ئېسىل

خىسلەتلىك ياخشى ئايال ... مىجەزى چۈس، ئۆزى دادىل ۋە جاھىل، ئادەمگەرچىلىكى ھەممىدىن كۈچلۈك. ئۇلار ياخشى كۆرگەن ئادەمگە جېنىنى بېرىۋېتىدۇ. بىر كۈنى ئۇخلاۋاتقاندا چاچلىرىنى سىلىغانىدى ... مەمەت شۇ ئىسسىق، ئانا، ئاچا، دوست، قېرىنداش قوللىرىنىڭ ھارارىتىنى، دوستلۇقىنى، ئىللىقلىقىنى، يۇمشاقلىقىنى زادى ئۇنتۇيالمىغانىدى ... ھۆرى ئانا ئۇنى ئەنە شۇنداق چىن دىلىدىن ئەركىلەتكەن - دە. ئەركىلەتمىسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىرىپ جىگەرىم، مەمەتتىم دېيىشلىرى باركى، بىر جان ئەمەس، مىڭ جانىنىمۇ بېرىۋېتىسەن. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشەرمەن؟ خۇشاللىقىدىن سارائىڭ بولاي دېگەنىدى. قويغان - ئۇتقىنىنى بىلمەيلا قالغانىدى. مۇستاپا يالا، ھۆسۈك تاغا نېمە بولۇپ كېتەر؟ ھۆسۈك تاغا ھودۇقۇپ كېتىدۇ. خۇشاللىقىدىن قوللىرىنى بىردەم قوۋۇشتۇرۇپ، بىردەم ئاچىدۇ: « مەمەت سەل - پەل چوڭ بوپتۇ، مەيلى ئۇسۇپ چوڭ بولسۇن، قامەتلىك ئادەم تېخىمۇ ياخشى قاراقچىلىق قىلالايدۇ. ئالەم ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ھەممە ئادەم بىزنىڭ مەمەتتىن يەكمۇ قورقاتتىغۇ. مانا ئەمدى تېخىمۇ قورقىدۇ » دەپ كېرىلىپ كېتىدۇ. مۇستاقاچۇ؟ قورقۇپ كېتەرمۇ؟ بەلكى قورقار. بېرىپ ژاندارمىلارغا دەپ قويارمۇ؟ ئۇمۇ ئۆيلىنىپ بىر بالىلىق بولغانىدى. جاپپار ئاڭلىسا كېلەرمۇ؟ ... مەمەت كۈلۈمسىرەپ قويدى. قاتتىق ئىشەنچ بىلەن « كېلىدۇ » دېدى. ئەلى توكۇرچۇ؟ قۇۋۇ، تولكە كۆزلۈك ئەلى توكۇر ! ئۇ جان دوست، قان قېرىنداش، جاننى قۇربان قىلغۇدەك ئادەم ... ئەجەبا، ئۇ قانداق كۆتۈۋالار؟ بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ كۈلىدۇ، راسا كۈلىدۇ، قاپاقتىن تۆكۈلگەن سۇدەك كۈلىدۇ. قولى، يۈزى، كۆزى، بەدىنى، بېشى، ھەممە يېرىدىن كۈلكە تۆكۈلىدۇ. ھەتتا توكۇر پۇتىمۇ. توكۇر خۇشاللىقىدىن سارائىڭ دىۋانە بولۇپ كېتىدۇ ...

مەمەتنىڭ ئۆزىمۇ خۇشاللىق شامىلىدا مۇھەببەت بىلەن



جۇشقۇنلىنىپ ئۇچاتتى. خۇددى پۇتلىرىغا قانات چىقىۋاتقاندەك، ئۇچقاندەك تېز ماڭاتتى. يامان ئىشلار ئېسىگە كەلمەيتتى. يېزىدا ژاندارمىلارنىڭ تولۇپ ياتقانلىقى، ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشىمۇ ئەقلىگە كىرىپ چىقمايتتى. ئۆلتۈرۈلۈشى، يامان ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىشى خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. بىردىنلا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ ئادەتتە ناخشىنى ناھايىتى ئاز ئېيتاتتى. ناخشا ئېيتقۇدەك نەدىكى ۋاقتى ... بىراق ئاۋازى يېقىملىق ئىدى.

كۈن قىزارغان چاغدا ئۆزۈنتۈلۈك دېگەن توربېشىغا كەلدى. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىل مەڭلىك بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. قولۇڭنى ئۇزارتساڭلا تۇتۇۋالاتتىڭ. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈنتۈلۈكنىڭ بېلىقلىرىغا ھېچكىم تەگمەيتتى. بېلىقلار خالىغانچە چوڭىياتتى. مەمەت توربېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆزۈن توگۈچىنى يەشتى، پىيازنى ئاقلاپ سۇزمە بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ناننى يەۋېتىپ ئۇۋاقلىرىنى بېلىقلارغا تاشلاپ بېرەتتى. بېلىقلارنىڭ نان ئۇۋاقلىرىغا ئۇستى - ئۇستىلەپ ئۆزلىرىنى ئېتىشلىرىنى تاماشا قىلاتتى.

يېمەكلىرىنى ئاستا - ئاستا يېدى، بېلىقلارنى تاماشا قىلدى، راھەتلەندى. شۇ يەرگە سوزۇلدى. بۇ توربېشى باللىق چاغلىرىدىكى توربېشى ئىدى. شۇڭا، بۇ يەردە قورقۇش ئېسىگە كەلمەيتتى. ھېچ قورقماستىن، ئەندىشە قىلماستىن باللىق چاغلىرىدا قانداق ئۇخلىغان بولسا، شۇنداق ئۇخلاپ قالدى. قاراقچى بولۇپ تاغقا چىققاندىن بۇيان مۇشۇنداق قاتتىق، مۇشۇنداق خاتىرجەم ئۇخلاپ باقمىغانىدى. ئويغىنىپ چۆچۈپ كەتتى. بىراق، بۇ يەرلەر ئانا تۇپراق ئىدى. ئۆزى ياخشى بىلەتتى. قەلبىدىكى خۇشاللىق ئۆرغۇپ تۇراتتى. بىردەم بولسىمۇ بالدۇرراق كەچ بولۇشىنى كۈتەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن يېزىغا كىرىدۇ، ھۆرى ئانىنىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ، « ئانا، ئانا » دەپ ۋارقىرايدۇ، « مەن كەلدىم » دەيدۇ. قاراڭغۇدا مېنى تونۇيالارمۇ، تونۇيالماي قالارمۇ؟ يائاللا !

ئورمانلىقتىن چىقىپ يېزىنىڭ باش تەرىپىدىكى تاغ يامزىلىغا كەلدى. چوڭ خادا تاشنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى، يېزىغا سەپسېلىپ قارىدى. يېزىغا قارىغانسېرى خاتىرىلىرىمۇ قايناپ تاشاتتى.

باللىق چاغلىرىدا، ئاتىسىدىن خاپا بولۇپ ئۆيىدىن قاچقاندا مۇشۇ يەرگە ـــ بۇ خادا تاش تۈۋىگە كېلەتتى، بۇ تەم خادا تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يېزىغا قارايتتى ۋە ئويلايتتى. بۇ ئېگىز خادا تاش مەمەت ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ ھەر دائىم ھۆل تۇراتتى، دېھقانلار، پادىچىلار بۇ يەرگە كېلىپ گۈلخان يېقىشنى ياخشى كۆرەتتى.

يېزىدىكى ژاندارمىلارنى كۆردى. ئۇلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشاتتى. ئۆگزىلەرگە قاراپ ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىنى تاپتى. ئۆگزىنىڭ توپىسى قىزىل، يېشىل، كۆك، سارغۇچ ئىدى. چاڭقاپ چىققان ئاپتاپتا پارقىراپ تۇراتتى. دادىسى بۇ توپىلارنى يامغۇر ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ ناھايىتى يىراق يەرلەردىن ئەكەلگەنىدى. كۆز ئالدىغا چىرايلىق، مۇلايىم، ئىللىق، مېھرىبان ئانىسى كەلدى. ئۆمرىدە ھېچقاچان ھېس قىلمىغان قاتتىق يالغۇزلۇقنى مانا ھازىر ھېس قىلدى. ئەتراپتا ئېگىز ـ ئېگىز چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى. مىڭلاپ ھەر خىل ھەرە ئىسسىق ئاپتاپتا غوڭغۇلداپ، بۇ گۈللەرنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇچۇشاتتى. چاڭقاپ تۇرغان ئىسسىقنى مەمەت ياخشى كۆرەتتى. نازۇك، تىك، ئۇزۇن ئۆسكەن گۈل بەرگىلىرىگە تۈگمىدەك مىڭلاپ گۈل يېپىشىپ تۇراتتى.

خەدىچەلەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە قارىيالمايتتى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى يوغان دەرەخنى كۆرەلمەيتتى.

ئاخىر ئۆزىنى تۇتالمىدى، كۆز ئالدىغا دەرەخ كېلىپ تۇرۇۋالدى، كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەك ئالدىنى توسۇۋالدى. يىگىتلىك قەلبى دۈك ـ دۈك ئۇرۇپ، قۇشتەك سايرايتتى. يىگىت ناقەت ئازابى ئىچىدە ساراڭلاردەك كۈلەتتى. مۇلايىم،



ئىسسىق، مۇھەببەتلىك بىر قىز ئالدىغا كەلدى. گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالدى. ئىككى تامچە ياش كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشتى.

مەمەت بۇ ھېسلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئابدى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قارىدى. ئابدى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىنىڭ مورىسىدىن قويۇق ئىس چىقىۋاتاتتى. مەمەتنىڭ غەزىپى تاشتى: «شۇ ئىسىمنى توختىتالمىدىم، ـــ دېدى، ـــ توختىتالمىدىم، يوق قىلالمىدىم، ئىس چىقماس قىلالمىدىم.» ئاۋازى ئېگىز تاغلاردەك چىقاتتى. قاتتىق ئەلەم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ كۈلۈمسىرىدى، كۆپكۆندۈزدە ژاندارمىلار بىلەن لىق تولغان يېزىغا كىرمەكچى بولغانىدى. ئېگىز خادا تاشنىڭ تۈۋىگە قايتىپ كەلگەندە بىر چەتتە، چاتقال تۈۋىدە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغان بالىنى كۆردى. بالا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەمەتمۇ باللىق چاغلىرىدا بۇ يەرگە كېلەتتى. ئەنە شۇ چاتقال تۈۋىگە مۆكۈۋېلىپ ئېگىز قىيانىڭ تۈۋىدە بولغان ئىشلارنى تاماشا قىلاتتى. بىر قېتىم بۇ چاتقال تۈۋىگە مۆكۈۋېلىپ، سۇلايمان بىلەن ئاتاجان توكۇرنىڭ قىزىنىڭ سۆيۈشۈۋاتقانلىقلىرىنى مارىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ يېزا ئۈچۈن دۈربۈن ئېسىقلىق، ئۈستىدە قاتار ـ قاتار ئوقدان باغلانغان، كۈمۈش نەقىشلىك تاسمىلارغا ئېسىلغان ئۇزۇن چىركەس خەنجەرلىرى، بومبىلىرى بىلەن كىچىككىنە بىر قاراقچىنى تاماشا قىلىش نېمىدېگەن قىزىق ـ ھە! ...

مەمەت بالىغا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قارايتتى. بالا قاراقچىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەنلىكىنى بىلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەستىن ھودۇقۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، تېپىرلاپلا قالدى.

مەمەت كۈلۈمسىرەپ:

ـــ ھەي ئۇكام، ـــ دېدى، ـــ مېنى كۆرگەنلىكىڭنى ژاندارمىلارغا دېمە جۇمۇ؟ مەن مەمەت ئاۋاق بولىمەن.

بالىنىڭ ئۆزىگە شۇنچە قىزىقىپ قاراشلىرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىپ كەتتىكى، بالىنىڭ بېرىپ دەپ قويۇشى خىيالىغىمۇ كەلمىدى. چۈنكى، ئۇ يېزىسىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولغانىدى. ئۆزىنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى، مەمەت ئاۋاقلىقىنى، شۇنچە كاتتا بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن تاغلارنى ژاندارمىلار بىلەن تۇشقۇزۇۋەتكەنلىكىنى، ئاغىلارنىڭ يالاقچىسى ئىبراھىم قارىنىڭ جېنىدىن تويغان بىر قارام ئىكەنلىكىنى، ھەممە نەرسىنى بىردەمچىلىك ئۇنتۇپ قالغانىدى. كۆڭلىدە بالىلارچە، ئاجايىپ ياخشى ئۈمىد، بىر خىل مۇھەببەت، بىر خىل خۇشاللىق پەيدا بولغانىدى. ئىللىق ۋە نازۇك بىر خىل سۆيگۈ قەلبىنى چۇلغىۋالغانىدى. بىردىنلا ئىچىگە كەلدى: «ئىچىم ئاغرىپ بىر قۇشنىمۇ، بىر چۈمۈلىنىمۇ ئۆلتۈرەلمەيمەن، بىر تال ھەرىنى، بىر كېپىنەكنى، بىر قۇشنىمۇ ئۇتالمايمەن» دېدى. ھازىر ئۇ قولىدىكى مىلتىققا، بېلىدىكى خەنجەرگە، بەدىنىدىكى قاتار - قاتار ئوققا ئىنتايىن ھەيران قېلىپ تۇراتتى. ئۆز - ئۆزىگە قاراپ كۈلەتتى.

شۇ چاغدا مەمەتنىڭ كۆزىدىن نېرى بولغان بالا چاتقاللىقتىن چىقتى. ئۇ سوزۇلۇپ ياتقان تۈلكىگە ئوخشايتتى. ئۆمىلەپ مېڭىپ چاتقاللىقتىن يىراقلاشتى. كېيىن تۇرۇپلا قاچتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ مەمەتكە قاراپ قوياتتى. بالىنىڭ بۇ قىلىقلىرى مەمەتنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. بۇ بالا كىمنىڭ بالىسى بولغىيدى؟ كىملەرگە ئوخشايدۇ؟ بالىغا ياخشىراق سەپسالمىغانلىقى ئۈچۈن قايسى ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

مەمەت بارغانسېرى تاقەتسىزلىنەتتى. كۈن ئولتۇرماي كېتىۋاتاتتى. ئايدى ئاغىنىڭ مورىسىدىن توختىماي ئىس چىقىپ تۇراتتى. ژاندارمىلار ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا تىنىماستىن ماڭاتتى. سىرتتا مەيلى ئايال، مەيلى ئەر، بىرەر دېھقان كۆرۈنمەيتتى. ئەجەبا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سولاپ



قويۇشقانمىدۇ؟

ئۇنىڭ خىيالى ئايدى ئاغىنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان ئىستا ئىدى. شۇ ئىسنىڭ كاساپىتىدىن ئۆز يېزىسىغا كىرەلمەيتتى. ئانا يۇرتىدىمۇ كېزىپ يۈرەلمەيتتى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

«بۇ ئىسنى چوقۇم ئۆچۈرۈۋېتىمەن» — دەپ ۋارقىرىدى، — ھەممىنى ئۆچۈرىمەن، ئىستىن ئەسەرمۇ قويمايمەن ...»

قىيانىڭ تۆۋىگە ئۆزىنى ئىتتىك ئاتتى. بېلى قىياغا گۈپ قىلىپ تەگدى.

قاراڭغۇ چۈشتى، شىمالدىن شامال چىقتى، كۈندۈزكى ئىسسىقتا سولاشقان لالىلەر، كەكرە ۋە پىجانلار چىقىۋاتقان شامالدا گۈپۈلدەپ يۆرايتتى.

ھېلىقى كېچىنى ئويلىدى، رەجەپ چاۋۇش ئايدىنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كېچە كۆز ئالدىغا كەلدى. رەجەپ چاۋۇش مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى باسىدىغان چاغدا مىلتىقىغا ئۇرۇۋەتكەنىدى. ئېتىلىپ چىققان ئوق باشقا تەرەپكە تېگىپ بالىلار ئۆلمەي قالغانىدى. ئۆلتۈرگەن بولسا قانداق بولاتتى؟ شۇ بالىلارنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ دادىلىرىدەك خەلقنىڭ بېشىغا بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرەتتىمۇ؟ قېنى شۇنداق بولغىنىنى كۆرۈپ باقايلى. بەلكى دادىلىرىدەك بولۇپ چىقماس. ئەزەلدىن «بۆرە كۈچۈكى بۆرە بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇمۇ توغرا ئەمەس. بۇرۇنقى ئىشلار — ئايدى ئاغا، ئاسىم چاۋۇش، پارۇخ يۈزبېشى ھەققىدە ناھايىتى جىق نەرسىنى ئويلىدى. خەدىچەنى پارۇخ يۈزبېشى ئۆلتۈرگەنىدى. پارۇخ يۈزبېشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش بىلەن يۈرىكى زەھەردەك ئاچچىق نەپرەتكە تولاتتى، تۈكلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. پارۇخ يۈزبېشىنى ئۆلتۈرمەستىن، خەدىچەنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماستىن تۇرۇپ بۇ دۇنيادىن كەتمەيتتى. «يارەببىم، ئۇلۇغ تەڭرىم، شۇ پارۇخنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ماڭا ئۆلۈم نېسىپ قىلما» دېدى.

مەمەت ئورنىدىن تۇردى، مەستلەردەك دەلدەڭشىپ يېزىغا

قاراپ ماڭدى. بىردىنلا قەلبىنى بىر خىل خۇشاللىق چۇلغىۋالدى: «بۇ يىل كۈزدە يېزىغا قايتىپ كېلىمەن، چوقۇم كېلىمەن. دېھقانلار يەرگە ساپان سالغان كۈنى توي بولۇۋاتقاندەك چېقىرتىكەتكە دەسلەپكى ئۇتنى ئۆزۈم ياقىمەن — ھۆرى ئانا بىلەن بىرلىكتە ...» دەپ ئويلىدى. يېزىغا يېقىنلاشقانسېرى تاقىتى تاق بولاتتى، يۈرىكى ئىتتىك، تولىمۇ ئىتتىك سوقۇشقا باشلىدى.

ئۇ ھۆرى ئانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئەگەر ئىشىكتىنىڭ تېمىغا يۆلىنىۋالمىغان بولسا ئۆرە تۇرالمايتتى، يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. مەمەت ھاسىراپ، بوغۇق ئاۋازدا:

— ھۆرى ئانا، ھۆرى ئانا! — دەپ چاقىردى.

ئۆيدە ھۆرى ئانا يالغۇز ئۇخلاۋاتاتتى. قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىدى، چۈشۈم دەپ ئويلىدى. كۆزىنى بىر ئېچىپ يۇمۇۋالدى.

مەمەت «ھۆرى ئانا يەلكى مېنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ھېسابلىغاندۇ» دەپ ئويلىدى.

— ھۆرى ئانا، ھەي ھۆرى ئانا! ...

ھۆرى ئانا يەنىلا چۈش كۆرۈۋاتىمەن دەپ ئويلىدى. كۆزىنى ئېچىپ دۈئا ئوقۇپ، يەنە يۇمۇۋالدى.

— ھۆرى ئانا، ھۆرى ئانا، بۇ مەن، مەن كەلدىم.

— ۋاي خۇدايىم، يائاللا! بۇ زادىلا چۈشۈمگە ئوخشىمايدۇ، بۇ ئاۋاز ئىشىك ئارقىسىدىن چىقىۋاتىدۇ، مەمەتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— ھۆرى ئانا، ھۆرى ئانا!

ھۆرى ئانا ئالدى بىلەن ئىشىككە چىقىپ قاراپ باقاي دەپ ئورنىدىن تۇردى، يېرىم ئويغاق، يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالدا قولىغا بېنىۋاتقان ئارچا گۈڭگۈرتىنى ئالدى، ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:

— كىم؟ — دېدى.



مەمەت ئاستاغىنا، بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاۋازدا:

— ئانا، مەن، مەمەت ئاۋاق، دۈنەنىڭ ئوغلى، ئىشىكنى ئاچ! — دېدى.

ھۆرى ئانا ئىشىكنىڭ تاقىقىنى تارتتى، ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىكتە مەمەت ئاۋاق تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تىلى قېتىپ قالغانىدى، بىر ئېغىز گەپ قىلالمىدى. مەلۇم ۋاقىت بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن مەمەت ھۆرى ئانىنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردى. ھۆرى ئانىنىڭ قولىدىكى گۈڭگۈرتنى تامغا سانجىپ قويدى. مەمەتنى يانىدىكى ئورۇن ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇزاق ۋاقىتقىچە لام ـ جىم دېيىشمەي ئولتۇردى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىگە كەلگەن ھۆرى ئانا ناھايىتى جىمدىي تۇستە:

— سالامەت كەيسەن، بالام، جېنىم مەمەت، كېلىپ ياخشى قىپسەن، بىز تېخى سېنى يوقاپ كەتتى. ئۆلگەنلەر قاتارىغا قوشۇلدى، دەپ ھېسابلىغانىدۇق. ئوبدان كەيسەن، جېنىم بالام، بىزنى ئەجەيمۇ خۇش قىلدىڭ. ھازىر يېزا ژاندارمىلار بىلەن تولۇپ كەتتى، — دېدى.

— بىلىمەن.

— سەن كېلىۋاتقاندا ھېچكىم كۆرمىگەندۇ؟

— بىر بالا كۆردى.

مۇشۇ چاغدا ئېگىز قىيانىڭ تۆۋىدىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ژاندارمىلار ئوقنى ماڭا قارىتىپ ئېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇ بالا مېنى ئېگىز قىيانىڭ تۆۋىدە كۆرگەن ئەمەسمۇ؟ ...

ھۆرى ئانا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مەيلى ئېتىۋەرسۇن، شۇ كاپىر ھۆكۈمەت، شۇ ئاغىلار ئوقلىرىنى بىكار ئېتىۋەرسۇن، كۆيدۈرۈۋەرسۇن، قېنى كۆرۈپ باقايلى! — دېدى.

مەمەتمۇ كۈلۈمسىرىدى.

مەمەت ھۆرى ئانىدىن بىر نەرسىلەرنى سورىماقچى بولاتتى ـ يۇ، لېكىن تىلى بارمايتتى. دۇرمۇش ئەلى تاغا نەدە؟ دەپ سورىماقچى بولدى. نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ ياكى ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ئەگەر ئۆلگەن بولسا ھۆرى ئانىسىنىڭ بېشىدا قارا ياغلىق بولغان بولاتتىغۇ؟ خەلق ھەر يىلى چېقىرتكەنلىككە ئوت قويۇۋاتقانمىدۇ؟ ھەركىمىم يەرلەرنى دەخلىسىز تېرىپ، ھوسۇلىنى ئالغانمىدۇ؟ بۇلارنى سورىيالمايتتى. بىر يامان خەۋەرنى ئاڭلاپ قالماي دەپ يۈرىكى پوكۇلدايتتى، بىر ئېغىزمۇ سوئال سورىيالمايتتى. بۇ يەردە بىر ئاي ساقلاپ تۇرسىمۇ، سوئال سوراش ھېسلىرى بىلەن ھۆرى ئانىسىنىڭ چىرايىغا بىر ئاي قاراپ تۇرغان بولاتتى، بىراق ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سوئال سورىيالمايتتى.

ھۆرى ئانا ئۇنىڭ تاقەتسىز، سوراق ئالامىتى بىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ھەممىنى چۈشەندى. ئەمما، يامان خەۋەرلەرنى ئېيتىپ بېرىشكە تىلى بارمايتتى. ئۆز كۆڭلىدە بۇ بىچارە بالا تۈگىشىپلا كېتىپتۇ، دەيتتى. ئانىسى ئۆلتۈرۈلدى، سۆيگەن يارى ئۆلتۈرۈلدى، يالغۇز بالىسىنىمۇ قېنىپقىنىنا سۆيەلمىدى، ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، شۇ ھالەتتە مەن بۇ خەۋەرلەرنى سۆزلەپ بەرسەم بىچارە نېمە بولۇپ كېتەر؟ ۋاي ھۆرىخان، بۇنىڭغا نېمىمۇ دەيسەن، ئۇ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ؟

مەمەت ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە شۇنچىلىك ھەسرەت بىلەن تىكىلىپ قارايتتىكى، ئادەم سۆزلىمەي تۇرالمايتتى. شۇنىڭغا بىر قاراڭلار! قۇربانىڭلار بولۇپ كېتەي، چىرايىغا ئوبدان قاراڭلار، ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ ئەمچىكى تارتىۋېلىنغان بوۋاق بالىغىلا ئوخشايدۇ، سەللا تۇرسا بۆرتىنى تارتىپ يىغلاشقا باشلايدۇ.

« دېمەن بالام، دېمەن، شۇ ھۆرى ئانىنىڭ يۈرىكى تاشتەك قېتىپ قالدى، ئەمدى دەپ بېرىمەن، جىگىرىم. بېشىمدىن ئۆتكەن شۇ ئىشلارغا تۆمۈر بولسامۇ چىدىيالمايتتىم، ئېرىپ كېتەتتىم، چىرىپ تۈگەيتتىم، تاش بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن



چىدىدىم. شۇنچىلىك قايغۇ ـ ئەلەملەرگە، بالا ـ قازالارغا سەن قانداقمۇ چىدىغانسەن ۋاي جېنىم بالام. كەلمىگەن بولساڭمىغۇ، كاشكى. يىراقتىن يېشىڭنى ئېلىپ، قارا بۇلۇتتەك ئۆزۈڭلا چىقىپ كەتكەندىڭ. ۋاي جىگىرىم، نېمىدەپ كەلگەنسەن؟ بەزىلەر سېنى غايىبلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېدى، بەزىلەر مۇستاپا كامالنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ـ دە، باش قوماندان بوپتۇ، دېدى ۋە بەزىلەر ھەيۋەتلىك بىر قۇش سىياقىغا كىرىپ ھەر كۈنى كېچىدە ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ تاڭ ئاتقۇچە قەبرە ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگۈدەك، دۆنەنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قۇش تىلى بىلەن دۇئالار ئوقۇغۇدەكمىش، دېدى. خەدىچەنىڭ قەبرىسىدىمۇ شۇنداقمىش. جېنىم بالام، مەمەت. ئاناڭغا ــ چىرايلىق ئاناڭغا، گۈزەل خەدىچەگە قانداق چىدىدىڭ! بالام، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى ساڭا قانداقمۇ سۆزلەپ بېرەرمەن. قارىغىنا چاچلىرىمغا، بىر تالمۇ قارىسى قالمىدى. قارىغىنا يۈزۈمگە، قورۇق چۈشمىگەن ھېچ يېرىم قالمىدى. سەن كەتكەندە مەن مۇشۇنداقمىدىم، جىگىرىم؟»

ھۆرى ئانا مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ توختىماستىن ئىچىدە سۆزلەيتتى. خۇددى مەمەت ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى بىلىۋاتقاندەك سۆزلەيتتى. قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، يۈزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، بىر ئېچىلىپ، بىر تۇتۇلۇپ سۆزلەيتتى.

ئۇ كۆڭلىدە «بەرىبىر بىلىۋالىدۇ، شۇنچىلىك قايغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەن بالا، بۇنىڭغىمۇ چىدايدۇ، ئۇ ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، چوپچوڭ مەمەت ئاۋاقىغۇ» دەپ ئويلىدى.

سۆزلەشنى جەزم قىلغاندىن كېيىن خېلىدىن بېرى ئەستە تۇتۇۋېلىپ تۇرغان ماتەم قوشىقىنى باشلىدى. ھەم يىغلايتتى. ھەممە قوشاق قوشۇپ دەردىنى تۆكەتتى. ھەربىر جۈملە سۆزىنى تۆمۈر بولسامۇ چىرىپ كېتەتتىم، تويا بولغىنىم ئۈچۈن چىدىدىم، دەپ تۈگىتەتتى. دۆنە ئۈچۈن يىغلىدى، خەدىچەگە،

دورمۇش ئەلىگە يىغلىدى، باللىرىغا يىغلىدى. قوشاق قوشۇپ يىغلىدى.

مەمەت تاشتەك قېتىپ، تامدەك تاتىرىپ تۇراتتى، ھۆرى ئانىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ تىڭشايتتى. سىرتتىن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ تۇيمىغاندەك قىلاتتى.

يىغلاشنى، ھازا ئېچىشنى تۈگەتكەن ھۆرى ئانا كۆزلىرىنى، يۈزىنى بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن ئېرتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋاي جېنىم بالام، شورۇم قۇرۇسۇن، سېنى كۆرۈش بىلەن ئۆزۈڭ سەپەردىن كەلگەنلىكىڭنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن، شور پېشانە ھۆرىگە لەنەت، سېنى ئاچ قويدۇم، جىگىرىم، — دېدى.

شۇ زامان داستىخاننى ئەكەلدى، مەمەتنىڭ ئالدىغا سالدى. چىرايلىق گۈللۈك چىت داستىخان ئىدى. بىر قاچا قېتىق، بىر قاچا يېڭى مۇراببا ئەكېلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئازراق ھەسەل، ئازراق پىشلاقمۇ تىزىپ قويدى.

— يېگىن، جېنىم بالام، ھۆرى ئاناڭ ساڭا قۇربان بولسۇن، قېنى دېگىنە، كەتكەندىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ؟ نەلەرگە باردىڭ؟

مەمەت جاۋاب بەرمەيتتى، يۈزى تاشتەك قېتىپ قالغانىدى.

يۇپقا ناننى ئۇشتۇدى، ئالدى بىلەن مۇراببا‌غا، كېيىن قېتىققا تۇگۇرۇپ ئاغزىغا سالدى، چاينىدى، بىراق يۇتالمىدى. نان گېلىدىن ئۆتمەيتتى. دورمۇش ئەلى ئۆزى ئۆلمىگەن، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. قانداق ئۆلتۈرۈلگەنىدۇ؟ قوشاق قوشقاندا ئېنىق بىلەلمىدى. بۇ يېزىدىكى جىمى دېھقان ھۆرى ئانىغا دۈشمەن بولۇپ قالغان. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان، بۇلارنى قوشاققا قېتىپ يىغلىدى. بىراق، كىم بۇلاپ كەتكەندۇ؟

ناننى يۇتۇۋەتمىسە ھۆرى ئانا خاپا بولاتتى. چاينىپ - چاينىپ تەسلىكتە يۇتتى، بىراق قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. يۆتىلى توختىمىغاندىن كېيىن ھۆرى ئانىنىڭ ئوتتەك قىزىق قولىنى



ئۆپتى:

— ئانا، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا دەپ بەرگىن، قانداق قىلىمىز، باشقا كەلگەننى تارتماسلىققا چارە يوق. نان گېلىمدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ، خاپا بولما. سېنىڭ نانلىرىڭنى زەھەر بولسىمۇ يەيتتىم، بىراق گېلىمدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتىدۇ. مەندىن رەنجىمە، مېھرىبان ئانا، بەكمۇ كۆپ جاپا چەكتىم.

ھۆرى ئانا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— جىگىرىم مەمەت، سەن يېزىدىن قېچىپ كېتىش بىلەن... دېھقانلار دەسلەپ خۇشال بولدى، كېيىن قورقۇشۇپ كەتتى. ئابدى ئۆلمىگەن ئوخشايدۇ، دېيىشتى. كېيىنچە ئۆلگەنلىكىنى بىلدۇق. ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ، دېھقانلار ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. دىكەنلى تۈزلەڭلىكىنىڭ بەش يېزىسى بىرلەشتى. كارامەت بىر توي قىلدىكى، دۇنيا دۇنيا بولۇپ مۇنداق چوڭ تويىنى كۆرۈپ باقمىغان بولغىيدى. ياش قىزلار ئاڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشتى. قىزلار سېغىزدەك، ئاپپاق سۈتتەك ياغلىقلىرىنى سېلىشتى، ناغرا - سۇنايلار چېلىندى. جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. دورمۇش ئەلى تاغاڭمۇ ئاغرىقلىقىغا قارىماستىن ئوتتۇرىغا چۈشۈۋالدى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە بەش يېزىنىڭ ئەر - ئاياللىرى، ساقى، ئاغرىقى، بالىچاقىسى، ھەممىسى چېقىرتىكەنلىككە باردۇق. تىكەنلەرگە ئوت قويدۇق. مۇنداق خۇشاللىقنى ئىنسان تۇغۇلۇپ ھېس قىلىپ باقمىغاندۇ. بىر - ئىككى يىل مۇشۇنداق ئۆتتى. بىراق، ھەممە ئىش بولۇشىچە داۋاملاشالمىدى. شۇ كۈنى بىز چېقىر تىكەنلىككە ئوت قويغان چېغىمىزدا ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدا بىر توپ يورۇقلۇق چاقناپ كەتتى. ئەلى تېغىنىڭ چوققىسى ئۈچ كېچە نۇرلىنىپ تۇردى. ئۈچ كېچە خۇددى كۈندۈزدەك بولدى. دېھقانلار بۇنىڭغا بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. بىر يىل ئەنە شۇنداق ئۆتتى، ئىككىنچى يىلى كىرىشى بىلەن تېخىمۇ چىرايلىق،

ئېچىمىز شاد ـ خۇرام بىر توي بولدى. چېقىرتكىلەر ئېچىمىز ياخشى كۆيدى. تاغنىڭ چوققىسىدىكى بىر توپ ئوت ئېچىمىز چىرايلىق يورۇدى. ئۈچىنچى يىلى ئىككىنچى يىلدىكىدىنمۇ ياخشى ۋە شادلىققا چۆمدى ... شۇنداق بىر توي بولدىكى ... دۈرمۈش ئەلى تاغاڭ ئۆزۈڭگە مەلۇم، ئۇسۇلغا ئۇستا ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەم ئوينايتتى، ھەم قولىدىكى قارىغاي ئوتۇرۇقنى ۋالىلدىتىپ چېقىرتكىلەرنىڭ ئوت قويۇشقا ماڭاتتى. بىردىنلا يىراقتىن ئۈچ پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇ تەرەپكە قارىدۇق. ئاتلىق بىرى ئاتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كەلدى، ئالدى بىلەن ئېتىنى چېقىرتكىنىڭ دۆۋىسى يېنىدا تۇرغان دۈرمۈش ئەلى تاغاڭنىڭ ئۈستىگە چاپتۇردى. دۈرمۈش ئەلى يەرگە يىقىلدى. ئاتلىق ئادەم دۈرمۈش ئەلىنى ئېتىغا راسا چەيلەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوراللىق ئون ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ئاتلىرىنى بالىچاقىلارنىڭ ئۈستىدىن چاپتۇرۇپ ئۆتتى ۋە ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ناھايىتى كۆپ كىشى يارىلاندى، بەش بالا ئۆلدى، بۇلارنىڭ ئىككىسى قىز ئىدى. دۈرمۈش ئەلى تاغاڭ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا: «ئوغلۇمغا سالىمىمنى يەتكۈزۈڭلار. ئىشنىڭ ئاخىرى چىقمىغان بولسىمۇ، ياخشى بىر ئىش قىلىپ قويدى» دېدى. مانا شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى چېقىرتكىلەرگە ئوت قويۇلمىدى. ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدىكى بىر توپ يورۇقلۇقمۇ ئۆچتى. دۈرمۈش ئەلى تاغاڭ ئۆلدى. ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە سېنى ئەسلىدى. شۇ كەلگەن ئاتلىقنىڭ كىملىكىنى بىلدىڭمۇ؟ ھېلىقى ھەمزە تاز بارغۇ، ئابدىنىڭ ئىنىسى ھەمزە تاز! ئابدى ئۇنى يېزىدىن ھەيدىۋەتكەن، ئابدى ھايات ۋاقتىدا ئۇ تاغلارغا كېلەلمەيتتى، مەمەت ئىمدى بىلدىڭمۇ، ھەمزە تازنى؟

— بىلدىم، ئانا!

— ئۇ ھەمزە تاز يېزىغا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ قوراللىق ئادەملىرى، ئۇلاردىن باشقا ژاندارمىلىرى ... ھەمزە تاز ئابدىنى



تازىمۇ ئىزدەتتى. ئاخىر يېزىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

ھۆرى ئانا دېھقانلارنىڭ توختىماستىن بۇ تازدىن تارتقان جەبىر ـ جاپالىرىنى ھەسرەت بىلەن سۆزلەيتتى، بىرھازادىن كېيىن تۇرۇۋېلىپ مەمەتنىڭ چىرايىغا قارايتتى.

ھەمزە تاز ئابدىنىڭ ئۆز ئىنىسى ئىدى. ئابدى ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى. شۇڭلاشقا، ئۇنى ئون بەش ياشقا كىرىش بىلەن دېگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىدىن ھەيدىۋەتكەنىدى. دىكەنلى تۈزلەڭلىكىگە كىرىشنى چەكلىگەنىدى. ھەمزە تاز ئۆمرىدە بىر قېتىم دىكەنلى تۈزلەڭلىكىگە كىرگەن چاغدا تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئابدى ئاغىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىنگەن. ئابدى ئاغا ئۇنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تاياق بىلەن ئۇرغۇزغان. چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان ھەمزەنى ئاتقا ئارتىپ دىكەنلى تۈزلەڭلىكىنىڭ سىرتىغا ئاپىرىپ، ئىت ئۆلۈكىدەك تاشلىۋەتكۈزۈۋەتكەن. بۇ قاتتىق تاياقتىن كېيىن ھەمزە تاز خېلى ئۇزاققىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەن. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى يول ئۈستىدىن تېپىۋېلىپ ساقايتقان. ئۇ، كوچىمەنلەرنىڭ يېنىدا پادا باققان، كېيىنچە چۇقۇر ئوۋادا، تەلكۈبەنىڭ ئەترابىدىكى بىر جاڭگىلدا مەدىكار بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئابدى ئاغىدەك پاكار، كۆرۈمسىز ئادەم بولماستىن، ئېگىز بويلۇق، كەڭ مۈرىلىك، كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئىنتايىن خۇشال بولغان، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەستىن جاڭگىلدا ئۈچ كۈن مەستلەردەك ئايلىنىپ يۈرگەن. ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئاكىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرگەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ مەدىكارچىلىقنى قىلىۋەرگەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىن بۇ جاڭگىلغا يېتىپ كەلگەن ئوغلى دېگەن بىرى ئۇنى كۆرۈشكە كەلدى. ئۇ تازىمۇ مەمەدانە بىر ئادەم ئىدى. ھەمزەنى كۆرۈپلا:

— ئېيمانچە ئەخمەق ئېمىسەن، ئاكاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ سارىڭ بولاي دېدىم، — دېدى ھەمزە تاز.

— خۇشال بولۇپ ياخشى قىپسەن. دېھقانلارنىڭ يەرلىرنى بۆلۈشۈۋالغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم.

— ھەر يىلى توي ياشلاپ چېقىرتكەنلىككە بېرىپ ئوت قويغانلىقىنىچۇ؟

— ئاڭلىدىم.

— ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدا پارتلىغان يورۇقلۇقنىچۇ؟

— ئاڭلىدىم.

— ئابدىنىڭ ئىككى خوتۇنىنىڭ تۇل قالغانلىقىنىچۇ؟

— ئاڭلىدىم.

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردە مەدىكارچىلىق قىلىپ نېمە قىلىسەن، ئىسىت! — دەپ ۋارقىرىدى پىتراك ئوغلى، — دىكەنلىدە ئاغا بولۇش پادشاھ بولۇشقا تەڭ تۇرغان يەردە، بۇ يەردە مەدىكار بولۇپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەي ئەقىلسىز، ئىسىت!

پىتراك ئوغلى قېرى ئادەم ئىدى.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدى ھەمزە تاز.

— ئەگەر مەن توغرا دېگەن بولسام، سەن ماڭا دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىكى خالىغان يېرىڭدىن، سۈلۈق ئېتىزدىن بېرىسەن.

— بېرىمەن، — دېدى ھەمزە تاز.

شۇ كۈنى، شۇ زامانلا تەييارلىق كۆرۈشتى. ھەمزە تاز مەدىكارچىلىقتىن تاپقان پۇلىغا بىر جۈپ ئۆتۈك، بىر دانە ياخشى شالۋۇر، بىر چاپان، بىر شەپكە، ئۇنىڭدىن باشقا، تۆت ياشلىق، ئېگىز، ئاجايىپ كېلىشكەن، ئېنگىلىز نەسىللىك بىر ئات ئالدى، بىر دانە گېرمانكىنى يۈز پاي ئوق بىلەن سېتىۋالدى. ئۆلۈمدىن قېچىپ يۈرگەن يەش - ئۇن ئادەمنى ئەتراپىغا توپلىدى. پىتراك



ئوغلى ئالدىدا، قالغانلار كەينىدە دىكەنلى تۈزلەڭلىكىگە قاراپ يولغا چىقىشتى، بىرنەچچە ھەپتە تۈۋەن تەرەپتە ساقلاشتى. ھەمزە تاز ھەممە ئىشنى پىتراك ئوغلىنىڭ يولىيورۇقى بىلەن قىلاتتى.

دېھقانلار چېقىرتكەنگە ئوت قويۇۋاتقان چاغدا ... مانا شۇنداق قىلىپ دېھقانلارنىڭ كۆزى قورقۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت قوشۇلمىسا، ھۆكۈمەت، ئۇنىڭدىن كېيىن ...

دېھقانلار يا قارشى تۇرالمىدى، ياكى بىرەر ئىش قىلىشمىدى. قويىنىڭ قوزىسىدەك بويۇنلىرىنى ئېگىشىپ تۇردى. كۆپىنچىسى تېخى ھەمزە تازنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەپۇ سوراشتى. مەمەت ئاۋاقنى تىللاپ، يەتمىش پۇشتىنى قارغاشتى.

ھەمزە تاز شۇ كۈنى كۆكتۆپەتلى دېگەن جايدىكى ئىماملىنى چاقىرتىپ ئابدىنىڭ ئىككى خوتۇنىغا بىردەك نىكاھ ئوقۇتتى. كېچىدە بىرى بىلەن، تاڭ ئاتار چاغدا بىرى بىلەن ياتتى. خوتۇنلار ھەمزە تازدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە رازى بولدى.

ھەمزە تاز يېزىغا ژاندارمىلارنى ئەكەلدى. چاۋۇشلارغا، ئونبېشىلارغا ھەر كۈنى قوزىلارنى سويۇپ كاۋاپ قىلىپ، هاراقلارنى ئىچۈردى.

— قۇربانىڭ بولاي، جېنىم بالام، مەمەت، ۋاي قوزام، قالغىنىنى مەتمۇ سۆزلىمەي، سەتمۇ بىلمەيلا قال. ھەمزە تاز دېھقانلارغا، «ئۈچ يىل يەرنى تېرىدىڭلار، ھوسۇلىنى ئالدىڭلار، بىراق يەگىلىك ھەققىنى، يەر ھەققىنى بەرمىدىڭلار. ئەمدى ئۈچ يىللىقچە ئۆيۈڭلەردە نېمەڭلار بولسا ھەممىنى ئالىمەن » دەپ خەۋەردار قىلدى. بىر چاۋۇشنىڭ باشچىلىقىدا ئون ژاندارما ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، ئۆيدە نېمە بولسا، مىسالەن ئۇن، بۇغداي، ياغ، ئات، ئىنەك، ئېشەك، ھەممىنى بىرنى قويماي ئەكېتىشتى. بۇلارنى ئابدى ئاغىنىڭ ئامبىرىغا يىغدى. دېھقانلار شۇ يىلى ئاچ قېلىشتى. ئاچ بۆرىلەردەك ھۇۋلاشتى. يېقىن ئەتراپتىكى

دېھقانلار بۇ ئەھۋالىمىزغا ئېچىنىپ بىر - ئىككىدىن نان ئەكېلىشتى. دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى بېقىندىكى يېزىلارغا كېتىشتى ... شۇ يىلى قىشتا ئاچلىقتىن ئون بەش ئادەم ئۆلۈپ ئۆلدى. كېلىۋاتقاندا بىرەر دېھقاننى ئۇچراتتىڭمۇ؟ ئۇچرىتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، جېنىم بالام، ھەممىسى ياپيالىڭاچ، تاشقىرىغا چىقالمايدۇ ...

— ئەلى توكۇرچۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغانىدى.

— ئۇ ھازىر ھەممىزنىڭ ئىتى بولۇۋالدى. دېھقانلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئاغىلارغا شۇ توشۇپ بەردى ... مەن ساڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت دېمىگەنمىدىم؟ ھېلىقى يوغان خەنجەرنى ئۇنىڭ قارنىغا تىقىپلا ئۆلتۈرگىن دېمىگەنمىدىم؟

مەمەت دەلدەڭشىپ ئۆلۈكتەك ئورنىدىن تۇردى. تۈز تۇرالماستىن تۇۋرۇككە يۆلەندى. يەنە دەلدەڭشىپ تالاغا چىقتى. مەستلەردەك دىكەنلى تۇزلەڭلىكنىڭ تۇۋەن تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن، دىر - دىر تىترەيتتى.

كۈن قىزىرىپ چىققاندا مەمەت دىكەنلى تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىككىنە، مىدىرلىماستىن تۇراتتى. يۈزى ئاقىرىپ كەتكەن، ئۆزى قېتىپلا قالغانىدى، سايىسى ئۇزىراپ تۇراتتى.

چۈش بولدى، مەمەت قىمىر قىلمىدى، سايىسى قىسقىراپ پۇتىنىڭ تۇۋىگە كەلدى، يۇمىلاق بىر قارا سايە بولدى، نامازدىگەر بولدى، سايە ئۇزۇپ كەتتى.

ھۆرى ئانا مەمەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئارقىدىن چىقىپ يوگۇرگەن بىلەن ئۇنى ئىزدەشكە باشلىغانىدى. چوقۇر ئوۋادا ئۇنى ئىزدىمىگەن ھېچ يەر قالمىدى. كۈن چىققاندىن كېيىنمۇ ئىزدىدى. نامازدىگەرگە يېقىن تۈزلەڭلىككە قاراپ يېقىش ئېسىگە كەلدى. دېگەندەكلا، مەمەت تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىكلىنىپ تۇراتتى.

ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، يىقىلىپ - قوپۇپ ئۇنىڭ قېشىغا



باردى، مەمەتنى چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن، ئۆزى توگەشكەن ھالەتتە كۆردى.

— ۋاي جېنىم بالام، سېنى توگەشتۇرۇۋېتىپتىمەتىغۇ؟ ئېسىڭ بول، ژاندارمىلار كۆرۈپ قالىدۇ، بىرەرى كۆرۈپ قالىدۇ.

مەمەتنى قولتۇقىدىن يۆلەپ بىر جىلغىغا سۆرەپ ماڭدى. چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ يۈزىگە سۇ سەپتى، دۇئا ئوقۇدى، خۇشال بولدى، ئەركىلەتتى، كۈلدى. بىرھازادىن كېيىن مەمەت ھوشىغا كەلدى.

— ئانا! — دېدى مەمەت، — چىرايلىق ئانام، ئانىلارنىڭ ئەڭ باتۇرى، سىلەرگە مەن تولىمۇ ئەسكىلىك قىلدىم.

ھۆرى ئانىنىڭ قولىنى تارتىپ لەۋلىرىگە تەگكۈزدى، سۆيدى. كېيىن كۆلۈمسىرىدى.

— ئانا، ئەلى توكۇرغا بېرىپ دېگىن، بىر كېلىپ كەتسۇن.

ھۆرى ئانا ئۇنىغۇسى كەلمەي، كېيىن ماقۇل بولدى.

— ماقۇل، بالام، — دېدى - دە، مەمەتكە ئېگىشتى، — ھازىر بارىمەن. بۈگۈن كېچە قېشىڭغا ئەۋەتىمەن. قۇربانىڭ بولاي، جېنىم مەمەت، ئۇ كاپىرغا ئىشەنمە، بېشىڭغا بالا تېرىيدۇ. يېزا ژاندارمىلار بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇ ژاندارمىلار بىلەن، ھەممىزە ناز بىلەن ئاپاق - چاپاق، سادىغاڭ كېتەي، جېنىم بالام، ئۆزۈڭگە ھېزى بول ... ئەمدى بىر سەنلا قالدىڭ ...

تۆمۈر بولسام چىرىپ كېتەتتىم، توپا بولغىنىم ئۈچۈن چىدىدىم ... توپا، توپا، توپا بولدۇم - دە، چىدىدىم.

## 22

ئىدرىس بەگ ئوتتۇز ياشلاردەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەم ئورۇق، ئېگىز، كۆك كۆزلىرى، بۇركۈت تۇمشۇقىدەك ئىلمەك بۇرنى، ئۆزۈنچاق يۈزى بىلەن بۇ دۇنيادا ياشىمايدىغان، قانداقتۇر بىرەر

سەۋەب بىلەن بۇ دۇنياغا كېلىپ قالغان ۋەھشىي ياۋايى بىر مەخلۇققا، سېھىرلىك، مۇقەددەس بىر مەخلۇققا ... ئوخشايتتى. ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. بارماقلىرى ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان ئادەم ئۇنىڭ يا بەدىنىنى، يا چىرايلىق كۆك كۆزلىرىنى، يا سېرىق، پارقىراپ تۇرىدىغان ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى، ياكى چاچلىرىنى كۆرمەيتتى، پەقەتلا ئۇزۇن، چىرايلىق بارماقلىرىنى كۆرەتتى، ھەيران قالاتتى.

دادىسى چەرچەن بېگى بولۇپ، ئوسمانلار زامانىسىدا ئىلى قەبىلىسى بىلەن بىللە كاپكازدىن كەلگەن ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ ئۇدۇلىغا، جەيھان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا يەرلەشكەنىدى. ئۇلار قۇرغان يېزا ئاقمازار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ دەسلەپ كەلگەنلىرى چۇقۇر ئوۋادا چېقىن، پاشىلارغا، بەزگەك ۋە ئىسسىققا چىدىيالماستىن ئاغرىپ قىرىلىپ كەتتى. قالغانلىرى ئۈچ - تۆت يىلدىن كېيىن ئۆگىنىپ قالدى. ئەمما، كەلگەنلەرنىڭ يېرىمى قالدى. كاپكازدىن ئەكەلگەن ئاتلىرى، باشقا ھايۋانلىرى قىرىلىپ تۈگىگەنىدى.

چۇقۇر ئوۋاغا ئۆگىنىپ قالغان چېركەسلەر چۇقۇر ئوۋا جىنسلىق چىرايلىق ئاتلارنى يېتىشتۈردى. يەر تېرىپ، ھوسۇل ئېلىشتى. ئۇ زامانلاردا چۇقۇر ئوۋا مېۋە - چېۋە ۋە باغنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. ئىسسىق ئويمانلىققا ئېسىل مېۋىلەرنى ۋە دەرەخلەرنى تىكتى. ئۆيلىرىنى ئوت - چۆپتىن ياسىۋالغان تۈركمەن دېھقانلىرىنىڭ يېنىغا ياغاچ ۋە تاشلاردىن ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق ئۆيلىرى، كوچىلىرى، يوللىرى بار بىر يېزا قۇرۇۋالدى.

بەرىكەتلىك يەرلەردە بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشاشنىڭ ئۇلىنى سېلىۋالدى. پۈتۈن ئوۋادا چىرايلىق ئاتلىرى، ئېسىل مېۋىلىرى، ياتۇرلۇقلىرى بىلەن داڭ چىقاردى. تورۇستىكى باشقا چېركەسلەردەك ئات ئوغرىلايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلمىدى.



بەگلەرنىڭ دېگىنىدىن چىقمىدى. ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئۆز قائىدىلىرىنى كاپكازدىكىدەك ساقلاپ قالدى.

ئۇلارنىڭ بەختىيار كۈنلىرى، قائىدىلىرى خېلى يىللار داۋام قىلدى. پەقەت يېيىپېگى، « فورد » ماركىلىق بىر پىكاپ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بەگلىرىدىن ئىدرىس باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاش بىلەن ھەممە نەرسە تۈگىدى. پىكاپ چاڭ - توزاندا يۇلغانغانىدى. پىكاپنىڭ يوغان، توپا باسقان چىراغلىرى چۇقۇر ئوۋانىڭ ئاپتىپىدا پارقىرايتتى. ئاقمازار دېھقانلىرىدىن شۇ كەمگىچە ئىسكەرلىككە ماڭغان بىرنەچچە كىشىدىن باشقا ھېچقاندىقى ماشىنا كۆرۈپ باقمىغانىدى. دېھقانلار — قېرى - ياش، ئەر - ئايال، بالىچاقا، ھەممىسى قورقۇش، ھودۇقۇش ۋە ھەيرانلىق بىلەن بۇ يوغان، تۆت كۆزلۈك ئاجايىپ نەرسىگە قاراپ قېلىشتى. بەزىلەرنىڭ قەلبىگە ئاچچىق بىر بەختسىزلىك قورقۇنچىسى چۈشتى، ھەممىسى ئۇلاشتى، بەزىلەر بولسا بۇ ئاجايىپ نەرسىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولدى ...

پىكاپتىن ئىككى كىشى چۈشتى، بىرى بەستلىك، قويۇق قارا قاشلىق ئىدى، كىيىملىرى قارا بولۇپ، بېشىغىمۇ قارا قاسقانلىق قارا قالپاق كىيىۋالغانىدى. مەيدىسىدىكى بىر دەستە ئالتۇن زەنجىرى يالتىراپ تۇراتتى. ئۇزىنى تىك تۇتۇپ، كېرىلىپ، سەل ئارقىسىغا ئېگىلىپ، ئەتراپتىكىلەرنى ياراتمىغاندەك قارايتتى. تاغۇتاشلارنىڭ، بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى خۇددى ئۇزىدەك. ئۇ ئەتراپتىكىلەردە ئەنە شۇنداق ھېس تۇغدۇراتتى. ئىدرىس بەگمۇ ئۇنى ئاجايىپ بىر خىل ھالەتتە قارشى ئالدى. بۇ يېرىم خۇدا ئالدىدا ئىككى پۈكۈلۈپ ئېگىلدى. قېرى چېركەسلەر بۇ ئىشقا ھەيران قالدى ھەمدە خاپا بولۇشتى. پىكاپتىن قارا كىيىملىك ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن چۈشكەن سۇر كىيىملىك ئادەممۇ ئۇنىڭ ئالدىدا چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى باشتىن - ئاياغىچە تۈگمىلىگەنتى. قولى تۈگمىلەردە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ناھايىتى دىققەت بىلەن

ئۇ نېمە دەيدىكىن دەپ خۇددى ئوۋ قۇشىدەك ساقلاپ تۇراتتى.

چېركەسلەر بۇ ئادەمنىڭ بېغىدىن تەختكە چىققان ئۇلۇغ چار پادىشاھىدەك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپلا بىلدى. ئەجەبا نېمە ئادەم ۋە كىم ئۇ ئۆزى؟

ئىدرىس بەگ بىر ئاز ھودۇقۇش، بەكرەك قورقۇش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنى مېھمانخانىغا باشلىدى. مېھمان ئۈن چىقمايتتى. مېھمانخانىغا كىرىش بىلەن بەستلىك ئادەمنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەم ئىدرىس بەگنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئىدرىس بەگنىڭ يۈزى سارغايدى، ھودۇقۇش تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ياخشى كەپسىز، سالامەت كەپسىز. بىزگە ياخشىلىق ئەكەلدىڭىز، بېگىم، بىزنىڭ يېزىمىزغا شەرەپ كەلتۈردىڭىز، بېگىم، ئۇلۇغ شەرەپلەر ...

بەستلىك ئادەم سېمىز قولىنى ئاستاغىنا ئىدرىس بەگكە سۇندى. ئىدرىس بەگ قولغا ئېسىلدى، بىراق سۆيمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بەستلىك ئادەمنىڭ چىرايىدا خاپىلىق ئىپادىسى بىلىندى. ئىدرىس بەگ بۇنى كۆردى، سەزدى ۋە رەنجىدى. ئۆز ئىچىدە «بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ھېچقانداق ئادەمنىڭ قولىنى سۆيۈپ كۆرمىگەن، پادىشاھنىڭ، ھەتتا چار پادىشاھنىڭمۇ ... قولىنى سۆيۈشنى ھېچكىم بىزدىن كۈتمىسۇن !» دەپ ئويلىدى.

ئوتتۇز ياشلاردا كۆرۈنگەن بۇ بەستلىك ئادەم بىر قاراشتا دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق ھەيكەلگە ئوخشايتتى.

ئۇ زادىلا سۆز قىلمايتتى. ئۇدۇلىدىكى ئۆزى ئېگىلىپ، قوللىرى چاپىنىنىڭ تۈگمىسى ئۈستىدە قاراپ تۇرغان ئادەمگە، ئالدىدا تىكىلىپ تۇرغان، كۆپ تەربىيە كۆرگەن ئىدرىس بەگكە بېشىنى مىدىرلىتىپلا، ئولتۇرۇڭلار، دېگەن بۇيرۇقنى بەردى. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىگە سەللا ئىلىنىشىپ قوللىرىنى تىزلىرىغا قويۇشتى. بويى ئېگىز، ياش، سېرىقىراق، بەكمۇ چىرايلىق، ئۇزۇن بويىنى ئاق قۇنىڭ بويىنىدەك بىر قىز



كۈمۈش پەتنۇستا قەھۋە ئەكىردى. بەستلىك ئادەم كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قىزغا قارىدى، يۈزىدىكى ھەيۋەتلىك تۈس سەل تارقالدى. يەنە شۇ زامانلا تەرىپى تۇرۇۋالدى، يانچۇقىدىن ئالتۇن تاماكا قۇتىسىنى ئاستا چىقاردى، ئاچتى. بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا تۇتۇپ بىر تال تاماكا ئالدى. يەنە شۇ سىپايە ھەرىكىتى بىلەن «تاق» قىلىپ قۇتىسىنى ياپتى، يانچۇقىغا سالدى. ئىدرىس بەگ ھودۇقۇپ كەتتى، چاقماقىنى، چاقماق تېشىنى چىقىرىپ تۇتۇرۇق ئۈستىگە قويۇپ بەرگۈچە، مېھمان يەنە ھېلىقى سىپايىلىكى بىلەن بېنزىنلىق چاقماقنى چىقاردى. شۇ زامان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى. ئىدرىس بەگ شۇ كۈنگىچە بېنزىنلىق چاقماقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ خىل چاقماق تۈركىيەدە بىرقانچە كىشىدىلا بار ئىدى. چاقماقمۇ ئالتۇندىن ئىدى.

چاقماقنىڭ ۋال - ۋال قىلىپ يانغانلىقىنى كۆرگەن ئىدرىس بەگ خىجالەتچىلىك ئىچىدە كۈلۈمسىرىدى. بەستلىك ئادەمنىڭ چىرايىدىمۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ سايىسى غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى:

— پاشانىڭ سوۋغىسى، — دېدى ئۇ، — پاشا دوستلىرىغا ئىنتايىن چىرايلىق، قىممەتلىك سوۋغىلارنى بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىمۇ پاشاغا ئىنگلىز ئەلچىسى بېرىپتىكەن.

بەستلىك ئادەم ھېچقانداق سۆز قىلماستىن قەھۋەسىنى ئىچىپ، تاماكىسىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن بىردەم ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ھەيۋىسى بىلەن ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى ئۆزۈن سوزۇپ كېرىلدى. قولىنىڭ ئۇچىنى ئىدرىس بەگكە سۇندى. ئىككى قېتىم سىلكىپ: «خەير - خوش !» دېدى. ئەتراپىغا قارايمۇ قويماستىن تىك مېڭىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى، يەنە تىك مېڭىپ پىكاپىنىڭ يېنىغا كەلدى. شوپۇر ئېگىلىپ، پىكاپ ئىشىكىنى ئېچىپ ساقلاپ تۇراتتى. قامىتى رۇسلاقلىق پېتى پىكاپقا چۈشتى. پىكاپ ھەرىكەتكە كەلدى. سۆر كېيىملىك ئادەممۇ شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقتى. پىكاپ مېڭىپ كەتتى. بەستلىك ئادەم ئىدرىس بەگكە بۇرۇلۇپ قارايمۇ

قويمىدى. يېكاپ توپا ـ تۇمان ئىچىدە چاقنىغانچە يولنىڭ تۈپىسىغا كۆمۈلۈپ يېزىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىدرىس بەگ ئەتراپىدا توپلىنىپ تۇرغان دېھقانلارغا:

— كوزان ۋەكىلى ئارىپ سايىم بەگ، — دېدى.

دېھقانلار ئۇنىڭ ئىسمىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى.

قېرى، كۆپنى كۆرگەن، ئۇرۇشلارغا قاتناشقان بىر چېركەس:

— ئۇ مۇستاپا كامال پاشانىڭ ئوڭ قولى، مۇستاپا كامال پاشانىڭ باتۇر ئەسكىرى، پاشا بىلەن يەك يېقىن. دىياربەكرىدە ئۇنىڭ دارغا ئاسقان ئادەملىرىنى كۆرگەنمەن، شەھەرنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە ساڭگىلىتىپ قويۇپتۇ. يۇقىرى مەھكىمىنىڭ ئەڭ چوڭ رەئىسى ... بەكلا ياش ئىكەن، ئوتتۇزدىمۇ يوق.

پۈتكۈل چۇقۇر ئوۋا ئادەملىرى ئارىپ سايىم بەگنى يەك ياخشى بىلەتتى، فىرانسۇزلار ئاداناني ئىشغال قىلىۋالغاندا، سىس دېگەن جايدا ژاندارما قوماندانى بولغانىدى. فىرانسۇزلار ئاداناني ئىشغال قىلىش بىلەن تەڭ يەرلىكلەر بىلەن كېلىشكەن. كېيىنچە ئۇلاردىن پايدا يوقلۇقىنى، بەربىر كېتىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ مۇستاپا كامال پاشا تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ئۇزاق ئۆتمەستىن پاشانىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالغان.

ئۇ يىنگىللىك بولۇپ، كەمبەغەل بىر كۇردنىڭ بالىسى ئىدى. ئارانلا ئوقۇيالىغان، ھەربىي مەكتەپنى مىڭ تەسلىكتە پۈتكۈزەلىگەن. ئوقۇش ـ يېزىشقا ئانچە ھەۋەس قىلمايتتى، قورال ئۇتۇشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ تاپانچا بىلەن يىراقتىكى كۆمۈش پۇللارنى ئېتىپ چۇشۇرەلەيدىغىنى بىلەن ئەڭ كۆپ ماختىناتتى.

مۇستاپا كامال پاشا ئۇنى كوزاندىن ئاچىقىپ جەنۇبتىكى بىر ۋىلايەتكە، فىرانسۇزلارغا قارشى خەلقلەرنى سەپەرۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ شۇ ۋىلايەتكە بېرىشتىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن،



خەلقلەر فىرانسۇزلارغا قارشى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ سوقۇشقا ئاتلانغان، ھەممىلا يەردە فىرانسۇزلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانىدى. بۇ ۋىلايەتنىڭ قەھرىمان خەلقى ھېچقانداق يەردىن ياردەم ئالماي تۇرۇپ فىرانسۇزلارنى چۆلگە سۈرۈپ يارغان. ئارىپ سايىم بەگ ئەنە شۇ خەلقلەرگە باشلىق بولۇۋالغان ۋە فىرانسۇزلار پۈتكۈل جەنۇبىي ئۆلكىلەردە يېڭىلىش بىلەن تەڭ، بۇ ۋىلايەتتىمۇ يېڭىلگەن ۋە مەملىكەتنى تاشلاپ قاچقان. ئارىپ سايىم بەگمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق ئوفىتسېر قاتارىدا ئىستىقلالىيەت (مۇستەقىللىق) ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان ۋە قەھرىمان دەپ ئېلان قىلىنغان. مۇستاپا كامالنىڭ مەخسۇس ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ئەڭ باشتىلا ژاندارما قوماندانى بولغان يەردە مىللەت ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان.

ئارىپ سايىم بەگ مىللەت ۋەكىلى بولۇپ ئەنقەرەگە ئورۇنلىشىش بىلەن بىرىنچى بولۇپ بىر پىكاپ ئالدى. كېيىنچە مال ـ مۈلۈك توپلىدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ۋەزىيەت تىنچىغاندىن كېيىن قىلغان تۇنجى ئىشى ئۆزى بەك ياخشى بىلىدىغان چۇقۇر ئوۋاغا كېلىش بولدى. چۇقۇر ئوۋانىڭ ئالتۇن تۇپراقلىرىغا ئۇ تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئازادلىق ئۇرۇشى بولمىغان بولسىدى، بۇ يەرلەرنىڭ بىر پارچىسىغىمۇ ئىگە بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى. بۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ، فېئوداللارنىڭ، مىسىرلىق ئەرەبلەرنىڭ ۋە ئەرمەنلەرنىڭ ئىدى.

ئارىپ سايىم بەگ چۇقۇر ئوۋاغا كەلگەندە يېكاپقا تۇپراق ۋە دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسىدىن بىرنى سېلىۋالغانىدى. مانا شۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئاقمازار يېزىسىغا ئەكەلگەن سۇر كىيىملىك، قولى دائىم چاپىنىنىڭ ئۇگىمىسىدە تۇرىدىغان ئادەم دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئىسمى ئەخمەت بەگ. ئەخمەت بەگ بۇداپېشتتىكى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن، مەملىكەتتىكى بىرقانچە مۇتەخەسسىستىن بىرى

ئىدى.

ئەنقەرەدىن چىقىش ۋاقتىدا ئارىپ سايىم بەگ شۇنداق دېگەنىدى:

— قېرىندىشىم ئەخمەت بەگ ئاتاقلىق تۆپراق مۇتەخەسسىسى دەپ تونۇشتۇردى. هازىر سىز بىلەن چوقۇر ئوۋاغا بارىمىز، ئاستىمىزدا ماشىنا، چوقۇر ئوۋانىڭ هېچ يېرىنى قويماي ئايلىنىپ چىقىمىز. سىز تۆپراقنىڭ سۈپىتىگە قارايسىز ۋە ماڭا چوقۇر ئوۋادىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك تۆپراقنى تېپىپ بېرىسىز. مەن بولسام سىز كۆرسەتكەن شۇ يەرنى ئېلىپ، بۇ يەرگە تۈركىيەنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇپ چىقىمەن.

ئالدى بىلەن يۇرەگىر ئوۋاسىنى، تەرسۇس ئەتراپلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى. قاراتاشقا، ئاغىبا پاتقاقلىقىغا چۈشتى. ئەخمەت بەگ يەرنىڭ تۆپىلىرىغا قارايتتى، ئۆسۈملۈكلىرىنى تەتقىق قىلاتتى، دېھقانلار بىلەن سۆزلىشەتتى، ئۆلچەپ، سىزىپ دەپتىرىگە يازاتتى. «شۇنداق، ئەپەندىم، ماڭساق بولىدۇ» دېيتتى، باشقا گەپ قىلمايتتى، پەقەت تۆگمىلىرىنى ئېيتەتتى، بېشىنى ئېگەتتى. ۋەزىيەتنى بەك ياخشى ئورۇنلىغانلىقى، ئورۇنلايدىغانلىقى ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئاغىبادىن يومۇرتالىققا كېلىشتى. يومۇرتالىقتا ئۈچ كۈن تۇردى. ئارىپ سايىم بەگ پىكاپىنى يومۇرتالىقتىن ئاپىتى ئوغلى دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ ماڭغۇزدى. بۇ يەرگە ئۇنىڭ كونا مائارىپ ۋەكىلى بولغان هازىرقى مىللەت ۋەكىلى دوستى ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. بۇ ئىشقا ئۇ ئىنتايىن هەسەتخورلۇق قىلىپ سارالڭ بولاي دېگەنىدى. ئاپىتى ئوغلى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىگە بولغان مىللەت ۋەكىلى، ئالدىنقى سەيلە بارمىغان، ئۆزلىرىدەك جىنىنى تىكمىگەن، ئەنقەرەدە دەم ئېلىپ ياتقانىدى. قانداقلارچە بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىگە بولۇۋالدى ئەمدى؟ زادى بۇ يەرلەردە نېمە هەققى بار ئۇنىڭ؟



ئارىپ سايىم بەگ ئاپىتى ئوغلى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تۆپىلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان مۇتەخەسسىستىن چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىسقىرتقاندەك بىر ئاۋازدا سورىدى:

— قانداق؟

— قالتىس! — دېدى ئەخمەت بەگ.

— ماڭا تېپىپ بېرىدىغان يېرىڭىز بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولۇشى كېرەك.

— قولۇم كۆكسۈمدە، بەگ.

— ئەڭ ياخشى يەرلەر مېنىڭ بولىدۇ. بۇ مېنىڭ هەققىم، ئالدىنقى سەپتە قان تۆككەنمەن، جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ سوقۇش قىلغان چېغىمدا، ئۇ خوتۇنىنىڭ قوينىدا ئۇخلاپ ياتاتتى.

— شۇنداق، بەگ، تاپىمىز، بەگ.

— ئەلۋەتتە تېپىشىڭ كېرەك.

ئۇ سىلىق كۆرد شېۋىسى بىلەن سۆزلەيتتى.

ئاپىتى ئوغلىدىن جەيهانغا يېرىشتى. كوزانغا، دوملۇغا چىقىشتى. تۆت كۈن ئوسمانىيە ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىشتى. قەدىرلىگە يېرىشتى، ئاقچەسازنىڭ قىرغاقلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئەخمەت بەگ ئاقچەسازنىڭ قىرغىقىدا ناهايىتى ياخشى بىر يەرنى تاپتى.

— بەگ، بۇ يەرنىڭ تۆپىسى ئۆلمەس تۆپا، تاكى قىيامەتكىچە بىرگە ئەللىك، بىرگە يەتمىش يەشكىچە هوسۇل بېرەلەيدۇ.

— بىرگە ئەللىك، بىرگە يەتمىش بەش بېرىدۇ دېگەن نېمە گەپ؟ — سورىدى ئارىپ سايىم باي.

— تۆپىغا بىر تال ئۇرۇق تېرىسىڭىز، ئەللىك تال ئۇرۇق ئالىسىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئەخمەت بەگ.

— ئوتتۇرا هال ياكى يامان تۆپىلىق يەردىنچۇ؟

— يامان يەر بىرگە بىر، بىرگە ئىككى، بىرگە ئۈچ. ئەڭ كۆپ بولسا بىرگە بەش هوسۇل بېرىدۇ.

— مۇنداق يەرلەر نەلەردە بار؟
— بارلىق ئوتتۇرا ئاناتولىيە يەرلىرى مۇشۇنداق.
— ئىسىت!
— ئوتتۇرا ھال توپىلىق يەرلەر بىرگە ئون، بىرگە ئون بەش ھوسۇل بېرىدۇ.
— خوپ ... ئۆلمەس توپا دېگەن نېمە؟
— يەر كۆپ تېرىلىۋەرسە ئاستا ـ ئاستا ئۈنۈمىنى يوقىتىدۇ، كۈچسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەمدى بۇ ئۆلمەس توپا دېگەن يەرنىڭ كۈچى ئاسانلا كېمەيمەيدۇ، مۇنداق توپىلار خورىمايدۇ، ئۆز ـ ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان، ساپ قۇملۇق، توپىلىنىپ قالغان پاتقاقلىق توپىلارنى ئۆلمەس توپا دەپ ئاتايمىز.
— بۇ توپىلار ئۆلمەس توپىلارمۇ؟
— ئۆلمەس.
ئەخمەت بەگ تاپقان ئۆلمەس توپىلىق يەر كونا بىر دېھقانچىلىق ئورنى ئىدى. كونا تۈركمەن بەگلىرىدىن ئاق خوجا ئوغۇللىرىنىڭ يەرلىرى ئىدى. ھازىر ئۇلار تارقىلىپ كەتكەن، كۆپ يەرلىرى پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. ئەخمەت بەگ تاللىغان يەر بولسا سەلىم بەگكە تەگكەن يەر ئىدى. سەلىم بەگ بۇ يەردە دېھقانچىلىق قىلمايتتى، ياغمۇر ئاغىنىسىنىڭ ئات ئوغرىلاش ئەترىتىگە كىرىپ ئات ئوغرىلاش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئارىپ سايىم بەگ بۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. شەھەرگە بېرىپ يەر ـ مۈلۈك ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى چاقىرتتى.
باشلىق شۇنداق دېدى:
— سەلىم بەگنىڭ يېرى خەزىنىدە يەر قاتارىغا كىرمەيدۇ، بىراق شۇ ئەترابتا ئۈچ يۈز دۆنۈملۈك بىر خەزىنە يېرى بار. بۇ ئەرمەنلەردىن قالغان يەر بولۇپ، بۇ يەر خېتىگە سەلىم بەگنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ كىرىپ كېتىدۇ.
باشلىق ئىشلارنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىشىنىمۇ ئوچۇق ـ



ئاشكارا سۆزلەپ چۈشەندۈردى. ئارىپ سايىم بەگنىڭمۇ كاللىسى ئىشلىدى.
— ھېچكىم بىلمەستە، ئۇ يەرنى سېتىشقا چىقىرىڭلار!
شۇ كۈنى يەر ـ مۈلۈك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەزلۇم بەگ ئۇ يەرنى سېتىشنى ئېلان قىلدى. يەرنىڭ باھاسى ئوچۇق ئارتتۇرۇش يولى بىلەن سېتىلماقچى بولدى. ئاشكارا باھاسىنى ئارتتۇرىدىغان كۈننىڭ ۋاقتى توشتى، ھېچكىم ئوچۇق باھانى ئارتتۇرۇشقا قوشۇلمىدى. ئۈچ يۈز دۆنۈملۈك يەرنىڭ خېتى يىگىرمە ئۈچ لىراغا ئارىپ سايىم بەگنىڭ قولىدا قالدى.
ئارىپ سايىم بەگ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ چېگراسىنى سىزىپ، بۇ چېگرانىڭ ئىچىگە ئات ئوغرىسى سەلىمنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى كىرگۈزۈۋالغان چاغدا، ئاق خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى تۈگىشىپ قالدى. ئاق خوجىلارنىڭ ئەڭ قېرىسى، بېشىدىن ئەڭ جىق ئىش ئۆتكىنى، ئۇزۇن ئاق بۇرۇتلۇقى ئەزىز ئاغا ئىدى. ئەزىز ئاغا ئەھۋالنى بىلىش بىلەن غەزەپلەندى. يەر قولدىن كېتىۋاتاتتى. يەرغۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس ئىدى، بىراق ئارىپ سايىم بەگ ئاق خوجىلارنىڭ يەرلىرىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئالىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قوللىرىدا ئالىقانچىلىك يەرنىمۇ تۇتۇپ قالالمايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ غەيرەتكە كېلىپ ئېتىغا مىنىدى، ئادانادىكى قەدىمىي، چوڭ نوپۇزلۇق فېئودالارنىڭ يېنىغا باردى. بۇلاردىن بىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى يالغۇز پارتىيەنىڭ، يەنى خەلق پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى ئىدى. بۇ ئىككى ئېسىل ئائىلە ئەۋلادلىرى ئۇزاق يىللاردىن بېرى دوست ئىدى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى مەنپەئەتلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە باغلىق ئىدى.
باش سېكرېتار ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تويتوغرا مۇستاپا كامال پاشانىڭ قېشىغا باردى. ئارىپ سايىم بەگنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. پاشا بۇ ئىشقا نېمە دېدى، نېمىلەرنى سۆزلىدى، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. پەقەت

ئارىپ سايىم بەگ سەلىم بەگنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن قولىنى تارتتى. ئىككىنچىلەپ ئۇ يەرنىڭ كوچىسىغىمۇ قەدەم باسمىدى. يىگىرمە ئۈچ لىراغا ئالغان ئۈچ يۈز دۆنۈملۈك يەرنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى.

ئارىپ سايىم بەگ بېشىغا كەلگەن بۇ دەھشەتلىك ۋەقەدىن كېيىن ئەخمەت بەگ بىلەن بىرلىكتە تۆرتيولغا باردى. ئۇ يەردە بىر ھەپتە تۇردى. بۇ يەردە چوڭ ئاپېلسىن باغلىرى بار ئىدى. ئارىپ سايىم بەگ تۆرتيولدا تۇرغان چاغلىرىدا ئۇ يەردىكى بايلار، مۇتىۋەر زاتلار، ئاقساقاللار بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ يەردىمۇ خەزىنىگە قالغان ئەرمەنلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ۋە ئاپېلسىن باغلىرى بار ئىدى. ئارىپ سايىم بەگ بۇ مۈلۈكلەردىن ۋە باغلاردىن ئەڭ ياخشىسىنى پاشاغا سوۋغا قىلدۇردى.

— بۇ نېمىدېگەن گەپ ـ ھە؟ بۇ يۇرتتى قۇتقۇزغۇچى ئادەمنىڭ بۇ يەردە بىرەر باغچىسى يوق دېگەن نېمىدېگەن گەپ، شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ — دېيتتى غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك، ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغان ئارىپ سايىم بەگ.

ئەسلىدىمۇ بايلار، مۇتىۋەر زاتلار، ئاقساقاللار مۇستاپا كامال پاشاغا مۇنداق سوۋغىلارنى بېرىشكە جان دېيتتى، ئەمما پاشىلىقنىڭ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيتتى، قورقاتتى. پادىشاھلارغا يەر، باغچە، داچىلارنى سوۋغا قىلىش ئوسمان ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا فېئودالالارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئۇلار ئارىپ سايىم بەگنىڭ تەكلىپىگە چەكسىز خۇشال بولۇشتى.

ئارىپ سايىم بەگ شۇ ئىشتىن كېيىن يەر بۆلگۈچىلىقى ئۈچۈن بىر باھانە تاپقانىدى. چوقۇرئوۋادا قىلمىۋاتقان نېرەڭلىرىنى پاشا بىلىپ قېلىپ خاپا بولىدىغان بولسا:

— پاشام، خەلقلەر كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمنى تەقدىرلەش



ئۈچۈن ماڭا، خۇددى سىزگە بەرگەن سوۋغىلارغا ئوخشاش كىچىككىنە يەرنى سوۋغا قىلغانىدى. فېئودالالار مېنى كۆرەلمەستىن سىزگە شىكايەت قىلىشىپتۇ. خەلقلەرنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلماسلىق مۇمكىن! — دېمەكچى بولدى.

ئەخمەت بەگنىڭ چوقۇرئوۋادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئىككىنچى يېرى ئاقمازار يېزىسىنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر دېھقانچىلىق مەيدانى ئىدى. ئەرمەنلەر قاچقان چاغدا بۇ كىچىككىنە مەيداننىڭ ئەرمەن ئىگىسى بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ تۈركمەن دوستىغا ساتقان. تۈركمەن بىلەن ئەرمەن جان دوستلاردىن ئىدى.

ئەرمەن شۇنداق دېگەنىدى:

— دوستۇم، مۇبادا قايتىپ كېلىدىغان بولسام يېرىمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بېرىسەن، قايتىپ كېلەلمىسەم، بۇ يەر سېنىڭ بولسۇن، ئاناڭنىڭ سۈتىدەك يەپ ـ ئىچ، ساڭا ھالال بولسۇن!

ئارىپ سايىم بەگ ئەخمەت بەگدىن يېتىمىش ـ يېتىمىشلاپ سورايتتى:

— بۇ، ئۈنۈملۈك يەرمۇ؟ سەلىمنىڭ يېرىدىن ياخشىمۇ؟

ئەخمەت بەگ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن:

— شۇنداق، سەلىمنىڭ يېرىدىنمۇ ياخشى. مۇنداق ياخشى يەر پەقەت دۇنيادىكى بىرنەچچە مەملىكەتتىلا بار. نىل دەرياسىنىڭ بويلىرىدىمۇ مۇنداق يەر تەستە تېپىلىدۇ، — دېيتتى.

ئارىپ سايىم بەگ شۇ كۈنلا شەھەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ماجىراسىنى بىلىۋالدى. بىچارە تۈركمەننى چاقىرتىپ ئالدىغا ئون لىرا پۇل قويدى.

— ھېلىقى ئەرمەننىڭ يېرىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەر، — دېدى.

ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئالدىغا ئىككى ژاندارما بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ ھايىلا ـ شايىلا ئەكەلدۈرۈلگەن بىچارە تۈركمەننىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەتتى. يولدا كېلىۋېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشىنى، تۈرمىگە تاشلىنىشىنى، ھېچ

بولمىسا سۈرگۈن قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. ئارىپ سايىم بەگنىڭ داڭقىنى ئاناتولىيەدە ئاڭلىمىغان ئادەم قالمىغاندى ... ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان ئادەم ئامان قالمايتتى.

تۈركمەن دارغا ئېسىلىشنىڭ، تاياق يېيىشنىڭ ئورنىغا ئالدىغا قويۇلغان ئون لىرالىق پۇلنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. بىردەم ئون لىراغا، بىردەم قويۇق قارا قاشلىق ئارىپ سايىم بەگنىڭ سۈرلۈك يۈزىگە قارايتتى. بۇنىڭ تېگىدىن بىر بالا ـ قازا چىقمىسۇن دەپ پەرىشان كۆزلىرىنى ئارىپ سايىم بەگكە، ئارىپ سايىم بەگدىن ئون لىراغا يۈگۈرتۈپ تۇراتتى.

— ئال. ئالە مەھمۇت، بۇ سېنىڭ ھەققىڭ، — دېدى ئارىپ سايىم بەگمۇ مۇلايىملىق بىلەن.

مەھمۇت بەگنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئاتىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، يۈرىكى سەل توختىدى.

— ئال دېيمەن، مەھمۇت، ئالە! ئال قېرىندىشىم، بۇ سېنىڭ ھەققىڭ، بۇ يەر خېتىنى قاچاندىن بېرى قوينۇڭدا ساقلاپ يۈرىسەن؟

— ئون يىلدىن بېرى، — دېدى مەھمۇت.

ئارىپ سايىم بەگ ئاستاغىنا ئون لىرانى ئىككى بارمىقى بىلەن يىرگەنگەندەك، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەردىن ئالدى، مەھمۇتقا ئۇزارتتى.

— ئال، بۇ يەر خېتىنى ئون يىلدىن بېرى يانچۇقۇڭدا ساقلاپ يۈرۈپسەن، بىر يىل ئۈچۈن بىر لىرا.

مەھمۇت پۇلنى ئالدى، قوينىغا سالدى، شۇ زامان دۈم يېتىپ بەگنىڭ پۇتلىرىغا باش قويدى. يېنىدىكىلەر ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى، بەگ يانچۇقىدىن يەنە بەش لىرا پۇلنى ئاستا سۇغۇرۇپ چىقاردى، مەھمۇتقا بەردى. مەھمۇتنىڭ ئەھۋالى ئۇنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرگەنىدى.

— مەھمۇت، سەن ئەسكەر بولۇپ باققانمۇ؟

مەھمۇت شۇ ئان دىققەتتە تۇرۇپ، ئارىپ سايىم بەگنىڭ



ئالدىغا كەلدى. ئېلىپتەك، يەرگە قېقىپ قويغاندەك تىك تۇراتتى، قىمىر قىلمايتتى. كۆزلىرىمۇ چىمىر قىلماستىن بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئەسكەر بولغانىدىم، قوماندانىم.

— قەيەرلەردە؟

مەھمۇت دەم ئالماستىن بىر نەپەستە ساناشقا باشلىدى:

— گالىچىيادا، چاناققەلئەدە، ئەلئەمارادا، يۇناندا.

— يارىدار بولغانمۇ؟

— بولغان، قوماندانىم.

— نەرىڭدىن؟

— بوينۇمدىن، كاسامدىن، قولۇمدىن، پۇتۇمدىن.

— غازى ئىكەنسەن — ھە، — مېدال ئالدىڭمۇ؟

— ئالمىدىم، قوماندانىم.

— مەھمۇت!

— خوش، قوماندانىم.

— يېقىندا دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، سېنى ياقتۇرۇپ قالدىم، مەيدانغا كېلىپ ئىشلەمسەن؟

يەر خېتى باشقۇرغۇچى ئادەم قولىدا دەپتەر تۇتۇپ تۇراتتى. يەر خېتىنى ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى شۇ يەردىلا باشلىنىپ تۈگىدى، مەھمۇت بارمىقىنى باستى، بەگ چىرايلىق ئىمزاسىنى ھۈنەر چىقىرىپ خىلمۇخىل شەكىلدە قويدى. مەھمۇت بىلەن قول ئېلىشتى. مەھمۇت بەگنىڭ ئالدىدىن تەلۋىلەرچە خۇشال چىقتى. يېزىسىغا كېتىۋېتىپ، خۇشاللىقىدىن ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك پىرقىرايتتى.

مانا شۇنداق قىلىپ تۈركمەن مەھمۇتنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يەر خېتى ئارىپ سايىم بەگنىڭ قولىغا ئۆتۈش بىلەن ئاقمازار دېھقانلىرىنىڭ ماجىرالىرى باشلىنىپ كەتتى. ياش ئىدرىس بەگنىڭ بېشىغا كۆرۈلۈپ باقمىغان بالا ـ قازالار شۇ كۈندىن كېيىن كېلىشكە باشلىدى.

ئارىپ سايىم بەگنىڭ خالاپ سېتىۋالغان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بىر چېتى پەقەت ئىككى ـ ئۈچ مىڭ دۈنۈملۈك يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئارىپ سايىم بەگكە ئوخشاش جەڭلەردە قان تۆككەن، پاشاغا ئاتاق يېقىن دوست بولغان، مىللىي قەھرىمان نامىغا ئېرىشكەن بىر ئىنسانغا بۇنچىلىك يەر يېتەمدۇ؟ ھەقىقەتەن ئەيىب ئىدى. ئۇ ئالغان بىر ئۇلۇش تىلەمچىگە بېرىلگەن پايدەك ئىدى. بۇ بىر مىللىي قەھرىمان ئۈچۈن نومۇس ئىدى. ئاقمازار دېھقانلىرىنىڭمۇ يەرلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلار بۇرۇن يەر تېرىشنى بىلمەيتتى، ئۇلار بېرىپ ئات باقسۇن، ياغمۇر ئاغىسىنىڭ ئەترىتىگە كىرىپ ئات ئوغرىلاشسۇن.

ئارىپ سايىم بەگ كۈلەتتى.

— ئۇلار يەرنى يەر تېرىشنى بىلىدىغانلارغا بەرسۇن، يەرنى سۆيىدىغانلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى خالىغان ئىشلىرىنى قىلىشسۇن، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كەسپىنى قىلىشسۇن.

ئاقمازارلىقلاردىن يەرنى تارتىۋېلىش دەسلەپتە ئوڭاي بولىدى، چۈنكى ياش مىللىي ئۆزۈش قەھرىمانىمىزنىڭ بۇ تورمۇشقا ماسلىشىشى ئۈچۈن ئەقلى يېتەتتى. ئاقمازاردىكى چىركەسلەرنى ئۆزاققىچە جىددىي تەكشۈرۈپ چىقتى. خاھىشلىرىنى ئۆگەندى. قېرىلار، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئەۋلادلارمۇ كاپكازنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار كاپكازدىن قېچىپ كېلىشكەن بولسىمۇ، كاپكاز ئۇلار ئۈچۈن چۈشىدىكى بىر دۇنيا ۋە جەننەت ئىدى. ھەربىر سۆزىنى كاپكازدىن — ۋەتىنىدىن باشلايتتى. ئات ئۇلارنىڭ قولىدا كاپكازدىن قالغان مۇقەددەس بىر ئامانەت ئىدى. ئاتنى كاپكازدىكى چاغلىرىدىكىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈشەتتى. باي بۇنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ياغمۇر ئاغىنى چاقىردى. ئۇنى ئۆيىدە بىر كېچە قوندۇردى. ئۆتمۈشتىكى كۈنلىرى ئۈستىدە كۆپ سۆزلەشتى. ئارىپ سايىم بەگ شەھەردە ژاندارما باشلىقى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدىن تارتىپ ياغمۇر ئاغىنى تونۇيتتى. ئۇنى ئەترىتى بىلەن بىللە بەش قېتىم



تۇتۇۋېلىپ، بەش قېتىمدىلا قويۇۋەتكەنىدى.

ئۆزىنىڭ دېيىشىچە: پەقەت ياغمۇر ئاغىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا قويۇپ بەرگەنمىش، لېكىن بۇ يالغان، ياغمۇر ئاغا بىلەن بەزى ئىشلاردا ئورتاق تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ئورتاقلىقنى ھازىر دەپ يۈرۈش ياغمۇر ئاغىنىغمۇ، ئارىپ سايىم بەگكىمۇ پايدىسىز ئىدى ... مۇرەككەپ ئىشلار ئىدى. ئېغىزلىرىغىمۇ ئالمايتتى، بىر ـ بىرىدىن ئىزا تارتىشاتتى.

بىر قېتىم ياغمۇر ئاغا ئاغزى بوشلۇق قىلىپ:

— بەگ، بىز قىرانسۇزلار بىلەن ... — دەپ قويىدى. باي شۇ زامان ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىۋەتتى.

— نېمە قىرانسۇزلار؟! — دەپ ۋارقىرىدى.

ياغمۇر ئاغا ھەممىنى چۈشەندى. ئارىپ سايىم بەگ مىللىي قەھرىمان، ئۆزئارا بولسىمۇ قىرانسۇزلار بىلەن بىرلىشىپ ئىش قىلغانلىقىنى سۆزلەشنى خالىمايتتى. ئىككىنچى قېتىم زادىلا سۆزلەشمىدى. لېكىن، پۈتۈن چۇقۇر ئوۋۋا خەلقى بۇ ھەمكارلىششتى بىلەتتى.

— ھەي ياغمۇر باي، ئەترىتىڭ تەرەققىي قىلدىمۇ؟ كۈنىگە قانچە ئات ئوغرىلايسەن؟ — دەپ ناھايىتى جىددىي سورايتتى ئارىپ سايىم بەگ.

ياغمۇر ئاغا خۇددى شۇنىڭدەكلا جىددىي تەرزدە جاۋاب بېرەتتى:

— سايىڭىزدا ئەترەت قالتىس چوڭىيىپ كەتتى، بەگ، — دېيتتى، — ھەممە جەمئىيىتىمىزنىڭ سايىسىدا. ھازىرچە ئەترەتنىڭ كۆپ تەجرىبىلىك ئوغرىلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئالتە قىسمەتلىك ئەزاسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىمۇ بار. ياردەمچىلىرىنىڭمۇ ياردەمچىلىرى بار. بىر مىڭ بەش يۈز كىشىلىك بىر جەمئىيەتنىڭ باشلىقى بىز، بەگ.

— بىر ئارمىيە.

— شۇنداق، بەگ، بىر ئارمىيە. كاپكازدا، ئىراندا كارامەت چىرايلىق ئاتلار بار. ئۇ ئاتلارنى ئېلىپ قارا دېڭىز بويلىرىغا ئاپىرىپ ساتىمىز. كاپكازدا، ئىراندا ئات ئوغرىلاش تەسرەك. بىراق ئۇ يەرلەرگە ئەڭ ئۇستا ئوغرىلارنى، بولۇپمۇ چېركەسلەرنى ئەۋەتىمەن. قارا دېڭىزدىن ئوغرىلاپ كەلگەن ئاتلارنى بولسا شەرققە — تۆتىنچى ئارمىيەگە ئەۋەتىمەن. ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئارتۇقچە ئۆزگىرىشى ئاتلارنى ساق قويمايدۇ. بىر يىلى كاپكازدىن چوقۇر ئوۋاغا ئۈچ يۈز ئات كەلتۈردۈم. چىۋىن - پاشىلارنىڭ، بەزگەك كېسەللىكىنىڭ دەردىدىن ياشىيالمىدى، ئۆلۈپ كەتتى. سۇرىيە، ئىراق، ئۇرفادىن ئەكېلىنگەن ئاتلارنى غەربىي ئاناتولىيەگە، ئىزمىرغا، ئايدىنغا، دەنىزلىگە، مانىساغا ئەۋەتىمەن. ئۇرۇش ئۇ يەرلەردىكى ئاتلارنىڭ نەسىللىرىنى تۈگىتىۋەتكەن. غەربىي ئاناتولىيەدە ئات بەك قىممەت ۋە يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن يەرلەردىن كەلگەن ئاتلار غەربىي ئاناتولىيەنىڭ ئىقلىمىغا كۆنۈپ كېتىدۇ. غەربىي ئاناتولىيەدىن ئوغرىلىتىپ كەلگەن ئاتلارنى ئوتتۇرا ئاناتولىيەگە ئۆتكۈزۈۋېتىمەن. ئاتچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشكىلاتىمىزنى ئىرانغا، ئافغانىستانغا، ھىندىستانغا قەدەر كېڭەيتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. ئەنە شۇنداق بىر پىلان ئۈستىدە ئىشلىمەكتىمەن.

— ياغمۇر ئاغا، مۇنداق غەيرىتىڭىزنى چوقۇم پاشاغا سۆزلەپ بېرىمەن. سىزنى مىللەت ۋەكىلى قىلىپ تەقدىرلىشى مۇمكىن دەپ ھېسابلايمەن. تۈرك مىللىتىگە كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىز ناھايىتى چوڭ.

مۇشۇنداق جىددىي چىرايلار بىلەن بەكمۇ جىددىي سۆزلىشىۋېتىپ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى.

راسا كۈلۈپ ئات ئوغرىلىرى ئەترىتىنى مازاق قىلغاندىن كېيىن نۆۋەت جىددىي ئىشلارغا كېلەتتى ...

ياغمۇر ئاغا ئات ئوغرىلىقىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ



سايىسىدا ھەر يىلى يۈزلەپ، ھەتتا مىڭلاپ ئات بۇ رايوندىن ئۇ رايونغا، بۇ مەملىكەتتىن ئۇ مەملىكەتكە توشۇلاتتى. ياغمۇر ئاغا ئوتتۇرا شەرقتە ئاتنىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلاتتى. يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئۆزۈن يايلاقلاردىكى چېركەسلەرنىڭ ھەممىسى، چوقۇر ئوۋالىقلارنىڭ كۆپ قىسمى ياغمۇر ئاغىنىڭ ئەترىتىگە كىرىدىغان بولسا زادىلا ھەيران قالماسلىق كېرەك.

ياغمۇر ئاغىنىڭ كونا، چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا پىشقەدەم، داڭلىق، چوڭ ئات ئوغرىلىرى يىغىپ، ياش ئات ئوغرىلىرىغا ئات ئوغرىلاش ھەققىدە ساۋاقلار بېرەتتى. كۆزلىرى چۈشكەن ئوغرىلارنى ياغمۇر ئاغىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ « ئال بۇنى، خالىغانچە ئىشلەت، باي » دەيتتى. سەكسەن ياشقا كىرگەن، كۈچلۈك، باتۇر ئات ئوغرىسى ئۆزدېمىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا قابىلىيەتلىك ئوغرىلارغا چېتىقنى ئېچىش، چېقىش، چېتىقلىق ئاتلارنى ئوغرىلاش تەلىمىنى مەشىق قىلدۇراتتى.

ياغمۇر ئاغىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى چوقۇر ئوۋادا، تۈركىيەدە بىلمەيدىغانلار يوق ئىدى. بۇ ئىنتايىن چوڭ، بەكمۇ كۈچلۈك تەشكىلاتنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرى يوق ئىدى. ئىشنى ئوچۇق - ئاشكارا، ھەممە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا قىلاتتى.

ئۆتكەن يىلى ئىراقلىق ئەرەب شەيخىنىڭ ئىنتايىن ئېسىل بىر ئېتى ئوغرىلاندى. شەيخ ئېتىغا تەلۋىلەرچە ئامراق ئىدى. يولغا چىقىپ توپتوغرا ياغمۇر ئاغىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ توختىدى. قار - يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى ئېيتتى: « ياغمۇر ئاغا، ئېتىم تېپىلمىسا بۇ دۇنيا ماڭا ھارام » دېدى - دە، بىر قاچا ئالتۇننى چىقاردى، « ھەممىسىنى ئال، ئېتىمنى تېپىپ بەر» دېدى. ياغمۇر ئاغا مەرد ئادەم ئىدى، شەيخنىڭ پۇلىنى ئالمىدى، ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېچىنغانىدى. قولىدىن يېتىلەپ ئات قوروسىغا ئېلىپ باردى. شەيخ يىراقتىن ئاتلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ: « بۇ ئاتلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئېتىم يوق »

دېدى.

ياغمۇر ئاغا ئۆنىڭغا ئاتاقلىق ئوغرىلاردىن بىرىنى قوشۇپ: «شەيخنىڭ ئىتىنى تاپماستىن كېلىشكە بولمايدۇ» دېدى.

ئالتە ئايدىن كېيىن شەيخنىڭ ئىتىنى مار ـ مارا تاغلىرىدىكى بىر كۆچمەنچى بەگنىڭ قولىدىن تېپىۋالدى. ياغمۇر ئاغىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. كۆچمەنلەر يېڭى ئاتنىڭ پۇلىنىمۇ ئالماستىن ئاتنى شەيخقە بەردى.

— ياغمۇر ئاغا، — دېدى ئارىپ سايىم بەگ، — ماڭا ئىككى ئاي ئىچىدە چۇقۇر ئوۋانىڭ ئىقلىمىغا چىدايدىغان ئاتتىن ئاز دېگەندە يۈزنى تاپسەن.

— قولۇم كۆكسۈمدە، ھەممىسى بىر خىل رەڭلىك بولسۇنمۇ؟

— ھەر خىل رەڭدىكىسىنى خالايمەن، ئون دانە تورۇق، ئون دانە بوز، بەش دانە جەدە، قۇلا، چىپار ...

ئىككى ئاي ئىچىدە ئارىپ سايىم بەگنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا يۈزدىن ئارتۇق ئات كەلدى.

ئارىپ سايىم بەگ ئالدى بىلەن چېركەس ياقۇپنى چاقىردى. ياقۇپ قېرىپ كەتكەن، تېخىچە ئاتتىن چۈشمەيدىغان، ماغدۇرى قالمىغان، پار ـ يۇر ئۆتۈك كىيىپ يۈرىدىغان قىزىل ساقاللىق چېركەس ئىدى. ئەسلىدە ئىدرىس بەگنىڭ دادىسى بەگ بولماستىن، ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ بەگ ئىكەنلىكىنى، ئىدرىس بەگنىڭ دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مالىيى ئىكەنلىكىنى بارغانلا يېرىدە سۆزلەپ يۈرەتتى.

— ياقۇپ بەگ، — دېدى ئارىپ سايىم بەگ، — قانچە دۇنۇم يېرىڭ بار؟

— بىر يۈز يىگىرمە دۇنۇم.

ئارىپ سايىم بەگ ئۆنىڭ قولىدىن تۇتتى. ئاتلار بىلەن لىق تولغان قورۇغا ئېلىپ باردى.

— ئېتىزلىرىڭنىڭ يەر خېتىنى ماڭا بېرىسەن، بۇ يەردىن



خالىغان ئىتىڭنى ئالىسەن.

ياقۇپنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— راست دەۋاتامسەن، بەگ؟ لېكىن بۇ ئاتلار بەك ئېسىل ئاتلار ـ دە.

— تاللىۋال، ئېسىل ئاتلار بولمىسا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ؟

چېركەس ياقۇپ بىر ھەپتە ئات قورۇسىدىكى ئاتلارنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ، ئۆزىگە ئىككى ئاتنى تاللىۋالدى. ھەقىقەتەنمۇ بەك ئېسىل، ئۈچ ياشلىق بوز ئاتنى تاللىغانىدى. بىر ھەپتە ئاۋارە بولۇشقا ئەرزىيتتى. يېزىغا باردى، ھەممە ئىشنى سۆزلىدى. بىرنەچچە كىشى شۇ ھامان ئاتلىرىغا مىنىپ ئارىپ سايىم بەگنىڭ يېنىغا چېپىشتى. «بىزنىڭمۇ يېرىمىز بار، بەگ» دېيىشتى. بەگ يەرلىرىنىڭ مىقدارىنى سورىدى. ھەربىرىگە يەرلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بىر، ئىككى، ئۈچ، بەش، يەتتە ئات بەردى.

بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئات قورۇسىدا نەسىللىك ئاتتىن ئازراق قالدى. ئاقمازار يېزىسىدا بولسا ئاتلىقلار كۆپەيدى.

مۇشۇ يول بىلەن دەسلەپكى چاغلاردا ئاقمازارلىقلاردىن يەر ئېلىش بەك ئاسانغا چۈشتى. كېيىنچە ئىشلار بارغانسېرى چىگىشلىشىپ كەتتى. ئارىپ سايىم بەگ چېچىنلەرنى قورقۇتۇش يولىنى تاللىدى. بۇ يول بىلەنمۇ ئازراق غەلىبە قازىنىپ، ئازراق يەرنى قولغا كىرگۈزدى. باشتا ئىدرىس بەگ بىلەن دېھقانلارنىڭ بىر قىسمى قاتتىق تۇرۇۋالدى. ئارىپ سايىم بەگكە يەرلىرىدىن بىر غېرىچمۇ بەرمەسلىككە قەسەم قىلىشتى. يېزىلىرىنى تاشلاپ نەگە، قايسى تەرەپكە كېتەتتى؟ ئىدرىس بەگنىڭ مىڭسىگە ھېچ تەرسە كىرمەيتتى.

— نەنى خالىساڭلار، شۇ يەرگە سىلەرنى يەرلەشتۈرۈپ قويىمەن، — دەيتتى ئارىپ سايىم بەگ.

ئارىپ سايىم بەگنىڭ قارا، «فورد» ماركىلىق، چىراغلىرى

جىۋاق يېكايى تىزغىنچە كېلىدىغان توپىلارغا يېتىپ، ئىدرىس بەگنىڭ ئۆيىگە ناھايىتى كۆپ كېلىپ كەتتى، جىق جېدەللەشتى. ئارىپ سايىم بەگ ئىدرىس بەگكە ناھايىتى ئورۇنلۇق، ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى. ھەتتا: « پاشاغا دەپ سېنى مىللەت ۋەكىللىكىگە سايلىتىمەن » دېدى. ئىدرىس بەگ يەنىلا ئۇنىڭغا بىر ئېغىز يەرنىمۇ بەرمىدى. ئارىپ سايىم بەگ ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى، ئىدرىس بەگ بۇ تەھدىتلەرگە قارشى:

— بوينىمىز قىلدا ياغلاقلىق، بېگىم، — دەپلا تۇراتتى. ھېچ نەرسە دېمەيتتى، — قانداق قىلىمىز بېگىم، بوينىمىز قىلدا ياغلاقلىق.

## 23

ئادىمىنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق قورقۇش ئازابى مۇجۇۋالغانىدى. تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بېرى ئاقچىسازنىڭ بويىغا يالىاق باراتتى، يالقاقلىقنىڭ سۇلىرىغا پۇتىنى تىقاتتى. كېيىن ئارقىغا يېنىپ ئۆزى تۇۋىدە تۇرغان ھېلىقى چىنار تۈۋىگە كېلەتتى. بۇ يەردە چىۋىن - پاشىلار بەكمۇ جىق ئىدى. ئىسقىرتقاندەك ۋىڭىلدايتتى. ئادىمىنىڭ يۈزىگە، بوينىغا، قوللىرىغا، پۇتلىرىغا قوناتتى. ئۇلارنىڭ نەشتەرلىرى ئادىمىنىڭ ئۈستىدىكى كۆڭلەك، ئىشتانلىرىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئادىم خىيالغا چۆمەتتى. ئەجەبا، ئۇ ئاتقان ئات ئۆزىنىڭ بوز ئېتىمىدۇ ياكى تورۇق ئاتمىدۇ؟ ئۆز ئىچىدە: « قوڭۇر ئاتنى ئاتقاندەك قىلىمەن » دەپ تەكرارلايتتى ... يەرگە قاپقارا دەرەختەك ئۆرۈلۈپ چۈشتى، قاپقارا ئىدى. بوز ئات بولسا ئايپاتا پارقىرايتتى، ئاق بۇلۇتتەك ياناتتى ... بۇلارنى ئويلاپ خۇشال بولاتتى. « ئەتە بايىنىڭ ئالدىغا بارىمەن، تورۇق ئاتنىڭ كاللىسىنى ھويلىغا ئاتىمەن، دۈشمىنىڭنىڭ ئۆمرى مۇشۇنچىلىك بولىدۇ، بايىم، خالساڭ يوباز ئوغلىنىڭ، ئوسمان چوڭنىڭ، مەمەت ئاۋاقنىڭمۇ



كاللىسىنى ئەكېلىمەن، خالىساڭ كامال پاشانىمۇ ...» دەيتتى ۋە ئۆزىچە كۈلەتتى. قاراڭغۇدا ئات بار تەرەپكە ئۇزاقىقچە قاراپ تۇراتتى. ئاتنىڭ قاپقارا بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتى. مانا قارا، — دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇ يەردە قاپقارا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. تورۇق ئاتنى ئېلىپ چەنلىدۇق. ھازىرغىچە بىرەر پاي ئوقىمىز زايە كەتكەنمۇ؟ ... ئۇ نەرگىسلەرنىڭ ئارىسىغا كىرەتتى، گۈللەرنى دەسسەيتتى، بۇلاقتىن سۇ ئىچەتتى. يەنىلا: «بۇ ئىشىمۇ تۈگەتتۇق، بۇ ئىشىمۇ يۈزىمىزنى يورۇق قىلدۇق» دەيتتى. سازلىقتىن چىنارنىڭ تۈۋىگىچە كېلەتتى. بىراق، ئۇنىڭدىن نېرى بىر قەدەم ئاتلىمايتتى ... باراي، كۆرۈپ باقاي، دەيتتى، ئاتنىڭ تاپىغا قاراپ بىر قەدەم تاشلايتتى. كۆڭلىگە بىر ئەندىشە چۈشەتتى - دە، يەنە بىر پۇتىنى كۆتۈرەلمەيتتى، ئارقىسىغا ياناتتى. بىردىنلا كاللىسىغا باشقا ئوي كېلەتتى: « ئاتقىنىم بوز ئات بولسىچۇ، باي ئۆلگۈچە يۈزىمىزگە قارىمايدۇ. قارىمايدۇ، قارىمايدۇ » دەپ ئىچىدە ئىڭرايتتى ... بىچارىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئېتىنى ئېتىۋەتتىم ... ئات قورۇسىدىكى ئەڭ ياخشى ئېتىنى ئاللىغانىدۇق، ئاخىر بەش پاي ئوقتا ... بېرىپ ئاتنىڭ تاپىنى كۆرۈش ۋە قورقۇنچ ئازابىدىن قۇتۇلۇش كېرەك ...

تۇمانلىق، دىمىق، نەملىك كېچە ئىدى. ھاشاراتلار. كۆيگەن قوللىرى، كېيىملىرى، شەپكىسى، ئاياغلىرى نەم ھاۋادا مىلىچ - مىلىچ نەملىنىشىپ كەتكەنىدى. تىنماستىن تەرلەيتتى. شامال يوق، كىچىككىنە شەپىمۇ ئاڭلانمايتتى، تۇنجۇقۇپ قالغۇدەك ئىسسىق. ئادىم ياقىسىنى، مەيدىسىنى ئاچتى، ئىچى سىقىلىپ يېرىلىپ كېتەي دەيتتى. بىر يەردە تۇرالمايتتى. بىردەم ئۇخلىماقچى بولدى، بىراق كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. بۇرۇنلاردا ئۇ بېشىنى ياستۇققا قويۇش بىلەنلا ئۇخلاپ كېتەتتى. بىرھازاغىچە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتتى، كېيىن تۇرۇپ كەتتى. ئاناۋارزا قەلئەسىگە قاراپ ماڭدى. قارلىغاچلار كېچىدىمۇ ئالدىدىن پىر - پىر قىلىپ ئۇچۇپ كېتەتتى. ئاتنىڭ تاپىدىن يىراقلاشقانسېرى

كۆڭلى ئارام تېپىپ، يۈرىكىگە ئاتچە ـ مۇنچە خۇشاللىق تۇيغۇسى ئورنىشاتتى. تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇنداق ماڭدى. كۈن چىقىۋاتقاندا توختىدى، ئارقىغا ياندى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئاتنى ئاتقان يەرگە قارىدى. ئاتنىڭ تاپى كۆرۈنمەيتتى، ئەمما ئېگىز چىنار يوغان شاخلىرى بىلەن قارىيىپ تۇراتتى. چىنارنىڭ سەل تېپىسىدا، ئاسماننىڭ قىرىدە بىر توپ قاغا ـ قوزغۇن ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ئادىم بىردەم قىمىر قىلماستىن چىنارنى، ئېگىزدىن يەسكە چۈشۈۋاتقان بىر توپ قاغا ـ قوزغۇننى تاماشا قىلدى. قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بالىلارچە ئاداقلىق بىلەن، بىر بالىنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان ئىستىكى بىلەن:

— يارەببىم، ئاتقىنىم تورۇق ئات بولغاي! — دېدى ئۇ، — ئاتقىنىم تورۇق بولماي قالسا مەن ھېچكىمنىڭ، ئىنسانىنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن. يا خۇدايىم، خوتۇنۇمغىمۇ قارىيالمايمەن. يا خۇدايىم، خوتۇنۇمغىمۇ قارىيالمايمەن. ئۇنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرەتتىم. خۇدايىم، ئۆزۈڭ ماڭا گۇۋاھ، ئۇنىمۇ يەنە بىر قېتىم كۆرەلمەيمەن.

شۇ چاغدا خوتۇنىنى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتقان ئاخىرقى كۈنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ چاڭ، يوغان ئەمچەكلىرى ئاجايىپ ئىسسىق ئىدى.

— يا خۇدايىم، تورۇق ئات ئۆلمىگەن بولسا مەن ئۆلىمەن، ماڭا ياردەم قىلغايسەن!

چىنار تۈۋىگە قاغا ـ قوزغۇنلار ئۇچۇپ كېلىپ قونۇۋاتتى، قاناتلىرىنى كېرىپ يەردە سەكرەيتتى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولاتتى.

ئۇ ئاتنىڭ تاپىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. چىنار تۈۋىگە بارغاندا كۆزىنى يۇمماقچى ۋە دەل ئۆلگەن ئاتنىڭ يېنىغا بارغاندا ئاچماقچى بولدى.



ئاناۋارزا ئۇۋاسىنىڭ تۇزلەڭلىكىگە قىزىق ئاپتاپ چۈشۈپ ھەممە ياقنى كۆيدۈرەتتى. كۈن ئوت چاچرىتاتتى. ھېچقانداق جانلىق كۆرۈنمەيتتى. ئات، ئېشەك، قوي، قۇرت ـ قوڭغۇز، ئۆمۈچۈك، يىلان، ھەممىسى كۆلەڭگە، سالقىن يەرلەرگە كىرىپ كەتكەنىدى.

ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ چىنار تۈۋىگە كەلدى. شۇنچىلىك ھېرىپ كەتكەنىدىكى، ئۆرە تۇرالمايتتى. چىنار تۈۋىگە يىقىلدى. ئۇيقۇسىزلىقتىن جېنى چىققاي دېگەن ۋە ھالىدىن كەتكەنىدى. بېشىنى چىنارنىڭ يىلتىزىغا قويدى. كۆز قىرى بىلەن ئاسماندىن قاناتلىرىنى كېرىپ چۈشۈۋاتقان قاغا ـ قوزغۇنلارغا قارايتتى، قارىغان پېتى يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. مىلتىقىنى ئوڭ قولىدا چىڭ تۇتۇپ ياتاتتى.

ئاسماندىن قاغا ـ قوزغۇنلار چۈشتى، قاناتلىرىنى كېرىشتى. ھەممە تەرەپنى قاغا ـ قوزغۇن قاناتلىرىنىڭ شالدىرلىغان ئاۋازى قاپلىدى. قاغا ـ قوزغۇنلار ئاتنىڭ تاپىغا ئولاشتى. قېرى، ياش قاغىلار يېقىنلىشالمايتتى، يىراقلاردا تۇراتتى، قاغا ـ قوزغۇنلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشلىرىنى كۈتۈشەتتى.

ئات تاپىسىنىڭ ئەتراپىدا توپ ـ توپ قاغا ـ قوزغۇن قاناتلىرىنى قاقاتتى، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە يېپىلىشاتتى، چوقۇشاتتى، توختىماستىن ئۇچۇپ چۈشەتتى. ئات تاپى بىلەن ئادىم تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقان چىنارنىڭ ئارىلىقى، ئاستى، قاپقارا قانات قېقىشىپ يۈرگەن قاغا ـ قوزغۇنلار بىلەن تولۇپ كەتتى.

قاغا ـ قوزغۇنلار نامازدىگەر مەزگىلىدە تارقاشقا باشلىدى. ئاخىرقى بىر قوزغۇن ئات تاپىدىن يۇلۇۋالغۇدەك بىر چىشلەم گۆش تاپالماستىن كېتىپ قالدى، يەردە ئات بېشىنىڭ ئىسكىلىتى، قىسقا قۇيرۇق، ئازراق يالى ۋە بىر دۈۋە ئۇستىخان قالدى.

قاغا ـ قوزغۇنلارنىڭ ئارقىسىدىن بىرقانچە قۇتۇر ئىت كەلدى. ئاتنىڭ ئىسكىلىتىنى ئۇ يەردىن سازلىقنىڭ ئىچىگە، سۆگەت

ئازگىلىغا سۆرەپ كىردى. ئۇ يەردە خاتىرجەم غاجىلاشقا باشلىدى.

ئادىمنىڭ ئۈستىگە كۈن چۈشتى. كۈننىڭ قىزىقىدا ئىسسىپ، چىپ - چىپ تەرگە چىلاشتى، ئويغىنىپ كەتتى. ئويغىنىش بىلەن ھېلىقى تەرەپكە قارىدى. ئۇ يەردە قاغا - قۇزغۇنلار ياكى باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى ... ئاتنىڭ ئۇستىخانلىرى نەگە كەتتى؟ ئۇ يەردە پەقەت ئۇستىخانلار ئورنىدا پەيلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئۈچ - تۆت قېرى قاغا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئادىم خۇشال بولدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «ئاناڭنى ... شۇ تورۇق ئاتنى ئۆلتۈردۈم، ئۇنىڭ گۆشىنى قاغا - قۇزغۇنلار يېدى، ئۇستىخىنىنى ئىتلار ئەكەتتى» دېدى.

ئات تاپى بار يەرگە باردى، ئاتتىن ھېچبىر بەلگە قالماپتۇ. يەردە، ئوتلارنىڭ ئۈستىدە قان داغلىرى، چۇلۋۇر، ھەتتا بەلتاسمىلىرىنىڭ پارچىسىمۇ قالماپتۇ. قاغا - قۇزغۇنلار، ئىتلار ھەممىنى يەپ كېتىپتۇ. ئادىم مۇشۇنداق بولۇشىنى ياخشى بىلەتتى.

يا خۇدايىم، ساڭا مىڭ - مىڭ شۈكۈر، مېنى بۇ بالادىنمۇ قۇتۇلدۇردۇڭ. تورۇق ئاتنى ئۆلتۈرۈشنى ماڭا نېسىپ قىلدىڭ، ساڭا مىڭ شۈكۈر. ئۆيگە بېرىپ سەن ئۈچۈن تاجىلىق خورازدىن بىرنى قۇربانلىق قىلىمەن. ئەمدى شۇ بوز ئاتنى قانداق تاپىمەن؟ تورۇق ئاتنىڭ كاللىسى قېنى؟ بايىنى ئۇ ئاتنى ئۆلتۈرگىنىمگە قانداق ئىشەندۈرىمەن؟

ئادىمنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەنىدى. پاتقاقلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر يار بولۇپ، يارنىڭ تۆۋىدە ياپيۇزلار جىق ئۆسەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇجمە دەرەخلىرىمۇ بار ئىدى، سۇلىرى سوغۇق ئىدى. شۇ يەرگە باردى، بېلىدىكى ئوزۇق تۈگۈچىنى يەشتى. نان يۆگىگەن لاتا ھۆل بولۇپ سۇغا چىلىشىپ كەتكەنىدى. تەر ناننىڭ ئارىسىغىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. نان قۇرۇپ



تاشتەك قېتىپ كەتكەنىدى. ئىچىگە سىڭىپ كىرگەن تەرمۇ ناننى يۇمشىتالماپتۇ.

ئادىم ناننى سۇغا تاشلىدى. قاپقارا بولۇپ كەتكەن ناننى خېلىغىچە سۇغا چىلاپ تۇردى، نان ئازراق يۇمشىدى. ئۇ غاجىلاشقا باشلىدى. غاجىلاپ يۈرۈپ ناننى يەپ بولدى. تۈگۈچتىكى سۇزمىنىمۇ سىقىملاپ ئاغزىغا سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن يولغا چۈشتى. كەچكى سالقىن شامال چىقىۋاتاتتى. غەرب شامىلى كېلەتتى، جەنۇبتا، يىراقلاردا ئاق يەلكەندەك بۇلۇتلار كۆتۈرۈلەتتى. يوللاردا توپا - چاڭلار جەنۇبتىن شىمالغا پۇرقىراپ ئۇچاتتى.

ئۆيىگە بارالمايتتى، بايىغا نېمە دەيتتى؟ بوز ئات دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارغانمىدۇ؟

بىردىنلا قاغا - قۇزغۇنلارغا خاپا بولدى. سېسىق ئۇمشۇكلەر، ئادەمگە ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئاتنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ، ئۇستىخانلىرىنىمۇ يەپ كېتىشىدۇ. ھەي ئىپلاس قۇشلار، قۇشمۇ ئۇستىخان يەمدۇ؟ سىلەر قۇش ئەمەس، ئىتلار سىلەر ... ئىتنىڭ بالىسى كۈچۈك. ھەي ئىتنىڭ بالىسى ئىتلار. ئاچلار، تاپ يەيدىغانلار، سىلەرگە تېخى كۆرسىتىمەن! ... ماڭغانسېرى خاپىلىقى ئېشىپ غەزەپلىنەتتى.

ئاناۋارزا قىيالىقلىرىغا كەلگەندە كۆز باغلانغانىدى. قىيالىقتىكى ئەتراپى قىزىل ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدە تۆت - بەش قاغا - قۇزغۇن قاناتلىرىنى قىسىپ، بويۇنلىرىنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇشاتتى. مىلتىقنى بەتلەپ ئۇلارنىڭ ئاق چوقىسىنى چەنلەپ ئاتتى. چەنلىگەن قۇزغۇن قىيالىقلاردىن پۇلاڭشىپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. ئادىم يەرگە چۈشكەن قۇزغۇننىڭ يېنىغا باردى، تېخى ئۆلمىگەنىدى. قىيالىقلارغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قۇزغۇننىڭ قانىتىنىڭ ئۇچىدىن تۇتتى ۋە سۆرەشكە باشلىدى. پەسكە چۈشتى.

ھېچ نەرسىنى ئويلىمايتتى. ئاچچىقى بارغانچە كېلىۋاتاتتى. خاپىلىقىدىن جان تالىشىۋاتقان قۇزغۇننىڭ بېشىنى دەسسەپ

ئېزىۋەتتى.

يوللىرى ئۇنى تويتوغرا ئەسكەرلىك چاغلىرىدىكى دوستى، ئاناۋارزا يېزىسىدىكى كۆرد سەپەرنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، سەپەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى.

سەپەر ئۇنى كۆردى، باراڭ ئاستىدىكى سۇپىدىن چۈشتى.

— سالامەت كەلدىڭمۇ دوستۇم ئادىم؟ مەن تېخى بىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن. قارىغىنا، بالىلىرىمنىڭ چوڭ بولۇپ كەتكىنىنى!

سەپەر ئادىم قانتى بىلەن سۆرەپ كەلگەن قوزغۇننى كۆرۈپ:

— ئۇ نېمە؟ نېمە ئىش، بىزگە قوزغۇن ئەكەلدىڭمۇ؟ — دېدى.

ئادىم ئۆزى سۆرەپ كەلگەن قوزغۇنغا شۇنداق بىر قاراپلا قولىدىكى قاناتنى قويۇپ بەردى.

— يولدا كېلىۋېتىپ ئاتقانىدىم، بالىلار ئوينىسۇن، دەپ ئېلىۋالدىم.

— قېنى، سۇپىغا كەلگىن، ھېرىپ كەتكەندەك تۇرىسەن.

خوتۇنىغا ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئۆرىقىقا سۇ توشقۇزۇپ ئەكەل، ئادىم يۈز - قولىنى ياخشىلاپ يۇسۇن. قارىغىنا، كىم كەپتۇ؟

ئادىم يۈز - قوللىرىنى ياخشىلاپ يۇدى، ئېرتتى. سۇپىغا چىقتى. سەپەرنىڭ خوتۇنى يالپۇز سېلىپ ئەتكەن شورپا ئەكەلدى. ئادىم نەچچە كۈندىن بېرى ئىسسىق بىر چىنە ئاشقا زارىقىپ كەتكەنىدى. شورپىنى سۈمۈرۈپ ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ياستۇققا يۆلىنىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، تورۇق ئات بىلەن بولغان جەڭنى، قاغا - قوزغۇنلارنى سەپەرگە ئۇزاقىچە سۆزلەپ بەردى.

— سەپەر، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ ماڭا بىر ئەقىل كۆرسەتكىن، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.



سەپەر ئويلىناتتى. ئادىم يەنە بىر سوئال سورىدى:

— سېنىڭچە، ئۆلتۈرگىنىم تورۇق ئاتمىدۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى سەپەر، — ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ. بوز ئات ساق قالغان بولسا تورۇق ئاتتى، تورۇق ئات ساق بولسا بوز ئاتنى ئىزدەيسەن. بىرىگە قاراپ يەنە بىرىنى جەزم قىلالايسەن. ئەلى سايا باينىڭ ئالدىغا مۇشۇنداق قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدۇ. تۇرمۇشۇڭ ۋەيران بولىدۇ. ئەل - ئالەمنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قالىسەن. ئاتنى قاغا - قوزغۇنلار يەپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ئاتنى كۆرەلمىگەنلىكىڭنى ھېچكىمگە، ھەتتا خوتۇنۇڭغىمۇ دېمىگىن. ئەل - جامائەت سېنى مەسخىرە قىلىدۇ.

شۇ كېچىسى ئادىم ياراڭلىقتا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدى. ھەر خىل پىلان تۈزدى. تېخى كۈن چىقماستىن سۇپىدىن چۈشتى. يولغا چىقتى. سەپەرنىڭ خوتۇنى يول ئوزۇقىنى ئاخشاملا تەييارلاپ قويغانىكەن. قولىغا بەرىكەت بەرسۇن، ئۇنى ئېلىۋالدى. بولمىسا، ھازىر ئوزۇقنى ئويلىغۇدەك ھالى يوق ئىدى.

ئادىم جەيھان دەرياسىنى بويلاپ شەرق تەرەپكە ماڭدى. ئاناۋارزانىڭ چېتىدىن ئۆتتى. باشقا تەرەپكە بۇرۇلدى. قۇلىقىغا تاقا ئاۋازىدەك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، تورۇق ئات بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئات دەل قىيانىڭ چوققىسىغا چىقىپ قۇيرۇقىنى ئاستا شىپاڭلىتاتتى. ئادىم نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. تىزلىرى يۆكۈلۈپ، ئۆزى تۇگۈلۈپ يىقىلدى.

ئات بىر ئازدىن كېيىن مىدىرلىدى، قىيادىن تۆۋەنگە قورقماستىن سىيرىلىپ چۈشتى. ئۆز ئەتراپىدا بىرنەچچە ئايلانغاندىن كېيىن قىسقا يالنى سىلكىتىپ چېپىپ كەتتى.

— مەن نەدىن بىلەي، نېمىنى بىلەي، — دەيتتى. ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. ئوڭ قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، — مەن نېمىنى بىلىمەن، يارەببىم، مەن نېمىنىمۇ بىلەتتىم ... — دەيتتى.

## 24

دېھقانلاردا كۆز بىلەن كۆرگۈدەك دەرىجىدە بىر خىل ئۆزگىرىش بار ئىدى. ھەممە ئادەم جانلانغان. ئۆيدىن - ئۆيگە كىرىپ چىقاتتى، كۈلۈشەتتى.

ئوسمان چوڭدىن ئاغرىنغانلار: «كور بولۇپ كەتكۈر ئوسمان چولاق، قىزغانچۇقلۇق قىلىپ ئۇنى بىزگە كۆرسەتمىدى. كۆزى كور بولغۇر، ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىنى بىزمۇ ئازراق كۆرگەن بولساق نېمە بولاتتى. ئۆزىلا كۆرمەكچى. ۋاي ھەسەتخور قېرى» دېيىشەتتى.

— باشقىلار كۆرسە يەپ كېتەتتىمۇ؟

— ئادەم قېرىغانچە ئىچى تار بولۇپ كېتىدۇ ...

— ئۈچ كۈن غاڭزىسىنى قېقىپ - قېقىپ قويۇپ، يېزىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈشلىرىچۇ تېخى، ئۆزىنى سۇلايمان پادىشاھدەك ھېسابلايتتى. شۇنچىلىك چوڭچى.

— جاھىل قېرى ... شوڭقارنى ئۇۋىسىدىن قاچۇرۇپ قويۇپ يېتىپ قالدى.

— يېتىپ قېلىۋەرسۇن!

— يېتىپ ئۆلسۇن.

— ۋاي ئۆلگۈر قېرى، دېھقانلاردىن ئازراقى بولسىمۇ ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىنى كۆرسە نېمە بولاتتى؟

— دېھقانلاردىن قىزغىنىدىغان نېمىسى بار؟

— ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا قوپالماي قالار.

— ئۇ قانداق بىر ئادەم بولغىيدى؟

— ئۆزى قانداق چىرايلىق بولغىيدى؟

— ئۇرۇشقا كىرگەندە، مىلتىقى يىگىرمە غۇلاچ ئۆزىراپ كەتكۈدەك دېيىشىدۇ.



— ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن، دېيىشىدۇ.

— ئاسىم چاۋۇش ئۇنى بىر كېچىدە ئۇخلاۋاتقان يېرىدە تۇتۇۋاپتۇ، دېيىشىدۇ.

— ئۇ شۇنداق بىر خىل ئۇخلايدىكەن ...

— بىچارىنىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق ئىكەن.

— خۇددى بۇۋاقلاردەك.

— ئاسىم چاۋۇش بىر گۇرۇپپا ئەسكىرىگە شۇنداق بۇيرۇق قىپتۇ: ئوقلارنى ئۇنىڭ قارنىغا ئېتىڭلار!

— ئېتىشىپتۇ.

— شۇنداق بىر قارىسا ...

— نېمىنى كۆرۈپتۇ دەڭلار!

— ئوقلار ئۇنىڭغا ئۆتمىگۈدەك.

— ئوق ئۆتمەيدۇ!

— ئوق ئۆتەلمەيدۇ!

— ئۆتمەيدۇ ...

— ئۆلگۈر قىزغانچۇق ئوسمان قېرى، ئاغىمىزنى بىزگە كۆرسەتمەستىن ...

— جېنىمىزنى ...

— بالىمىزنى ...

— شوڭقارىمىزنى ...

— گۈلىمىزنى ...

دېھقانلار يەنىلا شاد - خۇرام ئىدى. ئوسمان چوڭدىن رەنجىيتتى، خاپا بولاتتى، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ ئۆز يېزىلىرىغا كەلگىنىنىڭ ئۆزىمۇ يېتەتتى. بىراق، خەۋەر تېپىپ ئاز - تولا بولسىمۇ دىدارىنى كۆرۈۋالغان بولساق نېمىسى بولۇپ كېتەر ئىدى؟

كۆڭۈللىرىگە بىر خىل ئىشەنچ ئورنىتىلغانىدى. ئەلى ساپانىڭ قورقۇنچىسى تۆت - بەش كۈن ئىچىدىلا تۈگەپ كەتكەنىدى. شۇنداق بىر ئادەم بارمىدى، يوقمىدى، ئۇنتۇيلا

كېتىشتى. يېزىنىڭ ھەربىر يېرىنى، ئىچ - ئىچىنى بىر خىل تۇي. بايرام ھاۋاسى قاپلاپ تۇراتتى. ئۇلارغا جان كىرگۈزەتتى.

— ئوسمان ئاغا، ئۇنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن بىزگە خەۋەر قىلمىدىڭ؟

— قورقتۇم، بالىلىرىم، قورقتۇم.

— بىز ئۇنىڭغا نېمە قىلالاتتۇق؟ ئۇنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ساقلايتتۇق.

— دېھقانلار سەندىن خاپا. قارىغىنا، ئۇ كەتكەندىن كېيىنمۇ دېھقانلار جانلىنىپ كېتىشتى. كېتىپ كەلمەي قويغان ھالەتتىمۇ ...

— ھېچكىمگە دېيەلمەيتتىم، بىرەر ئاغا ياكى ھۆكۈمەت تۇيۇپ قالسا ... يېزىنى قورشايتتى. شۇڭقارىمنى ئۆلتۈرەتتى. ئادەملىرىمىز جاسارەت كۆرسىتەلمەيتتى.

— بىز ئۇنى پادىشاھلارغا، باشلىقلارغا تۇتۇپ بەرمەيتتۇق. جېنىمىزنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنى قولىمىزدىن ھېچكىم ئالالمايتتى.

— مەن نەدىن بىلەتتىم، نېمىنى بىلەتتىم، بىر قۇش كەلدى، چاتقاللىققا مۆكۈندى.

— ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدۇغۇ ...

— پۈتۈن بىر ئارمىيەگە قارشى تۇرالايدۇ.

— ياش ئوسمان ئۇ.

— نەدىن بىلەي، بالىلىرىم، مەن نەدىتىمۇ بىلەتتىم!

— شۇمۇ ئىشمۇ؟ بىزگە ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىمۇ كۆرسەتمىدىڭ.

— ئۆزى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر ئارمىيەگە تەڭ ژاندارما بار ئىدى. ئايلاپ ئاچ قالغان، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان. شۇڭلاشقا، «ئوسمان ئاغا، مېنى مۇشۇ ھالەتتە دېھقانلارغا كۆرسەتمە!» دېدى.

— بىز ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزەتتۇق، ماي، ھەسەل بىلەن



ياقاتتۇق.

خېلى ئۇزاق زامانغىچە دېھقانلار ئۇنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىست دەپلا قېلىشتى. ئوسمان چوڭنى قارغاشتى. ئۇنى سوراققا تارتىشتى. ئۇنى نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن كۆرەلمىدى؟ مۇنداق ياخشى پۇرسەت يەنە كېلەرمۇ؟ يېقىن ئەتراپتىكى يېزىدىكىلەرمۇ ئوسمان چوڭدىن رەنجىشتى، خاپا بولۇشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ۋايىۋاي يېزىسىدا ۋە باشقا يېزىدا كۆرگۈچىلەر چىقىپ قالدى. ئۇنى قانداق كۆرگەنلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەشكە باشلاشتى. ئوسمان چوڭنىڭ ئاغرىق ياتقانلىقىنى خىياللىرىدىن چىقىرىپ قويۇشتى. ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزىچە بىر خىل ھېكايە توقۇپ چىقىراتتى.

ئالدى بىلەن ئۇنى ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلگەن ۋەلى توقۇشقا باشلىدى:

— ھېرىپ كېتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدىم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى، — چۈش كۆرۈۋاتاتتىم. كارامەت بىر سۇ ئاقاتتى. سۇ ئەمەس، ئاپپاق يورۇقلۇق، كۈن نۇرى ئاقاتتى. سۇنىڭ ئىچىدىن بويى ئېگىز، چەپرەسلەنگەن ئوقلارنى ئېسىۋالغان، ياپيېشىل پارىلداپ تۇرىدىغان مىلتىقلىق بىر ئادەم چىقىۋاتاتتى. قولىقىمغا: ئوسمان ئاغا، ئوسمان ئاغا! دېگەن ئاۋاز كىردى. ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ، دەپ ئويغاندىم. قارىسام، ئىشىكتە بىرى تۇرۇپتۇ. ئىشىكنى ئاچتىم. بىر ئادەم، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئىكەن. ئۇستىبېشى پۈتۈنلەي ئوقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، يىڭنە سانچىغۇدەك يەر تاپالمايسەن. كارامەت ياسانغان. دۈربۈنى ئالتۇن، پار - پار پارقىراپ تۇرىدۇ. تاپانچىسىنىڭ، خەنجىرىنىڭ سېپىمۇ ئالتۇن، ھەممە يېرى ئالتۇن. ئۇنى ئىچىگە تەكلىپ قىلدىم. كىردى، چىراغ ياقتىم ... ئولتۇردى، تامغا يۆلەندى. شۇنداق سۈرلۈككى، ئۇزاقراق قارىيالمايسەن. سېنى قورقۇنچ

باسىدۇ. كۆزلىرى چاقماقتەك، ۋەھشىي بۆرىلەرنىڭ كۆزىدەك. ناماز ئوقۇدى. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا قوللىرى بىلەكلىرىگىچە ياپىپشىل بولۇپ كەتتى. تاماق ئەكەلدىم، تاماقنى يېدى. گەپ ـ سۆز قىلمايتتى، خىيال سۈرەتتى. ئېتىڭنى دەپ بەرگىن، دېدىم، ئۈچ قېتىم دېدىم، پەرۋا قىلمىدى. ئاڭلىمىغانغا سالدى. كېيىن ئورنىدىن تۇردى. بېشى شىپتىكى قومۇشلارغا تېگەتتى. بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئىككى پۈكۈلۈنۈپ چىقتى. بىزنىڭ ئىشىكتىن سەيپەلى دارازا چىققاندىمۇ تىك مېڭىپ چىقاتتى. بېشىنىڭ ئۈستىدە يەنە ئىككى غېرىچچە بوشلۇق قالاتتى. دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. « سېنى ئوسمان ئاغامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياي » دېدىم. « ئۇنىڭ ئۆيىنى ماڭا كۆرسىتىپ قوي » دېدى ۋە يەنە بەزى گەپلەرنى قىلدى: « بۇ يېزا زۇلۇم ئاستىدا ئازاب چېكىدىكەن. ئىنسانلارنىڭ شۇنچىلىك ئازابلىنىشى توغرا ئەمەس. » مەن ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. شۇ كۈنى يامغۇر چۈشۈۋاتاتتى. ھەيران قالدىم. ئىشىك ئالدىدا ساقلىدىم. ئوسمان چوڭنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا يوغان بىر مايقوڭغۇزى ۋالىلداپ ئۇچقۇن چىقاردى ـ دە، ئۆچۈپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئوسمان چوڭنىڭ ئىشىكىدە ھېلىقى يورۇقلۇق يېنىپلا تۇردى ...

ۋەلى ھەر كۈنى يېڭى ۋە ياخشى بىر ھېكايىنى قوشۇمچە قىلاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى سەلۋەر خوتۇن كۆرگەنىدى. باشقا يېزىدىن موللا مۇستاپا، ئاناۋارزا يېزىسىدىن جاپپار، ھاجىلار يېزىسىدىن ئەخمەت قارىغۇ، تارلى قىشلاقتىن جەمشىت كۆرد، ۋايۋاي يېزىسىدىن زەينەل تۆمۈركۆرد، ئوكسۈزلۈ يېزىسىدىن مۇتەللىپ كۆرگەنىدى. ئۇنى شۇ يەردە، ئوسمان چوڭنىڭ ئېغىلىدا، ئاتلىقلار يېزىغا ياستۇرۇپ كىرگەندە، كەرىم كۆردىنىڭ ھويلىسىدا، يېزىغا ياستۇرۇپ كىرگەنلەرگە ئوق چىقىرىۋاتقان چاۋۇشنى ئېتىۋاتقان، كالىدەك ھۆركىرىتىۋاتقان ھالەتتە كۆرگەنلەر كۆپ چىقتى.



ئۇنىڭدىن باشقا، قاراڭغۇ كېچىدە ئاقچەسازنىڭ بويلىرىنى، ئاناۋارزا قەلئەسىنى ئايلىنىپ يۈرگىنىدە كۆرگەنلەرمۇ كۆپ ئىدى: بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ خىيال سۈرەتتى. يېنىدا، ئەتراپىدا يۈزلەپ قارا قۇش ئۇچۇشاتتى. قارا قۇشلار كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا، تىزلىرىغا قونۇشاتتى. چوڭ قۇشلارنى قوزىلارنى سىلىغاندەك دۈمبىلىرىنى سىلاپ قوياتتى ...

بىر قېتىم ئۇنى ئېگىز، كارامەت يوغان بىر بوز ئاتنىڭ ئۈستىدە كۆرۈشكەن. ئات شۇنچىلىك تېز چاپاتتىكى، پۇتلىرى يەرگە تەگمەيتتى. يالى يۇلتۇزلاردەك.

ئىش شۇ دەرىجىگە يېتىپ باردىكى، ۋايۋايدا ۋە باشقا يېزىلاردا مەمەتنى كۆرمىگەنلەر بەك ئاز قالغانىدى.

سارىچامغا پاناھ ئىزدەپ كەتكەن ۋايۋايلىق دېھقانلارمۇ ئۇنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ۋاي ئىسىت» دېيىشىپ كەتتى. يېزىدا بولغان بولساق ئۇنىڭ گۈلدەك يۈزىنى، مۇبارەك چىرايىنى كۆرگەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى؟ نېمىدەپ ئوسمان چوڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندىمىز؟ نېمىدەپ يېزىمىزغا قايتمىغاندىمىز؟ يوبان ئوغلىمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئەخمەقلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلاتتى. كېلىپ ئوسمان چوڭدىن ئەپۇ سورىدى: «شۇ چاغدا قايتمىغىنىم ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. مەن نەدىن بىلەي، سەنمۇ دەپ قويمىدىڭ ...»

ئۇنى يېزىدىكى ھەممە بالا كۆرگەن بولۇپ چىقتى. ئۆزئارا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇ ھەقتە سۆزلىشەتتى. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قىلاتتى، ئويۇنلىرىنى ئوينايتتى. ئۇلارمۇ چوڭلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايتتى، ئۇنى دوراپ ئوينىغان ئويۇنلىرىدا ئۇنىڭغا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئىسىم قويۇشاتتى. ئويۇنلاردا ئۇنىڭدىن ئاغىملار. ژاندارمىلار بەك قورقۇشاتتى، دىر ـ دىر تىترىشەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرالماستىن يەرگە يىقىلىشاتتى. يالۋۇرۇشاتتى. پۇتلىرىنى

سۈيۈشەتتى. تولغىنىپ، يۇرۇتلىرىنى تارتىپ، چىرقىراپ يەردە ئۈمىلىشەتتى.

يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ ھەققىدە ھەر كۈنى بىر خىل ناخشا چىقىشقا باشلىدى. مۇڭلۇق مەرسىيەلەر، ھەيۋەتلىك داستانلار، كۈلكىلىك قوشاقلار، لەپەرلەر ... بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر ناخشىلىق ئويۇن ئىجاد قىلىشتى.

دېھقانلارنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن بۇ ھۆرمەتلىرى ئوسمان چوڭنى چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى، ئۇنى جانلاندۇرۇۋەتتى. ئوسمان چوڭدىن ياشقىسى مۇشۇنداق قاتتىق ئاغرىغان بولسا، ئۇڭايلىقچە ئورنىدىن تۇرالمايتتى. ئۇ شۇنچىلىك ئەلەم بىلەن يېتىپ قالغانىدى.

دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقى، شادلىقى ئۇزاققا بارمىدى. ئۈچ ئاخشامدىن بېرى يېزىنى ئوققا تۇتۇشۇۋاتاتتى. لېكىن دېھقانلار پەرۋا قىلمايتتى. قورقمايتتى، نېمە ئىش دەيمۇ قويمايتتى. مەيلى ئوققا تۇتۇشۇۋەرسۇن، خالىغانچە، ئاتالىغىنىچە ئېتىشسۇن. كېلىدىغان بولسا كۆرگۈلۈكى بار. ماغدۇرسىز پۇتلىرى بىلەن ئارانلا ئۆرە تۇرۇۋاتقان ئوسمان چوڭ كېچىلەردە ئاتلىقلار يېزىنى ئوققا تۇتۇۋاتقان چاغدا تاشقىرىغا چىقاتتى.

— كېلىڭلار، ئىتلار! كېلىڭلار، ئېتىڭلار، ئىتلار، ئېتىڭلار! كېلىدىغان بولساڭلار، كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرسىلەر! — دەپ بار كۈچى بىلەن ۋارقىراپ ئاپاتچىسىدىكى ھەممە ئوقنى يەردىنلا ئاتاتتى.

كېچىلەردە يېزىغا باستۇرۇپ كىرىشلەرنى دېھقانلار ئادەتتىكى ئويۇن، ئەلى سايا بايىنىڭ ھەر كېچىدە يېڭىلاپ تۇرىدىغان بىر خىل ئويۇنى دەپ ھېساپلاشقا باشلىغانىدى.

بىر كۈنى ئۇلار ئەتىگەن ئويغىنىپ، بولغان ۋەقەنى بىلىپ ھەممىسى ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. كۆزلىرىگە، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قېلىشتى. يېزىدىكى ھەممە ئاتنى شۇ كېچىسى



ئەكېتىپتۇ، بىرنىمۇ قويۇشماپتۇ. ھەممە نەرسىنى ئەقىللىرىگە كەلتۈرەلىسىمۇ، بۇ ئىشنى ھەرگىز كەلتۈرمىگەن بولاتتى. خوپ، ئەمدى بۇ دېھقانلار ئاتسىز قانداق قىلىدۇ؟

خۇشاللىقلىرى، سۆيۈنۈشلىرى ئىچىلىرىدە قالدى. ئەمدى نېمە قىلىشاتتى؟ شۇ كۈنى كەچقۇرۇنغىچە ھېچ نەرسە قىلماستىن، ھېچ نەرسە دېيىشمەستىن يېزىدا ئايلىنىپ يۈرۈشتى. ھېچكىمنىڭ ئاغزىنى ئامبۇر بىلەن تارتىپمۇ ئاچقۇزغىلى بولمايتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە دەھشەتلىك بىر خەۋەر يېزىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە تارالدى. كېچىدە ئوغرىلار كېلىپ قىرىق ئاتلارنى ئەپقاچقان ۋە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، چىككىچەكلار جىلغىسىغا ئاپىرىپ تاشلىغان. دېھقانلار يىراقتىن قاراشتى. تۈپىراقتۇپە دېگەن جايدا قاغا ـ قۇزغۇنلار ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇ يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىشتى. قارىغۇدەك بولسا، راست دېگەندەك بىر توپ ئاتنىڭ تاپلىرى ياتمۇيان يېتىشقان.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ئىككى كىشى ئۇيىنى يىغىشتۇرۇپ سارىچام نەدە سەن دەپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىرمۇنچە كىشى كەتمەكچى ئىدى، پەرھات موللام توسۇپ قالدى:

— زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق كاپىرلىق، بالىلىرىنىڭ رىزقىنى، ئانا يۇرتىنى قوغدىماسلىق، ئۇنى تاشلاپ مۇساپىر يۇرتلاردا ياشاش كاپىرلىق! زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق زالىم بىلەن ئۇرتاقلاشماق دېگەن سۆز. قورقماق، قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش كاپىرلىقتۇر.

ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە يېزىنىڭ بېرىمى بوشاپ قالاتتى.

— خۇدايىم بىزگە بىر ئىنگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. قاراڭلار، ئۇ بىزنىغا قانداق كەلگەنىدى؟ ئۇنى تۇتۇپ قالالمىدۇق، شۇڭقارنى قولىمىزدىن ئۇچۇردۇق. ئۇ مۇشۇ يەردە بولغان بولسىدى، بۇ ئىشلار بېشىمىزغا كېلەمتى؟

زەيتەل پەرھات موللامنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى ھەمدە:

— بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى، بېشىمىزغا يەنە نېمە كۈنلەر كېلىدۇ، يەنە نېمىلەر، نېمىلەر! قورقۇش كاپىرلىقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ پەرھات موللام، قورقمىغىن، بىز كۆرۈپ باقايلى، — دەپ سۆزىنى رەت قىلاتتى.

پەرھات موللام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيتتى. پەقەتلا:

— ئاللا يوقسۇللىرىنى يالغۇز قويمايدۇ، — دەيتتى. ئۇ، — ئاللا زۇلۇمغا قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن ھەر دائىم بىللە بولۇپ كەلگەن. بولمىسا يەر يۈزىدە زۇلۇم مۇشۇنچىلىك ئازايغان بولارمىدى؟

سەيپۇللىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى، ئۇزاق ۋاقىت تالاش ـ تارتىش قىلغاندىن كېيىن ئاتلارنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ياغمۇر ئاغىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى قارار قىلىشتى. بىر يېزىنىڭ جىمى ئاتنى پەقەت ياغمۇر ئاغىنىڭلا ئوغرىلىتالايدىغانلىقىنى ھەممە بىلەتتى. پەرھات موللام، سەيپەلى، سەيچە كەھيا يولغا چىقتى، تۈپتوغرا ياغمۇر ئاغىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىشتى. ياغمۇر ئاغا سەيچە كەھيانىڭ يېقىن تونۇشى ئىدى. ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىنغاندا ھەر ئىككىسى تورۇستا قاچاق ئەسكەر بولۇپ تۈپتوغرا ئۈچ يىل ئايلىنىپ يۈرگەنىدى. ياغمۇر ئۇ زامانلاردا ياش يىگىت ئىدى.

سەيچە كەھيا ئاتتىن چۈشەر ـ چۈشمەيلا:

— ھەي ياغمۇر، بۇ قىلغانلىرىڭ ئەيىب ئەمەسمۇ؟ پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلاتساڭ ئوغرىلات، بىراق بىزدىن تېپىشنى تەلەپ قىلىسەن؟ ھەي ئوغلۇم، ئىت ـ ئېشەككە ماسلىشىپ ئاتلىرىمىزنى نېمە ئۈچۈن ئوغرىلاتتىڭ؟

مېھمانخانىنىڭ پەلەمپىيىدە ئۇلارنى قارشى ئالغان ياغمۇر سەيچە كەھيانىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كىم ئوغرىلاپتۇ، سىلىنىڭ ئېتىڭنى كىم ئوغرىلاپتۇ؟ ئېتىڭ ئوغرىلانغان بولسا ئالتىڭدىكى ئات كىمنىڭ؟ — دېدى.

— ھەي ئىت، — دەپ ۋارقىرىدى سەيچە كەھيا، — بۇ



ئاتلارنى سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىش ئۈچۈن نارلى قىشلاقتىكى مەمىدىك ئاغىدىن ئېلىپ تۇردۇق. ئۇقتۇڭمۇ؟ يېزىدا بىرمۇ ئات قويماستىن، قارىغۇ، چولاق، يېغىر، ئاغرىق ھەممىسىنى ئوغرىلاتقۇزۇپسەن، قېرى ئاتلارنى ئۆلتۈرگۈزۈپسەن، ھەي غالجىر ...

— كېلىڭلار، يۇقىرىغا چىقىپ گەپلىشەيلى.

كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇرۇشتى، قەھۋە ئىچىپ، تاماق يېيىشتى. ياغمۇر ئاغا ئۇلارنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلدى. لېكىن، ئاتلارنى بەرمىدى. يالۋۇرۇشتى، قورقۇتۇشتى، خاپا بولۇشتى، تىللاشتى، ئاتلارنى ئالالمىدى.

— يوسۇپنى قۇدۇقتىن چىقارغان خۇدا بىر كۈنى كېلىپ بىزگە قارىمايدۇ دەمسەن؟ — دەپ ياغمۇر ئاغىدىن سورىدى پەرھات موللام، — ئاللا بىزگىمۇ بىر ئىگە ئەۋەتمەسمۇ، ياغمۇر ئاغا؟

سەيچە كەھيا ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى:

— ئاللا بىزگە ئىگىنى ئەۋەتكەنىدى، بىراق كۆزىمىز كور بولۇپ قېلىپ ئۇنى تونالماي قالدۇق. ئۇنداق بولمىغان بولسا ئوغرىلىرىڭ يېزىنىڭ يېنىدىن ئۆتەلەيتتىمۇ؟

ياغمۇر ئاغا كۈلەتتى، ئۇلارنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇزاتتى، ئۇلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ يېزىغا قايتىشتى.

## 25

ئەلى ساپا باي پەنجىرىدىن تاشقىرىغا قارىدى، ئېرىقىدا، ھويلىنىڭ سىرتىدا ئۈچ ئاتلىق غوۋۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بەك ئېگىز بولۇپ، ئاتنىڭ ئۈستىدە تىك ئولتۇراتتى. باشقىلاردىن بىر ئات بويى ئالدىدا تۇراتتى. ئاتلىقلار خېلىدىن بېرى ئۇ يەردە تۇرۇشاتتى. گەپ ـ سۆز قىلىشمايتتى. پەنجىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئەلى ساپامۇ ئويغا چۆمگەنىدى.

ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغان مالاي:
— ئىدرىس بەگكە نېمە دەيمەن؟ خېلىدىن بېرى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرىدۇ؟ — دېدى.
ئەلى ساپا ئويلاۋاتاتتى. ئىدرىس بەگ بىلەن كۆرۈشەيمۇ، كۆرۈشمەيمۇ؟ ئىدرىس بەگ قاتتىق تۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بىر ئاي ئىچىدە بۇ يەرگە ئالتىنچى قېتىم كېلىشى بولۇپ، ھەر قېتىم كەلگەندە ئۆيدە يوق دەپ يولغا سالدۇرغانىدى. ھازىر ئويلاپ قالدى. ئارىپ سايىم بەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىشقا ياراپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ مانا شۇنى ئويلايتتى. ئارىپ سايىم بەگنى بىلىپ بولمايتتى، ئۇ قاتتىق مىجەزلىك ئىدى، بەلكى ئىدرىس بەگنى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلتۈرۈپ سۆزلەشتى، دەپ خاپا بولۇشى ھەم مۇمكىن.
كۈن قايرىلغان، ھېلىلا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئاستا ـ ئاستا تۈزلەڭلىكنى باسماقتا ئىدى. ئىدرىس بەگنىڭ سىلتىقىنىڭ، خەنجىرىنىڭ، ئوقدانلىرىنىڭ، تىزگىنىنىڭ كۈمۈشلىرىگە ئاخىرقى نۇرلار چۈشمەكتە.
— ئىدرىس بەگ نېمە دېدى؟ — دەپ مالايدىن يەنە سورىدى.
— ساپا باي بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، دېدى، بەك مۇھىم بىر ئىش بارمىش، شۇنداق دېدى.
ئەلى ساپا باي تېخىمۇ بەكرەك ئويلاندى، يەنە سىرتتىكى ئاتلىق، قوراللىق ئۈچ چېركەسكە قارىدى. ئىدرىس بەگ كۈن يورۇقى ئىچىدە تۇراتتى.
كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرى ئاستا ـ ئاستا ئۆچمەكتە ئىدى.
— ئىدرىس بەگنى چاقىرىپ كىر! — دەپ بۇيرۇق قىلدى، — ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويمىغىن.
ئۈچ ئادەم ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئىدرىس بەگ ئالدىدا، ھەمراھلىرى ئارقىدا پەلەمپەيدىن ئاستا چىقىشتى. ئەلى ساپا باي ئۇلارنى پەلەمپەينىڭ بېشىدا ساقلاپ تۇراتتى.
— خۇش كەپسىز، ئوبدان كەپسىز، قېرىندىشىم ئىدرىس بەگ، —



دەپ قارشى ئالدى ۋە قۇچاقلاشتى.
ئارقىسىدىن كەلگەنلەر ئىدرىس بەگنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئۇلارغىمۇ بېشىنى ئېگىپ سالام بەردى.
ئىدرىس بەگ ئالدىدا، ئەلى ساپا باي ئارقىدا ئۆيگە كىرىشتى. ئەلى ساپا باي ئادەملىرىنى ئۆيگە چاقىرمىدى. چېركەسلەرنىڭ ئادەتلىرىنى ئازراق بىلەتتى. قوراللىق ئادەملەر ئۆز بەگلىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرالمايتتى، ئىشىكتە تۇرۇپ ساقلايتتى.
ئىدرىس بەگ ساپ، مەرد، ياللارچە مىجەزى بىلەن:
— ساپا باي، قېشىڭىزغا كۆپ كەلدىم، بەلكى ئون قېتىم كەلگەندىمەن. بىراق، بىر قېتىممۇ سىزنى تاپالمىدىم، يىراقلاردىن. بولۇپمۇ يوشۇرۇنچە سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىش مەن ئۈچۈن قانچىلىك تەسلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇ يۇزدە يۈز ئۆلۈمگە مېڭىش دېگەنلىك، ئۆلۈمنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ يەرگە كەلدىم.
— ئولتۇرۇڭ، قېنى ئولتۇرۇڭ، كېيىن سۆزلىشىمىز. جېنىم دوستۇم، ئالدى بىلەن ئولتۇرۇڭ، قەھۋە ئىچىڭ. سىز ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز. چۇقۇر ئوۋادا كۆپكۆندۈزدە ئايلىنىپ يۈرۈپسىز، بۇ ياخشى ئەمەس.
ئىدرىس بەگ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:
— كېچىدە يۈرىدەك چۇقۇر ئوۋاغا چۈشۈش غورۇرۇمغا تېگىدۇ. بىر ئاي ئاۋۋال ژاندارمىلار بىلەن بوزقۇيۇننىڭ ئاستىدىكى جىلغىدا تۇتۇشۇپ قالدۇق. تۆت سائەت سوقۇشتۇق، تەلىيىمىزگە قاراڭغۇ چۈشۈپ قېلىپ قۇتۇلدۇق. ئۇ يەردىن سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلسەك يەنىلا سىز يوق، كۈرد ئەلى ئاغىنىڭ قېشىغا باردۇق، ئۇ يەردە بىر ھەپتە تۇردۇق. ئەلى ئاغا بىزنى ئوبدان ساقلىدى.
— بۇنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ توختايدىغاندۇ، دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئەلى ساپا باي ئېچىنغان ئاۋازدا.
ئىدرىس بەگ ھەممە نەرسىگە تەييار بىر خىل ئاھاڭدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاخىرى مەلۇم، ئاخىرى شۇنچىلىك ئىنتىقكى، مەن ئۈچۈن... ئارىپ سايىم بەگ ئۈچۈنمۇ ئاخىرى مەلۇم بولۇشى كېرەك. سىزگە بۇنى دەپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى.

* * *

ئارىپ سايىم بەگ غالجىرلىشىپ سارالڭ بولاي دېگەنىدى. بۇ نېمە ئىش، نېمە دېگەنلىك ـ ھە. بىر چېركەس ھارامزادىسى كېلىپ چوقۇر ئوۋادا ئالدىغا چىقسۇن، تېخى ئوتتۇز ياشقا كىرمىگەن، تىل بىلمەيدىغان بىر چېركەس ھارىمى ...

— خەپ چېركەس ئوغلى، ساڭا كۆرسىتىمەن تېخى، — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋار ـ ۋار ۋارقىرايتتى، — ھەي، سېنى ئارقاڭغا، كاپكازغا، بولشېۋىكلەرنىڭ ئىچىگە قوغلىۋېتىمىسەم، مېنى ئارىپ سايىم بەگ دەپ ئاتىمىسۇن.

پاشائىمۇ قاتتىق خاپا ئىدى. « ۋاي پاشا، بۇ قانداقلارچە كۆز قاراش، ئادەممۇ ئۆزىنى ۋەتەنگە، مىللەتكە شۇنچىلىك بەخشەندە قىلىۋېتەمدۇ؟ ئادەممۇ شۇنچىلىك ئىدىيىلىست بولامدۇ؟ بىز قېنىمىزنى ئاچ قىلىش ئۈچۈن، سۇسىز ياشاش ئۈچۈن، شۇنداق بىر چېركەس ئوغلىغا ئويۇنچۇق بولۇش ئۈچۈن ئاققۇزدۇقمۇ؟ جېنىمىزنى ئالقىنىمىزغا ئېلىپ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەتەننى قۇتۇلدۇردۇقمۇ؟ قانۇن ـ تۈزۈم ... چۈشەندۇق، ياخشى، بەك گۈزەل بالىلىرىمىز ئاچ قالغۇسى، بىز تىلەمچىلىك قىلىمىز، پاشام. تىلەپ يەيمىز. ھەي چېركەس ئوغلى ! ساڭا بىر قەھرىمانى بوزەك قىلدۇرۇپ بەرمەيمەن. پاشامۇ خالىسا كاللىنى ئېلىۋەتسۇن، پاشامۇ بىزنى، قارا كۆزلىرىمىزنى دەپ ئۆز يېنىدا تۇتۇپ تۇرغان بولسا، بىزنى قويۇۋەتسۇن، بىزگە ئېھتىياجلىق بولمىسا بوشىتىۋەتسۇن، مۇرىلىرىمىزدىن چۈشسۇن، بىزمۇ بېشىمىزنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى.

ئاقمازار دېھقانلىرىدىن قارشى چىققانلىرىنى بىردىن



چاقىرتتى. بىر چەتكە بىر ئاز پۇل قويالتتى، بىر چەتكە بىر باغلام قىزغۇچ تاياقنى قويالتتى. « قېنى تاللىۋالغىن ئىدرىس بەگنىڭ قولى، يا پۇلنى، يا تاياقنى تاللا » دەيتتى.

بەزىلەر پۇلنى، بەزىلەر تاياقنى تاللايتتى. تاياقنى تاللىغۇچىلار ئۆلگۈدەك قاتتىق تاياق يەيتتى، تىل ئىشىتەتتى. تاياق يېگۈچىلەرنى يېرىم جان، بىر ياۋىداق ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئاقمازار يېزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويالتتى.

دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مېھمانخانىسى ئالدىدا كەڭ قارا چاتقاللىق بار ئىدى. ئارىپ سايىم بەگ ئاخىر تىل بىلمەيدىغان چېركەسلەرنى يالىڭاچلاپ، قامچا تۇتقان بەش كىشىگە ھەيدىتىپ، قارا چاتقاللىققا كىرگۈزۈشكە باشلىدى. بىر تەرەپتىن چېركەسلەرنىڭ دۈمبىسىدە قامچا ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىكەنلەر دېھقانلارنىڭ يالىڭاچ بەدەنلىرىنى تىتىۋېتەتتى. بەدەنلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغۇچە، « يەر خىتىمۇ، يەرمۇ سېنىڭ بولسۇن بەگ » دېگۈچە ئازابلايتتى.

مۇشۇنداق قىلىپ ئارىپ سايىم بەگ ناھايىتى كۆپ يەرگە ئىگە بولدى. ئىدرىس بەگنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قارشى تۇرغانلارنىڭ يېرى ئۆزلىرىگە قالدى. ئارىپ سايىم بەگنىڭ يەرلىرى ئاقمازارنىڭ جاھىل دېھقانلىرىنىڭ يەرلىرىنى يۇتۇنلەي قورشاپ بولدى. ئىدرىس بەگنىڭ، ئۇنىڭغا قوشۇلغانلارنىڭ ئېتىزلىرى، ئارىپ سايىم بەگنىڭ يەرلىرى ئارىسىدا بىر ئارالغا ئوخشاپ قالدى ... ھازىر ئىدرىس يەرلىرىنى بەرمىسۇن قېنى ... بەرمىگىنىنى كۆرۈپ باقايلى !

— بولسا بۇ ئىتلار يەرلىرىنى بەرمىسۇن، — دەپ ۋارقىرايتتى ئارىپ سايىم بەگ، — قېنى، ئېتىزلىرىنى قانداق ھەيدەيدىكىن، ھەيدەپ باقسۇن، تېرىپمۇ باقسۇن، كۆرۈپ باقايلى !

قارا « فورد » ماركىلىق پىكاپ يەنە كەلدى. ئاقمازاردىكى ئىدرىس بەگنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. چاڭ ـ توپىدىن بۇلغانغان، چاقلىرىغىچە توپىغا كۆمۈلگەنىدى. توپا ـ تۇماندا

قالغان چىراغلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

دېھقانلار ۋە ئىدرىس بەگ ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. ئارىپ سايىم بەگ يەنە بۇرۇنقىدەك چوڭچى ئىدى. گەپ قىلمىدى، ئايرىلىش ۋاقتىدا:

— ئىدرىس بەگ، — دېدى تەكەببۇرلۇق بىلەن، — سىزنىڭ ۋە بىر قىسىم دوستلىرىڭىزنىڭ يەرلىرى مېنىڭ يەرلىرىمنىڭ ئىچىدە قالدى. يەرلىرىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان بۇ يەرلەرنى ماڭا ساتامسىز؟ نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

ئىدرىس بەگ ئاخىرقى سۆزىنى قاتتىق دېدى:

— مەن ۋە دوستلىرىم يەرلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە قالغان ...

— ئوتتۇرىسىدا قالغان.

— ئوتتۇرىسىدا قالغان يەرلىرىمىزنى ساتمايمىز، ئەپەندىم.

ئارىپ سايىم بەگ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىۋېتىپ:

— سىز بەكمۇ ياش، بەكمۇ باتۇر، بەكمۇ مەرد بىر ئادەمسىز. سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايتتىم، بىراق ۋاقتى ئۆتتى، — دەپ ئاچچىق - ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — خەير - خوش!

ئارىپ سايىم شۇ زامان ئون كىشىنى قوراللاندۇردى. ئۇلارغا مەخسۇس يېشىل قاراۋۇل كىيىملىرىنى كىيگۈزدى.

— يەرلىرىمنىڭ ئىچىدىن كىم ئۆتسە، يەرلىرىمنى كىم دەسسىسە ئېتىڭلار! — دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈردى.

كۈز پەسلى ئىدى. شۇ دىگەر ۋاقتى كەلدى. ياش چېركەس يەھمى ئۆكۈزلىرىنى، ساپىنىنى ئېلىپ يېرىگە كېتىۋاتاتتى. ئارىپ سايىم بەگنىڭ قاراۋۇللىرى يەھمىگە «ئارقاڭغا قايت!» دېيىشتى. يەھمى پىسەنت قىلمىدى، مېڭىۋەردى. قاراۋۇللار باشقا نەرسە دېيمىدى، ئوق ئېتىشتى. يەھمىنىڭ ئۆلۈكى ئۈچ كۈنگىچە ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئېتىزلىقىدا تۇردى. ئىدرىس بەگ ئەرز قىلدى. ئارىپ سايىم بەگنىڭ قاراۋۇللىرىدىن بىرىنى ئەكېتىپ تۈرمىگە سولاتتى. قاراۋۇل تۈرمىدە ئۈچ ئاي ياتتى، ئارىپ سايىم تىرىلىكتە ئاتلىنىپ سۇۋاسقا كەتتى. ئۇ چاغدا ئەڭ ئالىي سوت



مەھكىمىسى سۇۋاستا ئىدى. قاراۋۇلنى ئاقلاپ چىقتى. كېيىن بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ چىقاردى. دېھقانچىلىق مەيدانىغا تۈرمىدىن ئەكەلدى. ئۇ يەردە ئۇنى قاراۋۇللارنىڭ باشلىقى قىلىپ قويدى.

ئۇتتىگدىن كېيىن — شۇ يىلى ئارىپ سايىم بەگنىڭ يەرلىرىنى بېسىپ ئۆزىنىڭ يېرىگە ئۆتمەكچى بولغان ئۈچ كىشىنى يەنە ئېتىۋەتتى. خېلى كۈنلەرگىچە چېركەسلەرنىڭ ئۆلۈكىگە ھېچكىم يېقىنلىشالمىدى. ئۆلۈكلەر ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئېتىزلىرىدا پۇراپ كەتتى. ئۇلارنى ئاتقۇچى تۈرمىدە ئاران ئۈچ ئاي يېتىپ چىقتى. سۇۋاسقا قىلغان يەنە بىر سەپىرىدە ھەممە ئىشنى ھەل قىلدى.

شۇ يىلى ئارىپ سايىم بەگنىڭ يەرلىرى ئوتتۇرىسىدا قالغان ئېتىزلار ھەيدەلمىدى، تېرىلمىدى. كېلەركى يىلىمۇ شۇنداق بولدى. تېرىلمايتتى. بىراق بۇ يەرلەر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل بەزدەك، دائىم قاناپ تۇرىدىغان بىر جاراھەتتەك تۇراتتى. كېلەر يىلى چېركەسلەر يەنە يەرلىرىنى ھەيدەشكە كېلەتتى، يەنە ئۆلتۈرۈلەتتى. ئاخىر پاشا ئاڭلايتتى، ئۇ «ھەي باللار، بۇ نېمىدىگەن سەت ئىش» دېگەن بولاتتى. ئارىپ سايىم بەگ پاشادىن ئىنتايىن قورقاتتى. پاشاغا بېرىپ بېشىمغا كۈن چۈشتى، دېھقانلار قالاق، دېھقانلار ماڭا زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ، دېيەلمەيتتى. شۇ قاناۋاتقان جاراھەتنى تېز كۈندە ساقايتىشى لازىم ئىدى.

قارا «فورد» زورايغان كۆزلىرىنى تېخىمۇ چەكچەيتىپ ئىدرىس بەگنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يەنە بىر قېتىم توختىدى. ئارىپ سايىم بەگ تېخىمۇ سەمرىپ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. چېركەسلەر ۋە ئىدرىس بەگ ئۇنى يەنىلا بۇرۇنقى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىشتى. ئارىپ سايىم بەگ بۇ قېتىم يۇقىرىدىكى مېھمانخانىغا چىقمىدى.

— ئىدرىس بەگ، مەن شۇ يەر مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلدىم. يەرلىرىمنىڭ ئىچىدە ئارالدەك

تۇرغان مۇنداق ئېتىمزلار سىزگە نېمە پايدا كەلتۈرىدۇ؟

— مەن ۋە دوستلىرىم يەرلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە قالغان ...—

ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ قاتتىق ئىدى.

ئارىپ سايىم بەگ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىمۇيتىپ ئاچچىق - ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

— ئەپسۇس، سىز بەكمۇ ياشسىز. سىز بىلەن دوست بولۇشىمىز كېرەك ئىدى، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قارا «فورد» ئاقمازار يېزىسىغا زادىلا كەلمىدى.

شەھەردە ھۆججەتلەرنى تەستىقلاش ۋەزىپىسىنى مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى پەزلى بەگ ئۆتەيتتى. ئۇ ۋىجىككىنە، ھىيلىگەر، قورقۇنچاق، مەستلا يۈرىدىغان ئادەم ئىدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىن قېلىپ قالغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن يېڭى ھۆكۈمەتتىن، ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن قورقۇپ ئۆتى تاشاتتى.

ئارىپ سايىم بەگ ئۇنى دېھقانچىلىق مەيدانىغا چاقىرتتى.

— پەزلى بەگ، سىز ھەممىنى بىلىسىز. چەكنى سىز يېزىپ بەرگەنىدىڭىز، ھېلىقى ئاقمازار يېزىسىدىكى ئىدرىس بەگدىن ئەللىك مىڭ لىرا ئېلىشىم بار ئىدى.

— شۇنداق، ئەپەندىم، بىلىمەن، ئەپەندىم، چەكنى يىتتۈرۈپ قويدىڭىزمۇ ئەپەندىم؟

ئارىپ سايىم بەگ خاتىرجەم كۈلۈمسىرەش بىلەن خۇشال ھالدا قولىنى پەزلىنىڭ مۈرىسىگە قويدى:

— بۇ چەك ئۈچۈن قانچە پۇل كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

پەزلى ھېساب قىلىپ كۆردى، بارماقلىرىنى ساناىدى.

— ئىككى يۈز ئون لىرا ئىككى قۇرۇش گۇۋاھچى - مۇۋاپىقىنىڭ، ماركىلارنىڭ پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

— مانا ساڭا ئۈچ يۈز لىرا ... نەنى خالىساڭ، قايسى مەتبەنى تەلەپ قىلساڭ ماڭا دېگىن ...

— رازىمەن، ئەپەندىم، — دەپ ھودۇقۇپ كەتتى، — مەن بۇ



شەھەردىن، بۇ شەھەرنىڭ تېنىدىن، سۆيىدىن، قاساپلىرىدىن، ناۋايلىرىدىن، ئادەملىرىدىن رازىمەن.

ئىدرىس بەگنىڭ يۈز ئەللىك مىڭ لىرالىق قەرز چېكى ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلدى. ئارىپ سايىم بەگ ئىدرىس بەگنىڭ قەرزنى تۆلىمىگەنلىكى ئۈچۈن دەرھال سوتقا ئەرز قىلدى.

ئىدرىس بەگ بۇنى ئاڭلاپ:

— بۇنى كۆتكەنىدىم، مۇشۇنداق بىر ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن سوت مەھكىمىسىدە سۆزلىشىمىز. چەكنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمەن ۋە ئۇنى شەرمەندە قىلىمەن، — دېدى.

خېلى يىللاردىن بېرى ئۇ ئەنقەرەگە، پاشاغا، ۋەكىللەرگە تونۇش مىللەت ۋەكىللىرىگە ھەربىر ۋەقە ھەققىدە تېلېگرامما بېرىپ تۇراتتى. ئەنقەرەگە يەنە بىرنەچچە تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى چىقمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ تېلېگرامما بېرىپ ئادەتلىنىپ قالغان.

ئارىپ سايىم بەگ ئىدرىس بەگنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

— ۋاي ئىست، بەكمۇ ياش ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغىلى بولاتتى، — دېدى.

ئارىپ سايىم بەگ شۇ كېچىسىلا ھىدىرىن ئوغلىنى چاقىرتتى. ھىدىرىن ئوغلى بۇ يەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ئىتلىرىدىن بىرى ئىدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە ئاقمازاردىن ئىدرىس بىلەن سوقۇشۇپ قالغان، ئۇنىڭغا دۈشمەن بىرنى تاپالامسەن، ھىدىرىن ئوغلى؟

— سەن بۇيرۇق قىلساڭلا بولىدۇ بەگ، تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يارىتىمەن. ساڭا جېنىم پىدا.

— ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرسەن.

— ئۆلتۈرىمەن، بەگ.

— ئۆلتۈرۈپ ئىدرىسنىڭ ھويلىسى، ئېتىنىڭ ئالدى ياكى ئىچىگە بىر يەرگە كۆمسەن.

— كۆسمەن، بېگىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ژاندارمىلار ئىدرىس بەگنىڭ ئېغىلىدىن ئىزدەشتۈرۈپ ئۆلۈكنى تاپتى. ئىدرىس بەگنى شۇ زامان تۇتۇپ كەتتى. ئىدرىس بەگنى شەھەرگە ئەكېتىۋاتقاندا ژاندارمىلارنىڭ قولىدىن قېچىپ كەتتى. ھىدرىن ئوغلى ھەممە ئىشنى ئارىپ سايىم بەگنىڭ خالىغىنىچە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. شۇڭا، ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا تاماملاندى.

ئارىپ سايىم بەگ ئىشنىڭ دىل مۇشۇنداق بولۇشىنى كۈتكەنىدى. قىلغان دەۋاسى ئۆزاققا سوزۇلمىدى. ئىدرىس بەگ قاچقۇن بولغىنى ئۈچۈن ئۆزى كېلىپ ھۆججەتنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىدرىس بەگكە يۈز ئەللىك مىڭ لىرا يۈكلەندى.

ئىدرىس بەگ ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ دەۋاسىنى ئاتاقلىق ئادۋوكاتلار ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئىدرىس بەگكە ۋەقەدىن ئالتە ئاي كېيىن يىگىرمە تۆت يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

ئىدرىس بەگ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھەر كۈنى بىلىپ تۇردى، غەزەپلەندى، سارائىغا ئايلاندى. شۇنچىلىك غەزەپكە كەلدىكى، بىر كۈنى ئاخشىمى شەھەرگە كىردى. بېتىرىنچىدىن تۆلۈك ـ تۆلۈگدا بېتىرىن ئالدى، سوت مەھكىمىسىگە ئوت قويدى. مەھكىمە كۆيۈپ كۇل بولغۇچە بىنانىڭ يېنىغا ھېچكىمنى كەلتۈرمىدى. مەھكىمىنىڭ بىناسى كونا ئىدى. شۇڭا، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا كۆيۈپ كۇل بولدى. بۇ چاغدا كۈن قايرىلغانىدى. ئىدرىس بەگ ۋە ئۈچ ئادەمى ژاندارمىلار بىلەن سوقۇشا ـ سوقۇشا شەھەردىن تاغقا چىقىپ كېتىشتى.

ئىدرىس بەگنىڭ ئېغىر جازاسى ئۈچۈن مەھكىمىنى كۆيدۈرگەنلىكى ھەممە گېزىتتە ئاق ئۆششاق تەرەپلىرىگىچە ئېلان قىلىندى. ئارىپ سايىم بەگنىڭ كۈتكىنى ھەم شۇ ئىدى.

مەھكىمىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەن:

— ئىسىت، بەكمۇ ياش ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغىلى



بولاتتى ... — دېدى.

ئىدرىس بەگ توروس تاغلىرىدا بىر سارغۇچ بۆرە ھالىغا كەلگەنىدى. سارائ ۋە غالجىر بۆرىگە ...

* * *

— سىزگە بىر نەرسىنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدىم. پۈتكۈل دۇنياغا مەلۇمكى، ئۇنىڭغا يۈز ئەللىك لىرالىق قەرزىم يوق. ھېلىقى ئادەمنىمۇ مەن ئۆلتۈرمىدىم. مەھكىمىنى مەن كۆيدۈرۈۋەتتىم. بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى تارتىمەن. يەرلىرىمدىن بىر غېرىچىنىمۇ ئارىپ سايىم بەگكە بەرمەيمەن. ئۇنىڭغا دېگىن، قەرز ھۆججىتىنى يىرتىۋەتسۇن. ئۇنىڭغا يۈز ئەللىك پۇللۇق قەرزىم يوق، بەش پۇللۇقمۇ يوق. بىر چۈمۈلىنىمۇ ئۆلتۈرمىدىم. بۇنى ھەممە ئادەم، پۈتكۈل تۈزلەڭلىكمۇ، مېنى سوتلىغان سوتچىلارمۇ بىلىدۇ. شۇڭا، مېنى ئاقلاپ چىقسۇن. ئارىپ سايىم مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىمنى قىلمايدىغان بولسا، ئاقىۋىتى ئۆزىگە مەلۇم. ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئۇ ھەممە ئادەمدىن، مەندىنمۇ ياخشى بىلىدۇ. سىز ئۇنىڭ يېقىن دوستى، بېرىپ بۇلارنى ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ.

شۇ ھامان ئورنىدىن تۇردى، پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى.

— خەير ـ خوش، ئەلى سايا باي ... دېمەكچى بولغانلىرىم شۇنچىلىك ئىدى.

ئىدرىس بەگ چۇقۇر ئوۋادا، توروس تاغلىرىدا ئالدىغا كىم ئۇچرىسا ئارىپ سايىم بەگكە شۇ سۆزلەر بىلەن شۇ خەۋەرنى يوللايتتى. ئۇنىڭ جاۋابىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى. كۈتكەن جاۋابى نېمە ئۈچۈندۇر يېتىپ كېلەلمەيتتى.

ئىدرىس بەگنىڭ سۆزلىرى ئارىپ بەگنىڭ قۇلىقىغا نەچچە قېتىم كېلىپ يەتتى. ئارىپ سايىم يانپاشلىرىنى تۇتۇپ كۈلدى.

ئىدرىسنىڭ ۋە ئادەملىرىنىڭ ئېتىزلىرىنى ئاللىقاچان ئۆز يېرىگە قوشۇۋالغانىدى.

ئىدرىسنىڭ كېلىشى ئەلى ساپا بايغا پايدا بولدى. شۇ زامان ئېتىغا مىندى، ئارىپ سايىم بەگنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ھەم ئىدرىسنىڭ، ھەم ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەشتى.

بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئەلى ساپا باي دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلدى. ئارىپ سايىم بەگنىڭ تۈركچىسى زادى بىلمەيدىغان، بەستلىك، ئىككى ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسىدەك بىر دادىسى بار ئىدى. ئىسمى زەكۆباي ئىدى. زەكۆباي ياشلىقىدىن تارتىپ ئۇزۇن، چاڭگا بۇرۇتلىرى بىلەن ماختىناتتى. ھارپۇت بازىرىدا دەللاللىق (بىدىكلىك) قىلاتتى. ئوغلىنىڭ چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشى ئۇنى ئىنتايىن بەختلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ تېزلىكتە ھارپۇت بازىرىدىكى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان كەسىپنى تاشلاپ ئوغلىنىڭ قېشىغا يۆگۈرگەنىدى.

زەكۆباي دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كەشنى سىلىقۋېتىپ ئولتۇراتتى. يانچۇقلىرىنىڭ ئەترابى، پۇچقاقلىرىنىڭ قىرىغا نەقىش ئىشلەنگەن كەڭ ھاۋارەڭ شالۋۇر كىيگەنىدى. ساپ يىپەكتىن تىكىلگەن يېشىل جىلىتكىسىنىڭ مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغان سائىتىنىڭ ئالتۇن بېغى ئۈچ ئىلىك توملۇقتا ئىدى.

ھېرىپ كەتكەن، جۇل - جۇل كىيىملەردە بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قۇرۇپ كەتكەن، يەرگەكتىن كالپۇكلىرى گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن مالايلار ئېتىزدىن يېنىشاتتى. ئۇلار تىزىنى يەرگە قويۇپ زەكۆبايغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى، ئۈچ قېتىم قولىنى سۆيۈپ باشلىرىغا كۆتۈرەتتى، ئۆيلىرىگە شۇ پېتى ماڭاتتى.

مالايلارنىڭ قول سۆيۈش رەسمىيىتى بىر ئەتىگەندە، بىر ئاخشامدا ئىككى قېتىم ئۆتىلەتتى. زەكۆباي قولىنى مالايلارغا



سۆيدۈرۈش ئۈچۈن تېخى كۈن چىقماستىنلا ئويغىناتتى. غاڭزىسىنى تۇتاشتۇراتتى، قەھۋەسىنى ئىچەتتى، سارايىنىڭ دەرۋازىسىغا چىقىپ ئولتۇراتتى. مالايلار توپ - توپ بولۇپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ ئۆتۈشەتتى.

زەكۆباي ئەلى ساپا باينى كۆرۈش بىلەن تېخىمۇ زوقلىنىپ كەتتى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بەكرەك سۆيۈنۈپ، قولىنى مالايلارغا ئۇزاراتتى، سەل توختاپ:

— گۇرۇھەسبە بىگىرىن، — دېدى، — ئۇنىڭ ئاۋازى تۇم بولۇپ چوڭ - چوڭ چىقاتتى.

بىرنەچچە بەستلىك ئادەم ئاتنىڭ بېشىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەلى ساپا باينىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئەلى ساپا باي ئاتتىن چۈشتى، زەكۆ بايغا قاراپ يۈگۈردى. زەكۆ باي پاچاقلىرىنى كېرىپ، پۇتلىرىنى ئۇزارتىپ، يوغان قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ، مەيدىسىنى كۆپتۈرۈپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا تۇراتتى. ئالتۇن چىشلىرى پارقىرايتتى، قولىنى سۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئەلى ساپا باي تەرەپكە يورۇلغان ھالدا ساقلاپ تۇراتتى. ئەلى ساپا باي قولىنى تۇتتى، تىزلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈردى، ئۈچ قېتىم سۆيۈپ، بېشىغا قويدى.

قول سۆيۈش رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن زەكۆباي:

— لاۋۇ ئەلى ساپا، دۇسەرساران ھاتى، سەرجاۋان ھاتى، ۋىرارۇنە ! — دېدى.

ئەلى ساپا باي يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— چاۋانى؟

— « قانداق ئەھۋالىڭ » دەپ سوراۋاتىدۇ دېدى يېنىدىكىلەر.

— دۇھاتى بال بەگە؟

— « باينىڭ قېشىغا كەلدىڭمۇ ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ.

— بەگ ۋىرا يە !

— «باي بۇ يەردە » دەۋاتىدۇ، — دېدى.

زەكۆباي بىر تەرەپتىن كەلگەن مالايلارغا قولىنى

سۆيدۈرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ ئۇسۇلدا ساپا باي بىلەن سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىشىشلىرى ئارىپ سايىم بەگ ساپا باينى يۇقىرىدا كۆرۈپ چاقىرىۋالغۇچە داۋام قىلدى.

— باي دادا، رەخمەت قىلىڭ، ساپا باي يۇقىرى چىقسۇنمىكىن، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىشلىرىمىز بار.

زەكۆ يايغا ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. يۈزى كېرىلىپ، كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ كەتتى، لېكىن يەنىلا قولىنى قاتتىق ئۇزارتتى.

— ھەرەلاۋۇزورە، — دېدى.

ئەلى ساپا باي يەنە ئۇلۇڭ تىزىنى يەرگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۆزىگە ئۇزارتىلغان يوغان، ئۇزۇن بارماقلىرى، سېمىز قولىنى ئۈچ قېتىم سۆيۈپ، بېشىغا قويدى.

ئىككى دوست، ئىككى يېڭى يەر ئىگىسى، ئىككى كونا مىللىي كۆرەشچى ئاماقنى بىللە يېدى. داستىخاندا ھەر خىل ئۆزگىرىش بار ئىدى: ئۇلار، ئۆردەك، كەكلىك، توشقان ... ئۆت ئۇستا ئوۋچى ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئارىپ سايىم بەگ ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلايتتى. يېڭى ئوۋ گۆشلىرى بىلەن لەززەتلىك فىرانسۇز شارابلىرىنى ئىچىشتى.

ئەلى ساپا باي بىر ئامال قىلىپ ئىدرىسنىڭ تەھدىتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپ ئارىپ سايىم بەگنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلدى. ئەلى ساپا بايمۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشاتتى، ئۇمۇ بىللە كۈلەتتى.

ئەڭ ئاخىرى ئارىپ سايىم بەگ كۈلكىسىنى توختاتتى، چىرايىدا ھەقىقىي ئىچىنىش ئالامىتى كۆرۈلدى. بىر ئۇھ تارتىپ:

— ئىسىت، نېمىدېگەن ياش، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشقا بولاتتى، — دېدى.



## 26

مەمەت ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ بىر نەرسىلەرنى ئويلايتتى. قانداقتۇر بىر خەۋپنى سېزەتتى. بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشاتتى. مېڭىسىدە ھەممە نەرسە قالايمىقان ئىدى. يىراقلاردىن بىر سېرىق نۇر ئايلىنىپ كېلەتتى، قاراڭغۇلۇققا قوشۇلاتتى. قانداقتۇر بىر يەرگە ۋال - ۋۇل قىلىپ چۈشەتتى. پۈتۈن بەدىنى سىرقىرايتتى. كۆيۈپ ئاغرىيتتى.

مەمەت ئورنىدىن تۇردى. قولىنى پېشانىسىگە ئاپىرىپ بېزا تەرەپكە قارىدى. بېزا ئويمانلىقتا ئىدى. بېزىنىڭ ئۈستىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن نەچچە توپ تۇماندىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. ھەممە نەرسە جىمجىت. كىچىككىنە ئاۋازمۇ چىقمايتتى. ئەتىياز ۋاقتىدىكى يەرلەر ئاپتاپتا يېرىلاتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردىن بوش چاراسلىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ئۈستىدىن ئېگىز ئۇچقان بىر توپ كېپىنەك ئۇچۇپ كەتتى. ئالدىدىكى يوغان ئېچىلغان ھاۋا رەڭ گۈلگە قاپقارا قاناتلىرىنىڭ ئۇچى قىزغۇچ بىر كېپىنەك قونۇۋالغانىدى. مەمەت ئۆزى قارا، يوغان كېپىنەكنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. كۆڭلىگە قورقۇشقا، قايغۇغا ئوخشاش بىر تۇيغۇ كەلدى. «ھاياتىمنىڭ ئاخىرى كۆرۈندى، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە، — بۇمۇ ياخشى، قانداق قىلىمىز، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ. خەدىچەنىمۇ ئۆلتۈردۈم، ئانامنىمۇ ... ئۆزۈم بۇ ياقلاردا يۈرىمەن. دېھقانلارنىمۇ مانا شۇنداق پەرىشان قىلىۋەتتىم، زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراپ يۈرۈشىدۇ. مەن چىقماستىن بۇرۇن ھەممە ئادەم ئۆز ھالىغا قاراپ ياشاپ كېتىۋېرەتتى. ئەمدى يوقىلاي، بولدى مەن تۈگىشەي.»

ھەممە ئىش شەھەرگە بارغاندىن كېيىن — ئونبېشى بىلەن دۈگىدىكى ئۆيدە سۆزلەشكەندىن كېيىن بولغان، بېشىغا بۇ ئىشلار كەلگەنىدى. «شۇ چاغدا پۇتلىرىم سۇنۇپ كېتىپ، شەھەرگە

بارالمىغان بولسام، كاشكى، كۆزلىرىم قارىغۇ بولغان بولۇپ، ھەسەن ئۇنىبىشنى كۆرمىگەن بولسام، قۇلاقلىرىم پاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسام، كاشكى. يېزىنىڭ پەرىشانلىقىغا قارىغىنا! ئۆزۈڭنىڭ شۇ ھالىڭغا، كەچۈرۈۋاتقان كۈنۈڭگە، كۆرگەن ھالاۋەتلىرىڭگە قارا!»

چېقىرتكەتلىككە بارغان ھېلىقى كۈن ئېسىگە كەلدى. تاغۇتاشلار، ئىنسانلار خۇشاللىقىدىن پىر - پىر پىرقىرىشاتتى. چېقىرتكەتلەرگە تۇتاشقان ئوتلارمۇ تۈزلەڭلىكتە ئايلىنىپ ئۆزىچە خۇشاللىق سادالىرى چىقىراتتى. يالقۇنجاپ ياناتتى. كۆز ئالدىغا دۇرمۇش ئەلى كەلدى. دۈمچىيىپ قالغان دۇرمۇش ئەلى قېرىپ قالغان پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قەدىمى، ئەڭ قەدىمى تۈركمەن ئۇسۇللىرىنى ئوينايتتى، تۈزلەڭلىكتە لاۋۇلداۋاتقان ئوتنىڭ يېنىدا، ئوت بىلەن بىللە ئېگىلىپ - قويۇپ ئوينايتتى. ئوت بىلەن دۇرمۇش ئەلى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندى.

يەنە شۇنداق ئوت بىلەن ئىرماش - چىرماش ئويناۋاتقان چېغىدا ھەمزە تاز چىداپ تۇرالماستىن ئۇنى ئېتىمغا چەيلىتىۋەتكۈسى كېلەتتى.

مەمەتنىڭ كۆز چاناقلىرىغا يوغان ئىككى تامچە ياش كېلىپ توختىدى. مەمەت ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى. كېيىن ئورنىدىن تۇردى. مىلتىقنى مۈرىسىگە ئاستى، يۇقىرىغا، ۋادى تەرەپكە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى. ۋادىنىڭ ئاخىرى قىيالىق ئىدى. ئېگىز قىيالىققا يۆلىنىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. مۆكۈنۈپ يۈرۈپ يۈگۈردى.

ۋادىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مىلتىقلار ئېتىلىشقا باشلىدى. ۋادىنىڭ ئاخىرىدا تۆۋەندىكى رەڭلىك شېغىل تاشلىرى پارقىراپ تۇرغان يوغان بىر بۇلاق قايناپ تۇراتتى. مەمەت دۈم يېتىپ مۇزدەك سۇنى قېنىپ - قېنىپ ئىچتى، تۆپىدىن، خېلى يۇقىرىسىدىن ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۆتەتتى. شۇ ئان ئۆزىنى كۆكۈچ،



ئالچىپار بىر قىيا تاشنىڭ ئارقىسىغا ئاتتى. بىر يېرىگە ئوق تەگمىگەنلا بولسا قۇتۇلدى دېگەن سۆز. يىراقتىن ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ھۆرى ئانا كېلىۋاتاتتى. قوللىرىنى يۇلاڭلىتىپ:

— قاچ، جېنىم بالام، مەمەت! سېنى كاپىر توكۇر تۇتۇپ بەردى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت دېگەن ئەمەسمىدىم؟ — دەپ ۋارقىرايتتى.

مەمەت قىيا تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ خاتىرجەم بولدى. شۇ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالغۇدەك ئارقا - ئالدى توسۇق بىر يەرنى ئىزدىدى، كۆزىگە چېلىققان بىر يەرگە سۈرۈلۈپ باردى، قىيا تاشقا يۆلىنىپ بىردەم دېمىنى ئالدى.

تۆۋەن تەرەپتىن ناھايىتى كۆپ ژاندارما كېلىۋاتاتتى. تاراسلاپ ئوق ئېتىلىۋاتاتتى.

قاتتىق ئېتىشىش باشلاندى. مەمەت سوغۇققانلىق بىلەن ئوڭ ۋە سولغا قاراپ ئاستا ئاتاتتى. بۇ ئېتىشىشتا ھېچكىمنىڭ بۇرنىنىڭ قانىشىنى خالىمايتتى. ئەگەر خالىغان بولسىمۇ، شۇ ئار ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئون ژاندارمىنى ئېتىۋەتكەن بولاتتى. ئۇلار ئوچۇقچىلىقتا ئۆزىنى قوغداش كېرەكلىكىنى ھېس قىلماستىن كېلىشەتتى. مەمەت ئۇلارنى قورقۇتۇش ۋە ئالداش ئۈچۈنلا ئوق ئاتاتتى. ژاندارمىلار قىيالىقنىڭ تۆۋىنىچە كېلىشتى. ئۇلارغا يۈز بېشى پارۇخ باشچىلىق قىلاتتى. مەمەت يۈزبېشىنى بىر قېتىملا كۆرۈپ قالدى، كېيىن يوقىتىپ قويدى. ئەلى توكۇر قولىدا مىلتىق، بىر تاشنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى، خاتىرجەم ئىدى. يىراقتىن ئۇنىڭ چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەشنى كۆرگەندەك قىلدى ياكى مەمەتكە شۇنداق كۆرۈنگەندۇ.

ھۆرى ئانا يىراقتىن كېلىۋاتاتتى. توختىماستىن قولىنى يۇلاڭلىتىپ، شامالدەك ئۇچاتتى. بىردىنلا توختىدى. قولىنى بېلىگە تىرىدى. تاشنىڭ ئارقىسىدا ياتقان مەمەتكە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا ھازىرلانغان ژاندارمىلارغا بىردەم قاراپ تۇردى.

— ھەي ژاندارمىلار، — دېدى ئۇ، — ئانىنىڭ قوزىلىرى، مەمەت بالامنى ئاياڭلار! قاراڭلار، ئۇ سىلەرنى ئايىمىدىمۇ؟ ئەگەر خالىغان بولسا ھازىرغىچە ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرگەن بولاتتى. قاراڭلار! ئۇ نەدە، سىلەر نەدە؟ مەستىمگە ئوق ئۈزمەيدۇغۇ ... ژاندارمىلار! قوزىلار! بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىسىلەر! شۇ جېنىم بالامنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولماڭلار! ئۇمۇ ئۆز يولىغا ماڭسۇن! بولمىسا جېنىڭلارنى ئېلىپ ... مەمەتنىڭ قىلىدىغان جىق ئىشى بار! ئۇ ئىنتايىن خاپا! بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى! ۋاي ژاندارمىلار، بالىلار! ئانىنىڭ قوزىلىرى! سىلەرمۇ زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلگەنلەر! يۈز بېشىغا — ئۇ دىنسىزغا، ئوسمانچىغا ئەگەشمەڭلار! ئوسمانچىدا ئىمان بولمايدۇ، دىن بولمايدۇ! ئىشەنگىلى بولمايدۇ جۇمۇ!

ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە ئوقلار چۈشەتتى، بىراق پەرۋا قىلمايتتى.

— ھە، نېمە! — دېدى بىر چاغدا مەمەت، — نېمە قىلىۋاتىسىلەر كاپىرنىڭ تۇخۇملىرى، مېنى ئاتماقچىمۇ سىلەر؟

قىيالىقلارغا قاراپ ماڭدى، شىددەتلىك جەڭ باشلانغانىدى.

مەمەت تۇرۇۋالاتتى، ساقلايتتى، كېيىن ئۈستىگە چۈشكەن ئوقلارغا دەھشەتلىك جاۋاب قايتۇراتتى، يەنە جىم تۇرۇۋالاتتى.

قورقماستىن ئۆرە تۇرۇپ ئوق ئېتىۋاتقان پاياسلىق ژاندارمىنىڭ پاچىقىغا ئاتتى.

مەمەتنىڭ يېنىغا، ئەتراپىغا، قىيالىقلارغا تەگكەن ئوقلار تارسىلدايتتى، قىيالىقلاردىن ئىس چىقىراتتى. قىيالارنىڭ ئۈستىنى تاشلارغا تەگكەن ئوقلارنىڭ ئىسى قاپلاپ كەتكەنىدى.

ھۆرى ئانىنىڭ ئەتراپىدا ئوقلار ۋىڭىلدايتتى، قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

— قېنى ئېتىڭلار، مېنى ئۆلتۈرۈۋېڭلار، ئىتلار، قولۇڭلارغا نېمە تەگكىنىنى مەن بىر كۆرەي!

پاياسلىق ژاندارما يەردە تولغىناتتى، ئاغرىقىغا



چىدىيالماستىن يەرنى تىرمىلايتتى.

ھۆرى ئانا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ۋاي ئانىنىڭ بالىسى، ۋاي، شۇ يوقنى يېمىسەڭ مەمەتمۇ سېنى ئاتمايتتى. قورقمىغىن، دورا تېڭىپ قويىمەن. يېزىغا بېرىپ ئىككى كۈندە ساقايتىپ قويىمەن. سەنمۇ ئىككىنچىلەپ مېنىڭ مەمەت بالامغا ئوق ئاتمايدىغان بولىسەن.

ھۆرى ئانا ژاندارمىنى شۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ ئالدىغا ماڭدى.

مەمەتنىڭ «ئانا، ئانا!» دەپ ۋارقىرىغان، ھودۇققان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. «ئانا، جايىڭدا ئولتۇرۇۋال، بۇ كاپىرلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئانا!»

— ئاھ، جىگەرىم بالام، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم نېمە بولاتتى ... مەيلى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، بالام! مەن سېنىڭ يېنىڭغا باراي.

ئوقلار پاڭ ـ پۇڭ ئېتىلماقتا. ھۆرى ئانا ھېچ نەرسە بولمىغاندەك، خۇددى موزاي يېقىشقا كېتىۋاتقاندەك مېڭىشتا ماڭاتتى.

يۈزبېشى پارۇخ يېنىدىكى ئاسىم چاۋۇشتىن سورىدى.

— بۇ ساراڭ خوتۇن كىممۇ؟

— مەمەتنىڭ ھۆرى ئانىسى، ھېلىقى ئەلى تۇكۇرنىڭ جان دۈشمىنى، ھېلىقى سىزنىڭ چىرايىڭىزنى كۆرۈشنى خالىمىغان خوتۇن شۇ، — دېدى ئاسىم چاۋۇش.

— لېكىن، قالتىس جەسۇر ئىكەن، ساراڭمۇ؟

— ئاجايىپ ئەقىللىك، — دەپ كۈلدى ئاسىم چاۋۇش.

ھۆرى ئانا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، يەرگە دۈم چۈشتى. مەمەتنىڭ يۈرىكى چىقتى، ئانا ئورنىدىن تۇردى، يەنە يىقىلدى. بۇ چاغدا مەمەت ۋارقىرىدى:

— ئەگەر ئانامنى ئاتىدىغان بولساڭلار، بىرىڭلارنى ساق قويمايمەن! بىرىڭلارمۇ بۇ قىيالىقتىن ساق چىقمايسىلەر!

ئانا ئورنىدىن تۇردى:

— بىئارام بولما، مەمەت بالام. ئۇ ئىتلار مېنى ئاتالمايدۇ. مەن ئۆلمەي تۇرۇپ سېنى كۆرىمەن. خۇدايىمغا يالۋۇردۇم. سېنى يەنە بىر قېتىم يۆرىماستىن، چىرايلىق يۈزۈڭنى كۆرمەستىن خۇدايىم جېنىمنى ئالمايدۇ.

مەمەت ئېتىشتىن توختىدى. ژاندارمىلارمۇ توختىدى. ھۆرى ئانا تۇتتۇرىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ئوق چىقارماسلىق ھەققىدە ئاۋازسىز كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

— ئۇنى تۇتالامدۇق؟ — دەپ سورىدى يۈزبېشى.

— تۇتالماسمىز يۈزبېشى، — دېدى ئاسىم چاۋۇش، — ئۇ يىلاندەك چاققان، شۇنچىلىك چاققانكى، كۆزۈڭ يىلەن كۆرەلمەي قالىسەن. ھازىر ئۇ خالىسا ھەممىمىزنى ئېتىۋېتەتتى. قىيالىققا چىقماي تۇرۇپ تۇۋەندە — سەلدارىسىدا قورشىۋالغان بولساق، بەلكىم تەسلىم قىلىۋالاتتۇق.

— پاپاسلىقنى نېمە ئۈچۈن ئاتتى؟

— ئۇ دائىم ئۆزە تورۇۋالاتتى. تەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىللايتتى.

— سەنمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرساڭ، تىللىساڭ سېنى ئاتامدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئاتمايدۇ، — دېدى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئاسىم چاۋۇش.

— ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ؟

— ئەڭ جىددىي پەيتلەردىمۇ باستۇرۇپ كەلدىم، يەنە ئاتمىدى، ئۆلۈمگە دۇچ كەلگەندىمۇ مېنى ئاتمىدى.

— چاۋۇش، سەۋەبى نېمىدۇ؟

— بىلمەيمەن، يۈزبېشى.

— پاپاسلىقنى يېزىغا ئېلىپ بارسۇن.

— ئەكېتىدۇ، يۈزبېشى.

ھۆرى ئانا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ مەمەتنىڭ قېشىغا كەلدى. قول - پۇتلىرى تىلىنىپ قانغا مىلەنگەنىدى. يېڭى كۆڭلىكى بىلىدىن ئېتەككىچە پارە - پارە بولۇپ كەتكەنىدى.



— ئانا، جېنىم ئانا، ساڭا بىر نەرسە بولدىمۇ؟ — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى.

— قوزغالما! دەپ ۋارقىرىدى ھۆرى ئانا، — جايىڭدا تۇر، قارا كۆزلۈك بالام.

مەمەت كۆلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى، بىر قىيانىڭ جېتىگە ئېلىپ باردى.

— ھېچ نەرسە بولمىغانسەن؟ بۇ يەردىن قوزغالغۇچى بولما، مىدىرلاپ كەتسەڭلا مېنى ئۆلتۈرىسەن.

— مىدىرلىمايمەن. سەن قاراپ تۇرما، ئوقلىرىڭنى ئات! قارا، ئەلى توكۇر ئاۋۇ يەردە، دەرەختىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇنى ئات، ئۆلتۈر، يىقىت! بۇ ياخشى پۇرسەت. مەن يوقىلاي، مەن كۆرۈتمەي قوياي، بۇ يەردىمۇ مەن بېشىڭغا بالا بولدۇم ... قانداق قىلىمەن دېسەڭ شۇنداق قىل، قېتى باشلا، ئوق ئات! ... تۆرمىغىن! ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويما!

مەمەت ئېتىشقا باشلىدى. قارشى تەرەپمۇ ئاتتى. ئوقلارنىڭ قىيالارغا كېلىپ تېگىشىدىن چىققان چاڭ - توپىلار ئەتراپنى قاپلاپ كەتتى. تاش پارچىلىرى ئوقتەك ۋىڭىلداپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە يامغۇردەك ياغاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قىيا تاشلارغا تەگكەن ئوقلار قۇلاقلارنى پاڭ قىلغۇدەك بىر خىل ئاۋاز چىقىراتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يۈزبېشى پاروخ ئاسىم چاۋۇشتىن سورايتتى:

— ھە، چاۋۇش، بۇ قانداق بولغىنى؟ بىز بىر يۈز سەكسەن ئادەم، ئۇددۇلىمىزدىكى پەقەت بىر ... ھۆجۇمغا ئۆتەيلىمۇ؟

— ئۇ بەك چوققىدا، يۈزبېشى، قىيالىققا چىققۇچە ھەممىمىزنى ئېتىۋېتىدۇ، بىرىمىزنىمۇ قويمايدۇ.

— كەچ كىرىۋاتىدۇ. قاراڭغۇ چۈشەر - چۈشمەيلا قاچىدۇ.

— چوقۇم قاچىدۇ، يۈزبېشى، بىز ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى يامان ئەھۋالدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىز تىنماستىن ئوق ئېتىۋاتىمىز، پايدىسى يوق. مەمەتنىڭ ئوقى كۆپ.

يۈزبېشى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى خاپا بولاتتى. قانداق قىلىپ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق؟ بىر يېرىم سائەت بۇرۇن ھەرىكەت قىلغان بولساق ... بىر يېرىم سائەتمۇ تېخى بالدۇر ... يۈزبېشىنىڭ مەمەت بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى. بىرىنچى قېتىمدا خەدىچەنى ئېتىۋېتىشكەنىدى.

بىر ئوق كېلىپ يۈزبېشىدىن بىر غېرىچ نېرىغا بېرىپ يەرگە كىرىپ كەتتى. شۇ يەرگە يەنە بىر تال ئوق ...

— بىزنى خېلىدىن بېرى كۆرۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ئاسىم چاۋۇش.

— مۇكۇۋۋالايلى، — دېدى يۈزبېشى.

— ئەمدى بىز ھېچ يەرگە مۆكەلمەيمىز. خالىغان زامان بىزنى ئېتىۋېتىدۇ. ئۇمۇ بۇنى بىزگە دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— لېكىن، بىز ئۇنىڭ خوتۇنىنى ... ئېتىۋەتكەنىدۇق ...

— بۇ ئاجايىپ مۆجىزىلىك بىر يىگىت، قاراقچىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ، جىنىدەك، پەرىدەك، پەرىشتىدەك بىر ئادەم. ئەۋلىيا بولۇش ئورنىغا قاراقچى بولۇپ قاپتىكەن.

دەل شۇ چاغدا:

— ۋاي ئانام ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا - باشقا ئاۋازلار چىقتى. مەمەت ئارقا - ئارقىدىن توت ژاندارمىنىڭ پاچاقلىرىغا ئاتقانىدى.

— قانداق ! — ... دەيتتى ھۆرى ئانا، — قانداق ئىكەن؟ ! ... ھەمزە، تارغا ئىشەنمەڭلار، ئۇ ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ دېمىدىممۇ؟ — ھۆرى ئانا كۆرۈنگەن بىر ژاندارمىنى مەمەتكە كۆرسىتىپ، — قېنى، چاققان بول ! — دەيتتى.

مەمەت ئوق ئاتاتتى. ژاندارمىلار ئوق يەپ ۋارقىرىغانسېرى ھۆرى ئانا بالىلاردەك چاۋاك چالاتتى.

مەمەت تەرلەپ، يۈزى قايقارا بولۇپ كەتكەنىدى. كۆن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى، بىرئازدىن كېيىن ئولتۇرۇپ كېتەتتى، قاراڭغۇ



چۈشۈشكە باشلىغانىدى. مەمەتنىڭ مىلتىقىمۇ قىزىپ كەتتى.

شۇڭلاشقا، ئوقنى ئاندا - ساندا ئېتىپ قوياتتى. ژاندارمىنى يارىدار قىلىپ قويۇپ، شۇ ئارىلىقتا مىلتىقىنى سوۋۇتاتتى. بىر كۆزى ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان كۆندە ئىدى.

ژاندارمىلار بىردىنلا ئوق ئېتىشنى توختاتتى. بىر چاغدا ئاسىم چاۋۇشنى كۆردى. ئاق ياغلىق تۇتقان ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋارقىرىغىنىچە كېلىۋاتاتتى.

— مەمەت، بالام، ئالدىڭغا كېلىۋاتىمەن، تەسلىم بول ! ئۆلۈشۈڭنى خالىمايمەن.

چاۋۇش يۇقىرىغا — مەمەتكە قاراپ تىك مېڭىپ كېلىۋاتاتتى.

— چاۋۇش، يېقىن كەلمە !

— بالام، مەمەت، ھۆكۈمەتكە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. تاغۇتاشلار ئەسكەر بىلەن توشۇپ كەتتى. يا ئېتىلىپ كېتىسەن، ياكى يارىلىنىسەن. يۈزبېشى سېنى كەچۈرۈم قىلدۇرۇۋېتىدۇ.

مەمەت جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— چاۋۇش، كەلمە !

ئۇنىڭ ئاۋازىدا قورقۇش، ئىشەنچسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك بار ئىدى.

— ساڭا نېمە بولدى، چاۋۇشۇم؟ ! يېقىن كەلمە !

— ئات ئۇنى، تۇگەت ئىشنى ! كەلمە دېگەندە كېلىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقسۇن، ئات ئۇنى !

چاۋۇش كېلىۋاتاتتى، تىككىنە، پەرۋاسىز.

— چاۋۇش، كەلمىسەڭ نېمە بولىدۇ، سېنى ئېتىۋېتىمەن. چاۋۇشۇم، مۇشۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر قىلما، چاۋۇشۇم. بۇ يامانلىقنى ماڭا قىلما، چاۋۇشۇم، قول - پۇتۇڭنى سۆيۈپ قوياي، سېنى ئايا، — دەيتتى. ئاۋازى قورقۇنچلۇق ۋە ساراڭلارچە يالۋۇرۇش بىلەن چىقاتتى.

— ئاسىم چاۋۇش، چاۋۇشۇم، سەندە قىلچە ئىنسانلىق، قىلچە ئىمان يوقمۇ؟

چاۋۇش ئاق ياغلىق تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تىك مېڭىپ كېلىۋاتاتتى:

— ماڭا تەسلىم بولىسەن بۈگۈن. سەنمۇ بىلىسەن، دۇنيادا بىرلا ئادەمنى جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، ئۇ بولسىمۇ سەن.

— بىلىمەن، چاۋۇشۇم، خۇدا ھەققى، بىلىمەن. مېنى ئايا. ئىشىم بار! — دەپ ئاۋازىنى بەكرەك چىقاردى مەمەت. ئاۋازى قىيالىقتا ياڭراپ كەتتى، ئەكس سادا چىقاردى. ئاۋاز پۈتۈنلەي ئۆزگەردى، — چاۋۇشۇم، ماڭا گەپ قىلاي، ياخشى ئاڭلا. ساڭا ھازىر تەسلىم بولسامىمۇ بولاتتىم. ئەمما ... دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا، سەن ھەقلىق، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇنى بىلىمەن. ئەمما، ئۆلۈشتىن بۇرۇن قىلىدىغان ئازراق ئىشىم بار. چاۋۇشۇم، ئىشىم بولمىغان بولسا سېنى رەنجىتمىگەن بولاتتىم. چاۋۇشۇم! مەندىن خاپا بولما! بىر جان ئۈچۈنلا بولسا، ئۆزۈمنىڭ جېنىم ئۈچۈنلا بولسا، بۇ جېنىمنى ساڭا قۇربان قىلغان بولاتتىم. ئەمدى ئارقاڭغا قايت، چاۋۇشۇم!

ئىككى پاي ئوق چاۋۇشنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. چاۋۇش پەرۋا قىلمايتتى، ماڭاتتى. مەمەت چاۋۇشقا ئىككى پاي ئوقنى زايە قىلىۋەتتى، چاۋۇش پىسەنت قىلمايتتى.

مەمەتنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك باستى.

— يۈزبېشى، — دەپ ۋارقىرىدى، — مېنىڭ ئىشىم بار، بولمىسا بىر جېنىم ئۈچۈن ئاسىم چاۋۇشنى يوق قىلماسمىدىم، بۇيرۇق بەرگىن، توختاپ قالسۇن.

مىلتىقنى چەنلىدى، تىترىگىنىمۇ توختىدى. تەپكىنى باستى. ئاسىم چاۋۇش ۋارقىرىدى. ئاق ياغلىق تۇتقان ئوڭ قولى يەرگە چۈشتى. ئاق ياغلىق قىزىل قانغا بويالدى.

— چاۋۇش، قايت! — دەپ بۇيرۇق قىلدى يۈزبېشى.

چاۋۇش توختىدى، ئاچچىق - ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندى. ئاستا كەينىگە قايتتى.



مەمەت ئىڭرىغان ئاۋازدا:

— مېنى كەچۈر، چاۋۇشۇم! مېنى ئۆلتۈردۈڭ، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساڭ، بۇ ئىشلارنى بېشىمغا كەلتۈرمىگەن بولساڭ، كاشكى.

يۈزبېشى بۇيرۇق بەردى، ژاندارمىلار ئوقنى ھەر تەرەپتىن ئېتىشقا باشلىدى. مەمەت قارشى تۇرمىدى، ھۆرى ئانىسىنىڭ قولىنى سۆيدى، ئانىمۇ ئۇنى قۇچاقلىدى.

— ئانا، مەندىن رازى بول!

— ئاناڭ ئۆز سۈتىڭگە رازى بولغاندەك رازىمەن، جېنىم بالام! ئەلى توكۇرنى ئۇنتۇما، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت. ھەممە بالا - قازانى بېشىڭغا سالغان شۇ! بۇنى بىلەمسەن؟!

مەمەت قاراڭغۇدا سۆسەردەك غايىب بولدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇدۇلدىكى قىبلىن ئورمانلىق، تىك قىيالىق ۋادىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەرلەرنى بەش قولدەك ياخشى بىلەتتى. بىر پولك ئەسكەر، ئەمدى بىر بىرىگادا ئەسكەر كەلسىمۇ بۇ تاغلاردا ئۇنى زادىلا تاپالمايتتى.

ژاندارمىلار يەنىلا ئوق ئېتىپ تۇراتتى. مەمەت ئۇلاردىن شۇنچىلىك يىراقلىشىپ كەتتىكى، ئوق ئاۋازلىرىنى ئارانلا ئاڭلىيالايتتى.

ھۆرى ئانا تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىماي تۇراتتى، ئىنتايىن چوڭ بەخت ئىچىدە تىپىرلايتتى.

— ھۆكۈمەتنىڭ ئوقلىرىنى ئېتىڭلار، كاپىرلار، ئېتىڭلار، قېنى ئېتىپ بېقىڭلار، قۇش ئۇۋىسىدىن ئاللىقاچان ئۇچۇپ كەتتى.

بىردەم تۇرۇپ يەنە شۇنداق دېيىتتى.

— كېلىسىلەر، تېخى ئالدىمغا كېلىسىلەر، ھازىرلا كېلىپ يارىمىزغا مەلھەم دورىسى چېچىپ قوي ھۆرى ئانا دەرسىلەر، شۇنداقمۇ؟ شۇ بالام بولمىسا، بالامدىن قورقمىساڭلار، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىڭلار، كاپىرلار! ئۇ جاھاندا بىرىنىڭ

يارىمىزنى كىم ساقلايتتى دەپ ئويلىمايتتىڭلار. ھا ـ ھا ـ ھا ... مەمەت سىلەرنى ئاتسۇن، مەن يارىڭلارنى ساقلايتاي، شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ، ياخشى بولىدۇ، ۋاي بالىلىرىم !

## 27

يېشىل، يوغان، ئاغزىدىن نەشتەرلىرى يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرىدىغان يىلانلار تۈرلۈك ئاۋاز چىقىرىپ تاغدىن تۆۋەنگە چۈشەتتى. بۇلار خۇددى بىر توپ قارا بۇلۇتتەك تۈزلەڭلىككە تارقىلاتتى. قارا بۇلۇتنىڭ ئىچىدە قىپقىزىل مارجان كۆزلۈك يىلانلارنىڭ باشلىرى كۆتۈرۈلەتتى، ئۇزۇن قۇيرۇقلىرىنى يەرگە ئۇراتتى. قۇيرۇقلىرى يەرگە ئۇرۇلۇش بىلەن چاڭ ـ توزانلار چىقىراتتى. يۈزلەپ مارجان كۆزلۈك، ۋال ـ ۋۇل ئوت چاچرىتىپ تۇرغان ئارا تىللىق يىلان باشلىرى كۆرۈنەتتى.

يىلان باشلىرىنىڭ بىرىگە قىلىچ تېگىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى باش كۆتۈرۈلىدۇ. بۇلار تېخىمۇ يوغان، تېخىمۇ دەھشەت ئوت تىللىق. كېرىلگەن تىللىرى تاشقىرىدا. ئۆتكۈر قىلىچ كېلىپ بۇ ئىككى باشنىمۇ چاپىدۇ. يەنە تۆت باش چىقىدۇ. يىلان باشلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، ئۇلار يوغىناپ تۇرىدۇ. مىغىلداپ كېتىدۇ. مىڭ باشلىق ئەجدىھا چىقىدۇ. ئەجدىھانىڭ باشلىرى بارغانسېرى يوغىنايدۇ، كۆپىيىدۇ. ئەجدىھانىڭ بېشىغا قىلىچلار يېغىپ كېتىدۇ. ئەجدىھا بىر بۇلۇتنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئاسمانغا ئۇچىدۇ، كېيىن يەرگە چۈشىدۇ. قارا، ئاق، بوز، قىزغۇچ ھەر خىل بۇلۇت يوللارغا. توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ تۇرغان تۈزلەڭلىككە چۈشىدۇ. بىرمۇنچە، مىڭلاپ قول ۋە قىلىچ بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇلۇتلارنىڭ ئىچىدىكى باشلارغا تېگىدۇ. باشلار چۈشىدۇ. باشلار كۆپىيىدۇ.

قاپ تېغىنىڭ ئارقىسىدا ئېگىز قىيالىقلار، يوغان ئايروپىلاندەك قۇشلار، پويىزدەك ئۇزۇن ئەجدىھالار بار. كۈن،



ئاي، قاراڭغۇلۇقلار.

مەمەتنىڭ قولى ئۇيۇشۇپ كەتتى. مىلتىقنىڭ تۆشۈكى ئەمدى سوۋۇدى. ئەتراپ ئايدىڭ، ئاي يورۇقى مەمەتنىڭ مىلتىقىغا، ئوقدانلىرىغا چۈشۈپ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مەمەتنىڭ تىزى تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتكەچكە ئاغرىپ تۇراتتى. قوللىرى قاناپ كەتكەنىدى. دەسلەپتە ئۇ يارىلانغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلىدى، ئەمما كېيىن يارىلانمىغانلىقىنى بىلدى. قوللىرى قانىغان بىلەن تېزلا قېتىپ قالاتتى.

ئۇزاقلاردىن قۇشلارنىڭ سايرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ژاندارمىلار توختىماستىن ئوق ئاتاتتى. بەلكى ئۇلارغا قارشى ئوق ئېتىۋاتقان بىرى باردۇ؟ كىمدۇ؟ ئەلى توكۇر بولمىسۇن يەنە، «ۋاي قۇۋ توكۇرەي، مۇناپىقلارنىڭ قارىنىغا. دەل يۈرىكىگە كىرىۋاپتۇ ـ دە، ئۇ» دەپ ئويلىدى مەمەت.

مەمەت بىر ئاز راھەتلەنگەندەك بولدى. يۈگۈرۈشتىن توختاپ، تىك قىيالىقتىن بىر چىغىر يولغا چۈشتى. دەل شۇ چاغدا ئەلى توكۇر يوغان تاشنىڭ تۆۋىگە يېتىۋېلىپ، ژاندارمىلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتاتتى.

يۈزبېشى پاروخ يېنىدىكى ئاسىم چاۋۇشتىن:

— چاۋۇشۇم، مانا، قاراڭغۇمۇ چۈشتى. نېمە ئۈچۈن ئۇ ئوقنى ئېتىۋېرىدۇ، تاشلاپ كېتىپ قالمايدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، بەلكى ئۇ بىزنى ئارقامدىن كېلىپ قورشىۋالىدۇ، دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك، — دېدى ئاسىم چاۋۇش.

— بۇ كېچە مۇشۇ يەردە قالسا، ئۇنىڭ ئۆلۈكى مۇھاسىرە چەمبىرى ئىچىدە قالىدۇ.

— كىم بىلىدۇ يۈزبېشىم، ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايدۇ.

— ساراڭ بولۇپ قالغانمىدۇ؟

ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدىن ۋىڭ ـ ۋىڭ قىلىپ ئوقلار ئۆتۈپ تۇراتتى.

— ئۆمرۈمدە مۇنداق بالا ـ قازا، مۇنداق تەمكىن، مۇنداق چاققان ئادەم بىلەن ئۇچراشمىغانىكەنمەن، — دېدى ئاسىم چاۋۇش، — « كۆزگە سۈرگەن سۈرمىنى تارتىپ چىقىرىدۇ » دېگەن گەپ بارغۇ، بۇ دەل شۇنداق ماھىر ئىكەن. يىلاندەك تىۋىشسىز ماڭىدۇ، قۇشتەك ئۇچىدۇ ... ئۇنىڭ ئويلىمىغانلىرى يار.

— ئەگەر ئۇ ئاتىمەن دېسە ئاللىقاچان بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېتىۋېتەتتى. ئۇ نېمە ئويلاۋاتقاندۇ؟

— ئاۋازى قەتئىي. ئۆلۈمگە تەييار بىر ئاۋاز.

— شۇڭا، مەن سېنى چاقىرتىۋالدىم، بولمىسا ئۇ سېنى ئېتىۋېتەتتى، چاۋۇشۇم.

— راست ئېتىۋېتەتتى، — دېدى ئاسىم چاۋۇش ئۇھ تارتىپ، — بۇ بالا ئاجايىپ بولۇپ قاپتۇ، بۇ بالىدا بىر گەپ بار.

ئەلى توكۇر مەمەت قېچىپ كەتسۇن، مۆكۈنۈۋالسۇن دەپ، ئۇنىڭ تۇرغان يېرىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ ژاندارمىلارغا ئوق ئاتاتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرىدا تەلۋىلەرچە بىر خىل كۈلۈمسىرەش بار ئىدى، ئۇ تاڭ سۈزۈلگىچە ژاندارمىلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ تۇرۇپ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇنلا ئوق ئېتىشنى توختىتىپ، چەبدەسلىك بىلەن ژاندارمىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالماقچى ۋە ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇلارغا تاڭ ئاتقۇچە ئوق ئېتىپ چىققان شۇ مەمەتنى قىيالىقلاردىن ئىزدىمەكچى ئىدى.

— ئاسىم چاۋۇش، — دېدى يۈزبېشى ھاياجان بىلەن، — ئۇ يارىلانغان بولمىسۇن يەنە، يارىلىنىپ قاچالمايۋاتقاندۇ.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، يۈزبېشىم.

— ئاسىم چاۋۇش؟

— خوش، يۈز بېشىم.

— ئۇ ئۆز ئورنىغا بىرەر دوستىنى قويۇپ قويغان بولمىسۇن يەنە؟



— مەمەت ئۇنداق قىلمايدۇ، ئارقىسىدا قالغان دوستىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ قېلىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشىنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ، مەمەت ھېچكىمنى خاراب قىلمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا يارىلانغان ئوخشايدۇ.

— شۇنداقمۇ.

* * *

يىلانلار ئىسسىق تۈزلەڭلىككە چۈشەتتى. ھەربىر ئەجدىھادا يۈزلەپ باش.

— قۇۋۇ توكۇر، — دەپ كۈلۈمسىرىدى مەمەت، — ژاندارمىلارغا قارىتىپ ئوقنى ئاتىدۇ، ئاتىدۇ، ئەتىگەندە كۈن چىقماي تۇرۇپ توختىتىدۇ. ژاندارمىلار ئەتىگىنى، بەلكى بىر كۈن، ئىككى كۈن ئۆلۈكۈمنى قىيالىقلاردا يۈرۈپ ئىزدىشىدۇ، تاپالمايدۇ. كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشىدۇ. بىر ژاندارما چىقىپ بۇ ئادەممۇ، سېھىرگەرمۇ؟ دەيدۇ. بۇ ئىشلارغا ئەلى توكۇر كۈلۈپ كېتىدۇ. توكۇرنى تۇتۇۋالسىچۇ ... تۇيۇقسىز تۇتۇلۇپ قالسىچۇ؟ ... ئۇ چاغدا توكۇر يۈتىنى چىقىۋېتىدۇ ...

مەمەت ئەلى توكۇر بىلەن ژاندارمىلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرىنى پەرق قىلالايتتى.

ئېگىز چىنارغا يۆلىنىپ بىردەم ئولتۇردى. ئېتىلغان ئوقنىڭ ئىگىلىرىنى پەرق قىلىشقا تىرىشاتتى.

مېڭىسى قالايمىقان ئىدى. ھەمزە تاز، چوقۇر ئوۋا، قاچقان ئات، يانغىن، ئىدرىس بەگ مېڭىسىگە كىرىۋالغانىدى. ئىدرىس بەگنى ئوسمان چوڭ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ھۆرى ئانا نېمىدېگەن ياخشى، ئۇنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق، دوستچە، شەپقەتلىك سەمىمى چىرايى بار ئىدى. ئەلى توكۇر قانداق ئادەم بولغىيدى. ئادەم چۈشىنىپ بولمايدۇ. ئاقچەسار ياتاقلىقى، سەيران، جۈرئەتسىز، قورقۇپ كەتكەن دېھقانلار ... سەيراندەك چىرايلىق قىز بۇ

دۇنياغا ئىككىنچىلەپ كەلمىگەن، دېيىشىدۇ. قىبرىلار قورقماس، ھۆرى ئانا، ئوسمان چولاق ... قىبرىلار بەكرەك مەرد ... بولۇپمۇ ئاياللار ئەرلەردىن مىڭ ھەسسە يۈرەكلىك، جۈرئەتكار ... ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى تۇرىدۇ. تۇردى تەلۋە ... ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ... مىڭ باشلىق ئەجدىھا ... مىڭ بېشىنى چېپىۋەتسەڭ ئورنىغا مىڭ باش ئورماندەك ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنى كېسىۋەتسەڭ ئۇنىڭدىنمۇ يوغان ئورمان پەيدا بولىدۇ ... بىردىنلا تۇردى ... تەلۋىنىڭ ئۈستىگە قارا قاغىدەك يۈزلەپ بالا ئولىشىدۇ ۋە شۇ زامانلا تارقىلىدۇ. قارىساڭ تۇردى تەلۋە يوق. پەقەت ئۆتۈك كىيگەن بىرلا پۇتى توپىلارنىڭ ئىچىدە قانغا مىلىنىپ تۇرىدۇ. چوقۇر ئوۋادا ئادەم كۆپ، تاغلاردا ئادەم كۆپ، دۇنيادا ئادەم كۆپ، ئاغا ئاز. نېمە ئۈچۈن ئادەملەر ئاغىلارنىڭ بېشىنى قوشلاردەك چوقۇمايدۇ؟ چوقۇۋېلىشسا نېمە بولىدۇ؟ دەپ ئۆزىدىن سورايتتى مەمەت ... مىڭ باشلىق ئەجدىھا. كارامەت يۈلۈت ... بىر قىلىچ مىڭ باشلىق ئەجدىھانى چاپىدۇ، توختىماي چاپىدۇ. قىلىچ گاللىشىپ، ئادەم ھارىدۇ. بىراق ئەجدىھانىڭ بېشى چاپقانسېرى كۆپىيىدۇ ...

قالايمىقان ئويلار ... ئاناۋارزا قەلئەسىدىكى تۇردى پاشانىڭ سارىيىنى ... بىر زامانلار چوقۇر ئوۋاغا ...

ئالدىدا، بۇرنىنىڭ تۈۋىدە بىر سايە پەيدا بولدى. مەمەت قورقۇپ سەسكىنىپ كەتتى. بىر تۈلكە يەرنى پۇراشتۇرۇپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. مەمەت مىدىرلاش بىلەن ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سۆرەپ ئارقىغا قايتتى ۋە قېچىپ كەتتى. مەمەتنىڭ يۈرىكى دۈك - دۈك سوقاتتى.

خېلى ۋاقىت دېمىنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. پۈتۈن بەدىنى سىرقىرايتتى، بىر قەدەم ماڭغۇدەك مادارى قالمىغان، ھالسىز ئىدى. ھەمزە تازىنىڭ قىلغان ئىشلىرى، دۇرمۇش ئەلى ئاغىنىڭ ئۆلۈمى، ھۆرى ئانىنىڭ ئەھۋالى، دەگىرمەن ئۆلۈك بېزىسىنىڭ ئەھۋالى، چېكەتكىلىرى،



ئېتىزلار، زۇلۇم قىلىشلار، ئاچ قالغان دېھقانلار، مىڭ باشلىق ئەجدىھا ...

جىلغىدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭاتتى. جىلغا قاراڭغۇدا بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ۋە قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئوڭ تەرەپتىكى ئورمان ھۆۋۈلدايتتى. ئاي يورۇقىدا ئاسماندىن قارا مۆلدۈر چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. جىلغىنىڭ ھەممە يېقى گۈرۈلدەيتتى، ھۆۋۈلدايتتى. جىلغا بىر يېپىلىپ، بىر ئېچىلغاندەك بولاتتى. دەرەخلەر، سۇلار، قىيا تاشلار ... بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، يەنە ئاجرىشاتتى. ئورمان ئۈستىگە ئورمانلار دۈۋىلىنىپ يەرگە چۈشەتتى. گۈمبۈرلەيتتى ... مەمەتنىڭ بېشى ئايلىناتتى. ئورمان، جىلغا، سۇلار، قۇشلار، گۈللەر، يۇلغۇنلار، ئىسسىقتا قاغجىراپ كەتكەن، كۆكۈچ پارقىراپ تۇرغان ئاناۋارزا قەلئەسى، ئەلى تېغى، يورۇقلۇق، ئوق، ئۆز ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئاتلار جىلغىدىن تۆۋەنگە قاراپ دۈپۈرلەپ چۈشەتتى. مەمەتنىڭ بېشىدا قالايمىقان بىر دۇنيا پىرقىرايتتى، قۇلاقلىرى ۋىڭىلدايتتى، قۇلىقىدا ئوق ئاۋازلىرى ... مەمەت دەھشەتلىك سەل ئىچىدە دومىلايتتى. بىرى ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ جىلغىدىن تۆۋەنگە تارتاتتى. بۇرنىغا گۈلنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كەلدى. ئاچچىق پۇراق ھەممە ياققا تارالدى. مىلتىق دورىسى پۇرىدى، مىلتىق دورىسىنىڭ پۇرىقى تەر پۇرىقىغا ئارىلىشىپ كەتتى.

ئاي ئولتۇردى، قاراڭغۇلۇق تېخىمۇ كۈچىيىپ مەمەتنى ئورىۋالدى. بۆرىلەر، قۇشلار، چىلبۆرىلەر، ئېيىقلار، جەرەنلەر، ياۋا ئۆچكىلەر، كېيىكلەر، ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك بۇغىلار، يىلپىزلار، ئەجدىھالار، ئاتلار، ياۋايى ياكى ئۆي ھايۋانلىرى قاراڭغۇدا جىلغا تۆۋەنگە ۋارقىرىشىپ، چۇرقىرىشىپ چۈشەتتى. مەمەتنىڭ بېشى ئايلىناتتى، كۆزى قاراڭغۇلىشاتتى. يۇلتۇزلار، ئورمانلار چايقىلاتتى، جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە، قاراڭغۇلۇققا ئاقاتتى.

مەمەتنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدىكى تاشلار يۇمىلايتتى. تاشلار تاغ يامزىلىدىن پەسكە سەلدەك ئاقاتتى. مەمەتمۇ ئېقىۋاتقان تاشلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئاقاتتى.

ھەمزە تازنى ئەسلەشكە تىرىشاتتى. كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بىردىنلا يوقىتىپ قوياتتى. پېشانىسىدە تاتۇقى بار دەپ ئەسلىدى ... ئۇنىڭدىن باشقا، قوللىرى كارامەت ئۇزۇن ئىدى. تىزىغا چۈشەتتى. بىر بۇلۇڭدا ئاپتاپلىنىپ ئولتۇراتتى. ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى، ئاپتاپتا بەزدەك ئولتۇرۇپ تەرلەپ كېتەتتى. مەيلى قىش، مەيلى ياز، يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتەتتى. يۈزى چەمىدەك كۆرۈنەتتى. تېرىسى قوپال، قوتاز تېرىسىدەك قېلىن ئىدى. دېھقانلار: «بۇنىڭ تېرىسىدىن ئوق ئۆتمەيدۇ» دېيىشەتتى. ئابدى ئاغا قاچانلاردا، نېمە ئۈچۈن قوغلىۋەتكەن؟ مەمەت بۇنى ئەسلىيەلمەيتتى. چوڭ ئېقىن سۇنىڭ ئۈستىدە ئوت كۆيەتتى. ئەجدىھالار، بۇلۇتلار سۇدا ئاقاتتى ... ئاپپاق بۇلۇت توپلىرى ... بەكمۇ ئاق، نۇرلار ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ...

بىردىنلا ھەممە ھۇۋۇلداش، گۈمبۈرلەش توختىدى. مەمەت ئىشىنىپ بولالمايدىغان بىر خىل جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆزىگە كەلدى. دۇنيا جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. مەمەت غەلىتە بولۇپ قالدى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە: قاراڭغۇلۇق، كېچە، يورۇقلۇق، ئورمان، يەر، ئۆيلەر يوقاپ كەتكەنىدى. خۇددى ئۆزىمۇ يوقاپ كەتكەندەك. مەمەت چوڭقۇر نەپەس ئالدى. جىمجىتلىق ئاخىرلاشمايتتى. ئەتراپىغا قارىدى، ھەممە يەر بىر خىل قاراڭغۇ. ئىككى قەدەم چامدىدى، قۇلىقىغا يوش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، «شىرىق» قىلغان بىر ئاۋاز، كېيىن يۆتەلگەندەك بىر ئاۋاز كەلدى، بىر ئىشىك ئېچىلدى. بىر يورۇقلۇق تاشقىرىغا ئۇرۇلدى. مەمەتنىڭ كۆزلىرى قاماشتى. بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. بىر ئادەم ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئىچكىرىگە سۆرىدى.

ئاق، ئۇزۇن ساقال كۆزلىرىنىڭ ئالدىدىن سۇدەك ئۆتتى.

— ساڭا نېمە بولدى، بالام؟ — دېدى ئاق ساقال.



بىر ئايال ئۇنى سىلىدى. ئاۋازى ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى. ئەللەي ناخشىسى ئېيتىۋاتقاندەك سۆزلەيتتى. مەمەت ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتى، يېقىملىق ئاۋازنى بېرىلىپ تىڭشايتتى، ھوشىنى يوقىتىپ قوياتتى.

— قانغا بويىلىپ كېتىپسەن، بالا، ئۈستىبېشىڭ پۈتۈنلەي قان، — دېدى ئايالنىڭ تاتلىق ئاۋازى.

مەمەتنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئېچىشقا ھەرىكەت قىلاتتى، چىشلىرىنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتالمايتتى. ھەرقاچان خاپا بولغاندا مۇشۇنداق بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ خۇيى ئىدى.

مەمەتنىڭ قۇلىقىغا يىراقلاردا سۆزلىشىۋاتقاندەك سۆزلەر ئاڭلىناتتى.

— بالىنى ياتقۇزايلى.

— ئوق تەگكەنمىكەن؟

— يارىسى يوق.

— ئەمىسە نېمە بولغاندۇ؟

— كىم بىلىدۇ ...

— تەگە يوشۇرۇپ قويايلى.

— ژاندارمىلار بۇ يەرلەرگىمۇ ئىزدەپ كېلەرمۇ؟

— تېخىچە كىچىك بالا.

— زادىلا چوڭ بولماپتۇ.

— بۇ قانلار نەدىن چىققاندۇ؟

— تاشلار تىلىپ، تىكەنلەر سانجىلىپتۇ ... ئوق ئىزى يوق.

— ياخشىراق قاراپ باق.

— ھېچقانداق يېرىدە يارا يوق.

— مۇشۇ ھالدا بۇ يەرنى قانداق تاپقاندۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيىنى قانداق تېپىپ كەلگەندۇ؟

— مۇشۇ ھالدا ...

ئاۋازلار ئاڭلانماي قالدى. مەمەت ئوڭ يېقىدىن سول يېقىغا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇلدى، ئىڭرىدى، بىرنەرسىلەرنى دېگەندەك

قىلدى، چىشلىرى ئېچىلمەيدى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن چىشلىرى ئاجرىدى. جۆيلۈدى: «ئەجدىھا ... ھەمزە قارا، تاز ... نېمە بولار؟ نېمە، نېمە بولاتتى؟ قەمەر ... سەيرا ...»

جىم بولدى، ئۇخلىدى، خاتىرجەم ئۇخلايتتى، ئەركىن نەپەس ئالاتتى.

نامازدىگەرگىچە ئۇخلىدى، بىردىنلا چاچراپ تۇردى، يېنىدىكى مىلتىقنى ئالدى، دەلدەڭشىپ قالدى، دەل شۇ چاغدا سۇلايمان تۇتۇۋالدى. مەمەت كۆزلىرىنى ئاچتى. سۇلايماننى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى. كېرىلدى. ھودۇقۇش بىلەن ئەتراپىغا قارىدى. سۇلايماننىڭ قېرى خوتۇنى يېنىغا كەلدى. ھېچ نەرسە بولمىغاندەك:

— ياخشى كەپسەن، بالام، — دېدى.

مەمەت ئەللەي ئېيتقاندەك يېقىملىق، تاتلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەممە ئىشنى بىلدى.

— ھە ... سالامەت كەپسەن، باتۇر ئوغۇل ! — دېدى سۇلايمان، — بىزمۇ سېنىڭ ئېسىڭگە چۈشىدىكەنمىز - ھە، قوشقاچچىلىك جېنىمىز قالدى، خۇداغا شۈكۈر، سېنى كۆردۇق، باتۇر يىگىت، — خوتۇنىغا قاراپ، — خوتۇن، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، يالا ئاچ، بىچارە ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپتۇ ... — دېدى.

— قازاندا سۈيۈقئاش بار، ھازىر ئەكىلىمەن، — دېدى ئايال.

سۇلايمان مەمەتنى قۇچاقلاپ:

— باتۇر ئوغۇل، مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم، شۇنچە زاماندىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ؟ نېمىلەرنى قىلدىڭ، نەلەردە؟ — دەپ سورىدى.

ئايال شۇ زامانلا داستىخان سالدى. سۇلايمان:

— ئولتۇرغىن، باتۇر بالام، — دېدى - دە، مەمەتنى قويۇۋەتتى. مەمەت داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. چوڭقۇر ئاپقۇردىكى قىزىل مۇچىتا قىزىرىپ تۇرغان سۈيۈقئاشنىڭ يۈزىدە ماي چەلگىشىپ تۇراتتى. سۈيۈقئاشقا سامساق، ئاشكۆكى سالغانلىقىدىن گۈپۈلدەپ پۇرايتتى. سۈيۈقئاشتىن ھور چىقىپ



تۇراتتى، ئۇنىڭ لەززەتلىك سۈيۈقئاش پۇرىقى بىر ئالغانىدى.

ئايال مەمەتنىڭ قولىغا قوشۇقنى تۇتقۇزۇپ:

— چاققان ئىچ ! — دېدى. مەمەت بۇ سۆزنى ئەسلىيەلمەيدىكەن؟ خېلى يىللار بۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىغا ھورى چىقىپ تۇرغان بىر ئاپقۇر سۈيۈقئاشنى قويغانىدى. مەمەت كۈلۈمسىرىگەن كۆزلىرى بىلەن مۇلايىمغىنا قاراپ قويدى. ئۆتمۈشنى، بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلىدى.

— چاققان ئىچىمەن، — دېدى.

سۇلايمان چوڭمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەمەت ئاۋاق، — دېدى، — گېپىمنى ئاڭلا، سۈيۈقئاش ئىسسىق، ئۇنچىلىك ئالدىراپ ئىچمە، ئاغزىڭنى كۆيدۈرۈۋالىسەن !

— مېنىڭ ئاغزىم كۆيەمتىمۇ؟ — دەپ خۇشال بولدى.

مەمەت، سۇلايمان چوڭ، ئايال بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرىشەتتى. سۇلايمان چوڭ كېيىن جىددىي ھالدا:

— ماڭا قارا، مەمەت ئاۋاق، خاتىرجەم بول، بۈگۈن ئەتىگەن سوراپ سۈرۈشتۈردۈم، ئەلى توكۇر ژاندارمىلارنى باشلاپ سېنىڭ ئىزىڭنى قوغلىشا - قوغلىشا چىچەكلى جىلغىسى تەرەپكە مېڭىپتۇ. شۇڭلاشقا، سۈيۈقئاشنى ئالدىرىماي ئىچ !

— ئالدىرىماي ئىچىمەن، — دەپ كۈلدى مەمەت.

سۇلايمان چوڭ مەمەتنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ يېقىملىق سۆزلىرىنى باشلىدى.

— ھە، مېھمىنىم، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىسەن؟

مەمەتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ساپسېرىق نۇر پارقىراپ، مېڭىسى جاڭىلداپ كەتتى. ھېلىقى پولات ئۇچقۇنلىرى كۆزىگە قادالدى. بويىنىنى پۈكۈپ:

— دەگىرمەن ئۇلۇكتىن كېلىپ، ئاۋۇ يېزىغا كېتىۋاتىمەن، ئاغا، — دېدى.

— دەگىرمەن ئۇلۇكنى بىلىمەن، لېكىن ئاۋۇ يېزا دېگىنىڭ نەدە؟

مەمەتنىڭ يۈرىكىنى چەكسىز قايغۇ مۇجۇۋالدى. بىراق، سۇلايمان چوڭنى قايغۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ بىلىندۇرمىدى.

— مانا شۇنداق، ھېلىقى يېزىغا كېتىۋاتىمەن. ئۇ يېزىغا بېرىپ ئۇ ئادەمنى تاپىمەن، تاغا.

— بالام، تاپالامسەن؟

— تاپىمەن! — دېدى مەمەت ئىشەنچ بىلەن.

دەگىرمەن ئۆلۈكنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىدىغاندۇ؟

— ئوغلۇم، دەگىرمەن ئۆلۈكتا كىمنى كۆردۈڭ؟

— ھېچكىمنى، ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمىدىم، تاغا، — دېدى، بىراق كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

سۇلايمان مەمەتنىڭ ھەممە ئىشنى بىلگەنلىكىنى چۈشەندى، گەپنى باشقا ياققا بۇراپ:

— خۇدايىم بۇيرۇسا ھېلىقى يېزىغا بېرىپ ئۇ ئادەمنى تاپارسەن، — دېدى.

— چوقۇم تاپىمەن.

سۇلايمان چوڭ ئۇزۇن ئىچىدە: «ئۇ يېزا تېپىلمايدۇ، مەن يەتمىش يىل ئۇ يېزىنى ئىزدىمەكتىمەن. ئۇ يېزىدىكى ئۇ ئادەمنى. بۇ دۇنيادا ئۇ يېزا يوق. زادىلا يوق، جېنىم بالام. قېنى ئىزدەپ باق، ئەمدى سەن ئىزدە، دۇنيا پەيدا بولغاندىن بېرى ھەممە ئادەم ئۇ يېزىنى، ئۇ يېزىدىكى ئۇ ئادەمنى ئىزدەۋاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

مەمەت ئىسسىق سۈيۈقئاشنى ئىچىپ تۈگەتتى.

— ئۇھ، قورسىقىم ناغرىدەك بولۇپ كەتتى.

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. ئايال داستىخاننى يىغىشتۇردى. يەنە جىمجىتلىق. سۇلايمان چوڭنىڭ ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى كېلىشتى. مەمەتكە قورقۇپراق قاراشتى. تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئىشلارنى ئاڭلىغانىدى. مەمەت يەرگە قارىۋالغانىدى. سۇلايمان چوڭ ئۇنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.



بىرھازادىن كېيىن مەمەت بېشىنى كۆتۈردى، پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدە سوئال ئالامىتى بار ئىدى. سۆزلەشكە باشلىدى. توختىماستىن سۆزلىدى. ئاڭلىغانلىرىنى، ئويلىغانلىرىنى، ھەممىنى ئۇششۇقچۇق، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلەيتتى. سۇلايمان چوڭ، ۋايۋايلىمىقلار، سەيران، ئاقمازارلىقلار، ئىدرىس بەگ، ئەلى ساپا، ئارىپ سايىم بەگ، ھۆرى ئانا، ھەمزە ئاز ... پۈتۈن ئىشلارنى سۆزلىدى.

— ئابدىنى ئۆلتۈردۇق. ئۇ زالىم ئىمانسىزنىڭ بىرى ئىدى. ئانام تۈگىدى، خەدىچە تۈگىدى، مەنمۇ تاغلارغا چىقىپ كەتتىم. ئۆلۈمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن. نېمە ئىشتۇ؟ ھەمزە ئاز يېزىغا كەپتۇ. ھەمزە ئازنىڭ يېزىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقى زادىلا ئەقلىمگە كەلمىگەنىدى ... يەرنى ئارتىۋېلىش، دېھقانلارنى خانىۋەيران قىلىش ئەقلىمگە كەلمەيتتى ... ھازىر شۇ ھەمزە ئازنى ئۆلتۈرەي دېيمەن. بىراق، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە يامان ھەمزە ئازدىن يەنە بىرى چىقىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، سۇلايمان تاغا، ماڭا ئەقىل كۆرسەت!

— بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا، — دېيەتتى سۇلايمان چوڭ، — سۇلار ئۇزۇن خەندەكلىرىگە چۈشىدۇ. ئادەملەر تۇغۇلىدۇ، كۈن چىقىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، دەرەخلەر ئۆسىدۇ، چىرىيدۇ، سۇلار ئاقىدۇ، بۇلۇتلار ئۈزىدۇ. بىر ئاغمىنى ئۆلتۈرسەڭ، ئورنىغا يەنە بىرى چىقىدۇ. يەنە ئۆلتۈرسەڭ يەنە چىقىپ تۇرىدۇ.

— يەنە بىر قېتىم، يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرىمەن، يەنە چىقىدۇ، يەنە چىقىدۇ، يەنە پەيدا بولىدۇ. ئابدى كېتىدۇ، ھەمزە كېلىدۇ. ھەمزە چىقىدۇ، — دېيەتتى مەمەت جۆيلۈگەندەك قىلىپ، — ھەمزە كېلىدۇ. ھەمزە كېلىدۇ. ھەمزە كېلىدۇ ...

— ھەمزە كېلىدۇ! — دېدى سۇلايمان ۋارقىراپ، — دىنسىز ھەمزە! — ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يەنە ئولتۇردى. ئۇزۇن ئاق ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

## 28

ئەلى توكۇر ئىز قوغلايتتى. ئۇ قولدا توقۇلغان، ياڭاق شاكىلى بىلەن بويالغان بېغىر رەڭ، يوللۇق يۇڭ شالۋۇر كىيگەن، بېلىگە قارا يوتا باغلىغان، يوتىسىغا تاپانچا قىستۇرۇۋالغانىدى. ئەڭ ئارقىدا توكۇر يۈتنى سۆرەپ ماڭاتتى. ئۇ كەسمە يېزىسىغا قاراپ ئىز قوغلىشاتتى. مەمەتنىڭ شۇ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. ئەلى توكۇرمۇ بۇنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەمەتنىڭ سۇلايماننىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئەلى توكۇرنىڭ قېشىدا داڭلىق بىر ئىزچى بار ئىدى، بۇ ئىزچى ئەلىمىستانلىق بولۇپ، ئۇنى يەل تاپان مۇسا دېيىشەتتى. ئۇ قېرى، ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، تېرىسى سۆڭىكىگە چاپلىشىپ كەتكەن قاپقارا ئادەم ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى قارىسا يۈزبېشى پاروخ بۇ ئادەمنى باشلاپ كېلىۋاتقان. يۈزبېشى يەل تاپان مۇسانى يۇرۇتتىن تارتىپ بىلىدىكەن، مەمەت ئاۋاقىنىڭ ئىشى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئەلىمىستانغا خەۋەر يوللىغان، يەل تاپان مۇسانى ئالدۇرۇپ كەلگەنىدى. يەل تاپان مۇسا چۇقۇر ئوۋادا، ماراش، ئانتەپ ئەتراپلىرىدا داڭلىق ئىزچى ئىدى. ئۇنىڭ داڭقى تاكى ھالەپكىچە تارقالغانىدى. ئەلى توكۇرنى پەقەت دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىكى دېھقانلار، توروس تاغلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ بىر قىسمى تونۇيتتى.

يەل تاپان مۇسا كەم سۆز ئادەم ئىدى. ئەلى ئۇنىڭ كارامەت ئۇستا ئىزچى ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشقا باشلىغانىدى.

ئىز قوغلاشنى مەمەتنىڭ تۈنۈگۈن مۆكۈنۈپ ياتقان قىيالىقىدىن باشلاشتى. كۈن ئوچۇق ئىدى. ئەتىيازنىڭ ئىسسىقى باشلىنىپ گۈللەر يۇراشقا باشلىغانىدى. تاڭ سەھەر شامىلىدەك بىر خىل مەيىن شامال چىقىۋاتاتتى. شامال گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ



يۈرگەن ھەرىلەرنىڭ قاناتلىرىنى تىترىتەتتى. قىيالىقلارنىڭ ئارىسىدا، ياپيېشىل چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە پاكار - پاكار، ئوچۇق رەڭلىك سېرىق گۈللەر، سەلەب گۈللىرى، چوغدەك قىپقىزىل لالە گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇن ئۆسكەن سېرىس گۈللىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇراتتى. گۈللەرگە ھەرىلەر قونۇۋالغان، كۆك يۈزىمۇ يۇراپ تۇراتتى. تۈزلەڭلەرنىڭ، تاغلارنىڭ، ئېتىزلارنىڭ، بۇلاق باشلىرىنىڭ، سەل دالالىرىنىڭ، ئورمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئۆسۈملۈكلىرى، يۇراقلىرى بولىدۇ. قىيالىقلارنىڭ بەكمۇ ئالاھىدە ئۆسۈملۈكلىرى، ئالىرىم بىر خىل يۇراقلىرى بار. قىيالاردا باھار شامىلى يەلپۈپ تۇرىدۇ. قىيالاردىكى يۇراق ۋە رەڭلەر ئادەمنى خۇشاللىققا چۆمدۈرىدۇ. بولۇپمۇ باھار كۈنلىرى كۈن ئوچۇق ۋە ئىسسىق بولسا، تاڭ شامىلىدەك مەيىن بىر شامال چىقىپ تۇرسا، خۇش يۇراق گۈپ - گۈپ ئۇرۇپ تۇرسا، ئۆتكۈر، ئىنچىكە، بىلىنەر - بىلىنمەس ھور قىيالار ئۈستىنى قاپلاپ تۇرسا ... باھار مانا شۇنداق ئەركىلەپ تۇرسا ...

بولۇق ئۆسكەن ئوتلارنىڭ، ھەر خىل بۈيىننىڭ، گۈلنىڭ، رەڭنىڭ ئارىسىدا قىيالىقلار ئالاھىدە گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ياتقاق ھىدىمۇ يۇرايتتى، يۇراقمۇ چىقىۋاتقان شامال بىلەن تەڭ كېلىپ - كېتەتتى. گۈللەرنىڭ ئاستىدا ئاجايىپ رەڭلىك كىچىككىنە قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرى بار ئىدى. كىچىك، كۆك، يېشىل، قىزىل، ئوچۇق يېشىل رەڭلەردىكى ئۆمۈچۈكلەر گۈلدىن - گۈلگە، گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بىلىنمىلىك شاخلاردىن - شاخلارغا ئالىقاندەك مىڭلاپ تورىنى توقۇغان، تورلىرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىشاتتى.

كىچىك ئاق موگۈلار قىيالىقتىكى توپىلارنى بېرىپ چىققانىدى.

ئەلى توكۇر قورقاتتى. بەكمۇ قايغۇراتتى. شۇ ئىتنىڭ بالىسى

يەل تاپان مۇسا دەھشەتلىك ئىز قوغلايتتى. ئۇ، مەمەتنىڭ ئىزنى خاتالاشماستىن تېپىپ، ئىزنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇنداقلا ماڭىدىغان بولسا، بۇ ئىزلار تويتوغرا سۇلايماننىڭ ئىشكى ئالدىدا ئاخىرلىشاتتى.

ئەلى توكۇر بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇنى ئېزىقتۇرۇشقا، ئىزنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا تىرىشتى، بۇ چاغدا يەل تاپان مۇسا ئۇنىڭغا شۇنداق بىر قارىدىكى، بۇ مەنىستىمەسلىكلەرگە تاش بولسىمۇ ئېرىپ كېتەتتى. ئەلى جىم بولۇۋالدى. باشقا ئامال ئىزدەشكە تىرىشتى. ئۈمىدى ئۈزۈلگەندى، بۇ نومۇسسىز ئەبلەخ مەمەتنى تاپمىغىيدى! يۈزبېشى پاروخ، ئاسىم چاۋۇش، ھەمزە ئاغا، ژاندارمىلار تۆۋەندىكى چىغىر يولدىن كېتىۋاتاتتى.

ئەلى توكۇر بۇ چىرايلىق باھار كۈنلىرىدە، يۇراقلار، ئاپتاپلار ئىچىدە توختىماستىن تەرلەيتتى. ئۆمرىدە بۇنىڭدىن تەس كۈنگە قالمىغانىدى. بىرلا ئامالى بار ئىدى. بۇ ئامال سۇلايمان چوڭنىڭ ئۆيىدىكى مەمەتكە خەۋەر قىلىپ قويۇش ئىدى. يەل تاپان مۇسا ئوتتۇرا ھال بىر ئىزچى بولغان بولسىدى، ئۇنى ئېزىقتۇرۇش، باشقا تەرەپكە باشلاپ يۈرۈپ كەچكە قالدۇرۇش، كېچىدە ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا ئۆزى بېرىپ سۇلايماننىڭ ئۆيىدىكى مەمەت بىلەن كۆرۈشۈش ... لېكىن ھازىر بۇ ئىشلارنى قىلالمايتتى. يەل تاپان مۇسانىڭ كۆزىدىن ھەرقانداق ئىز قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

بىر چاغدا، قىيالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ بوشلۇققا كەلگەندە ئىزلار كۆپىيىپ كەتتى. ئىزلار تۆت تەرەپكە تارقالغانىدى. مۇسا يەل تاپان ئۇزاققىچە بۇ ئىزلارنىڭ بېشىدا ئاۋارە بولدى. تەرەپلەرنى، ئىزلارنى ئۆلچىدى. ئەلى دەل بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تاغقا توغرا كەتكەن بىر ئىزنى كۆرسەتتى. مۇسا يەل تاپانمۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئەلىگە ئەگىشىپ تاغقا يامىشىشقا باشلىدى. خۇشاللىقىدىن ئەلىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىققىلى تاس قالدى.

مۇسا يەل تاپان ئىزنى بىر ئاق خادا تاشنىڭ تۆۋىدىكى ئۆڭدەك



يۇمشاق، ئوت ئۈنمىگەن. قوڭۇر يەرگىچە قوغلاپ باردى. بۇ يەردە مىڭلاپ ئىز تۇراتتى. ئەلى بۇ ئىزلارنى قايتا ـ قايتا سىنچىلاپ تەكشۈرەتتى. بۆرە، تۈلكە، چىلبۆرە، ئات، يىلپىز ئىزى ... سار، كەپتەر، سۇمسەر، قاراقاغا ئىزلىرى ... يۈزلەپ ئىز بۇ يۇمشاق توپىغا تامغا باسقانىدى. مۇسا يەل تاپان بۇ يەردىمۇ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ، بىر ئادەمنىڭ ئىزى بولۇپ، بۇ ئىز قىيانىڭ ئۈچىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

ئەلى توختىماستىن گەپ قىلاتتى، مەمەتنى، مەمەتنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى، باتۇرلۇقىنى، ئابدى ئاغىنى، ئۇنىڭ زۇلمىنى، مەمەتنىڭ ئابدى ئاغىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى، خەدىچەنى، ئىرازنى، چىقىرتكەنلىكىنى، ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدا يارتىلغان يورۇقلۇقىنى، مەمەتنىڭ غايىبلارغا ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلاتتى. شۇ يول بىلەن ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتەتتى. ئەلى شۇنچىلىك ئايلاندۇرمىسا يەل تاپان مۇسانى، بۇنىڭدەك ئىزچىنى ئازغاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تاغنىڭ چوققىسىغا توغرا ئىز قوغلىمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

يەل تاپان مۇسا ئىزنى يالغۇز ئاق قىيا تاشنىڭ ئۈچىغا قاراپ قوغلاپ، مىڭ تەسلىكتە تاشقا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا، ئەلى توختىماستىن سۆزلەيتتى، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ مەمەت ھەققىدە سۆزلەيتتى.

— ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىر يامانلىق قىلغان ئادەمنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنى يوق، چوقۇم جاجىسىنى يەيدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن، ئاغىنە. ئۇ كامالەتكە يەتكەن بىر ئادەم، ئۇڭايلىقچە تېپىلمايدۇ. ئۇ غايىبلارغا قوشۇلۇپ كېتەمدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭغا يامانلىق قىلالمايدۇ. ئەگەر بىرەرى ئۆزىنى چاغلىماستىن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىپ قويسا، يەنى ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى كۆزگە كۆرۈنمىگەن چاغلاردا بىپەرۋالىق بىلەن يامانلىق قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەم زادىلا

ئىلگىرى كەلمىگەن، كېلەلمەيدۇ ھەم. ئاغىنە، ئوسمانجا ئېمە ئۈچۈن ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالدى؟ بۇنى سەن بىلەمسەن، ئېمە ئۈچۈن؟ دەپ بېرەمسۇ ... شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەلى تېغىنىڭ ئۈستىدە ئوت پارتلاپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يانغان چاغدا ئوسمانجا مەمەتنى راھىبىنىڭ كۆزى بار يەردە كۆرۈپتۇ. بۇنى كېلىپ يۈزبېشىغا دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈزبېشى مەمەتنى قورشىۋاپتۇ. قىزىل قېنىنى قارا تويىغا ئېقىتىپتۇ، مەمەت ئازراق يارىلىنىپتۇ. ئوسمانجا سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، قارىسا ئىككىلا كۆزى كۆرمەپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇران گاچىنىڭ ئەھۋالى ھەم شۇنداق. ئۇ مەمەتنىڭ بار يېرىنى يۈز بېشىغا خەۋەر قىلغانلارنىڭ بىرى. ئۇ خەۋەر يەتكۈزۈش بىلەن ژاندارمىلار مەمەتنىڭ خوتۇنى خەدىچەنى ئېتىۋېتىپتۇ. خەدىچەنىڭ قىزىل قېنى قارا تويلارغا تۆكۈلدى، ئۇنى ئۆلتۈرگەن ژاندارمىنىڭ جېنى شۇ يەردىلا چىقتى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئەلى تېغىنىڭ بېشىدا قارا بوران چىقتى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ كەتتى. يەر ۋە ئاسمان ئالتوپىلاڭ بولۇپ كەتتى. ئەلى تېغى ئورنىدىن قوزغالدى، گۈركىرىدى، تىترىدى، دەھشەتلىك، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق يامغۇر ياغدى، سەللەر تاشتى. ئاڭلىساق، تۇران گاچىنى، تۇغقانلىرىنى، تونۇشلىرىنى سەل ئاققۇزۇپ كېتىپتۇ. ئات - كالىلىرىنىمۇ ئېقىتىپ كېتىپتۇ، ئۆلۈكلىرىمۇ تېپىلماپتۇ. ئەمدى ئۆزۈمنى دېسەم، مەمەت قىز ئەپقېچىپتۇ، بۇ قىز ئابدىنىڭ جىيەنىنىڭ ئالىدىغان قىزى ئىكەن، قىزنى ئېلىپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنى يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ماڭا ئىز قوغلايسەن دېگەن خەۋەر كەلدى. ئالدىمىزدىكى قىيالىقلاردا ئىز قوغلاشقا باشلىدىم. قىيالىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا — ئالدىمدا پانجار ھۆسۈك ئىسىملىك بىر ئۆلىما چىقىپ كەلدى. ئۇ شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئادەمكى، نەپىسى قىلىچتەك ئۆتكۈر، ئۇ زات ماڭا: « ھەي ئەلى، يائاللا، سەن مەمەتنى تاپىمەن، ئاشىق - مەشۇقلارنى ئايرىۋېتىمەن



دېمە! مەمەت ئاۋاق دېگەن بالا ئادەتتى ئادەملەردىن ئەمەس، ئاخىر بېرىپ بېشىڭغا بالا - قازا تېرىيدۇ » دېيدى. بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپلا، پانجار ھۆسۈك ئەۋلىيا كۆزدىن غايىب بولدى. ياشلىق قىلدىم، گېپىنى ئاڭلىمىدىم، ئىزىنى قوغلاپ تاپتىم ... مەمەت ئابدىنى ئاتتى، جىيەنىنى ئاتتى، ئۆلتۈردى. مەن ئۇ يەردىن قايتقىنىمدا يولدىلا پۇتۇمغا بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى. كۆرۈلۈپ باقمىغان، چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق ... ئاۋازىم ئەرشكە چىقتى، قۇشلاردەك كېچە - كۈندۈز بىر ئاي چىرقىراپ نالە قىلدىم. پانجار ھۆسۈك ئەۋلىيا نالە - پەريادلىرىمغا چىدىماستىن كېلىپ دەم سېلىپ قويدى. ئاغرىقلىرىم بېسىلدى، ئەمما بۇ پۇتۇم توكۇر بولۇپ قالدى. مەن مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىزىنى قوغلىمايمەن. قوغلىغانغا تويدۇم. ئەمدى ئۇنىڭ ئىزىنى قوغلىماي دېگەن، بىراق ھۆكۈمەت ياقامنى قويۇپ بەرمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىزىنى قوغلىغاندەك قىلىپ يۈرىمەن. كۆرۈنۈشتە ئىز قوغلىغاندەك قىلىپ، مەمەت بۇ تەرەپكە كەتكەن بولسا، ئۇ تەرەپكە ياشلاپ ماڭىمەن. مەمەت زادىلا ئادەتتى ئادەملەردىن ئەمەس. ئەلى تېغىنىڭ بېشىدا ... ئۈچ كېچە - كۈندۈز ... يوغان بىر توپ يالقۇن ... ئېگىز مۇنارلاردەك ... شۇنچىلىك دەھشەت بىلەن يالقۇنجىدىكى، ئەتراپ كۈندۈزدەكلا بولۇپ كەتتى. پۈتۈن توروس دېھقانلىرى كۆردى. راست، مەمەت ئاۋاق ئادەم ئەمەس! ...

يەل تاپان مۇسا ئاق قىيا تاشنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئولتۇردى. بېشىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى، يۈزى سارغىيىپ تاتىرىپ كەتتى، لەۋلىرى تىترەيتتى. ئەلىمۇ تولا سۆزلەپ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئۇمۇ يەل تاپان مۇسانىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئاقساق پۇتىنى يەل تاپان مۇسانىڭ ئالدىغا، بۇرنىنىڭ ئۇچىغا ئەكېلىپ سوزدى. يەل تاپان مۇسا چاندۇرماستىن بىر ئەلىنگە، بىر ئاقساق پۇتىغا قارايتتى.

— ھېرىپ كەتتۇق، — دېدى ئەلى، — بۇ يىگىت مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسىدا بولۇشى مۇمكىن. كەچقۇرۇن تاغنىڭ

چوققىسىغا يېقىنلىشىمىز. ئەگەر مەممەت شۇ يەردە بولسىلا ئاخشاملىققا كارامەت بىر جەڭنى تاماشا قىلىمىز. ئەگەر خۇدايىم بىزنى كەچۈرمەيدىغان بولسا، بىزنىڭ ھالىمىزمۇ ... چۈنكى مەممەت قالتىس باتۇر، ئۇ يولۋاسلاردەك سوقۇش قىلىدۇ ... ئۇ چاغدا ژاندارمىلارنىڭ تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ قانداق قېچىشلىرىنى كۆرىمىز. سالغا تىشىمىز يېتىشەلمەيدۇ. مانا شۇنى تاماشا قىلىمىز.

يەل تاپان مۇسا ئەلگە باشتىن ـ ئاياغ شۇنچىلىك مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىدىكى، ئەلى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. قوللىرىنى بىردەم تىزىغا، بىردەم تاشقا قويدى، بولمىدى. بىر تال گۈلنى ئۈزدى، ئورنىدىن تۇردى، يەنە ئولتۇردى. يەل تاپان مۇساغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە ئابايىقى يوشۇرۇن مازاق قىلىش كۈلكىسى چىقىپ تۇراتتى، بېشىنى سالدى. كېيىن بىردىنلا توختىماي سۆزلەشكە باشلىدى. يەل تاپان مۇسا ئۇنىڭ چىرايىغا ھەيرانلىق بىلەن باقاتتى. بىراق گەپ ـ سۆز قىلمايتتى.

يەل تاپان مۇسانىڭ شالۋۇرى يىرتىق ئىدى، كىرلىكىدىن رەڭگىنى بىلىپ بولمايتتى، بوز رەڭگە كىرگەنىدى. ماراشتا تىكىلگەن قىزىل كەشتىنىڭ ئۈستى سويۇلۇپ كەتكەن، چوقۇر يۈزلەردەك تۆشۈك ـ تۆشۈك ئىدى. ئۇزۇن، شالاڭ، ئاقىرىشقا باشلىغان ساقاللىرى بۇدۇر ئىدى. يۈزى، ئورا كۆزلىرى، ئۇزۇن، ئىلمەك بۇرنى، يۇقىرى تارتىلغان قاشلىرى، ئۇچلۇق ئېڭىكى بىلەن ئاجايىپ بىر خىل قۇشقا ئوخشايتتى، يەنى ئويچان، قېرى، غەمكىن بىر قۇشقا ...

يەل تاپان مۇسا قۇشلاردەك ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى، ئورنىدىن تۇردى. ئەلى ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىنى كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ كۆزىتەتتى. يەل تاپان مۇسا ئالدى بىلەن تاغ چوققىسىغا قارىدى، كېيىن قىيالىقتىن تۆۋەنگەن چۈشتى. ئەلى خۇشاللىقىدىن يېرىلىپ كېتەي دېدى. يەشلىرىنى



شالدىرلىتىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۈشتى. يەل تاپان مۇسا كۆزلىرىنى تاغنىڭ چوققىسىغا تىككەن ھالدا ئاق بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان چوققىغا سەپسالاتتى. خېلىغىچە قاراپ قالدى، سەل نېرىدا دەرەختەك يوغان، گۈللىرىمۇ چوڭ ئېچىلغان، سېرىق قۇيرۇقى دەپ ئاتىلىدىغان بىر گۈل سارغىيىپ تۇراتتى. يەل تاپان مۇسا يۇقىرىغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم تاشلىدى ۋە شۇ زامان كەينىگە ياندى. يۈگۈرگەندەك تېز مېڭىپ تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئەلىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. كۈنگە قارىدى. ئەمدىلا چۈش بولغانىدى. بۇ ئادەم كۈن ئولتۇرماستىن ئىزنى قوغلاپ سۇلايمان چوققىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ باراتتى.

« بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئۆلتۈرۈپ مەيىتىنى قۇتقۇزىمەن. تۈرمىگە كىرىمەن، مەممەت كېلىپ مېنى تۈرمىدىن قۇتقۇلدۇرىدۇ. تاغلارغا چىقىپ كېتىمەن. مەنمۇ قاراقچى بولىمەن، قېنى بىر ئىزچىنىڭ قاراقچى بولغىنىنى كۆرۈپ قويۇشسۇن، — دەپ ئويلايتتى ئەلى. يەنە تۇرۇپلا، — ھەممە سىرنى مۇشۇ ئادەمگە دېسەممىكىن، يېلىنىپ ـ يالۋۇرسامىمىكىن، پايدىسى بولارمۇ؟ ئالدى بىلەن يالۋۇرىمەن، ھەممە سىرنى دەيمەن. ئەگەر يەنىلا ئىزنى قوغلىسا، ئۇنى تارتىپ كېلىپ ئاتىمەن، دېگەن ئويغا كېلەتتى، — ماڭا قىزغانچۇقلۇق قىلدى، ئىزنى خاتا يولغا باشلىدى، ئۇ مەممەت ئاۋاقنىڭ ئادىمى، دېگەن تۆھمەتلەرنى چاپلايمەن.»

يەل تاپان مۇسا قىيالار ئارىسىدىكى خاماندەك تۈزلەڭ يەرگە چۈشتى، قاراپلا ئىزنى تېپىۋالدى، ئىزغا ئەگەشتى، تۆۋەن قارايغان قىياغا قاراپ ماڭدى. بەكمۇ تېز كېتىۋاتاتتى. تۆۋەندە يۈزبېشى ئۇلارنى چاقىردى:

— ئىزچىلار، ھەي ئىزچىلار؟ بۇ يەرگە كېلىڭلار! ھازىر ئىزنى قويۇپ تۇرۇڭلار! ئالدى بىلەن تاماقلىرىڭلارنى يەڭلار! ئاندىن كېيىن ئىزنى قوغلاپ تاپارسىلەر!

يۈزبېشى بىرنەچچە قېتىم چاقىردى. يەل تاپان مۇسا يا ئاڭلىمىدى، ياكى ئاڭلىماسلىققا سالدى. ئەلى بۇنىڭغا غەزەپلەندى. ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، ئىتتىك تارتىپ:

— هوي، بۇيرۇقنى ئاڭلىمامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى، — هوي، قانداق ئىزچىسەن؟ يۈزبېشى چاقىرىۋاتىدۇ!

يەل تاپان مۇسا تۇرۇپ قالدى، ئەلىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك تىكىلىپ قارىدى، بىر سىلكىنىپ، قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

— مەمەت ئاۋاقنى تاپىمەن. ئۆلۈمىنى بىلىمەمۇ، چولاق بولۇشۇمنى، كۆزۈمنىڭ كور بولۇشىنى، قان قۇسۇشۇمنى بىلىمەمۇ يەنىلا مەمەت ئاۋاقنى تاپىمەن.

ئەلى توكۇر هېچ نەرسە دېمىدى، قېتىپلا قالدى. كۆڭلىدە: «سەن مەمەت ئاۋاقنى تاپقۇچە، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ ئويلىدى. يەل تاپان مۇسا ئالدىدا، ئەلى توكۇر كەينىدە، ژاندارمىلار مىلتىقلىرىنى تىكلەپ قويۇپ ئولتۇرۇشقان يەرگە كەلدى. يەل تاپان مۇسا ئالدىدا ئۇچقاندەك يۈگۈرگەندە، خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۆزۈن قۇشقا ئوخشايتتى. ماڭغاندا قوللىرىنى قوش قاناتلىرىدەك پۇلاڭلىتاتتى.

يۈزبېشى، ئاسىم چاۋۇش، هەمزە، بىر كونا قاراقچى — تۆتى قارىغاي ئاستىدىكى بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ ئىچىشەتتى. بىر ژاندارمىنىڭ نېرىسىدىكى چوغ بىلەن لىق تولغان ئوچاقتا پىشۇرغان كاۋاپنى يېيىشەتتى.

— قېنى كېلىڭلار، قوش قانىتىنىڭ ئىزىنى تاپقۇچى ئىزچىلار! نېمىلەرنى قىلدىڭلار؟ — دېدى يۈزبېشى.

— ئىزنى تېپىپ قويدۇم، قوماندانىم، كەچكە قالماي ئۇ ئۇۋۇچى قۇشنى تاپىمەن.

ئەلى، ئۇ ئابايىقى گەپلەرنى يۈزبېشىغا دەپ قويىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدى. يەل تاپان مۇسا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەلىگە قاراپ قويدى. ئۇلار كېلىپ ئولتۇرۇشتى. چوغ ئۈستىدە گۆشنى



پىشۇرۇشقا باشلىدى. يەل تاپان مۇسا ھەممە ئىشنى چاققان قىلاتتى. تېز ماڭاتتى، تېز يەيتتى، تېز پىشۇراتتى، تولىمۇ تېز سۆزلەيتتى. ئاماق يېگەندە ئەلىمۇ ئۇنى دوراشقا تىرىشتى، گۆشلەرنى چاينىماستىن يۇتاتتى.

يەل تاپان مۇسا تامىقىنى چايناپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— سىلەرگە مىڭلاپ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، داستىخىنىڭلارغا ئىبراھىم خەلىلۇللا بەرىكەت بەرسۇن، دۆلىتىڭلار زىيادە بولسۇن، — دېدى.

ئۇ يولغا چۈشتى، ئەلى توكۇرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقتى، لېكىن ئۇنىڭغا يېتىشكۈچە قارا تەرگە چۆمدى.

— نېمانچە يۈگۈرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئارقاڭدىن ئاتلىنىق قوغلاپ كېلىۋاتمايدۇغۇ! بىرىنىڭ بېشىنى ئەكېتىۋاتامسەن؟ ئاستىراق ماڭ! يېتىشىۋالاي!

يەل تاپان مۇسا توپا ئۈستىدە شۇ پېتى تۇرغان ئىزنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە قېتىم ئايلاندى. كېيىن يەنە مېڭىشقا باشلىدى. بەش قەدەم نېرىدا يەنە قېلىپتەك تۇرغان ئىزنى كۆردى. بۇ ئىز مۇخ بېسىپ كەتكەن، ئادەمنىڭ مەيدىسىگە كەلگۈدەك بىر خادا تاشنىڭ تۈۋىدە ئىدى.

كېيىن سايلار چوڭايدى، سايلار كەلدى، يوقالدى. كۈن پارلىدى. مۇسانىڭ پايپاقسىز پۇتلىرى شالۋۇر بىلەن ئايىغى ئارىسىدىكى يالىڭاچ يەرلەر ... جىرىلىپ، تىتىلغان، قانلار ئۇيۇپ قالغان، يەل تاپان مۇسا ئىككى پۇكلىنىپ قالغانىدى. مۇسا ئۆزىنى رۇسلىدى، بىر ئاق تاشنىڭ تۈۋىگە كېلىپ تۇردى. ئاق تاشنىڭ ئۈستىدە بىر تال قارىياغاچ ئۆسۈپ قالغانىدى. تاش ئۈستىدە يا توپا، يا باشقا نەرسە يوق. ئېچىلىپ قالغان قارىغاي يىلتىزلىرى ئاق تاشنى قامالاپ تۇراتتى. مۇسا تېزلىكتە قىيا تاشلار ئارىسىدىن ئۆتەتتى. پەسكە چۈشەتتى. ژاندارمىلار بۈگۈن كېچىنى كەسمە يېزىسىدا ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. يۈزبېشى: «ئىزچىلارنىڭ بېشى، سىلەرنى بىز شۇ يەردە كۈتىمىز. ئىزنى

تاپماڭلار بىزگە خەۋەر قىلىڭلار» دېگەنىدى.

يۈزبېشى پەرۋا قىلمايتتى. مەمەت ئاۋاقنى تېپىش غەيرىتى تېخىمۇ ئاشقانىدى.

ئەلى پەسكە ـــ يېزىغا قاراپ يول سالغان ئىزلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقان مۇسانىڭ ئالدىغا ئۆتتى. كۆزلىرى قان قۇيغاندەك ئىدى:

ـــ مۇسا، ـــ دېدى ئۇ، ـــ ماڭا قارا، گېپىمنى ئاڭلا، ئىز ئورمانغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىز تۇپتوغرا ئورمان تەرەپكە، ياكى سەن مەمەت ئاۋاقنىڭ سېنى چولاق قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ ئىزنى خاتا قوغلاۋاتامسەن يا؟

يەل تاپان مۇسا جاۋاب بەرمىدى. تايىقىنى يەرگە، ئويۇلۇپ قالغان بىر سىزىقنىڭ ئۈستىگە قويغانىدى.

ئەلى توكۇر تىترەشكە باشلىدى:

ـــ ئورمانلىقتا ماڭ، قۇربانىڭ بولاي، يەل تاپان مۇسا، ئورمانلىقتا ماڭساڭ تېمە بولىدۇ ... ئىز ئورمانغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ.

يەل تاپان مۇسا يەنىلا پەرۋا قىلمىدى. ئۆزى خالىغىنىچە مېڭىۋەردى.

يېزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇۋاتاتتى. ژاندارمىلار تېخىچە يېزىغا كېلىشمىگەنىدى. «ئورماندا ئىچىشىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ئەلى. كەسمە يېزىسى جىمجىت، ژاندارمىلار كەلگەن بولسىدى، يېزا ئويغىناتتى، بۇنچىلىك جىمجىتلىق بولمايتتى. موريلاردىن ئىس چىقىپ تۇراتتى.

ئەلى: «مانا ئۇ سۇلايماننىڭ ئۆيى، مورىدىن قويۇق ئىس چىقىۋاتىدۇ. بىزنىڭ تەلۋە يىگىت هازىر خاتىرجەم كېلىپ ئولتۇرغاندۇ. ئۇ مېنىڭ تارتقانلىرىمنى بىلگەن بولسا. كاشكى ...» دەپ پىچىرلاپ، يىغلىۋېتەي دەپ قالغانىدى.

يەل تاپان مۇسا يەنە ئىككى يۈز قەدەم پەسكە چۈشىسىلا ئىش تۈگەيتتى. ئەلى توكۇر بېلىدىكى تاپانچىسىنى چىقاردى، ئوق سالدى. ئەمدى ئاتاي دەپ تۇرغاندا يەل تاپان مۇسا ئىشەنگۈسىز



بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلدى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ـــ ئەلى، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، يالىنچاقىم بار، ـــ دەپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈردى، ـــ مېنى ئاتما ... ئىزلار ئورمانلىققا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. سېنىڭ مۇنچىلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيتتىمەن. مېنى ئېزىقتۇرۇپ، مەمەت ئاۋاقنى ئۆزى تېپىپ بېرىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. قارىغىنا، ئىزلار ئورمانلىققا قاراپ سوزۇلغان، بولدىمۇ ئەمدى؟

ئەلى تاپانچىسىنى بېلىگە قىستۇردى. ھەر ئىككىسى تىترىگەن هالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى.

ئاخىر يەل تاپان مۇسا:

ـــ ئەلى، ـــ دەپ سۇلايمان چوڭنىڭ ئۆيىنى كۆرسەتتى، ـــ مەمەت ئەنە شۇ ئۆيدە.

ـــ شۇ ئۆيدە، ـــ دېدى ئەلى توكۇر.

ئۇلار سۇلايمان چوڭنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يانمۇيان مېڭىشتى. مېڭىپ كېتىۋېتىپ تۇرۇپ قېلىشاتتى ۋە بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشەتتى.

## 29

ھاكىم سېمىز، تۇرۇم ـ تۇرۇم، پالكۆز، سۇرۇن تەلەت، كالپۇكى كۆكۈچ قېلىن، سالپاڭ قۇلاق، چۈيۈر قاش، پاكارغىنا، تولىمۇ مۇز چىراي ئادەم ئىدى. سېپى ئۆزىدىن ئوسمانلى ئىدى. بېشىدىكى فەس①نى تېخى تونۇگۈنلا تاشلاپ، قالپاقنى قىڭغىر كىيىۋالغانلاردەك ساپ بىر ئوسمانلى ئىدى.

ھاكىم مۇستاپا كامالغا ئىچ ـ ئىچىدىن تەلۋىلەرچە خاپا بولاتتى. خاپىلىقىنى تېشىغا چىقىرالمىغانلىقى ئۈچۈن غەزىپى تېشىۋاتاتتى. مۇستاپا كامالغا ئەسكەر بولغانلىقلىرى،

① فەس ـــ تەقىيە دوپپا.

يۇنانلىقلارنى دېڭىزغا تۆكۈۋەتكەنلىكلىرى ۋە پادىشاھنى ھەيدىۋەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن دېھقانلارغىمۇ قاتتىق خاپا ئىدى. بارلىق ئاچچىقىنى ئۇلاردىن ئالاتتى. بەزىدە ئۆزى ئىشەنگەن، مۇستاپا كامالغا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەن بىرەر سوپى بىلەن تېپىشىۋالسا بولدى، يۈرەك - باغرىنى ئۇنىڭغا تۆكەتتى، سائەتلەپ سۆزلىشەتتى. ئوسمانلىلارنى، ئابدۇلھەمىد خاننى، ۋاھىدەتتىن خاننى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇ كۆك كۆزلۈك شەيتاندىن ئاخىر بىر كۈنى قۇتۇلىدىغانلىقلىرى ھەققىدە قەسەم قىلاتتى.

— ياۋۇز[1]نىڭ، قانۇن[2]نىڭ، پاتىھ[3]نىڭ بۇ گۈزەل ۋەتىنى بۇلارغا قالمايدۇ، — دەپ ۋارقىرايتتى، — بۇ نەسلى نامەلۇم كىشىلەرگە ... بۇ قاراقچىلارغا، بۇ بولشېۋىكلارغا قالمايدۇ ... بۇ كۈنلەر ئۆتكۈنچى كۈنلەردۇر، يىقىلمايدىغان، تۈزۈلمايدىغان بىر ئاللا ... ھېچكىمگە قالمايدۇ، بۇ پېشىل كۆزلۈك، سېرىق باش يىلان چوقۇم يوقىلىدۇ. بۇ يەرلەرنى ئىنگلىزلار، فىرانسۇزلار، ئامېرىكىلىقلار كېلىپ ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ بولشېۋىكلار، ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر، ئۇ سۆرىلىپ يۈرىدىغان پەسلەر بۇ ۋەتەندە ھۆكۈمران بولالمايدۇ. ئۇ كاپىرلار ھۆكۈم سۈرەلمەيدۇ.

ئۇ مۇستاپا كامالنىڭ دۈشمەنلىرىگە چەكسىز ئۈمىد باغلايتتى. بەش ۋاخلىق نامىزىنى زادىلا قازا قىلمايتتى.

دېھقانلاردىن نەپرەتلىنەتتى. مۇمكىنقەدەر ئۇلارنىڭ پاسكىنا چىرايلىرىنى كۆرمەسلىكنى خالايتتى. نەدە بىر دېھقاننى كۆرۈپ قالسا يۈزىنى يۆرۈشتۈرەتتى. شەيتاننى قوغلاش دۇئاسىدىن بىرنى ئوقۇيتتى، يەرگە تۈكۈرۈپ قوياتتى.

« ئۇدۇلۇمدا بىر دېھقاننى كۆرۈپ قالسام، خۇددى ھېلىقى

① ياۋۇز — بۇ يەردە سۇلتان سەلىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② سۇلتان سۇلايمان قانۇنى.
③ سۇلتان مۇھەممەت پاتىھ — تەرجىمان ئىزاھى.



سېرىق باشنى كۆرگەندەك بولىمەن، ھۆرپىيىپ كېتىمەن، ئەپەندىم، ئىختىيارىم ئەمەس، ھۆرپىيىپ كېتىمەن ...» دەيتتى.

ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئالدىدا بولسا كۆچۈكلىنىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئاز دېگەندە ئون بەش قەدەم ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىش بىلەن شۇ زامان پەرمانبەردار بولۇپ، قۇللۇق قىلاتتى.

ئارىپ سايىم بەگنىڭ بارلىق ئىمىلاس ئىشىنى شۇ يولغا سالاتتى. « بۇلار، بۇ يولۋاسلار، بۇ پەسكەشلەر سېرىق باشنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ ئارىپ سايىم بار. ھەربىرى ئارىپ سايىمدىنمۇ يامان، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر. ئۇلار سېرىق باشنى گۇمران قىلىدۇ. تېخى كۈتۈپ تۇرايلى، تەڭرىم ھەرتىپە قىلىدۇ، نېمە قىلسىمۇ ياخشى قىلىدۇ. يالغۇز ئارىپ سايىم بىر سېرىق باشنى يىقىتىدۇ. ئامما مىڭ ئارىپ سايىم سېرىق باشنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىدۇ. قېنى كۈتۈپ تۇرايلى »

كەچتە ئورنىغا كىرىپ يېتىش بىلەن، ئەتىسى ئەتىگەن ئويغانغىنىدا سېرىق باشنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاھىدەتتىن خان ئەپەندىمىزنىڭ ئولتۇرغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاش خىيالىدا بولاتتى. زور بەختىيارلىق ئىچىدە زەرلىك كىيىملەر، تاسمىلار، مېداللار كۆز ئالدىغا كېلەتتى ۋە خاتىرجەم ئۇخلاپ قالاتتى: « شۇنچە چوڭ ئوسمان دۆلىتىدە بۇلار قېلىپ قالالمايدۇ. يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا چىلبۆرە كىرەلمەيدۇ.»

ھەر كۈنى كېچىسى ئەتىسى تاڭدا پاشا بولۇش ئىشەنچى بىلەن ئۇخلاپ قالاتتى. ھەممىدىن كۆپرەك ئىنگلىزلارغا ئىشىنەتتى. كۈن پاتمايدىغان ئىمپېراتورلۇقنىڭ ئالمىي ئەربابلىرى ئاناتولىيەنى بۇ بولشېۋىك قاپاقلارغا تاشلاپ بېرەتتىمۇ؟ ئۇلار يۈتكۈل ئەرەبىستاننى بېسىۋېلىشقان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ تەخت ئۈستىدە قالدۇرمىغان ئەمەسمىدى؟

بۇ يولسىز، سۇسىز، ئوتسىز، چىراغسىز ئەخلەتخانىدىن، پاتقاقتا پېتىپ كەتكەن ھايۋاندەك بوغۇلۇپ كەتكەن ناھىيەدىن تېز ئارىدا قۇتۇلۇپ كېتەتتى. سېرىق باش ھاكىمىيىتىنىڭ پاختا يىپىغا باغلىنىپ قالغانىدى.

ھاكىم رەسمىي بەگنىڭ ئىچى پۇشۇپ يېرىلىپ كېتەي دېدى. كېچە ـ كۈندۈز ئىچەتتى، فېئودال قالدۇقلىرى بىلەن قىمار ئوينايتتى، ئىسكەندىروندىن پاھىشىلەرنى ئەكەلدۈرەتتى. تاڭ ئاتقۇچە ھەر خىل ئويۇن بىلەن كەيپ سۈرەتتى ...

ئۇ ناھىيەگە كەلگەندىن بېرى ھېچقانداق يېزىغا بېرىپ باقمىغانىدى. يېزىغىمۇ بارالمايتتى، ھەممىدىن بۇرۇن دېھقانلاردىن كارامەت قورقاتتى. سېرىق باشنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر باھانە ئىدى. چوڭقۇر بىر يەردە، يۈرىكىدە دېھقاندىن قورقاتتى. بۇ قورقۇنچىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن ھەر خىل باھانىنى ئويدۇرۇپ چىقىراتتى.

ئەلى ساپا باي ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىماس قىلدى. بۇ ئەلى ساپا دېگەن ئىشتىمۇ سېرىق باشنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى. مىللىي ئۇرۇشتا تورۇس تاغلىرىغا چىققان، ئۆزىگە تەييۈن دېگەن يالغان ئىسىمنى قويغان، تاغلاردا فىرانسۇزلارغا قارشى سوقۇشقان. پەقەت تاغلاردا فىرانسۇزلارغا قارشى كېزىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا سېرىق باش ئۇنى مېدال بىلەن تەقدىرلىگەنىدى. سېرىق باشتا مىس مېداللار كۆپ ئىدى. ئالدىغا كەلگەنلەرگىلا بېرىۋېرەتتى. ئەلى ساپا باي سېرىق باشنىڭ قوغلىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىتتى بولۇپ، ساختىپەز، رەزىل ئىدى، لېكىن سېرىق باشنىڭ ئەپەندىلىرىگە، ئۇ نومۇسسىز، ئەقىلسىز سۈرىلىپ يۈرگەن ئەسكەرلىرىگە، يەنى ياۋاش دېھقانلارغا قان قۇستۇراتتى. ئۆتمۈشتە دېھقانلارنىڭ قانچىلىك ئاتلىرى بولسا ھەممىنى ياغمۇر ئاغىغا ئوغرىلاتقۇزۇپ كەلگەنىدى. ھەر كۈنى يېزىلارغا باستۇرۇپ كىرەتتى، ئوقتا تونايتتى ۋە دېھقانلارنى بىزار قىلاتتى.



چۈرۈيدۇ، چۈرۈيدۇ. چۈرۈپ كېتىدۇ، ئەپەندىم. يەتتە يۈز يىللىق يەر ـ مۈلۈك ئىگىسىنى ئەزىز يۇرتىدىن قوغلىيالامسىز؟ مانا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. كۆز نۇرۇم ئەپەندىم، ئۇلۇغ ئوسمان زېمىنى ياغمۇرغا ئوخشاش بىرنى زادى كۆرگەنمىدى، ئەپەندىم. يەتتە يۈز يىلدا؟

« ۋاي كۆز نۇرۇم ! چوڭقۇر سۆزنىڭ ئىچىدىكى يېشىل يىلاننىڭ قىياپىتىنى ئېتىلىپ تۇرۇپ كۆزىتەتتىم، ئەپەندىم. ئۇ بوغۇلماقتا، سۇدا چىرىمەكتە، بۇ سېرىق باش ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم، ئۇنىڭ يۇرتى بۇ چۈرۈك يوپۇراقنى يۆرىيالمايۋاتىدۇ، ئەپەندىم ...»

تالاي ياغمۇر ئاغىلار مەيدانىغا چىقىدۇ، كۆپىلگەن ئارىسى سايىمىمۇ بار، يەنە كۆپىلگەن تەييۈن ... چىرىتىدۇ، چىرىتىدۇ.

— سىز كەلمىسىڭىز زادىلا بولمايدۇ، ھاكىم بەگ، — دېيەتتى ئەلى ساپا باي، — يەرلىرىمىنى ئورۇنسىز ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۆيلىرىنى سېلىۋالدى. بۇ ئۆيلەر ئوت ـ چۆپ، قومۇشلاردىن ياسالغان ئەسكى ئۆيلەر. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆككەنمىدۇق؟ خۇدايىم سىزنى بۇ ئىشلارغا ئىشەندۈرسۇن، ھاكىم بەگ، شۇ تورۇس تېغىنىڭ ھەربىر قىيالىقىدا بىر ئۇلۇشۇم قالدى. ھاچىندا كۆرەش قىلدىم، ئانتەپتە شاھىن بەگ بىلەن، قارائىسالىدە سىنان پاشا بىلەن بىللە ئىدىم. بىز ئۇ يەرلەردە سوقۇشىۋاتقاندا، بىز ئۆلۈۋاتقاندا مېنىڭ بۇ يېتىزلىرىمنى ئىشغال قىلىۋېلىشتى. ئۇلار ئەسكەرلىكتىن قاچقان قاچاقلار ئىدى. بىزنى ئارقىمىزدىن ئېتىشاتتى. مانا ئەمدى ئۇلار خوجايىنسىز بولۇپ قالدى، بۇ ۋەتەننىڭ ئەسلىدىكى خوجىسى بولۇشتى. مەرھەمەت قىلىڭ، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ. قانداق زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈڭ، گۇۋاھچى بولۇڭ. قانداق ئادەملەر بىلەن كۆرەش قىلىپ بۇ ۋەتەنگە خىزمەت قىلىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈڭ، كۆرۈڭ. فىرانسۇزلارغا قارشى سوقۇش تېخىمۇ ئاسان ئىدى. ئۇ دۈشمەن ئىدى. ھازىر دۈشمەن

خەنجىرنى ۋەتەننىڭ كۆكسىگە تىقتى. سىزنى يېزىغا ئەكىلىش ئۈچۈن ئارىپ سايىم بەگنىڭ ماشىنىسىنى سورىغانىدىم. شوپۇرى بىلەن ئىشىكتە سىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

ھاكىم ئۈستەلدە ئولتۇراتتى. شۇ زامان ئورنىدىن تۇردى:

— ئارىپ سايىم بەگنىڭ ماشىنىسى كۈتۈۋاتامدۇ؟ ماڭا ھازىر، دەرھال ماڭايلى، پەقەت مەن ئۈچۈنلا ماشىنىسىنى سورىغانمىدىڭلار؟

— سىز ئۈچۈن.

— ماشىنىسىنى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىتىپ قويدۇقمۇ يا؟

— ساقلاتمىدۇق، ئەپەندىم.

— كاتىپ، ژاندارمىلار، باش چاۋۇشلارچۇ؟

— ئۇلار ئاخشاملا يېزىغا كەتكەنىدى، ئەپەندىم. ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ قويدۇم.

ھاكىم پىكاپقا چىقتى، بەكمۇ خۇشال ئىدى. كىم بىلىدۇ، بەلكى بىرەر ئىشلار بولۇپ قالار، چۈنكى ئۇنىڭ پىكاپىغا چىققانىدى. پىكاپ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى، تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى، بويىنىنى ئۇزۇن سوزدى. شوپۇرغا كەينى تەرىپىنى كۆرسىتىپ:

— ئوغلۇم، ماشىنىنى بۇ چەتكە ھەيدەڭ، — دېدى.

توم، ئۇزۇن كەھرىۋا مۇشتىكىنى ئاغزىغا سالاتتى، يۆۋلەپ تارتىلايتتى.

شوپۇر پىكاپىنى ئارقىغا ياندۇردى. پىكاپ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتتى، شوپۇر ئۈچ قېتىم سىگنال بەردى. بۇ، ھاكىم بەگنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ھەممە ھۈنەرۋەن دۇكانلىرىدىن چىقىپ ھاكىمغا ئېگىلىپ سالام بېرىشەتتى. بۇ ئىش ئەلى ساپا باينىمۇ خۇشال قىلغانىدى. كىشىلەرنى ئۇنى ئارىپ سايىم بەگنىڭ پىكاپىدا، ھاكىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھالدا كۆرۈشى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئون ھەسسە كۆتۈرەتتى. بىر چالما بىلەن بىرقانچە پاختەكنى سوقۇشتى ئەلى ساپا باي خېلى بۇرۇنلا



مۆلچەرلەپ قويغانىدى. ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئالدىدا مىڭبىر خىل يالاقچىلىقنى قىلغان، ئاخىر مەقسىتىگە يەتكەنىدى.

شوپۇرمۇ ھاكىمنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭلاشقا، بازارنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ يەنە ئارقىغا ياندى ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ بازارنىڭ بۇ بېشىغا كەلگەنىدى.

— يەنە بىر قېتىم ئايلاندۇرايمۇ، ھاكىم بەگ؟

— ئايلاندۇر، ئوغلۇم!

بۇ پۇرسەت — ئارىپ سايىم بەگنىڭ پىكاپىغا چۈشۈش پۇرسىتى يەنە بىر قېتىم كەلمەيتتى. ئەگەر ئىزا تارتمىسا ئەلى ساپا بايغا ئىلتىماس قىلىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە پىكاپنىڭ ئىچىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھودۇقۇش، ھەيران قېلىش، قورقۇش ھېسلىرى بىلەن تولغان كۆزلىرى ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا بېرىپ - كېلىپ يۈرگەن بولاتتى.

پىكاپ ئىككىنچى قېتىم ئايلىنىپ كەلگەندە، تاشقىرىغا چىقىپ تۇختىماستىن چاپانلىرىنى تۈگمىلەپ تۇرغان كىشىلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ قايتا - قايتا سالام بەردى. كېيىن دېمىنى ئىچىگە تارتىپ:

— تارت، ئوغلۇم، يېزىغا ھەيدە! — دېدى.

ۋايۋاي يېزىسىغا چاشكا ۋاقتىدا يېتىپ باردى. دېھقانلار بالىچاقا، قېرى - ياش ھەممىسى يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ھاكىمنى قارشى ئېلىشتى. سەيپەلى ناغرىچى، سۇنايچى ئەكەلگەنىدى. بىر تەرەپتە ناغرا - سۇناي چېلىنىپ تۇراتتى.

ھاكىم كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— نېمىدېگەن كەمبەغەلچىلىك، بۇلار شۇنداق بولۇشقا لايىق. بىراق ...

— شۇنداق بولۇشقا لايىق، — دېدى ئەلى ساپا باي. — مېنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ كاساپىتىدىن گادايلىشىپ كەتتىم. ئېتىزلىرىمنى يا ئۆزلىرى تېرىشمايدۇ، يا ماڭا تېرىتمايدۇ.

ئېتىزلىرىنى ماڭا بېرىپ ئۆزلىرى دېھقانچىلىق مەيدانىمىدا مەدىكار بولۇپ ئىشلىگەن بولسا، ئۇلارنى گۈلدەك باققان بولاتتىم. يوقسۇزلۇقمۇ تارتمايتتى ۋە باشقا ئىشلارنى كۆرمەيتتى.

— ئۇلار چۈشەنمەيدۇ ـ دە، كۆز نۇرۇم، ئۇلار ئادەم ئەمەس، مۇستاپا كامال پاشا ھەزرەتلىرى تېخى ئۇلارنى خوجايىنىمىز دەيدۇ !

— ئۇلار كېلىپ بۇ خوجايىنىمىزنىڭ شۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن بولسا ...

— خوجايىنىمىز ئادەمدىن ئۆزگە بىر خىل مەخلۇق ...

بۇ يەردىكى ئادەملەر ئەسكى جەندە ئىچىدە. ھەربىرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن تاياقتا ئوخشايدۇ. يۈزلىرى يېشىلغا مايىل سارغۇچ ئۆلۈك رەڭگىدە ئىدى.

پىكاپ ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان دەرەخنىڭ ئاستىدا توختىدى. دېھقانلار قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى، بويۇنلىرى پۈكۈلگەنىدى.

ھاكىم قوپال، ھۆركىرىگەن ئاۋازدا دېدى:

— گۇۋاھچىلار بۇ يەردىمۇ؟

— بۇ يەردە، — دېدى ئەلى سايا باي.

— جىم ! — دەپ ۋارقىرىدى ھاكىم بىردىنلا.

ئەتراپ جىمجىت، چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك ھالدا. ھەممە كىشى قورققان ھالدا نەپەس ئالاتتى.

— كاتىپ، يەر خېتىنى ئوقۇغىن !

— بېشىم بىلەن، ھاكىم بەگ.

— ئەلى سايا باي، سىزنىڭ گۇۋاھچىڭىز كىم؟

— چىكچىكلار يېزىسىدىن سۈرمەلى ئوغلى مەھمۇت.

مۇكچىيىپ كەتكەن، ئۇزۇن ئاق ساقاللىق. كۆك كۆزلۈك. چوڭ يۈزلۈك، يوغان بېشىنى تىك تۇتالماستىن بويىنى قىڭغىر تۇرىدىغان بىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. شالۋۇرى جۇل ـ جۇل



ئىدى. بېلىگە ئاق پوتا باغلىۋالغان، پۇتىنىڭ ئۈستىگە بىر ئاسما، ئاسما بىلەن پۇتىنىڭ ئارىسىغا بىر تاپانچىنى قىستۇرۇۋالغانىدى.

— چىكچىكلار يېزىسىدىن تۇراق ھاجى.

تۇراق ھاجىمۇ قېرى، بويى ئېگىز، كوسا بىر ئادەم ئىدى.

— تۆپراقتۆپىدىن ئابدۇراخمان خوجا.

ئۇمۇ قېرى ئىدى، قارىمۇتۇق، يۇمىلاق، ئاق ساقاللىق ئىدى.

— چادقازادىن كۆلەمەن ئوغلى.

كۆلەمەن ئوغلىمۇ ئالدىغا چىقتى. مۇكچىيىپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئادەم ئىدى، تىترەپ تۇراتتى.

— مۇختار، سىزنىڭ گۇۋاھچىڭىز چۇ؟

سەپچە كەھيا، ئوسمان چوڭ، مەمەت موللا، ئەلى ئوتبېشى ئالدىغا چىقىشتى.

— كاتىپ، ئوقى !

كاتىپ ئوقۇدى:

— ئەلى سايا بايغا ئائىت ئون يەتتە دۆنۈملۈك يەر خېتى ... جەنۇبتىكى يولنىڭ ...

— نەرىدىن؟

يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى كۆرسەتتى، يىراقلاردا بىر ئاق يول ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى، سۈرمەلى ئوغلى ئەنە شۇ يولنى كۆرسەتتى.

— بىز ئوتتۇز يىلدىن بېرى ... ھەر دائىم شۇ يەردىن ئۆتەتتۇق.

سەپچە كەھيا، ئوسمان چوڭ، ئەلى ئوتبېشى، مەمەت موللا يېزىنىڭ سول تەرىپىدىكى يىراق يولنى كۆرسىتىشتى. شۇنىڭ بىلەن گۇۋاھچىلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق تالاش ـ تارتىش باشلاندى. ھاكىم تالاش ـ تارتىشنى شۇ ھامان ياستۇردى:

— شەرقتە يالغۇز ئۇچمە جىلغىسى ...

ئەلى سايا باينىڭ گۇۋاھچىلىرى يېزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى سەلدارىسىنى كۆرسىتىشتى. ۋاپۋايلىقلارنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئەڭ

يىراقتىكى يالغۇز ئۈجمە يېرىسىنى كۆرسەتتى.

— شىمالدا ئاقچەساز ...

گۇۋاھچىلار يەنە ئەكسى تەرەپنى كۆرسەتتى:

— غەربتە يازۇلتاش.

ئەڭ تۆۋەن تەرەپلەرنى، ئاناۋارزانىڭ ئاستىغا يېقىن بىر يەرنى كۆرسەتتى.

گۇۋاھچىلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇزۇن تالاش - تارتىش باشلاندى. ھاكىم جىم تۇراتتى.

— گەپلىرىڭلار تۈگىدىمۇ؟ — دەپ قوپاللىق بىلەن سورىدى ھاكىم.

ھەممە جىم تۇرۇشتى.

گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئېنىق بولدىكى: ئەلى ساپاباينىڭ يەر خېتى ۋايىۋاي يېزىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپاتلاشلىرىغا قارىغاندا، ناھايىتى ئاز ۋاقىت بۇرۇن ۋايىۋاي يېزىلىقلىرى كېلىپ ئەلى ساپا باينىڭ قولىدىكى ئېتىزلارغا چاتقاللاردىن، ئوت - چۆپلەردىن يازلىق ئۆيلەرنى سېلىۋالغان. ۋايىۋاي دېھقانلىرىنىڭ ئەلى ساپا باينىڭ ئېتىزلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىۋالغانلىقى ئېنىق. بۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ۋايىۋاي دېھقانلىرىنىڭ ئوت - چۆپلەردىن ياسىۋالغان يازلىق ئۆيلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش قارار قىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھاكىم دېھقانلارغا قاراپ:

— ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىۋاتىسىلەر، باشقا بىرىنىڭ ئېتىزلىرىنى سەۋەبسىز ئىشغال قىلىۋاپسىلەر، ئوت - چۆپلەر بىلەن ئۆي ياسىۋاپسىلەر. ھېچكىمنىڭ ئېتىزىنى قولىدىن ئېلىۋېلىپ سىلەرگە بېرەلمەيمەن. سىلەرگە بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىمەن. بىر ئاي ئىچىدە بۇ يەرنى بوشىتىپ كەتمەيدىغان بولساڭلار ژاندارما ئەۋەتىمەن، شۇ ئوت - چۆپلەرنى بېشىڭلارغا ئاتىمەن. سىلەر ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كەتتىڭلار، يا چوڭلارنى، يا



ھۆكۈمەتنى، ياكى ئاللانى تونۇمايسىلەر. نە قانۇننى، نە ئادالەتنى ...

دېھقانلار:

— بۇ يېزىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بوۋىلىرىمىزنىڭ بوۋىلىرى ئىسلاھات زامانىسىدا قۇرغانىكەن، — دېيىشتى.

— ماڭا قارشى تۇرۇۋاتىسىلەر، ماڭا قارشىلىق كۆرسەتمەكچىمۇ سىلەر، مېنى ئەيۋەشكە كېلىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ بۇ يېزا يۈز يىللىق يېزىمىدۇ؟ ئەلى ساپا باينىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بۇ ئۆيلەرنى ئىككى كۈن بۇرۇنلا سالدىڭلارغۇ؟ كىمىڭلارنى ئالدايسىلەر؟ يۈز يىللىق، ئون يىللىق، ئون كۈنلۈك يېزىغا ئوخشامدۇ بۇ يېزا؟! — دەپ ۋارقىرىدى ھاكىم.

يارغانسېرى قاتتىقراق ۋارقىرىدى، ئاغزى كۆپۈكلەندى، غەزەپلەندى، ھالىدىن كەتتى. كۆزلىرى ئالايدى، يەرگە تەپتى، قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى.

— ھۇ يالغانچىلار، ساختىپەزلەر، پەسكەشلەر، دىنسىزلار، ئىمانسىزلار. بىر ئاينىڭ ئىچىدە يېزىنى بوشىتىپ كەتمەي يىقىڭلار قېنى. سىلەرنى، مىجىۋېتىمەن، چۇمۇلىنى مىجىغاندەك ...

ھاكىم جان - جەھلى بىلەن يەرگە تېپىپتى، ئايىغى ئاستىدىكى توپىلارنى دەسسەپ - چەيلەيتتى:

— مانا مۇشۇنداق، يىلاننىڭ بېشىنى دەسسىگەندەك، سىلەرنىمۇ بېشىڭلارنى دەسسەپ ئېزىۋېتىمەن ... ئېزىپ ... ئېزىپ ... ئېزىپ مىجىۋېتىمەن.

دېھقانلار قورقۇشتى، بوشاشتى، شۈمشىيىپ كېتىشتى.

ھاكىم خاپىچىلىقىدىن ۋاڭگىدە يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— سىلەرگە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۆگىتىمەن.

دىر ـ دىر تىترەيتتى، يوغان دەرەخنىڭ ئاستىدا ماڭاتتى. ئايلىناتتى، ۋارقىرايتتى، تەتە قىلاتتى، تىللايتتى، بۆيرۈقلارنى ياغدۇراتتى.

ئاخىر ئەلى ساپا باي بىلەن سەيپەلى ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلىدى.

— بەگ ! دېھقانلار شەرىپىڭىزگە بىرنەچچە قوچقارنى قۇربانلىق قىلىپتىكەن، — دېدى ئەلى ساپا باي، — مۇختار سەيپەلى، چۆچۈپ بولۇپ قالدى، ئاماقىقا مەرھەمەت قىلسۇن، خاپا بولمىسۇن دەۋاتىمەن.

ھاكىم ئۈيلىنىپ قالدى، كېيىن بىردىنلا پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئىتلار يېسۇن ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرىنى ! ... شۇ دېھقانلار ئىزا تارتماستىن بۇ يېزىنى يۈز يىل بۇرۇن دادىلىرىمىز قۇرۇدى دەيدا ! ئىزا تارتمايدۇ ! مېنى ئىشەنتدۈرمەكچى بولۇشىدۇ ! شۇ ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىنى ... ئاڭلاڭلار ھەي ئىتلار ! راستىنى ئېيتىڭلار ! شۇ ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىنى قانچە كۈن بۇرۇن يىغدىڭلار؟ ئەگەر بۇ ئوت ـ چۆپلەر بۇ يەرگە يۈز يىل بۇرۇن دۆۋىلەنگەن بولسا، يۈز يىلدىن بېرى مۇشۇ چۆپلۈك دۆۋىسى ئىچىدە ياشىغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ھاقارەت قىلىش كېرەك. يۈزۈڭلەرگە تۈكۈرۈش كېرەك. قۇربانلىقلىرىڭلارنى ئىتلار يېسۇن !

ئەلى ساپا باي ھاكىمنىڭ قولىدىن تۇتتى، يىكاپ تەرەپكە سۆرەپ، ئۇنى ئىچىگە كىرگۈزدى. ئۆزىمۇ كىرىپ ئولتۇردى.

— ئوغلۇم، ماشىناڭنى ھەيدە، — دېدى ھاكىم سەل يۇمشاپ، — دېھقانلارغا خاپا بولغانلىقىمنى ئارىپ سايىم بەگ بىلمىسۇن، سەندىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، بالام، زادىلا ئۇقمىسۇن. ئۆزۈڭلەرگە مەلۇمغۇ، ئۇلار دېھقانلىرىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بىزمۇ ياخشى كۆرىمىز. ئەمما، يالغان سۆزلىمەيدىغانلارنى، ئېيتمىزلارنى بېسىۋالمىغانلارنى ...



ھاكىمنىڭ خاپىلىقى بېسىلمىغانىدى، تېخىچە دىر ـ دىر تىترەيتتى.

شوپۇر پىكاپنى ئوت ئالدۇردى، پىكاپ مېڭىپ كەتتى.

ھاكىم بەگ قولىنى ئۇزارتتى، ئەلى ساپا باينىڭ قولىنى تۇتتى.

— بۇنداقلارغا، بۇ پەسكەشلەرگە مۇشۇنداق قىلىش لازىم، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەزىزىم؟ — دېدى ۋە بارلىق كۈچى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سىقتى، — سىزدىن بىر ئۆتۈنمىسىم بار.

ئەلى ساپا باي شۇ زامان:

— قېنى سۆزلەڭ، ئەپەندىم، — دېدى.

ھاكىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ تۇرۇپ:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ، ئۆتۈنۈپ سورايمەن، شوپۇر بەگ ئەپەندى، بۈگۈنكى ھەرىكەتلىرىمىزنى، مېنىڭ ھەققانىي غەزىپىمنى ئارىپ سايىم بەگكە دەپ قويمىسا، تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن ... ئۇنىڭ ئاغزىنى يېپىشنىڭ بىرەر چارىسىنى قىلالماسسىزمۇ؟

— بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇڭ، رەمىز بەگ، ئاغزىدىن چىقارمايدۇ.

ھاكىم بۇنىڭغا ئىشىنەلمەيتتى، قورقۇنچ بارغانسېرى ئارتىۋاتاتتى. «ئەھۋالنى ئارىپ سايىم بەگ بىلىپ قالسا ... ياكى شوپۇر ئارىپ سايىم بەگنىڭ جاسۇسى بولۇپ قالسىچۇ؟» دەپ ئويلايتتى. ئاغزىنى ئەلى ساپا باينىڭ قۇلىقىغا تېخىمۇ چاپلاپ:

— جېنىم ئەلى ساپا باي، بۇ سەپەردىكى مەخسۇس بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولسىچۇ؟ بىزنىڭ دېھقانلارغا قارشى قانداق ھەرىكەت قىلغانلىقىمىزنى بىلىش ئۈچۈن، شۇنداقمۇ؟

ئەلى ساپا باي كەسكىنلىك بىلەن:

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دەپ ئۇنى مەلۇم ۋاقىت ئىشەندۈرەتتى. بىراق، بىر ئازدىن كېيىنلا رەمىز بەگنىڭ قورقۇنچىسى يەنىلا كۈچىيەتتى. « دېھقانلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە

قىلغانلىقىمنى بىلىپ قالسا، مېنى، مېنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلايدۇ ... تىللىغانلىقىمنى، ھاقارەت قىلغانلىقىمنى ...» دەپ كۆڭلىدىن كەچۈرەتتى.

يەنە ئەلى ساپا بايغا ئېگىلىپ:

— شۇ دېھقانلار ئۆز يېزىلىرىدا قېلىۋېرىسە بولمامدۇ؟ باشقىچە بىر يول تاپسىڭىز، ياكى بولمىسا مەن ئارىلاشمىسامىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ قورقۇنۇش ئۇسۇلىڭىز بىلەن دېھقانلارنى قاچۇرۇۋەتسىڭىزچۇ؟

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى ئەلى ساپا، — ئوق بىر قېتىم يادىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى چۈشىدۇ. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە قارشى بۇنداق قىلالمايسىز. ھۆكۈمەتنىڭ ئېسىل بىر ھاكىمغا تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈكنى قايتا ئېغىزىغا ئالدۇرالمايسىز.

ھاكىم قەتئىي كېسىۋەتتى:

— ئالدۇرىمەن، ئەلى ساپا باي، چوقۇم ئالدۇرىمەن، قانداق دېمەيمەن، ھەسەلنى ئاغزىغا ئالغاندەك ئالدۇرىمەن. ھاكىمغىلا ئەمەس، ۋالىيغا، ھۆكۈمەت ۋەكىلىگە يالىتىمەن، ھەممە باش ...

ئۆزىنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدى:

— مەن ئۆز ھېسابىمغا ئېغىزىمغا ئالىمەن، — دەپ تۈزىتىۋالدى.

ئارىپ سايىم بەگكە ئوخشاش بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مەخسۇس پىكاپىنى نېمە ئۈچۈن بەش پۇلغا ئەرزىمەيدىغان بىر ئاغىنىغا بېرىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇ ئاغىنىسى كېلىپ بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى ئولتۇرغۇزۇپ، يېزىنى يوق قىلىشقا بىللە بارىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شوپۇرى بىلەن بىللە كېلىدۇ. بۇ قانداق ئىش؟ نورمال بىر ئىشمۇ، ئەپەندىم؟ بۇ شوپۇر جىندەك بىر ئادەم ئىكەن، بەلكى ئەمنىيەتى ئومۇمىيە①نىڭ بىرەر مۇدىرى بولۇشى

① ئەمنىيەتى ئومۇمىيە — جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى.



ھەم مۇمكىن.

— سىز ياۋروپادا ئوقۇپ كەلگەنمىدىڭىز، بەگ ئەپەندىم، قېرىندىشىم؟

شوپۇر بۇ سۆزنى ئاڭلىدى، بىراق پىسەنت قىلمىدى.

— سىزدىن سوراۋاتىمەن، ياۋروپادا ئوقۇغانمىدىڭىز؟

شوپۇر ئارقىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. تولۇق لاز شېۋىسىدە:

— ياۋروپانى ھېچ كۆرمىگەنمەن، ئوقۇ - يازنى بىلمەيمەن، — دېدى.

ھاكىم شوپۇرنىڭ بۇ جاۋابىغا تېخىمۇ ھەيران قالدى. «يوشۇرۇۋاتىدۇ، چوقۇم ساقچى خادىمى، ئارىپ سايىم بەگكە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ شوپۇرى ساۋاتسىز بولامدۇ؟ ياۋروپا كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويدى، لاز شېۋىسىنى نېمانچە ياخشى دورايدۇ، قالتىس. بۇ خائىنلار ساقچىلىرىنى ياخشى يېتىشتۈرىدىكەن. ئەگەر ۋاھىدەتتىن ئەپەندىمىزنىڭمۇ قولىدا مۇشۇلاردەك ئادەملەر بولغان بولسىدى، مۇستاپا كامالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەسمىدى؟ يېنىغا ئەقىللىق، جىندەك بىر خىزمەتچىنى قوشۇپ قويساڭ بولىدۇ، ئىككى كۈنىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ پۈتۈن سىرىنى بىلىۋالىسەن» دەپ ئويلىدى.

— ئەپەندى، ماشىنىنى بەك ياخشى ھەيدەيدىكەنسىز. ياۋروپادا ئوقۇغان ئادەملا ماشىنىنى مۇشۇنداق ياخشى، ئۇستىلىق بىلەن ھەيدىيەلەيدۇ.

شوپۇر ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلدى. پىكاپ سىلكىنىپ كەتتى.

— بىزنىڭ ئۇستىمىز، ئەرزۇرۇملۇق خەلىل ئۇستا ياۋروپادا كۆپ تۇرغان. ئۇ ماڭا: جامال، ساڭا ئوخشاش ئادەم ياۋروپادىمۇ يوق، سەن ماشىنىنىڭ ئاللاھىسەن، دەيتتى.

— ئەپەندى، سىز قارا دېڭىز شېۋىسىنى تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەيدىكەنسىز.

— ئەلۋەتتە، ئانا تىلىم - دە.

— ياللا، ئادەملەرگە يارىكاللا ... تېمىمىدىكەن ياخشى تەربىيەلىگەن.

— جامال ئەپەندى، سىز دېھقانلارنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— بەك ياخشى كۆرىمەن، بىۋزا مېنىڭ ئانا يۇرتۇم، كىمكى ئۆز يۇرتىنى ياخشى كۆرمىسە ئۇ هارامزادە بولىدۇ.

— مەن بۇگۈن دېھقانلارغا بەكرەك قوپال تېگىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— ياق، بەگ، نەدە قوپاللىق قىلدىڭىز، بەكمۇ يۇمشاق، بەكمۇ ئادىمگەرچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدىڭىز. بىزنىڭ ئارىپ سايىم بەگ ئۇلارنى ئۇرىدۇ. ئارىپ سايىم بەگ «سەھرالىق دېگەن پەقەت تاياقنىلا بىلىدۇ» دېيدۇ. ئۇ ئاقمازلار دېھقانلىرىغا قاتتىق خاپا بولدى. كۆيىنچىسىنى ئۇرۇپ - ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى:

— لايىق جازا!

لاز شىۋىسى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى.

— ئۇلارغا شۇ مۇناسىپ.

هاكىم ئۆز كۆڭلىدە، بۇ شوپۇر مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. «ئەمدى تۇگەشتىم، بەگ ئەپەندىنىڭ شوپۇرىنىڭ ساقچى خادىمى بولۇشى مۇمكىن ئىككەنلىكىنى قانداق قىلىپ ئويلىيالماي قالدىم!؟»

— جامال ئەپەندى، بۇ ئاخشام بىللە ئىچىشەيلى، بىر نەچچە رومكا ئىچىشكە تەكلىپ قىلسام قانداق؟ مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلغان ۋە شەرەپكە ئىگە قىلغان بولاتتىڭىز.

— شەرەپكە ئىگە قىلغان بولار ئىدىم، بىراق بەگ ئەپەندى بىلىپ قالسا، ئانامنى كۆزۈمگە كۆرسىتىدۇ.

«مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىتنىڭ بالىسى مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ ... بۇنداق بىر ئەخمەقنى تاپسام، مېنىڭدەك بىر ئەقىلسىزنى ... ئەتىمۇ مازاق قىلاتتىم.»

— ئۆتۈنۈپ قالاي ئەپەندى، ئارىپ سايىم بەگ بىلمەي قالىدۇ.



— جامال، ئۇقتۇرمايمىز، سەن غەم قىلما. — دېدى ئەلى ساپا.

هاكىم غەزەپلەندى، «تايىنى يوق ئېشەك، مۇدىرىغىمۇ سەنلەپ سۆزلەۋاتىدۇ! ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئەمدى كۆرۈپ قويسۇن! چىقارغان قارارىمنى بىكار قىلىۋېتىمەن. شۇنداق، ۋاي ۋاي يېزىسى يۈز يىلدىن بېرى بۇ لايىنىڭ، بۇ پاتقاقنىڭ، بۇ چىۋىننىڭ، دوزاخنىڭ ئىچىدە قېلىشقا مەھكۇم قىلىنىپتۇ. تارىخ ئۇقۇغانلار ياخشى بىلىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئابرويىنى ئەلى ساپاغا ئوخشاش بىر ئىت ئۈچۈن ساتمايمەن. دېھقانلارنى ئۆزى ئۆزىنىڭ چارىلىرى بىلەن قانداق قىلىپ قوغلىسا قوغلاۋەرسۇن، بىزنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ چاتىقى يوق.

— جامال، ھەي ئەپەندى، مەنمۇ دېھقانلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز دېھقان ئىدى.

ماشىنا بىر ئۆيمان يەرگە چۈشتى، چايقىلىپ كەتتى، يەنە چىقتى. تاھىيەنى قىزىل خىشلىرى، تويا تاملىرى، ناماز دىگەردىكى كۈن نۇرىدا تاۋلانغان ئەينەكلەر ئاجايىپ بىر خىل چاقناپ تۇرغان پەرىلەر شەھىرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. يۇقىرىدىن، يىراقتىن تاغنىڭ ئېتىكىگە يېيىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

## 30

ئەلى توكۇر سۇلايمان چوڭنىڭ ئىشىكىنى قاقتى.

— هوي سۇلايمان ئاغا. سۇلايمان ئاغا، ئىشىكنى ئاچقىن! مەن كەلدىم، مەن ئەلى توكۇر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

سۇلايمان چوڭنىڭ قېلىن، ئاق قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تەرى تۈرۈلدى.

— مەن، مەن ئەلى توكۇر!

«ۋاي ئىت، ۋاي ھەمزە تازنىڭ كۈچۈكى، مېنى بىلمىيلا

ئىشكىنى ئاچامدۇ دەپ ئويلىدىڭما. ۋاي ۋىجدانسىز! ۋاي سېنىڭ ئاشۇ توكۇر پۇتلىرىڭغا سىيەي! دەگىرمەن ئۆلۈك دېھقانلىرىنى قان قۇستۇرغان زالىمنىڭ يالاقچىسى!» دەپ ئويتىنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ كەتتى.

— سۇلايمان ئاغا، ئۆيدە ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، ئىشكىنى ئاچ، ئالدىراش ئىشىم بار. مېھمىنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن.

سۇلايمان چوڭ ئويۇقنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ يەردىن ئۇزاق زاماندىن بېرى ساقلاپ قويغان، بىراق ناھايىتى ياخشى بىر مىلتىقنى ئالدى، ئالدىرىماي ئوق سالدى.

« مېھمىنىمنى كۆرەرئىمىش توكۇر ئىت! مەن تېخى ئىززىتى تاپماقچى ... ھازىر ساڭا مېھمان بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى كۆرسىتىپ قويىمەن.»

ئىشىككە يېقىن كەلدى. ئىشىكنىڭ يوتاق تۆشۈكىگە مىلتىقنىڭ ئاغزىنى قويدى، ئۆزى يوچۇقتىن قاراپ، قارىغا ئالدى. كەينىگە ياندى. دەل تەپكىنى باسىدىغان چاغدا مەمەت ئارقىسىدىن كېلىپ:

— توختا، ئاغا! — دېدى - دە، قولىنى تۇتۇپ تارتتى، — ئىشكىنى ئاچ، توكۇر مېنىڭ ئادىمىم.

— ئىشكىنى ئېچىپ بەر، سۇلايمان ئاغا، مەن بۇ يەردە ئۇنى كۈتۈۋاتاتتىم.

سۇلايمان چوڭ بۇ گەپتىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى ئۇنى ئېتىۋېتەتتىم ...

— بىر خاتا ئىش بولاتتى.

— مەن بۇ توكۇرنى تونۇمايمەن، تاس قالدىڭ چوڭ چاتاقتىن بىرنى تېرىغىلى...

سۇلايمان چوڭ كوتۇلدىغان پېتى ئىشكىنى ئېچىشقا ماڭدى. مەمەت ئارقىغا ياندى ...

ئىشىك ئېچىلىش بىلەن ئالدىدا توكۇر، ئارقىدا يەل تاپان مۇسا كىرىشتى. مەمەت بىلەن ئەلى توكۇر قۇچاقلاشتى.



سۇلايمان چوڭ بىر ئۇلارغا قارايتتى، بىر:

— بىزنىڭ شۇ يىگىت كارامەت جومۇ، قارىقچى ئەمەس، ھەربىي باشلىق بولىدىغان يىگىت ... — دەيتتى.

ئەلى توكۇر ئەھۋالنى تېزلىكتە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن يەل تاپان مۇسانى تونۇشتۇردى. سۇلايمان چوڭمۇ، مەمەتمۇ يەل تاپان مۇسانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانىدى.

سۇلايمان چوڭ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مەمەتتىن سوراپ باق، ھەي توكۇر ئىت، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، سېنى ھەمزە تازنىڭ ئىتى دەپ ئويلاپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىدىم. خۇدا ھەققى، ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. ئۇ چاغدا بۇ دۇنيا بىر كاپىردىن تازىلانغان بولاتتى. بۇ دۇنيادا يالغۇز يەل تاپان مۇسا قالاتتى. بۇ دۇنيادا يالغۇز بىرلا بولۇش يەل تاپان مۇسانىڭ ھەققى ...

— كۆردۈم، ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم، راستتىنلا ئۇنىڭ ھەققى، — دېدى ئەلى توكۇر.

— يەنە بىر مىنۇت كېچىككەن بولسام، يۈرىكىڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوق يېگەن بولاتتىڭ، — دەپ ئىچىنى ئاغرىتتى مەمەت.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ شۇ يېزىلاردا سەن شۇنچىلىك داڭ چىقاردىڭكى، دېھقانلار سېنى تۇتۇۋالىدىغان بولسا تېرەڭنى تەتۈر سويىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئاشكارا قويۇپ بېرىسەن؟ — دېدى مەمەت.

— تېخى ئىشىك ئالدىدا كېرىلىپ تۇرۇپ كېتىشلىرىچۇ. مەمەت تۇتۇۋالمىغان بولسا توكۇر پۇتى ئاسمانغا قاراپ قالغان بولاتتى، — دېدى سۇلايمان چوڭ.

— قىلغان ياخشىلىقلىرىم ئالدىمنى توسۇۋېلىپ جېنىمنى قۇتۇلدۇردى، — دېدى توكۇر.

مەلۇم ۋاقىت چاقچاق قىلىشتى.

— مۇسا ئاغا، ئۈستۈڭدىن دېگەن گەپلەر راستمۇ؟ — دەپ

سورىدى سۇلايمان چولاق، — كۆن چىققاندا ماراشتىن قورغىلىپ، كۆن پاتقاندا ئادانادا بولىدىكەنسەن، راستمۇ؟ قۇشمۇ قانىتى بىلەن شۇنچە يولنى باسالمايدۇ، بۇ ھەقىقەتەن راستمۇ؟

يەل تاپان مۇسا كۈلۈپ كېتىپ:

— راست، ئوچۇقنى ئېيتسام، توغرا ئىدى. ھازىر قېرىپ قالدىم، سۇلايمان ئاغا، — دېدى.

سۇلايمان چولاق ھەددىدىن تاشقىرى قىزىقىش ئىچىدە قالدى.

— سەن قوغلاپ تاپالمىغان ھېچقانداق ئىز يوقمىش، راستمۇ؟

يەل تاپان مۇسا كىچىك بالىدەك خىجالەت بولۇپ كەتتى، تارتىندى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— بىر قېتىم، — دېدى ئۇ، — ئۇ يەرنى بۇرۇنلاردا يارسۇۋات دېيىشەتتى، ھازىر جەيھان دېيىشىدۇ، شۇ يەردە بىر ئىز قوغلىدىم. مەن قوغلاپ ماڭغان ئىز باشقا بىر قاراقچىنىڭ ئىزى ئىكەن. مەن قوغلاپ ماڭغان ئىزنىڭ ئىگىسى ئاناۋارزا قىيالىقلىرىغا مۆكۈنۈۋالغانىكەن. كېيىن ئۇنىڭمۇ ئىزىنى قوغلاپ يۈرۈپ تاپتىم. لېكىن، بىر قېتىم خاتالاشقانىدىم.

— مەن كۆردۈم، يەل تاپان مۇسادىن قورقتۇم. يولدا ئۇنى ئاداشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن قالتىس ھەرىكەتلەرنى قىلدىم. مەمەت قېرىندىشىم، سەن جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ، مەنمۇ سېنىڭ جېنىڭنى قۇتۇلدۇردۇم، — دېدى ئەلى توكۇر.

يولدىكى ئەھۋاللارنى، مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى، ئۇششاق - چۈششەكلىرىگىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى يەل تاپان مۇسانىڭ يۈزى سارغىيىپ، كۆزلىرى يوغىنايتتى. چىرايى سارغىيىپ - تاتىرىپ، ھودۇقۇش بىلەن:

— راستتىنلا مېنى ئاتماقچىمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى يەل تاپان مۇسا.

— قېنى سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە قىلالايتتىم؟ قولۇمدىن باشقا نېمە چارە كېلەتتى؟ ھېچقانداق



گۇناھىم بولمىسىمۇ، مانا بۇ ئادەم مېنى ئاتماقچى ئىكەن، — دەپ سۇلايمان چولاقنى كۆرسەتتى ئەلى توكۇر.

— خۇدا ھەققى، ئېيتمۇۋېتەتتىم، — دېدى سۇلايمان چولاق، — ياخشى قىلغانمۇ بولاتتىم. قانداقلا بولسۇن، يەنە بىر قېتىمدا شۇ توكۇرنىڭ جېنىنى جەھەننەمگە يوللاش مېنىڭ قەرزىم بولۇپ قالسۇن.

تاماقتىن كېيىن ئەلى توكۇر مەمەتنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ كېلىپ:

— بۇ يېزىنى ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ چىقىمىز. يۈزبېشى پارۇختىنىڭ شۇنداق بىر خۇيى بار. قايسى يېزىغا بارسا شۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ چىقىدۇ. ياش - قېرى، ئەر - ئايال، بالىچاقا دېمەستىن ئۇرىدۇ. سەن ھازىرلا ئاتقا مىنىپ يولغا چىق، — دېدى.

— نەگە باراي؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— تاغلارنى ژاندارمىلار قاپلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراقچىلارمۇ تىنچ قويمايدۇ. بولۇپمۇ ئىبراھىم قارا سەندىن نېمە تەلەپ قىلىدىكىن، ئۇ: «مەمەتنىڭ قېتىنى ئىچىمەن» دەيدۇ. باشقا ھېچقانداق گەپمۇ قىلمايدۇ. سەن ئۇنىڭغا نېمە قىلغانىدىڭ!؟

— ۋاي ئىسىت! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى مەمەت، — مەن نېمە قىلاتتىم، قورۇ - قورۇ يىلقىلىرىنى ھەيدەپ كېتىپتىمەنمۇ؟ خاماندىكى ئاشلىقلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتىممۇ؟ خوتۇنلىرىنىڭ، كېلىنلىرىنىڭ، قىزلىرىنىڭ نومۇسىغا تەگدىممۇ؟ نېمە قىلدىمكىن ئۇنىڭغا، زادىلا بىلمەيمەن. ئەمدى مەن قەيەرگە باراي؟

ئەلى ئويلىنىپ قالدى ۋە شۇنداق دېدى:

— بۇ يەردە قالساڭ بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ. سۇلايمان چولاقنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغانلىقىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئورمانلىققا قاچساڭمۇ بولمايدۇ، قورشىۋالىدۇ. ئاچلىقتىن

ئۆلسەن. ھازىر سېنى كىملا كۆرسە ئېتىپ قويىدۇ. بۇرۇنقى مەمەت ئاۋاق يوقاپ كەتتى. بولۇپمۇ دەگىرمەن ئۆلۈكتىن بىرى كۆرۈپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭلا، سېنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نەگە باراي؟

ئەلى ئويغا چۆمدى. ئويلىناتتى، ھېچ نەرسە دېمەيتتى.

— مۇشۇ كۈنلەردە تاغلاردا ياشاش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. ئەسلىدە مۆكۈنۈپ ياتقان يېرىڭدىن بىر - ئىككى يىل چىقماستىن، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلدۇرغان بولساڭ ياخشى بوپتىكەن.

— مەن چۇقۇر ئوۋادا ئىدىم، — دېدى مەمەت ۋە تامنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇردى. چۇقۇر ئوۋانى، ۋايۋاي يېزىسىنى، ئەلى ساپا باينى، ئارىپ سايىم بەگنى، ئىدرىس باينى، چۇقۇر ئوۋانىڭ باشقا ئاغىلىرىنى، سەيران قىزنى، ئەلىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— مۇشۇ چاغلاردا تاغلارغا كەلمىگەن بولساڭ ئىدىڭ، كاشكى، — دېدى ئەلى، — ئوسمان چوڭ ۋە چۇقۇر ئوۋا دېھقانلىرى سېنى تونۇپ بېرىشمەيتتى. ئۇلار قېينىلىپ كەتكەن، سەندىن مەدەت كۈتۈشەتتى. دېھقانلارنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ تۈگەپ كەتكۈچە سېنى ساقلاپ قالالايتتى. ئەمدى بۇ يەرلەردە ... كۆرۈپ قالىدىغان بولسىلا، سېنى تىرىك قويمايتتى. سەن سۇلايمان چوڭغا قارىما، ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ... بۇ تاغلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ نېمە ئامالى بار؟ ئەقلىمگە ئۇممەت سېرىقتىن باشقا ھېچ نەرسە كەلمەيۋاتىدۇ. ئۇ سەن ئۈچۈن جېنىنى بېرىدۇ. سەن كەتكەندىن كېيىن نەچچە ئاي ماتەم تۇتتى، ئىككى كۆزىنى يولاق قىلىپ يىغلىدى. لېكىن، ھازىر ئۇ يەرلەر ژاندارمىلار بىلەن تولۇپ كەتتى، سېنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

سۇلايمان چوڭنى چاقىردى، ئۇنىڭدىن سورىدى، ئۇمۇ كۆپ ئويلاندى، مەمەتنى يوشۇرۇپ قويغۇدەك بىر يەر تاپالمىدى. يەل تاپان مۇسا تۇرۇپ - تۇرۇپ: «ئاھ، مارال ئەللىرى، خۇدا



ھەققى، كىچىككىنە بىر مەمەت ئاۋاقنى ئەمەس، بىر ئارمىيەنىمۇ يوشۇرۇپ قالغان بولاتتىم» دېيتتى.

تۆت ئۇستا، تۆت كۈنتا يۆرە بىر يەرگە كېلىپ يېرىم كېچىگىچە ئويلاشتى. ژاندارمىلار خېلى بۇرۇنلا يېزىغا كىرىشكەن، كەچلىك تاماقلىرىنى يېيىشىپ ئۇيقۇغىمۇ كېتىشكەنىدى. يۈزبېشى، ھەمزە، ئاسىم چاۋۇشلار مۇختارنىڭ ئۆيىدە كەكلىك قورىدىقى بىلەن ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى. سۇلايمان چوڭغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن دائىم خەۋەر كېلىپ تۇراتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا مەمەت:

— تاپتىم! — دەپ ۋارقىرىدى، — تاپتىم، ئىسمائىل چولاقنىڭ تۈگمىنىگە كېتىمەن. ئۇ يەر ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ.

— خىيالغا كېلىشنى كېلىدۇ، بىراق باشقا ئىلاجىمىز يوق. بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ تۇر. بىزمۇ ئويلىشىپ كۆرەيلى. ھازىرچە ئەڭ مۇۋاپىق جاي شۇ، — دېدى ئەلى توكۇر.

— شۇنداق، كېيىن بىز توكۇر بىلەن ئويلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى سۇلايمان چوڭ.

مەمەت چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. ئوچاق بېشىدا خىيال سۈرەتتى. سۇلايماننىڭ ئوغۇللىرى ۋە كېلىنلىرىگە: «ئاتنى ھازىرلاڭلار، كۆپرەك ئوزۇقلۇق ئارتىڭلار. ھەسەل، سېرىق ماي، قورۇغان گۆشلەردىن بېرىڭلار!» دېگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىمايتتى. بىرھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— قېرىندىشىم ئەلى، سۆزۈمنى ئاڭلا، — دېدى. يەل تاپان مۇساغا قاراپ، — سەنمۇ ياخشى ئاڭلا، ئۇستاز، — دېدى، سۇلايمان چوڭغا قاراپ، — سەنمۇ ياخشىلاپ ئاڭلا، سۇلايمان چوڭ، — دېدى.

تەييارلاندى. بەكمۇ مۇھىم بىر نېمىلەرنى سۆزلەيدىغاندەك، ۋەسىيەت قىلىدىغاندەك بىر ئەلپازدا:

— سىلەر، قوللىرى، كۆزلىرى، ئەقىللىرى ئالاھىدە

ھۈنەرلىك كىشىلەردىنسىلەر، كۆپ ئىش كۆرگەن، ئۆز بېشىڭلاردىن كەچۈرگەن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئادەمسىلەر. مانا ئۈچىڭلار بىر يەرگە يىغىلدىڭلار، — دېدى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى. ئويلىغانلىرىنى يىغىشقا تىرىشتى. ئەلى ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ھېلىقى پولات ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

— بېشىمغا كەلگەن ئىشلارنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر، — دەپ سۆزىنى باشلىدى مەمەت، — مېنىڭ بېشىمغا كەلگەنلەر بەندىنىڭ بېشىغا كەلمىدى دېيەلمەيمەن. بەندىنىڭ بېشىغا ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلار كېلىدۇ. ئەمما، بېشىمدىن چىداپ بولمايدىغان ئىشلار ئۆتتى. ھەممىنى سىلەر بىلىسىلەر. كەمبەغەل بىچارىلەر ئازادلىققا چىقسۇن دەپ ئاخىر ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈردۈم، ئۇلارمۇ ئازاد بولدى ... ئابدى ئاغا ئۆلگەندىن كېيىن خەلق شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. يەرلەرنى بۆلۈشتى، دېھقانلارمۇ، مەنمۇ داۋاملىق مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلاپتۇق ... ئاخىر نېمە بولدى؟ كېيىن ھەمزە تاز كەلدى، ئۇ ئابدى ئاغىدىن مىڭ ھەسسە يەتتەر ئىدى. قولى قانلىق، خەلقلەرنى قان قۇستۇرۇۋەتتى، شۇنداق. بۇنىڭ ئاخىرى نېمە بولىدۇ؟ ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى. بىر ھەمزە مىڭ ئابدىغا تەڭ كەلدى ... قېنى، مېنىڭ مېھنەتلىرىم، چەككەن جاپالىرىم نېمە بولدى؟ نەگە كەتتى؟ ئەقلىڭلار قالتىس، ھۈنىرىڭلار كارامەت، كۆپنى كۆرگەن ئادەملەر سىلەر. قېنى سۆزلەڭلار، ئەمدى مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ ماڭا ئەقىل ئۆگىتىڭلار.

— مەن ساڭا دېدىمغۇ! — دېدى قوپاللىق بىلەن سۇلايمان چولاق، — سۇ ھەر دائىم تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدۇ. ئاق دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. سۇنىڭ يۇقىرىغا قاراپ ئاققانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— ھەر دائىم ئابدى كېتىپ، ھەمزە كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق! — دېدى سۇلايمان چولاق ساقاللىرى تىترەپ، خاپا، پەرۋاسىز ۋە ئۈمىدسىز ھالدا.

— بىر ئاغا كېتىدۇ، يەنە بىرى كېلىدۇ، ھەممە يەردە



شۇنداق، ئاللا شۇنداق ياراتقان. قۇشلار قاناتلىرى بىلەن ئۇچىدۇ، شامال قاناتسىز ئۇچىدۇ. ئادەملەر ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ. ئايمۇ، كۈنمۇ چىقىدۇ، پاتىدۇ، — دېدى يەل تاپان مۇسا.

مەمەتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ:

— ئابدى كېتىپ، ھەمزە كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق! — دېدى يەل تاپان مۇسا بېشىنى سىلاپ.

ئەلى توكۇر سۆز قىلمايتتى، بۇ ئىشلار ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن كېتىپ، ھەمزە كەلگەندىن كېيىن دائىم شۇنى ئويلىدىم، كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى، ئىشەنچلىك چارە تاپالمىدىم، — دەپ ئۇھ تارتتى ئەلى توكۇر، — ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. بىر يىپ ئۇچىنى تاپالمىدىم. ئۇنى بىر قوزۇققا باغلىيالمىدىم.

— ئابدى كېتىدۇ، ھەمزە كېلىدۇ، ھەمزە كېتىدۇ، سۇلايمان كېلىدۇ، ئەلى كېتىدۇ، ۋەلى ...

— ئىشلار ھەر دائىم مۇشۇنداق بولۇپ كەلدى، — دېدى سۇلايمان چولاق، — ئەلى كەتتى، ۋەلى كەلدى، بوۋاڭ كەتتى، داداڭ كەلدى. داداڭ كەتتى، سەن كەلدىڭ، سەن كېتىسەن، ئوغلۇڭ كېلىدۇ ...

— ئۇنداق بولسا بىز چىشىمىزنى چىشلەپ، جېنىمىزنى ئالقىنىمىزغا ئېلىپ نېمىنى دەپ ئاۋارە بولىمىز؟ سەن، مەن، ئەلى، يەل تاپان مۇسا نېمە قىلماقچىمىز؟

— ئاۋارە بولىمىز، — دېدى ئىشەنچ بىلەن، — ئاۋارە بولماق، كۆرگۈلۈكنى كۆرمەك ھەق!

ئات خېلىدىن بېرى ھازىرلانغان، ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. مەمەت ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئۈچىنى قايتا ـ قايتا قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە، مەسخىرە قىلغاندەك بىر خىل ئاچچىق قېتىپ قالغانىدى. كۈلۈمسىرىگەندەك بىر خىل ئاچچىق ...

— خوش، ئامان بولۇڭلار! — دېدى ۋە تاشقىرىغا چىقتى.

ئاتقا مىندى. « كۆرەش قىلىش، جىنىمنى، قېنىمنى تۆكۈش بىكاردىن ـ بىكارغا ئاۋارە بولۇش ... ئاۋارە بولۇش ھەقمىش ...»

مېڭىسىدىكى بۇ سوئاللار ئۇنى بارغانسېرى بىئارام قىلاتتى.

«ئاۋارە بولۇش ھېچ نەرسىگە ئەرزىمىسە، ئېمە ئۈچۈن ھەق بولىدۇ؟»

شۇ كۈنگىچە ھېس قىلىپ باقمىغان ئالاھىدە بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە ئىدى. ئويلاشنىڭ لەززىتىنى شەھۋەت بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ھېس قىلاتتى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تولغىناتتى، قىينىلاتتى.

تۈگمەنگە باردى، ئىشىك ئالدىدا تۇردى. ئاتتىن چۈشۈش ئەقلىگە كەلمەيتتى، ئىشتماي بىرتىپىملەرنى ئويلاتتى، پىلان تۈزۈيتتى. شۇنداق بىر خىل ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئىدىكى، بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايتتى، خىياللىرىنى يىغالمايتتى، ئۆزىگە كېلەلمەيتتى. ئىدرىس بەگنىڭ ماجىراسى ئۇنىڭ كاللىسىنى بەكمۇ قالايمىقان قىلىۋەتكەنىدى. ئىدرىس بەگ ئۆز مىللىتى ئۈچۈن بېشىنى تىكىپ ئاتقا چىققانىدى. ئۆلۈم ھەر قەدەمدە ئۇنى قوغلاپ ماڭاتتى.

كۈننىڭ چىقىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. تاغلارنىڭ ئۈستىدىكى كۆكۈچ سىزىقلار بارغانسېرى قويۇقلاشتى، تىنىپ قالدى. كېيىن كۆكۈچ سىزىقنىڭ ئۈستى ـ ئاستى زەررىلەتتى. تاغلار نەملىك بىلەن پارىلداپ كەتتى، ئاخىر تۇمان بىلەن قاپلاندى. قويىرۇقلۇق يۇلتۇز تۇگەلاپ قالغان قوياشتەك پارقىرىدى، ئۆچتى، پارىلدىدى، ئۆچتى، ۋالىلدىدى. كېيىن ئەتراپ يورۇپ كەتتى. بۇلاردىن مەمەتنىڭ خەۋىرى بولمىدى. ئۈستىگە قىروۋ چۈشتى، ئاتنىڭ ئۈستىدە قېتىپلا قالغانىدى. ئۈستىگە كۈن نۇرى چۈشۈپ بويىنىنى قىزدۇرۇش بىلەن ئۆزىگە كەلدى. شۇ زامان ئاتتىن چۈشتى. تۈگمەننىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. پۇتى بىلەن ئىشىكنى تەپتى. ئىشىك ئېچىلدى. بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىغان بىرى ئىچكىرىدىن — يىراقتىكى



قاراڭغۇلۇقتىن ئۇيقۇلۇق ھالدا ۋارقىرىدى:

— كىم؟

— ئىسمائىل ئاغا سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

بوش خاپا، ئۇيقۇلۇق بىر ئاۋاز:

— مەن، بۇ مەن، بۇرادەر، سەن كىمسەن؟ ئۇن تارتىشقا كەلدىڭمۇ، بۇغدايتى نەدىن تاپتىڭ؟ ھەمزە ئىستسابقا كەيتۈمۇ؟ تۇرۇپ تۇر، ھازىر چىقىمەن، شالۇۋۇرۇمنى كىيىۋېلىپ چىقىمەن، — دېدى.

شالۇۋۇرىنى تارتىشتۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. كۈن نۇرىدا كۆزلىرى قاماشتى. مەلۇم ۋاقىت كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە ئاپىرىپ، مەمەتنى ئازراق كۆرەلىدى.

— يولۇچىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئىسمائىل ئاغا، مەن مەمەت.

ئىسمائىل چولاق سەل ـ پەل ئۆزىگە كەلدى، سىلكىندى.

— قايسى مەمەتسەن؟ — دەپ يۇمشاق ئاۋازدا سورىدى، — قايسى مەمەتسەن؟

— ئىسمائىل ئاغا، مەن كەلدىم، مەن مەمەت ئاۋاق.

— ئېمە ! مەمەت ئاۋاقما؟ قايسى مەمەت ئاۋاق؟

— ئىسمائىل ئاغا، قانچە مەمەت ئاۋاق بار؟

ئىسمائىل چولاق مەمەتكە باشتىن ـ ئاياغ قاراپ:

— ھېلىقى قاراقچىلىق قىلغان مەمەت ئاۋاقمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، شۇ، مەن، — دېدى مەمەت.

ئىسمائىل چولاق تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا قارىدى، قاراپلا كەينىگە ياندى. قولىغا بىر تاياق ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى.

— ۋاي سەن كاپىرنى، — دەپلا مەمەتكە قاراپ ئېتىلدى، — ۋاي كاپىرنىڭ بالىسى، كاپىر ! ئۆي ـ ئوچىقىمىزنى ۋەيران قىلدىڭ، بەش يېزىنىڭ خەلقىنى ئۆلتۈردۇڭ، ئاچ قويدۇڭ، يەنە سەن، « مەن مەمەت ئاۋاق » دەپ بۇ يەرلەردە، بىزنىڭ يەرلىرىمىزدە كېزىپ يۈرسەن !

مەمەت چاققانلىق بىلەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، تاپىقىنى قولىدىن ئېلىۋالمىغان بولسا، باش - كۆزى يېرىلغان بولاتتى.

بىلەكلىرىنى مەمەتنىڭ قولىدىن ئاجرىتالمىغان ئىسمائىل چولاق ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ۋايجان، ياردەم قىلىڭلار، جاننى قۇتۇلدۇرىدىغانلار يوقمۇ، قاراقچى مەمەت ئاۋاق تۈگمەنتىمىنى بېسىۋالدى، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئادەم بارمۇ! قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! جاننى قۇتقۇزغۇچى ...

مەمەت ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى قويۇپ بەرمەيتتى، ئۇ بولسا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى. ئاۋازى تاغۇتاشلاردىن ئاشاتتى، قىيالىقلاردا ئەكس سادا قايتۇراتتى.

چولاق ھە دەپ ۋارقىرايتتى، يۇلقۇناتتى، مەمەت پەقەتلا:

— ئىسمائىل تاغا، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ساراڭ. ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ — دېيەلەيتتى.

— ۋايجان، ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ ...

چولاق ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يۇلقۇناتتى، تېپىچەكلەيتتى، قىيامەتنى قايىم قىلاتتى.

مەمەت خاپا بولدى، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. يەردە ياتقان چولاقنى ئىلاجىسىز بىرنى تەپتى، ئاپانچىسىنى چىقاردى.

— خەپ سېنى، دىنىڭغا، ئىمانىڭغا ... ئۈنۈڭنى چىقارما! يا ئۆزۈڭ جىم بول! يا بولمىسا ھازىرلا ئاۋازىڭنى جىمىقتۇرۇۋېتىمەن!

ئىسمائىل چولاق شۇ زامان جىمجىت بولۇپ قالدى. ئۈنىنى ئۆچۈردى. شۇ يەردە، سامانلارنىڭ، قۇرۇپ كەتكەن تېزەكلەرنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ قالدى. ئۇ ھالسىزلىنىپ تۈگۈشۈپلا كەتكەن، بوينى تېخىمۇ ئۇزىراپ يۈرلىشىپ كەتكەندى. تاپانلىرى بارماق كىرىپ كەتكۈدەك ھالدا يېرىلىپ كەتكەن، ئۈستىبېشى جۇل - جۇل ئىدى. ھەممە يەردىن يۇرۇم - يۇرۇم، ساڭگىلاپ كەتكەن ئەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاقارغان، پاسكىنا ئۇزۇن ساقىلى ئىسلىشىپ سارغىيىپ كەتكەندى.



مەمەت ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. بېرىپ ئۇنى يەردىن تۇرغۇزدى. ئىچكىرىگە ئەكىردى. قاچىدا سۇ ئالدى. يۈزىنى ياخشىلاپ يۇدى. كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ، جايىدا تۇرغان ئاتنى ئىچكىرىگە يېتىلەپ كىردى ۋە باغلىدى.

ئىسمائىل چولاق تامغا يۆلىنىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلەيتتى:

— ساڭا كىم دېدى ماڭقا مەمەت ئاۋاق، ئاغىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بىزنى ھەمزە تازنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا قويۇپ بەر دەپ!؟ ساڭا كىم ئېيتتى؟ زادى ساڭا كىم قويدى ...

— يىغلىما ئىسمائىل ئاغام، يىغلىما، گېپىمگە قۇلاق سال، ئاڭلىغىن.

— خالىمايمەن ... ئىككى يىلدىن بېرى بۇ تۈگمەننىڭ گېلىدىن بىر تالمۇ دان كىرمىدى، يا بىر تال بۇغداي، يا بىر تال قوناق، بىر تال ئارپا، بىر تال تېرىق، بىر تال دانتىمۇ تارتمىدى بۇ تۈگمەن. سەن بىزنى مانا مۇشۇ ئەھۋالغا قويدۇڭ، دىكەنلى تۈزلەڭلىكنىڭ دېھقانلىرى ئىككى يىلدىن بېرى تىلەمچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ھەممىسى قىپيالىڭاچ ... مانا قارىغىنا، سەن بىزنى مۇشۇ ھالغا قويدۇڭ.

— يىغلىما، ئىسمائىل ئاغام، يىغلىما! قارىغىنا، ساڭا مەن بىر نەرسە دەيمەن، ماڭا قارا!

— نېمە دېمەكچىسەن كاپىر، دىنسىز، قانخور ... ئىككى قولۇڭ ياخشى، ۋىجدانلىق، باتۇر، شەپقەتلىك ئاغىمىزنىڭ قىزىل قېنىغا بىلەكلىرىڭگىچە پاتقان تۇرسا، يەنە ماڭا نېمە دېمەكچىسەن كاپىر؟ باللار ئاچلىقتىن قورۇلۇپ، قۇرۇپ ئۆلۈۋاتىدۇ. ھەمزە تازنىڭ ئامبارلىرى، ئورىلىرى يالغۇز دانلا ئالمىدى، دېھقاننىڭ قولىدا نېمە بولسا ھەممىنى ئالدى. ھېچ نەرسىنى قويمىدى. بىر تال دانتىمۇ قويمىدى. ئارپا بولسۇن، تېرىق بولسۇن، قوناق

بولسۇن، بىر تالنىمۇ قويماي ئالدى. ھەممە ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلدى. خەلق قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتتى. تاغلاردىن ئوت - چۆپ تېرىپ يېدۇق. دەرەخ قوۋزىقى، مامكاپ، قىزىل بۇغداتىلارنى يېدۇق. ئېمە تاپساق شۇنى يېدۇق. قانچىلىك سېمىرىمىز، ئۆچكىمىز، قويىمىز، ئېتىمىز، ئېشەكىمىز بولسا ھەممىسىنى ھەمزە تاز تارتىۋالدى. ھۆكۈمەتنىڭ بىسمى بىلەن ئېلىۋالدى. بىر ھەپتە دېھقانلارنى ئۆز ئادەملىرىگە بىر - بىرلەپ ئۇرغۇزىدۇ. يەنە بىر ھەپتە ژاندارمىلارغا ئۇرغۇزىدۇ. ئۇرۇۋېرگەنلىكتىن خەلقلەرنىڭ دۈمبىلىرى قاپىرىپ، يىغىر بولۇپ كەتتى. ھەي مەمتىم، مېنىڭ قاراقچىم، ئېگىز تاغلارنىڭ بۈركۈتى! قېنى دېگىنە، مەن يىغلىماستىن كىم يىغلىسۇن! ئاللە ئايدىن بېرى گېلىمدىن تۈزۈككىنە بىر تاماق ئۆتمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ... ئائىلىمىزنىڭ ئوچىقىنى ئۆچۈردۈڭ، ئۆيىمىزنى خاراب قىلدىڭ، يېزىمىزنى ۋەيران قىلدىڭ. ئېشىمىزغا زەھەر چاچتىڭ، ئۆزىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىڭ! كىم ئېيتتى، ساڭا كىم قويدى گۆلدەك ئاغىمىزنى، كۆزىمىزنىڭ قارىچۇقىنى ئۆلتۈرۈپ بىزنى مۇشۇنداق يېتىم قىلىپ قوي دەپ؟! ساڭا كىم دېدى، كىم، كىم ئېيتتى؟!

ئابدى ئاغىنى ماختاشقا باشلىدى. ھەم يىغلايتتى، ھەم ئايدى ئاغا ھەققىدە ماتەم قوشاقلىرىنى ئېيتاتتى. ئابدى ئاغىنى، ئۇنىڭ شەپقىتىنى، ئادەمگەرچىلىكىنى كۆككە كۆتۈرىدىغان، يۈرەكتىن چىققان تەسىرلىك قوشاقلار بىلەن ماختاپ يىغلايتتى.

— يىغلىما، ئىسمائىل ئاغام، بولدى قىل، — دېدى مەمەت، — كەلگىنە، بىر - ئىككى چىشلەم بىر نەرسە يەۋالايلى.

خورجۇندىن ئوزۇق خالتىسىنى چىقاردى، ئاچتى. ئوزۇقلارنىڭ ئىچىدە قاتلىما نانغا ئورالغان، قىزىرىپ پىشقان يوغان بىر توخۇ گۆشى تۇراتتى.

ئىسمائىل چولاق يېمەكلىكلەرگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى. ئورنىدىن تۇرۇپ تۆگمەن تېشى نەرەپكە ماڭدى، يۈزىنى



شالاپلىتىپ يۇدى، كەلدى.

— قېنى ئال، ئىسمائىل ئاغام، — دېدى مەمەت.

ئىسمائىل چولاق ئاچ قالغان بۆرىدەك توخۇغا تاشلاندى. مەمەت ئۇنىڭ دەھشەتلىك بىر ئىشتىھا بىلەن توخۇ گۆشىنى يېيىشىنى تاماشا قىلاتتى. ئىسمائىل چولاق ئىككى قولى، ئاغزى - بۇرنى، ئېڭىكى، كۆزلىرى، قاشلىرى بىلەن بېرىلىپ يەيتتى. توخۇ بىردەمدىلا تۈگەپ كەتتى. چولاق سۆڭەكلىرىنى شوراشقا باشلىدى. بىرىنى ئېلىپ يالاپ شوراپ ئىككىنچىسىنى ئالاتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسىنى يەپ تۈگەتتى. ئىسمائىل چولاق تاماقنىڭ ئۈستىگە جىق سۇ ئىچكەندىن كېيىن:

— ئوھ ... ئوھ! ... ئەمدى جان كىردى. ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ... ئوھ، قورسىقىم تويدى. ئەيىبكە بۇيرۇما، بالام، داداڭنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئادەم ئىدى. ھېچ نەرسىگە ئارىلاشمايتتى. قولىغا ئۇرۇپ ئاغزىدىكى ناننى ئېلىۋالساڭمۇ مەيلى دەيتتى. سەن بۇ ئىشلارنى ياخشى قىلمىدىڭ، مەمەت. بىزنى پەرىشان قىلىۋەتتىڭ. مەندىن رەنجىمە، بالام. ھە ... ياخشى كەپسەن! ئەمدى بىر تاماكا بولسىدى ... تەلەردە يۈردۈڭ قېرىندىشىم؟ ھە، ياخشى كېلىپ، سالامەت كۆرۈشتۇق. قېنى سۆزلىگىنە، ئاڭلايلى.

## 31

شۇ كېچىسى دەھشەتلىك يامغۇر يېغىپ كەتتى. خۇددى ئاسماندىن چېلەكلەپ سۇ قۇيۇلغاندەك تۆكۈلەتتى. شامال چىقاتتى، ھەممىنى ئۇچۇراتتى، سۇندۇراتتى، تۆكەتتى. لاپاسلارنى ئۇچۇرۇپ كېتەتتى، دەرەخ شاخلىرى سۇناتتى. ئېگىز تېرەكلەر ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. ئېگىز ئاسماندا چاقماقلار چاقاتتى. تىنىماستىن گۈلدۈرمامىلار گۈلدۈرلەيتتى. تاغلاردىن تۆزلەڭلىككە، تۆزلەڭدىن چوققىلارغا، قىيالىقلارغا ئەكس سادا

ئاڭلىناتتى. بۇ، چۇقۇر ئۇۋانىڭ بالا ــ قازالىق يامغۇرلىرىدىن بىرى ئىدى.

يامغۇر تاڭغا يېقىن ئاستىلاپ قالدى. دەريالار، ئېرىقلار تېشىپ كەتتى، يوللار توسۇلۇپ قالدى.

كۈن چىققاندا يامغۇرمۇ توختىدى. نەم، يېپيېشىل قاق، دىمىق ئىسسىق، كۆيدۈرىدىغان بىر ئاپتاپ چىقتى. كۈن كۆتۈرۈلگەن ھورنىڭ ئارقىسىدىن ئان ــ ماران كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تۇۋاراس دېگەن يەردە زالاننىڭ ئوغلىنىڭ سەككىز كىشىلىك قاراقچىلار ئەترىتىنى ژاندارمىلار كونا قاراقچى ئىبراھىم قارىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقتا تۇتقانىدى. زالاننىڭ ئوغلى ئون يەتتە ياشلىق، ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن، قوش يۈرۈشلۈك بالا ئىدى. ئانىسىنىڭ ئېتىزلىرىنى ئۇرۇپ تارتىۋالغان بىر شەھەرلىكنى ئېتىۋەتكەنىدى.

ئانىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. بالىلىق چاغلىرىدا قۇچىقىدىن چۈشۈرمەيتتى. «زالاننىڭ بىرگىنە ئوغلى، يالغۇز ئوغلى» دەپ ئەركىلىتەتتى. شۇڭا، دېھقانلارمۇ ئۇنى «زالاننىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىشاتتى. يۈنكول يېزا خەلقى ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

زالاننىڭ ئوغلىنىڭ دادىسى ياۋاش، ياخشى ئادەم ئىدى، چىنارلىق يېزىسىدا سۇلۇق، مۇنبەت ئېتىزلىرى بار ئىدى. شەھەردىكى ئابدۇللا ئوغلىنىڭ بۇ ئېتىزلارغا كۆزى چۈشتى. بۇ يەرنى باغچە قىلىش پىلانىنى تۈزۈپتى. زالاننىڭ ئوغلىنىڭ دادىسى ئېتىزىنى ساتمىدى. ئابدۇللا ئوغلى بولسا ھەرىكەت قىلدى. ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ يەرنى قولىغا كىرگۈزدى. شەھەرنىڭ لۈكچەكلىرىگە بىرنەچچە قۇرۇش پۇل بېرىپ بۇ ئادەمنى راسا ئۇرغۇزدى. زالاننىڭ ئوغلىنىڭ دادىسى شەھەرگە كىرەلمەيدىغان ھالغا كەلدى. ئۇ قاچانكى شەھەرگە كىرسە، قاتتىق تاياق يەيتتى، ئۇستىبېشى قان، يېزىغا قايتاتتى.

زالاننىڭ ئوغلى تاھايىتى ياخشى بىر گېرمانكىنى تاپتى.



بەكمۇ يۈگۈرۈك بىر ئاتقا مىندى. بۇ ئات قوشنىلىرىنىڭ ئىدى. ئاتنى چاپتۇرۇپ شەھەرگە كىردى. ئابدۇللا ئوغلى بىر موزدوزخانىدا ئولتۇراتتى. زالاننىڭ ئوغلى بۇنى بىلەتتى. موزدوزخانىنى ئۆز ئۆيىنى تاپقاندەك بىرىپلا تاپتى. مىلتىقىنى ئابدۇللا ئوغلىغا تەڭلىدى، بەش پاي ئوق ئاتتى. ئابدۇللا ئوغلى جانسىز ھالدا يەرگە يىقىلدى. زالاننىڭ ئوغلى بولسا ئېتىنى تاغلارغا قاراپ چاپتۇردى.

ئۆلۈكلەرنى يايداق ئاتقا ئارتقانىدى، پۇتلىرى ئاتنىڭ بىر يېنىدا، باشلىرى يەنە بىر يېنىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. زالاننىڭ ئوغلىنىڭ ئۇزۇن بويىنى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ يولاڭشىغانچە بېشى ئاتنىڭ قارنىغا تېگەتتى.

ئۆلۈكلەرنى ئەكېلىپ ژاندارما قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ چوڭ ھويلىسىغا تاشلاشتى. سەككىز جەسەت چۈش ۋاقتىدىكى ئىسسىقتا شۇ پېتى يېتىشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە يوغان يېشىل چىۋىن كەلدى. مېيىتلەرنىڭ باشلىرى ئەتراپىدا ۋىژىلداشقا باشلىدى. ئىسسىق ئاپتاپ يېلىنجاپ تۇراتتى. ئاسمان بوز رەڭگە كىرگەن، كۆيۈپ تۇراتتى. ئاجايىپ بىر خىل تۇمانلىق كۆيۈش.

زالاننىڭ ئوغلى قارا سوكنا شالۋۇر، ئۇستىگە تاھايىتى چىرايلىق قارا ئىنگلىز رەختىدىن تىكىلگەن چاپان كىيگەن بولۇپ، چاپاننىڭ ئۇستىدىن ئۈچ قاتار ئوقدان ئېسىۋالغانىدى. ئوقدانلار كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەن. بۇ، چېركەسلەرنىڭ قول ھۈنىرى ئىدى. كۈمۈش ساپلىق چېركەس خەنجىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ خەنجەر بىر تاسما بىلەن بېلىدىكى كەمەرگە باغلانغانىدى. دۈربۈنى كىچىك قوڭۇر رەڭلىك ئىدى. پۇتىغا چەمى بەكمۇ قېلىن، قىزىل ماراش ئۆتۈكى، كۆللەپ ئىشلەنگەن كۆرد پايپىقى كىيگەنىدى، تاپانچىسىنىڭ سەدەپتىن ئىشلەنگەن سېپى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشلانغان باشقا قاراقچىلارمۇ ئومۇمەن

شۇنداق كىيىنگەنىدى. ئۆلۈكلەرنىڭ بىرىنىڭ بېشى پۈتۈنلەي تاز ئىدى، داڭلىق قاراقچى تاز دېگەنلەرى مۇشۇ بولسا كېرەك ...

ژاندارما قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ھويلىسىغا شەھەرلىكلەر تولۇشقا باشلىدى. ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى زالانىڭ ئوغلىنى كۆرۈشكە كېلەتتى. زالانىڭ ئوغلىنىڭ يىزىلمىقلىرىمۇ بۈنى ئاڭلىدى. ئالدىغا زالانىڭ ئوغلىنىڭ ئانىسىنى سېلىپ ھازا ئېچىپ، ئەر ـ ئايال ھەممىسى يولغا چىقىشتى. شەھەر ئەتراپىدىكى يىزىلمىقلارمۇ زالانىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىشكە باشلىدى.

ژاندارما قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ھويلىسى ئادەملەر بىلەن تولۇپ تاشتى. ئادەملەر كوچىلارغا، مەھەللىلەرگە ئېقىپ كەلمەكتە ئىدى.

ژاندارمىلار زالانىڭ ئوغلىنىڭ ئانىسىنى، دادىسىنى، تۇغقانلىرىنى، يىزىلمىقلىرىنى ئۆلۈكنىڭ يېنىغا كەلتۈرمىدى. باشقا قاراقچىلارنىڭ ئۆلۈكىگىمۇ ھېچكىمنى يېقىنلاشتۇرمىدى. بىر خىل قالايمىقانچىلىق ۋە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلگەنىدى. ھازا ئاچقان يىغا ئاۋازلىرى شەھەر ئاسمىنىدا جاراڭلايتتى.

زالانىڭ ئوغلى ئوڭ يۈزىنى يەرگە يېقىپ ئۆزىراپ ياتاتتى. چاڭ ـ توزانلىق كۆينىكى غۇۋۋا نۇرىدا تەرلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. يۈزىدە ياللارچە بىر خىل كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغانىدى. ھۆل كىيىملىرى كېلىشكەن بەدىنىگە يېپىشىپ كەتكەنىدى. ياشقىلارنىڭ ھەم شۇنداق ... كۈن قىزىغانسېرى كىيىملەردىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

يېشىل چىۋىنلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىدە بىر قونۇپ، بىر كۆتۈرۈلەتتى.

زالانىڭ ئۆزى يېقىن كېلەلمىگەن ئوغلىنىڭ جەسىتى ئەتراپىدا بىر قۇشتەك پىرقىراپ يۈرەتتى. «زالانىڭ يالغۇزى، زالانىڭ بىر دانىسى، ساڭا قانداقمۇ قىيغاندۇ. زالانىڭ يالغۇز ئوغلى، چىۋىنلەر يۈزۈڭگە قونۇۋاتىدۇ. زالانىڭ بىر دانىسى ...



مەن سۆيۈشكىمۇ قىيمايتتىم، زالانىڭ يالغۇز ئوغلى، سېنى قىزىل قانغا بوياپتۇ ... مەن سۆيۈشكە قىيالمايتتىم، ئەمدى سېنى لاي توپىغا تاشلاپتۇ. چۈشتىكى بۇ ئىسسىقتا نېمە ئۈچۈن ياتىسەن زالانىڭ بىر دانىسى؟ ژاندارما ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا نېمە ئۈچۈن ياتىسەن؟» دەپ ماتەم قوشاقلىرىنى قاتاتتى.

زالا ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغۇچە، ھالسىزلىنىپ كەتكۈچە يىغلىدى، پەرياد چەكتى.

كېيىن سۈرەتچى جامكۆز ئەسىن يېتىپ كەلدى. ئالدى بىلەن زالانىڭ ئوغلىنى تۇرغۇزۇشتى. تامغا يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا تىرىشتى. زالانىڭ ئوغلىغا ناھايىتى كۆپ ئوق تەگكەنلىكى ئۈچۈن بەدىنى شۇنچىلىك ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنكى ... كىيىملىرى پۈتۈنلەي قانلىق پاتقاق ئىدى. ئۇيان ـ بۇيان قىلىشتى.

— قىينىماڭلار، قىينىماڭلار بىر دانەمنى! — دەپ ئاخىرقى ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى زالا.

ئىككى كۈچلۈك ئادەم تامغا تىرەپ قويۇلغان زالانىڭ ئوغلىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. بىر ژاندارما كەلدى. پۈرپۈكلۈك فەسنى بېشىغا كىيدۈردى. كۆزەينەكلىك ئەسىن سۈرەتكە تارتتى. ئۆلتۈرۈلگەن بارلىق قاراقچىنىڭ سۈرىتىنى ئۇ تارتقانىدى. سۈرەتكە تارتىپ بولغاندىن كېيىن ئادەملەر زالانىڭ ئوغلىنى قويۇپ بېرىشتى. ئۆلۈك تام تۈۋىگە يىقىلىپ قالدى. بوينى سول مۈرىسىگە قىيسايدى. كۈلۈمسىرىگىنىچە قالدى.

زالا يەنە پەرياد چەكتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن قاراقچى تازنى ئەكەلدى. ئۇنىمۇ تامغا يۆلەپ قوللىرىدىن تۇتتى. ژاندارمىلار فەسنى ئەكېلىپ ئۇنىڭمۇ بېشىغا كىيدۈردى. بۇ ئىشقا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشتى. سۈرەتكە تارتىش تۈگىگەندىن كېيىن قاراقچى تازمۇ تامنىڭ تۈۋىگە يىقىلدى. بېشى مەيدىسىگە چۈشتى.

قاراقچىلارنىڭ ئۆلۈكى ھويلىدا ئىككى كۈن تۇردى.

ئىسسىقتا پۇرىدى، سېسىدى، كىيىملىرىگە سىغماي قالدى.

دەللال ئەخمەت دۈك ياقىسىغا مېدال ئورنىغا ئەينەك پارچىسىنى تاقاپ ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ۋارقىرايتتى:

— خالايىق! ئاڭلىمىدۇق – ئاڭلىمىدۇق دېمەڭلار! زالانىڭ ئوغلىنىڭ جەسىتى ژاندارما قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ياتىدۇ. بۇ بىر ئىبرەت تاختىسى. بېرىپ كۆرۈڭلار! ... ئانىلارنىڭ نېمە تۇغقانلىرىنى كۆرۈڭلار! ... زالانىڭ ئوغلى ئۇ يەردە يەتتە بىر كۈن قالىدۇ! سېسىپ پۇرايدۇ! ئىششىيدۇ! ... خالايىق! ئاڭلىمىدۇق – ئاڭلىمىدۇق دېمەڭلار!

زالا ئۈچ كېچە – كۈندۈز يىمەي، ئىچمەي، ئۇخلىماي ژاندارما قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ھويلىسىدا كۆزلىرىنى ئوغلىغا تىكىپ، تويتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنى ئۇ يەردىن ھېچكىم ئايرىيالمىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈكنى زالاغا تاپشۇرۇپ بەردى. زالا يارىلانغان بۆركۈتتەك ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئېتىلدى. ئۇنىڭ سېسىپ، ئىششىپ كەتكەن جەسىتىنى پۇراپ – پۇراپ كەتتى ...

يەتتە قاراقچىنىڭ جەسىتىنى ئىگىلىرى ئەكېتىشتى. قاراقچى تازنىڭ ھېچكىمى يوق ئىدى. ئۇنى ژاندارمىلار شەھەر سىرتىدىكى كونا ئاھاك قۇدۇقىغا تاشلاشتى. ئۆلۈكنى ئىتلار يەپ كەتتى.

دائىملىق چاۋۇش ھەنەيى چولاق ياشلىق ئىدى. چىشلىرى ئاپپاق مەمەت ئاۋاقنى ئاتتۇق دەپ زالانىڭ ئوغلىنى ئاتقانلارنىڭ بىرى شۇ ئىدى. ئۇ شەھەر بازىرىغا كېلىپ قەدىمكى داستانچىلاردەك جۇشقۇنلۇق بىلەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەتتى:

— مەمەت ئاۋاقنى قورشىۋالدۇق دەپ خۇشال بولغانىدۇق. توۋاراس ئېدىرلىقىدا قورشىۋېلىنغان مەمەت ئاۋاق ھەرقانچە مەمەت ئاۋاق بولسىمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيتتى. ھەممە تەرىپى ئاسمان – پەلەك قىيالىقلار بىلەن توسۇلغان، — دەپ سۆزىنى باشلايتتى ئۇ، — قىيالىقنىڭ تۈۋىدە قاراقچىلار بىلەن ئېتىشىش



بىر سائەت داۋام قىلدى. بىر قارىساق، مەمەت ئاۋاق بىر قول ياغلىقنى مىلتىقنىڭ ئۇچىغا چىگىپ بىزگە قاراپ «تەسلىم! تەسلىم!» دەپ ۋارقىراپ كېلىۋاتىدۇ. ئارقىسىدا ئادەملىرى ... يۈزبېشى: «توختاڭلار، مەن مەمەت ئاۋاقنى تەسلىم قىلدۇرمايمەن، يېقىنلاشسۇن، ئوق ئاتايلى ...» دېدى. ھەممە قاراقچىنى ئاتتۇق، پەقەتلا قاراقچى تاز تەسلىم بولۇش بايرىقىنى چىقارمىغانىدى. كەچقۇرۇنغىچە سوقۇشتى. ئاخىر ئوقى تۈگىدى. ئۇنىمۇ تۇتۇۋالدۇق، ئۆلتۈرۈۋەتتۇق. مەمەت ئاۋاقنىمۇ تۇتۇۋالدۇق دەپ خۇشال بولدۇق. دېھقانلار بىر قاراپلا «بۇ مەمەت ئاۋاق ئەمەس، زالانىڭ ئوغلى» دېيىشتى. يۈزبېشى ئاچچىقىدا ئۆلەي دەپ قالدى. بۇ مەمەت ئاۋاقتا نېمە خىسلەت باردۇ؟ نېمە ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، دەيتتى.

بۇ شەھەرلىكلەر تەسلىم بولغان ناھايىتى كۆپ قاراقچىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگەنىدى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ھۆكۈمەت تاغلارغا خەۋەر يوللىغانىدى: «تاغدا كىم بولسا قايتىپ چۈشسۇن، تەسلىم بولسۇن، تەسلىم بولغانلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.» بۇنى ئاڭلاپ بىرمۇنچە قاراقچى تەسلىم بولۇشقانىدى. شۇ تەسلىم بولغان قاراقچىلاردىن ئوتتۇزچىسى كوزان تۈرمىسىدە ياتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىق قاراقچى ھاجى ۋەلىمۇ بار ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە بۇ قاراقچىلارنىڭ قوللىرىنى بىر – بىرىگە چېتىپ ئارغامچىدا باغلاشتى. «ئادانىغا ئاپىرىمىز» دەپ يولغا سېلىشتى. ئادانا بىلەن كوزان ئارىلىقىدا سارىچام دېگەن بىر يەر بار ئىدى. پاكار دەرەخلىك، شورلۇق بىر يەر سارىچام جىلغىسىدا بۇ ئوتتۇزغا يېقىن قاراقچىنى ئېتىۋەتتى. كېيىنچە «قاچقانىدى، ئېتىۋەتتۇق» دېگەن دوكلاتنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئۆلۈكلىرىنى سارىچام جىلغىسىغا كۆمۈشتى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەتراپتىكى دېھقانلار ئۆز ئەينى بويىچە كۆرۈپ بىلىشتى.

ھاكىم بۇ ئىشلارغا بەكمۇ خۇشال بولدى:

— كىمدەكىم قانۇنسىزلىقلارنى قىلسۇن قېنى ! بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ تېزرەك يوق قىلىدۇ. زۇلۇم ھېچقاچان يۇت تېرەپ تۇرالىغان ئەمەس. جۇمھۇرىيەتنىڭ باشلىقلىرى بەكمۇ ياش بولغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇنى بىلمەيدۇ. ۋاي كۆز نۇرۇم ئەپەندىم، بۇ بىر زۇلۇم قىلىچىغا ئوخشاش خەلقلەرنىڭ بېشىدا پىرقىراپ يۈرىدۇ !

شۇ مەمەت ئاۋاقنا بەكمۇ قىزىقاتتىم ... ئۇ كىم ئىدى، نېمە ئىدى؟ نېمىسىنىڭ نېمىسى ئىدى؟ بەكمۇ ياش بىر ئادەممىش دېيىشىدۇ. خېلى ئۇزاق زامان يوقاپ كېتىپ، ھازىر يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭمۇ جەسىتىنى يېقىندا شەھەرگە ئەكىرىشىدۇ.

— جۇمھۇرىيىتىمىز ناھايىتى كۈچلۈك، تېز ئارىدا ئۇنىمۇ تەسلىم قىلدۇرۇپ ئوقىقا ئوتىدۇ. ئۇنىمۇ كۆرىمىز تېخى، كۆز نۇرۇم، ئەپەندىم. پات يېقىندا يەنىمۇ كۆرىمىز ! — دېيىتتى ئۇ زوقلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ.

ئەھەردە مەمەت ئاۋاق ھەققىدە سۆزلەنگەنلەرنى بىر ئاز ئەجەبلىنىش ۋە قورقۇش بىلەن ئاڭلايتتى، مەمەت ئاۋاق ھەققىدە مۇنازىرىلەرگە چۈشەتتى.

— ئۇ ئاجايىپ زالىم، ئىنسابسىز، ئادەملەردىن باشقىچە بىر مەخلۇق، ھەي ئەپەندىم، كۆز نۇرۇم، جىگىرىم، ئۇ ئادەمدىن ئۆزگە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر مەخلۇق. ئەپەندىم، تۆرك دېھقانلىرى يۈرسەت تاپسىلا دادىلىرىنىڭ كۆزلىرىنىمۇ ئويۇۋالىدۇ، — دېيىتتى ئۇ.

مەمەت ئاۋاق بىر كېچىدە تاشئۇلۇك يېزىسىدىكى باي ئاغىنىڭ ئۆيىگە يالىتۇرۇپ كىرىپتۇ. ئاغا: پۇلۇم يوق، دەپتۇ. مەمەت، شۇنداقمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئادەملىرىگە ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ ساقلاپ تۇرۇڭلار، دەپتۇ. ئاغىنىڭ ئون ئالتە، ئون سەككىز، يىگىرمە ياشلىرىدا ئۈچ قىزى بار ئىكەن. ئالدى بىلەن ئون ئالتە ياشلىق قىزنى مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا



ياتقۇزۇپتۇ، دادىسى، ئانىسى، قېرىنداشلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا نومۇسىغا تېگىپتۇ. ھەم كۆلىدىكەن، ھەم نومۇسىغا تېگىدىكەن. قىزنىڭ دادىسى، ئانىسى، قېرىنداشلىرى قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇۋاپتۇ. كېيىن قىزنى ئۆز ئادەملىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، ئۇلارمۇ نۆۋەت بىلەن قىزنىڭ نومۇسىغا تېگىپتۇ. مەمەت ئوتتۇرانچى قىزنى ياتقۇزۇپتۇ، ئۇنىمۇ بولغاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ قىزنى ... چوڭ قىزى مەمەتنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، « مەمەت، سەندىن ئايرىلمايمەن » دەپتۇ — دە، مەمەتكە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

مەمەت ئاغىغا مۇشۇ ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن « ئەگەر پۇللارنى چىقارمىساڭ، سېنىمۇ ۋەيران قىلىمەن » دەپتۇ.

— كۆز نۇرۇم، بۇ زۇلۇمدۇر. تۆرك دېھقانلىرى زۇلۇم ماشىنىسى ...

ئۇ ئادەم ھەممە بايلىقىنى چىقىرىپتۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس ... مەمەت ھەممىنى ئالغاندىن كېيىن خەير - خوش دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. چوڭ قىزى بۇ كاپىرغا ئاشىق ئىكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. تاغقا چىقىپ مەمەت ئارقىسىغا قاراپتۇ. ئۇ قىز — چوڭ قىزنى — ئاشىق قىزنى مىلتىقىنى چىقىرىپ ئېتىۋېتىپتۇ.

— ئۇ جازاسىنى تارتىدۇ ... جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىز يۇنانىڭ ئۇلۇغ پادىشاھلىق دۆلىتىنى يىقىپ چىققان تۇرۇقلۇق شۇ بىر قاراقچىنى يېڭەلمەمدۇ، كۆز نۇرۇم، سۇلتانىم ! ئازراق ساقلاپ تۇرۇڭ، زۇلۇم ماشىنىلىرى پاچاقلىنىدۇ.

بىر ئۆيگە كىرىپتۇ، قارىسا ھېچكىم يوق. پەقەت بۆشۈكتە بىر بوۋاق ئۇخلاپ ياتقان، يەرشىشلەرگە كۆلۈپ بېرىۋاتقان. بۇ كاپىر نېمە قىپتۇ دېمەمسىز، خەنجىرىنى چىقىرىپتۇ. بوۋاقنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىپتۇ.

— ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، كۆز نۇرۇم ! خوش، ئەمدى يۇنىڭدىن ئارتۇقىنى سۆزلىمەيلا قويايلى ... ياخشى ...

ئادەمنىڭ يۈرىكى بۇنىڭغا چىدىيالمايدۇ، سۇلتانىم! يۈرەك يېرىلىپ كېتىدۇ. مۇنداق زۇلۇملار، پەقەتلا تۈرك دېھقانلىرىدىلا سادىر بولىدۇ. بۇ دېگەنلىرىم ھەقىقىي خەۋەرلەردۇر. ھەرگىز يالغىنى يوق.

مەمەت ئاۋاق ئۇن كىشىلىك ئەترىتى بىلەن چوڭ بىر يېزىغا كىرىپتۇ. يېزىدىكى ھەممە دېھقاننى، ئەر - ئايال، ياش - قېرى، ئاغرىق - ساق، بالىچاقا، ئاقساق - چولاق، پالەچ ھەممىسىنى يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا توپلاپتۇ. ئۆيلۈكلەردىكى تۆمۈر ئوچاقنى، ساپان چىشىنى ئاچىقىڭلار دەپ ھەممىگە بۇيرۇق قىپتۇ. ھەممە ئادەم ئۆيلىرىدىكى تۆمۈر ئوچاقنى، ساپان چىشىنى ئاچىقىپتۇ. بۇ كاپىر مەمەت ئاۋاق يەنە يېزىدا قانچىلىك ئوتۇن بولسا ھەممىسىنى مەيدانغا يىغىڭلار دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇلار ئوتۇنلارنى يىغىپ كەپتۇ. ئوتۇنلارنى يېقىڭلار، دەپتۇ. ئۇلار يېقىپتۇ. ئوتۇنلار كۆيۈپ چوغ بوپتۇ. چوغلارنىڭ ئىچىگە ساپان چىشىنى، تۆمۈر ئوچاقنى تاشلاڭلار، دەپتۇ. ئۇلار تاشلاپتۇ. تۆمۈرلەر قىپقىزىل تاۋلانغان چاغدا، تۆمۈرلەرنى ئوتتىن ئېلىڭلار، دەپتۇ. ئوتتىن ئاپتۇ. تۆمۈر مەشنى بوينۇڭلارغا ئېسىڭلار. ساپان چىشلىرىنىڭ ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ دەسسەڭلار، دەپتۇ. بىر - ئىككى كىشى ئىككىلىنىپ قاپتۇ. ئۇلارنى شۇ زامان ئېتىپ تاشلاپتۇ. جەسەتلىرىنى يېرىم ئۆلۈك ھالەتتە كۆيۈۋاتقان چوغلارغا تاشلاپتۇ. ۋاژىلداپ ئەتراپنى ياغ پۇرىقى قاپلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقانلار تۆمۈر ئوچاقلارنى ئارقا - ئارقىدىن بوينىلىرىغا ئېسىپتۇ. يالاڭ ئاياغ چوغلارنى دەسسەپتۇ. يېزىنى ۋاژىلدىغان، جىزىلدىغان ئاۋازلار، كۆيگەن گۆش پۇراقلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپتۇ. يېزىدا ھازىرغىچە ئادەم گۆشىنىڭ كۆيۈك پۇرىقى پۇراپ تۇرىدۇ.

— ئاڭلىتىلغان بۇ ئىشلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. كۆز نۇرۇم، سۇلتانىم، ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ھەقىقىي مەلۇماتلار بۇ، ئەپەندىم. زۇلۇم ... تۈرك دېھقانلىرى زۇلۇم



ماشىنىسىدۇر. لېكىن، ئادەم بالىسى بۇ شەھەردە بولغان ئىشلارغا ئىشەنمەيدۇ، زۇلۇم ...

ھاكىم ۋە شەھەرلىكلەر ئىشنى بارغانسېرى ئۇلغايتىۋەتتى. ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ مەمەت ئاۋاق ئۈستىدە ئەقىلگە سىغمايدىغان يامان ئەپسانىلەرنى توقۇپ چىقتى. بۇ شەھەردىن باشقا شەھەرلەرگە، ئاداناغا، ئەنقەرەگىچە تارقالدى. بۇ يامان، يالغان ئەپسانىلەر پەقەت چۇقۇر ئۇۋۋا، ئاناۋارزا دېھقانلىرىنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ. دېھقانلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپلا شۇ يەردە قېلىپ قالىدۇ. شەھەرگە كىرگەن دېھقانلار مەمەت ئاۋاق ئۈستىدىن توقۇلغان ئەپسانىلەرنى ئاڭلايدۇ، ئاڭلايدۇ. گەپ - سۆز قىلمايدۇ، ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ. «ئەجەب ...» دەپ قويىدۇ. ئىچىدە شەھەرلىكلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ.

دېھقانلار: «بىزنىڭ تەلۋە يىگىتىمىز ئىپپەت - نومۇسى بۇزۇلغانلارنىڭ ئۆتىسىنى تاشقۇزۇۋېتىپتۇ» دېيىشتى ۋە خۇشاللىنىشتى.

مەمەت ئاۋاق دېگەن زادى كىم؟ قانداق بىر ئادەم؟ ئۇنىڭ ئىسمى ئاۋاق. ئۆزى دەھشەتلىك، قوپال، يوغان، چوشقىمىدەك سەت، پالكۆز بىر ئادەم. شۇنداق سەت ئادەم ھېچقاچان بۇ دۇنيادا يارالمىغان ھەم يارالمايدۇ.

— مەمەت ئاۋاقنىڭ شۇنداق ئاجايىپ قوللىرى باركى، ئۇ يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ. بۇرنى ئاغزىنى پۈتۈنلەي يېپىۋالغان. كۆزلىرىگە قان تولغان، چاپاق، چىپىلاق كۆز.

مەمەت ئاۋاقنىڭ كۆرۈنۈشى ھەققىدە ھەممىدىن كۆپرەك ئەلى ساپا باينىڭ خوتۇنى سۆزلەيتتى. كۈن چىققاندىن كۈن ئولتۇرغۇچە ئۆيمۇئۆي يۈرەتتى، مەمەت ئاۋاقنى خىلمۇخىل شەكىلدە سۈپەتلەپ بېرەتتى.

ئۇ تۈرسىز، قاراڭغۇ، پاتقاق ئىچىدە كوچىلىرىدىن ياسكىنىلىق ئېقىپ تۇرغان، قىغ پۇراپ تۇرغان، ۋەيرانە شەھەرنى دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ قاپلىغانىدى. بۇ شەھەر ئۆلۈككە

ئوخشايتتى. غەيۋەتنىڭ ئۆۋىسى، جادۇگەرنىڭ قازىنى ئىدى. ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ سىرىنى بىلەتتى. ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ ئەڭ كىچىك كەمچىلىكىنىمۇ كەچۈرمەيتتى. ھەر كۈنى مىڭلاپ غەيۋەت ـ شىكايەت پەيدا بولاتتى، قۇرۇق تۆھمەتلەرنىڭ قۇربانى بولمىغان، غەيۋەت ـ شىكايەت بىلەن ئەتراپىدىكىلەرنى سۆندۈرۈشقا تىرىشمايدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. چۈشكۈن، زېرىككۈلۈك شەھەردە ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىنى ئوياتتى، ئورىسىنى كولايتتى.

ئەگەر قاراقچىلىق ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇرمىغان بولسىدى، شەھەرلىكلەر زېرىككىشتىن ئىچى پۇشۇپ سارالڭ بولغان، بىر ـ بىرىنى سېسىتىپ نىجاسەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولاتتى. قاراقچىلار ئۆلتۈرۈلە ـ ئۆلتۈرۈلە تۈگىمەيدىغان بولدى دەپ ئۆتلىرى تاشاتتى، بۇ ھەقتە ئىشەنگىلى بولمايدىغان ھۆزۈر ئىچىدە سۆزلىشەتتى، غەيۋەت قىلىشاتتى. ھەر كۈنى شەھەردە كىم بولسا، ھەممىسىنى باشتىن ـ ئاياغ ئاجاپ چىقاتتى. قورقۇش بىلەن ھۆزۈرلىنىپ، بىر ـ بىرىگە قاراقچىلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشەتتى. شەھەرنىڭ ئەرلىرى سۆزلەشتە، غەيۋەت قىلىشتا كارامەت ئىدى. ئەمما، ئاياللىرى ئۇلاردىن مىڭ بەتتەر ئىدى. ئاغزى زادىلا بېسىقمايتتى. قاراقچىلىق تېمىسىدا ئەرلەرنىڭ بېشىنى ئەلى سايا، ئاياللارنىڭكىنى ئەلى سايانىڭ خوتۇنى ئايلاندۇراتتى. مەمەت ئاۋاق ھەققىدە توقۇلغان ھېكايە شۇنداق ئىدى:

«يوغان، ۋەھشىي، دۆڭدەك بىر دېھقان يالىسى بىزنىڭ باينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. باي بۇ ئاجايىپ ئادەمدىن «ئىشلەشكە كەلدىڭمۇ» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «ياق، قاراقچى بولۇش ئۈچۈن كەلدىم، تاغدا ھەربىر ئاغىنىڭ قاراقچىسى بار. ھۆكۈمەتنىڭمۇ قاراقچىسى بولىدۇ. مەن سېنىڭ قاراقچىڭ بولاي. سۆزۈڭدىن چىقمايمەن، كىمنى ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭ شۇنى ئۆلتۈرۈپ بېرىمەن» دەپتۇ. سايا باي: «بۇ ھەۋەسلىرىڭدىن ۋاز كەچ، كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك



ئىكەتسەن، قارىغىنا، تاغدەك تۇرسەن. كېلىپ بىزنىڭ ئېتىزدا ئىشلە» دەپتۇ. ئۇ بويىنىنى تولغاپتۇ. «خالىساڭ ساڭا قاراقچى بولاي» دەپتۇ. بىزنىڭ باي: «مەن قاراقچى تۇتمايمەن، مەن جۇمھۇرىيەتنى قۇرغان ئادەممەن. ئەمدى ئۇنىڭغا قارشى قاراقچى ئىشلەتمەيمەن» دەپتۇ. بۇ يوغان دېھقانمۇ ئۆزى دۆڭدەك، چىرايى يەكمۇ سەت، بېلى دۈمچەك ئىكەن. ئۇ، باينىڭ قېشىدىن كېتىپ قاپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە كەپتۇ. بايغا: «باي، پۇشايمان قىلىسەن، مەن شۇنداق ئوق ئاتىمەنكى، ئاسماندىكى مەس يارماقنى سوقالايمەن. ھەممە ئادەمنىڭ تاغدا بىر قاراقچىسى بار، مەنمۇ سېنىڭ قاراقچىڭ بولاي. ساڭا كىم قارشى چىقسا، ھەممىسىنى ئۆلتۈرىمەن. قولۇمغا بىر مىلتىق بەرگىن. تاغقا چىقاي، ئۆزۈڭ كۆر» دەپتۇ. بىزنىڭ باي خالىماپتۇ. دېھقان يالىسى بىر ئاي كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپتۇ. بىزنىڭ باي يەنىلا ماقۇل بولماپتۇ. ئاخىر ئۇ سايا بايغا دۈشمەن بولۇپ قاپتۇ، كېتىپتۇ. سايا باي ئۇنى قاراقچى قىلىپ ئىشلەتمەستىن ياخشى قىپتىكەن. ئۇنى قاراقچى قىلىۋالغان ئابدى ئاغىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ ئۇنىمۇ كۆردۇق. ئۇ بىزنىڭ باينىڭ ئالدىدىن تاغقا چىقىپ ئابدى ئاغىنىڭ ئالدىغا بېرىپتىكەن. ئابدى ئاغا ساددا بىر ئادەم، ئۇ ماقۇل دەپتۇ ۋە: «سەن مېنىڭ قاراقچىم بول. تاغلارنى دىققەت قىلىپ ياخشى ئايلانغىن. قايسى دېھقان مەن ھەققىدە يامان گەپ قىلسا ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرگىن» دەپتۇ. قولىغا يېپيېڭى بىرمۇنچە مىلتىق ۋە ناھايىتى كۆپ ئوق بېرىپتۇ. ئاجايىپ جىق پۇل تۇتقۇزۇپتۇ. ئۇ تاغقا چىقىپتۇ. تاغدا داڭ چىقىرىپتۇ. داڭقى چىققاندا مەمەت ئاۋاق دەپ ئاتىلىپتۇ. مەمەت ئاۋاق بولغاندىن كېيىن يېزىلارغا كېتىپتۇ. «كىمكى ئابدى ئاغىنىڭ يامان گېپىنى قىلىسا، ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنى تىللىسا ئۇنى ئۆلتۈرىمەن» دەپتۇ. ھەممە دېھقان ئابدى ئاغىنى تىللايدىغان بوپتۇ. «قاغىنى باقساڭ كۆزۈڭنى چوقار» دېگەندەك ئىش بوپتۇ. ئۇنى كۆرگەن دېھقانلار بىراقتىنلا ئابدى ئاغىنى

تەللاپ كېلىپ يېتىدىن ئۆتمىگەن بوپتۇ. «يىلاننى قوينۇڭدا باقساڭ ئالدى بىلەن سېنى چاقار». تاغلاردا دېھقانلار ئۆتكەندىن قورقۇپ بىر – بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە سالام بېرىش ئورنىغا ئابدى ئاغىنى تەللاپ ئۆتەرمىش. ئابدى ئاغا ئۆتنىڭغا ئۇنداق قىلمىسۇن، دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ خاپا بوپتۇ. ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ بېرىپ ئوت قويۇپتۇ. ئابدى ئاغىنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن، ئىككىسىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. بۇ يوغان ئادەم تۇۋۇەت بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭ نومۇسىغا تېگىپتۇ. ئۇ ئادەم تاڭ ئاتقۇچە خوتۇنلارنى يانمۇيان ياتقۇزۇپ بوزەك قىپتۇ. ئابدى ئاغا بىر ئامال قىلىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. بىچارە يوپۇرماقتەك تىترەيتتى. سايا باي ئۇنى بىزنىڭ ئۆيدە بىر ھەپتە ساقلىدى. بىر كۈنى مەمەت ئاۋاق ئابدى ئاغىنى ئىزدەپ يۈرگۈدەك دەپ ئاڭلىدىم. «ياللا باي، شۇنى يولغا سال. ئۇ ۋەھشىي بىزنىڭ ئۆيگىمۇ باستۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن»، دېدىم. باي ئابدى ئاغا ئۈچۈن ساقچىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆينى تۇتۇپ بەردى. لېكىن، يەنىلا ئابدى ئاغىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە مەمەت ئاۋاق ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە ئىككى پاي ئوق ئاتتى. بىزنىڭ باي: «مەمەت ئاۋاقنى قاراقچى قىلماستىن ياخشى قىپتىكەنمەن. ئۇ مەدەنىيەت دۈشمىنى، ئىنسانىيەت دۈشمىنى. تاغدا ھېچقانداق قاراقچى قالمايدۇ ... ياغمۇر ئاغىنىمۇ، ئۇ ئوغرىنىمۇ ئۆلتۈرگە تىقتۇرۇۋېتىمەن» دەپتۇ.

ئەلى سايا باينىڭ سېمىز خوتۇنى ھېكايىنى ھەر خىل تۈرلەپ سۆزلەيتتى. سۆزلىگەنسېرى قىزىل ياڭاقلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ كېتەتتى. مەمەتنىڭ ئابدى ئاغىنى چوقۇر ئوۋادا يېرىمۇيىرا! قانداق قوغلاپ يۈرگەنلىكىنى، بىچارە قېرىنىڭ جان قايغۇسىدا ئۆيدىن – ئۆيگە قېچىپ يۈرۈشىنى ئادەمنىڭ كۆزىدىن ياش چىقارغۇدەك ئاۋازدا، يىغلىغاندەك قىلىپ يىپ – يىڭنىسىگىچە



سۆزلەپ بېرەتتى. بەزىدە ئۆزىنى تۇتالماستىن يىغلاپ تاشلايتتى، سۆزىنى شۇنداق داۋاملاشتۇراتتى ۋە «خوپ بوپتۇ» دەپ تۈگىتەتتى. «ساڭا شۇنچە يوغان، دۆڭدەك، قان ئىچكۈچى قاراقچىنى بېقىش نە ھاجەت؟! بىزنىڭ باي دۇنيادىكى ئەڭ جاسارەتلىك ئادەم تۇرۇپ، شۇ چېغىدا قورقۇپ مەمەت ئاۋاقنى قاراقچىلىققا ئالالمىغانىدى. ئابدى ئاغىغا خوپ بولدى. ئەجەب قىلدى. ئۇ شۇ جانىۋار بىلەن ئۆز بېشىنى يېدى. مىللەتنىڭ بېشىنىمۇ بالاغا تىقتى.»

تاغدىن شەھەرگە ئاجايىپ – غارايىپ خەۋەرلەر كېلەتتى: ژاندارمىلار ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالارمىش، ئۇ بىر يىلاندەك مۇھاسىرە چەمبىرىدىن چىقىپ كېتەرمىش، قۇش بولۇپ ئۇچارمىش. ئۇنى كۆرگەن ژاندارما ۋە ئادەملەرنىڭ كالپۇكلىرى قورققىنىدىن يېرىلىپ كېتەرمىش. يېرىلىپ كەتكىنىنى كۆرگۈچىنىڭ قولى تىترەپ نېمە ئۈچۈندۇر مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى باسالماسمىش. ئۇنىڭ كارامەت كۆزلىرى بارمىش، ئادەمگە قارىسا، ئۇ ئادەم تۇرغان يېرىدە مىخلىنىپ قالارمىش. ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرمىش. بىچارە ژاندارمىلار قورققىنىدىن قوللىرى تىترەپ، مىلتىقلىرىنى ئاتالماسمىش ...

بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، گېلىدىن بوغۇپتۇ: «مەن مەمەت ئاۋاق. مەن بىلەن ئويناشما. مەن شۇ تاغلاردا، چوقۇر ئوۋادا قانچىلىك ئاغا، ئەپەندى بولسا، ھەممىسىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن» دەپتۇ. ھاكىممۇ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشمەسلىككە قەسەم ئىچىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ...

ئۇ ئانىسىنى، خوتۇنى خەدىچەنى، بالىسىنى ژاندارمىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. دادىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەن گەپ بار. بىراق، بۇ يالغان. چۈنكى دادىسى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ مەمەت ئاۋاق يېتىم ئۆسۈپتىكەن.

بىر ئىنىسى بار، دېيىشىدۇ. ئۇمۇ قېچىپ يۈرگۈدەك. ئۇنى تۇتۇۋالسا ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەرمىش.

قەلئە ئۈستىگە چىقىپ ئۆلتۈرىدىكەن. ئۇ يولدىن ئۆتكەن ئاياللارنىڭ تومۇسىغا تېگىدىكەن. ئەرلەرنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلايدىكەن.

مۇستاپا كامالغا: «مېنى يوق قىلىمەن دېمە، سەن يوق قىلالمىغان ئاغىلارنى، موللىلارنى مەن يوق قىلىمەن. فېئوداللارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ۋاگونلارنى توشقۇزىمەن. ئۇنى ساڭا يوللايمەن» دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. مۇستاپا كامال پاشامۇ ئۇنىڭغا چېقىلمايدىكەن. «ساڭا چېقىلمايمەن، قەدىمى چۇقۇر ئوۋادا، كەڭ توروس تاغلىرىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىڭنى قىل» دەپ پەرمان چىقىرىپتۇدەك.

— ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى قىلايلى، قېرىندىشىم. ئۆز بېشىمىزنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايلى.

ھاكىم ئۈمىدلىنەتتى. ئۈمىدسىزلىنەتتى. قورقاتتى. يۈرەكلىنەتتى. ئىچى پۇشۇپ بېرىلىپ كېتەي دەيتتى، سۆزلىشەتتى، يالغان ھېكايىلەرگە ئىشىنىش ئۈچۈن تەييار تۇراتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇشۇنداق يامغۇرلۇق كۈندە سەمەت ئاۋاقمۇ يايداق ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ شەھەرگە ئەكېلىنسە ... قانداق قىلىشلىرىنى بىلەلمەيتتى. خۇشال بولۇشۇشتىمۇ! يىغلاشىشتىمۇ؟

يامغۇر ياغاتتى، پەردىن ھور كۆتۈرۈلەتتى. بىر ئېقىن سۇ چۇقۇر ئوۋانىڭ ئۈستىدىن ئاق دېڭىزغا قاراپ ئاقاتتى. چاقماقلار چاقاتتى. ئەتراپ قاينىپ تاشاتتى، كۈن چىقاتتى. قاراقچىلارنىڭ مىسكىن، ئېگىز جەسەتلىرى ژاندارما قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ھويلىسىدا، ئاق مەرمەر تاشنىڭ يېنىدا ... چىلىق - چىلىق ھۆل ياتاتتى.

يامغۇر ياغاتتى، ئاپتاپمۇ چىقاتتى.



## 32

ھاكىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ھېچقانداق ۋەقە بولمىدى. ئەلى ساپا باي ئىككى قېتىم ئاتلىق كېلىپ ئەتراپقا دىققەت قىلىپ قاراپ، ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە كۆزلىرىنى ئالايتىپ بېرىنى ئايلىنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى، كۆچىدى، پەللىگە يەتتى. ھەر كۈنى ئەلى ساپا باينىڭ بىر ۋەقە تۇغدۇرۇشىنى كۈتۈشەتتى. ھېچقانداق ۋەقە بولمىغاندىن كېيىن بوشاپ قېلىشتى.

شۇ كۈنلەردە ئىدرىس بەگ ئىككى ئاتلىق ئادىمى باشلاپ يېزىغا كېلىپ ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئوسمان چوڭغا ھەيران قالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى، ھۆرمىتىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئەلى ساپا باينىڭ ئالدىدا قىلغان ھەرىكەتلىرى يىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى ماختىدى.

— بىز ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئالدىدا چىداپ تۇرالمىدۇق. ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى ساتتۇق. مانا ئاخىر بۇ ئەھۋالغا چۈشتۇق. شۇنداق قىلىپ تاغلارغا چىقىپ كەتتۇق.

ئىدرىس بەگ خورسىناتتى، ئۇ ياش، كېلىشكەن، يۈزى سولغان، ئورا كۆز ئادەم ئىدى.

— بىزمۇ بىر ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. ئارىپ سايىمغا ئېتىزلىرىمىزغا چېقىلما، خۇددى يۈز ئەللىك مىڭ لىرالىق پۇل چېكىنى ئويدۇرۇپ چىقارغاندەك، شۇ يىگىرمە تۆت يىلنىمۇ سەن ئويدۇرۇپ چىقاردىڭ. قانداق ئويدۇرغان بولساڭ، شۇنداق بىكار قىل! دەپ خەۋەر يوللىدىم. ھازىر كۈتۈۋاتىمەن. ئاخىر نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. بۇلارنى ئالدىمغا ئۇچرىغانلا ئادەمگە دەپ كېلىۋاتىمەن. ئاخىرغىچە بۇ خەۋەرنى يوللايمەن. ئەگەر ئارىپ سايىم ئەقلىنى تاپمىسا، ئۇ چاغدا باشقىچە سۆزلىشىمەن. كۆرۈد ئەلى ئاغا ماڭا: «ئارىپ سايىم بەگ ئوينىلاۋاتىدۇ، ئاجايىپ جىددىي

ئۇيلاۋاتىدۇ » دەيدۇ. ئويلىمىسۇن، كۆرۈپ باقايلى. مەن سەۋرچانمەن. سىلەرمۇ سەۋرلىك بولۇڭلار.

ئىدرىس بەگنىڭ ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان دېھقانلار ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كېلىشتى. سەيپەلى، سەيچە كەھيا، پەرھات موللاملارمۇ كېلىشتى.

دېھقانلارنى كۆرۈپ ئىدرىس بەگنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. چىدىيالماستىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەرگە ھەۋەسىم كېلىدۇ. ئەلى ساپا سىلەرگە قاتتىق زۇلۇم سالدى، ئارىپ سايىم بەگنىڭ بىزگە سالغان زۇلۇمىدىنمۇ بەتتەررەك. بىز چىدالمىدۇق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان يەرلىرىمىزنى بىر ـ بىرلەپ ئارىپ سايىمغا ساتتۇق، قورقۇپ ساتتۇق، ماڭا ئوخشاش قاراقچى بولۇپ كەتتۇق. ساتتۇق، ئەخمەقلىق قىلىپ ساتتۇق ... شۇنداق قىلىپ، مانا شۇنداق تاغلارغا چىقىپ كەتتۇق. سىلەرگە ھەيرانمەن، بەرداشلىق بېرىۋاتىسىلەر. بىر دەرەخ قانچىلىك يوغان، قانچىلىك كۈچلۈك، قانچىلىك مۇستەھكەم بولسۇن، ئۇنى يەردىن تەۋرەتمىگىزلا قۇرۇپ كېتىدۇ. بىزنى يېرىمىزدىن قوزغىۋەتتى. بىز قۇرۇپ كېتىمىز. سىلەرگە ھەيرانمەن.

دېھقانلارمۇ ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە، بوغمىنىڭ كۆزلىرىدەك يوغان كۆزلىرىگە، ئۇزۇن، قاتتىق بارماقلىرىغا ھەيران قېلىشتى. ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىندى.

ئىدرىس بەگ ئىتتىغا مىنىپ يېزىدىن ئايرىلغان چاغدا دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ئىچىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئىدرىس بەگنىڭ ئاقىۋىتى قارا ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. يۇنى ئۇلار بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھەر دائىم ئات ئۈستىدە تۈزلەڭلىكتە كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنى پات ئارىدا كەلگۈلۈكنى ئوۋلىغاندەك ئوۋلاشلىرى مۇمكىن ئىدى.

ئىدرىس بەگ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن كەينىگە يېنىپ، ئوسمان چوڭغا: «ئوسمان ئاغا، مەن بىلەن يېزىنىڭ



سىرتىغا چىققۇچە بىللە ماڭ» دېدى. ئىتتىن چۈشۈپ ئوسمان چوڭنى يۆلىۋالدى. يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىش بىلەن: «ئوسمان ئاغا، مەن بۇ يېزىغا نېمە ئۈچۈن كەلدىم، بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى ۋە: «مەن مەمەت ئاۋاقنىڭ بۇ يېزىغا كەلگەنلىكىنى، سىلەرنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم مەن ئۈچۈن ياخشى بولغان بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياخشى بولاتتى» دېدى.

ئوسمان چوڭ ئويلىنىپ قالدى. ئاغزىدا نېمە دېسۇن، كۆڭلىدە دېھقانلارنىڭ مەمەت ئاۋاقنى ئۇنىڭغا دەپ قويغانلىقلىرىغا قارىغاندا، بۇ ياخشى ئادەم بولسا كېرەك، ئىشەنسە بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇنداق بولسا بارلىق ئەھۋالنى ئۆز ئېغىزى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىش كېرەك.

بىر دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئوسمان چوڭ ئىدرىس بەگكە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

ئىدرىس بەگ ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، ئايرىلىدىغان چاغدا:

— خاتىرجەم بول، ئوسمان ئاغا، ئۇنى ساڭا تېپىپ بېرىمەن، — دېدى ـ دە، ئىتتىغا مىندى. تۈزلەڭلىككە قاراپ چاپتى.

ئىدرىس بەگ كېتىپلا يېزىغا ژاندارمىلار كېلىشتى. ئىدرىس بەگنىڭ يېزىدىن سەللا بۇرۇن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەن تۇرالمىدى، ئارقىدىن قوغلاپ ماڭدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئاناۋارزا قەلئەسىدە ژاندارمىلار بىلەن ئىدرىس بەگنىڭ توقۇنۇشقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئاڭلاندى. توقۇنۇش خېلى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان، ئىدرىس بەگ شۇنچىلىك باتۇرلۇق بىلەن كۆزىنى ھەر يانغا تىكىپ، ئۆزىنى ھەر يانغا ئېلىپ سوقۇشۇپتۇكى، ژاندارمىلارنى ھەر يانغا تارقىتىپتۇ، دەل چۈش ۋاقتىدا ئىتتىغا مىنىپ ئۇ يەردىن يىراقلىشىپ كېتىپتۇ.

ياز كەلدى. تومۇز باشلاندى. ئاقچەسازنىڭ سۇلىرى پورۇقلىدى. تەبىئەت مەنزىرىسىگە ياراشقان يۈزلەپ چوڭ قۇش تۈزلەڭدە چىپىپ كېزىشكە باشلىدى. لەيلەكلەر ۋە باشقا كۆچمەنچى قۇشلار، بېلىقئالغۇچلار، ھۆپۈپلەر، پاختەكلەر ۋە باشقا مىڭلاپ ھەر خىل قۇش ئاقچاسازنىڭ ئاسمىنىنى، ياتاقلىقىنى قاپلاپ كەتتى. يەلكەندەك بۇلۇتلار يىراقتا — ئاق دېڭىزنىڭ ئۈستىدە توپ - توپ ئۈزۈشتى. غەرب شامىلى چىقتى. سېمىز، يوغان ياۋا توڭگۇزلار تاغلاردىن تۈزلەڭگە چۈشتى. چېكەتكىلەر چوڭايدى، توپىلار، ئۆسۈملۈكلەر، قۇشلار، ھاشاراتلار، ھەممە نەرسە چەكسىز كۆپەيدى. ئاناۋارزانىڭ يەرلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، قايناپ تاشتى، ھەممە نەرسىسى ئىككى - ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى. ئۆمۈچۈكلەر، ئۆمۈچۈك تورلىرى، ھەرىلەر، ھەرە كۆنەلگۈلىرى بىرنەچچە ھەسسە كۆپەيدى، كېڭەيدى، چوڭايدى. ئاناۋارزا زېمىنى ياش جانلىقلارنىڭ جانلىنىش تېزلىكىدە كارامەت تۈس ئالدى.

بۇ يىل ۋايىۋاينىڭ زىرائەتلىرى قويۇق ۋە مول بولدى. بۇغدايلار ئادەم بويىدىن ئېگىز ئۆستى. كۆپ يەردە زىرائەتلەر ئېغىر باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەستىن يېتىپ قالدى. تاۋۇزلار كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭلۇقتا ئۇخشىدى. قوغۇنلار ساپسېرىق، يوغان بولۇپ ئىسسىقتا دىماقنى يارغۇدەك، ھەسەلدەك پۇراپ كەتتى. قوغۇنلۇقتىن خېلى يىراقتا كېتىۋاتقانلارمۇ ھاۋاغا، توپىغا سىڭىپ كەتكەن قوغۇننىڭ تاتلىق پۇرىقىنى پۇراپ مېڭىشاتتى. كىشىنى مەست قىلغۇچى بۇ شېرىن پۇراقنى پۇراپ - پۇراپ تويمايتتى. يوغان، ئاق كېپىنەكلەر خۇددى قۇشلاردەك يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇچۇشقا باشلىدى. يوغان، پارقىراق قارا چۈمۈلىلەر توق، ئېغىر بۇغداي دانلىرىنى تىزىلغان پېتى مىڭىپ جاپادا بىرنەچچىسى بىرلىشىپ توشۇيتتى. بۇ چۈمۈلىلەردىن يەتتە - سەككىزى بىرلىشىپ ئالچىپار، پوستى قاتتىق، مىڭ خىل رەڭدە پارىلداپ تۇرىدىغان بىر ھاشاراتنىڭ



ئۆلۈكىنى تەسلىكتە توشۇيتتى. ئۆمۈچۈك تورلىرىغا چىۋىنلەر يېپىشىپ قالغانىدى. يوغان، سېمىز ئۆمۈچۈكلەر يۈلۈڭلارغا بېرىپ بۇ چەكسىز بەرىكەتلىك داستىخانلىرىنىڭ يېشىدا تاماقلىرىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇخلاۋاتقان ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ئالدىغا چىۋىنلەر يېغىپ تۇراتتى. تورلار بارغانسېرى ئېغىرلىشاتتى. ئوخشىمىغان مېۋىلەردەك شاخلىرىدىن ئۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بەزىدە تورلار شۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كېتەتتىكى، ئوتتۇرلىرى چۆكۈپ ساڭگىلاپ، تېشىلىپ، يىرتىلىپ كېتەتتى. تورلىرى بەرىكەتتىن ئېغىرلىقىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن ئۆمۈچۈكلەر شۇ زامان زور غەيرەتكە كېلىپ، تورلىرىنىڭ قايتارا بويىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتى، بۇلۇڭلىرىغا تىقىلىپ، يېڭىدىن چوڭقۇر ئۇيقۇغا پاتاتتى.

ھەرە كۆنەلگۈلىرىنىمۇ شاخلار كۆتۈرەلمەي قالاتتى. قارا چاتقاللىقتا، ئاقچەسازنىڭ چاتقاللىقىدا يۈزلەپ ھەرە كۆنەلگۈسى بار شاخلار يەرگە ئېگىلىپ چىرىپ كېتەتتى. كۆنەلگۈلەردە مىلليونلاپ ھەرە ئۈستى - ئۈستىگە قونۇشۇپ، پارقىراق قاناتلىرىنى دۈمبىلىرىگە يېپىشتۇرۇپ ھورۇنلۇق بىلەن ساقلاپ يېتىشاتتى.

ئوسمان چوڭ چۇقۇر ئۇۋانىڭ يېتىپ كەتكەن، چوڭ - چوڭ باشاقلىرى يەرگە تېگىپ تۇرغان قارا قىلتىرىقلىق بۇغدايلىرىنى ئورۇۋېتىپ:

— يائاللا، ئىنشائاللا، — دېيەتتى ۋە بۇغداي باغلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى، — مۇنداق بەرىكەتتى ... خامانلارغا، تۈزلەڭلەرگە بۇ يىل بۇغداي پاتمايدىغان بولدى. خامانلار، تۈزلەڭلەر تولۇپ تاشىدۇ! دەپ ۋارقىرايتتى. — يائاللا، ياراتقۇچىغا جېنىم تەسەددۇق.

ئوسمان چوڭ خۇشاللىقىدىن ئىچىگە پاتمايتتى. خۇشاللىقنى ئالدىغا ئۇچرىغانلا نەرسىگە، قۇرت - قوڭغۇزلارغا، قۇشلارغا، يىلان - چايانلارغا، ئادەملەرگە يەتكۈزمەكچى بولاتتى.

يۈتۈن ۋايىۋاي يېزىسىمۇ ئۇمۇمەن مۇشۇنداق بىر خىل خۇشاللىق ئىچىدە ئىدى. تولا ئادەم بەزگەك بولۇپ كەتتى. پاتقاقلىقتىن بۇلۇتتەك توپ ــ توپ پاشا ــ چىۋىن ئۇچۇپ كېلەتتى. كېچىلىرى ھېچقانداق ئادەم راھەتلىنىپ ئۇخلىيالمايتتى. ئەمما خۇشاللىقلىرى بارغانسېرى ئېشىپ باراتتى. يېزا بايرام ھاۋاسىغا چۆمگەنىدى. جانلىق، ئىشتەيلىك، ئۈمىدلىك ھالدا زىرائەتلىرىنى ئورۇپ خامانغا توشۇيتتى. يامان كۈنلىرىنى، زۇلۇم ــ زومىيۇلۇقلاتى ئاللىقاچان ئۇنتۇشقانىدى. ئۇغرىلانغان ئاتلىرىنى، ھاكىمنىڭ يامان قىلىقلىرىنى، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كېچىسى يېزىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئېتىلغان ئوقلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. ئادەتتە سۆزمەنى ئاتلارغا قاتاتتى. بۇ يىل نېمە بىلەن سۆزۈم سالاتتى؟ بۇنىمۇ ئويلاپ قويۇشمايتتى.

ئەلى ساپا باينىمۇ بۇ يىلقى مول ھوسۇل خۇشاللىقى سارالڭ قىلىۋەتتى. ئۇ ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا قاراپ ــ قاراپ قوياتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى، مۇشتلىرىنى تۈگەتتى.

— ئاھ، ئىتلار، ۋاي ئىسىت دېھقانلار! سىلەرگە كۆرسىتىپ قويىمەن، تۇرۇپ تۇرۇڭلار! — دەيتتى.

ئىدرىس بەگنىڭ ئەكەلگەن خەۋىرى راست ئىدى. مەمەت ئاۋاق يەنىلا تاغلاردا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى ھەر كۈنى دېگۈدەك مەمەت ئاۋاق ھەققىدىكى خەۋەر تاغدىن تۈزلەڭلىككە كېلىپ تۇراتتى ۋە شۇ زامان بۇ خەۋەرلەر كوزان يېزىلىرىدىن جەيھانغا، جەيھاندىن ئوسمانىيە، قەدىرلى يېزىلىرىغا، ئۇ يەردىن بۇلارنىڭ باغچىگە تارقىلاتتى.

ۋايىۋاي يېزىسىدا مەمەت ئاۋاق ھەققىدىكى، ئاغىلار، بايلار، ژاندارمىلار ھەققىدىكى ناخشىلار ئېتىزدىن ــ ئېتىزغا ياڭراپ تۇراتتى. مەمەت ئاۋاق ھەققىدە ئېيتىلغان ناخشىلار ھەيران قالارلىق ۋە مۇھەببەتلىك ئىدى. ئاغىلار، بايلار، ژاندارمىلار ھەققىدىكى ناخشىلار بولسا، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ھەجۋىي



جەڭگىۋار ناخشىلار ئىدى ...

ھەر خىل ھېكايىمۇ تاغلاردىن تۈزلەڭلىككە تارقىلاتتى، ئەقىلگە سىغمايدىغان تۈرلۈك ــ تۈمەن ھېكايە.

قىسىم ــ قىسىم ژاندارما، يەر ــ جاھاننى قاپلاپ كەتكەن دېھقانلار تورۇس تاغلىرىغا چىقىپ تۆشۈكمۇتۆشۈك، تاشمۇتاش مەمەت ئاۋاقنى ئىزدەيتتى. ئۇنى مىڭبىر جاپادا بىر يەردە قورشىۋېلىشاتتى، مەمەت بۇ ئادەم سېپىلى ئىچىدە ئۈمىدسىزلىككە چۈشەتتى. بىراق، ھەر قېتىمدا بۇ سېپىلنى ئۆرۈپ قۇتۇلۇپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە مەمەتنىڭ تۇۋارىسىدا، ساۋرۇن كۆزىدە، يابىكلىدە، قىزىلجا تېغىدا قورشىۋېلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر كەلدى. ئاناۋارزا دېھقانلىرى دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ خەۋەرلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتۈشەتتى، يېمەي، ئىچمەي، ئۇخلىماي كۈتۈشەتتى. ئەمدى كېلىدىغان خەۋەرنى مەمەتنىڭ غەلىبە خەۋىرى بولۇشىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى.

مەمەتنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى كىمنىڭ ئەكەلگەنلىكىنى، كىمنىڭ تارقاتقانلىقىنى، كېيىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ شۇ زامان چوقۇر ئۇۋاغا قانداق تارقالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھەر ئىككى خەۋەرگىمۇ ئوخشاشلا كۆڭۈلنىڭ ساپلىقى بىلەن ئىگە چىقاتتى.

خەۋەرلەر بىر ئادەمدىن، بىر يولۇچىدىن، بىر بالىدىن، بىر ئايالدىن ۋە بىر يەردىن چىقىپ قالاتتى. ھېچكىم سوراشتۇرۇپ يۈرمەيتتى. سوراپ سۈرۈشتە قىلىش ئەقىللىرىگىمۇ كەلمەيتتى. بىر يەردىن بىر خەۋەر يېتىپ كەلسە، ئۇنىڭ قانداق خەۋەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچكىم ئارىلاشمايتتى. ئىشىنىپ، دېھقانلار مەمەت ئاۋاق ھەققىدىكى خەۋەر ئاڭلىماي قالمىسىلا، قانداقلا بولمىسۇن، بىرەر خەۋەر كەلسىلا بولدى دەيتتى. ئۇنىڭدىن ئېرىسى بىلەن چاتىقى يوق ئىدى.

* * *

ژاندارمىلار ئارقىدا، مەمەت ئالدىدا ... مەمەت تاغقا قاراپ قاچاتتى. ژاندارمىلار بەكمۇ كۆپ ... ژاندارمىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن يىڭنە تاشلىساڭ يەرگە چۈشمەيدۇ. كارامەت جىق. ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانلار، كۆزى كور بولۇپ كەتكۈر، ئائىلىسى ۋەيران بولغۇر، ئەخمەق، ئېشەك دېھقانلار ... سىلەر مەمەت ئاۋاقتىن نېمە تەلەپ قىلماقچىسىلەر؟! ھەي ئەخمەقلەر، مەمەت ئاۋاق سىلەرگە نېمە قىلدى؟ ھەي قاپاقباش ئېشەكلەر، ۋاي ئېشەك دېھقانلار! ئۇلار تاغ يامرىلىغا ياماشقان، تاغنىڭ تۆت تەرىپىنى قورشىۋالغان ھالدا مەمەت ئاۋاقنى قوغلايتتى، مەمەتمۇ جان - جەھلى بىلەن قاچاتتى. ئەمدى قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. مەمەت تاغنىڭ چوققىسىغا قاراپ قاچىدۇ، بىراق ئۇ يەردىن ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ - دە ... ئارقىسىدىن يۈزبېشى ياروغ كۈلۈپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى: «ئاز قالدى، مەمەت ئاۋاق، ئاز قالدى! تاغنىڭ چوققىسىغا ئاز قالدى! تۆۋەندىن بىزمۇ چىقىمىز، تاغنىڭ چوققىسىدىن نېرىغا يول يوق! سېنى تۇتۇۋالىمەن! بوينۇڭنى ئارغامچىدا باغلاپ يېزىمىزغا سۆرەيمەن! مايمۇندەك ئويناتىمەن!» ئۇ دېھقانلار تاماشا كۆرۈۋاتىدۇ، زەھەرخەندىلەر، ئۇلارغا نېمە بولغان؟ دېھقانلار كۈلۈشەتتى. مەمەت تەرلەپ كەتتى. تەر توختىماي ئاقاتتى. تاغنىڭ چوققىسىدىكى بىر خادا تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋالدى، بولۇشىچە ئوق ئاتتى، ژاندارمىلار تۆۋەندە، مەمەت چوققىدا، ئىككى كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىشتى. بىچارە مەمەت ئۈچ كۈندىن بېرى ئاغزىغا گىياھ سالمىغانىدى. قورسىقى كارامەت ئېچىپ كەتتى. جان قايغۇسىدا ئاچلىقمۇ ئېسىگە كەلمىگەنىدى. مەمەت ژاندارمىلارنى ئۆلتۈرمەيتتى. دېھقانلارغىمۇ ئوق ئاتمايتتى. ئاھ، ياللا. شۇ پەسكەش دېھقانلارنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوقنى كىرگۈزۈۋەتكەن بولسا. ئاھ! شۇ



نەس، نومۇسسىز دېھقانلار! دېھقانلارنىڭ بېشىغا ... كاشكى. ئاخىر مەمەتنىڭ ئوقلىرىمۇ تۈگەيدۇ. بىچارە مەمەت نېمىمۇ قىلالىسۇن، شۇنچە كۆپ ئادەمگە يالغۇز ئۆزى قارشى تۇرۇۋاتسا ... ئوقى يوق، ھېچ نەرسىسى يوق. بىردىنلا مېڭىسىگە بىر نەرسە كەلدى. تاشلارنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە دومىلىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئامال بارمۇ؟ تاش تاشنى دومىلاتتى ... تاش تاشنى، تاش تاشنى ... تاغنىڭ چوققىسىدا، تاغ يامرىلىدا قىيامەت بىر ئىش بولدى. تاش سەلدەك ئاقاتتى، توختىمايتتى. ژاندارمىلار، دېھقانلار دېمىنى تاغ ئېتىكىدە ئېلىشتى. قاچالمىدى، تۇرالمىدى. ئۆزۈڭ بىل. تاش تاشنى دومىلاتتى، تاش تاشقا تەگدى ... ژاندارمىلاردىن، دېھقانلاردىن يارىلانمىغان ئادەم قالمىدى. ۋاي پەسكەش دېھقانلار، خوپ بولدى. يۈرىكىم ئارام تاپتى ... يەر بىلەن ئاسمان بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. ئاسمان گۈلدۈرلىگەندەك، ئەتراپ گۈلدۈرلەپ كەتتى. پۈتۈن بىر كېچە تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ تاش كەلكۈنى ئاقتى.

* * *

مەمەت بىلەن ژاندارمىلار ئېتىشىشنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ. مەمەت يەنە قورشاۋدا قاپتۇ. ئاخىر مەمەت قورشاۋنى يېرىپ چىقىپتۇ. تاڭ ئېتىشتىن سەل بۇرۇن، كۈن چىقاي دەپ قالغانىكەن، مەمەت ناھايىتى تېز قاچىدىكەن، ژاندارمىلارمۇ ئارقىدىنلا قوغلاپتۇ. كۈن چىققاندا بىر چىغىر يولدىن ئۆرلەۋاتقانىكەن، شۇ چاغدا قارىسا ناھايىتىمۇ قېرى بىر ئايال ... ژاندارمىلار تونۇگۈن بۇ مومايىنىڭ ئېشىكىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. بۇ موماي نەۋرىلىرى ئۈچۈن تۈگمەندە ئۇن تارتىپ كېلىۋاتقانىكەن ... ئېشەك بىر يانغا چۈشۈپتۇ، ئۇن تاغىرى بىر يانغا ... قېرى موماي قوللىرىنى قوينىغا تىقىپ، ئۆلۈك ئېشىكىنىڭ بېشىدا ئىگراپ ئولتۇرۇپتۇ:

— ئېتىمنى سورىساڭ، زەينەپ، يېزامنى سورىساڭ، شۇ ئۇدۇلدىكى يېزىدىن بولىمەن. ئاتا ـ ئانىمىز يەش نەۋرەم بار. ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سوراپ بۇغداي يىغدىم، قوشنامنىڭ ئېشىكىنى سوراپ ئالدىم. تۈگمەنگە باردىم، ئۇنۇن تارتتىم. تۈگمەندىن كېلىۋاتسام مانا مۇشۇ يەردە ژاندارمىلار ئېشىكىمنى ئېتىۋەتتى. نېمىشقا ئاتتىكىن، بىلمەيمەن. يېزىغا قانداق كېتىمەن، قوشنامغا نېمە دەيمەن؟ ھالىم خاراب، نەۋرىلىرىم ئۆيدە ئاچتىن ئاچ مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇشقاندۇ. ۋاي قاراقچىلار باشلىقى، سەن مېنى ئۆلتۈرمىسەڭ نېمە بولىدۇ؟ ژاندارمىلار ئېشىكىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، قاراقچىسىمۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى، مېنى ئۆلتۈرمىگىن، ئوغلۇم!

مەمەت ئۇنى تاغىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپتۇ.

— تۇر، ئانا، قېنى ماڭايلى، ئېشەكنىڭ ئىگىسىگە پۇلنى مەن بېرەي، — دەپتۇ.

قىرى ئايال بىردەم ـ بىردەم مەمەتنىڭ قولىغا ئېسىلىدىكەن، ئىمىس ـ جىمىمۇ سەن ياكى خىزىر ئەلەيھىسسالاممۇ سەن، دېگۈدەك. مەمەت تاغارنىڭ ئېغىرلىقىدا مۈكچىيىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ ھالدا مېڭىپتۇ. بىر تەرەپتىن ژاندارمىلار ئۇياق ـ بۇياقتىن ئوق ئېتىپ ئۇنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

موماي ژاندارمىلار ئىزدەۋاتقان، ئوق ئېتىۋاتقان ئادەمنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇنى بىلىش بىلەنلا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ئۇن تاغىرىمنى تاشلاپ قوي، قۇربانىڭ بولاي قاراقچى قوزام، مېنى تاشلاپ قاچقىن. ژاندارمىلار ھازىر كېلىپلا ئېشىكىمنى ئۆلتۈرگەندەك سېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. باللارغا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ئاچلىقتىن ئۆلمەيدۇ ... ئويدان قاراقچى، چىرايلىق بالام، مېنى دەپ ئۆلمىگىن. قاچ!

مەمەت مومايىنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماپتۇ. ئۇن



تاغىرىنىڭ ئاستىدا مۈكچىيىپ ئېرىغىچە كېتىپتۇ. ئېشەكنىڭ ئىگىسىگە پۇل بېرىپتۇ. تاغلىق دېھقانلار ئۇنىڭ مەمەت ئاۋاق ئىكەنلىكىنى بىلىشىپتۇ. ئۇنى تونۇۋېلىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ. مەمەت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپتۇ:

— تۈفى، سىلەرنىڭ يۈزۈڭلەرگە! ئىتلار! — دەپتۇ. — ھۆكۈمەتتىن نېمە ياخشىلىقلارنى كۆرگىنىڭلار ئۈچۈن مېنى تاپشۇرۇپ بېرىسىلەر؟! سىلەرگە تۈكۈرىمەن! يۈزۈڭلەرگە تۈكۈرىمەن!

ئاغزىغا كەلگەننى دەپتۇ. ئۇلارمۇ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشىپتۇ. ئىزا تارتىشىپتۇ. مەمەتمۇ ئۇلاردىن قاتتىق رەنجىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر پارچە نېنىنىمۇ يېمەپتۇ.

* * *

شۇنداق مۇلايىم، كۆڭلى يۇمشاق ئادەممىش، گېپىمۇ چىرايلىق. تارتىنچاقلىقىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىرىنىڭ يۈزىگە قارىماسمىش، دائىم بېشىنى ئىگىپ يۈرەرمىش. گەپ قىلسا قىزلاردەك قىزىرىپ كېتەرمىش. ئەمما، تېرىدىن ـ سەل يىراقتىن قارىسا تاغدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەرمىش. كۆزلىرىدىن ئوت چاقنارمىش، يېنىغا بارساڭ، ئەگەر تىنچ ـ خاتىرجەم ۋاقتىدا بولسا، باللاردەك كىچىكلەپ كېتەرمىش، چاچلىرى تىكەندەك دىڭ ـ دىڭ تۇرارمىش، خاپا بولغان چېغىدا يېقىندا تۇرساڭمۇ يوغان كۆرۈنەرمىش. تولا چاغدا غەمكىن يۈرەرمىش. بەكمۇ خۇشاللىنىپ كېتىدىغان چاغلىرىمۇ بولارمىش. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەسمىش، تۆمۈر ئېسىلغانمىش. دۇئا ئوقۇلغانمىش، ئەيسۇن قىلىنغانمىش، ئۇنى پىچاق كەسمەسمىش. ئوت كۆيدۈرەلمەس، سۇ چۆكتۈرەلمەسمىش. ئايدى ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، يېزىغا بارغاندا يېزىلىقلىرىنى تويلاپ. دىكەنلى تۈزلەڭلىكىگە تاغدەك ئۇنى ياقتۇرۇپ، چېقىرتىكەنلىرىنى

كۆيدۈرۈپتۇمىش. ئۇزى ئۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغانمىش. بۇنى كۆرگەنلەر: «يالغان دېسەك ئىككى كۆزىمىز ئېقىپ كەتسۇن، مۇشۇ كۆزلىرىمىز بىلەن كۆردۇق» دېيىشەتتى.

— ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا يېرىگە ئوق ئۆتەرمىش، ئۇ بولسىمۇ ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرى ... ئەگەر ئوچۇق بولسىلا كۆزلىرىگە ئوق، پىچاق، ئوت ئۆتەرمىش.

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال يوق. ئوق ئاتىدىغان چاغدا كۆزلىرىنى ئاچمىسا بولامدۇ؟ نىشان قىلغان يېرىنى كۆرەلەمدۇ؟

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— كۆزىمەك ناقىسا سۇنۇپ كېتىدۇ. بىر ئوق تەگسىلا پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ.

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— ئۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. بىر ئارمىيە بىلەن سوقۇش قىلالايدۇ، ھەربىيلەرنى تارمار قىلالايدۇ.

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— شۇ چاغدا ئۇرتىدىن تۇرىدۇ. ھەربىيلەرنىڭ ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارا، يوشۇرۇنماستىن، قورققان ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا كېزىپ يۈرىدۇ، ئەسكەرلەرگە ئوق ئاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئېتىلغان ئوقلار شىپىر - شىپىر قىلىپ خۇددى پاختا ئاتقاندەك يەرگە تۆكۈلىدۇ.

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— ئۇ مىنگەن ئاتلارغىمۇ ئوق ئۆتمەسمىش، ئاتلىرىنىڭمۇ پەقەت كۆزلىرىگە ئوق ئۆتەرمىش. مەمەت توروق ئەرەب ئېتىغا مىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئات ئوينىتىدۇ. ئاتنىڭ ئۈستىدە نوتىمەدەك تىك ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ھەيران. پاشالار، باشلىقلار ئۇنىڭغا ھەيران. جىنلار، پەرىلەر، غايىبلار، ياخشى ئادەملەر ئۇنىڭغا ھەيران.



ئېتىنىڭ ئۈستىگە نۇر چېچىلىپ تۇرىدۇ ... چىققان كۈن، ئېچىلغان گۈل، ياققان يامغۇر ئۇنىڭغا ھەيران.

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— مەمەت ئاتىنىڭ قوزىلىرىنىمۇ ئالىدۇ. جېنىغا قەست قىلغانلارنىمۇ كەچۈرۈۋېتىدۇ.

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— مەمەت ئېتىنىڭ ئۈستىدە — يوغان، چىرايلىق، توروق ئېتىنىڭ ئۈستىدە تاغدىن - تاغقا ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— چاچلىرى پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، دولقۇنلىنىدۇ. قاپقارا كوكۇلىسى لەپ - لەپ قىلىدۇ. يوغان كۆزلىرى ئەرەب تايلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. قاپقارا، چوڭ، تۇمانلىق، ھەسرەتلىك ...

— مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق.

— ھەر دائىم ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر لاچىن ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئاق ئېگىزدە. مەمەت ئۈستىدىكى لاچىننى كۆرىدۇ، خۇشال بولىدۇ. ئۇ لاچىن بېشى ئۈستىدە ئۇچىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا ھەرقانداق جانلىق مەخلۇقتىن زىيان كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. بىر كۈنى قاتتىق قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. ئوقلىرى تۈگەپتۇ. ژاندارمىلار ئۇنى قورشىۋاپتۇ. يېنىدا دوستى جاپپار بار ئىكەن. جاپپار: «دوستۇم، چاتاق. بىزنى تۇتۇۋالىدۇ. تەسلىم بولايلى» دەپتۇ. مەمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپتۇ. قارىسا، تېپىدا، يىراق بىر يەردە، ئاسماننىڭ قېرىدە لاچىن ئۇچۇپ يۈرگۈدەك. جاپپارغا: «ئارقامغا ئۆت، مېنى قالقان قىل. بىزگە ھېچ نەرسە بولمايدۇ. قۇتۇلۇپ كېتىمىز» دەپتۇ. لاچىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرسىلا ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ سىرى ئۈستىدە قانات قېقىپ ئايلىنىپ يۈرگەن لاچىندا!

— ئاھ، مەمەتنىڭ شۇ كۆزلىرىگە بىر ئامال تاپساق. ئاھ ...

* * *

«مەمەت ئەنە شۇنداق مەمەتتۇر.»

بالا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ يىغلا-يىغلا ئۇخلىغانىدى. شەھەردىكى يارلىق چىراغ ئۆچكەنىدى. ئېرىقى مەھەللىدە بىر تەخچە ئىت هاۋشىۋاتاتتى. كۆزەتچى پۈشتەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مەمەت ئالتە ئايدىن بېرى مۇشۇ شەھەردە ياشاۋاتاتتى. شەمس بەگنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغانىدى. ھېچكىم بىلمىسۇن دەپ ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرىنى، كىيىم-كېچەكلىرىنى شەمس ئاغىنىڭ سىڭلىسىنىڭ يېتىم ئوغلى، سەككىز ياشلىق مۇستاپا ئەكىرىپ بېرەتتى. مەمەتنىڭ يېنىدا جاپپارمۇ بار ئىدى. مۇستاپا ھەم ئۇلارغا تاماق ئەكېلەتتى، ھەم ئۇلار بىلەن دوستلىشاتتى، تاشقىرىدا بولغان ئىشلارنى، ئاڭلىغانلىرىنى، كۆرگەنلىرىنى ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ ئۈچ ئادەم بىر-بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىشقانىدى.

بالا ئۇخلاۋاتاتتى. مەمەت بالىنى ئويغاتتى:

— خوش، ئامان بول، مۇستاپا، — دېدى.

مۇستاپا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— مۇستاپا، مەن قايتىپ كەلسەم ساڭا نېمە ئەكېلەي؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

مۇستاپا شاپتۇل چېچەكلىرىدەك قىزىل ماراش ئاياغلىرىنى ئويلاپ كۆردى، مۇستاپا ھەر دائىم يالاڭ ئاياغ ماڭاتتى. ئەڭتۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئاياغلارنى كىيەتتى.

— قايتقاندا ساڭا نېمە ئەكېلىشىمنى خالايسەن، مۇستاپا؟

مۇستاپا مۇشۇنداق ئويغۇلۇق، چوش كۆرۈۋاتقان ھالەتتە بولمىغان بولسىدى، مەمەتتىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايتتى. ئۇ چۈشىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك:



— مەمەت ئاغا، ماڭا ماراشتىن بىر جۈپ ماراش ئايىغى ئەكەل، شاپتۇل گۈللۈك ...

ئۇخلاپ قالدى.

مەمەت تاغلارغا چىقتى. مەمەت جاڭ قىلدى. بېشىغا ھەر خىل ئىش كەلدى. ئاچ قالدى، ئۇسسۇز قالدى. ئاغرىپ ياتتى. قاچتى، قوغلاندى. بىراق، مۇستاپاغا ئاياغ ئەكېلىشنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمىدى. ئاياغنى ھېچكىمگە ھاۋالە قىلمىدى. ئۆزى بېرىپ ھەشەمەتلىك ماراش بازىرىدىن مۇستاپانىڭ ئايىغىنى ئۆز قولى بىلەن ئالماقچى ئىدى. شۇ ئاياغنى ئېلىش ئۈچۈن بەرىت تېغىدىن ماراشقا باردى. ئاياغنى ئەكەلدى ۋە بۇ ئاياغنى مۇقەددەس بىر ئامانەتنى ساقلىغاندەك ئايلاپ يېنىغا ئېلىپ يۈردى.

«مەمەت مانا شۇنداق مەمەتتۇر.»

ئاخىر بىر كۈن ژاندارمىلار ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. ئۇنى قىرىقسۇ دېگەن يەردە قورشىۋالدى. ئۇ تۈۋراسىغا قاچتى. يېنىدا جاپپار، يەنە رەجەپ چاۋۇش دېگەن بىرى — قېرى بىر قاراقچى بار ئىدى. كېيىن ئۇلارغا ھەمزارچى كېلىپ قوشۇلدى. تۈۋراسىدا يەنە بىر قېتىم قورشىۋېلىندى. مەمەت ئاۋۋالقىسىنىڭ قاراقچىلار ئەترىتى چۇقۇر ئۇۋانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە، ئاكارجا تەرەپلىرىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئاكارجا دېگەن يەردە مەمەت دۇران ھاسانىڭ ئۆيىگە چۈشتى. مەن بۇ ئاخشام شەھەرگە كىرىپ چىقمەن، دېدى. سۆزىدىن قايتمىدى.

— قاراقچى تۇرماق، يىلانمۇ، قۇشمۇ شەھەرگە كىرەلمەيدۇ ... شەھەر ژاندارمىلار بىلەن لىق تولغان. تۈنۈگۈن سەيىارە ژاندارما ئەترىتى شەھەرگە كىردى، شەھەرنىڭ ئىچى-تېشىنى ژاندارمىلار قاپلاپ كەتتى. قۇشنىمۇ ئۆتكۈزمەيدۇ. كىچىككىنە بىر سايىنى كۆرگەن زامان ئوق ئاتىدۇ، — دەپ تۇرىۋالدى دۇران ھاسان.

— بۇ كېچە شەھەرگە كىرىمەن.

— ھەي قاپاق ! — دەپ ۋارقىرىدى رەجەپ چاۋۇش. — بۇ ئادەم نېمە دەۋاتىدۇ. ئاڭلاپ باققىنا ... ئەقلىڭ بارمۇ؟

— شەھەرگە بارىمەن.

— تۈنۈگۈن ئاخشام شەھەرگە كىرگەن ئىككى يولۇچىنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. بۇ ژاندارمىلار بەكمۇ قاتتىق قول. كېلەر - كەلمەستىنلا ئون ئالتە كىشىلىك ھاجى ئوسماننىڭ ئەترىتىنى يوق قىلىپ تاشلاپتۇ.

— ھەي كاپىر، بۇ كېچە ھېچقانداق ئادەم شەھەرگە كىرەلمەيدۇ. كىرگەنلەر ساق چىقمايدۇ ! — دەپ يەنە ۋارقىرىدى رەجەپ چاۋۇش.

— شەھەرگە كىرىمەن، ساق چىقمىسام مەيلى.

ناھايىتى قاتتىق، ئۇزاق ۋاقىت تالاش - تارتىش قىلىشتى. ئەمما، مەمەتكە گەپ ئاڭلىتالمىدى. ئۇ كېيىنىپ جابدۇندى. شۇ كېچىسى شەھەرگە قاراپ ماڭدى، شەھەرگە كىردى. شەھەر ئۆلۈكتەك جىمجىت ئىدى. شەمسى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىنى قاراڭغۇدا ئاران تاپتى. مەمەت شەھەرنىڭ بۇ ئېغىر جىمجىتلىقىدىن قاتتىق قورقتى. مۇستاپا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنى ئويغاتقاندا كۆزى قىيمىدى. ئاياغنى بالىنىڭ بېشىغا قويدى، ئۇنى سۆيدى ۋە ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى.

« مەمەت ئەنە شۇنداق مەمەتتۇر.»

مەمەت قايتىپ كېتىۋاتقاندا ئاكارجانىڭ ئاستىدا ژاندارمىلار ئۇنى تونۇۋالدى. قاتتىق جەڭ قىلىشتى. رەجەپ چاۋۇش مانا شۇ يەردە يارىلاندى. مەمەتنى قاتتىق تىللىدى. ژاندارمىلار ئۇلارنى ئاكارجادىن قوغلا - قوغلا چوقۇر ئوۋاغا چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇلار ئاكارجا سازلىقىغا مۆكۈنۈۋالدى. مەمەت ئاكارجا سازلىقىدا بەزگەك بولدى. رەجەپ چاۋۇش ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق تىللىدى. جاپپارمۇ بەزگەك بولدى. ئاپتاپتا يەرلەرگە چاپلىشىپ ياتتى. رەجەپ چاۋۇشنىڭ بويىنىدىكى يارا ئىششىپ، يوغىناپ كەتتى، بويىنى مىدىرلىتالماي قالدى، قىزىپ كەتتى. ئاقچەسازنىڭ



بەزگەك تارقاتقۇچى زېمىنىدا بىئارام بولدى، ئىششىپ كەتتى. ئاغرى بىلەن كۆزىنى كۆرگىلى بولماس ھالەتكە كەلدى. رەجەپ چاۋۇش ئاچچىقىدا دۇنيادىكى بارلىق ئاياغنى، مۇستاپادەك بالىلارنى، دۇنيانىڭ ھەممە مەمەتلىرىنى تىللاپ كەتتى. مەمەت بۇنىڭغا كۆلدى. رەجەپ چاۋۇش ئاخىر ئۆلدى. ئاقچەسازنىڭ تۈپىسىگە كۆمدى. مەمەت « ۋاي چاۋۇش » دېدى ۋە كۆپ يىغلىدى.

«مەمەت ئەنە شۇنداق مەمەتتۇر.»

* * *

ئەلى سايا ئىدرىس بەگنى چاقىردى.

— ساڭا بىر ئىلتىماسىم بار. مەمەت ئاۋاق يەنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ ... — دېدى ئۇ.

— پەيدا بولسا مەيلى، — دېدى ئىدرىس بەگ.

— دېمەكچى بولغىنىم بۇ ئەمەس، — دېدى ئەلى سايا باي، — ئۇ، تاغلاردا پەيدا بولۇش بىلەن بۇ يەردىكىلەر خۇشاللىقىدىن يۈرەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىشەنگەن تېغى شۇ ... ئۇ يوقالماستىن بىزگە خاتىرجەملىك يوق. يا ساڭا، يا ماڭا، ھېچكىمگە. ئىدرىس بەگ قېرىندىشىم، ساڭا گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتاي، ئايدى ئاغىنىڭ تەرىپلەپ بېرىشىگە قارىغاندا، ئۇ، دېھقانلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويدى. بۇ مەمەت ئاۋاق دېگەن چاغلىق نەرسە، بىچارە قان ئىچكۈچى، زالىم، ئەمما قورقۇنچاق. دېھقانلار ئۇنى قوغدايدۇ، ئۇنى ساقلايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ. ئۇنى مۇستاپا كامالنىڭ ئالدىغا كارامەت بىر كۈچ قىلىپ تىكلەپ قويىدۇ.

مەمەت ئاۋاق تاغدا كۆرۈنگەندىن بېرى ئەلى سايا باي تاشقىرىغا چىقالماس بولدى. چىققان ھالەتتىمۇ ئالتە قوراللىق مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىللە چىقاتتى. قورقۇپ ئۇنى تاشلاتتى.

مەمەت ئاۋاقنىڭ قورقۇنچىسى چۈشلىرىگە كىرەتتى. جان قايغۇسىغا چۈشكەن، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان، بىئارام بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەنقەرەگە « يائاللا. تېز كېلىڭلار. مەمەت ئاۋاق تاغلاردا پەيدا بولۇپ قالدى، جېنىمىز، مېلىمىز خەۋپ ئىچىدە قالدى. ياردەمگە كېلىڭلار » دەپ ئۈستى - ئۈستىگە تېلېگرامما ئەۋەتكەن: بىر پولك ئەۋەتىڭلار ! ياق، بولمايدۇ، بىر بىرىگادا، ئۇمۇ بولمايدۇ. ئەۋەتىڭلار ! ياق، بىر دىۋىزىيە ئەسكەر، ياق، بولمايدۇ. بىر - بىر ... كۆپلەپ ئەسكەر ئەۋەتىڭلار ... پۈتكۈل چۇقۇر ئوۋانىڭ پەسكەش دېھقانلىرى ئۇنىڭغا يانتاياق. خۇدا ھەققى، تېز ھەرىكەت قىلىڭلار. يىلاننىڭ بېشى كىچىك چېغىدا مىجىلىشى كېرەك. بۇلار چۈمۈلىلەردەك جىق، قوزغىلىپ كېتىدىغان بولسا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. يائاللا، ۋايتوۋا !

ئۇنىڭ پەنجىرىلىرىگە، ئىشىكلىرىگە قوم خالتىلىرىنى دۆۋىلەپ قويغان، ئىشىكىدە ئاق ئاتقۇچە قوراللىق كۆزەتچىلەر تۇراتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەلى ساپا باينىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى. تاڭ سەھەرگىچە جان قايغۇسىدا تولغىنىپ ياتاتتى.

— مەمىتىم، باتۇرۇم، شۇڭقارىم، يولۋسىم !

بۇ ئادەم قورققىنىدىن ئۆزىنى ئېسىۋالىدىغان بولدى دېيىشەتتى.

— شۇنداق، ئىدرىس بەگ، چۇقۇر ئوۋانىڭ جىمى ئاغىلىرى، بەگلىرى، يېزا ۋە شەھەر باشلىقلىرى توپلاندۇق. بىر قارار چىقاردۇق. ئەگەر سەن مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرىدىغان بولساڭ، بىزمۇ تويلىشىپ ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئالدىغا بارىمىز. ھەققىڭنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ بېرىمىز. سەنمۇ بىر بەگسەن. بېگىملەس بىر ئاللا. قارىغىنا، ئۇ مەلئۇن سېنىڭ يېزىلىقلىرىڭنىمۇ ئىشتىن چىقاردى. چۇقۇر ئوۋادا يالغۇز سەنلا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيسەن. ئەگەر مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرىدىغان بولساڭ، چۇقۇر ئوۋانىڭ بارلىق ئاغىلىرى، بايلىرى ۋە ھۆكۈمەتمۇ سەندىن مىننەتدار بولىدۇ. ئىسمەت پاشا ئۆتكەن



كۈنى « بۇ يىلاننىڭ بېشى مىجىلىشى كېرەك » دېپتۇ. ئىسمەت پاشا مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرگىنىڭنى ئاڭلايدىغان بولسا، ساڭا قالتىس ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. بىزمۇ سېنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمىز. مەمەت ئاۋاق بەكمۇ يامان، بەكمۇ ئىپلاس - رەزىل قاراقچى. ئۇنىڭ ئۈستىدە شەھەردە چىققان گەپ - سۆزلەرنى بىر ئاڭلىساڭ ... ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ساڭا سۆزلەيدىغان بولسا ! ئادەم باللىسىنىڭ تۈكلىرى تىك تۇرىدۇ.

« كاپىر ئىدرىس، مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرمە، سەنمۇ مەمەتكە ئوخشايسەن، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلما !»

— ئىدرىس بەگ، مەمەت ئاۋاقنى يوق قىلىش ساڭا كەلگەن بىر پۇرسەت. ئەگەر بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭ ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن كېيىن سېنى تىنچ قويمايدۇ.

— ساپا باي، مەن ئويلاپ كۆرەي.

— مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرۈش ساڭا ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش ...

— ساپا باي، بىر ئويلاپ كۆرەي.

— مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرۈش دېگەنلىك، ئۆلتۈرگۈچى قەھرىمان بولدى دېگەنلىك. بىلەمسەن شۇنى، ئىدرىس بەگ.

— ساپا باي، ياخشىراق ئويلاپ باقاي.

— بايلار قارار قىلىشتى. يا مەمەت ئاۋاقنىڭ كاللىسى، ياكى ... ئىدرىس بەگ، سېنىڭ ئەھۋالىڭمۇ ياخشى ئەمەس، بويىنۇڭدا قىلىچ تەڭلەكلىك ياشاۋاتىسەن.

— ساپا باي، ياخشىلاپ ئويلاپ باقاي.

ئىدرىس بەگ ئويلىدى، دەڭسەپ كۆردى، ئانالىز قىلدى. ئۆلچىدى، كەستى. ئاخىر يا مەمەت ئاۋاقنىڭ كاللىسى ئېلىنىشى كېرەك، ياكى ئۆزىنىڭ كاللىسى ... بۇنى ياخشى چۈشەندى. ئەگەر مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرمىسە، شۇ تۈزلەڭدە ياشىيالمايتتى. ئۆلتۈرسە ئەھۋالى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. مەمەت بولسا ساددا بىر بالا ئىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۇنچىلىك قىيىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇيلىدىڭمۇ ئىدرىس بەگ؟

— ئۇيلىدىم.

— تاغلارغا قاچان ماڭىسەن؟

— بۈگۈن ئاخشام.

تۇۋارىسىنىڭ قىزغۇچ قىيالىقلىرىدا يوغان - يوغان كەسلەنچۈكلەر بولىدۇ. تۇۋارىسىنىڭ تۇپىسى پارقىراپ تۇرىدىغان قوڭۇر تۇپىدۇر. تۇۋاراسى چوڭقۇر قىيالىقلاردىن ئىبارەت. چوڭقۇر، ئاھاكلىق تۇپا ... قىيالىقلىرىدا قىزىل چوغلۇقلاردىن باشقا گۈل ئۆسمەيدۇ. ھەربىر ئىدىرنىڭ تۇپىسىنىڭ رەڭگى باشقىچە بولىدۇ. يېشىل، سېرىق، قويۇق يېشىل، سۇس قىزىل سېرىق، پارچە - پارچە سۇسۇن تۇپىلار. تۈركمەنلەر بۇ تۇپىلارنى بوياق قىلىپ ئىشلىتىدۇ. تۇۋارىسىنىڭ نەقىشلىك چېكەتكىلىرى بولىدۇ. قىزىل تىك قىيالار جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. خادا تاشلىرى ئۈچلۈق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ يوغان كۆزلۈك ھۆۋقۇشلىرى قىزىل رەڭلىك بولۇپ، قىيانىڭ رەڭگىدىن پەرق قىلغىلى بولمايدۇ.

مەمەت بىلەن ئىدرىس بەگ تۇۋارىسىدا، چوڭقۇر بىر قىيالىق ئىدىردا ئۇچراشتى. مەمەتنىڭ كەينىدە، قىيانىڭ ئارقىسىدا ئۈچ دوستى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى مىلتىق تەپكىسىدە. مەمەت ئىدرىس بەگنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى: ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى، كاللىسىنى ئاپىرىپ ئەلى ساپا باينىڭ ھويلىسىغا ئاتماقچى ئىدى.

قول بېرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇشتى. مەمەت ئىدرىس بەگنى ياقتۇرۇپ قالدى. كۆڭلىدە « نېمىدېگەن كېلىشكەن ئادەم! بالىلارچە ساپ دىل. قانداقلارچە شۇنچە زاماندىن بېرى قاراقچىلىق قىلالىغاندۇ. مۇنداق ساددا ئادەملەر تاغدا ئۈچ كۈنمۇ تۇرالمايتتى. ئۆلتۈرۈلەتتى » دەپ ئويلىدى. مەمەت ئىدرىس بەگنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى ئۇششاق - چۈششەكلىرىگىچە ياخشى بىلەتتى. ئىدرىس بەگكە



ئېچىناتتى. ئەمما ئۇزىنى ئۆلتۈرۈشكە كەلگەن ئادەمنى ئەپۇ قىلالمايتتى. ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىدى. مەمەتنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرى ئېچىمۇ غەمگە تولدى.

سۆزلىشىشكە باشلىدى. مەمەت ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكىنى سورىسا، ئىدرىس بەگ نېمە ئۈچۈندۇر يالغاننى توقۇپ چىقىرالمايتتى. ئەڭ ئاخىر شۇنداق دېدى:

— بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، مەمەت ئاۋاق بىلەن بىر كۆرۈشۈپ ئۆتەي دەپ ئويلىدىم. قانداق بىر يىگىتتۇ، مەنمۇ كۆرۈپ باقاي، دېدىم.

مەمەت ئۇنىڭ گېپىنى قاملاشتۇرالمىغانلىقىغا، شۇنچىلىك ساددا ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى.

تاغدىكى قاراقچىلىق بىلەن تۈزلەڭلىكتىكى قاراقچىلىق ئوتتۇرىسىدا سۆزلەشتى. سۆزلەشكەندە ئىدرىس بەگ تىتىرەپلا ئولتۇراتتى. بەك يىراقتىن ئەگىشىپ بىر تەرسىلەرنى دەيتتى. بارغانسېرى قوللىرى قاتتىق تىترەيتتى. ئاخىر لەۋلىرىنىڭ قېنى قاچتى، يۈزى ئاپپاق تاتىرىپ كەتتى.

ئاسماندىكى لاچىن چاقماقتەك يەرگە چۈشەتتى. قىيالىقلارغا ئادەم بويى قالغان چاغدا شۇ خىل تېزلىكتە ئارقىغا — ئاسمانغا قايتاتتى. بۇ ھەرىكىتىنى توختىماستىن داۋام قىلدۇراتتى. ئاسمان بىلەن قىيالىق ئارىسىغا قايتارا سىزىقلار ھاسىل قىلاتتى. لاچىننىڭ مۇشۇنداق ئەزەبلىكتىشىدىن سارالڭ بولاي دېگەن ۋاقىتلىرى دەل مەمەتنىڭ چوڭ خەۋپكە يولۇققان ۋاقىتلىرى ئىدى.

مەمەتمۇ سۆزىنى توختاتتى. ئىدرىس بەگ ئۇنىڭ سۆزدىن توختىغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇنىڭ ياڭىقى لىپ - لىپ تارتاتتى. ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قولى بىلەن ئاللىنېمىلەرنى قىلاتتى. پېشانىسى يورۇشتى. يۈزىنى تېز - تېز سىدىرلىتىشقا باشلىدى. ئۇلاق يۈزنى توختىماستىن سىدىرلايتتى. مەمەت مەلۇم

ۋاقىت ئالدىدىكى بۇ تىترەك باسقان ئادەمنى تاماشا قىلىدى. ئاخىرىنىڭ نېمە بولۇشىنى كۈتەتتى. بىردىنلا بۇ ئادەمنىڭ خاتىرجەم بولغانلىقىنى، تىترەشلىرىنىڭ توختىغانلىقىنى، چىرايىغا ئاستا - ئاستا قان يۈگۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئاسماندىكى لاچىنمۇ قاناتلىرىنى كېرىپ، جەنۇبتىن چىققان شامالغا ئەگىشىپ جىمجىت ئاسماندا راھەت ئۇچاتتى. كىچىككىنە سايىسى بىلىنەر - بىلىنمەس قىيالىقلارنىڭ ئۈستىدە ئەگىشىپ يۈرەتتى.

ئىدرىس بەگ بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرىنى مەمەتكە تىكتى. ئۆزاققىچە قارىدى. كېيىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى. مەمەتمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئىدرىس بەگ خەنجىرىنى بېلىدىن سۇغاردى. سۇغۇرۇۋېلىپلا ياش بارمىقىنى كەستى. مەمەتنىڭمۇ قولىنى قولىغا ئالدى، كەستى. مەمەت كۈلۈمسىرىدى. ئىدرىس بەگ مەمەتنىڭ كەسكەن يېرىدىن چىققان قېنىنى يالىدى. ئۆزىنىڭ قانىغان بارمىقىنى مەمەتكە ئۇزاتتى. مەمەتمۇ ئۇنىڭ بارمىقىغا تىلىنى شۇنداق بىر تەگكۈزدى.

ئىدرىس بەگ بالىلارچە ساددىلىق بىلەن جۇشقۇن ھالەتتە مەمەتنى قۇچاقلىدى.

— مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە كەلگەنىدىم، قېرىنداشىم، مانا ئەمدى قېرىنداش بولۇپ قالدۇق! — دېدى.

— مەنمۇ سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى بىلەتتىم. شۇ بويىچە مەنمۇ تەييارلىق كۆرگەنىدىم. سەن مېنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، مەن سېنى ئۆلتۈرەتتىم. قارىغىنا، — دەپ مەمەت قىيالارنىڭ ئارقىسىنى ئىشارەت قىلدى. قىيالارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ كىشى چىقتى. ئۇچىلىسى يار - يۆلەك قورالىق ئىدى.

— قانداق، ئىدرىس بەگ، يۇرادىر، كۆڭلۈڭگە ياقتىمۇ؟

— ياقتى، دېدى ئىدرىس بەگ، — مانا، بۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. پەقەت ساڭا شۇنى دەپ قوياي، سېنى كۆرگەن، سېنى تونۇغان ئادەم ساڭا قول كۆتۈرەلمەيدۇ. ساڭا كۆزى



قىيمايدۇ. مەن سېنى بىلمەيتتىم، تونۇمايتتىم، لېكىن سەن مېنى تونۇيتتىڭ. ساڭا ئادەم بولغان ئىنساننىڭ كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك.

مەمەت قولىنى ئۇزارتتى. ئاستاغىنا ئۇنىڭ ئۇلۇك قولىنىڭ چىمەلتىكىنى تۇتتى ۋە سىقىپ قويدى.

ئاسماندىكى لاچىن ھاۋادا ئەركىن - ئازادە ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۈچلۈق قاناتلىرىنى كەرگەن ۋە ئۇزارتقانىدى، خۇددى بىر بولۇتنىڭ ئۈستىگە يېپىشتۇرۇلغاندەك.

تووراسى قىيالىقلىرى تۈپ - تۈپ سۈسۈن، تىكەنلىك، ھال، ئۈششاق گۈللۈك گىياھلار بىلەن قاپلانغانىدى ...

ئىدرىس بەگ بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ مەمەتكە سۆزلەپ بەردى. مەمەتمۇ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ تۈزلەڭدە ياشىيالماسلىقىنى، تاغلارغا چىقىش كېرەكلىكىنى سۆزلىدى.

ئىدرىس بەگ ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغان چاغدا شۇنداق دېدى:

— ئەمدى قايتىپ كېلىمەن. چۇقۇر ئۆۋادا بىر ئىشىم بار. ئىشىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېقىن ئارىدا قېشىڭغا كېلىمەن. قېرىندىشىم، سەن مېنىڭ قان قېرىندىشىم ئەمەسمۇ؟! ئەمدى سېنى ئۆلگۈچە تاشلىۋەتمەيمەن.

مەمەت ئۇنىڭغا ئۇۋچىلارنىڭ كەينىدە، تووراسى بولىقىنىڭ بېشىدا لەززەتلىك تاماق يېگۈزدى.

ئايرىلىشتى.

مەمەت ئۇنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيمەن دەپ ئويلايتتى. مۇشۇ كۈنگىچە تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئاق ساپ، ئاق پاكىز، ئاق مەرد ئادەمگە چىن قەلبىدىن ئىچىناتتى، قەلبىگە قاتتىق، ئېغىر بىر ماتەم تۇيغۇسى ئورۇنلاشتى.

ئاسماندا ئۈچۈپ يۈرگەن لاچىنمۇ قانىتىنى جۇشۇرۇپ، قارا ماتەم بەلگىسىدەك ئىدرىس بەگنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ئۇنى ئۇزىتاتتى.

ياز ياخشى كەلدى. خۇشاللىق بىلەن كەلدى. شادلىق، ئۈمىدلىك خەۋەرلەرنى ئەكەلدى. ئوسمان چولاق يىگىرمە ياش ياشىرىپ قالدى. پەرھات موللام ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ ئورمىنى ياخشى ئورۇيتتى. بۇ يىل ئۆزىنىڭ زىرائەتلىرىدىن باشقا، قوشنىلىرىنىڭ ئورمىسىنى ئورۇپ بەردى. ئوخشىغان، دانە - دانە باشاقلار قوچىقىدىن سىيرىلىپ چۈشەتتى. خامانلارغا ئاقاتتى. بەزگەك ھەممە ئادەمگە يۇققانىدى. بەزگەكتىن ئاپتاپتا تىترەپ ئولتۇرغان ئاياللار، باللار، قېرىلار ... لېكىن بۇ يىل ھەممە نېمە بىلىنمەيتتى. توروسنىڭ تاغلىرىدا بىر چولاق چوققا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ يىل چۇقۇر ئوۋۋا باشقا يىللارغا ئوخشىمايتتى. كۆيۈپ تۇرغان ئىسسىقمۇ بۇ يىل باشقىچە ئىدى. بۇ زۇلۇم زېمىنى باشقىچە تون كىيگەن، چۇقۇر ئوۋۋا بايراملىق كىيىملەرگە پۈركەنگەنىدى.

ئاسمان گۈمبىزى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قويۇق بۇلۇتلار چۇقۇر ئوۋۋا زېمىنىغا پۈتۈن ئېغىرلىقلىرى بىلەن چۆكمەكتە ئىدى. يۇلتۇزسىز، ئاۋازسىز، نەملىك بىر كېچە ئىدى. بىردىنلا كېچىنى، بۇلۇتلارنى يىرتىدىغان ئۇزۇن بىر چىرقىرىغان ئاۋاز ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنى قىلىچتەك كەستى. شۇ چاغدا تۈزلەڭلىككە قارىغانلار تۈزلەڭدە ئۇ يەر - بۇ يەردىن توختىماستىن ئوتلارنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى، بارغانسېرى كۈچىيىپ ئەتراپقا تارقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ھازىر ۋايىۋاي يىزىسىدىكى ھەممە خامان كۆيۈۋاتاتتى. دېھقانلار بەللىرىنى تۇتۇشقان، يىزىنىڭ چېتىدىكى ئورەكنىڭ ئۈزىراپ كەتكەن قىرىغا تىزىلغان ھالدا گەپ - سۆز قىلماستىن تۈزلەڭنى تاماشا قىلاتتى. ۋايىۋاي يىزىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىن ئاقچىسازغا، ئاقچىسازدىن قاراچاللىققا، قاراچاللىقتىن سەلداراسىغا سوزۇلغان ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكى كۆيۈۋاتاتتى. خامانلار، چەشلەر، دۆۋىلەنگەن قوناق شاخلىرى، قۇرۇق ئوت - چۆپلەر ئۇچقۇنلاپ ياناتتى. ئۇچقۇنلار پىرقىراپ - پىرقىراپ، يىزىنىڭ تۆۋەن



تەرىپىدىكى ئورەكلەرگىچە يېتىپ كەلدى. ئېتىزلاردىن ئىنچىكە ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ھاشاراتلار، يىلانلار، ئۆمۈچۈكلەر، قۇشلار، پاقىلار، چېلبۆرىلەر، تۈلكىلەر، پۈتۈن ھايۋانلار قاچاتتى ۋە كۆيەتتى.

دېھقانلار تۈزلەڭدە تۇتىشىۋاتقان، ئۇلغىيىۋاتقان ئۇلۇغ ئوتقا تاڭ ئاتقۇچە قاراپ تۇرۇشتى، گەپ - سۆز قىلىشمىدى، ئاھ ئۇرۇشمىدى. ئويلاشمىدى، شۇ پېتى تۇرۇپلا قېلىشتى. شۇ تاپتا ئۇلار بەئەينى بىر ھاڭۋاقتىغا ئايلانغانىدى.

سەھەرگە يېقىن شامال چىقتى. ئوت ئۇچقۇنلىرىنى ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ ئاستىغا قاراپ ئۇچۇردى.

ئوسمان چولاق تېلىپ كەتكەن بېلىنى تۇتۇپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— مەيلى، قولىدىن كەلگەننى قىلىشسۇن، — دېدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرنەچچە كىشى پەس ئاۋازدا ئۇنى زاڭلىق قىلدى:

— قولىدىن كەلگەننى قىلىشسۇن دەيسەن! شۇنداقمۇ بولسۇن، بۇ قىش نېمە يەيمىز؟

گاۋۇر تاغلىرىنىڭ چوققىسى ئاقىراتتى. قاراڭغۇلۇقتا، قاپقارا ئوت زېمىنىغا پار - پۇر يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئاجايىپ دولقۇنلانغان، بىر يېنى ئۆچكەن، بىر يېنى قارايغان بىر ئالا قاراڭغۇلۇقتا.

## 33

ھەمزىنىڭ سايان قوشقان چاغدا چىقىپ كېلىشى، چىقىرتكەلىككە ئوت قويغانلارنىڭ ئۈستىگە ئات چاپتۇرۇپ كېلىشى، كېيىن ئاكىسىنىڭ خوتۇنلىرىغا ئۆيلىنىشى دەسلەپ دېھقانلارغا ئويۇندەك بىلىنگەنىدى. ھەمزە ئابدى ئاغىنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن توي قىلدى، داغدۇغىلىق زىياپەتلەرنى بېرىپ چوڭ توي قىلىپ بەردى ... تويدا دەگىرمەن ئولۇك دېھقانلىرى

قايناپ، ئويۇنلارنى ئويناپ، ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىشتى. بۇ تويغا يالغۇز بىر ئادەم قاتناشمىدى. ئۇ ھۆرى ئانا ئىدى. ھۆرى ئانا ئېرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتى. ھەمزەنىڭ زىياپەتلىرىگە، تويلىرىغا قاتناشقان دېھقانلارنىمۇ كەچۈرمەيتتى.

تويغا قاتناشقان، ھەمزەگە يېقىنچىلىق قىلغان، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا تېزدىن ئەمەل قىلغان دېھقانلارغا ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئۆچ ساقلايتتى، ھېچقايسىسىنىڭ چىرايىغا قارىمايتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىنمۇ ئۆتمەيتتى. يېزىدا جىمجىت، چۆلدە قالغاندەك، ئىتتى - جىنى يوق، ھېچكىمى يوق، يالغۇز قالغانىدى. ئۇلار كېلىشەتتى، يالۋۇرۇشاتتى، ئۇنىڭغا يېقىنلىشاتتى، بىراق ھۆرى ئانا ئۈن چىقمايتتى. يېزىنىڭ سەبىي بالىلىرىنىڭ، قوشلىرىنىڭ، ھەتتا چۈمۈلىلىرىنىڭمۇ چىرايىغا قارىمايتتى. «مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، قىزىل قېنىمنى خالىسا شۇ تويىغا ئىچىۋەتسۇن. ئۇلارنىڭ بۇ قىلغانلىرى ئىتلىق، ئىتلىقتىن ئىبارەت. مېنى ئۆلتۈرسۇن، ئۇلاردەك پەسكەشلەرنىڭ يېنىدا ياشىغاندىن كۆرە بېرىپ دورمۇش ئەلىنىڭ، مەمەت ئاۋۇقمىنىڭ، چىرايلىق دۆنەمنىڭ، خەدىچەمنىڭ يېنىغا كەتكىنىم ياخشى» دەيتتى.

دېھقانلار بەزىدە ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىۋېتىپ:

— دورمۇش ئەلىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى نېمە ئۈچۈن ئەرز قىلمايدىغاندۇ؟ قورقامدىغاندۇ يا؟ ئاغىمىزنىڭ غەزىپىدىن قورقۇۋاتقانمىدۇ؟ — دېيىشەتتى.

بۇ چاغدا ھۆرى ئانىمۇ شۇنداق جاۋاب قايتۇراتتى:

— ھەئە، قورقىمەن. قورقماي قانداق قىلسۇن. شۇنچە چوڭ بەش يېزىنىڭ، يەتتە سارايىنىڭ ئىتلىرى ھەمزەنىڭ ئارقىسىدا تۇرسا، ھۆكۈمەت ھەمزەگە نېمە دەيتتى؟ «قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن ھەمزە، ساڭا ئەيىب ئەمەسمۇ؟ قېرىسىنى ئۆلتۈرۈپسەن. ئادەم قولىنى قانغا بويىغاندىن كېيىن شۇ دېھقانلارنىڭ ئەقىللىكلىرىنى، باتۇرلىرىنى، ياشلىرىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ...



ئىككى يۈزنى، بەش يۈزنى ئۆلتۈرۈش لازىم. دېھقانلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولامدۇ» دەيدۇ. ئەلۋەتتە قورقىمەن، قورقىمەن. قورقماي نېمە قىلسۇن!

— مەمەت ئاۋاقمۇ كېلىۋاتىدۇ! كېلىدۇ، چوقۇم كېلىدۇ!

— دۆلدۆلغا مىنىپ كېلىدۇ!

— ھەزرىتى ئەلىگە ئوخشاش كېلىدۇ!

— قىزىلچا ئۆتەڭدىن كۆرۈنۈپتۇ!

— بۇرۇتنى تولغاپ كېلىۋېتىپتۇ!

— ئاغىمىزنىڭ يەرلىرىنى بىچارە كەمبەغەللەرگە تازىمۇ ئوبدان تەقسىم قىلىپ بەرگۈچى كېلىدۇ!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھۆرى ئانا بىر - ئىككى كۈن سەۋر قىلاتتى، ئىچىگە سىڭدۈرەتتى ... كېيىن بىرىپ يارتلايتتى. يېزىنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ ۋارقىراشقا باشلايتتى.

ھاۋا رەڭ، پاك - پاكىز كۆڭلىكى شامالدا يەلپۈنەتتى. باش ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان پاختىدەك بۇدۇر - بۇدۇر ئاق چاچلىرى بۇلۇتتەك يۈزىگە توكۇلۇپ تۇراتتى. ئايىغى كۆيۈپ كەتكەن مىس رەڭلىك قورۇق يۈزىگە بۇ چاچلىرى يارىشاتتى.

— كېلىدۇ، كۈتىمەن، ساقلايمەن، — دەيتتى ھۆرى ئانا، — مەن شۇ كۆزلىرىمنى يۇمماستىن، ئۇستۈمنى قارا تۇپراقتا ياپماستىن تۇرۇپ كېلىدۇ. تورۇق ئاتلارغا مىنىپ قىزىلچا گەدىكتىن كۆرۈنىدۇ. كۈتىمەن. يۇسۇپنى قودۇقتىن چىقارغان خۇدايىم كۈنلەردىن بىر كۈنى بىزگە قارىماي قويىدۇ دەمسەن! بىر كۈن كېلىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىمۇ كۈن چىقمامدۇ؟

— كېلىدۇ ... مەمەت ئاۋاق كېلىدۇ. شۇنداق كېلىدۇكى، كارامەت چىرايلىق كېلىدۇ ... تورۇق ئاتلارغا مىنىپ بىر پاتۇر يىگىت بىلەن كېلىدۇ. كېلىدۇ. ئانىسىنىڭ، خەدىچەنىڭ ئۆچىنى ئالىدۇ. دورمۇش ئەلىنىڭمۇ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىدۇ. شۇ سوزۇلۇپ يۈرگەن، سارىق قۇرتتەك دېھقانلارنىڭمۇ يۈزلىرىگە توكۇرىدۇ. سىلەرگە توفى، دېمەن. يۈزۈڭلەرگە توكۇرىمەن ...

سىلەرنىڭ ھەمزەڭلارمۇ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ. ھۆكۈمىتىڭلارمۇ شۇنداق ... مەمەت قانداق كەتكەن بولسا، يەنە شۇ يېتى قايتىپ كېلىدۇ. ھەئە، قانداق كەتكەن بولسا شۇنداق كېلىدۇ.

دېھقانلار بولسا ھۆرى ئانىغا پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتى.

— كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانىدۇ، — دېيىشتى دېھقانلار، — دۇرمۇش ئەلى خەققە قىلغانىدى، ئۆزىگە ياندى. شۇمۇ يېتىدۇ. باشقا شۇنچە ئادەمنىڭ يېرىنى تېرىدۇق، ئورۇدۇق. ھازىر ھەمزە ئاغىمىز — يەرنىڭ ئىگىسى كەلدى. يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. يەنىلا خۇدايىم رەھمە ئەيلىسۇن. ئامبارلىرىمىز ئاشلىققا تولدى. ئىنەكلىرىمىزنىڭ قوشكېزەك موزايلىرى بار، ھەرە ساندۇقلىرىدا ھەسەل تېشىپ تۇرىدۇ. ئۆكۈزلىرىمىز، ئاتلىرىمىز قوش - قوش ... ئاغىمىز يېزا بولاتتىمۇ، باشىمىز، مېڭىمىز قالغانىدۇق. بىر - بىرىمىزنى تالاپ كېتەتتۇق، ھېلىمۇ ياخشى ھەمزە ئاغا كەلدى. ئەگەر ئۇ سەللا كېچىكىپ كەلگەن بولسا، بىر - بىرىمىزنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋالاتتۇق. ھېلىمۇ ياخشى ھەمزە ئاغىمىز ئىتتىك كېلىپ تىزگىنلىرىمىزنى قولىغا كىرگۈزدى.

دېھقانلار: داۋاملىق مۇشۇنداق ياشايمىز، ھەمزە ھەر دائىم مۇشۇنداق مۇلايىم، دوست بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. قوش - قوش ئۆكۈزلەر، ئاتلار، ھەسەلگە تولغان ھەرە ساندۇقلىرى ... دەسلەپ يېزىغا بىر گۇرۇپپا ژاندارما كەلدى. ئارقىسىدىن يەنە بىر گۇرۇپپا كەلدى ... ئۇلارنىڭ باشلىقى كۆرەك بىر چاۋۇش ئىدى. ئۇ ئاق چاچلىق، قاپىقى يامان ئادەم ئىدى. ئىككى - ئۈچ كۈن يېزىدا ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەستىن ئايلىنىپ يۈردى. ھەمزە ئاغا ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر قوي سوياتتى. قورداقلارنى، كاۋاپلارنى، ھاراقلارنى، مانتىلارنى ... چاۋۇشنىڭ كەينىگە قاراپ ھېچكىم يېتىغا كېلەلمەيتتى.

بىر كۈنى چاۋۇش دېھقانلارنى ئالدىغا چاقىردى. ئاق ئالدىدا



ئەلى توكۇرنى سوراققا تارتتى.

— سىلەر ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈرۈپ بارلىق مال - مۈلكىنى ئېلىۋاپسىلەر، يەرلىرىگە، بوغدايلىرىغا، ئارپىلىرىغا، باشقىلاردىكى نەرسىلىرىگە، ئۆيىگە، يېزىلىرىغا، ھەممە نەرسىسىگە قول ئۇزىتىپسىلەر. ئۇنىڭ بار - يوقىنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋاپسىلەر. دىكەنلى تۈزلەڭلىكىنىڭ بەش يېزىسىنىڭ ھەممىسى ئوغرىلىق قىلىشتا، قاتىللىق قىلىشتا جىنايەتكار. قېنى توكۇر ئاغا، بۇ دېگەنلىرىم راستمۇ؟

ئەلى توكۇر بىر - ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىپ «راست» دېدى.

— سىلەرچە قانداق! — دېدى چاۋۇش كېيىن دېھقانلارغا قاراپ.

— راست، — دېيىشتى.

— ئۇنداق بولسا، ئالغان نەرسىلىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ بېرىسىلەر. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن بېرى مەجبۇرىي ئېلىۋالىدىغان زامانلار تۈگەپ كەتتى. ئالدى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، يەنى ئۇلۇغ ئاغا ئابدى بەينى ئۆلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بارلىق نەرسىسىنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋېلىش ئۆلۈم جازاسىغا لايىق جىنايەت. لېكىن، مەن بالىچاقا، ئىشلەمچى - مالايلارنى ئايرىپ دارغا ئاسمايمەن، بۇمۇ ھەمزە بېيىمىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكى يۈزىسىدىن بولىدى. «بىلمەستىن بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. ھازىرچە جازالىمايلى» دەيدۇ. ھازىر، ئالدى بىلەن قانچىلىك قارا مال، كىچىك ماللىرىڭلار بولسا ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە ئەكېلىپ، ئەنە شۇ ئىشىك ئالدىغا قويىسىلەر.

بىر - ئىككى كىشى قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولۇپ:

— ئابدى ئاغىنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق، مەمەت ئاۋاق ئۆلتۈردى، — دېيىشتى.

ژاندارمىلار شۇ زامان ئۇلارنى تۇتۇپ، تۆۋىنىڭ ئارقىسىغا

ئەكەتتى، ئۇرۇشقا باشلىدى. ھەمزە ئاغا ئارقىسىدىن كېلىپ:

— ئۇنداق قىلماڭلار، ئۇلار نادان خەلق، ئەقلى يەتمەيدۇ، — دېدى، — يا قانۇننى بىلمەيدۇ، يا باشقا نەرسىنى. قانۇننىڭ قىپچىپ كەتكەن مەمەت ئاۋاقنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنى جازالايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، ئۇ ئىشلارغا ئەقلى يەتمەيدۇ! — دېدى.

دېھقانلارغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— ئاغىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مەمەت ئاۋاق بۇ يېزىغا كەلمىگەنمىدى، سىلەرگە خوش خەۋەر ئەكەلمىگەنمىدى. ئەكەلگەندى. سىلەرمۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلمىدىڭلارمۇ، قىلدىڭلار. مانا ئىشلار شۇنداق بولغانىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە مەمەت ئاۋاقنىڭ گۇناھىنى سىلەر ئۆز ئۈستۈڭلەرگە ئالغان بولىسىلەر. ئالمىدىڭلارمۇ؟ لېكىن مەن يېتىپ كەلدىم. ھۆكۈمەتكە «ئۇلارنىڭ گۇناھى يوق، ئۇلاردىن ئاغام ئابدىنىڭ ئوغرىلانغان ماللىرىنى قايتۇرۇۋالىمەن، دېھقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دارغا ئاساڭلار يەرلىرىمدە كىم ئىشلەيدۇ» دېدىم. ھۆكۈمەتمۇ دېگەنلىرىمنى توغرا تاپتى.

دېھقانلار تارقىلىپ كېتىشتى. ئەندىشىدە ئىدى. ھەمزىنىڭ قىلغانلىرىنى بىردەم توغرا دېيىشتى، بىردەم خاتا دېيىشتى. ھەمزىنىڭ ئادەملىرى ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە يېزىدا قانچىلىك ئات - ئۇلاغ بولسا ھەممىسىنى يىغدى. ھەمزىنىڭ ھويلىسىغا ئەكەلدى. يېزىدىكى ھەممە كالا، بەش يېزىدىكى جىمى ئات - ئۇلاغ ھەمزىنىڭ بولدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يېزىغا ئات، ئۆكۈز، ئىنەك، قوي، ئۆچكە ئالىدىغان سودىگەرلەر تولۇپ كەتتى. ھەمزە بەش يېزىنىڭ ماللىرىنى دېھقانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر باشتىن سېتىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەمزىنىڭ ئادەملىرى دېھقانلارنىڭ ساقلىيالمىغان ئاشلىقلىرىنى توشۇشتى. ھەمزىنىڭ ئامبارلىرى، ئورىلىرى تولۇپ كەتتى. شەھەردىن قىچىر



كارۋانلىرى بىلەن ئاشلىق سودىگەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى.

ھەمزە باشلىغان ئىشنى توختاتمايتتى. دېھقانلارنىڭ يار - بوقتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە توشۇتقۇزدى.

دېھقانلارنىڭ بۇ بۇلاڭچىلىقلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ھەمزىنىڭ، چاۋۇشىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئويۇندەك بىلىنەتتى.

ھەمزە دېھقانلارغا يەقەتلا ئېتىزلارنى ھەيدەيدىغان ئۆكۈزلەرنى، تېرىيدىغان ئۇرۇقلارنىلا بەرگەنىدى. قوش ھەيدەش ۋاقتى ئاياغلىشىشى بىلەنلا ھەمزە ئاغا ئۆكۈزلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالاتتى.

— ئاغام ئۆلگەندىن كېيىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ بىر دانىسىنىمۇ ئاغامنىڭ بالىلىرىغا بەرمەستىن ھەممىسىنى ئۆزۈڭلار ئالدىڭلار. ئەمدى بەش يىلغىچە سىلەرگە بىر دانىمۇ بەرمەستىن ئۆزۈم ئالىمەن، بۇ ھەققانىيەتچىلىك بولىدۇ.

— راست، ھەققانىيەتچىلىك بولسۇن. ئۆلگەن ئاغىمىزغا كۆپ ھەققانىيەتسىزلىك قىلدۇق، — دېيىشتى دېھقانلار.

دېھقانلارنىڭ ئەندىشىلىرى قىش كېلىپ قار ياغقىچە، ئۆيلىرىدىكى يەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگىگۈچە داۋام قىلدى. ئاشلىقلىرى تۈگەش بىلەن بىر كۈنى ھەمزە ئاغىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توپلىشىپ يىغىلىشتى:

— بىز قىلغان بولساق، سەن قىلما. بىزگە نېمە قىلساڭ قىل، يەر - ئاسمان پۈتۈنلەي سېنىڭكى، سەن بۇ يىل بىزنى ئاچ قويمىساڭلا بولدى، نېمە قىلساڭ مەيلى.

ھەمزە پۇلى بارلارنىڭ پۇلىنى ئالدى، پۇلى يوقلارغا، ئۆزىگە ياققانلارغا قەرز بەردى. ئۆچ كۆرگەنلىرىنى ئىشىكىدىن قوغلىۋەتتى.

دېھقانلار قىش بويى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ، بويۇن ئېگىپ چىقىشتى، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشتى. دېھقانلارنىڭ بۇ

ئەھۋالى ھەمزەتنى ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال قىلدى. دېھقانلارنى قىشچە مۇشۇنداق يىلىندۇراتتى. ئېمىدىگەن ھوزۇرلۇق ـ ھە !

* * *

مارت ئېيى يېقىنلىشىش بىلەن ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپەيدى. بالىلار، قېرىلار بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈشكە باشلىدى. دېھقانلار بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان، دەرمانسىزلىقتىن ماڭالمايتتى. بۇ يېزا بولۇپ ئاتالغاندىن بېرى دېھقانلار قىشنى بۇ يىلقىدەك ئۆتكۈزمىگەنىدى. كۆرەك چاۋۇش ھەمزە ئاغىدىن ئالغان پۇللار بىلەن شەھەردە بىر قورۇ سالدۇردى. دېھقانلار كەمبەغەللەشكەنچە ياۋاشلىشىپ كېتەتتى، ياۋاشلىنىپ ئۆز ئۆيلىرىگە تىقىلىشاتتى، زادىلا سۆزلەشمەيتتى. ئەسلىدە دۇنيانىڭ ئەڭ گەپدان ئادەملىرى تورۇس دېھقانلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى ھېچكىمنىڭ ئاغزىنى ئامبۇر بىلەنمۇ ئاچقىلى بولمايتتى.

ئۇلارنىڭ يامان كۈنگە قالغانلىقلىرىنى ئاڭلىغان قوشنا يېزىدىكىلەر ئۇلارغا بىر نەرسىلەرنى بېرىشكە، ياردەم قىلىشقا تىرىشاتتى. باشقىلارنىڭ كارى بولمايتتى. ھېچكىمنىڭ چىرايى ئېچىلمايتتى. كىشى كىشىدىن خاپا ئىدى. ھەممە ئادەم تاشقا، تۇپىغا، ئورمانغا، دەرەخكە، بۇلۇتقا، قۇشقا، قۇرت ـ قوڭغۇزلارغىمۇ خاپا ئىدى.

ھەر يىلى باھار ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ تەسەللىكە يېتىپ كېلەتتى. باھار پەسلىدە يېشىل كۆكلەمگە مەلىكە بولۇپ يوقسۇزلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشاتتى. بۇ يىلمۇ باھار ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا يېتىپ كەلدى. قانداق دېمەيسىلەر ! ھەر يىلقىدىن مىڭ ھەسسە جانغا جان قوشۇپ ... خاپىچىلىقى قاچان تۈگىدى، قاچان سۆزلىشىشكە باشلىدى، ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇنچىلىك سۆزلىشىپ كېتىشتىكى، بىر ـ بىرلىرىگە گەپ



بەرمەيتتى. ئۇچرىغانلا ئادەملىرى بىلەن ئاللىنېمىلەرنى سۆزلىشىپ ئۇتۇشەتتى. سۆزلىشىشتىن زېرىكمەيتتى. ھارمايتتى، كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشەتتى، سۆزلىشەتتى.

مەلۇم ۋاقىت يۇتۇن گەپ ـ سۆز مەمەت ئۇستىگە مەركەزلەشتى، مەمەت ھەققىدە نېمىلەرنى، نېمىلەرنى سۆزلەشمىدى دېمەيسىلەر !

— مەمەت قېڭغىر !

— بوز ئاتقىمۇ سىنىپتۇمىش.

— بوز ئاتنىڭ ئۇستىدە بىر چۈشىنىدەك ئولتۇرارمىش.

— مەمەت دۆبچەك.

— دېھقانلار. ئوت يېقىڭلار. ئاغاڭلارنى ئۆلتۈردۈم، يەرلەر سىلەرنىڭ ! ...

— ھالىڭغا قارىغىنا، ھالىڭغا !

— ئېشەك كاللا، ئەخمەق دېھقانلار.

— تارتىپ كۆرۈڭلار قېنى.

— ھەي ھەققى بارلار، بۇ سىلەرنىڭ ھەققىڭلار ... شۇ بويى بىر غېرىچ پەتەكنىڭ گېپىنىمۇ كىرمەدىغان ...

— بويى بىر غېرىچ مەمەت ماڭقىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ !

— ئاغىمىزنىڭ ئۆلگىنىگە بايرام قىلامسىلەر؟

— ھەم توي ـ تۆكۈن ...

— ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

— قىلما، تارتىسەن، ياتما، ئۆلىسەن.

— ئاغىمىز بىزگە نېمە يامانلىق قىلدى، ياخشىلىقتىن باشقا؟

— ئۇنىڭ زامانىدا كىمنىڭ يۈزىنى قانىغانىدى؟

— كېيىن بىر ئوغۇل ئۇتتۇرىغا چىقتى ...

— ئېيتى مەمەت ئاۋاق !

— ئاۋاقمۇ قۇربان بولدى.

— ساڭمۇ، ماڭمۇ بولغۇلۇق بولدى ...

— قەلەندەر ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ...
— گۈل يۈزلۈكىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.
— ئىككى كۆزىمىزنىڭ نۇرىنى ...
— دۇنيانىڭ يارىشىقىنى ...
— ئاغىمىزنى ...
— بىزگە نېمە قىلغانىدى. بىچارىنى ئۆلتۈرگۈزگۈدەك؟ شۇ بىر غېرىچ بويلۇق بالىغا.
— مەمەت ئاۋاق ...
— ۋاي بىر يۈتقۇر، ئۆيى چۆكۈپ كەتكۈر!
— ۋاي قانخور قاتىل ...
— ۋاي كۆزلىرى ئېقىپ كەتكۈر ...
— ۋاي ئۆلمەي سۆرىلىپ يۈرگۈر ...
— يىل - يىل بەزگەك بولۇپ ياتقۇر ...
— ۋاي يىلان - چايان چاققۇر ...
— ئۆپكىسى سېسىپ، ئاغزىدىن يۇلدۇق - يۇلدۇق قان ئاققۇر.
— ئاغىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزۈڭ قانداق قىيىدى؟ بىچارە كەمبەغەللەرنىڭ نېنىغا قولۇڭ قانداق باردى؟
— گۈل يۈزلۈك ئاغىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق قىيىدىڭ؟
— دىكەنلى تۈزلەڭلىكنىڭ بەش يېزىسىنى يېتىم قىلدىڭ ...
— سەندە ئىمان دېگەن نەرسە يوقمۇ؟
— سەندە ۋىجدان، شەپقەت ... ئادەمگەرچىلىك يوقمۇ؟
— قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئۆزى.
— ئۆلۈك چاشقان.
— قىنى يوق قىلىچ.
— قان ئىچەر قاتىل.
— مال - مۈلكىمىزنى ئوغرىلاپ، بىزنى خانىۋەيران قىلغان بالاگەردان قاراقچى.
— تەلەتى بەئەينى مۈردا.



— بىر تەۋرىگەندەك ئاپەتلىك.
— ئاچ كۆز بالىنىڭ ئۆزى.
— يەجۇج - مەجۇج!
— جىن تەگكەن ساراڭ.
— سۆرىلىپ يۈرگەن ساراڭ.
— ئاغىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭ قانداقمۇ باردى؟
— ئاغىمىز تاڭ شامىلىغا ئوخشايتتى.
— ئىسسىق نېنىمىزغا ...
— تويلىرىمىزغا، زىياپەتلىرىمىزگە ...
— شىلدىرلاپ ئاققان بۇلاقلارنىڭ سۈزۈك سۈيىگە ...
— ئىسمى ئۇلۇغ مۇھەممەدنىڭ ساپ نەسلىگە ئوخشايتتى.
— ئاھ، ئاغىمىز ئابدى ئاغا!
— ئاغىلارنىڭ ئاغىسى، يىگىتلەرنىڭ كۆزى!
— مازارىغا نۇر يېغىپ تۇرغۇچى.
— ساڭا قانداق چىدىغاندۇر شۇ بىر ...
— قېنى، جىگىرى بەش پۇلغا ئەرزىمەسنىڭ بىرى ...
— باتۇرنى ئۆلتۈرگەن نائەھلى ...
— كەبىگە چۈشكەن نۇرغا ئوخشايتتىڭ.

بىردىنلا شۇنچە يىل بۇرۇن ئۆلگەن ئابدى ئاغىغا ھازا ئېچىلدى، ناخشىلار توقۇلدى. كېيىن چۈشلىرىگە ئابدى ئاغا كىرىشكە باشلىدى. قېرىلارنىڭ، ياشلارنىڭ، بالىلارنىڭ چۈشلىرىگە كىردى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام چۈشۈمدە كۆردۈم. ئاغىمىز كۈلۈپ تۇراتتى. مېنى ئۆلتۈرگەن مەمەتنى كەچۈرۈۋەتتىم. سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارغا ئېچىنىمەن. ئەھۋالىڭلار يامان بولغىنى ئۈچۈن مازارىمدا كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈۋاتىمەن. دېھقانلىرىم. مېنىڭ جانلىرىم. مېنىڭ ئۆلۈشۈمدە سىلەرنىڭمۇ گۇناھىڭلار بار ... دەپلا، بىر توپ يورۇقلۇق ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتتى.

خېلى ئۇزاق زامانغىچە ئابدى ئاغا ھەققىدە مىڭمىڭ خىل

جۇش سۆزلەيدى. كېيىنچە ئاتقا مىنگەن، رەخت لىباسقا ئورالغان ئايدى ئاغا يېزىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن ھالەتتە كۆرۈلىدى. ئايدىڭ كېچىلەردە، قاراڭغۇ تۈنلەردە، تۈن تەڭدە، تاڭ سەھەردە ئايدى ئاغا ئاتقا مىنىپ ئەلى تېغىدىن بۇ تەرەپكە ئۇچۇپ كېلەتتى. بەزىدە بوز ئاتقا مىنىپ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن بوز ئات ئەلى تېغىغا قاراپ چېپىپ كېتەتتى.

بوز ئاتلىق ئايدى ئاغىنى يېزىدىكى ھەممە ئادەم دېگۈدەك كۆردى. ھۆرى ئانا، پانجار ھۆسۈك، ھۆسەيىنچىك ۋە مۇستاپا ھەر قانچە قىلسىمۇ جىمى يېزا خەلقى كۆرگەن ئاغىنى تېمە ئۈچۈندۇر زادىلا كۆرەلمەيتتى.

— ئاغىمىزنىڭ ئۇلاردىن كۆڭلى قالغان، ئۇلارغا خاپا. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ، — دېيىشەتتى دېھقانلار، — ھۆرى بېرىپ قەبرە تېشى ئالدىدا ئاغىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ بىر خورازنى بوغۇزلاپ قان قىلسا، ئۇ چاغدا ئاغىمىز بەلكى ئۇنى كەچۈرەر. ئۇنىڭمۇ كۆزىگە كۆرۈنەر. بولمىسا ھۆرىنى ئۇ قۇتلۇق ئادەم يالجىتمايدۇ.

ئاخىر چۈشلەرمۇ، بوز ئاتلىق ئايدىمۇ، ھەممىسى ئۇنتۇلدى. دېھقانلار بارغانسېرى كەمبەغەللىشىۋاتاتتى. ھەمزەنىڭ زۇلۇمى كۈنسېرى كۈچىيەتتى. دىكەنلى تۈزلەڭلىكنىڭ دېھقانلىرى ئەمدى ئۇنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق بولۇپ قالدى. ئىشلە دېسە ئىشلەيتتى. يات، تور، ئولتۇر، ئۇخلا دېيتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى زادىلا يىرالمايتتى، خايىچىلىق بارغانسېرى ئىچىگە ئۆتۈپ، ئۇرسا تۈيمايتتى، ھېچ نەرسە بىلەن كارى بولمايتتى. كۈلمەستىن، يىغلىماستىن، خاپا بولماستىن، خۇشال بولماستىن غەلىتە بىر خىل ھاۋادا دومىلىنىپ ياشايتتى. ئۇلار ھېچقانداق نەرسىنى ئۈمىد قىلمايتتى، ئۈمىدسىزلىك يوشلۇقى ئىچىدە ئىدى.

بىر كۈنى كېچىدە مەمەتنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى



خەۋەر يېزىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە بىردەمدىلا تارقالدى. ھېچكىم پەمەنت قىلمىدى. ھېچكىمنىڭ بىر تال توكى مىدىرلاپ قويمىدى. مەمەتنىڭ كەلگەنلىكىنى پەقەت ئېغىزلىرىدا سۆزلەيتتى، قۇلاقلىرىدا ئاڭلايتتى، بىر خىل ئويقۇدا، بىر خىل شېرىن چۈشنىڭ ئىچىدە.

خەلق بىر مەزگىل جانلانغاندەك بولدى. كۆڭلىدە خۇشاللىققا، ئۈمىدكە ئوخشىغان بىر خىل تۇيغۇ كۆتۈرۈلۈپ، يەنە پەسەيدى. يالقۇنجىدى، ئۆچتى. كېيىن كۆڭلىدىكى خۇشاللىق بىردىنلا كۈچەيدى. ئېغىزلىرىنى تولدۇرۇپ كۈلۈشكە باشلىدى. يېزىدا كۈلۈشكەن ئاۋازلار ياڭرىدى. يېزىدا تەبىجە بىلىدىن بېرى ئاڭلانمىغان بىر خىل ۋاراڭ — چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ھەممە ئادەم كۈلەتتى، سۆزلەيتتى، تىللايتتى، يىغلايتتى، خۇشاللىناتتى. قايناپ تاشاتتى.

شۇ كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا ئۇلار قاتتىق غەزەپلەندى. كالتەكلەر، مىلتىقلار، كونا قىلىچلار، پالتىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ھۆرى ئانىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كېلىشتى. مەمەتنى ئۇ يەردە تاپالماستىن ھۆرى ئانىنىڭ ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنى، يالغۇز پەنجىرىسىنى ئۇرۇپ چاقتى، قومۇرۇۋەتتى. مەمەتلەرنىڭ ئۆيى بوش تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە ھۇجۇم قىلىشتى. بىردەمدىلا تېمىنى، ئىشىكىنى، ئۆگزىسىنى، ياغاچلىرىنى ئۇرۇپ، ئۆينى بىر توپا دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاچچىقلىرى ياسالمىدى. تاش — توقماقلار بىلەن بىر — بىرىنى ئۇرۇشتى. بەزىلەرنىڭ قولى، بەزىلەرنىڭ پۇتى سۇندى، بەزىلەرنىڭ بېشى يېرىلدى. بەس — بەستە سوقۇشۇپ كەتتى. ھەركىم ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئۇراتتى. دوست — تۇغقان، ئانا — قىز، دادا — ئوغۇل دېمەيتتى. ھېچكىمنىڭ كۆزى ھېچكىمنى كۆرمەيتتى.

ژاندارمىلار، ھەمزە ئاغا بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ قالغانىدى. دېھقانلارنىڭ دەھشەتلىك غەزەپلىرىگە قورقۇش بىلەن قارايتتى.

ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئۇرۇشۇش يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. يېرىدا چېقىلمىغان، بۇزۇلمىغان ھېچ نەرسە قالمىدى. تاياق يېمىگەن، يارىدار بولمىغان ئادەم قالمىدى.

يېرىم كېچىدە بۇ ئۇرۇش قانداق جىمىقتى، بۇنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

شۇ كېچىسى ئورۇنلىرىغا كىرىپ ياتقان دېھقانلار شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇخلىيالمىغان خاتىرجەم، شېرىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلاشتى.

## 34

نامازشامغا يېقىن ئىبراھىم قارىنىڭ ئەترىتى بىلەن ژاندارمىلار تۈگمەننى قورشىۋالدى. مەمەتكە تەسلىم بول دەپ ۋارقىرىدى. مەمەت بىر تال ئوق بىلەن جاۋاب قايتۇردى. مەمەتنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى. بۇ قېتىم يامان يەردە قولغا چۈشەتتى. ھېچقانداق يەردىن قۇتۇلۇپ چىقالمايتتى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ئەترايتا قانچىلىك ژاندارما، قانچىلىك قاراقچى، جوتو، گۆزجەك، قورال تۇتقان قانچىلىك دېھقان بولسا ھەممىسى كېلەتتى ۋە تۈگمەننى قورشىۋالاتتى. مەمەت ئويلاپ - ئويلاپ بىرەر چارە تاپالمايتتى. تۈگمەنگە ئوڭدىن، سولدىن يامغۇردەك ئوق ياغاتتى. ئىبراھىم قارا تۇرۇپ - تۇرۇپ بوم ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى: «مەمەت ئاۋاق، بىكاردىن - بىكارغا ئوق ئاتما! تۈگمەندىن ساق چىقالمايسەن!»

مەمەت جاۋاب بەرمەيتتى. تۈگمەننىڭ پەنجىرىسىنىڭ يېنىغا تىقىلىۋالغان. ئىس چىققان يەرگە قارىتىپ ئوق ئاتاتتى. تۈگمەننىڭ ئۈستى لايلەمپە ئىدى. ئۈستىنى تېشىپ يۇقىرىدىن ئىچىگە ئوق ئېتىپ قالارمۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىگە كەلسە راستىنلا بۇ يەردىن ساق چىقالمايتتى.



مەمەت ئارقا پەنجىرە، يان پەنجىرە ۋە ئىشىك ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. بىردەم ئالدىدىكى پەنجىرىدىن بەش - ئون پاي ئوق ئاتاتتى، بىردەم ئارقا پەنجىرىدىن، بىردەم ئىشىكتىن ... بۇ جەڭنى قاچانغىچە داۋاملاشتۇرالار. دەسلەپ ئۈمىدسىزلەندى، كېيىن ئۆز - ئۆزىگە كۈلدى. بىرنەچچە قېتىم «ئەمدى قۇتۇلالمايمەن، بىزگە قۇتۇلۇش يوق» دېدى.

ئىسمائىل چولاق تۈگمەننىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ، بۇلۇڭغا تىقىلىپ ئولتۇراتتى. خۇددى بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىزدەك، تىۋىشسىز، ئەندىشىسىز ئولتۇراتتى. تىزلىرىنى كۆكسىگە تىرەپ، ئىككى قولى بىلەن تىزلىرىنى قۇچاقلىۋالغان. بېشىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويغانىدى. كۆزلىرىنى چىمىلدىتاتتى.

بىر چاغدا ئىبراھىم قارا خاپا بولۇپ كەتتى:

— تۈگمەنگە بومبا تاشلاڭلار! ئەگەر قاچمىسا، تاشلارنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلسۇن ئۇ ساراڭ دۈيۈز! مۇشۇنداقمۇ قاراقچىلىق قىلغان بارمۇ؟ قاراقچى دەپ ئاتالغان قاراقچى مۇشۇنداق قەپەسنىڭ ئىچىگە تىقىلىۋېلىپ ئۆز - ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمدۇ؟

مەمەت ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى. شۇ زامان ئوق ئېتىشنى توختاتتى. ساقلاپ تۇردى. ئۇ ئېتىشنى توختىتىش بىلەن تەڭ، نېمە ئۈچۈندۇر قارشى تەرەپمۇ توختاتتى.

مەمەت ئۇ پەنجىرىدىن بۇ پەنجىرىگە يۈگۈرۈپ يۈرگەندە تاشقىرىغىمۇ قاراپ قوياتتى. تاشنىڭ ئارقىسىدىكى ئىبراھىم قارىنى كۆردى. ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ئەترابقا قولاق سالاتتى. مەمەتنىڭ نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. ئويلىناتتى. ئىبراھىم قارا قارىمۇتۇق. قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، چىشسىز ئېغىزىكى خىيلىلا ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن، قېرىپ قالغان بىر ئادەم ئىدى. مەمەت ئۇنى خىيلىلا بۇرۇن قاراقچىلىق قىلغان ۋاقىتلاردىن تارتىپلا تونۇيتتى. ئىبراھىم

قارا ئۇ چاغدا تورۇس تاغلىرىنىڭ ئاسمىنى ئاسقان، كەسكىنى كەسكەن ئەڭ داڭلىق قاراقچىسى ئىدى. كېيىن بىر قېتىملىق كەچۈرۈم ئېلان قىلىنغاندا تۈزلەڭگە چۈشكەن، قاراقچىلىقنى تاشلىغانىدى، ئۆز تۇرمۇشىنى تاغدىكى ئاغىلارغا دۈشمەن قاراقچىلارنى تۇتۇپ بېرىش بىلەن قامدايتتى.

ئىبراھىمنى كۆرۈش بىلەن مەمەتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ كەتتى. خاتالىشىپ قالغان بولماي دەپ يەنە ئويلىدى، ياخشىراق قارىدى. ئىبراھىم بىر بومبىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈيتتى، ئېھتىيات بىلەن ئەتراپىغا قارايتتى، مەمەت: « بۇ ئادەم مېنى كۆزىگە ئىلمايدۇ، بولمىسا شۇنداق ئۇستا بىر قاراقچى مۇشۇنداق ئوچۇقچىلىقتا سوقۇشمايتتى، بەلكى ئۇ ئىبراھىم قارا ئەمەستۇر » دېدى. قايتا - قايتا قارىدى، شاپ بۇرۇتلىرى بىلەن دەل ئۆزى ئىدى. بۇ يەرلەردە شاپ بۇرۇت ئادەملەر ئاز ئىدى.

مەمەت مىلتىقىنى بەتلىدى، بۇ چاغدا قارشى تەرەپتىكىلەرمۇ توگمەنگە ئوق ئېتىشقا باشلىغانىدى. ئىبراھىم قارا سولدىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ توگمەنگە ئوق ئاتماقچى بولغاندا، مەمەت تەپكىنى باستى. ئىبراھىم قارا كېرىلگەن ئوقيا ئۈستىدە تۇرغاندەك هاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئىبراھىم قارا يەر - جاھاننى ئىگىرىتقۇدەك دەھشەتلىك ۋارقىراش بىلەن توپىلارنى، تاشلارنى قاماللاشقا، ئوتلارنى، دەرەخلەرنى چىشلەشكە باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن بىر قىيانىڭ تۈۋىگە يىغىلىپلا قالدى. بىردەم ھەممە ياق جىمجىت كەتتى. مەمەت بىرنەچچە قاراقچىنىڭ، ژاندارمىلارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆردى. ئەمدى چىقىپ قاچسا بولارمىدى؟ قاچقىلى بولمايتتى. ئەڭ قورقۇنچاق ژاندارما ۋە قاراقچى قاچقان چاغدا ئېتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەڭ ياخشىسى توگمەندە قېلىپ ئۆلۈمنى كۈتۈش ئىدى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشەتتى. بىراق، كەسمە بېزىسىدىكى يۈزبېشى پاروخ، ئاسىم چاۋۇشمۇ قاراڭغۇ چۈشمەستىن توگمەنگە يېتىپ كېلەتتى.



مەمەت توگمەننىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى ھەمدە بىردەم پەنجىرىدىن ئىبراھىم قارىنىڭ قىيانىڭ تۈۋىدە تۈگۈلۈپ قالغان ئۆلۈكىگە كۆز تاشلاشتىن ئۆزىنى تارتالمايتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىمۇ شۇ يەردە، شۇ ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن قاپلانغان، ئىسلىشىپ كەتكەن توگمەننىڭ تاملىرىنىڭ تۈۋىدە خۇددى شۇنداق تۈگۈلۈپ قالاتتى. ھەممە نەرسە تامام بولاتتى. تۇساتتىن مېڭىسىگە: « ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى، ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى » دېگەن سۆز كىرىۋالدى. بۇنى ئىچىدە توختىماستىن تەكرارلايتتى. بۇنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىلىشنى خالايتتى. بۇ نېمە ئىدى، نېمە دېگەنلىك بولاتتى؟ داۋاملىق مۇشۇنداق بولامدۇ؟ نېمە، بىكارغا كېتەتتىمۇ؟ ھېچقانداق چىقىش يولى يوقمىدى؟ ... بىرھازا قوللىرى توختاپ قالدى. ئوق ئاتالماي قالدى. شۇ پېتى قېتىپ قالغاندەك تۇرۇۋېلا قالدى. ئاجايىپ ئىش! ئۇ توختاپ قېلىش بىلەن تەڭ قارشى تەرەپتىكىلەرمۇ ئوق ئېتىشنى توختاتتى. ئىبراھىم قارىنىڭ ئۆلۈكىگە كۆز تاشلىدى. ئۆلۈك ئۈستىگە سايە چۈشكەنىدى، بېشى كۆكسىدە بىر يانغا قىڭغىيىپ قالغانىدى. شاپ بۇرۇتلىرى تېخىمۇ ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. مەمەتكە كالپۇكلىرىنىڭ ئۇچىدا زاڭلىق قىلىش كۈلكىسى باردەك بىلىندى. مەمەت تەرلەپ كەتتى. تەرى ئاستا - ئاستا سوۋۇدى. بىر پەستىن كېيىن بەدىنىنى سوغۇق سۇدەك بىر نەرسە ئورىۋالدى. توڭلاشقا، بەدىنى سەل - پەل تىترەشكە باشلىدى. كۆزىگە ئىسمائىل چولاق چېلىقتى. ئۇ ھېچ قىمىرلىماستىن قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ھۇۋۇقۇشتەك ئولتۇراتتى. كۆزلىرى چوڭقۇر بىر يەردە تېز - تېز ئايلىناتتى ۋە پارقىرايتتى. ئۇنىڭغا قاراپ كۈلكىسى كەلدى. بىردىنلا شۇ توگمەندە قورشىۋېلىنغانلىقى، بەلكى بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ئېسىگە چۈشتى. مۇزلىغان بەدىنىدە چاقماق تېزلىكىدە بىر تىكەنلىشىش پەيدا بولۇپ يېيىلدى. ئۆلۈشنى خالىمايتتى، « ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى » دەپ پىچىرلىدى.

پەنجىرىگە بارغاندا تاشقىرىدىن دەھشەتلىك بىر ۋاڭ - چۇڭ ئاڭلاندى. ئاتنىڭ كىشنەشلىرى ئوق ئاۋازلىرىغا، ئوق ئاۋازلىرى ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىگە ئارىلىشىپ كەتتى. تۈگمەننىڭ ئاستىدىن ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شارىلدىشى كۈچەيدى. مەمەت تاشقىرىدا بىر قىيانىڭ تۈۋىگە مۈكۈنۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر سايىگە ئوق ئاتتى. ئۇ سايىمۇ قولاقلارنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك بىر چىرقىراش بىلەن توپتەك ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى. ئاسمان گۈلدۈرلىدى، چاقماق چاقتى. خېلىلا قاراڭغۇ چۈشتى. مەمەت ئاسىم چاۋۇشنىڭ ئاۋازى بىلەن بىللە بۇيرۇق ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— ئىشىككە ئىككى بومبا تاشلاڭلار!

بىر ئازدىن كېيىن ئىشىك، ئىشىكنىڭ تاملىرى گۈمبۈرلەپ ئۆرۈلدى. ئۇ يەردىن يوغان بىر يېرىق ئېچىلدى. مەمەت شۇ زامان ئۇ يەرنى ئوققا تۇتتى. لېكىن پەنجىرىلەر، ئۈستىدىكى تۆشۈكلەر بوش تۇراتتى.

— سەن ئەقىللىق ئادەمسەن، مەمەت، يۈزبېشى سېنىڭ ئۆلۈشۈڭنى خالىمايدۇ. تۈگمەننى يۈزلەپ ئادەم قورشىۋالدۇق. قۇتۇلالمايسەن. كەل، تەسلىم بول! يۈزبېشى جېنىڭنى ساقلاپ قالىدۇ. يۈزبېشى ھەممە ئىشنى بىلىدۇ. بومبىلار بىلەن تۈگمەننى بېشىڭغا يىقىتىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى ئاسىم چاۋۇش.

رەسمىي قاراڭغۇ چۈشتى. يامغۇر كۈچەيدى. ھەممە ياقتا سۇلار ئاقاتتى. ئاتلار توختىماستىن كىشنەيتتى. ئەتراپتا قانچە ئاتنىڭ بارلىقىنى مەمەت پەرەز قىلالمىدى. يامغۇر ئىچىدىكى ژاندارمىلارنىڭ ئىشىنىپ بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئوق كەلكۈنى تۈگمەننىڭ ئۆرۈلگەن ئىشىكىگە ئاقاتتى.

— سۇنى تۈگمەننىڭ ئۈستىگە باشلاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئاسىم چاۋۇش.

مۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چاۋۇشنىڭ بۇنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ۋارقىراۋاتقانلىقىنى مەمەت چۈشەندى. ئەگەر



قاراڭغۇ بولمىغان بولسا يۈزبېشىنى ئېتىۋەتكەن بولاتتى ياكى يۈزبېشىنى تۇتۇۋالالىغان بولسا، ئۇنىڭدىن «ئايدى كەتتى، ھەمزە كەلدى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغان بولاتتى. ئۇ ئاجايىپ كاتتا، ئۈچ يۇلتۇزلۇق يۈزبېشى ئىدى. بەلكى بىلىشى مۇمكىن. قوللىرى ماشىنىدەك ئىشلەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىشىكنىڭ يان تېمىغا بىر بومبا چۈشتى. تام بىلەن تەڭ لايلەمپە ئۆگزىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. شۇ ئاندا بىر قول كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى. مەمەت تېزلىكتە قوزغالدى. ئىسمائىل چولاق بوغۇق ئاۋازدا:

— ئازراق جىم تۇرۇپ، سۆزۈمنى ئاڭلا! — دېدى. ئۇنىڭ يۈزىنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى. — قاراقچى ئاز بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن قورالىنى يۈز ئەللىك پاي ئوقى بىلەن ماڭا ئامانەت قويۇپ كەتكەنىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىپ ئالىمەن دەپ قويۇپ كەلمىدى. ھازىر مەن ئۇ قورالنى ئامباردىن ئالغىلى چىقىمەن. تەسلىم بولما، مەمەتىم، سەن تەسلىم بولماسلىقىڭ كېرەك. تەسلىم بولساڭ زادى بولمايدۇ. سەن ئۆلەڭمۇ بولمايدۇ. ماۋۇ يەرگە مۈكۈن! — دەپ ۋارقىرىدى. — ئەخمەق ئادەم قاراقچى بولىدۇ! قارشى تەرەپتىكىلەرمۇ سېنىڭدەك ئەخمەق بولمىغان بولسا، بۇ تۈگمەندە سېنى خېلى بۇرۇنلا ئۇۋلىغان بولاتتى.

مەمەتنىڭ قولىنى تۇتتى، بىر دەرەختىنىڭ كامىرىغا كىرگۈزدى.

— ئەمدى خالىغانچە بومبا ئاتسۇن بۇ ئىتلار! — دېدى.

مەمەت ئەمدى قاراڭغۇ يەرگە قارىتىپ ئوق ئاتاتتى.

ئاسىم چاۋۇش بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى، سۆزلەيتتى. شار - شۇر يېغىۋاتقان يامغۇردىن، ئاتنىڭ كىشنەشلىرىدىن، ئوقنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازلىرىدىن ھېچ نەرسىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

ئىسمائىل چولاق يېپيېڭى گېرمانكىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

مىلتىققا ئوق سالدى. قاراڭغۇغا ئىككى پاي ئوق ئاتتى.

— قالتىس مىلتىق ئىكەن، قاراقچى تازنىڭ مىلتىقى ـ دە، — دېدى ۋە مەمەتتىنىڭ قولىنى تۇتۇپ شۇنداق دېدى، — مەن بۇ يەردە بۇ ئىتلار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئېتىشىمەن، سەن مۇشۇ يەردىن سۇغا چۈش، قورقما، بىر يەرگە ئۆرۈلۈپ كەتمەيسەن. ئۆزۈڭنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بەر ... قورقما، سۇنى مەن قوغدايمەن. ھېچكىمنى سۇغا يېقىنلاشتۇرمايمەن. سۇ بىلەن بىللە ئېقىپ كەتكىن. سەن كەتكىن ... ئۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. سەن كەتكەندىن كېيىن مەن تەسلىم بولىمەن.

ئىسمائىل چولاق يامغۇردا قالغان ژاندارمىلارغا ئوق ئاتاتتى، مەمەت توگمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئويلايتتى. بەزىدە پۈتۈن بەدىنىنى خۇشاللىق چۇلغىۋالاتتى ۋە ئۇنى ئۇچۇراتتى. بەزىدە شۇنداق بىر غەم باساتتىكى، ئېچىشىۋاتقاندەك، ئاغرىۋاتقاندەك بولاتتى. گېلىغا بىرنېمە كېلىپ تىقىلىپ قالاتتى.

— نېمە قاراپ تۇرىسەن، ھەي ماڭغا! — دەپ ۋارقىرىدى چولاق، — ھازىر تۇرىدىغان ۋاقتىمۇ؟ تېز ماڭ!

بۇنى ئاڭلىمايتتى، بۇ جەددىي پەيتتە سېھىرلىنىپ قويغاندەك، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تىكىلىپ تۇراتتى.

— ھەي، تىكىلىپ تۇرما! تېز ماڭ ... قوزام، ئوغلۇم، مەمەت ئاۋۇنقىم، بۇ يەردە ئۇنداق تىكىلىپ تۇرما، ماڭ! قورقما! — دەيتتى ئىسمائىل چولاق. ئۇ بىرتەرەپتىن يامغۇرلۇق قاراڭغۇغا ئوق ئاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن مەمەتكە يالۋۇراتتى.

— كۆزۈڭدىن ئايلىناي، ئوغلۇم، جېنىم بالام، مېنىڭ مەمىتىم. سېنى يامغۇر قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇ يامغۇر ياغمىغان بولسا ئاللىقاچان بۇ توگمەنتى بېشىمىزغا كۆمتۈرۈپ قوياتتى. كەتمەڭ نېمە بولىدۇ! ئىسمائىل چولاق سېنىڭ قۇربانىڭ بولۇپ كەتسۇن، ماڭ! سېنى شۇ يامغۇر قۇتقۇزدى. ئاللانىڭ بۇ شەپقىتىنى بىكار قىلما! ماڭ!

ئىسمائىل چولاق ئاشقىرىغا قارىتىپ ئوق ئاتاتتى، ئېتىپ ـ



ئېتىپ ئاخىر يەنە مەمەتنىڭ قېشىغا كېلەتتى ۋە يالۋۇراتتى:

— ماڭ دېيمەن بۇرادەر، ماڭ! سېنى يامغۇر قۇتقۇزدى، ماڭ! مەن ئۇلارنى تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇ يەردە تۇتۇپ تۇرىمەن. ماڭ، كەتكىن، بۇ سېنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس، ماڭ! مەن ياختى ئويلىدىم، چوڭقۇر پىكىر قىلدىم. بۇ چاغلاردا سەن ئۆلمەسلىكىڭ كېرەك. ماڭ! يامغۇر يېغىپ سەن قۇتۇلۇپ قالدىڭ، ماڭ!

يۈگۈرۈپ بېرىپ يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئاتاتتى ۋە ياناتتى.

— ماڭ دېيمەن ھەي ئەخمەق قاراقچى، ماڭ! شۇ ئەخمەقلىقىڭدىن بىزنى ۋەيران قىلدىڭ ئەمەسمۇ، ماڭ! — دەپ ئاچچىقلايتتى.

قارىسا قىمىرلايدىغاندەك ئەمەس، قولىغا ئېسىلدى. ئۇنى سۆرەشكە، توگمەننىڭ ئاستىنقى تۆشۈكىگە كىرگۈزۈشكە تىرىشتى. ئۇنى ئورنىدىن مىدىرلىتالمىدى.

— ۋاي ئاناڭنى كاپىر، قالتىس كۈچلۈك بار ئىكەن!

ئۇمۇ ئىلاجىسىز مەمەتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدى.

— ئەمدى مەن قانداق قىلاي! — دەپ غودۇڭشىشقا باشلىدى، — مانا، ماڭماي تۇرىدۇ. ئېشەك بولۇپ قاپتۇ. ئەخمەق بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا، كەتمەي تۇرىدۇ. قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ. ياللا، ھەزرىتى مۇھەممەد، مۇشۇنداق بىر ئېشەك دۇنياغا تۆرەلگەنمىدى؟ سەپىل ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئەنە شۇنداق ئادەم بولۇپ قالدى مانا!

دەل شۇ چاغدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىشىكتىن ئېتىلغان ئوقلار ياندىكى تامغا، پۈتلىرىنىڭ يېنىغا چۈشتى.

— مانا ئەمدى خوپ بولدى! ئەمدى كەتمەي تۇر! ئەمدى ئىككىمىزنىمۇ مۇشۇ يەردە ئېتىۋېتىدۇ. جېنىم بالام، ماڭ! ماڭا ئۇۋال، ئاپانلىرىڭنى سۆيۈپ قوياي، سەن ئۆلمە! يامغۇر ياغدى، سەن قۇتۇلدۇڭ، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرگۈزمە، ئۆلمە! جېنىم مەمەت، قول ـ پۇتلىرىڭنى سۆيەي، ئۆلتۈرۈلمەستىن تۇرۇۋن ماڭ! ۋاي ئانىسىنى ئېشەك تەيكەن ھارامزادە، دۈيۈر! ماڭ، ئۆلۈپ قالما!

ئاسىم چاۋۇشنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. مەمەت ئاڭلىمىدى، چولاقنىڭمۇ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمىدى.

چولاق ئىشىكنىڭ ئۆزۈلۈپ كەتكەن يوغان بىر تېشىنىڭ ئارقىسىغا ئۆزىنى ئاتمىغان بولسىدى، كەلگەن ئوق ئۇنىڭ جېنىنى ئالغان بولاتتى. تاشقىرىدا توختىماي ئېتىلىۋاتقان ئوقلار قىيالىقلارنى، يامغۇرنى، دەرەخلەرنى، سۇلارنى، ئۆرۈلگەن تۈگمەننى قىزارتاتتى، يورۇتاتتى. يامغۇر ئاستا ـ ئاستا توختاشقا باشلىدى.

چولاق: «قانداق قىلىپ، نېمە دەپ بۇنى شۇ يەردىن كەتكۈزەرمەن؟ بۇ بالا بەكمۇ جاپا چەكتى. مەنمۇ ئۇنى ياخشى قارشى ئالمىدىم. ئەيىب ئىش قىلدىم. دېھقانلارنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشەندىم، ئەڭ توغرىسى ئاچلىق ئەقلىمنى يوقاتقانىدى» دەپ ئويلىدى.

ئاسماننى بىر ئۆتكۈدەك قاتتىق چاقماق چاقتى. بىردەم ئەتراپ كۈن چىققاندەك، كۆپكۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. مەمەت سىلكىندى، يىقىلىپ چۈشەي دېدى. ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بىردىنلا پۈتۈن بەدىنىنى تەر باستى، چاچلىرىنىڭ ئۇچىمۇ تەرلىدى. بىردەمدە تەر سوۋۇدى، قورۇدى، تىترەشكە، توڭلاشقا باشلىدى. چىشلىرى كاسىلدايتتى.

— جېنىم بالام، مەمىتىم، سېنى ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن، قارىغىنا، يامغۇر توختىدى، ماڭ، كەت!

مەمەت ئىسمائىل چولاققا قاراپ ئىككى قەدەم تاشلىدى، ئۇنى قۇچاقلىدى، غەمكىن، مۇڭلۇق ماتەم قوشىقى ئېيتىۋاتقاندەك ئاۋازدا:

— سالامەت بول، ئامان بول، ئىسمائىل ئاغا، خەير ـ خوش! يەنە كېلىمەن، مەن بىرىم سائەتنىڭ ئىچىدە بۇ يەردىن ئۇزاقلىشىمەن. ئوقنى كۆپ ئېتىۋەتمە. ھازىر توختات، مىلتىقىڭنى ئايا، ياخشى مىلتىق، خەير ـ خوش ... — دېدى.

ئارتۇق گەپ قىلمىدى. تۆشۈكنىڭ ئالدىغا ماڭدى، چولاقمۇ



ئارقىسىدا تۇراتتى. مەمەت تۆشۈكتىن سۇغا چۈشتى. سۇغا چۈشكەندە ھېچقانداق ئاۋاز، ھېچقانداق شارىلداشلارمۇ ئاڭلانمىدى.

چولاق قاراڭغۇلۇققا قارىتىپ ئوق ئاتاتتى. كەيپى جايىدا ئىدى. مەمەتنىڭ قۇتۇلۇشى ئۇنى چىن كۆڭلىدىن خۇشال قىلدى. بىر خىل شادلىققا چۆمدى. جۇشقۇنلۇق بىلەن ئوق ئاتاتتى.

چولاق بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئوق ئېتىشنى تاڭ ئاتقۇچە توختاتمىدى. يامغۇر توختىدى. شەرق قىزارماقتا، قاراڭغۇلۇققا ئالا كۆلەڭگىلەر چۈشمەكتە. يۈزبېشى پارۇخ قولىدا قانچىلىك قورال بولسا ھەممىسىنى ئىشلىتىپ تۈگمەنگە ھۇجۇم قىلدى. تۈگمەنگە بومبىلار، ئوقلار ياغدى. ئون مىنۇتقىچە داۋام قىلدى. تۈگمەندىن سادا كەلمەيتتى. ساقلاپ تۇرۇشتى. ئاۋاز چىقمىدى. ئۇزاققىچە تاقەتنى تاق قىلمىدىغان سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشتى. ئاسىم چاۋۇش تۈگمەنگە قاراپ ۋارقىرىدى، ھېچقانداق جاۋاب بولمىدى. مەمەتنىڭ ئويۇن ئوينىشىدىن قورقۇشاتتى. تۈگمەنگە بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئوق ۋە بومبا ياغدۇردى. تۈگمەننىڭ ئالدى تېمىنى باشتىن ـ ئاياغ ئۆرۈۋەتتى. تۈگمەننىڭ بىر يېرى تاش ـ توپا دۆۋىسىگە ئايلاندى. تۈگمەندىن تىمرىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئاسىم چاۋۇش سۆزلىدى، يۈزبېشى پارۇخ سۆزلىدى. تاشتىن ئاۋاز چىقاتتىكى، تۈگمەننىڭ ئىچىدىن ئاۋاز چىقمايتتى.

— ئېتىۋەتتۇق! — دېدى ئاسىم چاۋۇش، — يۈزبېشى، بۇ يىگىتكە قاتتىق ئېچىندىم. — دېدى ـ دە، ئىككى تامچە ياش بويىغا ئېقىپ چۈشتى، — ئىسىت!

— ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى يۈزبېشى.

— بىلمەيمەن.

يەنىلا تاقەتسىزلىنىپ تۇرۇشاتتى. كۆڭنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشەتتى. كۈن چىقتى. ئاسىم چاۋۇش ۋارقىرىدى، ئاۋاز چىقمىدى. ئاسىم چاۋۇش ئورنىدىن تۇردى، پاچاقلىرى تىترەيتتى. ماڭغاندا سەنتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئادەملىرىنى قورقۇپ تۇرۇپ قايغۇ ئىچىدە ئالدىغا ماڭغۇزۇۋاتقانلىقى يىراقتىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. مەمەتنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. تۈگمەندىن ئاۋاز چىقمىغاندىن بۇيان بەلكى ئون بەش ياش قىرىپ كەتكەندۇ. يۈرىكى قانغا تولغان، قەلبى ماتەم قايغۇسىدا ئۆرتىنەتتى. تۈگمەنگە ئون قەدەم قالغاندا توختىدى، «مەمەت!» دەپ يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىماقچى بولدى. ئاغزىنى ئاچالمىدى. چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى. تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى، ئالدىغا بىر قەدەممۇ ئاتلىيالمايتتى. مەمەت يالغۇز ئىدى. بۇنى بىلەتتى. ئوق توختىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىرەر يەرگە قېچىپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەمەت ئۆلمىگەن بولسا قارشىلىق كۆرسىتەتتى. دېمەك، ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئاسىم چاۋۇش: «ئىنشائاللا، يارىلانغاندۇ» دەپ كۆڭلىدىن كەچۈردى.

ئارقىسىدا تۇرغان يۈزبېشى:

— نېمە بولدى، قورقۇۋاتامسەن، ئاسىم چاۋۇش؟ مەمەتنىڭ ئۆلۈكىدىنمۇ قورقىمىز، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئاسىم چاۋۇش ئۇنىڭغا قارىدى، كېيىن تۈگمەنگە كىردى. چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق — كۆڭلۈمسىرەش ئىپادىسى كۆرۈلدى.

— ئوق تېگىپتۇ، يۈزبېشىم، ئۆلۈپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

يۈزبېشى يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ۋاي ئاللا! ئۆلگىنى مەمەت ئەمەس ئىكەن!

ئىسمائىل چولاق يەردە تىزلىنىپ ياتاتتى. قولى تېپىكىدە ئىدى. مىلتىقنىڭ يېنىكى ئوق كۆكسىدە، ئىستوۋۇلى يەرگە تېگىپ تۇراتتى. ئوق ئىسمائىل چولاقنىڭ سول كۆكسىدىن كىرىپ



ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئاز قان ئېقىپتۇ. سەل نېرىدا بىر دۈۋە پىستان تۇراتتى.

## 35

ئاناۋارزانىڭ تاش ئېتى،
قانغا بويىلىپتۇ كۆڭلىكى.
قىيماڭلار خالايىق، قىيماڭلار،
كور ئاپالنىڭ ياتتايىقى.

ئادەم ئېيتى ئۆلتۈرۈلگەندىن بېرى دېھقانچىلىق مەيدانىغا يولىمىدى، ئەلى ساپا ياي بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا نېمە دېيەتتى؟ خوتۇنىنى بەك سېغىنىدى، بەزى كېچىلىرى يۈرىكىدە چىدىغۇسىز بىر خىل مۇھەببەت ۋە سېغىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. دېھقانچىلىق مەيدانىغا يوشۇرۇنچە بېرىپ خوتۇنىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولاتتى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر بارالمايتتى. تورۇق ئاتنى ئۆلتۈرمەستىن يېزىغا قانداق بارىدۇ؟! خوتۇنىنىڭ، خوجايىنىنىڭ، ئادەملەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ شۇنچە يىلدىن بېرى ئاتقىنىنى چۈشۈرۈپ، ئاتقىنىنى ئۆلتۈرۈپ كەلگەن بىر ئۇستا ئوۋچى نېمە ئۈچۈن ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئاتنى ئاتالمايدۇ؟! خەلقنىڭ ئالەم مۇنداق بىر ئوۋچىنىڭ — شۇنداق ئادەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ قويمامدۇ؟! ھازىر ئادانادىن مەرسىن ۋە تەرسۇسقىچە، جەيھاندىن كوزان ۋە قەدىرلىگىچە، ئوسمانىيەدىن دورتيول ۋە پاياسقىچە، كاۋۇر تاغلىرىدىن ئالاتاغقىچە جىمى يېزا - شەھەردە ئۇنىڭ ئۈستىدە گەپ - سۆز بولۇۋاتقىنىنى ئويلىمايتتىمۇ؟ ئەلى ساپا ياينىڭ ئوۋچىلار باشلىقى ئادىم بىر ئاتنى ئاتالمىدى، ئىسمەت ئۇنىڭغا، دېمەي قالاتتىمۇ؟ خۇددى بۇلارنى بىلمىگەندەك ... ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىنى تىكىشىپ ئۇنى كۆزىتىشەتتى. مۇنداق

ئۈستا ئوۋچى تۈزلەڭدە چېپىپ يۈرگەن بىر ئاتنى ئاتالمىسا، بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئاتقا ئەپسۇن ئوقۇلغان، بۇ ئاتقا ئوق ئۆتمەيدۇ. بۇ ئاتقا ئوق تەگمەيدۇ. ئادەملەر بۇنى نەدىن بىلسۇن؟ توروق ئاتقا ئاتقان ئوقۇلۇق قايتىپ كېلىپ ئاستىڭدىكى بوز ئاتنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇنى كىشىلەر نەدىن بىلسۇن؟ پەقەت سۆزلىشىدۇ، ئارقاڭدىن كۈلۈشىدۇ، كاتتا ئاغىلار، بەگلەر، ئارىپ سايىم بەگلەر ئەلى ساپا باينى ئوتتۇرىغا ئېلىشىپ ئادىمنى سورىشىدۇ، ئۆتنىڭدىن جاۋاب كۈتۈشىدۇ. ئەلى ساپا باي نېمە دەپ جاۋاب بەرسۇن؟! بىچارە ئى — مى دەپ تۇرىدۇ، بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، يۇتقۇنىدۇ. ئۇ بىچارە نېمىمۇ دېسۇن؟ بىزنىڭ ئادىم كېتىپلا كەلمەي قويىدى دېسۇنمۇ؟! يەلكى بىرىمىز يالغاننى توقۇپ چىقار. بەك قورۇنىدىغان، يالغان — يالغاننى قاملاشتۇرالمايدىغان بىر ئادەم. بىز بۇ ئادەمنىڭ بېشىغا بىر بالا بولدۇق — دە!

ئۆز — ئۆزىگە بولغان ئاچچىقى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. يا توروق ئات تېپىلمىدۇ، ياكى ئادىم مانا شۇنداق ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكتە دۈمبىسىگە مىلتىقنى ئېسىپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

توروق ئات بىر سىر بولۇپ قالدى. شۇنچە كۈندىن بېرى ئادىمنىڭ ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى. ھېچ يەردىن بىر ئۇچۇر — ئىزنى تاپالمىدى. ئادىم تۈزلەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپتا سائەتلەپ تىكىلىپ تۇراتتى، تەرلەيتتى، پىشاتتى، ئويلايتتى. ئىسسىقتا ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ئەنە شۇنداق تىكىلىپ تۇراتتى. ئاپتاپتا ئۇ يەردىن بۇ يەرگە شۇنداق سەكرەيتتىكى، كىيىملىرى چىلىق — چىلىق بولۇپ كېتەتتى. يەر يېرىلىپ توروق ئات تەھتىسارىغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئىدى. ئادىم، ئۆز يۇرتىغا، ئۆرپاغا كېتىپ قالدىمۇ يا؟ دەپ ئويلايتتى. قوش سۈرىتىگە، يىلان، قۇرت، كېپىنەك، تۈلكە قىياپىتىگە كىرىپ ئادىمنىڭ يۇرتىنىڭ ئاستىدا ئايلىنىپ يۈرگەنمىدۇ؟ قارلىغاچ بولۇپ يۇرتىنىڭ ئاستىدىن پىرىلداپ ئۇچقان شۇ بولمىسۇن؟ ئاناۋارزا قىيالىقلىرىدا تىنماستىن



ئايلىنىپ يۈرگەن يوغان، يالغۇز بۈركۈت شۇ بولمىسۇن؟

بىر كۈنى كېچىسى ئويغىنىپ قارىسا يوغان بىر ھايۋان يۈزىنى يالاۋاتقان. ئۇ قوڭغۇزغا، بۆرىگە، ئىتقا، كالىغا، ھېچقانداق ھايۋانغا ئوخشىمايتتى. ئاپپاق، يوغان، ئاتتىنمۇ چوڭ بىر ھايۋان. ئادىم باش تەرىپىدە تۇرغان مىلتىقنى ئېلىپلا ئاناۋارزا قىيالىقلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەنىدى، ئۇ ئاجايىپ ھايۋان مەلۇم ۋاقىت ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئاخىر توختاپ قالغانىدى، شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

تۈزلەڭدە ئوت ئاپىتى پەيدا بولغانىدى. ئوت كەتكەن چاغدا ئادىم ئۇخلاۋاتاتتى. چۈشىدە بىردىنلا ئۆزىنى چوغ دوزىخىنىڭ ئىچىدە كۆردى. شۇ زامان ئورنىدىن تۇردى. قاراپ نېمىنى كۆردى دېمەمسىلەر، ئازراق ۋاقىت ئويغانمىغان بولسا، كۆيۈپ كېتىدىكەن. ئۇچقۇنلار بىردەمدىلا ئۈستىگە ياماشتى. ئادىم بىر ئۇ يەرگە، بىر بۇ يەرگە قاچاتتى. ھەممە تەرەپتىن ئوت يالقۇنى ئۆرلەۋاتاتتى. ئوت چەمبىرى ئىچىدە قالدى. ئۇ ئوت يالقۇنى ئىچىدە پىرقىرايتتى. ئۇچقۇنلار تۈزلەڭنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە يېيىلاتتى، ئادىم ئوت چەمبىرى ئىچىدە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تۆت تەرەپكە قولاق سالاتتى. ۋارقىراشلار، چىرقىراشلار، ھايۋانلارنىڭ، ھاشاراتلارنىڭ ئاۋازلىرى تۈزلەڭنى بىر ئالغانىدى ... قۇشلار، يىلانلار، ھاشاراتلار قالايمىقان چىرقىرىشاتتى. يالقۇنلار قاپلاپ كەتكەن زېمىننىڭ ئۈستى كۆتۈرۈلەتتى، ياناتتى، ئىڭرايتتى.

بىردىنلا توروق ئات بۆلۈپتەك، سايىدەك ئالدىغا كەلدى. ئالدىدىكى ئوت كەتكەن يەرگە مىڭگىر خىل شەكىلدە سايىلەر چۈشتى. سايىلەر كېڭىيەتتى، ئۇزىرايتتى، قىسقىرايتتى. توروق ئاتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى. ئاتمۇ تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىماستىن كېڭىيەتتى، ئۇزىرايتتى، چوڭىيايتتى، كىچىكلەيتتى.

لاۋۇلدىغان بىر ئۇلۇغ ئوت كېلىپ ئادىمنىڭ ئۈستىدىن

ئۆتۈپ كەتتى. ئادەم شۇ زامان ئۆزىنى سەل تېرىمدىكى پاتقاقلىققا ئاتمىغان بولسا، كۆيۈپ كۆل بولاتتى. ئادەم پاتقاقلىقنىڭ ئىچىدە، ئوتتىن قېچىپ پاتقاقلىققا تولۇپ كەتكەن، ئىڭراۋاتقان، سايراۋاتقان ۋارقىراۋاتقان، ئۆزۈۋاتقان، پالاقشىۋاتقان مىڭلاپ ھايۋاناتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاڭ ئاتقۇچە مىدىرلىماي تۇردى. كۈن چىققاندا ئۇ كۆكرىكىگىچە پاتقاققا پېتىپ كەتكەنىدى.

ئادەم ھەممە ئىشنى ئۇنتۇسىمۇ، ئۆمۈر بويى شۇ ئوت كەتكەن كېچىنى ئۇنتۇيالمايتتى.

ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ قىيالىقلىرىنى تۇشۇكمۇتۇشۇك يۇرۇپ ئىزدىدى. ئاقچەسازنى يۇلۇڭ ـ پۇچقاق، سازلىق، چاتقاللىق، ئورمانلىق، تۈزلەڭلىك دېمەي ئىزدەپ قىرىۋەتتى. شۇنچە كۈندىن بېرى تورۇق ئات بىلەن ئۇچراشمىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۈمىدىنى ئۈزدى، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كېتەي دەيتتى. ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە يەنە تىكىلەتتى. ئاتنىڭ نەدە يولۇقۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلايتتى.

چۈشتىن بېرى بىر سەل جىلغىسىنىڭ ئىچىدە تىكىلىپ تۇراتتى. — شۇ تورۇق ئات نەدە بولۇشى مۇمكىن؟ ئەگەر تۈزلەڭلىكتە بولغان بولسىدى. ئادەملەرگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇچرىغان بولاتتىغۇ؟ بولدىلا. كېتەي، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بېشىمنى ئېلىپلا كېتىپ قالاي، خوتۇنىمنى مىڭ! ئەلى ساپا بايمۇ. ئۇۋچىلار باشلىقىمۇ قۇرۇپ كەتسۇن! بېشىمنى ئېلىپ يۈرەگىر يېزىسىغا كېتەي. بىر ئاغىنىمنىڭ ئات باققۇچىسى بولاي. يۇرۇنلاردا ئاتنى مەندىن ياخشى بىلىدىغان ۋە باقىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بەلكى ھازىر ئات باقار بولالماسمەن ... بۇ يارىماس تورۇق ئاتنىڭ كاساپىتىدىن ...

توپا ـ چاڭلىق يولدا ئىككى تورۇق بايتال ئارقىلىرىغا بىردىن ياچاقلىرى ئىنچىكە، كۆزلىرى چىرايلىق تايىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. كەڭ، سىمىز ساغرىلىرى كۈن نۇرىدا پارقىرايتتى. تايلار توپا يولدا ئاستا ـ ئاستا كېتىۋاتقان



ئاتلىرىنىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرۈشەتتى، سەكرىشەتتى، ئايلىناتتى، ئاتلىرى بىلەن ئويىنىشاتتى.

بۇ ئىسسىقتا شۇ تورۇق ئات سالقىن بىر يەرنى تاپقاندۇ. ئۇ، جېنىنى بەكمۇ ئاسرايتتى، ئۇ ھازىر سوغۇق، مۇزدەك شېغىل تاشلىق ئېقىن سۇنىڭ ئىچىدە ياكى ئوتلاقتا بولۇشى مۇمكىن، نەدە بولۇشى مۇمكىن؟ ئادەم بارلىق خالىي يەرلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، بىراق بىرىنىمۇ مۇقىملاشتۇرالمىدى.

قېچىپ كېتىش كېرەك. لېكىن ... ھەممە نەرسىنى تاشلاش كېرەك، لېكىن ... ھەممە نەرسىنى، خوتۇنىنى، ئەلى ساپاباينى، يۇرتىنى، ئۆيىنى، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنى تاشلاپ كېتىش كېرەك. ئۇنىڭغا بۇ تۈزلەڭدىن باشقا يەردە ياشىيالمايدىغاندەك بىلىنەتتى. بىر تەرەپتىن، ھەممە نەرسىنى تاشلاپ كېتىمدۇ. بېشىنى ئەكېتىمدۇ. جەيھان بەكىرلىدىكى سالغا چۈشىمدۇ، نېرىقى تەرىپىگە ئۆتىمدۇ. كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە قايتىمدۇ. بىر نەرسە ئۇنى يۇتىلىرىدىن، تاكى يۈرىكىنىڭ يېغىشىدىن تارتىپ ئارقىغا تارتاتتى.

خېلى ئۇزاق زامانغىچە ۋاز كېچەلمەيۋاتقان بۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بىر كۈنى يەنە شۇنداق تىكىلىپ، كۆڭلىنىڭ ئىسسىقىدا چىپ ـ چىپ تەرلەيتتى، تورۇق ئاتنىڭ بار يېرىنى ئويلايتتى. شۇ چاغدا يۈرىكى جىغ قىلدى. تورۇق ئاتتىن ۋاز كېچەلمەيتتى. ھەر نەرسىنى تاشلاپ كېتەتتى، قولىغا چۈشۈرەلمىگەن تورۇق ئاتنى مۇشۇنداق يېتى ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە قويۇپ كېتەلمەيتتى. كۆڭلىدىكى بۇ تۈيغۇنى دەسلەپ چۈشەنمىدى. ۋايىيەي، تاشلاپ كېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى، — ئانام، دادام، قولۇم، پۇتۇم، كۆزۈممىدى؟! چوقۇم تاشلاپ كېتىمەن!

جەيھان دەرياسىدا سالغا چۈشتى، نېرىقى قاشقا ئۆتتى، كېتەلمىدى. ئارقىسىغا ياندى، ئىككى كۈندە بىر جەيھان دەرياسىدا سالغا چۈشۈپ نېرىقى قاشقا ئۆتەتتى. كېيىن قايتىپ

كېلەتتى.

ياتماقتا قىيانىڭ سايىسى ياخشى. ئەگەر شاھماران① بولمىسا؛ سۆيۈشكە گۈزەل ياخشى، ئەگەر پىتنىچى بولمىسا. ئاتىلار شاھماراندىن قورقمايدۇ ...

كىم ئېيتىدۇ قورقمايدۇ دەپ! ئاناۋارزا قىيالىقلىرىنىڭ تۈۋىدە بىر شامال چىقتى، چاڭ كۆتۈرۈلدى. كېيىن بېرىپ بېسىلدى.

قاتتىق ئىسسىق. بۇ ئىسسىقتا تورۇق ئات قىيانىڭ سايىسىدا تۇرغانمىدۇ؟ قىيانىڭ ئۈستىدە؟

قىيالار ئىسسىق ئىدى، يىڭنىلداپ كۆيىدۇرەتتى. قۇرۇپ كەتكەن كەكرە يۇرىقى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن. قىيالىقتىكى غارلار، يوغان دەرەخلەر، گۈللەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىرى، پىيشقاق قۇرتلار كەكرە يۇرايتتى. ھەممە نەرسە قۇرۇپ كەتكەن. قىيالىقتا ئەڭ كىچىك بىر دانە جانلىق، بىر تال يېشىللىق كۆرۈنمەيتتى. سۆسۈن، كۆل رەڭ، ئوچۇق كۆك، قىزىل، سارغۇچ قىيا تاشلار يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئادەم بىر قىيا تاشنىڭ تۈۋىدىكى توپىدا بىر تاتىنىڭ ئىزىنى كۆردى، ئىزنى قوغلاپ ماڭدى. ئىز ئالدىدىكى غارغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن ئۈمىدى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ خۇشاللاندى. كۆڭلىگە بىر ئەندىشە چۈشتى. قوللىرى تىترىدى. پۇتلىرىنى قىيا تاشلار تىلمۇتكەنىدى. قىيالىق چاڭقاپ تۇراتتى. ئىز ئۇتى غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باشلاپ باردى. قىيا تاشلار ئارىسىدىن يىڭنىدەك ئۈتكۈر تىكەنلەر ئۈنۈپ چىققانىدى. غارغا كېلىۋاتقاندا، ئۇلاڭ ـ سولغا تولغىنىپ كېتىۋاتقان زەھەرلىك بوز يىلانلارنى كۆردى. غارنىڭ ئاغزىدىكى يۇمشاق، قوڭغۇر توپا باسقان يەرنىڭ ئۈستىدە قۇشلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى تۇراتتى. چوڭ ـ كىچىك يىرمۇنچە قۇشنىڭ ئىزلىرى. بۇ ئىزلارنىڭ يېنىدا، ئەتراپىدا بۆرە، تۈلكە

① شاھماران — يىلانلار پادىشاھى، چوڭ يىلان. — تەرجىماندىن.



ئىزلىرى ... ئوتتۇرىدا بىر ئاتنىڭ ئاياغ ئىزلىرى، ئات پۇتىدىكى تاقىنىڭ ئۇچى ئىزنى قالدۇرغانىدى.

ئادەم ئىزلارنى دەسسەپ غارنىڭ ئاغزىغا كەلدى. غار ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا قارىغايلار ئۆسكەن. غارنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بىر تۆشۈك ئىدى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان. غارنىڭ ئىچى مۆشۈكياپىلاقلار بىلەن تولغان، ئۇلار تاشلارغا يېپىشىپ تۇراتتى.

قاراڭغۇدا بىر سايە مىدىرلىدى، غارنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدىن ئاتنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كىشنىگەن ئاۋازى كەلدى. قاراڭغۇلۇقتىكى ئات سايىسى قوپۇقلاتتى. يەرق قىلغۇدەك بولدى. ئاستا ـ ئاستا يوقالدى.

ئادەم شۇ يەردىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. مىلتىقىغا ئوق سالدى، زاتۇر شاراقلىدى. ئادەم غارنىڭ ئىچكىرىسىگە قارىتىپ بەش پاي ئاتقاندىن كېيىن مىلتىقنى يەنە ئوقلىدى. غاردىن تاشقىرىغا ئۈچ توشقان سەكرەپ چىقتى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشتى، كۆزدىن يوقالدى. ئىزلارنىڭ ئۈستىگە ئاستا سۇرۇلۇپ بىر يىلان كەلدى، بېشىنى كۆتۈردى، ئەتراپىغا قارىدى. ئادەم ئۇنىڭ بېشىنى چەنلەپ ئاتتى. يىلاننىڭ بېشى تىتىلىپ كەتتى. يۇتكول ئاناۋارزا قىيالىقلىرى ئوق ئاۋازىدىن لەرزىگە كەلدى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ ھاۋامۇ ئاستا ـ ئاستا سۇرۇنلەشتى. غەرب شامىلى چىقتى. ئىسسىق، كەكرە، قۇرۇق چۆپ، كۆيگەن توپا قىيالىقنىڭ ئۆتكۈر پۇراقلىرىنى ھەممە تەرەپكە چاچاتتى.

تورۇق ئات كۆل رەڭ يولۇتتەك غاردىن چىقتى. غارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋېتىپ كىرىلدى، ئۇزاردى، ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئۆتتى. ئادەمنىڭ قولى تەپكىگە بارماي تۇرۇپ ئات يولۇپ تارقالدى، كىچىكلىدى، كۆزدىن غايىب بولدى. ئادەم ئاتنىڭ ئارقىسىدىن بەش پاي ئوق ئاتتى ... قىيالىقلاردىن ئەكس سادا ياندى، ئوق ئاۋازلىرى قىيالاردىن قىيالارغا ئۆرۈلدى. ئادەم بۇ ئەكس سادالارنى بىرھازاغىچە تىڭشاپ تۇردى. چىقىۋاتقان غەرب شاملى كۈچەيگەن، قىيالار ھۇۋۇلدايتتى.

ئادىمنىڭ يۈرىكىدىكى قورقۇش ئازىيىۋاتاتتى. قورسىقى بەكمۇ ئاچقانىدى. ئەمدى بۇ يەردىن سەپەرنىڭ ئۆيىگە بېرىش كېرەك. ئۆتىنگىدىنمۇ ئىزا تارتاتتى، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتى. كېچىلىرى بېرىپ ھېرىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ ئاش ئەتكۈزگەن بارمۇ؟ دوستۇڭ تۇرماق، داداڭنىڭ ئۆيى بولسىمۇ ...

— ئاھ، ئۇھ! تورۇق ئات، سەن بىلەن بولغان ماجىرايىمنى بىر تەرەپ قىلالماستىن كېتىمدىغان بولدۇم! تورۇق، مەن كېتىمەن، كېتىمەن! مېنى خەلقئالەم ئالدىدا، دوست - دۈشمەن ئالدىدا بىر تىيىن قىلىۋەتتىڭ. تورۇق! جىن بولساڭمۇ، پەرى بولساڭمۇ، ئات بولساڭمۇ، مېنى ۋەيران قىلدىڭ! خەپ! بىر كۈنى ئەدىپىڭنى بېرىمەن!

ئۇ ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرايتتى، ئىچىنى بوشىتاتتى. بىراق، بۇمۇ بىردەمچىلىك ... كېيىن ئاتنىڭ قورقۇنچىسى باساتتى، يەنە يۈرىكىنى سىقاتتى. خۇددى سايىسىدەك ئەگەشكەن، روھىنى ئىسكەنجىگە ئالغان بىر خىل قورقۇش.

— خەپ، كېتىمەن! — دەيتتى. قىيالىقلاردىن بىر قەدەم نۇۋەنگە ماڭاتتى، تۇراتتى، يەنە، — قاراپ تۇر، كەتمەيمەن، سېنى ئۆلتۈرىمەن! — دەيتتى، قىيالارغا ۋارقىرايتتى. ئاۋازىنىڭ گۈرۈلدەپ ياڭغان ئەكس ساداسىنى تىڭشايتتى.

— ھەي، مەن كېتىمەن! ئاناۋارزا قىيالىقلىرى ساڭا قالسۇن، ئاناۋارزا، ئاقچەساز ساڭا قالسۇن! ھەي ي! ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن! مېنى يۇرتۇمدىن، ماكانىمدىن ئايرىدىڭ، ئۆي - ئوچىقىمدىن، ئاغامدىن ئايرىدىڭ، نېنىمدىن، ئىشىمدىن، دوستۇمدىن، دۈشمىنىمدىن ئايرىدىڭ. قوشنىلىرىمدىن، ھەرىلىرىمدىن ئايرىدىڭ. كېتىمەن! ھەي ي، كېتىمەن! ... ئاھ، ساڭا جاجاڭنى تارتقۇزالمىدىم. ئاخىرغىچە كۆزۈم تەملىك، مېنى يەڭدىڭ، تۈگەتتىڭ. يەرگە تەگمىگەن دۈمبەمنى سەن تەگكۈزدۈڭ! قېنى سەن يۈرەككىر زىمىنى؟! ...



يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. قىيالاردىن جەنۇبقا قاراپ ماڭاتتى. پىلدىرلاپ قالغان ئورا كۆزلىرىنى چىمىلدىتاتتى، پارقىرىتاتتى.

كېيىن بىردىنلا ئارقىغا قايتاتتى. چىدىماي قايتاپ كېتەتتى، ئەسەبىيلىشەتتى، ئىچىگە پاتماي قىيالىقلارغا ۋارقىرايتتى، قىيالاردىن ياڭغان ئەكس ساداسى كۆچىيەتتى، تارقىلاتتى، ئۇنى يۈرەكلەندۈرەتتى.

«ياق، كەتمەيمەن!»

قىيادىن - قىياغا ئۇرۇلۇپ پەسەيگەن ئاۋازىنى تىڭشايتتى، كېيىن يەنە:

«ياق، كەتمەيمەن!» دەپ ۋارقىرايتتى.

ئاۋازى پۈتۈپ كەتكۈچە ۋارقىرايتتى، كېيىنچە توختىماستىن ئۆز - ئۆزىگە ئاستا غودۇڭشىيتتى:

«ياق، كەتمەيمەن، يا سەن مېنى ئۆلتۈرىسەن، ياكى مەن سېنى! ئىككىمىزدىن بىرىمىز قالىمىز ... ھەي، سەن بىر پەرى ياكى جىن بولماستىن، كۆرۈنمەس غايىبلاردىن بولماستىن، ئادەمئاتىمىزنىڭ ھاۋۋىنى ياكى ئاتىمىزنىڭ ئوغلى بولغان بولساڭ ئىدىڭ ... بىرىمىز، ئىككىمىزدىن بىرىمىز ...»

* * *

كۈن سايىسى غەربكە قاراپ ئۆزىراتتى، ئىنچىكە، ئەگرى - بۈگرى، قالايمىقان بىر سايە. ئادىم ئۆز سايىسىدىن ئايرىلمايتتى. ئەتىگەنلىك تۇمان ئاستا كۆتۈرۈلەتتى. كۈن ئىسسىغانسېرى تارقىلاتتى. چۈش ۋاقتىدا ئاناۋارزانىڭ كۆيۈپ كەتكەن، قاپقارا تۈس ئالغان تۈزلەڭلىكى، ئاناۋارزانىڭ قىيالىقلىرى پارقىرايتتى، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. كۈن قىزىپ كېتەتتى، ئاناۋارزا قىيالىقلىرىنى ۋاژ - ۋاژ كۆيدۈرەتتى.

ئادىم ئۆز كۆڭلىدە: «ھەي، ھەممە يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرى

قورۇپ كەتتى، بىرلا ئاقچەسازنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىمەنلىك تۇزلەڭ بار، يېغى، يايپېشىل ئوتلار ئۆسىدۇ. ئات شۇ يەردە ئەمەسمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى. چىمەنلىك تۇزلەڭ ئېسىگە كېلىشى بىلەن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئاناۋارزادا، ئاقچەسازدا ئاتنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن دەپ ھېسابلىغان يەرلەرگە، ئاتنى ئىزدىگەن ھەربىر بەلگىلىك يەرگە بىر ئىسىم قويغانىدى.

ئۇ بىر ئىسسىق پاتقاق سۇدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تېگى قۇم ئىدى. سۇ تىزىغىچە كېلەتتى ... قاينىغان سۇدەك پاقالچاقلىرىنى كۆيدۈرەتتى. سۇ كالىلىرى قايناۋاتقان سۇدا ياتاتتى، مىدىر قىلمايتتى. ئىسسىق سۇدىن ئۆتتى. سۆسۈن گۈللەر ئېچىلغان، ئۈستى قورۇپ قالغان، دەسسىگەندە قىرووۋ باسقان يەردەك غىرس - غىرس يېرىلىدىغان بىر يەرگە كەلدى. توپىلار يېرىلغانچە پۇتلىرى يۇمشاق لايغا پاتاتتى. قورۇپ كەتكەن يېپىشقاق، تەكشى سۆسۈن گۈللەر ئۇدۇلىدىكى قايقارا كۆرۈنگەن لەشلىككىچە... سوزۇلاتتى. ئۇ لەشلىككە كەلدى. بۇ يەر خەتەرلىك ئىدى. لەش يىلتىزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى سۇ يېشىل ئىدى. سۇنىڭ يۈزىدىكى يېشىل مۇخ قايماقتەك تۇراتتى. ئىچىدە چوڭقۇر يەرلەر بار ئىدى، ئادەمنى تارتىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئادىم بۇ سۇنىڭ ئىچىدە ماڭغاندا لەش يىلتىزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى. لەشلىكتىن مىڭبىر جاپادا چۈشكە يېقىن ئۆتۈپ بولدى. ئاقچەسازنىڭ كۆكبىتىرەن دېگەن چاتقاللىقىغا كىردى. بۇ ئىسىمنى ئادىم قويغانمۇ ياكى ئەزەلدىن بۇ يەرنى شۇنداق دەپ ئاتايتتىمۇ، بىلمەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاسمانغا قارىسا ئاسمان كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاتقاللىقنىڭ ئىچى ئاشپاقلار، يىلانلار، تۈلكىلەر، تۇڭگۇزلار، ھەر خىل قۇش بىلەن تولغانىدى. ھەر شاختا، ھەربىر يۇگمەچتە بىردىن ئۇۋا بار ئىدى. ھەربىر يوغان ھەرە كۆنەلگۈسىنىڭ يېنىدا بىر ئۇۋا. بۇ يەردىنمۇ ئۆتتى. نامازدىگەر بولدى. ئېگىز چىنارنىڭ ئاستىغا كەلدى. چىنارنىڭ ئەڭ تۆپىسىدە يوغان بىر لەيلەك ئۇۋىسى بار ئىدى. ياشقا شاخلارمۇ



چوڭ - كىچىك يۈزلەپ ئۇۋا بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇۋىلاردىكى قۇش چۈجىلىرى باشلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ، ئۇزۇن سېرىق تۇمشۇقلىرى بىلەن ھەر شاختىن، پۇتاقتىن مىڭلاپ ھاشاراتنى جىرىلدىتاتتى. ئادىم چىنارغا يۆلىنىپ بىرئاز دەممىنى ئالدى. بېلىدىكى ئۇزۇن تۈگۈنگە، كۆچمەنلەر بېزىسىدىن ئالغان يوغان ئاق نانغا تېخى تەگمىگەنىدى. پاتقاقلىقتا ئەنجۈرلەر بار ئىدى. بىر ئەنجۈر دەرىخىنى تېپىپ، مايسېرىق پىشقان، يوغان، ھەسەلدەك ئەنجۈرلەرنى نان بىلەن يېمەكچى ئىدى. ئۇۋىلىرىدىكى قۇش چۈجىلىرى شۇنچىلىك چۇرقىرىشىپ كەتتىكى، ئادىمنىڭ مېڭىسىنى يەپ بولدى. شاخلارغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. يۈزلەپ ياش يوغان ئېچىلغان مايسېرىق ئاغىزلىرى بىلەن چۇرقۇلىشىپ كەتتى.

— ۋاي خۇدا، ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتكۈرلەر. بۇ نېمىدېگەن چۇرقىراشلار! ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتىڭلار! — دېدى ئادىم.

چىمەنلىك تۇزلەڭگە يېقىنلاشقانسېرى تاقەتسىزلىنەتتى. يۈرىكى شېرىن ھاياجان بىلەن سوقاتتى. بىرقانچە قېتىم بۇ چىنارنى كۆرگەن بولسىمۇ ئات قويۇشنى ئويلىمىغانىدى. بۇ چىنارنىڭ ئىسمىنى «قۇشلار ماكانى» دەپ قويدى. بۇ يەرمۇ يەردىن ئاسمانغىچە قۇشلار دۇنياسى ئىكەن، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. بۇ يەردە قۇشلار زىرائەتتەك كۆپىيىدىكەن. يوغان سېرىق ئېغىزلىق قۇشلارنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۈلكىلىك ئېغىزلىرى ئۇنىڭ قاتتىق كۈلكىسىنى قىستىدى.

قاراڭغۇ چوڭقۇرلۇقتىن ئۆتتى، بۇ قۇدۇقتەك چوڭقۇر، قايقارا مۇخلار بىلەن قاپلانغان كىچىك بىر كۆل ئىدى. بىر قېتىم ئاتنىڭ قايقارا، يوغان سايىسىنى بۇ قارا سۇدا خىيالىدا كۆرگەنىدى. سۇ قارا، ئاتمۇ قارا ... بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادىممۇ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھۆرپىيىپ تۇرۇپ ئوق ئاتقانىدى. بۇ سۇ شۇنچىلىك قويۇق لاي سۇ ئىدىكى، ئوق چۈشكەندە بىر تامچە سۇمۇ تاشقىرىغا چاچراپ چىقمىغانىدى.

قاراڭغۇ چوڭقۇرلۇقتىن كېيىن بىردىنلا چىمەن تۈزلەڭگى كۆرۈندى. ياش، يېپيېشىل، غۇچچىدە چىمەنلەر ياپيېشىل يېيىلىپ تۇراتتى. چىمەنلىكتە ھېچقانداق گۈل، ھەرە، كېپىنەك ياكى قۇش يوق ئىدى. پەقەتلا پاك ـ پاكىز نازۇك يېشىللىقتىن ئىبارەت ئىدى. قاتتىق چارچىغانىدى، چىمەنلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. كۈن كۆرۈنمەيتتى، ئەمما كۈنىنىڭ ئاناۋارزانىڭ ئارقىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. چىمەنلىكنىڭ بىر قىسمىغا يورۇق چۈشەتتى. بىر قىسمىغا سايە چۈشەتتى. سايىلىك قىسمى بولۇشىغا ئۇزىراپ، بولۇشىغا كېڭىيەتتى. چىمەنلىكنىڭ ئۈستىدىن بىر قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتمەيتتى.

ئادىم ئاھ ئۇرۇپ: «بۇ يەردىمۇ يوق، لېكىن شۇ ئاتقا ئوخشاش بىر ئاتنىڭ چىمەنلىككە كەلمەسلىكى كېرەكمۇ؟ ھە ... قۇشلارمۇ كەلمەيدۇ، ھەرىلەرمۇ ... ھېچقانداق جانلىق مەخلۇق كەلمەيدۇ» دەپ ئۆزىچە سۆزلەشكە باشلىدى.

دېمىنى ئېلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، چىمەنلىكنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چېتىدە تېگى قۇم، سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. سۈزۈك سۇ ياقالچاققا كېلەتتى. سۇنىڭ ئىچىدە ماڭدى. ھېچقانداق ئىز يوق ــ يا ئات ئىزى، يا قۇش ئىزى، يا تاشپاقىنىڭ ئىزى، ھەرقانداق بىر ھايۋاننىڭ ئىزى يوق ئىدى. ئادىم كەينىگە يېنىپ سۇ بويىدىكى ئۆزىنىڭ ئىزىغا قارىدى. كېيىن چىمەنلىكنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگىچە مېڭىپ چىقتى. مېڭىۋاتقاندا بۇرنىغا ئۆتكۈر رەيھان پۇرىقى كەلدى. ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدى. نېرىقى چەتكە بېرىپمۇ بىردەم ئولتۇردى. كېيىن: «كۈن ئولتۇرماستىن بۇرۇن قۇيرۇقسىز دەرەخكە بېرىۋالاي، بەلكى تورۇق ئات شۇ يەرگە بېرىپ قالغاندۇ» دەپ ئويلىدى. قۇيرۇقسىز دەرەختىنىڭ ئاستىدىن سۈيى مۇزدەك چىرايلىق بىر بۇلاق قايناپ تۇراتتى. ئادىم تەرلەپ كەتكەن، ئۇستىبېشىدىنمۇ گۈپۈلدەپ قاڭسىق تەر پۇرايتتى. بۇ پۇراققا ئۆگىنىپ قالغان بۇرنىمۇ بۇ تەرنىڭ سېسىق پۇرىقىنى سېزەتتى.



ئات قۇيرۇقسىزدا، باشقا يەردە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ يەردە، قۇيرۇقسىزنىڭ تۈۋىدە چوڭ ـ چوڭ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ يېنىدا ئارقىدىكى ئوڭ پۇتىنى قورسىقىغا تىرەپ تۇرغاندۇ. چوڭ كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ ئەتراپىغا قاراۋاتقاندۇ. قۇيرۇقسىزدا بولمىسا، تارمىستىكتە، تارمىستىكتە بولمىسا، كۆرد قىزىدا، ئۇ يەردىمۇ بولمىسا، كىرمەن كۆلىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە بولمىسا، ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۆمۈر بويى ئىزدىسەڭمۇ تېپىلمايدۇ. خەپ، ئۆمرۈم بويى بولسىمۇ ئىزدەيمەن سېنى. ۋاي تورۇق! كۆزۈمنىڭ نۇرى كەتكۈچە، ئاخىرقى نەپىسىمگىچە سېنى ئىزدەيمەن. ھەي، سېنىڭ قىلغانلىرىڭ باتۇرلۇق، جاھىللىق بولسا، بىزنى توشقان يۈرەك چاغلاپ قالدىڭمۇ؟ بىزدىمۇ بار ئۇنچىلىك غەيرەت ...

كۈن ئولتۇراي دېگەن چاغدا قۇيرۇقسىزغا كەلدى. قۇيرۇقسىزدا نە ئات، نە ئۇنىڭ سايىسى يوق ئىدى. بۇلاق بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر ـ ئىككى پارچە قۇرۇت بىلەن يوغان بىر پارچە ناننى ئۇشتۇپ يېدى.

بىر توپ پاشا ـ چىۋىننىڭ ئىچىدە قالدى. پاشا ـ چىۋىنلەر بېشىنىڭ ئەتراپىدا ۋىڭىلدايتتى. ئاخىرقى بىر پارچە نېنىنى يەۋېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغان چېغىدا ئۈستىگە كۈن چۈشكەن، چىلىق ـ چىلىق تەرلىگەنىدى. بۇ ئىسسىق قاتتىق، كۆيدۈرگۈچى دىمىق، مىلىچ ـ مىلىچ تەرلەتمىدىغان ئىسسىق ئىدى.

كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، تۈپتۈز تارمىستىككە قاراپ ماڭدى. شۇ يەردىكى مىستىك تاز ھەر دائىم ياقىسىغا بىر قۇرۇق يوپۇرماقنى تاقاپ يۈرەتتى. پاتقاقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۆڭنىڭ يامرىلىدا مىستىك تازدەك، ئۈستى قۇرۇق يوپۇرماقلىق، ئاستىدىكى شاخلىرى يېشىل بىر دەرەخ بار ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ يەرنى مىستىك تازغا ئوخشىتىپ تارمىستىك دەپ قويغان. كۆرد قىزى دېگەن يەرمۇ ھەر خىل گۈل ئېچىلىپ تۇرىدىغان يەر

ئىدى. ئۇ يەردىكى گۈللەر رەڭمۇرەڭ، ئېگىز ـ ئېگىز ئۆسەتتى. قەدىمكى زاماندا بىر كۆرد قىزى بولۇپ، خۇددى مۇشۇ يەردەك ئۈز — چىرايلىق ئىدى.

« بۇگۈن چوقۇم تاپىمەن !» دېيىتتى. تونېلدەك كەتكەن ئۆزۈن چاتقاللىقلارنىڭ ئىچىگە كىردى. نىلۇپەر گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان بىر سۇلۇق ئۇنى ئالىتىغا تارتتى. سۇ بىلەن بىللە يورۇق – پورۇق قايىنىدى. تازىممىتىمككە، كۆرد قىزىغا باردى. تەلۋەدەرەخكە كەلدى، سۇمبۇلتېكىسى دېگەن يەرگىمۇ ئۈچ قېتىم باردى. ئاتتىن ئەسەر يوق. بۇ يەردە ناھايىتى يوغان، پاچاقلىرى ئۇزۇن، تومۇ، ئادەمنىڭ بويىچىلىك، مايىسا رەڭ بىر قۇشنى كۆردى. بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن سۇمبۇلتېكىسى دەپ ئات قويغان، بىلمەيتتى. بىر چاغدا ئېسىگە شۇ كېلىپلا قويۇپ قويغاندۇ. قۇشنىڭ يېنىغا باردى. ئۇزۇن بويىنىغا قولىنى تەگكۈزدى، قۇش پەرۋا قىلمىدى. بىر قانىتى سۇنغانىدى. يارىسىغا قارىدى، قۇرتلاپ كېتىپتۇ. خالتىسىدىن تۇزنى ئالدى. قۇرتلىغان يارىسىغا سەپتى. قۇش جان ئاچچىقىدا سەكرەپ كەتتى. يىراققا كەتتى. ساق قانىتى بىلەن سەكرەپ ـ سەكرەپ خېلى يىراققا بارغانىدى.

« ھەي، بۈگۈن بۇ ئاتنى بۇرىلەر ئۇيمانلىقىدىن تاپىمەن !» دېدى. كۆڭلىدىكى ئۈمىد كۆچەيگەنسېرى، خۇشاللىقى ئارتاتتى. يىراقتىكى كۆردلار ئايمىقىغا قاراپ ئۇسسۇل ئوينىغاندەك ماڭدى. شۇ يەردە، چوقۇم شۇ يەردە، تورۇق ئات شۇ يەردە ! ... مىلتىقىنى مۈرىسىدىن ئالدى. تەكشۈردى. ئوق سېلىنغانىدى. يېچىقىغا قارىدى. ئۇمۇ جايىدا تۇراتتى. بۈگۈن تورۇق ئاتنىڭ كاللىسىنى كەسمەكچى، خوتۇنىنىڭ يېنىغا بارماقچى. خاپا بولاتتى، خۇشاللىناتتى. كۆردلار ئايمىقىغا يېقىنلاشقانسېرى خوتۇنىنى تېخىمۇ بەك سېغىناتتى. شەھۋەت ئوتىدا ياناتتى.

« شۇ يەردە، ئۇ يەردە بولمىسا، كۆڭلۈم ئۇيمايتتى، شۇ يەردە، چوقۇم شۇ يەردە » دەپ پىچىرلايتتى.

كۆردلار ئايمىقىغا كېلىپ كۆزلىرىنى يۇمدى. كۆزلىرىنى ئېچىپ ئالدىغا ئەمەس، يەرگە، پەسكە قارىدى. مەلۇم ۋاقىت



ئۆزىنىڭ ئەترايىدا چۆرگۈلىدى. ھېچ نەرسە، ھېچقانداق سايىمۇ كۆرەلمىدى. ئاپتاپنىڭ دىمىقىدا يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.

— يۈرەگىمىز زېمىنىغا كېتىشىم كېرەك ... — دېدى ئاستاغىنا. — بۇ كاپىرنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

كاپىر دەپ قويۇپ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشۈپ قالدى. خۇددى مۇقەددەس بىر نەرسىنى تىللاپ قويغاندەك ھېس قىلدى. سەل راھەتلىنىپمۇ قالدى. « كاپىر، كاپىر !» دەپ ئىچىدە تەكرارلاش بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. «بەختىمگە ئولتۇردۇڭ ... خەلقىمنىڭ ئالدىغا چىقالماس قىلىۋەتتىڭ. ھېچكىمنىڭ يۈزىگە قارىيالماس قىلدىڭ. ئۆمۈر بويى جاپا چەكتىم. ئاخىر بىر پارچە نانغا ئىگە بولدۇم. ئۇنىمۇ سەن قولۇمدىن ئېلىۋالدىڭ. يېرىمىدىن ئايرىدىڭ. ئۆيۈمدىن ... گۈل يۈزلۈك خوتۇنۇمدىن ئايرىدىڭ.»

گېلىغا بىرنېمە تۇرۇپ قالدى. يىغلىۋەتسە، ئىچى بوشاپ قالسا قۇتۇلغان بولاتتى. بىرھازاغىچە ئىسسىقتا مىدىرلىماستىن تەرلىگەن پېتى بىئارام بولۇپ قالدى. دۈمبىسىدىن، يۈزىدىن، پاچاقلىرىدىن تەر سۇدەك ئاقاتتى.

— چوقۇم گۈلپاتمادا ! — دەپ خۇشاللىق بىلەن ئۈچقاندەك ماڭدى.

بولۇ تاغلىرىدا ژاندارما بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا كارامەت يوغان، ئېگىزلىكى ئادەمنىڭ بويىچىلىك، چىرايلىق بىر گۈلنى ئۇچراتقان ۋە بۇ گۈلگە ھەيران قالغانىدى. بۇنداق يوغان گۈلنى ئاقچەسازدىمۇ كۆرمىگەنىدى. دېھقانلاردىن بۇ گۈلنىڭ ئېتىنى سورىدى، گۈلپاتما دەپ جاۋاب بېرىشكەنىدى. بۇ گۈلنىڭ شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى، گۈللىرى بىر قۇچاق كېلەتتى. گۈلپاتما دەپ ئات قويغان يەردىمۇ شۇ گۈللەرگە ئوخشايدىغان يوغان، شاخلىرى يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان گۈللەرنى كۆردى.

گۈلپاتمادىكى گۈللەر ئادەم بويىدىن ئېگىز ئىدى. ئادەم گۈللەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياتتى. قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى.

شۇنداق گۈزەل، خۇددى كۆن قىزىرىپ چىققان چاغدىكىدەك بىر خىل قارائىغۇلۇق ... ئاسماننىڭ بىر تەرىپى يورۇيتتى، يورۇقلۇق بارغانسېرى كۈچىيەتتى. باشقا بىر تەرىپىدە قارائىغۇلۇق كېڭىيەتتى. ئادىم ئەنە شۇ غەلىتە قارائىغۇلۇقتىن بەكمۇ قورقتى، ئۇنى تاماشاي دەپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئات گۈللەرنىڭ ئۈستىدىن چېپىپ ئۆتتى. بىردەمدە يوقالدى، غايىب بولدى. بىر تۇمانغا ئوخشاش تارقاپ كەتتى، ئادىم سىلتىقنى قولىغا ئالغۇچە ئات كەتتى. ئادىم «بۈگۈن كېلىدۇ، ئۇ ئۆگىنىپ قالغان يېرىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. گۈلپاتماغا ئاشىق، جېنىنى بېرىدۇ» دېدى.

ئىسسىق كارامەت قاتتىق بولغاچقا، دۈمبىسىنى كۆيدۈرەتتى. نەپەسلىرى بوغۇلۇپ قالغان بولسىمۇ كېتىۋەردى.

گۈلپاتمادىكى يوغان گۈللەر قايناپ تۇرغان ئىسسىقتا بىلىنەر - بىلىنمەس تېخىمۇ گۈزەللەشمەكتە ئىدى.

## 36

كىندىكىگىچە پاتقاقتا پېتىپ كەتكەن مەمەت كۆرد كەرىمنىڭ ئېشىكىگە كېلىپ بىردەم تۇردى. گاۋۇر تاغلىرىنىڭ ئارقىسىدىن كۈننىڭ يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما ئىنتايىن قاتتىق ئىسسىق ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئارىلىرىغا ئالا كۆلەڭگىلەر چۈشكەنىدى. مەمەت كۆرد كەرىمنىڭ ئېشىكىدىن كېتىپ قالدى. سەنتۈرۈلەتتى. يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدىن ئوشۇقلىرىغىچە توپىغا پېتىپ سەلۋەر كېلىننىڭ ئېشىكىگىچە باردى، بىردەم تۇردى، يەنە ئارقىغا ياندى. ئۆيلەرنى ئاران ئىلغا قىلاتتى. بۇ يەرنى — ۋايۋاي يېزىسىنى كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدا مۇشۇ ھالى بىلەن قانداق تاپقاندۇ؟ نەدىن، قايسى يوللاردىن كەلگەندۇ؟ بۇنى زادىلا بىلەلمەيتتى ياكى بولمىسا تۈگمەندىن ژاندارمىلارغا تۇتۇلۇپ قالماستىن، ھېچكىمگە كۆرۈنمەستىن، ئۆزىنى سۇغا



ئېتىپ، سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىختىيارسىز ئۇنى بۇ يەرلەرگە ئەكەلدىمۇ يا؟ بۇ يەرگە ئۇنى ئۆز خىياللىرى ياكى ئۈممەت سېرىق باشلاپ كەلدىمۇ؟ ئۈممەت سېرىقنى خىيالىغا كەلتۈردى.

سەيپىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىمۇ بىردەم تۇردى. ھەممە نېمىگە ھاڭۋېقىپ قارايتتى، ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى. كېيىن يوغان تېرەكنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. ئۈستىبېشىدىن قارا پاتقاق ئېقىپ تۇراتتى. سىلتىقنىڭ پايىنىكىمۇ لايغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. ئالا كۆلەڭگىلەر قايىتتى. قىزىرىق كۆن نۇرى ۋايۋاي يېزىسىنىڭ كۆل رەڭ تۇسكە كىرگەن ئوت - چۆپلىرىگە، توپىلىق يوللىرىغا، كۆيۈپ - قورۇلۇپ كەتكەن ئۆگزىلىرىگە بىر توپ چوغدەك چۈشۈپ تۇراتتى.

مەمەت سىلتىقى، دۈربۈنى، خەنجىرى، قاتار - قاتار باغلانغان ئوقدانلىرى، بېشىدىكى پۆپۈكلۈك قىزىل فەسى بىلەن قاراقچىلىق ئويۇنى ئوينىۋاتقان چوڭراق بىر بالىغا ئوخشايتتى. دەسلەپتە مەمەتنى يېزىدا كۆن چىقىشتىن سەل بۇرۇن بىرنەچچە ئايال، بىرنەچچە ئەر كۆرگەن، پەرۋا قىلمىغان، كارىمۇ بولمىغان.

يوغان تېرەكنىڭ تېگىدە تۇرغان مەمەت يەنە ماڭدى، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

مەمەتنى ئالدى بىلەن ئىبراھىم دېگەن بىر بالا كۆرگەن، كېيىن ھۆسام كۆرگەنىدى. ھۆسام بېرىپ پەرھات موللامدىن:

— يېزىدا كىچىك بالىدەك قوراللىق بىرى يۈرىدۇ، كىمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

پەرھات موللام ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. گەپ - سۆز قىلمايتتى. خامانلارنىڭ كۆيۈپ كېتىشى ئۇنىڭ بېلىنى پۈكۈۋەتكەنىدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەيتتى، تاشقىرىغا قاراپ قويدى. قورال - ياراغلىق، ئۈستىبېشى لاي - پاتقاق، ئۆزى كىچىككىنە، مۈكچەيگەن، دەلدەڭشىپ قالغان ئادەمنى كۆردى. بۇ

ئادەم لاي پاچاقلىرىنى ئۆلۈكتەك سۆرەپ ماڭاتتى. پەرهات ئىمام شۇ زامان سەيپەلنىڭ قېشىغا باردى:

— سەيپەلى، ھەي سەيپەلى! بۇ ياققا چىققىن، تېز چىق تاشقىرىغا! بۇ قانداق ئىش؟ ... شۇ ئادەمگە بىر قارىغىنا!

پەرهات موللام بىلەن ئۇ يەرگە بىللە كەلگەن ھوسام:

— مانا شۇنداق، يېزىدا خېلىدىن بېرى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىردەم تۇرىدۇ — دە، يەنە ماڭىدۇ. ئەنە شۇنداق، — دېدى.

— سەيپەلى، ھەي سەيپەلى، تاشقىرىغا چىق دەيمەن! چىققىنا، — دېدى ۋە ئۈنقۈلۈق مەڭدەپ يۈرگەن ئادەمگە قارىدى. — قىزىق، ئاجايىپ بىر ئىش، بۇ ئادەم پۈتۈنلەي قورۇللانغان، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ قويدى ھوسام.

شۇنىڭدىن كېيىن باشقا دېھقانلارمۇ ئاڭلاپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە تېرەكنىڭ ئاستى قىزىل قىيامەتكە ئايلاندى. دېمىنى چىقارماي، يېزىنىڭ ئىچىدە خاموشلارچە ئايلىنىپ يۈرگەن ئادەمگە قورقۇش ۋە قىزىقىش بىلەن قاراشتى. بۇ ئادەم كەتتى، كەلدى، تۇردى، ماڭدى، ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلدى. خالايىقنىڭ يېنىدىن بىرنەچچە قېتىم ئۆتتى. ھېچكىمنى كۆرمىدى، ھېچ نەرسىنى تونىمىدى. تاكى ئوسمان چولاق خالايىقنى كۆرۈپ ھاسىغا تايانغان ھالدا تېرەكنىڭ تۈۋىگە كەلگۈچە شۇنداق قىلىپ يۈردى. ئوسمان چولاق تېرەك تۈۋىگە كەلدى. ئولاق قولىنى قېشى ئۈستىگە تۇتۇپ، دېھقانلار قاراۋاتقان تەرەپكە قارىدى.

— ۋاي خۇدا، ياللا، چۈش كۆرۈۋاتامدىم، چۈش؟ بۇ ئويغۇنمۇ، چۈشۈمۇ؟

ھاسىسى قولىدىن چۈشتى. ئولاق قېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى، قارىدى:

— ياللا، يارەببىم، بىر قاراڭلار! قورۇللىقمۇ؟

— قورۇللىق! — دەپ ھاياجان بىلەن ۋارقىراشتى خالايىق.

ئوسمان چولاق ئاقساقلاپ، دېمى سىقىلىپ، مەمەتكە قاراپ



ئېتىلدى، قۇچاقلىدى.

— بالام، تىنچ كەپسەن، قىيىن كۈنلەردە يېتىپ كەلگەن قوزام. كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، بۇ يامان كۈنلەردە بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. بىزنى خاراب قىلدى، — دەپ ئىڭرىدى ئوسمان چولاق، — كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى. خامانلىرىمىزنى، ئاشلىقلىرىمىزنى، پۈتكۈل ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ نېمە ئىش؟

بۇ چاغدا پەرهات موللام كەلدى. ئوسمان چولاق بىر قولى بىلەن پەرهات موللامنىڭ قولىدىن تۇتتى، يەنە بىر قولى بىلەن مەمەتنى قۇچاقلاپ تۇتاتتى.

— كەل، قارا، شۆكىقارىم كەپتۇ. ساڭا دېمىگەنمىدىم؟ دېمىدىممۇ؟ بۇ بىزنى يامان كۈنلەردە يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ. دېمىدىممۇ؟

ئادەملەر مەمەتنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتى. ئۇلار بىردەم ئەر - ئايال، ياش - قېرى، قىزلار ۋە بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىشتى. نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەيلا قالدى. مەمەت داڭ قېتىپ خالايىققا قاراپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قالدى. چىرايىدىن ھېچ نەرسىنى بىلگىلى بولمايتتى. يۈزى ئىپادىسىز ئىدى.

ئادەملەر جىم تۇرۇشاتتى، ئۈن - تىن سۈرمەيتتى.

— ئوسمان چولاق، يالىنىڭ بېشىدا بىر ئىش بار، قارىغىنا، ئۈستىبېشى لاي، كىيىملىرىمۇ جۇل - جۇل، — دېدى ئاخىر پەرهات موللام گەپ باشلاپ.

شۇ چاغقىچە ئوسمان چولاق مەمەتنىڭ بۇ تۇرقىغا سەپسالمىغانىدى. ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنى يۆلىۋالدى:

— شۆكىقارىم، بالام! ساڭا نېمە بولدى؟ بۇ نېمە ئىش، باتۇرۇم، شۆكىقارىم! ... سادىغاڭ كېتەي موللام، ياخشىراق قارىغىنا، شۆكىقارىم يارىدار بولغان بولمىسۇن يەنە ...

پەرهات موللام مەمەتنىڭ بىر چېتىدىن يۆلەپ، ئۇنى ئوسمان چولاقنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن توپلانغانلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. سۆزلىشىشكە باشلىدى. ھېچكىم مەممەت ئاۋاق دېگەن گەپنى ئاغزىغا ئالمايتتى، ھەممىسى يا «شوخقارىم» ياكى «ئۇ» دەپ سۆزلەيتتى، سۆزلىشەتتى. نېمە سۆزلەشكەنلىكلىرى ھەققىدە ئويلاشمايتتى. ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشلىرى ئۇلارنىڭ روھىنى چۆشۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا قارايتتى، قارايتتى. كۆڭۈللىرىدە «مەممەت ئاۋاق شۇمۇدۇ؟ بۇ ۋىجىككىنە، ۋەيرانە ــ ئەبگار، دۈمچەيگەن، ئۆزىنى يوقاتقان بالا راستتىنلا مەممەت ئاۋاقمىدۇ؟» دەپ ئويلىشاتتى.

كۆيچىلىك ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توپلاندى. يەنە جىم تۇرۇشتى. مەلۇم ۋاقىت تۇرۇشقاندىن كېيىن قاشانىڭ تۈۋىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. دۈمبىلىرىنى قاشالارغا يۆلەپ يەتتىلا جىم ئولتۇرۇشتى. بالىلارمۇ سۆزلەشمەيتتى. بوۋاقلارمۇ يىغلىمايتتى.

مەممەت ئاۋاقنى پەرھات موللام ئۆز قولى بىلەن يېشىندۈردى، لاي شالۋۇرىنى يۆيۈۋېتىڭلار! دەپ قەمەر ئاناغا بەردى. پۈتۈن بەدىنىگە قاراپ چىقتى. ئۇڭ يوتىسىدا بىر ئوق يارىسىنى كۆردى. يارا ئۇنچىلىك ئېغىر ئەمەس ئىدى. پاچاقلىرى سۈرۈلۈپ كەتكەن، بىراق باشقا جايلىرى ساق ئىدى.

مەممەتتىن توختىماي سوئال سورىشاتتى، بىراق جاۋاب ئېلىشمايتتى. پەرھات موللام خېلىدىن كېيىن مەممەتنىڭ چىشلىرىنىڭ كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

— ئوسمان ئاغا، بۇ بالىنىڭ بېشىغا ئېغىر پالاكەتلەر كەپتۇ. شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئىشلار كەپتۇكى، چىشلىرى كىرىشىپ، ئۆزى مۇشۇ ھالغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۆلۈم قورقۇنچىسى ژاندارمىلار بىلەن جەڭ قىلىش پالاكىتى ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىشلار كەلگەندەك! قارىغىنا، ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ ياكى سەزمەيدۇ.

قەمەر ئانا خۇددى بىر كىچىك بالىنى تازىلىغاندەك، ئۇنىڭ



قول ــ پۇتلىرىنى، يۈز ــ كۆزىنى ئىسسىق سۇ بىلەن سۈپۈرتۈپ يۇدى. شۇ زامان ئورۇن سېلىپ بەردى. پەرھات موللام ئۆزى ئۇنى ئورۇنغا ئەكېلىپ ياتقۇزدى. مەممەت بېشىنى ياستۇققا قويار ــ قويماستىن ئۇخلاپ قالدى.

چۈش بولدى. ئاپتاپتا ئولتۇرغان كۆپچىلىكتىن ئاۋاز چىقمايتتى. ئاپتاپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئوسمان چوڭنىڭ ھويلىسىدىكى توپىلار تونۇرنىڭ كۈلىدەك تەگكەن يەرنى كۆيدۈرەتتى. ئاپتاپ مېڭىنى قاينىتاتتى. تويۇقسىزلا مۇسلۇ تەلۋە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، ئېگىز، رەڭگى قارا، پاچاقلىرى ئۇزۇن، تايغاندەك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇزۇن قوللىرىنى يۇلاڭغىچىپ:

— نېمە سۈكۈت بۇ ھەي ئەقىلسىزلەر! — دەپ ۋارقىرىدى، — بۇ شوخقار ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئۇۋنى قاچۇرمايدۇ. تاغلاردا پۈتۈن بىر ئارمىيە بىلەن ئېلىشقان، شۇنچە چوڭ بىر ئارمىيەنى تارمار قىلىپ ئۇ يەردىن كەپتۇ، نېمىشقا جىم بولۇپ كەتتىڭلار؟... نېمە ئۇچۇن روھىڭلارنى چۈشۈرىسىلەر؟ ئەمدى ئۇ كەلدىغۇ... ۋايۋاي يېزىسىنى دەپ كەلدىغۇ! بىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا كەلدىغۇ! شوخقارىمىز كىچىك، ئەمما ئۇنىڭغا يۈرەكلىرىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. ۋاي ۋەيران بولغۇر ئۈمىدسىزلەر!

ئادەملەر قىمىرلاشتى. سۆزلەشكە باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئوسمان چوڭنىڭ ھويلىسىدىن ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ ئاڭلاندى. ئۇچراشقانلار بىر ــ بىرى بىلەن سۆزلىشەتتى. كۆڭۈللىرىدىكى ئۈمىد، خۇشاللىق يارقىنلىرى ئارتاتتى. ئالدى بىلەن ئاياللار، كېيىن ئەرلەر، باللار ئېچىلىپ كۈلۈشكە باشلىدى. يېزىنى قاپلىغان ماتەم ھاۋاسى بىردەمدىلا تارقىلىپ كەتتى. ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان قارا بۇلۇت كۆتۈرۈلدى.

ئۇخلاپ قاپتۇ. بېشىغا چوڭ بىر ئىش كەپتۇ. ئۇخلاپ قاپتۇ. تاغدا پۈتۈن بىر ئارمىيە بىلەن سوقۇشۇپتۇ. ئۇلارنى بىتچىت قىپتۇ. پاچىقىدىن ئازراق يارىلىنىپتۇ. بېشىغا كۆرۈلۈپ

باقمىغان ئىشلار كەپتۇ. بۇنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. شۇڭلاشقا، مانا شۇنداق ھالغا چۈشۈپتۇ. ئۇيقۇلۇق مېڭىپ يۈرىدىغان بوپتۇ، ھازىر ئۇخلاپتۇ.

دېھقانلار ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشتى. يېزا جانلاندى. دېھقانلار ئاستا ـ ئاستا بىلىنەر ـ بىلىنمەي تىرتىقى چىققۇاتقان يۈركۈنكە ئوخشاپ قېلىشتى. شۇ كۈنى ھەممە ئۆيدە ئىپسىل ـ لەززەتلىك تاماقلار پىشۇرۇلدى. ھەممە ئۆيدە چاقچاقلار بولدى. سۆكۈنلۈك ئىغىزلار ئېچىلدى. كەچقۇرۇن بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان ئاشىر ئالشىق دۇمبىقىنى كۆتۈرۈپ، سۇنايچى ئوغلى بىلەن بىللە يېزىغا كەلدى. شۇ زامان ناخشا ئېيتىپ ـ ئۇسسۇل ئويناشتى. كېچە بولغان چاغدا ساماغا چۈشۈشتى. ياز كېچىسىنىڭ دىمىق ئىسسىقىدا، بىر خاماننىڭ ئورنىدەك يەردىكى ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئىسسىقتا پىشىپ ـ تەرلەپ ئايلىنىشقا باشلايتتى. بۇ، يېزىدا بەلكى تۇنجى قېتىم ئوينالغان ساما بولۇشى مۇمكىن. ياز كۈنلىرى توي ـ تۆكۈن بولمايتتى، بولسىمۇ ياز كېچىلىرى ساماغا چۈشمەيتتى. نارلى قىشلاق، يالغۇزئۆجمە، ئوكسۇزلۇ، ئاقماشات، شىخ مەمەتلى، دەدەپاكلىق يېزىلىرىدىكى دېھقانلارمۇ مەمەتنىڭ ۋايۋاي يېزىسىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. شۇ كۈنىلا ئاتلار، ھارۋىلارغا چۈشۈپ ۋايۋايغا كېلىشتى. ئويۇن ـ كۈلكىگە قانناشتى. كەلمىگەنلەر ئۆز يېزىلىرىدا خۇشال بولۇشتى.

توي، دەرنەك خۇشاللىقلىرى تۈگىگەندىن كېيىن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە دېھقانلارنىڭ ئىچىگە يىگىمدىن بىر ئەندىشە چۈشتى. بۇ ئەندىشە مەمەتنىڭ ۋايۋاي يېزىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن پۈتكۈل دېھقانلارنىڭمۇ كۆڭلىگە چۈشتى.

— يەنە نېمە ئىش بولار؟ ! يېزىغا كېچىدە كىرگەن بولسا، ھېچكىم كۆرمىگەن بولسىدى، ياخشى بولاتتى. كۈپكۈندۈزدە يېزىغا كىرىش باتۇرلۇق بولاتتىمۇ؟ شۇ باتۇرلۇقى ئاسمانغا چىقسۇن؟

— ئاغىلاردىن بىرەرى بىلىپ قالسىچۇ؟



— ياكى ئاغىلارنىڭ بىرەر يالاقچىسى؟

— ياكى بىرەر ژاندارما كۆرۈپ قالسا؟

— مۇشۇنداقمۇ يوغان باشلىق قىلغان بارمۇ؟

— بۇنداق بىخەستەلىك قىلسا قانداق بولىدۇ؟

— يەنە كېلىپ كۈپكۈندۈزدە ! قولىنى سېلىپ كىرىش ...

— ھەرقانچە ساددا بولسىمۇ، كۈپكۈندۈزدە كىرەمدۇ؟ بولۇپمۇ بىر قاراقچى يېزىغا مۇشۇنداقمۇ كىرگەن بارمۇ؟

— ھەتتا دادىسىنىڭ ئۆيى بولسىمۇ، بىر قاراقچى مۇشۇ ھالەتتىمۇ يېزىغا كىرەمدۇ؟

— ئوق ئۆتمەيدىغان بولسىمۇ، بىر قاراقچى چوقۇم ئوۋنىڭ تۇزلىغىدە مۇشۇنداق ئايلىنىپ يۈرەمدۇ؟

— ئادەم شۇڭقار بولغان ھالەتتىمۇ؟ ...

— شۇڭقار بولغان ھالەتتىمۇ، ھۆكۈمەتكە مۇشۇنداق قارشى تۇرامدۇ؟

ھەممە مۇشۇنداق سۆزلىشەتتى. بىراق، بۇ سۆزلىشىشلىرى بىلەن مەغرۇرلىناتتى. مەمەتنىڭ كۈپكۈندۈزدە يېزىغا كىرىپ كېلىشىدىن قانچىلىك قايغۇرغان ۋە قورققان بولسا، شۇنچىلىك خۇشال بولۇشاتتى ۋە پەخىرلىنەتتى.

— بويى سەل ـ پەل پاكار، مەيلى كېرەك يوق، ئۇ ئادەمدە يۈرەك بار ـ دە ! نەق مۇشۇنچىلىك ـــ تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىدەك ! ـــ دېيىشەتتى.

— مەمەت ئاۋاق دېگەن يېزىغا ئەنە شۇنداق كىرىدۇ ! ـــ دېدى سەلۋەر كېلىن.

دېھقانلار كۆزلىرىنى ئالايتىپ، خاپا بولۇپ سەلۋەر كېلىنگە قاراشتى. سەلۋەر كېلىن ئىشنى بۇزۇپ قويغانلىقىنى چۈشەندى.

— ھە، ئۇ، يەنى شۇڭقارىمىز شۇنداق كېلىدۇ ! ـــ دېدى.

ئۇ دېھقانلارغا قارىدى. دېھقانلار ئۇنى كەچۈرمىدى.

— ۋاي قېرىلىق، قۇرۇپ كەتسۇن قېرىلىق ! ـــ دەپ

پۇشايمان قىلدى. — خاپا بولماڭلار، ئىككىنچىلەپ ئاغزىمغا ئالمايمەن. ئۇ شۇڭقارىم چوقۇر ئۇۋاغا مانا شۇنداق كۆپكۈندۈزدە كېلەلەيدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ مويىغا تېگەلمەيدۇ ... ئۇ شۇڭقارىمىز ...

مۇسلۇ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ سۆزلىدى:

— نەگە كەتتى، ھېلىقى زەينەل نەگە كەتتى؟ قېنى قاراپ باقايلى، زەينەل نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەنىدىڭلار؟ تېرەكنىڭ ئاستىدا بىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندا بار ئەمەسمىدى؟ ئۇسمان چوڭ ئۇنى قوچاقلىغان چاغدا يېنىدا ئەمەسمىدى؟ بويىنى سوزۇپ يەۋەتكۈدەك قارىغان ئەمەسمىدى؟

مۇسلۇ تەلۋە ئەسكەرلىككە بېرىپ كەلگەن ئالتە يىگىتنى يىغدى. سۆزلەشكەن بويى ئاقچىسازغا قاراپ مېڭىشتى. بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن سازلىقنىڭ بويىغا بېرىپ، قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. زەينەل ھەققىدە سۆزلەشتى. زەينەل ئۇنىڭ يېزىدا ئىكەنلىكىنى ئەلى ساپا بايغا ئېيتىپ قوياتتى. ئەلى ساپا باي ئۆز ئەمرىدىكى دېھقانلارنى، ژاندارمىلارنى ۋايىۋاي يېزىسىغا باشلاپ كېلەتتى ۋە ئۇنى تۇتاتتى. شۇڭا، ئۇلار زەينەل ئۈستىدە بىر قارارغا كېلىپ قومۇشلۇقتىن ئايرىلدى.

زەينەل مەممەتنى كۆرەر - كۆرمەس يۈگۈرگەن بويى يۈرىكى دۈپۈلدەپ، ئەلى ساپا باي تەرەپكە يول سالغانىدى. ھاياجانلانغىنى ئۈچۈن پۇتلىرى ئالمىشاتتى، يۈگۈرۈيتتى، يۈگۈرگەنچە قەلبىدە چىدىغۇسىز بىر خىل ئېغىرلىقنى ھېس قىلاتتى. بىلىنەر - بىلىنمەس بىر نەرسە، پۇشايمان ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. ئۇ مەممەت ئاۋاقمۇ غەلىتە بىر ئادەم ئىدى. جېنىدىن تويغان، دۇنيادىن كەچكەن ھالەتتە ئىدى. ئانىسىنى، خەدىچەسىنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ. بۇ بىچارىنى تاغلارغا چىقىشقا مەجبۇر قىپتۇ. گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، ئاسىم چاۋۇش ئۇنى قوغدارمىش. ئارقىسىدا ئاسىم چاۋۇش بولمىغان بولسا، ئۇنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈشەرمىش.



« ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. مۇشتۇمدەك بىر نېمە، بويىدىن تۇتۇپلا بوغسالىڭ غىققىدە جېنى چىقىدۇ.»

زەينەل باينىڭ ھويلىسىغا كەلدى، تۇرۇپلا قالدى. قەلبىدىكى پۇشايمان قىلىش تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچىيىدى. ئۆزىنى ئەيىبلەشكە، پەس كۆرۈشكە باشلىدى. مەممەت ئاۋاق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدە كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئۈمىد ئوتى يالقۇنجىغانىدى. پۇشايماننىڭ ئورنىنى خۇشاللىققا ئوخشاش بىر نەرسىلەر ئىگىلەيتتى.

« ئى ئۇلۇغ خۇدايىم، مېنى بۇ دەردتىن قۇتقۇلدۇر. ماڭا نېمە بولدى؟ دېيەلمەيمەنمۇ نېمە؟» دەپ پىچىرلىدى زەينەل.

بۇ يالىدا نېمە خىسلەت بار؟ بىر خىل مۆجىزە، بىر خىل كارامەت بارمۇ؟ مۇشۇ كۈنگىچە زەينەلنىڭ بېشىغا مۇنداق ئىش كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدىمۇ يا؟ بۇ ھارامزادىگە راستتىنلا ئامراق بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئۇنى زادىلا ياخشى كۆرمەيتتى. شۇنداق تۇرۇپ كۆڭلىگە كەلگەنلەرنى نېمە دېگىلى بولىدۇ؟ ئەجەبا، بۇ قوللىرى بىلەكلىرىگىچە قىزىل قانغا مىلەنگەن بىر غېرىبنى بالىغا ئىچىم ئاغرىۋاتامدۇ؟ ئويلاپ كۆردى، ئېچىنمايتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلاش بىلەن كۆڭلىنى ئاستاغىنا بىر خىل خۇشاللىق ۋە ئۈمىد قاپلايتتى. قەلبىدە كىچىككىنە بىر خىل ئۈمىد ئۇچقۇنى يېنىپ ئۆچەتتى. يارەببىم، بۇ نېمە ئىش؟

زەينەل ئارقىغا يانايمۇ، مېھمانخانىغا كىرىپ ئەلى ساپا باي بىلەن كۆرۈشەيمۇ، دەپ ئويلاپ تۇرغىنىدا مېھمانخانىدىن ئەلى ساپا باينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— زەينەل، نېمە بولدى؟ — دەپ كۈلدى، — نېمىشقا تۇرۇپ قالدىڭ؟ ئۇزاق ئويلاپ كەتتىڭغۇ؟ كەل، قېنى، يۇقىرىغا چىق!

زەينەل بېشىنى كۆتۈردى، قارىمۇقارشى ئىشىكلىرىگە تولغان چىرايى بىلەن ئەلى ساپا بايغا كۈلۈمسىرىدى. ئەلى ساپا باي ھېچقاچان زەينەلنىڭ چىرايىنى بۇ ھالەتتە كۆرمىگەنىدى.

چۈچۈپ كەتتى. قولىنى سەدەپ سايلىق تاپانچىسىغا ئۇزارتتى.

— نېمە بولدى، نېمە ئىش بولدى، زەينەل؟ — دەپ ئۇنى پەلەمپەينىڭ بېشىدا تۇرۇپ قارشى ئالدى.

زەينەل ئۆز كۆڭلىدە دېيىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى. «ھازىر بېرىپ يېزىنى قورشايدۇ، ئۇنى تۇتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ بېشىدىن مەمەت ئاۋاقنىڭ بالا - قازاسى كۆتۈرۈلىدۇ» دەپ ئويلىدى، كېيىن « ياق، بولمايدۇ » دەپ، ئىچىدە ۋارقىرىغاندەك تەكرارلىدى: « ياق ! بولمايدۇ ! »

زەينەل كەلدى. بايىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. كۈلۈمسىرەيتتى. سۆزلەيتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى.

— خاماندا ئوت كەتكەندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ بېلى پۈكۈلدى، تۈگەشتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە قارىسام، دېھقانلار قوللىرىغا چىققانتى ئېلىپ ئۆيلىرىدىن كېتىۋاتىدۇ. يېزىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە ئوت قويۇشماقچىكەن. ئۆزلىرى شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ. مەتمۇ ئۆيۈمنى يىغىشتۇرۇدۇم. يۈك - تاقلىرىمنى ئىشەك ئالدىغا قويدۇم. شۇ چاغدا نەدىن كەلدىكىن، پەرھات موللام چىقىپ كەلدى. دېھقانلارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقتى، بۇرنىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقتى. ئەل - خالايىق چۈشكە يېقىن يۈك - تاقلىرىنى ئۆيلىرىگە توشۇشتى، يەشتى. مېڭىشتىن ۋاز كېچىشتى. بۇ پەرھات موللام بىر بالا بولدى. ئوسمان چوڭمۇ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا يۈك - تاقلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان، بېشىنى ئەگكەن، دۇئا ئوقۇغان ھالدا « تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ » دەپ پىچىرلايتتى. نارلى قىشلاقتىن ھارۋا ئەكېلىپ ئۆزىنى ئەكېتىدىغان تۇغقانلىرىنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇ موللامدا شەيتاننىڭ سېھىر - ئەپسۇنى بار. ھەممە ئادەمگە دېگىنىنى قىلدۇرىدۇ.

زەينەل سۆزلەۋاتقاندا ئەلى سايا ياي قىزىرىپ، ئوقيادەك كېرىلىپ كەتكەنىدى. دەرغەزەپتە ئورنىدىن تۇردى.



— مەن، — دەپ ۋارقىرىدى، — مەن، مېنى ... — يەرگە تەپكىنىچە سارائىلاردەك مېڭىشقا باشلىدى. پول يەر تەۋرىگەندەك تىترەيتتى. — مەن، مەن ئۇنىڭغا قىلىمەن دېگىنىمنى قىلالايمەن ! ئۇ ناھايىتى بىر ئەرزىمەس موللامغۇ ! نەدىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئادەم ئىكەنلىكى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ئېنىقسىز بىر قارىي ! ... ماڭا، ماڭا ... سەنمۇ ... ئۇ سەھرالىقلارنىڭ ئانىدىسىدىن ئەمگەن سۈتىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىمەن. ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا، بۇندىن كېيىن تۇغۇلۇشقا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىمەن. سۆزۈمنى ئاڭلا، زەينەل ! بۇ يىل قىش يا بۇ يېزا، بۇ يەردىن يوقايدۇ. ياكى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئالەم - جاھان كۆرمىگەن بالا - قازانى كەلتۈرىمەن. مەن سېتىۋالغان، ھەققىگە ئاق ئېتىل تەرىسلىرىمنى بەرگەن، ئاتلىرىمغا تېگىشكەن يەرلىرىمدە ئۇ دېھقانلار ھەرگىز ئولتۇرالمايدۇ. بۇنىڭغا رۇخسەت قىلالمايمەن. بۇ دۇنيادا ھەققەت، ھوقۇق، ئادەمگەرچىلىك قالماپتۇ. ھۆكۈمەتمۇ، ھاكىملارمۇ بەك ئاجىز ! بىر ئادەمنىڭ ھەققىنى قوغداپ قالالمىسا، ئۇ ھۆكۈمەت قانداق ھۆكۈمەت بولالايدۇ ! ھۆكۈمەت بولمايلا قويسۇن، ئۇلارنى مەجبۇر قىلىۋاتقانلار بارمۇ، ئەپەندىم !

چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. يۈزىنىڭ گۆشلىرى تارتىشاتتى. قۇلاقلىرىنىڭ ئاستى قىسىمىرلايتتى. پىشلاق كۆزلىرى ئېچىلىپ - يۇمۇلاتتى، ئۆتۈكلىرىنى توم قامچىسى بىلەن ئۇراتتى.

— ئۇلار مېنى بىلمەيدۇ. يەنە نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىمنى ئەسلىرىگىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت ھوقۇقۇمنى ھىمايە قىلمىسا ... مەن، مەن ئۆز ھوقۇقۇمنى قانداق ھىمايە قىلىشنى ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن. مەن سايەمنىمۇ ئادەملەرگە دەسسەتمەيمەن، سايەمنى، بىلىپ قويسۇن، سايەمنىمۇ ! مەن ئۇ يېزىنى، ئۇ يېزىنى ... سەل توختاپ تۇرۇشسۇن ...

سۆزلىدى، قايىندى، ئالدى – ئارقىسىغا ماڭدى، ئوسمان چوڭنى، پەرھات موللامنى تىللىدى. دېھقانلارنى تېز ئارىدا يەرلىرىدىن قانداق قوغلايدىغانلىقىنى ئەزۋىيلەپ تەكرارلىدى. ھېرىپ، تەرلەپ – تەپچىرەپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغان چېغىدا جان تالىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇلارغا قان قۇستۇرىمەن، قان قۇستۇرىمەن، قان، قان! قان قۇستۇرىمەن! شۇ ۋايىۋايلىمىقىلارنىڭ بۇرنىدىن بۇلدۇق، بۇلدۇق قۇستۇرىمەن ... ماڭا قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ بەدىلىنى بەكمۇ كۆپ تۆلىشىدۇ ... ئېغىر بەدەل تۆلىشىدۇ، ئېغىر بەدەل! قان قۇستۇرىمەن!

يانچۇقىدىن موخوركىسىنى چىقاردى، سېرىق كەھرىۋا مۇشتىكىگە ئاۋايلاپ سالدى. زەينەل تېزلىكتە ئورنىدىن تۇردى، كىچىك قىسقۇچ بىلەن ئوچاقتىن چوغنى ئالدى، باي ئۇ ئەكەلگەن چوغنى موخوركىسىغا يېقىپ تۇتاشتۇردى.

— ھە، زەينەل، بولۇۋاستەك قېرىنداشىم، سەنمۇ شۇ ئەقىلسىزلەرگە تەڭ كېلەلمىدىڭ ... شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھالبۇكى، دېگەنلىرىڭگە ماقۇل كېلىپ يېزىنى بوشاتقان بولسىدى، ھازىرغىچە بىر يېزىغا، ئۆي – ئوچاققا ئىگە بولۇپ قالاتتى. نېمە ئىش بولدى؟ تۈنۈگۈن ئاخشام سىلەرنىڭ يېزىدا، يىراقتىن قالايمىقان ناغرا ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بۇ ئۇيالمايدىغان پەسكەشلەر خامانلىرىمىز كۆيۈپ كەتتى، دەپ توي – بايرام قىلىشىۋاتامدۇ؟ نېمە ئۇ؟

— يېزىنىڭ يېزىدا تاغلىقلار بارغۇ، ئۇلارنىڭ ئوغلى ئەسكەرلىكتىن كەلگەن ئوخشايدۇ. شۇنداق ئاڭلاپ قالدىم، ھەر ھالدا شۇنىڭ ئۈچۈن توي – تاماشا قىلىشىۋاتسا كېرەك، ھېچ ئىش يوق ... — دەپ پەرۋاسىزلارچە سۆزلىدى زەينەل خۇددى بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغاندەك.

— مەن، مەن، — دېدى يەنە ئەلى ساپا باي، — ئۇ تاغلىقلارغا كۆرسىتىپ قويىمەن. مەن بىلەن بىرلىشىڭلار دېگەندىم ئۇ



ئىتلارغا، پۈتۈن تۈزلەڭنى ئىگىلەيلى، دېدىم، ئەقىلسىز دۆيۈزلەر ئۇناشمىدى. مەن، مەن ئۇلارغا ... زەينەل، تۆت – بەش كۈندىن كېيىن قېشىمغا كەل، شۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشىۋېتەيلى، ئۆمۈر بويى بۇ ساراڭلار بىلەن ئاۋارە بولمايمەن. مۇشۇ كۈنلەردە ۋايىۋايغا قاتتىق زەربە بېرىشىم كېرەك.

— قولۇم كۆكسۈمدە، بايىم.

— سەنمۇ قۇتۇلىسەن، مەنمۇ قۇتۇلىمەن.

— شۇنداق قىلايلى، ئەپەندىم.

— مۇشۇ كۈنلەردە ۋايىۋاي يېزىسىغا كۆز – قۇلاق بولۇپ يۈر، ئۇ يەرلەردە بىر ئىشلار بولۇۋاتقاندەك تۇرىدۇ. خامانغا ئوت كەتكەندىن كېيىنلا تورماي كېتىشلىرى كېرەك ئىدى. قاتتىق تۇرۇۋېتتى. يالغۇز پەرھات موللام ئەمەس ... باشقا ئىشلارمۇ بار. دەھشەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ! تەكشۈرۈپ كۆر، دېھقانلار قورقاق كېلىدۇ. ئاخىرغىچە بۇنداق قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ. قېنى، بىلىپ كەل نېمە ئىشلىگىنىنى. كۆز – قۇلاق بول! ھازىر قوللانغان تەدبىرلىرىمنى ئىككى – ئۈچ يىل بۇرۇن قوللانغان بولسام، ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكەن بولسام ياخشى بولاتتى. بىراق ئۇ چاغدا ھۆكۈمەتمۇ ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى. بىزنى قاتتىق قىستاتتى. پۇت – قولىمىزنى باغلايتتى. بۇ ھايۋانلارنى «بىزنىڭ خوجايىنىمىز» دەيتتى. بۇلارمۇ تېرىسىگە پاتماي ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندى. شۇڭلاشقا، يالغۇز بىرلا قاراقچى — رەھمەتلىك قەلەيچى بۇلار بىلەن تەڭ تۇراتتى. شۇ قەلەيچى قاراقچىلا بۇلارنىڭ يېرىمىنى يېزىدىن قوغلاپ چىقاردى، بۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش. ھازىر شۇنچىلىك كۆپ تەدبىر قوللانساممۇ پەرۋايى پەلەك! ئاتلىرى تارتىۋېلىنماقتا، يەرلىرى ئوققا تۇتۇلماقتا، خامانلىرى كۆيمەكتە، ژاندارمىلار ئۇلارنى ئۆلگۈچە ئۇرماقتا. بىراق، ئۇلار شۇلارغىمۇ پەرۋا قىلىشمايدۇ. زەينەل، ياخشىراق كۆز – قۇلاق بول ... بۇلارنىڭ، بۇ يۈرەكسىز — قورقۇنچاقلارنىڭ شۇنچىلىك قارشىلىق بىلدۈرۈشىنىڭ سەۋەبى

ئېمە؟

— قولۇم كۆكسۈمدە، باي.

— كۆپ تەكشۈردۈم، تاپالمىدىم، زەينەل. ئۇلارنى زادى كىم كۆشكۈرتىۋاتىدۇ؟

— مەن تاپىمەن، بايىم.

ئېچكىرىدىن قورۇلغان ئۇۋ گۆشلىرى، ئۇگرە ئاش ۋە قورۇلغان پىيازنىڭ پۇراقلىرى كېلەتتى.

— زەينەل، بىر قەدەھ كۆتۈرۈۋەتەمدۇق؟

— مەن تەييار، بايىم.

ھازىر زەينەل تېخىمۇ دەھشەتلىك ئەندىشە دوزىخىدا كۆيۈۋاتاتتى. دەيمۇ؟ ياشقا بىر كىشى كېلىپ بايغا دەپ قويسىچۇ؟ ئۇ چاغدا باي نېمە دەيدۇ؟ «ۋاي زەينەل، قىلغان شۇنچە ياخشىلىقلىرىم ئېسىڭدە تۇرسۇن، زەينەل» دېمىگەنمىدى؟ ئۇ چاغدا «بايىم، يېزىدىكىلەر مەندىن گۇمانلاندى، يېزىدا بولغان ئىشلارنى مەندىن يوشۇرىدۇ، مەمەت ئاۋاقنىڭ كەلگىنىنىمۇ ماڭا دېمىدى. قانداق قىلاي، ماڭا نېمە ئىلاج! — دېيەمەن.»

## 37

مۇسلۇ، سۇلايمان سىرىق، ئەخمەت ئۈچەيلەن قارا چاتقاللىقتا، سەلدارلىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتاتتى. مۇسلۇ ئەسكەرلىكتە چاۋۇش ئىدى، يىگىرمە سەككىز ياشلىق، كەڭ مۈرىلىك، ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئەگرى پاچاقلىق. ئۇزۇن قىسماق كۆزلىرى تايغانغا ئوخشايتتى. مەخمەل پەلتو، قاتلىنىپ تۇرىدىغان ئۆتۈك كىيەتتى. يېزىدىكى ئاتلار ئوغرىلانماستىن بۇرۇن چىرايلىق جەدە ئەرەب ئېتىغا مىنەتتى. ھال - ئوقەتى جايىدا بىر ئاتا - ئانىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئېتىغا مىنەتتى، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە يېزىمۇيېزا كېزىپ يۈرەتتى. تېخى



ئۆيلەنمىگەن، يېزىنىڭ ئۇ ياشقا كىرگەن بىردىنبىر ئۆيلەنمىگەن يىگىتى ئىدى. چۈس مىجەزلىك ئەرما ئادەم بولۇپ، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە قورقماس دەپ داڭق چىقارغانىدى. ئەلى سايا بايىنىڭ ئىشلىرىغا، يېزىغا سالغان زۇلۇملىرىغا زادىلا ئارىلاشمايتتى، ھازىرغىچە ئەلى سايا باي نېمە قىلغان بولسىمۇ، تامىقىنى چېكىپ قويۇپ كېتىۋېرگەنىدى. جەدە ئېتى ئوغرىلانغاندا بىرنەچچە كۈن خاپا بولدى، تىللاپ يۈردى. كېيىن جىمىپ قالدى. مۇسلۇ ئۈمىدسىز ئىدى. ئەلى سايا باي ھەم ۋايىۋاي يېزىسىدىكى ئىشلاردىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئارىلىشىش ئارتۇقچە دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقا، ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايتتى، پەقەت بولۇۋاتقان ئىشلارنى يىراقتا تۇرۇپ، ھېچ نەرسىنى كۆزدىن قاچۇرماي بايقاپ يۈرەتتى.

سۇلايمان سىرىق بىلەن ئەخمەت يىگىرمە - يىگىرمە بىر ياشلاردا ئىدى. ئۇلارمۇ ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمىغان. يېزىنى بوشىتىپ بېرىدىغان كۈننى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكەنىدى. ئۇلارمۇ مۇسلۇدەك ئويلايتتى: ئەلى سايا بايىنىڭ ئارقىسىدا شۇنداق چوڭ بىر ھۆكۈمەت تۇراتتى. ھەممە ژاندارما ئۇنىڭ ئەمرىدە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەلى سايا باي بىرمۇنچە قوراللىق يالاقچىسىنى ئۆيىدە باقاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا چىكىچىكلار يېزىسىغا ئوخشاش ئوغرىلىق، قاراقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان بىر يېزا بار ئىدى. ئۇ يېزىدىكىلەر ئەلى سايا بايىنىڭ تۇغقانلىرى ئىدى. ئۇلارغا قانداق تەڭ كەلگىلى بولىدۇ؟ يېزىنى قانداقلا بولسۇن ئاخىر بىر كۈنى بوشىتىشلىرى كېرەك. بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ئارىلاشماسلىق پىرىنسىپلىرى مەمەتنىڭ يېزىغا كەلگەن كۈنىگىچە داۋام قىلدى. مەمەتنى كۆرۈش بىلەن ئۆزگەردى. مۇسلۇ ئۆزىدىن خىجالەت بولدى ۋە ئوسمان چوڭنىڭ ھويلىسىدا ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلىكىگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىقتى.

مۇسلۇ سۇلايمانغا شۇنداق دېدى:

— سىرىق ئاداش، ۋاي سىرىق ئاداش، بىزگە ئىمرەك

بولىدىغان، بىز يۆلىنىدىغان بىر قەلئەنى تاپتۇق، مانا ئۇ كەلدى. چوقۇر ئۇۋۇلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز تاغلاردىن چۈشتى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، تۆۋەنتىنى كۈتسۇن.

— كۈتۈپ تۇرسۇن، — دېدى ئەخمەت.

— ئۇ شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرسۇن، — دېدى سۇلايمان.

— ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىشىمىز كېرەك. ئاغىلار ۋە ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بىزنىمىزدا ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ قالمىسۇن، — دېدى مۇسلۇ.

— قانداق قىلىپ تۇيمايدۇ؟ كۆپچىلىكنىڭ ئوزىدە بىزنىمىزغا كەلدى، — دېدى ئەخمەت.

— كۆپچىلىكنىڭ ئوزىدىلا، — دېدى سۇلايمان.

— ياخشى قىلدى، — دېدى مۇسلۇ، — ھېچقانداق دېھقاننىڭ ئاغزىدىن، بالىچاقىسىنىڭ، يۈز ياشلىق قېرىنىڭ ئاغزىدىن گۆشلىرىنى تىلىنۋەتسىمۇ بىرەر ئېغىز گەپ چىقىرالارمۇ؟!

— چىقىرالمايدۇ، — دېدى سۇلايمان، — تىلىنى - تىلىنى قىلىنۋەتسىمۇ ھېچبىر دېھقان «ئۇ بىزنىڭ يېزىدا» دېمەيدۇ.

— يالغۇز بىر كىشىدىن باشقا، — دېدى مۇسلۇ.

— زەينەلدىن باشقا ... — دېدى ئەخمەت.

— زەينەلدىن ... — دېدى سۇلايمان.

— ھازىر بىز بۇ يەردە ئۈچ كىشى، ئالدى بىلەن ئۇنى قوغدىۋېلىش، ئۇ بىزگە لازىم، — دېدى مۇسلۇ.

— ئۇ بىزگە بەكمۇ لازىم، — دېدى ئەخمەت.

— بەئەينى يولۋاس ئۇ! — دېدى سۇلايمان.

— يولۋاس، — دېدى مۇسلۇ ۋە كۈلدى، — ئۇنى قوغدىۋېلىش كېرەك. زەينەل ئۇنى كۆرگەنمىدى؟

— ئۇ يېزىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە زەينەل يېنىدا ئىدى. ئوسمان چولاق كېلىپ يېزىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۆزلەش بىلەن ... زەينەلنىڭ يۈزى ساپسېرىق سارغىيىپ كەتتى. قارىسام، زەينەل يوق. ئۇ خۇددى يەر



يۇتقاندەكلا كۆز ئالدىمىزدا غايىب بولۇپ يوقالدى، — دېدى سۇلايمان.

— ئەلى ساپاغا دەپ قويغانمىدۇ؟

— دېمەي قالامدۇ؟

— ئۇنىڭ كەسپى دەپ قويۇش!

— بەلكى تېخى دېمىگەندۇ. دېسىمۇ ئەمدى دەر؟!

— بەلكى ئەلى ساپانى تاپالمىغاندۇ. ئەمدى تاپار.

— ئەگەر دەپ قويغان بولسا، بۇ چاغقىچە يېزىمىزنى ژاندارمىلار قورشىۋالغان بولاتتى.

— ئەلى سايا شەھەرگە كەتكەندۇ.

— ئۇ قايتىپ كېلىدۇ.

— ژاندارمىلار قورشىۋالماستىن، ئۇنى تېپىۋالماستىن ... — دېدى.

— ئۇنى تېپىۋالماي تۇرۇپ، — دېدى سۇلايمان.

— بىز زەينەلنى تېپىشىمىز كېرەك.

— دېمىگەن بولسا ...

— بۈگۈن دېمەيدۇ، ئەتە دېمەيدۇ، ئاخىر بىر كۈنى دەيدۇ ...

— چوقۇم دەيدۇ.

— بىز زەينەلنى تېپىشىمىز كېرەك.

مۇسلۇ چۈش مىجەزلىك بولغانلىقى، تولىمۇ كەم سۆزلۈكى، ھەممە ئىشنى ئوچۇق - ئاشكارا دېمىگەنلىكى، سۆزلەشكەن ئادەمنىڭ ھەرقانداق كەمچىلىكىنى يۈزىگىلا سالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەلۋە دېيىشەتتى. مۇسلۇ تەلۋە ئىنچىكە، ئۇزۇن پاچاقلىق تايغانغا ئوخشايتتى. يۈزىمۇ تايغاننىڭ سوزۇق يۈزىگە ئوخشايتتى. يۈگۈرسىمۇ تايغاندەك بەك ئىتتىك يۈگۈرەتتى.

قەتئىي قارارغا كېلىشتى. بىر خەنجەرنى چىقىرىپ، خەنجەرنىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى قويۇشۇپ قەسەم ئىچىشتى. ئورنىدىن تۇرۇشتى، چېكىچەكلەر چېلىغىنىنىڭ تۈزلەڭگە تۇتاشقان

يېرىگە قاراپ مېڭىشتى. شۇ يەردە زەينەلنىڭ يولىنى توسماقچى بولۇشتى. زەينەل بەرىبىر مۇشۇ يولدىن ئۆتەتتى.

جىلغىنىڭ باش تەرىپىدە چەكسىز كەتكەن بىر قومۇشلۇق بار ئىدى. ئۇ يەردە ئۇزۇن - ئۇزۇن قومۇشلار ئۆسەتتى ... خۇددى بىر ئورمانداك.

چۈشتىن كېيىن قومۇشلۇققا كىرىشتى، يولنىڭ ئۈچ - تۆت قەدەم يۇقىرىسىغا — بىر قومۇش ئازگىلىنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋېلىشتى.

* * *

سىيىتالى پەرھات موللامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— زەينەل يېزىدا يوق تۇرىدۇ، كېتىپتۇ، — دېدى.

— يامان بولدى، — دەپ ئۇھ تارتتى پەرھات موللام، — مەمەتنىڭ ھالى يەك خاراب. بىچارە ئاغرىپ قاپتۇ. بارمىقىدا تەپكىنى باسقۇدەك كۈچى يوق. ژاندارمىلار يىلەن قانداق سوقۇشىدۇ. شۇنچە كۆپ ژاندارما بىلەن؟

— قانداقمۇ ساقلارمىز؟ — دېدى سەيپەلى.

— ئازا يامان ۋاقتىغا توغرا كەلدى، — دېدى پەرھات موللام، — ھازىر چۇققۇر ئۇۋاغا چۈشىدىغان چاغ ئەمەس. بىچارە، ئادەم قىياپىتىدىن چىقىپتۇ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن، تېخى يېڭىلا ئىچىلدى. يە يېمەيدۇ. ئۇنى قانداقمۇ ساقلارمىز؟

— قانداق ساقلايمىز؟

بۇنى ئوسمان چوكمۇ، سەيرانمۇ بىلدى ... يېزىدا زەينەلنىڭ شۇ زامان يوقاپ كەتكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلدى. ئۇنىڭ يوقاپ كېتىپ نەگە كېتىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. شۇڭلاشقا، يېزىنى ئەنسىزچىلىك باستى.

— نەدە ساقلارمىز؟



— نەدە؟

— ژاندارمىلار كېلىش ئالدىدا ...

— يېزىنى بېسىش ئالدىدا ...

— ۋاي شۇڭقارىم، ۋاي !

— ۋاي تەلەيسىزىمىز، ۋاي !

— قېنىپىقىنا يۈزىنىمۇ كۆرەلمىگىنىمىز ...

— قانداق سۆزلەيدىغاندۇ؟

— ئاتلىق سۆزىنى بىر قېتىممۇ ئاڭلىيالمىغان ...

— يامان كۆڭلىرىمىزدە ...

— بىر قۇش كېلىپ، بىر چاتقاللىققا يوشۇرۇنۇپتۇ.

— يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ تىرنىقىدىن چۈجىنى قۇتقۇلدۇرالمىغىنىمىز ...

— بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلەلمىگىنىمىز ...

— نەگە يوشۇرارمىز؟ ...

— نەگە؟

— ئۇنى نەدە تاپالمايدۇ؟

— نەدە؟

— زەينەل ! يۈرىكىگە ئادىمگەرچىلىكتىن ئەسەر يوقمۇ؟

— ھېچقانداق ئادىمگەرچىلىك يوقمۇ؟

يوغان بىر يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى باش قوشۇپ ئويلىشاتتى، قايغۇراتتى، غەزەپلىنەتتى. كېلىدىغان ژاندارمىلارنى كۈتۈشەتتى. مەمەتنى يوشۇرغۇدەك بىر يەرنى ئىزدىشەتتى، تاپالمايتتى، ئۈمىدسىزلىنەتتى، ئۈمىدلىنەتتى، روھلىرى چۈشەتتى، بىئارام بولۇشاتتى، جاسارەتلىنىپ قارشى تۇرۇشاتتى. قورقۇپ تۈگىشىپ كېتىشەتتى.

— نەگە يوشۇرۇش كېرەك، نەگە؟

— نەگە؟

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئۇيى ۋەيران بولغۇرلار، توختاڭلار ... — دېدى ئوسمان چوك. باشقا ھېچ نەرسە

دېمىدى.

— قايسى ئۆيدە ئىككەيلەننىڭ ژاندارما نەدىن بىلىدۇ؟ بۇ ئۆيدىن ئىزدىسە، ئۇ ئۆيگە يوشۇرىمىز.

— بۇ ئۆينى ...

— توختاپ تۇرۇڭلار، ھەي ئۆيى ۋەيران بولغۇرلار، توختاڭلار ...

— سۆڭەكلىرىمىزنى ئۇشتۇۋەتسۇن ...

— كۆكۈم - تالقان قىلىۋەتسۇن ...

— ئۇرسۇن، ئۆلتۈرۈۋەتسۇن ...

— ئۇنىڭ يار بېرىنى ھېچكىم دېمەيدۇ ...

— جىمى دېھقان گاچا بولۇۋالىدۇ ...

— ئېتى، ئېتى، قۇرت - قوڭغۇزى، قۇشى ...

— ئېتى يوق ...

— قۇشى، چۈمۈلىسى ...

— توختاڭلار، ھەي جۇۋاينەمەك كەتكۈرلەر، توختاپ تۇرۇڭلار ...

— ئاقچىسازغا يوشۇرايلى ...

— ئاناۋارزا قەلئەسىگە ئاپىرايلى !

— ئۆكسۈزلۈ يېزىسىنىڭ ئادەملىرى ياخشى.

— دوستلۇققا يارايدۇ.

— ئاناۋارزانىڭ ئارقىسىدا ھاجىلار يېزىسى بار.

— ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ ئارقىسى لەك كۆردىلىرىنىڭ يۇرتى.

— لەك كۆردلىرى بۆركۈتكە ئوخشايدۇ.

— لەك كۆردلىرىنىڭ نامى ئاخشىلاردىلا قالدى.

— قانداق ساقلايمىز؟

— نەگە؟

— قاراقچى كۆرد رەشىت بار ئىدى. ئاناۋارزا قىيالىقلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئۇنى ھېچكىم تاپالمايتتى.

— بۇرۇنقى زاماندا بۇ ئەترابلار بىر ئورمانلىق ئىدى ... ئىچىگە بىر تۈمەن ئارمىيە كىرسىمۇ يوقاپ كېتەتتى.



— قانداق قىلىپ، نېمە قىلساق بولار؟

— مىلىك قېتىم ئىزدەپ، بىر قېتىم تاپقىنىمىز.

— يوللىرىغا قۇربان بولغىنىمىز.

— توختاپ تۇرۇڭلار ھەي ناكەسلەر، توختاڭلار، ھەر چوققىدىن بىر كۈن چىقىدۇ. توختاڭلار، سەل سەۋر قىلىڭلار.

دېھقانلار توپ - توپ كېلىشەتتى، زېمىنەل ھەققىدە سۆزلىشەتتى. ئايالار زېمىنەلنىڭ خوتۇنىنى ئۇتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ توختىماستىن سوئال سورىشاتتى. ئۇنى ئەلى سايا بايغا دەپ قويارمۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى

مەمەت ئاۋاق ئوچاقنىڭ يېنىدىكى ئورۇننىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. قىمىر قىلماستىن. كالپۇكلىرىنى تەمشىپ - تەمشىپ ئۇخلايتتى.

ئادەملەر ئۆيدىن - ئۆيگە كىرىپ - چىقىشاتتى. باللارمۇ، قېرىلارمۇ بىر خىل غەم - قايغۇ، بىر خىل كۈتۈش، بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە ئىدى. ھەممە ئادەم تاقەتسىزلەنگەن، ئوت ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئىدى.

شۇ كېچىسى دېھقانلار تاڭ ئاتقۇچە كۆزلىرىنى يۇمماستىن يوشاشقان ھالدا، يېزىغا باستۇرۇپ كېلىدىغان ژاندارمىلارنى، ئوق ئاۋازلىرىنى كۈتۈشتى، ھېچكىم كەلمىدى. ھېچكىم كەتمىدى. تاڭنى ھارغىن، لېكىن بەختىيارلىق ئىچىدە ئاتقۇزدى.

پۈتۈن بىر كۈن، بىر كېچە ساقلاشتى. ھېچقانداق يەردىن ھېچقانداق سادا بولمىدى. زېمىنەلنىڭ نەدە ئىككەنلىكىنى، نەدە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشتى. زېمىنەل كۆرۈنمەيتتى. ژاندارمىلارنىڭ كەلمىگەنلىكىگە قارىغاندا زېمىنەل نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟

— ئۇنىڭغا بىر يەر تېپىشىمىز كېرەك؟

مەمەتكە پۈتۈن چۇقۇر ئوۋادا، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە، شۇ تۈز كەتكەن كەڭ زېمىندا ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغۇدەك بىر جاي ئىزدىشەتتى، تاپالمايتتى، تاپاتتى، بىراق ئىشىنەلمەيتتى.

ئۆزىگە، كۆزلىرىگە، قېرىنداشلىرىغا، ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئىشىنەلمەيتتى.

* * *

مۇسلۇ تەلۋە ئۆزۈن، ئىنچىكە پاچاقلىرى بىلەن تايغانغا ئوخشايتتى. سوزۇق يۈزى، ياپىلاق بۇرنى، قىسماق كۆزلىرى بىلەن يەرلەرنى پۇراپ يۈرىدىغان تايغاننىڭ ئۆزى ئىدى. يولدىن ئالتە ـ يەتتە ياياق ئادەم ئۆتۈپ كەتتى. بىر پادىچى قومۇشلۇقتىن پادىلىرىنى ھەيدەپ ئۆتتى. زەينەل كەلمىدى. كۈن ئولتۇردى، سايىلەر ئۇزىدى، زەينەل كەلمىدى. ئارىلىرىدىن بىرىنى ئۆۋەتچىلىكتە تۇرغۇزۇپ قويۇپ باشقىلار ئۇخلاشتى، يەنىلا زەينەل كەلمىدى. كېيىن يولدىن ئۆتكەن بىر ئاياغ تاۋۇشى ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرغۇزدى.

— توختا، يولۇچى! — دەپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇرۇشتى. يولۇچى توختىدى.

— سالام، زەينەل! — دېدى مۇسلۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى زەينەل.

— سېنى كۈتۈپ تۇراتتۇق، زەينەل، كېچىكىپ قالدىڭ.

— ھە؟

— كەچ قالدىڭ.

زەينەل يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.

— زەينەل، ئورنۇڭدىن تۇر، بىز بىلەن ماڭ! — دېدى مۇسلۇ.

زەينەل كۈن چىققۇچە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئورنىدىن تۇرمىدى.

— تۇر ئورنۇڭدىن، زەينەل! تۇر! سېنى ھېچ نەرسە قىلمايمىز! تۇر، زەينەل، تۇر! — دېدى كۈن چىققاندىن كېيىن مۇسلۇ.

سۇلايمان بىلەن ئەخمەت قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى.



زەينەلنىڭ پۇتلىرى ئالمىشاتتى، تەسلىكتە ماڭاتتى.

— زەينەل، قورقما، — دېدى مۇسلۇ، — باشقا كەلگەننى تارتماسلىققا چارە يوق. ھەممە ئادەم قىلغىنىغا لايىق جازاسىنى تارتىدۇ. زادى قورقما، بولامدۇ؟ قورقۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ـ دە ...

چۈشكە يېقىن ئاقچىسازغا قاراپ مېڭىشتى. قاراڭغۇ چاتقاللىققا كىرىشتى. چاتقالنىڭ قېلىنلىقىدىن ئاسمان كۆرۈنمەيتتى.

— ھاردىڭمۇ، زەينەل، ئولتۇر، — دېدى، بىر تال موخوركا ئوراپ ئاغزىغا چىشلەتتى، زەينەلنىڭ كالپۇكلىرى تىترەيتتى. يەرگە ئولتۇردى.

— مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، مەن كۆپ نەرسىنى بىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە پايدام تېگىدۇ. مېنى بۇ يەرگە ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەكەلدىڭلار. بىلىۋاتىمەن. نېمە بولىدۇ، مېنى ئۆلتۈرمىسەڭلار.

— ھەئە، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەكەلدۇق، — دېدى مۇسلۇ.

چاتقاللار، ئاسمان، پاتقاق، گۈل، مۇسلۇ ۋە باشقىلار — ھەممىسى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. يوغان بىر سارغۇچ كېپىنەك قارىقات شېخىغا قونۇۋالغان، قاناتلىرىنى كۆتۈرۈپ بىر ـ بىرىگە يېپىشتۇرۇۋالغان. پۇتلىرى بىلەن يوغان كۆكۈچ بېشىنى، بۇرتۇپ چىققان كۆزلىرىنى سىيپايتتى. زەينەل يېقىنلا سارغۇچ كېپىنەكنى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى سىيپىشىنى، ئىنچىكە پۇتلىرىنى كۆرەتتى. كېپىنەكمۇ ئۇچمايتتى، ئۇ يەردە راھەتلىنىپ تۇراتتى. بىردەمدىلا كېپىنەك يوقاپ كەتتى. ھەممە نەرسە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. قارىقاتنىڭ ھال چېچەكلىرىگە ئوخشاش قېنىق يېشىل، چاقىدىغان بىر چىۋىن كېلىپ قوندى. چىۋىننىڭ يېشىل رەڭگى بارغانسېرى قويۇقلىشاتتى، پارقىرايتتى.

— مېنى ئۆلتۈرمەڭلار!

مۇسلۇ تاپانچىسىنى چىقاردى. زەينەلنىڭ مىگىسىگە ئىككى پاي ئوق ئاتتى. زەينەل جايىغىلا دومىلاپ چۈشتى. سۇلايمان بىلەن ئەخمەتمۇ ئىككى پايدىن ئوق ئېتىشتى.

سارغۇچ كېپىنەك تاپانچىلارنىڭ ئاۋازىدىن ئۈچۈپ كەتتى. سىيىرقۇيرۇقى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قوندى. ئۇ يەردىنمۇ ئۇچتى، يەنە قوندى. قوناتتى، ئۇچاتتى. ئاخىر خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دەرەخزارلىقنىڭ ئاق ئۈستىگە چىقتى. بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ كۆتۈپىتىش تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

— ئۆلدى، — دېدى مۇسلۇ.

— ئۇنىڭ خالىغىنى مۇشۇ ئىدى، — دېدى ئەخمەت.

— يولۇچى يولدا لازىم، — دېدى سۇلايمان.

ياتقاقلىقنىڭ چېتىگە، لاي سۇنىڭ قايناپ تۇرغان يېرىنىڭ سەل نېرىسىغا بىر ئازگال كولاشتى. زەينەلنى شۇ يەتتە ئازگالنىڭ تۆۋىگە تاشلىدى. ئۈستىنى توپا بىلەن كۆمۈشتى.

— ئالدىمىزدىكى باھاردا زەينەلنى ئۆزىمىزمۇ تاپالمايمىز، قايناۋاتقان سۇ يېيىپ كېتىدۇ، — دېدى مۇسلۇ.

ئۇلار ھېرىپ كېتىشكەنىدى. يېزىغا كىرگەندە ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى.

مۇسلۇ ئىنچىكە، ئۇزۇن بىر تايغانغا ئوخشايتتى. ئازراق مۈكچەيگەن ...

* * *

سۇلايمان مۇسلۇنى ئويغاتتى:

— قاتتىق غەرب شامىلى چىقىۋاتىدۇ. خېلى كەچ قالدۇق، — دېدى.

— ئەخمەت نەدە؟

— بۇ يەردە، بارائىنىڭ ئاستىدا، — دېدى سۇلايمان.



مۇسلۇ دەرھال ئويغاندى، كىيىندى، يولغا چىقىشتى.

ئەلى ساپانىڭ خامانلىرى تېخى توشۇلمىغان، پەقەت بىرىدىلا تونۇگۈندىن بېرى شامالچى ئىشلەۋاتاتتى.

— سەن يۇقىرىقى ئېتىزلارغا ئوت قويىسەن، سۇلايمان. ئالدى بىلەن خامانلارنى، كېيىن چەشلەرنى كۆيدۈرىسەن! ئەخمەت، سەن، مىستىك ئۇلەن تەرەپكە چۈشىسەن. ئۇ يەردە خامانلارغا، چەشلەرگە ئوت قويىسەن. مەن شامالچىنى كۆيدۈرىمەن.

يېرىم كېچىدە ئەلى ساپا باينىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى خامانلاردا ئوت يالقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى. كەچقۇرۇن قاتتىق چىققان غەرب شامىلى توختىمىغانىدى. خامانلاردىكى ئۇچقۇنلارنى ئۇچۇرۇپ ئېتىزلارغا تۇتاشتۇردى. شۇ كېچىسى تاڭغا يېقىن ئەلى ساپا باينىڭ پۈتۈن ئېتىزلىرى يالقۇنلىنىپ كۆيدى، تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يالقۇن كۆلى چايقىلاتتى.

ۋايۋاي يېزىسىدىكىلەر ۋە يېقىن ئەتراپتىكى يېزىدىكىلەر:

— ئەلى ساپانىڭ خامانلىرى كۆيۈۋاتىدۇ! — دەپ ئويقۇلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى. بەزىسى بارائىلارنىڭ، بەزىسى تاملارنىڭ، بەزىسى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىشىپ، كۆك قىزىرىپ چىققۇچە كۆيۈۋاتقان ئېتىزلىقلارغا قاراپ تۇرۇشتى.

ئۇسمان قىن - قىنىغا سىغمايتتى. ئىچكىرىگە كىرەتتى، تاشقىرىغا چىقاتتى. تاپانچىسىنى يەتلەيتتى، بېلىگە قىستۇراتتى. يەنە قولىغا ئالاتتى.

— مانا شۇنداق، پەرھات موللام، — دەيتتى ئۇ، — خۇدايىمنىڭ ياخشى بەندىسى، سەن توغرا سۆزلەيسەن. كىشىگە قىلما ئۆزىڭگە يانىدۇ. مانا شۇنداق، پەرھات موللام! شۇڭقارىم كەلدى، مۇشۇ ئىش بولدى. مانا شۇنداق. نۇرلۇقۇم، ئۇستازىم، كامالەتكە يەتكەن. مانا شۇنداق ... شۇڭقارىم ئۇخلاۋاتقاندا يەنە نېمە، نېمىلەر بولار، چوقۇر ئوۋا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ سايىسىنى كەم قىلمىسىلا بولدى. خالىسا قىيامەتكىچە مۇشۇنداق يۈز - يۈز ئۇخلاۋەرسۇن، ئۇنىڭ سايىسىلا بىزگە يېتىپ

جىددىيلەشكەن ھالدا. — بىرى بولۇشى مۇمكىن، باي. بىزنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. بۇ تۈزلەڭگە كەلمىسەك ياخشى بوپتىكەن. ھېچكىم بىزنىڭ تېمە دەردلەرنى تارتقانلىقىمىزنى، بۇ يەردە بەزگەكنىڭ، ئىسسىقنىڭ، پاشا - چىۋىنلەرنىڭ ئىچىدە نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلگەنلىكىمىزنى، سۆرىلىپ يۈرگەنلىكىمىزنى بىلمەيدۇ، كۆرەلمەيدۇ. بىزنى يەۋەتسە دەردى چىقمايدۇ. ئەلى سايا باينىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى دېيىشىنىلا بىلىدۇ، باشقا نەرسىنى بىلىشمەيدۇ، دېيىشمەيدۇ. ئاھ، دېيىشمەيدۇ. ئۇنتۇپ كېتىشىدۇ. سەن ئىسمىڭنى ئۆزگەرتىپ تەيپۇن باي دەپ ئاتالغىنىڭنى، پولاتتەك كۆكسۈڭنى تورۇس قىيالىقلىرىدا فىرانسۇزلارغا كېرىپ تۇرغىنىڭنى، دۈشمەنلەرنى دېڭىزلارغا ئاتقىنىڭنى، قىرىق كىشىلىك قوراللىق ئەترىتىڭ بىلەن قار بوغۇزىدا مەنىلىنىڭ پولكىنى ئەسىر ئالغانلىقىڭنى، ئەنە شۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كەتتى، ئاھ خۇدايىم ... جېنىڭنى ئالىقىنىڭغا ئېلىپ قويۇپ جەڭ قىلىپ يۈرگىنىڭدە ئۇلار نەدە قاپتىكەن؟ سەن ئۇلۇغ ۋەتەن تۇپرىقىنى قېنىڭ بىلەن قوغداپ قالغان يەردە، ئىككى دۇنۇم يەرنى ساڭا ئارتۇق كۆرۈۋاتامدۇ؟ ... فىرانسۇزلار بۇ ۋەتەننىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى بۇلغاشقا ماڭغان چاغدا بىزنى كۆرەلمىگەنلەر ئاغىلارغا قاچاتتى، تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتەتتى، چاتقاللىقلارنىڭ ئىچىدە يېتىشىۋالاتتى ... ھەممىسى، ھەممىسى شۇنداق ئىدى. ئۆتكەن بىر كۈنى شەھەردە چىنتە - قاچا ساتقۇچىنىڭ قىزى «يەنە دېھقانچىلىق مەيدانىغىمۇ؟» دەپ تەنە قىلىپ سورىغانىدى، «ھەئە، يەنە دېھقانچىلىق مەيدانىغا، يەتتە ئېتىزغا ...» دېدىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاغزىمنى قويۇۋەتتىم. «ھەي قىزىم، سېنىڭ داداڭ ئاداتادا، فىرانسۇز بايرىقى ئاستىدا، فىرانسۇز قوماندانىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ يانپىشىنى تولغاپ يۈرگەندە، مېنىڭ ئەلى سايايىم، چوپچوك تەيپۇن بايىم فىرانسۇز ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتاتتى. ئوق ئېتىپ قان تۆكۈۋاتاتتى. شۇ مۇستەقىللىق



ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانىغا، بىر تەيپۇن بايغا ئىككى دۇنۇملۇك يەرنى ئارتۇق كۆرۈۋاتامسىلەر، ھەي قىزىم... ۋاي قىزىم!» دېدىم، ئۇ جىم بولدى. شۇنچە خانىمنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى قۇيرۇقىنى يوغان پاچاقلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋالىدىغان، قانجۇقتەك سالپىيىپ كېتىپ قالدى. ياخشى قىپتىمەنمۇ؟

ئەلى سايا باي خىيالغا پاتقانىدى، خوتۇنىنىڭ دېگەنلىرى قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

— ياخشى قىپتىمەنمۇ؟ — دەپ قايتا - قايتا بىرنەچچە قېتىم سورىدى خوتۇنى، — باي، تەيپۇن باي، ياخشى قىپتىمەنمۇ؟

ئېسىگە كەلگەن باي تېز - تېز:

— ياخشى قىپسەن، خانىم، ياخشى. بەك ياخشى قىپسەن، — دېدى.

— ھەممە ئادەم بىزگە دۈشمەن. بىزنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىمىز خۇددى بىر نەيزىدەك چوقۇر ئوۋادىكى ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە سانچىلىدۇ. ئەسلىدە گۇناھ سەندە. ساڭا شۇنچىلىك كۆپ دېدىم. مۇستاپا كامال پاشاغا خەت ياز، بولغان ئىشلارنى چۈشەندۈر، دېدىم. شۇنداق چۈشەندۈركى، ئۇ ئۇلارنى، ئەسكەر قاچاقلىرىنى، ۋەتەن خائىنلىرىنى، كۆرەلمەسلەرنى، مۇستەقىللىق دۈشمەنلىرىنى دارغا ئاسسۇن، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرسۇن ... ساڭا شۇنچە دېدىم. مۇستەقىللىق ئۇرۇشى كۈنلىرىدە بىزگە، سېنىڭ ئىنقىلابىڭدا ھېچ نەرسە قىلالمىغانلار ھازىر چىشلىرىنى كۆرسىتىشتى، بولدى. پاشايىم، دەپ يازغىن دېدىم. ئاھ سەن ياخشى، بەك ياخشى ئادەمسەن! كۆڭلۈڭ يۇمشاق. سەن تاغلاردىكى بۆرىلەر، يەردىكى چۈمۈلىلەر، زەھەرلىك يىلانلارغىمۇ زەرەر يەتكۈزۈشنى خالىمايسەن. ئاھ، خالىمايسەن.

خوتۇن يىغلاشقا باشلىدى. سېمىز، ئاپپاق پاچاقلىرىنى يوتىلىرىغىچە ئېچىپ ئېرىگە كۆرسەتتى:

— قارىغىنا بۇ ئەھۋالىمغا. كۆرۈپ قويۇشسۇن. شۇ

پاچاقلىرىمغا، گۈلدەك چىرايلىق بەدىنىمگە قاراپ باقسۇن. بۇنچىغا ئادەمنىڭ يۈرىكى چىدامدۇ؟ ئادەم تۇرۇپ شۇ ئەھۋالىمنى كۆرسە يۈرەكلىرى پارە - پارە بولمامدۇ؟ پاشا - چىۋىنلەر چاقتى، يەپ كەتتى. مېنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

پاچاقلىرى يۇدۇر - يۇدۇر قىزىرىپ كەتكەن، پاشا چاققان يارىلار بىلەن تولغانىدى. ھاشاراتلار مەلىخە خانىمنى يەتكۈچە قىيىنىغان، پۈتۈن بەدىنىنى يارا ئىزلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى.

ئەلى ساپا باي ئۇنىڭ يېنىغا باردى، چاچلىرىنى سۆيدى.

— يىغلىما، مەلىخە، مەن بۇ ئىشلارنىمۇ بىر تەرەپ قىلىمەن. قىزانچۇقلارنى بۇ زېمىندا قانداق پەرىشان قىلغان بولسام، دۈشمەنلىرىمنىمۇ ئەنە شۇنداق، ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق پەرىشان قىلىۋېتىمەن. بىزنىڭ ئۆز ھەققىمىز بولغان بۇ يەرلەر بىزنىڭ بولىدۇ.

مەلىخە خانىم يوغان، خۇمار كۆزلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ:

— ئارىپ سايىم بەگ ياغدىن قىلىنى سۇغارغاندەك چېركەس دېھقانلىرىنى ئېتىزلىرىدىن قانداق سۈرەپ چىقاردى - ھە ! ياشاپ كەتسۇن ئارىپ سايىم بەگ ! بىز شۇ ۋاپۋاي يېزىسىغا، ئۇنىڭ گەپ ئاڭلىماس ئىپلاسلىرىغا چىرمىشىپلا قالدۇق. ھازىرغىچە ئۆز يۇرتىمىزدا بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرغان بولساق خەلقئالەم ئالدىدا داڭ چىقارغان بولاتتۇق.

— يىغلىما، مەلىخە ... — دېدى ئەلى ساپا باي، — مەن كونا كۆرەشچىمەن. مەن جاپانى ياخشى كۆرىمەن. ئارىپ سايىم بەگدەك ئارقامدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى يوق. ئۆزۈمنى تۆۋەن تۇتمايمەن. ھۆكۈمەتنى ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇشقا ... بىز مۇستەقىللىق ئۈزرىمىز ئۈچۈن قىلىمىدۇق. بىر تاپالىغان بولسام بۇ دېھقانلارنى كۈشكۈرتۈۋاتقان بىرىنى ... ئۇلارغا شۇنچىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇلار ئىشەنگەن، كۆڭۈل بەرگەن بىرى بار بۇ ئىشلارنىڭ كەينىدە. ئەمما كىم؟ كىم، كىم، زادى كىمدۇ بۇ ئادەم، مەلىخە؟



— ھېچكىم بىزگە ئىچىنمايدۇ. ھېچكىم شۇ ئەھۋالىمىزنى بىلمەيدۇ. مەن مۇشۇنداق بولۇپ قالارمىدىم؟ دادام مېنى ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە پاشا - چىۋىنلەرگە يەم بولسۇن، ئەرزىمەس، پاسكىنا دېھقانلارنى ھەر كۈنى ئەتىگىنى، ئاخشىمى كۆرۈپ تۇرسۇن، ئۇلار بىلەن سۆزلەشسۇن، دەپ ئوقۇتقانمىدى؟ شۇ ھالىمغا قاراپ قويۇڭ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ؟ — يەنە پاچاقلىرىنى يوتىسىغىچە ئاچتى، ئېرىگە كۆرسەتتى مەلىخە.

— يىغلىما، مەلىخەم، يىغلىما، مەن ئۇلارغا نېمە قىلىشنى بىلىمەن.

دالاندا ئۇ باشتىن - بۇ باشقا مېڭىشقا باشلىدى. مەلىخە خانىم ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ مېڭىشقا باشلىغاندىلا جىم بولۇۋالاتتى، زېرىكمەستىن ھەيرانلىق بىلەن ئېرىنىڭ مېڭىشلىرىغا قارايتتى. پەقەت ئېرى سوئال سورىغاندىلا جاۋاب بېرەتتى.

سېرىق ئۆتۈكلىرىنى توپا بېسىپ كەتكەنىدى. يوللۇق كەڭ كەرشناۋاي شىمى ئۆتۈكلىرىنىڭ قونجىنى يېپىپ تۇراتتى. قامچىسىنى ئاستا - ئاستا ئۇست - ئۇستىلەپ ئۆتۈكلىرىگە ئۇراتتى. ئۇنىڭدىن سوس دۇمباق ئاۋازىغا ئوخشاش بىر خىل ئاۋاز چىقاتتى. شۇنچە يىلدىن بېرى مېڭىپ يۈرۈپ شۇنداق ئاۋازنى چىقىرىپ ئويلاشقا ئادەتلەنگەنىدى.

مەمەت ئاۋاقنىڭ تورۇس تاملىرىدا كۆرۈنۈپ قالغانلىقى ھەققىدە گەپ - سۆز بار ئىدى. ئۆتكەندە زېمىنى يېزىدىكى ياش بىر قىزنىڭ مەمەت ئاۋاق ھەققىدە چىققان بىر ناخشىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپتىكەن، راستىنلا زېمىلگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنى ئىزدىتىپ كۆرەي.

— مۇرتىزا !

— خوش، ئەپەندىم؟ — پەلەمپەينىڭ ئاستىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— يۇقىرىغا چىق !

— مۆرتىمزا قاتتار ـ قاتتار ئېسىۋالغان ئوقدانلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ يۇقىرىغا چىقتى. ئۇ ھارىرغىچە مۈتچىلىك ئوقدان ئاسمىغانىدى:

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، بايىم.

— بالام مۆرتىمزا، نەچچە كۈن بولدى، زەيتەل كەلمىدى. ئۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟ بېشىغا بىر بالا ـ قازا كەلگەن بولمىسۇن. زەيتەل مۇنداق ئۇزاق ۋاقىت يوقاپ كەتمەيتتى. خۇدا ھەققى، ئۇنىڭغا بىر ئىش بولغان بولمىسۇن؟! ۋايۋاي يېزىسىغا بېرىپ قاراپ كەل، نېمە بولدىكىن، بەلكى ئاغرىپ قالغاندۇ.

— قوراللىق بارايمۇ ياكى قورالىمنى تاشلاپ قويايمۇ؟

— قورالىڭنى قويۇپ قوي.

مۆرتىمزا كېتىپ قالدى.

مەمەت ئاۋاق توروس تاغلىرىدا پەيدا بولۇش بىلەن دېھقانلار جانلىنىپ كېتىشتى. توروستا مەمەت ئاۋاق قاچان داڭ چىقارغان بولسا، بۇلارمۇ بۇ يەردە قوتراپ كېتىشكەنىدى. بۇ كېيىنچەدىكى كۆتۈرۈلۈشلەرنىڭ سەۋەبى شۇ بولمىسۇن؟ ئاتلارنى مەمەت ئاۋاق ھەيدەپ كەتكەن بولمىسۇن؟

ئەلى سايا باينىڭ كۆيە سۆركەلگەندەك قارىيىپ كەتكەن چىرايى بىر ئېچىلىپ، بىر تۈرۈلەتتى.

تاغدىكى بىر ئادەمنىڭ بەرگەن كۈچى بۇلارغا مۇشۇ ئىپلاسلىقلارنى قىلدۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئادەم يالمىنى، بۇ رەزىللەرنى بىلىپ بولمايدۇ ـ دە ... بىر يوپۇرماق قىمىرلىسا قورقىدىغانلار ئۈستىلىرىگە گۈلدۈرلەپ توپ ئېتىلسا قورقمايدۇ ... شۇ مەمەت ئاۋاقنى ئارىپ سايىم بەگ قوللاۋاتىدۇ. بولمىسا ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ژاندارمىلار تۇتۇۋالىدۇ، يەنە قويۇۋېتىشىدۇ.

ئەلى سايا باي ئارىپ سايىم بەگكە بەك خاپا ئىدى. ئۇ خالىسا چەكسىز كەتكەن چۇقۇر ئوۋانىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا ئىگە بولالايدۇ. بىر ئادەم ئالدىغا چىقىپ، بەگ، نېمە قىلىۋاتىسەن،



دېيەلمەيتتى. تاغلاردا قاراقچىلارنىڭ كېزىپ يۈرۈشلىرى، قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ئۇنىڭغا پايدىلىق بولدى. ئارىپ سايىم بەگدەك بۆرىلەرگە لاي سۇ كېرەك. ئەگەر سۇ لېيىمىسا ئارىپ سايىم بەگدەك ياۋۇز بۆرىلەر سۇنى لېيىتىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئارىپ سايىم بەگكە ئىنتايىن ئىچى تارلىقى كېلەتتى.

ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، خوتۇنىنىڭ قېشىغا باردى. ئېگىلدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى.

— خاپا بولما، مەلىخە، مەن بۇ ئىشلارنىمۇ يېڭىپ چىقىمەن. ھازىر مەن چىكچىكلار يېزىسىغا، تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىغا بارىمەن، قېنى، ئادەم بولسا ئادەمگەرچىلىكلىرىنى كۆرسىتىشسۇن. بۇ قاراڭغۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ياردىمىنى كۆرمىسەم، قاچان كۆرىمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مەلىخە خانىم كۈلدى. تولغان يۈزىدىكى زىننەتلىرى چوڭقۇرلاشتى. چىن كۆڭلىدىن ئېچىلىپ كەتتى. — سادىغاڭ كېتەي، تەيپۇن باي، جىقراق ئادەم بىلەن يولغا چىققىن، بۇ ئىپلاسلار ساڭا ھەرنېمە قىلىشى مۇمكىن. خامانلىرىمىزغا ئوت قويغانلار، ئادەملەرنىڭ رىزقىنى، رىزقىمىزنى، ئاتلىرىمىزنى ئوغرىلاپ كەتكۈدەك دەرىجىدە پەسلەشكەنلەر، ئېتىزلىرىمىزدىن كەتمىگەنلەر ھەرقانداق پەسكەشلىكنى، يامانلىقنى قىلالايدۇ. سادىغاڭ كېتەي، تەيپۇن باي، ئۆزۈڭگە دىققەت قىل ...

ئەلى سايا باي بېشىنى لىڭشىتتى. پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈپ چۈشتى. ھويلىدا كۆپ تۇرمىدى. ئېتىنى يېتىپ، تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئاتقا مىنىش بىلەن تەڭ يەنە ئۈچ كىشىمۇ ئاتلىرىغا مىنىشتى.

چىكچىكلىقلار ئەلى سايا باينى يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئەلى سايا باينىڭ دادىسى ھاجى كەھيا ئۇلارنىڭ چوڭى بولۇپ، كەمبەغەل بىر ئاغا ئىدى. ئوغلىنى قەرزگە بوغۇلۇپ بولسىمۇ ئوقۇتقانىدى. ئەلى سايا باينىڭ ھۆكۈمەت

ئىشلىرىدا چىكچىكلارغا كۆپ ياردىمى تېگەتتى. قانىلىلارنى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن بوشىتىۋالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى بەك ياخشى كۆرۈشەتتى، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. گېپىنى يېرمايتتى.

ئۇلار تېخى مەرھابا دېمەي تۇرۇپلا:

— خۇداغا شۈكۈر، باي، — دېيىشتى، — ئۇلۇغ ئاللا پۇت ـ قوللىرىمىزنى چۈشەپ قويغان ئەمەس ـ دە! ...

— رەھمەت، ئامان بولۇڭلار، سىلەردىن، سىلەردەك تۇغقانلىرىمدىن رازىمەن. مۇسا كەھىيانى ئەۋەتكەنىكەنسىلەر، كەلدى، كۆڭلىمىزنى شاد ئەيلىدى. ئۇنىڭ ئوت كەتكەن كۈنى تاڭ سەھەردە كېلىشى ماڭا ئالەمشۇمۇل ئىلھام بېغىشلىدى. ھازىر ئىش تېخىمۇ جىددىيلەشمەكتە. لېكىن، ئارقامدا سىلەر تاغدەك يۆلەك بولۇپ تۇرغاندا ...

— ئاۋۋەلى خۇدا، — دېيىشتى چىكچىكلىقلار.

چىكچىكلىقلار، تۇرۇس ئېتىكىدىكى چىكچىكلىقلار غارىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىق قىلىدىغان بىر يېزا خەلقى ئىدى. ئايالىرىمۇ ئات ئوغرىلايتتى. باللىرى يەتتە ياشقا كىرگەندىلا مىلتىق ئېتىشقا باشلايتتى.

— خاتىرجەم بول، باي، — دېيىشتى.

— چۇقۇر ئۇۋادا ئېتىشقىنىڭ تۇيىقى تەگكەنلىكى يەر سىنىڭ بولىدۇ.

— ئاللا سىنى بېشىمىزدىن ئېرى قىلمىسۇن!

— ۋاي ئاغىمىزنىڭ ئوغلى، جېنىمىزمۇ، مېلىمىزمۇ ساڭا قۇربان!

— سىنىڭ تاپىنىڭغا كىرگەن تىكەن بىزنىڭ كۆزىمىزگە قادالسۇن!

ئەلى ساپا باي خۇشاللىقتا جۆيلىدى. ئاغزى قۇلاقلىرىغا يەتتى. قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، «رەھمەت، ئامان بولۇڭلار!»دىن باشقا گەپ قىلالمايتتى.

— ئەلى، ساڭا نېمە بولدى، شۇنچىلىك؟ — دەپ چېقىشتى



بىر قېرى، — سىنى ۋايۋاي يېزىسىدىكىلەرنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزىمىز يۇقىرىدا تۇرۇپ تاماشا قىلالايتتۇقمۇ؟ نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭ؟ پۈتۈن بۇ يېزىنى ئايىغىڭ ئاستىغا تاشلاپ بېرىمەن. ئۆيۈڭگە قايت! خاتىرجەم بول، بۇ يىل ۋايۋاي دېھقانلىرى يەرلىرىنى تاشلاپ كېتىشىدۇ. ئەگەر ۋايۋايلىقلار يەرلىرىنى تاشلاپ كەتمەيدىغان بولسا، بىز بۇ يېزىنى تاشلاپ كېتىمىز. ئىككىنچىلەپ ئادەملەر ئارىسىغا كىرمەيمىز. دېگەنلىرىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ چۈشەندىڭمۇ، ئاغىمىزنىڭ ئوغلى؟ ماڭ، ئىشىڭنى قىل. ۋايۋايلىقلارنى بىزگە قويۇپ بەر. بولامدۇ؟ ئۆزۈڭنى بىئارام قىلما!

ئەلى ساپا باينىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئاۋازى بوغۇلدى.

— رەھمەت، ھاجى ۋەلى تاغا. مېنى خۇشال قىلدىڭ، — دېدى.

— شۇنداق قىل، خاتىرجەم بول! — دېدى ھاجى ۋەلى.

ئەلى ساپا باينىڭ شەرىپىگە بىر ئۆچكە سويۇشتى، چوڭ گۈلخان يېقىشتى. چوغدا گۆشلەرنى كاۋاپ قىلدى. ھاراقمۇ تېپىپ كېلىشتى. ئەلى ساپا باي چۈشلۈك تاماقنى يېزىدا يېدى، تاماقتىن كېيىن تۇرسۇن دۇرمۇشنى چاقىردى:

— ئوغلۇم تۇرسۇن دۇرمۇش، بۈگۈنگىچە ۋايۋايدا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— نېمە دېمەكچىسەن؟

— ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچ نەرسىلىرى قالمىدى. ئاتلىرى كېتىپ قالدى، خامانلىرى كۆيۈپ كەتتى. ئەمدى ئۆكۈزلىرى، ئىنەكلىرى قالدى. ئۆردەكلىرى، غازلىرى، توخۇلىرىمۇ بار ... تۇرسۇن دۇرمۇش، ۋايۋايدا ھايۋانغا تەئەللۇق ھەرقانداق جانلىقنى قويمايسىلەر. ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئەتراپىغا تىزىپ چىقىسىلەر.

— قولىمىز كۆكسىمىزدە، ئاغام.

— باشقا ئىشلارنى كېيىنچە ...

— ۋايۋايلىمقلار بەك قورقۇنچاق، قوللىرىغا ئۆردە، نانلىرىنى ئاغزىدىن تارتىۋال !

ئەلى ساپا باينىڭ مېڭىسىنى شۇ مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىشى ئايلاندۇراتتى. بىراق، ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن ھېچكىمدىن سورىيالمايتتى. دېھقانلارنىڭ مەمەت ئاۋاق ھەققىدىكى گەپنى ئېچىشلىرىنى كۈتەتتى.

كۈتتى، ئولتۇردى، سۆزلىدى. ھېچكىم مەمەت ئاۋاق ھەققىدە زادىلا گەپ قىلمايتتى. ئەڭ ئاخىر ئەلى ساپا باي ئۆزى مەمەت ئاۋاق ھەققىدە سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— قېنى، ھېلىقى بىر زاماندا تاغلاردا بىر قاراقچى پەيدا بولغانىدىغۇ، بىر بالا، ئېتى نېمە ئىدى؟ ھېلىقى ئابدى ئاغىنىڭ قاتىلىچۇ؟ — مۇنداقلا سوراپ قويدى.

— مەمەت ئاۋاق ! — دېيىشتى.

— تاغلاردا يەنە پەيدا بوپتۇ دەپ ئاڭلىدىم.

— ئۇ يولۋاس - دە، — دېدى ھاجى ۋەلى، — ئۆتكەندە ئىبراھىم قارىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ. بىر ژاندارما ئارمىيەسى بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز سوقۇشۇپتۇ. ئاخىر ئارمىيەنى يېڭىپ چىقىپتۇ. يامان ئادەم - دە ئۇ، بەك يامان، كېيىن ...

ھەممەيلەن غەزەپ بىلەن ھاجى ۋەلى تەرەپكە قارىدى ... ھاجى ۋەلى خاتالاشقانلىقىنى دەرھال سەزدى.

— كېيىنچە، — دەپ خاتاسىنى تۈزىتىۋېلىشقا تىرىشتى، — ئۇ مۇستاپا كامال پاشاغا تېلېگرامما يوللاپ: « بۇ بىچارە كەمبەغەللەرنى ماڭا قارشى ئەۋەتمە، باتۇر بولساڭ ئالدىمغا كەل !» دەپتۇ.

ئەلى ساپا باي ئۇنى سورىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. بۇ يېزىدىكى دېھقانلاردىمۇ بۇ قاراقچى بالىغا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بار ئىدى. بۇ قەيەردىن كەلگەن ھېسسىيات؟ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ھاجى ۋەلىدىن باشقا بىر دېھقان بولسا، مەمەت ئاۋاقنى



بىردەمدىلا ئەپسانىلەردىكى قەھرىمان قىلىپ چىقارغان بولاتتى. مەمەت ئاۋاق ھەممە ئادەم ئۈچۈن خەتەرلىك ئادەم ئىدى. ۋايۋايلىمقلارنى مەيلى كۈشكۈرتسۇن، مەيلى كۈشكۈرتمىسۇن، ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يەر يۈزىدىن يوقىلىشى مۇھىم بىر ئىش ئىدى.

مەمەت ئاۋاق ھەققىدە ئاجايىپ تەلۋىلەرچە چۈشەنچىدە بولاتتى، قورقاتتى، ھۆرپىيەتتى. بۇ بالا راستتىنلا بىر خەلق قەھرىمانىمىدى؟ خەلق قەھرىمانى بولۇش ئۈچۈن قېرى، بىچارە، كىچىككىنە بىر يېزىنىڭ ئاغىسىنى ئۆلتۈرگەندىن باشقا نېمە قىلغانىدى؟ ئەجەبا، بۇ بالىنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇشلىرىنىڭ ئەسلى سەۋەبى نېمە؟ مەمەت ئاۋاقنىڭ گېپى چىقىش بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى، جانجىگەرلىرى، يېزىلىقلىرىمۇ ئۇنچىلىك جىمىپ كەتتىغۇ ! ھاجى ۋەلى گەپچى قېرى، ئۇ گەپ قىلماي قويسىلا. ھېچكىم گەپ قىلمايتتى. بۇ بىر مۆجىزە، بىر كارامەتمۇ؟

ئەلى ساپا باي « قورقامدىمەن؟ » دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سوراش بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى.

— شەھەرگە كىرىشىم كېرەك.

ئېتىنى ئەكېلىشتى. ئۇ مىندى.

« قورقامدىمەن؟ مەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلايتتىم، ئۇلارمۇ مېنىڭكىنى ... مەن ئۇلارنىڭ خامانلىرىغا ئوت قويدۇردۇم، ئۇلارمۇ مېنىڭ ... مەن ئۇلارنىڭ سىيىرلىرىنى سويدۇرۇۋېتىمەن، ئۇلارمۇ ... مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىمەن ... بەلكى پەرھات موللامنى ... ئۇلارمۇ مېنى ... شۇنداق بولارمۇ؟ ...»

ئەسكىنىپ كەتتى. تۇنجى قېتىم ئۆلۈمنى بەكمۇ چوڭقۇر، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھېس قىلدى. ئەجەبا بۇ دېھقانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ مۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالارمۇ؟ بۇ

مۇمكىنمۇ؟

ئۆزىچە كۇلۇشكە باشلىدى. « قورقىمەن ! پۈتۈن بىر كېچە خامانلارنىڭ كۆيۈشى نېرۋىلىرىمىزنى بۇزدى. خامانلارنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتەلەيدۇ. بۇنى چۈشەندۇق، ئەمما ۋايۋايدا ئاتلارنى ئوغرىلايدىغان ئادەم يوق ئىدى » دېدى كۆڭلىدە.

بىرنىپ - بىرنىپ مىڭىسىگە مەمەت ئاۋاق كىرىۋالاتتى. بۇ ئىشلار مەمەت ئاۋاقنىڭ كاساپىتىدىن بولمىسۇن يەنە؟ ئاھ ! ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بۇگۈن تاغلاردا پەيدا بولسا، ئەتە يوقاپ كېتىدۇ. ئۇن يىل ھېچ يەردە خەۋىرى يوق ... بۇ ئاجايىپ بىر قاراقچى. بەلكى ھەمزەنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندۇ. ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. يەنە يوقاپ كېتىدۇ. يەنە دېھقانلار ئۇنىڭ شەرىپىگە دېكەنلى تۆزلەشلىكىگە ئوت قويۇشىدۇ. يەنە تاغلارنىڭ چوققىسىدا ئوت يېنىپ تۇرىدۇ. ئاجايىپ بىر ئىش ! بەلكى بۇ دېھقانلار ئاتەشپەرەسلەردىندۇ. ھەمزە كەتتى. ھەمزە كۆيدى ! ئۇمۇ دېھقانلارغا قاتتىق زۇلۇم قىلغانىكەن ... ئاغىسىنىڭ ئۇچىنى ئېلىش، پالان - پۈستان دېگەن ھالەتتىمۇ، بۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئەمەس - دە ! بۇ خىل يېڭىنىكلىك ئاخىر مۇشۇنداق بىر نەتىجىنى تۇغدۇرىدۇ. قېنى، قېنى كۆرۈپ باقايلى، ھەمزە شىرىن جېنىنى قۇتقۇزسۇن !

مەمەت ئاۋاقنى ھەمزەنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تورۇسقا كەلدى دەپ ئويلاش ئەقىلگە بەكمۇ ئۇيغۇن ئىدى. مەمەت ئاۋاق ھەمزەنى ئۆلتۈرىدۇ. يوقاپ كېتىدۇ، دېھقانلارمۇ يەنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تىكەنلەرگە ئوت ياقىدۇ. قورقىدىغان ھېچ نەرسە يوق، يوق، ئەمما ...

ئەلى ساپا باي مۇشۇنداق ئويلار بىلەن شەھەرگە كىردى، ئېتىنى ئۆي تەرەپكە تارتتى. ئادەملىرىدىن بىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا كەتتى.



## 39

— يامان ئادەم، — دېيتتى يۈزبېشى، — بەك يامان ۋە باتۇر.

ھەمزەنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى:

— ئۆتقىلى زادى بولمامدۇ؟

— ئۆتقىلى بولمايدىغان قاراقچى يوق، ئەمما قېنى قاراپ باقايلى ! قاچان تۇتۇۋالاركىن؟

ئاسىم چاۋۇش سۆزگە ئارىلاشتى:

— نەرىگە، قانداق ئېتىشىشنى بىلمەيمەن - دە؟ سۈدىكى بېلىقتا ئوخشاش ... ئادەمنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

— چاۋۇشۇم، ھازىر نەگە كەتكەندۇ؟

— بىلىپ بولمايدۇ، بىرلا چۈكۈپ كېتىدۇ، نەدىن چىقىدىغانلىقى مەلۇم بولمايدۇ ... بۈگۈن چۇقۇر ئوۋادا دەپ تۇرۇشۇڭغا، ئەتە ئۇ ئالاتاغدا يۈرگەن. بۈگۈن ئالاتاغدا دەپ ئاڭلىساق، يەنە بىر كۈنى چۇقۇر ئوۋادا ! بۇ ئادەمنى زادىلا بىلگىلى بولمايدۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز دەم ئالماي، ئۇخلىماي، يېمەي - ئىچمەي شامالدەك يۈرىدۇ. خالىسا كۆرۈنۈپ قويىدۇ. خالىمىسا كۆرۈنمەيدۇ. ئاجايىپ بىر ئادەم.

ئاسىم چاۋۇش مەمەت بىلەن بىرئاز بولسىمۇ يەخىرلىنەتتى. ئۇ ھەقتە گەپ ئېچىلغاندا كۆزلىرى چاقناپ، ئاۋازى تىترىمۇ سەممىي، تىترىمۇ قىزغىن چىقاتتى.

— دېمەك، ئۇ تۇتۇلمايدىكەن - دە؟

— تۇتۇلىدۇ، دېدى يۈزبېشى. — بىراق ئۇ جىنايەتنى ئالغاندىن كېيىن بىزنى ئارقىسىدىن سۆرەپ يۈرۈپ خانىۋەيران قىلغاندىن كېيىن تۇتۇلىدۇ. تۇتۇلمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ ئون تۆت يىل ئوسمانلى ئارمىيەسىنى يېتىم قىلغان چاكىرجالىق ئەبەيتىمۇ ئېتىۋېتىشتى. تۇتۇلماي قالامدۇ؟

ھەمزە بارغانسېرى بىئارام بولاتتى. قايغۇلىرىنى، يۈرىكىدە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان قورقۇنچىسىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. چاۋۇشتىن، يۈزبېشىدىن توختىماستىن سوئال سورايتتى.

شۇنداق قىلىپ، مەمەت ئاۋاقنىڭ مەسىلىسىنى ئۈنچىلىك ئوڭاي بىر باشقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ئاسىم چاۋۇش جۇشقۇنلۇق بىلەن سۆزلەيتتى:

— بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. تۈۋەنكى ئاندىرىندا ئۈچ كىشى بىر شالىلىقتا كېتىۋاتاتتى. خۇددى بىر پەتنۇسنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتقاندەك، يېشىل ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىشاتتى. ئەتىگەن ئىدى. بىز ئوق ئېتىشقا باشلىدۇق، قارىساق، شالىلىقتا بىر توپ تۇمان كۆتۈرۈلدى. بىرئازدىن كېيىن تۇمان تارقالدى. ئۇ يەردە ھېچ نەرسە يوق. بۇ بىر سىرلىق ئىش بولدى. شۇ كۈنى شالىلىقنى، ئەتراپىنى مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ۋە بىر بىرىگادا ژاندارما بىلەن قىرىۋەتتۇق. غايىب بولۇشقانىدى. ئەتىسى ئۇنى ۋە ئەترىتىنى سارىباغچىدا كۆرۈشۈپتۇ. تەكشۈردۇم. راست ئىكەن. شۇنچىلىك ئۇزۇن يولنى ئادەم بىر كېچىدە قانداق باسقاندۇ؟ مانا بۇنىڭغا ھېچقاچان ئەقلىم يەتمىدى. تونۇلمايدۇ دېمەيمەن، ئەمما بىزنىڭ يىلتىزىمىزنى قومۇرۇۋېتىدۇ. مەن تاھايىتى كۆپ قاراقچىغا دۇچ كەلدىم، ئۇنىڭدەك قول - پۇتى چاققان ئادەمنى تېخىچە كۆرمىدىم. ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈپ قالدىم، ۋىجىككىنە بىر ئادەم. نېمە ھېكمەت باردۇ، بىلمىدىم. ھەممە دېھقان ئۇنى ياقلايدۇ. شۇنچە يىلدىن بېرى قاراقچى قوغلاپ يۈردۈم، دېھقانلارغا مۇنچىلىك ياخشى كۆرۈنگەن بىر ئادەمنى كۆرمىدىم. مەمەت ئاۋاقنى دېھقانلارنىڭ قولىدىن ئېلىش بەكمۇ تەس!

— بىزنىڭ دېھقانلار ئۇنىڭ جان دۈشمىنى، — دېدى ھەمزە، — ئۇنىڭغا قارشى چىشلىرىنى بىلمەكتە. ئۇ قوللىرىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، پاشىنى ئۆلتۈرگەندەك جېنىنى ئالىدۇ!



« بىز ئاغىمىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىمىزكى قېنى؟» دېيىشىدۇ. ئۇلار ئابدى ئاغام ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز كۆز ياشلىرىنى تۆكمەكتە. ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. ئابدى ئاغام پەرىشتىدەك، كامالەتكە يەتكەن بىر ئادەم ئىدى. ھازىرمۇ دېھقانلار ئۇنىڭ بوز ئاتقا مىنگەن، نۇرلارغا چۆمگەن ھالدا يېزىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەرمىش. ئون بەش كېچە تاڭ ئاتقۇچە كۈتتۈم، ئۇنى كۆرەلمىدىم. ماڭا خاپا ئىكەن، شۇڭا كۆرۈنمىدى ...

ئاسىم چاۋۇش ھەمزەنىڭ بۇ سۆزلىرىگە كۈلۈپ كەتتى، يۈزبېشى پاروخ ھەم ...

ھەمزە خېلى كۈنلەردىن بېرى ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن قورقۇنچىسىنى تىترىگەن، يىغلامسىرىغان، ئۈمىدىنى ئۈزگەن، ئېشەنچسىز بىر ئاۋازدا سۆزلىمۇەتتى:

— ئەمما، ئۇ مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنى بىلىۋاتىمەن. ئۇ بۇ يەردىلىكىمنى ئاڭلاپ بۇ يېزىغا قايتىپ كەلدى، مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كېنىگە ياندى. بۇنى بىلمەيدىمەن! چۇقۇر ئوۋادىن كەلمىگەن بولسام كاشكى. دادامنىڭ ماكانى ۋەيران بولۇپ كەتتى، دادامنىڭ جىرىغى ئۇچۇپ قالمىسۇن دەپ كەلدىم، مانا ئەمدى شېرىن جېنىمدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم. مېنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئۇ « مېنى ئۆلتۈرىدۇ » دەۋېتىپ، ئاسىم چاۋۇشنىڭ، يۈزبېشىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قايتا - قايتا قارايتتى، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئۇنى قۇتۇلدۇرغۇچى، ئىشەندۈرگۈچى، ئۈمىدلەندۈرگۈچى گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتى.

ئاسىم چاۋۇشنىڭمۇ، يۈزبېشىنىڭمۇ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش يوقاپ كەتتى. يۈزلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇلار مەمەتنىڭ ھەمزەنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تاغلارغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى مەمەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كۈنىلا ئۆزئارا سۆزلەشكەنىدى. ئاسىم چاۋۇش: « ھېچ ئىلاجى يوق، مەمەت ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىدۇ. ھەمزەنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ مەمەت قولغا

چۈشمەيدۇ » دېگەنىدى.

ئۇلار بىلەن ئىتتىشقان چېغىدىمۇ، مەمەت « چاۋۇشۇم، ئىشىم بار» دەپ يالۋۇرغان چاغدىمۇ ئۇنىڭ ئىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم چۈشەنگەنىدى. مەمەت قىلىمەن دېگەن ئىشنى چوقۇم قىلاتتى.

— مېنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇنداقمۇ چاۋۇشۇم؟ ئۇنى ھېچكىم، سەنمۇ، ئارىپ سايىم بەگمۇ، مۇستاپا كامال پاشامۇ، ئۇلۇغ خۇدامۇ توسۇپ قالالمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

چاۋۇش جاۋاب بەرمەيتتى.

— شۇنداقمۇ، يۈزبېشىم؟

يۈزبېشى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ مۆل - مۆل قارايتتى.

— ئۆلتۈرىدۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، يۈزبېشىم، دېيىشكە تىلىڭىز بارمايۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

كۆتەكلەر كۆيۈۋاتقان چوڭ ئوچاقنىڭ نېرىسىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇشاتتى. چاراسلاپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ چوغلىرىغا كۆزلىرىنى تىكىشەتتى، بىر ئېغىز گەپ قىلىشمايتتى.

ھەمزە بىرنەچچە قېتىم « ئۇھ، ئۇھ ... ئۇھ » دېدى، ئورنىدىن تۇردى، يۇلتۇزسىز كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا، جىلغىنىڭ تۈۋىنىگە قاراپ ماڭدى.

— يارەببىم! شۇ تاشقا جان بەرگىن، ئۆلگەنگە جان كىرگۈزگىن! ئوچاقتىكى قىپقىزىل كۆيگەن كۆمۈرگە جان بەر. قورۇغان دەرەخكە، يوپۇرماقلارغا، كور كۆزلەرگە نۇر بەر! يورۇقلۇق بەر! ...

مىڭ پۇشايمان قىلاتتى. ئىتلارچە پۇشايمان قىلاتتى. شۇ يىتتىرەك ئوغلى، ئاھ شۇ يىتتىرەك ئوغلى! ۋاي غالجىر ئىت! ئۇ ئەزىز جېنىمنى ئالىدىغان بولدى.

— ئۆلمەي تۇرۇپ شۇ يىتتىرەك ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى قاراڭغۇلۇققا قاراپ.



ئۆلۈمنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ يىتتىرەك ئوغلىغا بولغان غەزىپى ئارتاتتى.

« ھەي نومۇسسىز، ئۇنىڭ ئەقلىگە نەدىن كەلدىم؟ چوقۇر ئوۋاغا بېرىپ ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، خالىغانچە ياشاۋاتاتتىم. ئىككى دۇنۇم يەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن مېنى ۋەيران قىلدىڭ، شېرىن جېنىمغا قەست قىلدىڭ. قانداق قىلاي، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ شۇ يۈزبېشىمۇ شۇنچىلىك كۆپ تۇزۇمنى، ئاش - نېنىمنى، شۇنچىلىك جىق قوزامنى، مايلىرىمنى، ھەسەللىرىمنى يېگەنىدى. مانا ئەمدى قاراپ تۇرۇپ ھالىمغا كۈلۈۋاتىدۇ. ماڭا دارغا ئېسىلغان بىر ئادەمگە قارىغاندەك قارايدۇ. ھەي يىتتىرەك، مەن ئۆلمەي تۇرۇپ قۇشنىڭ بوينىدەك ئىنچىكە بوينۇڭنى سىقىپلا ئۆلتۈرۈۋەتمەمدىمەن؟ سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ... ھەممە ئىش سېنىڭ كاساپىتىڭدىن! »

كىچىك بىر ئۆستەڭ سۈيى كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قارىماستىنلا سۇغا كىردى، تېزلا سۇنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتتى، قاراڭغۇ تەكشى چۈشكەنىدى.

ھەمزە كېچىدە — دەرد - ئەلەم ئىچىدە بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئاخىر ئەلى توكۇرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۆيىنىڭ چىرىغى تېخى ئۆچمىگەنىدى. بەلكى ئەلى توكۇرمۇ بۇ كېچە ئۇخلىمىغاندۇ. ئۇمۇ، شۇ بىچارىمۇ جان قايغۇسىدا. « ئۇنىمۇ مەن بالاغا تىقتىم » دەپ ئويلىدى ھەمزە.

ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن ئىچىگە قارىدى. ئەلى بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ، پاچاقلىرىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ، ئىڭىكىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇراتتى.

— ئەلى ئاغىنە، ئەلى بۇرادەر! — دېدى.

ئەلى شۇ زامان ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئۆلتۈرىدۇ ! — دېدى، — بىرىنچى بولۇپ، بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. تاغلارغا بىزنى دەپ كەلدى. ئۆلتۈرىدۇ !

— ئۆلتۈرىدۇ ! — دېدى ئەلى بېشىنى سىلىپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھى چىقىپ كەتكەندەك تۇراتتى.

— مېنى دەپ كەپتىكەن، — دېدى ھەمزە.

— بىز ئۈچۈن كەپتىكەن، — دېدى ئەلى.

— چوقۇر ئۇۋادىن كەلمىگەن بولسامچۇ كاشكى، سېنىمۇ ئوتقا سالدىم، ئەلى، سېنىمۇ ... سېنىمۇ مەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىم. ماڭىمۇ پىترەك زامىن بولدى. كاشكى ...

— كاشكى، — دېدى ئەلى، — دىكەنلى تۈزلەڭلىكىگە باشقا بىرى ئاغا بولاتتى. باشقىسى ئۆلەتتى.

— باشقىسى ... — دېدى ھەمزە.

— ئۇنى قانداقمۇ قاچۇرۇپ قويۇشقاندۇ؟ جىلغىدا قورشىۋالدى، قاچۇردى. چولاقنىڭ تۈگمىنىدە قورشىۋالدى، قاچۇردى. يالغۇز بىر ئادەمنى بىر بىرىگادا ژاندارما ...

— بېلىقتەك، — دېدى ھەمزە، — قولدا، ئالىقاندا تۇرمايدۇ. ئۇچقان قۇشقا ئوخشاش، ھازىر بۇ يەردە، بىردەمدىن كېيىنلا چوقۇر ئۇۋادا. يەل تاپان مۇسادەك ... ئۇنىڭدىنمۇ يامان !

— يەل تاپان مۇسا: « بۇ ئادەم مەندىنمۇ ئىتتىك يۈگۈرىدۇ، مەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىزىنى قوغلاپ تاپىتىم، ئۇچۇۋاتقان قۇشنىڭ، قېچىپ كېتىۋاتقان جەرەننىڭ، سېرىق چۈمۈلىنىڭ، قىرىقئاياغنىڭ، جېنى بار جىمى مەخلۇقنىڭ ئىزىنى تاپىتىم، لېكىن مۇشۇ ئادەمنىڭ ئىزىنى قوغلىيالمىدىم، تاپالمىدىم » دەيدۇ. بۇ ئادەمدە بىر ھېكمەت بار، قالتىس بىر ھېكمەت !

— ئەلى، قانداق قىلىمىز، بىرەر چارە تاپقىنا، ئەلى، بىر ئىلاجىنى قىلغىن، ئەزىز جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرايلى.

— ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى ئەلى، — ئاھ، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. قانداق قىلىمىز.



— بىر يەرگە قاچايلى، كىشى بىلمەيدىغان بىر يەرگە قاچايلى !

— ئۇ تېپىۋالىدۇ، چوقۇم تېپىۋالىدۇ، — دەپ ئىڭرىدى، — يىلاننىڭ تۆشۈكىگە كىرىۋالساقمۇ، قۇشنىڭ قانىتى ئاستىغا يوشۇرۇنساقمۇ تېپىۋالىدۇ. بىزنى تېپىۋالىدۇ. ئىككىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىككىمىزنى قان قۇستۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۆيىمىزدە ھېچكىمنى قويمايدۇ ...

— ژاندارمىلار ئۇنى ئۆلتۈرمەسمۇ؟ چوقۇر ئۇۋاتىنىڭ ئاغىلىرى، ئارىپ سايىم بەگلەرچۇ؟

— ئۇنى ھېچقانداق كىشى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئوق تەگمەسە ! ئۇنىڭ يالغۇز كۆزلىرىگىلا ئوق ئۆتىدۇ، دېيىشىدۇ. بىر كۈنى بىر تاغدا يامغۇردا قاپتۇ. ئۇزۇنتۇرا جايىپار بىلەن رەجەپ چاۋۇشمۇ يېنىدا ئىكەن. يوغان بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋېلىشىپتۇ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە توختىماستىن چاقماق چۈشۈپتۇ. دەل ـ دەرەخلەر تۇمان ئىچىدە قاپتۇ. دەرەخنىڭ ئاستىدىن قېچىپتۇ. يېنىدىكى بىر قىيا تاشنىڭ ئاستىغا كىرىۋاپتۇ. چاقماق توختىماستىن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ، دەرەخ يارغانسىرى كۆچىيىۋاتقان بىر يورۇقلۇق چەمبىرىنىڭ ئىچىدە قاپتۇ. يورۇقلۇق يارغانسىرى پارقىراپتۇ. ھېچكىم يورۇقلۇققا قارىيالماپتۇ. قانچە چاققان چاقماق دەرەخ ئۈستىگە چۈشۈش بىلەن مەمەتنىڭ بىردىنلا قىيا تاشنىڭ تۈۋىدىن دەرەخ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قولىدا تۈگمىچىلىك، قارىسا كۆزلەرنى كور قىلىۋەتكۈدەك نۇرلۇق بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. مەمەت: « مانا بۇ چاقماق. چاقماقنى تۇتۇۋالدىم » دەپتۇ. چاقماقنى تومار خالتىسىغا سېلىۋاپتۇ. « قېنى رەجەپ چاۋۇش، ماڭا بىر پاي ئوق ئات ! » دەپتۇ. رەجەپ چاۋۇش ئاتالماپتۇ. « چاۋۇش، سەن ماڭا ئوق ئاتمىساڭ، مەن ماڭا ئوق ئاتىمەن، قېنى ئات ! » دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. چاۋۇش قاراپ باقسا، مەمەت راستتىنلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك. قانداق

قىلىش كېرەك؟ مەمەت ئالدىدا نىشان تاختىسىدەك تۇرۇپتۇ. توختىماستىن «قېنى چاۋۇش، ئات!» دەپ تۇرۇپتۇ. چاۋۇش نېمە قىلارىنى بىلمەيتۇ. ئىلاجىسىز قارىغا ئاپتۇ. شۇ سارىڭ نىجىستى ئۆلتۈرۈپ قويىماي دەپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېتىپتۇ ... كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، مەمەت كۈلۈپ تۇرغۇدەك. «ئاتالمىدىڭ!» دېگۈدەك! يەنە بىرنى ئېتىپتۇ، يەنە بىرنى ... يەنە قارىسا، ئوقلار مەمەتنىڭ بەدىنىگە تېگىپ توكۇر - توكۇر قىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭغا ئۆتمەيتۇ. پەقەت بەدىنىدە بۈرگە چاققاندەك بىر ئىز قاپتۇ. مەمەت: «چاۋۇش، مەن چاقماقنى تۇتۇۋالدىم. چاقماق كىمدە بولسا ئۇنىڭغا ئوق تەگمەيدۇ» دەپتۇ - دە، چاقماقنى چاۋۇشقا ئاتاپ قويۇپتۇ ۋە ئوق ئېتىشقا باشلاپتۇ ... ئوقلار چاۋۇشقا تېگىپتۇ - يۇ، توكۇلۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ ...

— بۇ راست، — دېدى ھەمزە، — ئۇنداق بولمىسا، شۇنداق چىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىگە ئېلىنۇۋالغان شۇتچىلىك جىق ژاندارمىنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلاتتى؟ توغرا دېسەم، بىرنى ئۆلتۈرىدۇ، ئەلى. بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوقمۇ؟ بىر يەرگە مۇكۇنۇۋالساق ياكى باشقا يۇرتلارغا قاچساق ... تۇمۇر ئۆيلەرگە كىرىۋالساق ...

— ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى ئەلى.

— يالۋۇرساق، يىلىنساق، ئايىغىغا يىقىلساق ...

— ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— زادى قۇتۇلغىلى بولمامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى ئەلى، — بىراق كىچىككىنە بىر ئۈمىد بار، يىگنىنىڭ ئۈچىدەك بىر يورۇق.

— ئۇ نېمە؟ — دەپ ئازراق جانلاندى ھەمزە.

— ئۇ بولسىمۇ ھۆرى ئانا. ھۆرى ئانا مەمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ھەمزەنى كەچۈرۈۋەت دېسە، بەلكى سېنى كەچۈرۈشەر. ھۆرى ئانا سەن ئۈچۈن مەمەتكە گەپ قىلىشى مۇمكىن، بىراق



مەن ئۈچۈن ... ئۆلسىمۇ ئاغزىنى ئاچمايدۇ.

— قېنى، ھۆرى ئانىنىڭ قېشىغا بارايلى. ئالدى بىلەن مېنى ئەپۇ قىلدۇرسۇن ... ئاخىرى ئاسان، مەمەتكە بىر يېزىنى بېرىمەن، سېنىمۇ ئەپۇ قىلدۇرىمەن. قېنى، تېز بول، ماڭايلى، — دېدى ھەمزە.

ئورنىدىن تۇرۇشتى. ھۆرى ئانىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى. ئىشىكنى ئاستا - ئاستا قاقتى.

— تۇرۇپ تۇر، بالام، — دېدى ھۆرى ئانا، — تۇرۇپ تۇر، باتۇرۇم. ھازىر كېلىمەن، چىراغنى يېقىپ چىقاي. ئاڭلىدىم، ھەممىنى ئاڭلىدىم. ئۇ دىنسىزلارنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپسەن. كاپىرلارنىڭ ياربدارلىرى ئىشىك ئالدىدا ئۈچ كۈن ئىڭراپ ياتتى. ئازراق كۈتۈپ تۇر، مەستىمەن، ھۆرى ئانىڭ ساڭا قۇربان بولسۇن. ساڭا ئوقلارمۇ ئۆتمەسمىش، نېمە ئۈچۈن ھۆرى ئاناڭغا بۇنى دەپ قويمىدىڭ. بىلگەن بولسام ئۇيقۇمنى خاتىرجەم ئۇخلىماسمىدىم. گۈلدەك ئېچىلماسمىدىم. سەن تاغلاردا كېزىپ يۈرگىنىڭدە ماڭا ئۇيقۇ ھارام بولغانىدى ... ئۆز ئانىسىغىمۇ دەپ قويمىغان بارمۇ؟

ئىشىكنى ئاچتى، ئېچىش بىلەن تەڭ:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپلا ئىشىكنى تاقىۋالدى. قولىدىكى چىراغمۇ يەرگە چۈشتى. چىراغنى يەردىن ئېلىش بىلەن، — سىلەر كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەلى توكۇر ھەمزەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— سەن سۆزلە، مېنىڭ ئېتىمنى چىقارما، قېنى سۆزلە.

— مەن ھەمزە، ھەمزە ئاغا بولىمەن.

— ھەي ئىت! سەن نەدە يۈرۈپ ئاغا بولىسەن، تېخى سەن كۈچۈك، ئادەم ئەمەسسەن. ئالدى بىلەن ئىت بولغىن - دە، ئاندىن كېيىن ئاغا بول! بۇ يېرىم كېچىدە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

— ئانا، ئازراق سۆزۈم بار ئىدى.

— سەن بىلەن قىلىشىدىغان ھېچقانداق سۆزۈم يوق.

ئېرىمنىڭ قاتىلى بىلەن، ئىككى قولى بىلەككىلىرىگىچە قانغا بويالغان بىر زالىم بىلەن سۆزلىشەمدىم؟ ... ماڭ، ئىشىكىمدىن يوقال!

— ئانا، مەن ساڭا بىرنەرسە دەي، بەك مۇھىم!

— يوقال كۆزۈمدىن! سېنىڭ ئىپلاس يۈزۈڭگە قارىيالمايمەن. بالىلارنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرگەنمۇ سەن، مۇنداق كاپىرنىڭ چىرايىغا قارىيالمايمەن.

— قۇربانىڭ بولاي، ئانا!

— ئىشىكىمدىن كەت نېرى! ھەي ئىت! سەن دېھقانلارنى بىر پارچە نانغا خارۇزار قىلدىڭ.

— پۇتلىرىڭغا باش قوياي، ئانا، ئىشىكنى ئاچقىن!

— يوقال، ھەمزە تاز! ماڭ نېرى! ئىشىكنى ئاچمايمەن. شۇنچە كەڭ كەتكەن تورۇسنىڭ ئۇنىڭ، ئون ئۈچ مىڭ، ئون ئالتە مىڭ، مىڭ - مىڭلاپ ئادەمگە بىزنى مازاق قىلدۇرغان سەن!

— ماڭا قارا، ئانا، ساڭا نېمە دېمەكچىمەن؟ بىلەمسەن، ساڭا دېيدىغان بىر خەۋەر بار، بىر خۇش خەۋەر ... بۇ خەۋەرنى ئاڭلىساڭ شۇنچىلىك خۇشال بولىسەنكى، ساراڭ بولۇپ كېتىسەن. چىرايلىق ئانا، ئەقىل - ھوشۇڭنى يوقىتىپ ساراڭ بولىسەن!

— يوقال ھەمزە تاز! ئىشىكىمدىن نېرى كەت! سېنىڭ قانلىق پۇتلىرىڭ، ھارام بەدىنىڭ بۇ ئىشىكتىن ئىچكىرىگە ئاتلىيالمايدۇ. ماڭ يولۇڭغا، يوقال ئىپلاس تاز. شۇ خەۋەرنى ئۆزۈڭگە دەۋال. مېنى تىرىلدۈرىدىغان، پۈتۈن دۇنيانى ماڭا بېغىشلايدىغان خەۋەر بولسىمۇ خالىمايمەن. مېنى ئۆلتۈرۈۋەت-سەڭمۇ يۈزۈڭگە قارىمايمەن، شۇ ئىپلاس چىرايىڭغا! ...

ھەمزە يالۋۇردى. ھۆرى ئانا «ماڭ، كەت!» دېگەندىن باشقا سۆز قىلمىدى. ھەمزە بىلەن ئەلى توكۇر ھۆرى ئانىنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىدە تاڭنى ئاتقۇزدى. ھۆرى ئانىمۇ ئۇخلىيالمىدى، تاڭ



ئاتقۇچە ئورنىدا ئۆيان - بۇيانغا ئۆرۈلدى، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ چىقتى.

كۈن نۇرى يېزىغا چۈشۈش بىلەن تەڭ ئىشىكنى ئاچتى. ھەمزە تازنىڭ بېشىدىكى ئەلى توكۇرنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— دېمەك، جان قايغۇسىغا چۈشۈپسىلەر - دە، شۇنداقمۇ. مەستىمدىن قورقۇپ ئۆتۈڭلار تېشىپ كەتتىمۇ؟

ھەمزە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھۆرى ئانىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى:

— ئانا، مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق. سەن مەمەتكە دېگىن، مېنى ئۆلتۈرمىسۇن، مەن ساڭا ئۈچ دانە، ئون دانە ئالتۇن سىرغا ئېلىپ بېرىمەن.

ھۆرى ئانا يىرگىنىش بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىدىن قولىنى تارتىۋالدى.

— ھەي تاز! ئىشىكنى قىل! يوقال كۆزۈمدىن! مەن يېڭى كېلىن بولاي، شۇنداقمۇ؟ سېنىڭ ماڭا ئېلىپ بەرگەن نەرسىلىرىڭنى تاقاپ توي قىلغان قىزلاردەك ئولتۇرايمۇ؟ كېلىن بولۇپ دۈرمۇش ئەلنىڭ مازارىدا ئۇسسۇل ئوينايمۇ؟

توكۇرغا قاراپ كۈلدى:

— جان قايغۇسىدا قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ جان قايغۇسىغا چۈشتۈڭلار! مەمەت مېنىڭ ھېچ نەرسەم ئەمەس، مەنمۇ مەمەتنى كۆرەلمەيمەن. كۆرگەن ھالەتتىمۇ گېپىمنى ئاڭلىتالمايمەن. توكۇرغا مەلۇمكى، ئەگەر مەمەت مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغان بولسا، شۇ توكۇر ھازىر بۇ يەردە تۇرمىغان بولاتتى. قارا تۇپراق ئاستىدا چىرىپ كەتكەن بولاتتى. يولۇڭلارغا مېڭىڭلار، شۇمتەكلەر! كېتىڭلار! مەندىن سىلەرگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ. مەن سىلەرگە ياردەم قىلالمايمەن. ئەگەر قىلىدىغان بولسام ... قىلغان ھالەتتىمۇ ...

ھۆرى ئانا ئىشىكنى تاقاپ يېزىنىڭ ئىچىگە ماڭدى. ئەلى

بىلەن ھەمزە تامنىڭ تۈۋىدە قاراپ قالدى.

ھۆرى ئانا بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ بوراندەك غەزەپكە كېلىپ، بېزىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈردى. بېزىدىكى ھەممىلا ئادەمگە نەپرەت بىلەن قارايتتى. ھۆرى ئانىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر دېھقان ئۆتى كۆرۈش بىلەنلا بېشىنى سىلىقلاتتى، چىرايىغا قاريالمايتتى.

ھەمزە بىلەن ئەلى توكۇرنىڭ ھۆرى ئانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئۆتنىگا ئاق ئاتقۇچە يالۋۇرغانلىقلىرىنى دېكەنلى تۈزلەڭلىكىدىكى بەش بېزىنىڭ خەلقىمۇ ئاڭلىدى. بۇ خەۋەر قورقۇش ھالىتىدىكى يېچىرلاشلار بىلەن ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن تورۇسقا تارقالدى.

ھۆرى ئانا ئۇلارغا ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەستىن شۇنداق دېگەنمىش:

— ھەي ئىتلار، ئىشىكىمدىن يوقىلىڭلار. ئۇ مەمەت ئاۋاق سىلەرنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، ئەمدى مەن ئۆلتۈرىمەن. شۇ قوللىرىم بىلەن سىلەرنى بوغۇپ تاشلايمەن. مەن مۇشۇ كۈنلەردە مۇشۇ كۈنىنى كۈتۈپ يۈرەتتىم. ھەي كاپىرلار! مەن مۇشۇ ياخشى كۈننى كۈتكەنىدىم ... چۈشەندىڭلارمۇ؟ بۇ ئىشىكتىن قىزىل جاقسىيانىڭ قاپلانلىرى، ئاقچەسازنىڭ ئەجدىھاسى، يىلان قەلئەسىنىڭ يىلانلىرى، قىرىقسۇنىڭ توڭگۇزلىرى كىرسە كىرىدۇكى، سىلەر كىرەلمەيسىلەر. مەمەتمۇ يات يېقىندا سىلەرنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭدىن رازى بولمايمەن ... بولمايمەن. رازى بولمايمەن، بىلدىڭلارمۇ؟

دېھقانلار ھۆرى ئانىنىڭ سۆزلىرىنى بىرنى مىڭ قىلىپ سۆزلىشەتتى، مەيلى ياخشى، مەيلى يامان گەپ بولسۇن، ئۇيلىشىپمۇ كۆرۈشمەيتتى. سۆزلىگەنلىرىدىكى ئاۋازلىرىدىن، چىرايلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن ھېچ نەرسىنى بىلىپ بولمايتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ۋەقەلەرگە نىسبەتەن قانداق قىلىشلىرىنى بىلىشەلمەيتتى.



## 40

قارا ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈكىنى بىر ئاتقا ئارتىپ ناھىيەگە ئەكېلىشتى ۋە ناھىيەنىڭ قەبرىستانلىقىغا كۆمۈشتى.

ناھىيە تاغلارنىڭ ئېتىكىگە، بىر جىرا باشلانغان تۈزلەڭنىڭ تۈگىگەن يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيەنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر دۆڭ بار ئىدى. دۆڭنىڭ تۈۋىدىن ساۋۇرۇن دەرياسى سۈپسۈزۈك ئاقاتتى. دەريانىڭ ئۈستىدە ئاق كەفەنىڭ[1] تاشلىرىدىن ياسالغان كۆۋرۈك چىمەنلىكنىڭ. سۇنىڭ ئۈستىگە يېپىشتۇرۇلغان چىرايلىق ئويۇنچۇق كۆۋرۈكلەرگە ئوخشايتتى. ئەرمەنلەر تاشلاپ كەتكەن مەھەللە خارابىلىشىشقا قاراپ يۈز تۇتقانىدى. ھازىر بۇ يەردە شەرقىي ئاناتولىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن كۇردلار ياشايتتى. ئۇلار ناھىيەدە بولۇۋاتقان ھېچقانداق ۋەقەگە ئارىلاشمايتتى. سوقما تاملىق ئەرمەن ئۆيلىرىدە ئولتۇراقلاشقان كۇردلارنىڭ مەھەللىلىرىدە دائىم دېگۈدەك كۇردچە ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى چوقۇم كۇردلار تاش ـ توقماقلارنى كۆتۈرۈشۈپ بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشاتتى. قوللىرى سۇناتتى، باشلىرى يېرىلاتتى. ناھىيەنى باشلىرىغا كىيىشەتتى. ناھىيەدىكىلەر بۇ سوقۇشۇشلارغا ئۆگىنىپ قېلىشقانىدى.

قەدىمكى ئەرمەن مەھەللىلىرىدە يوغان زەيتۇن دەرەخلىرى، ئەنجۈر دەرەخلىرى ئىسسىقتا توپىلارغا كۆمۈلۈپ، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ تۇراتتى. خارابلاشقان ئەرمەن مەھەللىلىرىدە خارابىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەپيۇن گۈللىرى. ئەپيۇن گۈللۈكلىرى ئارىسىدىكى ئۇزۇن قارا يىلانلار بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ياتتى. ئەپيۇن گۈللىرى ئېچىلىش بىلەن مەھەللە گۈزەللىشىپ كېتەتتى. ھەربىلەرنىڭ، كېپىنەكلەرنىڭ، قىزىل يىلانلارنىڭ ئويۇنلىرى

---

[1] كەفەنىڭ — بىر خىل قاتتىق تاش.

ئەپيۇن گۈللىرى تۆكۈلۈپ كەتكۈچە داۋام قىلاتتى.

ناھىيەنىڭ ئۈستىنى ھەر كۈنى ئامازدىگەردىن كېيىن بوز رەڭ بۇلۇتتەك، يارغاتسىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدىغان، كېڭەيمىدىغان، ئادەمنى نەپەس ئالدۇرمايدىغان بىر چاڭ - توزان قاپلاپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ، دۇكانلارنىڭ ئىچى، ئادەملەرنىڭ كىيىملىرى، يوغان شېغىل تاشلار تۆكۈلگەن پىيادىلەر يوللىرى قېلىن توپا قاتلىمى ئاستىدا قالاتتى. يىراقتىن قارايدىغان بولسا ناھىيە قىزىل خىشلىرى، گۈللىرى ئېچىلغان ئەپيۇن باغچىلىرى، زەيتۇن، ئەنجۈر، چىنار، پەنجىرىلەردىكى ئەينەكلىرى، كۆۋرۈكى ۋە ياپيۇزلۇقلىرى بىلەن ئاپپاق — داغسىز ھالىتىدە كۆرۈنەتتى.

ئاغزى - بۇرنى چاڭ باسقان ئادەملەر توختىماستىن سۆزلىشەتتى. بىر - بىرىنى ئىتتىرىشەتتى. خىزمەتچىلەر، ئاغىلار، بايلار ئارىپ ئوغلىنىڭ ئاشخانىسىدا باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىشىپ قىزىق پاراڭغا چۈشەتتى. قول ئىلكىدە بارلار، ھۈنەرۋەنلەر بولسا تەۋپىقنىڭ قەھۋەخانىسىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بازار بولۇۋاتقان يەرلەردە بىكار ئايلىنىپ يۈرگەن دېھقانلار ...

ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ ھەرقانداق ئىشىنى بىلەتتى. بۇ ناھىيەدە يوشۇرۇنۇپ قالغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. ئارىپ سايىم بەگ بىلەن ئىدرىس ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى، ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئوت قويۇشىنى، ئىدرىسنىڭ يامان ئەھۋالىنى ھازىرغىچە بەلكى مىڭلاپ كىشى سۆزلەشكەندۇ. بۇ ئۇرۇشنى داستاندەك سۆزلىشەتتى. ئەلى ساپا باي بىلەن ۋىلىۋاي دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىمۇ ئەڭ ئىنچىكە يەرلىرىگىچە زىغىرلاپ سوراپ بىلىشەتتى. ھەر ئىككى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى زور ھاياجان بىلەن كۈتۈشەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارىپ سايىم بەگ ئۆز خوتۇنىنىڭ ئىنىسىنى ئېتىزلىرىنى بەرمىگەن چېركەسلەر بىلەن بىللە قارچىلىقتا ھەيدىۋەتكەن ۋە قامچا بىلەن ئۇرۇپ



ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ چېركەسلەرگە ئىچىنى ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا قارشى قويغانمىش. ئارىپ سايىم بەگ بولسا غەمخور خوجايىن بولغىنى ئۈچۈن مانا ساڭا ئەمەسمە، دەپتۇمىش. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئوتتۇرىدا بىر خوتۇن دەۋاسى بارمىش. ھەر خىل سەۋەب كۆرسىتىشەتتى، بىراق ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگىنى ياش يىگىتنىڭ ئارىپ سايىم بەگنىڭ قامچىسى ئاستىدا جىغانلىقلارنىڭ تىكەنلىرى ئارىسىدا جان بەرگەنلىكى ئىدى.

ئەلى ساپا بەگ بۇنىڭدىن كېيىن ۋىلىۋايلىقلارنى نېمە قىلماقچى؟ ھازىر قايسى خىلدىكى قورقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى؟ ھەركىم ھەرنېمە دېيىشەتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قانداق قىلىشى، دېھقانلارنىڭ بۇنىڭغا قارشى قانداق ئىشلارنى قىلىشلىرى ھەققىدە زور قىزىقىش بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشاتتى.

دېھقانلارنىڭ ئاخىرقى ھەرىكەتلىرى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغان. ناھىيەدىكى ھېچقانداق كىشى بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە بىر - ئىككى كۈن ھېچقانداق خۇلاسىگە كېلەلمىگەنىدى. ئەلى ساپا باينىڭ خامانلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشى، ئاتلىرىنىڭ ئوغرىلىنىشى يېڭى ئەھۋال ئىدى. دېھقانلارنىڭ مۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلغۇدەك كۈچىمۇ ۋە ئادەتلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنداق بولسا بۇ نېمە؟ نېمە ئۈچۈن؟

مەمەت ئاۋاقنىڭ قايتىدىن تاغلارغا چىقىشىمۇ ئاجايىپ بىر ۋەقە ئىدى. ھازىرغىچە ناھايىتى كۆپ قاراقچى ئۆز ئىشلىرىنى قىلىپ، خالىغان يەرلىرىگە بارغاندىن كېيىن بېشىنى ئېلىپ كەتكەن، كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ئىككىنچىلەپ تاغلارغا قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇزاق يىللاردىن كېيىن بەلكى بۇ قاراقچىلارنىڭ بىر - ئىككىسى قايتىپ كەلگەن بولۇشى ھەم مۇمكىن، بىراق ھېچكىم ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارىمىغان! قايتىپ كەلگەن قاراقچىلارنىڭ ئەڭ لۈكچەكلىرىمۇ تۆت - بەش كۈن، ئەڭ

كۆپ دېگەندە ئون بەش كۈندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. بۇ مەمەت ئاۋاق بولسا تاغلارغا بۆركۈتتەك تېز كەلگەن. قارا ئىبراھىمدەك بىر كونا قاراقچىنى دەسلەپكى ئۇرۇشتىلا ئۆلتۈرگەن، بىر توپ ژاندارمىنى يارىدار قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنلا كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

ئەلى ساپا بايدىن باشقا ھەممە ئادەم ۋاڭۋاي دېھقانلىرىنىڭ ئىرىلىشلىرىنى، قارشى تۇرۇشلىرىنى مەمەتتىن كۆرەتتى. مەمەت ھەققىدە ھەر خىل گەپ تارايتتى. بىراق ياكى چۇقۇر ئوۋادا، ياكى تاغلاردا ئاسىم چاۋۇشتىن باشقا مەمەتنى كۆرگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئاسىم چاۋۇش مەمەتنىڭ دىققىتىدىكى ئادىمى ئىدى. ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى. كىم بىلىدۇ، بەلكى تاغلاردا يۈرگەن مەمەت بولماستىن، مەمەتنىڭ ئىسمى بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەن بىرىدۇ. لېكىن، ئۇ مەمەت بولمىغان تەقدىردە مۇنداق سوقۇش قىلالامتى؟ بىر پولك ژاندارمىنى ئالدىغا سېلىپ تۇرۇس تېغىدىن چۇقۇر ئوۋاغىچە قوغلىيالايتتىمۇ؟

مىلتىقلىرىنى، ئاياغلىرىنى تاغلاردا تاشلاپ كەلگەن، قېچىشتىن ئىمانلىرى ئۇچقان ژاندارمىلار جان قايغۇسىدا «يا خۇدايىم، ئۆلدۇق!» دېيىشىپ ناھىيەگە تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار: «شۇ مەمەت ئاۋاقنىڭ قولىدا ئۆلىدىغان بولدۇق، يائاللا!» دېيىشەتتى.

مەمەت ئاۋاق ژاندارمىلارغا قارشى بەش ياكى ئون كىشى بىلەن كەلمەيتتى، يەردىن ئۈنگەندەك، ئاسماندىن چۈشكەندەك، يۈزلەپ ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلەتتى. خۇددى ئۇنىڭ قوينىدا بىر پارچە چاقماق باردەك بىلىنەتتى ...

ئەلى ساپا باي ناھىيەدە تەۋپىقنىڭ قەھۋەخانىسىدىن ئايرىلىپ ئوغلىنىڭ ئاشخانىسىغا، ئۇ يەردىن ژاندارما ئىدارىسىگە، ئۇ يەردىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، سوت ۋەكىلى، سىياسەتچى ئەخمەتنىڭ قېشىغا، سىياسەتچى ئەخمەتنىڭ قېشىدىن پوچتىخانىغا موكىدەك كىرىپ چىقاتتى.



قەلبىدىكى قورقۇش بارغانسېرى كۈچىيەتتى. دېھقانلارنىڭ قوزغىلىشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ زادىلا تاپالمايتتى. ھېچقانداق سەۋەبنى جەزم قىلالمايتتى. ھېچقانداق سەۋەب ئۇنى ئىشەندۈرەلمەيتتى. مەمەت ئاۋاقمۇ؟ ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئېھتىمال ئىدى ... بۇ ئىشنى قىلسا يەنە شۇ ئارىپ سايىم بەگ قىلالايتتى. ئارىپ سايىم بەگكە تايانماستىن دېھقانلار بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمايتتى.

«بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز، — دەيتتى ئەلى ساپا باي، — ئارقىسىدا قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولمىسا ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئۇلار ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىگە ئىشەنمەيدۇ ... يالغۇز بىر مەمەت ئاۋاققا ئىشىنىپ خامانلىرىمغا ئوت قويالمايدۇ، ئاتلىرىمنى ئوغرىلىيالمايدۇ، ئادەملىرىمنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. بۇرادەرلەر، بىز ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا، ھۆكۈمەت باشقا بىر خىل سىياسەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنجى قېتىملىق ئويۇننى بىشىمنىڭ ئۈستىدە ئويناۋاتىدۇ. بۇرادەرلەر، دىققەت قىلايلى، بۇ ئىشلارنى ئارىپ سايىم بەگ قىلدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ چۇقۇر ئوۋادا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئىگە بولۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا، مال - مۈلۈككە نېمە ئېھتىياجى بولاتتى؟ ... يۈتۈن تۈركىيە ئۇلارنىڭ ئەمەسمۇ؟ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئادەملىرىنىڭ يەر ئىگىسى بولۇشلىرىنىڭ سەۋەبى مانا ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى. ھازىر چۈشىنىلمەكتە. مۇداتىيەدە ژېيتۇنلۇقلارنى ئىشغال قىلىشلىرىنىڭ، ئېگەيدە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قورۇشلىرىنىڭ سەۋەبى ئاشكارىلاندى ... مانا ھەممىسى چۈشىنىشلىك بولدى. ئىنقىلاب ئاخىرلاشمىدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئادەملىرى ھەر خىل باھانە بىلەن ئاناتولىيەگە تارقىلىشتى. ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ. كېيىنچە قاتتىق زەربە بېرىدۇ، دېھقانلارنى خوجايىن قىلىشىدۇ. ئىنقىلاب چوڭقىيىدۇ.

تەرەققىي قىلىدۇ، بۇ ئىشلار ئارىپ سايىم بەگنىڭ كاللىسىدىن چىقىدۇ. مەمەت ئاۋاقمۇ ئۇنىڭ كاساپىتى.»

ئەلى ساپا باينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇنازىرىلەشمەيتتى، جىم تۇرۇۋشاتتى. ئەلى ساپا باي ھەقلىق بولۇشى مۇمكىن، جۇمھۇرىيەت يېڭىلىقلارغا قاراپ يۈزلەنمەكتە ئىدى، بۇنىسى ئېنىق. يېڭى ئىنقىلابنىڭ يۈراقلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس ئەنقەرەدىن ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى، بۇ ھەم ئېنىق.

نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە ئەلى ساپا باي ئۆزىنىمۇ، ناھىيەدىكى ئاغىلار ۋە بايلارنىمۇ بۇ ئىشنى ئارىپ سايىم بەگنىڭ قىلمىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ بولدى. ئارىپ سايىم بەگ بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلاتتى؟ يۇقىرىدىن بىرەر بۇيرۇق بارمۇ؟ ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلمىۋاتامدۇ؟ مانا بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىشاتتى. لامپىلارنىڭ خۇنۇك يورۇقىدا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاشمايتتى، سۆزلىشەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئارىپ سايىم بەگ ناھىيەگە يېتىپ كەلدى. ناھىيە جىمجىتلىققا چۆمدى، قورقۇشتى. ئاغىلار ۋە بايلار ئۆتلىرى تېشىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئاران دېگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. ئارىپ سايىم بەگ ناھىيەدىكى بۇ ئېغىر ھاۋانى، قورقۇش كەيپىياتلىرىنى شۇ ھامان سېزىۋالدى:

— مەمەت ئاۋاقمۇ؟ — دەپ كۈلدى. — ئۇ بىر بىچارە بالا ئىكەن. ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك قورققان بارمۇ؟ جۇمھۇرىيىتىمىز ئىنتايىن قۇدرەتلىك، بىر مەمەت ئاۋاق ئەمەس، مىڭلاپ مەمەت ئاۋاق بولسىمۇ بىر چىمدىشتە يوقىتىۋېتىمىز، پەسەنت قىلماڭلار، قېرىنداشلىرىم.

يىغىلغانلارنىڭ ئىچىدىكى قارا تاغلىق ئوغلى مۆرتىزا ئاغا:

— چىۋىن سېپىق ئەمەس، بىراق ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۈرىدۇ. بۇ مەمەت ئاۋاقمۇ ھېچ نەرسە ئەمەس، بىراق



دېھقانلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىدۇ، دېھقانلارنى كۈشكۈرتۈپ بىزگە قارشى ئۆرغۇزىدۇ، دېھقانلارنى قوزغايدۇ. ئاغىلىرىمىزغا، بايلىرىمىزغا، ھىمايىچىمىز بولغان جۇمھۇرىيىتىمىزگە قارشى قوزغىتىدۇ. دېھقانلار ئاغىلارنىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلاشتى، خامانلىرىغا ئوت قويۇشتى، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈشتى ئۇنىڭدىن ئۆگەندى. ئەگەر سەن راۋۇرۇس، ھەقىقىي بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرماقچى بولساڭ، يۈگۈن بىزگە ... ئەتە ساڭا ... دېدى ۋە تىلى كالۋالىشىپ قالدى.

— ھە، مەن نېمىنى قۇرۇۋاتىمەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئارىپ سايىم بەگ.

— ياق، ياق، شۇنداق دېمەكچىمەنكى، بەلكى تەتقىقات ... بەلكى مەسلىھەتتۇ ...

— نېمە؟ سىز ساراڭمۇ؟ ئۇ يەرلەرگە مەن بايلىق تۆكتۈم. مېنى دېھقانچىلىق بىلەن ئويىنىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز؟

— يوقسۇ ... ئۇنداق ئەمەس، ئەپۇ قىلسىلا، بەگ، خاتا چۈشىنىپ قالدىلا ... مەن ئۇقتۇرالماي قالدىم ...

ئۇ يەردىكىلەرمۇ:

— بۇ مۆرتىزا ئاغا ھېچقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۇقتۇرالمايدۇ، — دېيىشتى.

ئەلى ساپا باي:

— كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىڭىز دۇنيادىكى ئەڭ زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن بىرى بولىدۇ. جۇقۇر ئوۋا ئەسىرلەر بويى سىزنىڭ بۇ ئېسىل خىزمەتلىرىڭىز بىلەن، خۇددى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلىقلىرىڭىز بىلەن پەخىرلەنگەندەك پەخىرلىنىدۇ. سىزدەك ئېسىل بىر ئەۋلادنى ئۆز باغرىغا باسقانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ ...

ئارىپ سايىم بەگ بىر يۇلۇڭدا توگۈلۈپ ئولتۇرغان بەستىلىك مۆرتىزا ئاغىغا يېقىملىقنا قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— رەھمەت، ئەلى ساپا باي، بۇ يۈكسەك ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن

رەھمەت ئېيتسمەن، دېمەك، مۇرتىزا ئاغا؟ — دېدى.

مۇرتىزا ئاغا ئورنىدىن دەس تۇردى، يايتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ مۇرىسىنى سۆيدى.

— مېنى كەچۈرگىن، — دېدى ئۇ، — چوڭ خاتالىقىمنى كەچۈرۈۋەت! مەنمۇ دەل شۇ ئەلى ساپاننىڭ دېگەنلىرىنى دېمەكچى بولغانىدىم ... ھەي، نېمە دېسەم بولار ... نېمە دېيىش كېرەك ... نېمە ...

يەنە مۇرتىزا ئاغىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

ئۇ يەردىكىلەر مۇرتىزا ئاغىنىڭ بۇ ئەھۋالىغا كۈلۈشتى. ئارىپ سايىم بەگ ئۇنى بەزلەش ئۈچۈن:

— ھودۇقماڭ، مۇرتىزا باي، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى.

— چۈشەنگەنلىكىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇم، — دېدى مۇرتىزا ئاغا. — چۈشەنمىسەڭ بولمايتتى، مەن تۈگەشكەن بولاتتىم. ئائىلەم ۋەيران بولاتتى. مېنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىڭ مېنى ئۆلتۈرىدۇ. ئائىلەمنى، يۇرتۇمنى، ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن. رەھمەت بەگ، قوللىرىڭنى سۆيۈپ قوياي!

خاتىرجەم ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. كۆڭلىدە ئىككىنچىلەپ مۇشۇنداق قاپىقى يامان دۆلەت خىزمەتچىلىرى بىلەن سۆزلەشمەسلىككە قەسەم ئىچەتتى. بۇلار كاللا دېسە ياقالچاق دەپ چۈشىنىدۇ، — دەيتتى ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە. — ياللا، مۇشۇ ئەلى ساپاننىڭ بولغىنى. گەپنى قانداق ياخشى توغرىلىۋەتتى - ھە؟ ...

ئارىپ سايىم بەگ ناھىيەدىكى مۇتىۋەرلەرنى بىر خىل ئەندىشىگە سېلىپ قويۇپ كەتتى. ئۇ كېتىش بىلەن قالغانلارنىڭ ئەندىشىلىرى، قورقۇنچلىرى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئارىپ سايىم بەگ ناھىيەگە نېمە ئۈچۈن كەلگەن بولغىيدى؟ چوقۇم بىر سەۋەبى بار، ئەلۋەتتە!



تاغدىن چۈشۈپ نەچچە كۈندىن بېرى ناھىيەدە ئېلىنىپ يۈرگەن ھەمزە ئاغىنىڭ ھالىمۇ يۈرەكلەرنى ئېچىشتۇراتتى. كىرىدىغان بىرەر تۆشۈك، جېنىنى قۇتۇلدۇرغۇدەك ماكان ئىزدەيتتى. ناھىيەدە ھەر يەرگە قاتراپ يۈرەتتى. سوت ۋەكىلى سىياسەتچىنىڭ ئالدىدىن كوزان ئوغلى يەتھى باينىڭ ئالدىغا، ئۇ يەردىن يەخرى تەلۋىنىڭ ئالدىغا باراتتى. ھەر كۈنى ئەنقەرەگە ئۈست - ئۈستىلەپ تېلېگراممىسى بېرەتتى. ناھىيە بازىرىدا سىقىم - سىقىم پۇللارنى خەجلەيتتى. ئەلى تۇكۆرنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈۋېلىپ پوچتىخانىنىڭ ئالدىدىن كۈن بويى ئايرىلمايتتى. ئۇچراشقانلا ئادەمگە:

— ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ كايىسەر، ئۇ مەن ئۈچۈنلا ئۇۋىسىدىن چىقىپ تاغلارغا قايتىپ كەلدى. قانداقمۇ قىلارمەن؟ دىنداشلىرىم، ماڭا بىر ئەقىل كۆرسىتىڭلار! مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەيتتى ۋە كۆڭلىدىكىنى ئورنىدا تۇرۇۋېلا بىر دەمنىڭ ئىچىدە سۆزلەپ بولاتتى:

— مەن زادى نېمە ئىش قىلدىم، شۇ دېھقانلىرىمغا نېمە قىلدىم؟! باشلىقىمىز قايتىپكەن، باشلىق بولدۇم، كۆزۈڭلارنىڭ ئۈستىدە قېشىڭلار، مۈرەڭلەرنىڭ ئۈستىدە بېشىڭلار بار، دېمىدىم. دېھقانلار مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ كەتتىكى، گەپ قىلمايلا قوياي! ئۇ قارنى تويماس قىزغانچۇق ئادەم بۇنى سېزىپ قاپتۇ. دېھقانلارنىڭ مېنى ئۆزلىرىنىڭ دادىسىدەك، جانلىرىدەك، بالىلىرىدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوشۇرۇنۇپ ياتقان تۆشۈكىدىن چىقىپتۇ ۋە بۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇ دېھقانلارنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ دېھقانلارنىڭ جان دۈشمىنى! خۇدا ھەققى. ئاغىلىرىمىزغىمۇ دۈشمەن. بولۇپمۇ ھۆكۈمىتىمىزگە! ئۇ تېخى: «شۇ ھۆكۈمەتكە نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن» دېگۈدەك. ئۇ دېھقانلارنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدۇ. دېھقانلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنى ئۆلتۈرىدۇ. چۈنكى، مەن

دېھقانلارغا ياخشى كۆز كۆرسىتىمەن. مەن ئاغا بولغانلىقىم ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ بىر قولى ياغدا، بىر قولى بالدا بولۇپ كەلدى. مانا شۇ سەۋەبتىن دېھقانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، مېنى ئۆلتۈرىدۇ ...

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەلى توكۇر يىغلامسىراپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ بېرىدۇ:

— ئۆلتۈرىدۇ، ئاھ كاپىر، ئاغىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ، مېنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ ...

بىر كۈنى ناھىيەگە ۋالىي كەلدى. ئاغىلارنى، بايلارنى، خىزمەتچىلەرنى ھاجى خەلىل ئاغىنىڭ ئۆيىگە توپلاپ سۆز قىلدى. ئەنقەرەگە بېرىلگەن تېلېگراممىلار ھەققىدە توختالدى. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشلارنى زىنھار قىلماسلىقى كېرەك. ئەنقەرە بۇ تېلېگراممىلارغا يەك خاپا بولغانىدى.

— بۇ ناھىيەنى توپقا تۇتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ۋالىي، — ھەممىڭلارنى سۈرگۈن قىلىمەن. تاكى فىزانغىچە ھەيدىۋېتىمەن ... ھېلىقى مەمەت ئاۋاق دېمىدۇ، بىرى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىمۇ سىلەرگە تاپتۇرىمەن. تۇتۇپ بېرىسىلەر. ئەگەر ئاغىلار ھىمايە قىلمىسا، تاغدا قاراقچىلار ياشىيالمايدۇ. ئۇقتۇڭلارمۇ؟

يەنە مۇرتىزا ئاغا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزگە ئارىلاشتى:

— ئۇقۇشنىغۇ ئۇقتۇق. ئەمما بىز ھىمايە قىلمايمۇ تاغدا قاراقچى ياشاۋاتىدۇ. شۇ مەمەت ئاۋاقنى بىز ھىمايە قىلمىدۇق، خۇدا ھەققى. ئەللا - بىللا بىز ھىمايە قىلمايمىز. مۇشۇ كۈنگىچە بىز مۇشۇنداق دەپ ئويلايتتۇق. بىز ھىمايە قىلمىساق تاغدا قاراقچىلار ياشىيالمايدۇ دەپ ئىشىنەتتۇق. ۋالىي بەگ، ئۆزۈڭىزمۇ كۆرۈپ باق، بىزمۇ ھەيران قالدۇق. ئۇ ياشاۋاتىدۇ. قانداق ياشاۋاتىدۇ دېمەمسەن؟ ناھىيىمىزنىڭ ياخشى نامىنى بىر تىيىن قىلىپ ياشاۋاتىدۇ، دېمەك، ياشاۋاتىدۇ، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ، — يەنە ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ تەرگە چۆمدى.

— ئېيتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ۋالىي.



— مۇرتىزا ئاغا.

— سىز ئوچۇق سۆزلۈك، مەرد ئادەم ئىكەنسىز.

— مەرد ... ھەئە.

— سىز ماڭا شۇ مەمەت ئاۋاقنى تۇتۇشنىڭ ئامالىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

— ۋالىي بەگ، بۇ ئىتنىڭ بالىسى تۇتۇلسىمۇ، تۇتۇلمىسىمۇ بولمىدىغان ئىش بولدى. بۇرنىنىڭ ئاغزى قانىغا تەگدى. خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ دېھقانلار بىزنىمۇ، ھۆكۈمەتنىمۇ تىنچ قويمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەمەتنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ.

— مەن سىزدەك ئوچۇق سۆزلۈك ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ۋالىي.

— تولا ئوبدان، بۇ ساڭا مۇناسىپتۇر، — دەپ ماختاندى مۇرتىزا، — مەن دائىم مۇشۇنداق سۆزلەيمەن. يىكتەك ...

— كېلىڭ، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ!

مۇرتىزا بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇردى، قوللىرىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— ۋالىي بەگ، — دېدى ئۇ، — ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن كېيىن ئۆز ئىشىمغا ماڭاي.

— قېنى سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— مەمەت ئاۋاق ئۈستىدە سۆزلەيمەن، بۇنى شۇنداق چۈشىنىش كېرەك، ھېچكىم ياشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن. يىلاننى كىچىك چېغىدا مىجىپ تاشلاش كېرەك. مەمەت ئاۋاق چوڭىيىپ كەتتى. بەلكى شۇ تاغدا يېڭى پەيدا بولغان قاراقچى ئەسلىدە مەمەت ئاۋاق بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمدى مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرەلمەيمىز. مەمەت ئاۋاق ئۆلمەيدۇ. توختاپ تۇرۇڭلار، مەن چۈشەندۈرۈپ بېرەي. يىلاننى بىلەمسەن، چولاق يىلاننى؟ ئۇنىڭغا ئوخشاتماق خاتا بولماس.

— بىلىمەن، — دېدى ۋالىي.

— يىلان قانداق ئۆلىدۇ، بىلەمسەن؟
— بىلمەيمەن!
— بېشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئېزىۋېتىمەن، ئۆلىدۇ، بۇ بىر خىلى!
— ھەئە، بۇ بىر خىلى، — دېدى ۋالىي.
— يىلاننى بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن، بۇ ئىككىنچى خىلى. ئۇنىڭدىن باشقا، يىلاننى ئېتىپ ئۆلتۈرىمەن، بۇ ئۈچىنچى خىلى! يىلان ھەر خىل ئۆلىدۇ ... ئاغرىپ ئۆلىدۇ، لەيلەك يەپ ئۆلىدۇ. ئۇنداقمۇ ئۆلىدۇ، مۇنداقمۇ ئۆلىدۇ. يەنە بىر خىل ئۆلۈش بار، بىلەمسىلەر؟
مۇرتىزانىڭ سۆزلىرى ۋالىيغا يېقىپ قالدى.
— يەنە قانداق ئۆلىدۇ؟
— يەنە قانداق ئۆلىدۇ دەپ سوراۋاتقىنىغا قارىمايدىغان ۋالىي بەگنىڭ! بىر يىلاننىڭ يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك يېرى جاراھەتلەنسە ... يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك يارا دېگەن نېمە؟ بىر ئادەم ياكى بىر ھايۋاننىڭ يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك يېرى جاراھەتلەنسە نېمە بولىدۇ؟ ھېچ نەرسە بولمايدۇ! ئويلىنىپ يۈرمەڭلار، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ھالبۇكى بىر يىلاننىڭ يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك يېرىدە جاراھەت بولسا ئۆلىدۇ. قانداق ئۆلىدۇ دېمەمسىلەر، مانا بۇنى سىلەر كۆرمىدىڭلار. بىلمەيسىلەر. بۇنى مەن بىلىمەن. يىلاننىڭ يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك كىچىككىنە يارىسى بولسىلا سېرىق چۈمۈلىلەر ئۇ يارىغا ئولىشىدۇ. بىر كۈندىلا يىلاننى يېشىپ تۈگىتىۋېتىدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ، ۋالىي بەگ؟
ۋالىي ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئويلايتتى:
— شۇنداق، قۇلىقىم سىزدە.
— مانا شۇ مەمەت ئاۋاق. يىلاننىڭ بەدىنىدىكى ئەنە شۇ يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك يارا.
— شۇنداق.



— ئەپەندىمگە شۇنى دەپ قويايكى: مەمەت ئاۋاق ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ يەرلىرىنى دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى. بۇ يارنى ئېچىۋەتتى. ئەمدى سېرىق چۈمۈلىلەر بەدەنگە ئولاشتى. مەمەت ئاۋاق مەيلى ئۆلسۇن، مەيلى ياشىسۇن، ئەمدى مەيلى بىز، مەيلى ھۆكۈمەت ئۇخلىغۇچە قۇتۇلالمايمىز. بېشىمىز دەردتىن خالىي بولمايدۇ. دېھقانلار سېرىق چۈمۈلىلەرگە ئوخشايدۇ. ئەقىلسىز، يولسىز، تەرتىپسىز، ئەمما لېكىن بىر يەردە يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك بىر يارا ئېچىلسىلا يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ. ھازىر بىزنى بۇ مەمەت ئاۋاق تۈپەيلىدىن دەسلەپ بىردىن – بىردىن، كېيىنچە تويلاپ يەپ تۈگىتىشىدۇ. ۋالىي بەگ، سىزنىمۇ، بىزنىمۇ يوق قىلىشىدۇ. مەن يېزىلىقمەن. دېھقان خەلقىمىزنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. ئەپەندىم، يېقىر دېھقان خەقنىڭ يۈرىكىنى ئەڭ چوڭقۇر يېرىگىچە بىلىمەن. سىلەر ئەقىللىك، ئىنتايىن ئەقىللىك، ئوقۇش – يېزىشنى بىلىدىغان كاتتا ئادەملەر سىلەر. بۇلارمۇ ياخشى بىلىدۇكى، مەن ھاياتىمدا ھېچقانداق نەرسىدىن قورقمىغانىدىم. بىراق، شۇ مەمەت ئاۋاقتىن قورقۇپ ئۆتۈم تېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆلۈكىدىنمۇ، تىرىكىدىنمۇ ...
— مۇبالىغە قىلىۋېتىسىز، مۇرتىزا باي.
— مەن شۇنداق دەپ ئويلاۋەر، شۇنداق دەپ ھېسابلاۋەر، ۋالىي بەگ، مەن ھازىردىن تارتىپ ئۆزۈمنى ئۆلدىگە چىقىرىۋەتتىم. سېرىق چۈمۈلىلەر بەدىنىمدە ئۆمىلەشكە باشلىدى.
— مۇبالىغە قىلىۋېتىسىز.
مۇرتىزا ئاغا ۋارقىراشقا، غولاچلىرىنى كېرىپ، قوللىرىنى يۇلاڭلىتىشقا باشلىدى:
— ۋاللاھى – بىللاھى، خۇدا ھەققى، ئەلى سايا باينىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرمۇ مەمەت ئاۋاقتىن كەلدى. سېرىق چۈمۈلىلەرنىڭ ئىشى ... ئەلى سايا باي نېمە دېسە دېسۇن، قانداق ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن، سېرىق چۈمۈلىلەرنىڭ ئىشى.

— مۇرتىزا ئاغا، يۈرىكىمگىنى دەھشەتلىك بىر خىل قورقۇنۇش چىرمىۋاپتۇ، — دېدى ئەلى سايا باي، — مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتتىمۇ. بىر بىچارە بالىنى كۆز ئالدىمىزدا زورلايتتۇق، ئىسەن.

— سەن شۇنداق دەپ بىلىمەن، — دېدى مۇرتىزا. ئۇ قاتتىق تەرلىگەن، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى، — سەن شۇنداق دەپ ئويلاۋەر. يېقىندا بارلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى كۆيدۈرۈلىدۇ، يۈتكۈل ئاغىلار ئۆلتۈرۈلىدۇ. بارى - يوقىمىز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىدۇ، شۇ ۋاقىتتا كۆرىسەن. ھازىرچە سەن شۇنداق پەرەز قىلىۋەر، ھېلىقى سېرىق چۈمۈللەر ...

كەچ كىرگۈچە سۆزلىشىشتى. كۈلۈشتى. ئاخىرقى قارارغا كېلىشتى، ۋالىي بۇندىن كېيىن ناھىيەدىن ئەنقەرەگە خاتىرجەملىكتى بۇزىدىغان ھەرقانداق تېلېگراممىنىڭ بېرىلمەسلىكىنى، ئەرز ۋە خەت - چەكلەرنىڭ ئەۋەتىلمەسلىكىنى خالايتتى. ئاغىلار، بايلار بۇنداق ئىشلارنىڭ زادىلا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋالىيغا سۆز بەردى. ۋىجدانەن قاتتىق ۋەدە بېرىشتى:

— شۇ بىچارە بالىنى بۇنداق زور، ۋەھىمىلىك قىلىپ كۆرسەتمەڭلار، — دېدى ۋالىي، — بۇ مەملىكەت چىقىرچالىنى كۆرگەنىدى. توروس تاغلىرى گىرىنىك تۇراتتى، قارا يىلاننى، يوزچۈنى، چوت دەلەكنى، كۇرد رەشىتنى كۆرگەن. پات ئارىدا مەمەت ئاۋاقنىڭ ئۆلۈكى بۇ ناھىيەنىڭ كوچىلىرىدا سۆرىلىدۇ.

ۋالىي ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ چاڭ - توزان ئىچىدە ناھىيەدىن ئايرىلدى.

ھاكىم شۇ كېچىسىلا ھەمزە ئاغىنى چاقىردى:

— دەرھال يېزىڭىزغا كېتىڭ، يېقىنقى كۈنلەردە ناھىيەگە ھەرگىز كىرمەڭ. ناھىيەنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىنى بۇزىسىز. گەپ قىلمىسا ھەركۈنى ئەنقەرەگە تېلېگراما ئەۋەتىسىز، چوڭلىرىمىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتىسىز، بۇ نېمە قىلىق؟ بۇندىن كېيىن ئەنقەرەگە ھەرقانداق تېلېگراما ئەۋەتىشكە بولمايدۇ.

ھەمزە روھسىز ھالەتتە شۇنداق دېدى:



— ھاكىم بەگ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاھ، مەن تەگىبا راي، ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ.

ھاكىم بېشىنى لىڭشىتتى، ھەمزىنىڭ دەردىگە ئورتاقلاشتى:

— ئۆلتۈرىدۇ، بۇنى بىلىمەن، سېنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن غايىبتىن يەنە پەيدا بولۇپ قايتتى. بىلىشىنىمۇ بىلىمەن. بىراق قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ. ھۆكۈمىتىمىز بىزدىنمۇ ئاجىز. بىلىمەن. ئەمما ... ۋالىيمۇ ئۇنى تۇتۇشنى ۋەدە قىلدى. ئەمما، زادىلا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئىككى كۆزۈم، سۇلتانىم، ھەمزە باي ... تەقدىرگە تەن بېرىپ يېزىڭىزغا قايتىڭ ۋە ساقلاپ تۇرۇڭ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر مۆجىزە بولۇپ قالار ...

— ئاھ، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ...

شۇ كۈنى ھەمزە ئېتىغا مىندى، ئەلى توكۈرنى ئەگەشتۈردى، تاغقا قاراپ يول ئالدى.

ناماز دىگەر ۋاقتى ئىدى. ناھىيە چاڭ - توزان ئىچىدە قالدى. سارغۇچ بىر خىل چاڭ تاغلارغا قاراپ ئۇچاتتى.

قىزىل، چاڭلىق ئانار گۈللىرىگە قونغان ھەرىلەر ... قېرى ئانار دەرىخىنىڭ غولىغا يېپىشىپ يۇقىرى شاختىكى بىر كېپىنەكنىڭ ئۆلۈكىگە قاراپ ئۆمىلەۋاتقان مىڭلاپ سېرىق چۈمۈلە ...

قاتتىق ئىسسىق ئىدى.

## 41

ئوسمان چوڭ شۇڭقار ئۈچۈن قۇربان بولالايدۇ.

مۈشتىكى ئاغزىدا، ئوڭ قولى تاپانچىسىنىڭ يېنىكىدە، ئوسمان چوڭ ئۆزىنى تىك تۇتۇپ خۇددى ئون بەش ياشلىق يىگىتتەك يېزىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇچراشقانلارغا بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ قوياتتى. چاچلىرىنى سىلاپ قوياتتى:

— ئوسمان چوڭ مەمەت ئۈچۈن قۇربان بولالايدۇ. قورقماس

بۇرنگە، شۇڭقارىغا جېنىمنى قۇربان قىلىمدۇ! قۇرۇپ قالغان دەرەخكە جان بەرگۈچىگە، يوپيورماق چىقارتقۇچىغا جېنىم قۇربان! مەمەت ئۈچۈن ئوسمان چولاق ھەممىنى قۇربان قىلالايدۇ! — دەيتتى.

يېزىمۇ ئوسمان چولاقنىڭ خۇشاللىقىغا قېتىلاتتى:

— ۋايۋاي يېزىسى مەمەت ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىدۇ. ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكى، چۇقۇر ئوۋالىقلار مەمەت ئۈچۈن قۇربان!

ۋايۋاي يېزىسىدىكىلەرنىڭ ئەلى سايا بايغا قارشى تۇرۇشلىرى، خامانلىرىغا ئوت قويۇپ، ئاتلىرىنى ئوغرىلاشلىرى پۈتكۈل ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ھەممە ئادەم بۇ ئىشنى مەمەتتىن كۆرەتتى. ھەتتا مۇسۇلۇمۇ ھەممە ئىشنى مەمەتنىڭ قىلغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. مەمەت ھەققىدە ھېكايىلەر، تەمسىللەر، ئېپسانىلەر، قوشاقلار يەنىلا تارقىلىپ كەتكەنىدى.

— ھېكمىتى ئۇلۇغ ئاللا، — دەيتتى ئوسمان چولاق بىلەن پەرھات موللام. — بۇ خەقنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

شۇڭقارىمىز تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگۈچە ئادەملەرنىڭ تىلىدا داستان بولۇپ سۆزلەنمەكتە. بىراق، بۇنى يا ھۆكۈمەت تۇيمايدۇ، ياكى بىرەر ئاغا، بىرەر باي ئاڭلىمايدۇ. بۇ ئەقىلگە سىغمىدىغان ئىشمۇ؟ ئاغىلارنىڭ، بايلارنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ شۇ دېھقانلارنىڭ ئىچىدە ئۆز كىشىلىرى ۋە تۇغقانلىرى يوقمىدۇ؟

بارلىقى بار. بىراق دېھقانلار تىل بىرىكتۈرۈپ، مانا مۇشۇنداق ئېغىزلىرىنى تىكمۈۋېتىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئېغىز سۆزمۇ چەتكە چىقىپ كەتمەيتتى.

پەرھات موللام بىلەن ئوسمان چولاق بۇ گەپچى دېھقانلارنىڭ شۇنچىلىك ئاغزى چىڭ بولۇپ كەتكەنلىكلىرىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. دېھقانلارمۇ بۇ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى چۈشەنمەيتتى. ھازىر ژاندارمىلار ھەرقانداق بىر دېھقاننى تۇتۇۋېلىپ تېرىسىنى تەتۈر سويسىمۇ، كۆزلىرىنى ئويسىمۇ



ئاغزىدىن مەمەت ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ ئالالمايتتى.

— بۇ ئادەملەر ئاجايىپ، بەزىدە ئۇلارغا ئوت - چۆپ، ھەتتا چۈۋىنىمۇ ئىشىنىپ تاپشۇرغىلى بولمايدۇ. بەزىدە جېنىڭنى تاپشۇرساڭمۇ ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىپ سېنى قوغدايدۇ، — دەيتتى ئوسمان چولاق.

دېھقانلارنى خۇشاللىقىدىن ساراڭ قىلىۋەتكەن باشقا بىر ئىشمۇ بار ئىدى. ھەر كۈنى كېچىسى، دەل يېرىم كېچىدە ئەلى سايا باينىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى (ئېتىزلىرى) خۇددى ۋايۋاي يېزىسىدەك ئوققا تۇتۇلاتتى.

سەيچە ئاقساقال:

— ئۇ قېچىپ كېتىمدۇ، ئەلى سايا ئېتىزلىرىنى تاشلاپ ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدىن قاچىدۇ، — دەيتتى.

ژاندارمىلار، ئەلى سايانىڭ ئادەملىرى ھەر كۈنى ئېتىز بېشىدا كۈزەتتە تۇراتتى. دەل يېرىم كېچە بولغاندا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن، نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم ئوقلار يېغىشقا باشلايتتى. بىردەمدىن كېيىن ئوق ياغدۇرغانلار يەر يېرىلىپ غايىب بولغاندەكلا يوقاپ كېتەتتى. ئىزدىشەتتى. ئۇلارنى زادىلا تاپالمايتتى. ئەلى سايا باي ھودۇققان ھالدا ئۈچ قېتىم ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئالدىغا بارغان، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئارىپ سايىم بەگ بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپلا قويغانىدى.

— دېھقانلار قوزغالدى، بۇ توپتوغرا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىك. بىر خىل ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت باشلانماقتا! — دېگەنىدى.

ئارىپ سايىم بەگ يەنىلا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرەلمەيدۇ. تۈرك دېھقانلىرىدا ئۇنداق قابىلىيەت يوق. قوزغىلاڭ كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇلاردا بۇ خىل ئەنئەنە يوق، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ئەلى سايا باي «كۆيۈپ كەتكەن خامانلىرىمغا، ئوغرىلانغان

ئاتلىرىمغا، ھەر كۈنى ئوقيا تۇتۇلغان ئېتىزلىرىمغا نېمە دېيسەن؟ » دېيەلمىگەنىدى. « بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان تۈرك دېھقانلىرى بولماي، كىم؟ ياكى سىزمىدىڭىز ئارىپ سايىم بەگ؟ بەلكى سىز دۇرسىز. دېھقانلار ئىنتايىن چوڭ بىر يەردىن مەدەت ئالماقتا. ئۇلار ناھايىتى مۇستەھكەم بىر قىياغا يۆلەنمەكتە. ئۇنداق بولمىسا بۇ تاپلار بەدەنلىرىنى تىلمۇۋەتسەممۇ شۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ بىرەرىنى قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، بۇ قۇدرەتنى بەرگۈچى سىز بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئارىپ سايىم بەگ! پاشا بولۇشى مۇمكىن، باش ساقچىنىڭ جاسۇسلىرى بولۇشى ھەم مۇمكىن » دېيەلمىگەنىدى.

ئىنتايىن زور ئەندىشىگە چۈشكەنىدى. قارىمۇتۇق يۈزى چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەنىدى. كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىماستىن ئويلايتتى، تەرلەيتتى. يېزىلارغا بىرمۇنچە ئادەمنى كىرگۈزۈپ، بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ كېلىڭلار، دەيتتى. لېكىن، ھېچقايسىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق بىرەر ئىشنى بىلىپ كېلەلمەيتتى.

« قىرىقلار تېغىدىن قىرىق باتۇر چىقىپ كېتىپتۇ. ئەلى ساپا باينىڭ خامانلىرىغا ئوت قويۇپتۇ، ئاتلىرىغا مىنىپ كېتىپتۇ، يەتتە باتۇرنى ئۇ يەرگە قويۇپتۇ ۋە: ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە، ئەلى ساپا باي ئېتىزلارنى تاشلاپ كەتكۈچىلىك ئۇ يەرنى، ئۇ كاپىر دىنسىزنىڭ تۇرالغۇسىنى ئوقيا تۇتىسىلەر، دەپتۇ. لېكىن، ئۇلار كۆرۈنمەيلا، ھەر كېچىسى ئوقيا تۇتىدىكەن. كۆرۈنمەستىن چىقىپ كېتىدىكەن» دېگەن گەپلەر كېلەتتى.

ئەلى ساپا باي غەزىپىدىن غالجىرلىشىپ كەتتى:

— يالغان، پۈتۈنلەي يالغان، — دەپ ۋارقىرايتتى، — تېز ئارىدا ئۆيۈمنى ئوقيا تۇتقانلارنى تاپىمەن. چوقۇم تاپىمەن، ئاتلىرىمنى كىم ئوغرىلىغان، خامانلىرىمغا كىم ئوت قويغان بولسا، پات يېقىندا تېپىپ ئاشكارا قىلىمەن. دېھقانلارنى كىم قوزغىدى، كىم كۈشكۈرتتى، ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنقەرەگە كېتىمەن. ئۇلار تېخى كۆرىدۇ.



ئۆيۈمنى ئوقيا تۇتقان باتۇرلارنىڭ ئىشى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت بولماي نېمە؟ ئەنقەرەدە سورايمەن، شۇنداق سورايمەن: بىز بۇ ۋەتەننى شۇنىڭ ئۈچۈن ئازاد قىلدۇقمۇ؟ ئۆيلىرىمىزنى ئوقيا تۇتقان غالىبلارنىمۇ دۈشمەن بىلەن بىللە دېڭىزغا تۆكۈۋەتتۇق دەپ ھېساپلىغانىدۇق. سورايمەن، ھەممىنى سورايمەن.

بۇ كەلگۈلۈكلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟ كوزانغا، ئوسمانىيەگە، جەيھانغا، پاياسقىچە باردى. ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئاغىغا بېشىغا كەلگەنلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، سەۋەبىنى سورايتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە سۇ سەپكۈدەك بىر سۆز ئېيتالمايتتى. پەقەت بىرلا ئاغا، يەنى جەيھان بەگلىرىدىكى يەر ئىگىسى، قىبرى تۈركمەن بېگى كۆرد ئەلى ئاغا ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر گەپ قىلدى:

— ئەلى ساپا ئوغلۇم، سەن دېھقانلارنى قاتتىق قىيناپ قويغان ئوخشايسەن. بىر ئۆيگە مۈشۈكنىڭ ئاسلىنىنى سولاپ قويۇپ ۋە توختىماستىن ئۇنى ئۇر. ئاخىر ئاسلان كۆزۈڭنى ئويۇۋالىدۇ. ئاسلانغۇ ئاسلان ... ئادەم بالىسى مۈشۈك ئاسلىنى ئەمەس. قانچىلىك قورقسا، شۇنچىلىك باتۇر بولالايدۇ. باشقا سەۋەبنى ئىزدەپ يۈرمە. سەۋەب مۇشۇ.

ئەلى ساپا باي بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەيتتى. چۈنكى، دېھقانلارنى بەش قولدەك بىلەتتى. قانچىلىك قىيىنىسالىڭ قىيىنا، قىينالغانسېرى ياۋاشلاپ كېتەتتى. بۇنى كۆرد ئەلى ئاغىغا دېمىدى. يۆلىنىدىغان مۇستەھكەم، زور كۈچى بولماي تۇرۇپ تۈرك دېھقانلىرى مۇنداق قوزغىلالمايتتى. تەلۋىلەرچە خىياللار، دېھقانلار قارشىلىقلىرىنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىغانسېرى غەزەپلىنەتتى، غەزەپلەنگەنسېرى غالجىرلىشاتتى. ئۆزىنى يوقىتىپ قويايتتى. ئىتتىغا مىنەتتى، ئاناۋارزا يېزىلىرىغا باراتتى. يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئات ئۈستىدە تىك ئولتۇرۇپ ئەترايىغا توپلانغان دېھقانلارغا:

« ۋالىيلىقلارنى قان قۇستۇرىمەن، قان، قان! قان دېدىم، قان!»

دەيتتى ۋە ئېتنى ئۈزەڭگىلەيتتى. تەتۈر قويۇندەك ئېتنى چاپتۇرۇپ ئاتاۋارزا تۈزلەڭلىكنى ئايلىناتتى.

«شۇ ھايۋانغا ئوخشايدىغان دېھقانلارمۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئىتتىپاقلىشالايدۇ، ھەر كۈنى كېچىدە ئۆيۈمنى ئوققا تۇتالايدۇ، قورغىلاڭ كۆتۈرەلەيدۇ. بىزدە ئىتتىپاقلىق يوق. قېنى ئاغا، بەگ ۋە ھۆكۈمەتتىمىز ھالىڭ نېچۈك ئەلى ساپا باي، دەپ قويىدىمۇ؟ مېنى يالغۇز يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بەردى ... بۈگۈن ماڭا كەلگەن بولسا، ئەتە ئۇلارغا كەلمەسمۇ؟ كۆرۈپ تۇرسۇن! قېنى مەن بۇ يەردە مەغلۇپ بولاي، ئۇلار قاراپ تۇرۇشسۇن! ... پۈتكۈل جۇڭقۇر ئوۋا بولاڭ ـ تالاڭ قىلىنىدۇ.»

مېڭىسى توختىماي ئىشلەيتتى. دېھقانلارغا كۆرسىتىدىغان يامانلىقلارنى مېڭىسىدە پىششۇراتتى. ئەقىلگە، خىيالغا كەلمەيدىغان دەھشەتلىك ئىشلارنى ئويلاپ تاپاتتى، ئىجاد قىلاتتى.

دېھقانلارمۇ ئەلى ساپا باينىڭ ئەندىشىسىنى، پەرىشانلىقىنى، ئۈمىدسىزلىكىنى سېزىشەتتى.

— ئوسمان چوڭ شۇڭقارىغا ھەيران ... شەھلا كۆزلۈكۈمگە، ياتۇرۇمغا، جاھاننىڭ يارىشىقىغا، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پارلاق نۇرىغا ...

ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە كېچە ـ كۈندۈز ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن يىراق يېزىلاردىن ئادەملەر كېلىپ تۇرۇشاتتى.

— ئۇ، يوق، — دېيىشتى ئوسمان چوڭ، — ئۇ بىر شۇڭقاردۇر، چىرايلىق قاناتلىق بۈركۈتتۇر. كېلىپ ئاتاۋارزا چۆلگە قوندى ۋە ئۇچۇپ كەتتى ... قوش ئالغۇچى بۈركۈت تۇز ئويمانلىقتا نېمە قىلىدۇ، قىيالىقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنى تاپقان ئاتىغا، ئۇنى تۇغقان ئانىغا ئاپىرىن! ئۇنى كۆرگەن كۆزلەرگە، ئۇ باسقان يوللارغا، سۇ ئىچكەن بۇلاقلارغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن نۇرلارغا، ياققان يامغۇرغا، چىققان كۈنگە، قاراڭغۇلاشقان كېچىگە ئاپىرىن! ...



ئادەملەر بويۇنلىرىنى ئېگىپ، بارلىق ئىستىكىنى ئىچىگە يۇتۇپ يېزىلىرىغا قايتىپ كېتىشەتتى.

يالغۇز سەپەر سىرىقلا كەتمىگەنىدى.

— شۇڭقارىمنى كۆرسەم دېمىدىممۇ، كۆرسەم، — دەپ تۇرۇۋېلىۋالغانىدى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى ئوسمان چوڭنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ ساقلاۋاتاتتى.

سەپەر سىرىق نارلى قىشلاقتىن بولۇپ، ھېچكىمى يوق، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ جان باقىدىغان، كالپۇكلىرى يېرىلىپ كەتكەن، كىرپىكلىرى بوز، چاچلىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك دىك ـ دىك تۇرىدىغان، ئون توققۇز ـ يىگىرمە ياشلاردىكى يىگىت ئىدى.

— ئۇنى چوقۇم كۆرىمەن، جېنىمدىن تويدۇم. مېنى قوبۇل قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئەترىتىگە كىرىمەن، — دەيتتى. ئوسمان چوڭ ھەرنېمە قىلىپ، ھەرنېمە دەپمۇ ئۇنى بوسۇغىسىدىن نېرى قىلالمىدى.

— مېنى قوغلىما، ئوسمان ئاغا. مەن جېنىمدىن بىزار بولغان ئادەممەن. تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنمەن. يا چىرايلىقىنا ئۆلىمەن، ياكى ئۇنى كۆرىمەن.

— ئۇنى كۆرەلمەيسەن، ئۇ بۇ يەردە يوق، — دەپ ۋارقىرايتتى ئوسمان چوڭ.

بىر كۈنى كېچىدە ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە ئۈستىبېشى پاتقاق مۆسلۈ تەلۋە كەلدى. پەرھات مۆللانىمۇ چاقىرىشتى. پەرھات مۆللام مۆسلۈنى قۇچاقلاپ سۆيدى، سۇلايماننى، ئەخمەتنىمۇ سۆيدى:

— بالىلار، ياخشى قىلدىڭلار. ئاللانىڭ ئالدىدا يۈزۈڭلار يورۇق بولىدۇ.

زەينەلنى سورىدى. ئۇلار زەينەل ھەققىدە ھېچ نەرسە دېيىشمىدى. زەينەلنىڭ يوقاپ كېتىشىگە يېزىدىكى ھەممە ئادەم، ھەتتا زەينەلنىڭ خوتۇنىمۇ خوشال بولغانىدى.

— زەينەل شۇڭقارنىڭ چوڭقۇر ئۇۋاغا كەلگەنلىكىنى ئەلى ساپاغا، ھۆكۈمەتكە دەپ قويغان بولاتتى، — دېدى ئوسمان چولاق، — بۈگۈن دېمەيدۇ، ئەتە دېمەيدۇ، چىدىيالماستىن ئۆگۈنى چوقۇم دېگەن بولاتتى.

مۇسلۇ مەمەتنى كۆرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، پەرھات مۇللام:

— ئۇنىڭ ھالى خاراب، — دېدى، — يېزىنى ۋەيرانە ھالدا كۆرۈش ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ، جۆيلۈپلا تۇرىدۇ. ئۇنى كۆرمەيلا قويساڭلا ياخشى بولىدۇ.

— ئۇنى چوقۇم كۆرۈشۈم كېرەك. كۆرمىسەم بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالدى، كۆرۈشۈم كېرەك، — دەپ تۇرۇۋالدى مۇسلۇ.

— كۆرسۇن، — دېدى ئوسمان چولاق، — مۇسلۇنىڭ ئۇنىڭدىن سورايدىغان سۆزى باردۇ. مۇسلۇغا قول قويغان شۇڭقارسىم ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغا قول قويۇپلا ئەلى ساپاغا قارشى چاقماقتەك چۈشكەن ئەمەسمىدى؟

تاڭ ئاتقۇچە تالاش - تارتىش قىلىشتى. شۇ سەۋەبتىن شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئەلى ساپا باينىڭ ئۆيى ئوققا تۇتۇلمىدى.

ئاخىر پەرھات مۇللام سەل يۇمشاپ شۇنداق دېدى:

— بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن كەلگىن، قەمەر ئانا بىلەن سەيران سېنى باشلاپ بارسۇن. شۇڭقارىمىزغا ئۇلار قاراۋاتىدۇ، يارىسىغا دورا سۈركەۋاتىدۇ، بەلكى بەش - ئالتە كۈن ئىچىدە يارىسى ساقىيىپ قېلىپ يالا ھوشىغا كېلەر. بىراق، مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس.

— ئۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ، — دېدى مۇسلۇ.

پۈتكۈل ئاناۋارزا دېھقانلىرى ئەلى ساپا بايدىن كېلىدىغان كەلگۈلۈكلەرنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. بۇ ئەلى ساپا باي دېگەن بېشىغا چۈشكەن كۆلپەتلەرگە تۈگىشىپ كېتىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، قاراپ تۇرۇڭلار، قانداق جاۋاب قايتۇراركىن؟



پەرھات مۇللام بۇ ھەقتە مۇسلۇدىن سورىدى:

— قانداق جاۋاب قايتۇرسا قايتۇرسۇن، ئون ھەسسە، يۈز ھەسسە ئاشۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىمىز. يېتىمىزدا، يېزىمىزدا ئۇ بار تۇرسا ... — دەپ گۈركىرىدى.

ئىسسىق باشلاندى، پاشا - چىۋىنلەر ياز كېچىلىرىنى ھەر خىل ۋىڭىلداشلار بىلەن تولدۇردى. يېزىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى، چوڭلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بەزگەك بولۇپ كەتتى. دېھقانلار سېرىق ئاپتاپتا، چوغدەك قىزىق توپىدا يېتىشاتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە بەزگەكتىن تولغاپ دىر - دىر تىترىشەتتى. بەزگەكمۇ ھەر يىللىقىدەك ئۇلارنى بوزەك قىلالمايتتى. بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ تۇرسىمۇ قەلبىدىكى خۇشاللىق تۇيغۇلىرى يوقاپ كەتمەيتتى. ئەلى ساپا باينىڭ ئۆيىدىن ھەر كۈنى خەۋەر كېلىپ تۇراتتى. خەۋەرلەر ۋايۋاي يېزىسىدىن بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتكۈل ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە تارقىلاتتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، نەلەردە يۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ خەۋىرىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. بىردەم كايرانلى تاغلىرىدا بىر زالىمنىڭ ئۆيىنى بۇلىغان، بىردەم ھاچىن تاغلىرىدا بىر پولك ژاندارمىنى ئالدىغا سېلىپ چوڭقۇر ئۇۋاغىچە قوغلاپ كەلگەن خەۋەرلەر ...

بۇ جەريانىدا ئىدرىس بەگمۇ يېزىغا ئىككى - ئۈچ قېتىم كەلدى. ئاناۋارزا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇ كېچىلىرى چوڭقۇر ئۇۋاغا بۆرىدەك ئۆتەتتى.

— خۇدا ھەققى، شۇڭقارنى كۆرمەن دەيتتى - دە، باشقا گەپ قىلمايتتى. ئوسمان چولاق پەرھات مۇللامدىن سورايتتى. ئۇ بولسا:

— مۇمكىن ئەمەس، زادى بولمايدۇ، شۇڭقارنى بۇ ئادەم كۆرەلمەيدۇ. قانداق ئادەملىكى نامەلۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر بەگ - دە، — دەپ ئۇنىمايتتى.

— ئۇ يامان بىر ئادەم بولسا، ئاغا بولسا، بەگ بولسا،

ھۆكۈمەت ئادىمى بولسا دېھقانلار ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىمۇ؟ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ شۇڭقارىمىزنىڭ تۇزلەڭلىكتە ئىكەنلىكىنى ئىدرىس بەگكە دەپ بېرەرمىدى.

— بۇ ئادەم ياخشى ۋە دوست ئادەمدۇ. مەيلى، بېرىپ كۆرسۇن، — دەپ پەرھات موللامغا قارشى چىقاتتى ئوسمان چولاق، — ئۇ ياخشى ئادەم، ساپ دىل ئادەم. بەلكى شۇڭقارىمغا دېيدىغان گېپى باردۇ.

— ئۇنىڭ دېيدىغان گېپى يوق، — دەپ ۋارقىرىدى پەرھات موللام، — بۇ ئادەمنىڭ مەمەتنى كۆرۈشى خام خىيال. ئاڭلىدىڭمۇ ئوسمان ئاغا! قانداقلىقى نامەلۇم بىر ئادەم بۇ. قايسى ئەقىلسىز دېھقاندىن ئۇنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىۋالغان بولسا، شۇ كۆرۈشتۈرسۇن.

ئاخىر ئىدرىس بەگكە:

— بىز ئۇنى كۆرمىدۇق، ھەم بىلمەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشەتتى ئۇلار، — ئۇ تۇزلەڭلىككە چۈشەمدۇ؟ سارالڭ بولۇپ قاپتۇمۇ؟ ئۇ تاغلاردا ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

ئىدرىس بەگ ئىشەنمەيتتى. ئېتىغا مىنەتتى، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا قاراپ چاپتۇراتتى.

سەلۋەر كېلىنىنىڭ يىراقتىكى ئەندىل يېزىسىدا بىر نەۋرىسى بار ئىدى. بۇ بالا ئۇنىڭ بارلىقى، جېنى، يۈرەك پارىسى ئىدى. قىشۇ ياز دېمەي، يېمەي - ئىچمەي، قولىغا نېمە كىرسە ھەممىنى يىغىپ شۇ نەۋرىسىگە ساقلايتتى. چوڭ - چوڭ ئانارلار، پىشقان قوغۇن - تاۋۇزلار، ماراش تاغلىرىدىن كەلگەن مېۋە قاقلىرى، ۋاسالغۇ، ئۈزۈملەر، ھەممە نەرسە نەۋرىسى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يوغان بىر ساندۇق ھەرىسى بار ئىدى. ئاق كۆڭەلگۈلەر ھەر يىلى ھەسەلنى كۆتۈرەلمەي قالاتتى. كۆڭەلگۈلەر ساندۇقتىن تېشىپ كېتەتتى. ھەممە ئادەمنىڭ ھەرىسى بولاتتى. بىراق، سەلۋەر كېلىنىنىڭ ساندۇقى باشقىچە ئىدى. ئۇ ھەرىلەرگە



ئۆزگىچە قارايتتى. ئۇنىڭ ھەسەللىرى پۈتۈنلەي رەيھان ئېتىيتتى ۋە ئاپپاق بولاتتى. ھەرىلىرىمۇ باشقا ھەرىلەرگە قارىغاندا يوغان، پارقىراق ئىدى.

ھەسەلنى چىقىرىپ، كۆڭەلگۈلىرىنى سۈزۈپ، نەقىشلىك چوڭ بىر كومزەككە توشقۇزغانىدى. بۇنى نەۋرىسىگە ئېلىپ بارىدىغان كۈننى كۈتۈۋاتاتتى. كومزەكنى تامغا ئېسىپ قويۇپ زوقلىنىپ قاراپ قوياتتى. ھەر يىلى شۇنداق قىلاتتى. نەۋرىسىگە ئاتاپ قويغان ھەسەلدىن بىر ئىلىم ئېلىپ ئاغزىغا سالمايتتى. ساندۇقىمۇ يۇراقلىق تاغ ئالمىسى، ئالمۇت، ئەنجۈر قېقى، ئۈزۈم، قاق، ئۈجمىلەر بىلەن توشاتتى.

ھەسەلنى ئېلىپ، كومزەككە توشقۇزۇپ تامغا ئاسقاندىن كېيىن ئۇزاققىچە ھەسەلگە قارىدى. بۇ يىل تامدىكى كومزەكنى ئېلىشقا قولى بارمايتتى. ئۇنى ئالمايتتى. نېمە ئۈچۈندۇر نەۋرىسىگە ئەۋەتەلمەيتتى. بۇ ھەسەل كومزىكىنىڭ بۇ يىل تامدا ئېسىقلىق تۇرۇشىدا بىر ئىش، غورۇرىغا تېگىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە سەلۋەر كېلىن چىدىيالماستىن ھەسەل كومزىكىنى تامدىن ئالدى. ساندۇقتىكى يېمىشلەرنى بىر گىلەم خۇرجۇنغا سالدى. بۇلارنى ئوسمان چولاققا ئېلىپ باردى.

— بۇنى ئال، ئوسمان، — دېدى ئۇ، — كۆپ ئويلاندىم، بۇ يىل بۇلارنى نەۋرەمگە ئەۋەتىشكە قولۇم بارمىدى، كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. بۇ يىل بۇلارنى ئۇنىڭغا بەرگىن. ئۇ بەكمۇ يوقسۇزچىلىق تارتىپتۇ، زادىلا نان يېيەلمەپتۇ. ئۇ تاغلاردا نەدىكى ناننى يېسۇن، بىچارە ... يىگلەپ قاپتۇ، ئۆسەلمەپتۇ. ئۇ بىچارە تېخى ياش، ياخشى يەپ، ئىچسە بەلكى بويى ئۆسۈپ قالار، ئۆزىگە كېلەر. بۇنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەر. ئانىسىنىڭ سۈتىدەك ھالال بولسۇن. ئۇنىڭغا سەلۋەر كېلىن ساڭا جېنىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ، دېگىن، بولامدۇ؟

ئوسمان چولاق خۇشال بولۇپ كەتتى. رەڭلىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن ھەسەل كومزىكىنى سىلاپ قويدى.

— ماقۇل، چىرايلىقىم سەلۋەر كېلىن، ماقۇل، ھەممىنى دەيمەن. بۇنى ساڭا چىرايلىق سەلۋەر كېلىن ئەۋەتتى دەيمەن. يەپ ـ ئىچ، كۈچلۈك، تاغلاردەك بول! سېنى كۆرگەنلەر ھەيۋىتىڭدىن ئۈركۈسۈن. شۇڭقار كىچىك، ئەمما ئۇۋۇنى باشقىلارغا بەرمەيدۇغۇ. شۇنداق بولسىمۇ سەن ھەيۋەتلىك بول. سەلۋەر كېلىن ئەقىللىك بىر ئانا. ئۇ شۇنداق بولۇشۇڭنى خالايدۇ، دەيمەن.

سەلۋەر كېلىن ھاياجانلاندى.

— شۇنداق دېگىن، شۇنداق بولۇشىنى خالايمەن، — دەپ خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

ئوسمان چوڭ ھەسەل كومزىكىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سەلۋەرجان، بۇ كومزەككە نېمىدېگەن چىرايلىق نەقىشلەرنى ئىشلىگەنسەن، — دەيتتى، — نېمىدېگەن پار ـ پۇرچىلىق. بۇ كومزەكنىڭ ئۈستىگە دۇنيانى، جەننەتنى ئەكىلىپ ئورنىتىپسەن، قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن.

كومزەكنىڭ قارا بويىنى ئۈستىگە ھاۋا رەڭ، يوغان بىر مىلتىق چۈشۈرۈلگەن. مىلتىقنىڭ يېنىدا بولسا بىر قول تۇراتتى، مۇشتۇمى سەل تۈگۈلگەن.

— ئوسمان شۇڭقارىغا، جانجىگەرىگە، يولۋىسىغا، يىگىتىگە، ئىككى كۆزىنىڭ نۇرىغا، ئالەمنىڭ يارىشىقىغا جېنىنى قۇربان قىلىدۇ، چىرايلىق قولىنىڭ تەسۋىرلىرىگىمۇ جانلار قۇربان ...

ئوسمان چوڭنىڭ بۇ سۆزلىرىگە سەلۋەر كېلىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

— سەلۋەر كېلىنمۇ قۇربان بولغاي ... — دېدى ئۇ.

## 42

ساۋرۇن دەرياسى ئاقچەسازنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئېقىپ، شېغىل تاشلارنى يايلاتتى، كېيىن شېغىل تاشلارنىڭ ئارىسىدىن



شارقىراپ چۈشۈپ ئىككىگە ئايرىلاتتى، ئوتتۇرىدا ئېتەكلىرى قومۇلۇق بىر دۆڭنى ھاسىل قىلىپ، ئاقچەساز پاتقاقلىقىغا چۈشۈپ كېتەتتى. پاتقاقلىقنىڭ قايناپ تۇرغان يېرىگە چاتقاللىقنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېلەتتى. جىمى ئۆسۈملۈك يايپىشىل ياشىرىپ كەتكەندى. پاتقاقلىقنىڭ شەرقىدىكى ئارالنىڭ شىمالىي قىسمىنى قىبرى سۆگەتلەر بىر خىل پەردىدەك ئوراپ تۇراتتى. شەرقتە — ئارالنىڭ باشلانغان يېرىدە كىچىككىنە چىنار ئورمانلىقى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ساۋرۇن دەرياسى چىنارلارنىڭ تۈۋىگە شېغىل تاشلارنى يىغقانىدى. جەنۇبتا زىنجارلىرى، بەردە①لىرى ۋە قومۇشلىرى بىلەن قاتمۇقات چاتقاللىق سوزۇلۇپ كەتكەندى. غەربتە چەكسىز كەتكەن ئاقچەساز پاتقاقلىقى ... چاتقاللىق بىر قۇشلار جەننىتى ئىدى. چاتقاللىقتىكى دەرەخلەرگە يىلنىڭ ھەممە كۈنىدە ھەر خىل قۇش كېلىپ قونۇشاتتى. چوڭ ـ كىچىك، يۈزمىڭلاپ قۇش ... ئەتىگىنى كۈن چىقماستىن بۇرۇن — شەپەق كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ مىڭلاپ قۇش بەس ـ بەستە سايراشقا باشلايتتى. چاتقاللىقنىڭ ئۈستىگە قۇشلار بۇلۇتتەك قوناتتى، قۇشلار قارا بۇلۇتلاردەك ئارقىشىپ كېتەتتى.

بۇ ئارال سەيپەلنىڭ ئىدى. ئانا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ئۇلار بۇ يەرلەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىيتتى. چوقۇر ئۇۋانىڭ ئەڭ يوغان تاۋۇزلىرى، ئەڭ تاتلىق شېرىن قوغۇنلىرى بۇ قومۇلۇق تۇپراقتا ئۆسەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ مەخمەل گۈللىرى، جىغاندەك يوغان رەيھانلىرى بۇ يەردە ئۆسەتتى. يازنىڭ ئىسسىقىدا يىراقلاردىن پۇراقلىرى ئۇرۇلاتتى. ئالتە يىلدىن بېرى بۇ قوغۇنلۇقنى خەلىل ساقلايتتى. بىر كۈنى سەيپەلنىڭ ئالدىغا ئېگىز بويلۇق، سەل ـ پەل ئالدىغا ئېگىشكەن، بويىنى قىيسىق پالكۆز، قاشسىز، كىرپىكسىز، بېشىنى بىلىپ بولمايدىغان،

① زىنجار، بەردە — بىر خىل ئۆسۈملۈك.

يۈزلىرى قورۇق بىر كوسا ئادەم كېلىپ:
— ۋاي سەيپەلى ئاغا، بۇ تۇرمۇشتىن زېرىكتىم، ماڭا مۇشۇ قوغۇنلۇقنى بەرگىن، ساقلاي، سەن ساۋايىنى ئالمىغىن. بۇ يەرنى كۆزەت قىلىدىغانلار ئۈچ يىلدىن ئارتۇق چىدالماسمىش، ئۆلۈپ كېتەرمىش، زەھەرلىك بەزگەك كۆزەتچىلەرنىڭ جېنىنى ئالارمىش، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن.
سەيپەلىمۇ ماقۇل دەپ شۇ يىلى قوغۇن - تاۋۇزلارنى ساقلاتقىلى خەلىل كوسىنى قويغانىدى.
خەلىل كوسا ئۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەزگەكمۇ بولمىدى. قانداق قىلىپ بەزگەك بولماي قالدىڭىز؟ سورىغانلارغا، ئۇ: «مەن پاشىغا قارشى ئەپسۇن ئوقۇتقان» دەپ، بوينىدىكى گۈللۈك تۇمارنى كۆرسىتەتتى.
خەلىل كوسا ھەر يىلى ئەتىيازدا تېرىم ۋاقتىدا كېلەتتى. كۆزدە ھوسۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن كۆزدىن غايىب بولاتتى. نەدىن كەلگەنلىكىنى، نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.
مەمەتنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىدى. سەيپەلى قوغۇنلۇققا كەلدى.
— خەلىل، ساڭا جېنىمنى، مېلىمنى، نومۇسۇمنى ئىشىنىپ تاپشۇرالايمەن، ساڭا شۇ بىچارە خەلقنىڭ كۆز نۇرىنى ئىشىنىپ تاپشۇرالامدىمەن؟ — دېدى.
خەلىل شۇئان ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە كۈلۈشكە باشلىدى.
— گەپنى ئۇزارتىشنىڭ نېمە ھاجىتى، سەيپەلى ئاغا. ئۇ مېنىڭمۇ ئىككى كۆزۈمنىڭ نۇرىدۇر. مېنىڭ شۇ يامان جېتىم شۇ قارا توپىغا كۆمۈلمەستىن تۇرۇپ ئۇنىڭ مويىغىمۇ چېقىلالمايدۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر جاي ياساپ بېرىمەنكى، ئادەم يالىسى كۆرەلمەيدۇ، تاپالمايدۇ.
باشقا سۆز قىلىشمىدى. شۇ كۈنى كېچىسى مەمەت خەلىل كوسا ئىككىسى سۆگەتنىڭ شاخلىرىغا ياساپ بەرگەن بارائىدا سالقىن راھەتلىنىپ ئۇخلىدى. خەلىل كوسا ئىنچىكە قومۇشلارنى توقۇپ



پاشىلىققا ئوخشاش بىرنەرسە ياساپ بەرگەنىدى. قومۇشتىن توقۇلغان پاشىلىققا شۇنداق ھاۋا ئۆتۈشۈكلىرىنى ئاچقانكى، ھەم ئىچى سالقىن بولاتتى، ھەم پاشا - چىۋىنلەر كىرەلمەيتتى. بىر دانىسىمۇ قومۇشتىن توقۇلغان پاشىلىقنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيتتى. ئالتە يىلدىن بېرى خەلىلنىڭ بەزگەك بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ ئىدى.
ئايدىڭ كېچە. خەلىل بۈگۈن كېچە زادىلا ئۇخلىماستىن تاڭ ئاتقۇچە مەمەتنىڭ نەپەس ئېلىشىنى تىڭشاپ، بۇ كىچىككىنە ئادەمنىڭ ماجىرالىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندى. بۇ كىچىككىنە ئادەم ھازىر يارىدار، ھارغىن بولۇپ، خۇدىنى بىلمەيتتى.
خەلىل كوسا بۇ جەرياندا مەمەتنىڭ يارىسىغا دورا سۈركەش ئۈچۈن كەلگەن قەمەر ئانىغا، سەيران قىزغا، پەرھات موللامغا، ئوسمان چوڭغا قولىدىن كەلگەن ھەممە ياردەمنى قىلدى. قەمەر ئانا دورا ياساش ئۈچۈن ئىزدەپ تاپالمىغان ئوت - چۆپلەرنى، گۈللەرنى، سېغىزلارنى قومۇشلۇقتىن، ئاناۋارزا قىيالىقلىرىدىن، تاغلاردىن ئىزدەپ تاپتى. خەلىل بولمىغان بولسا قەمەر ئانا بىلەن سەيراننىڭ دورىلىرى مەمەتنىڭ يارىلىرىنى ئون بەش كۈنگە قالماستىن ساقايتالمىغان بولاتتى. مەمەتنىڭ يارىسى ساقىيىشى بىلەن ئۇ بارغانسېرى جىمغۇر بولۇۋالدى، ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتى، ھېچكىمنىڭ چىرايىغا قارىمايتتى. خەلىل، قەمەر ئانا، سەيران قىز بىرنېمىلەرنى سورىسا ئاڭلىمايتتى، كۆرمەيتتى، جاۋاب بەرمەيتتى. ئالدىغا قويۇپ قويغان تاماقلارغا قارىماستىن تەمىنى تېتىماستىن، ئىنتايىن تېز يەيتتى. تاماقنى يەپ بولۇپلا خەلىل تونېلىدەك ئويۇپ، يۇپۇرماقلىق مەرسىن شاخلىرىنى يېپىپ ياساپ بەرگەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ ياتاتتى. ئۆڭكۈردىن چىققان چاغلىرىدىمۇ قوغۇنلۇقتا جەيھان دەرياسىنىڭ بويىدا تاشلارغا پۇتلاشقاندەك، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ پىلەكلىرىگە پۇتلىشىپ ئۇيقۇلۇقتا ماڭغاندەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. يىقىلىپ - قوپۇپ

ماڭاتتى. شۇنچىلىك ھالدا ئىدىكى، ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى ۋە كۆرمەيتتى.

خەلىل كوسا ئۇنى سورىغانلارغا، سەيران قىزغا، قەمەر ئانىغا، ئوسمان چوڭغا، پەرھات موللامغا شۇنداق دەيتتى:

— ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپتۇ. جىن چاپلاشقان ئادەمنى كۆرگەنمەن. ھەممىسى بۇنىڭغا ئوخشايتتى. خۇددى ئۇزۇنلا ... بىزنىڭ يېزىدا مۇستاپا ئاللا دېگەن بىرى بار ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە ...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇستاپا ئاللىنىڭ ھېكايىسىنى، ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ جىن چاپلاشقانلىقىنى ئۇششاق - چۈششەكلىرىگىچە سۆزلەشكە باشلايتتى. مۇستاپا ئاللا جىنلار توي قىلىۋاتقان يەرگە كېلىپ، ئۇلار ناماق يېيىشىۋاتقاندا، بىلمەستىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تەرەتكە ئولتۇرۇپ قويۇپتۇمىش. شۇنىڭ بىلەن جىنلار ئۇنى سارالڭ قىلىپ قويۇپتۇمىش. مەمەتمۇ تاغدا، بىرەر غاردا جىنلارنىڭ ئۈستىگە تەرەت قىلىپ قويغانمىش. موللا، دوختۇر دېگەنلەر ئۇنى ساقايتالماسمىش. ئۇنى پەقەت چاپلاشقان جىنلار شەپقەت قىلسىلا ساقىيالارمىش. خەلىل كوسا بۇ سۆزلىرىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق قەسەمنى ئىچەتتى.

ئوسمان چوڭنىڭ كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ، بىر قولى تاپانچىسىنىڭ تەپكىسىدە، بىر قولى خەلىل كوسىنىڭ ياقىسىدا ...

— ماڭا قارا ھەي كوسا ! — دەپ ۋارقىرايتتى، — مەن ئانام بولۇپ كەت، خوتۇنۇم بولۇپ كەت، بەربىر ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئۇنىڭغا جىن چاپلاشقانلىقى ھەققىدىكى گەپنى بىر ئىنسانغا دەيدىغان بولساڭ، قېنىڭنى ئىچىمەن.

كوسا سوغۇققانلىق بىلەن:

— بۇنى بىرىگە دېگىلى بولامدۇ، ئوسمان ئاغا، — دەيتتى، — دېگىلى بولامدۇ؟ دەپ قويسام، بۇ خەقنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن



كەتسۇنمۇ؟ بۇ ئەھۋالنى دېھقانلار بىلىدىغان بولسا روھلىرى چۈشۈپ تۈگىشىپلا كېتىدۇ - دە. يېزىنى تاشلاپ قاچىدۇ. بۇنى كىشىگە دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنچىلىك ئىشلارنى بىزمۇ بىلىمىز، ئاغا. سەن تېخى؟ بىز داڭلىق خەلىل كوسا جۇمۇ ! بىز بۇ ساقالنى تۈگمەندە ئاقارتمىدۇق !

بىر كۈنى خەلىل كوسا سەيران قىزدىن بىر قازان، بىر توقاچ سوپۇن، بىر قۇر يېڭى ئىچ كىيىم سورىدى. ئىككىنچى كۈنى سەيران قىز بۇ نەرسىلەرنى ئەكەلدى. سوپۇن ھال رەڭلىك، ئېسىل پۇراقلىق سوپۇن ئىدى. ئۇ بۇ سوپۇننى ھارمانچادىن مۇشۇ يەرگىچە بوغچىسىدا ساقلاپ كەلگەن، ئىشلىتىشكە كۆزى قىيمىغانىدى.

خەلىل شۇ زامان ئوت يېقىپ سۇ ئىسسىتتى، مەمەتنى بىر قومۇشلۇقتا ئەكىرىپ يېشىندۇردى. ئۇنى بىر توقاچ سوپۇن بىلەن كىچىك باللاردەك ئۇۋۇلاپ يۇدى. قۇرۇقدىدى، كىيىندۈردى. ئوسمان چوڭ ئۇنىڭغا يېڭىدىن قارا شالۋۇر، يوللۇق مارالش سوكناسىدىن بىر چاپان تىكتۈرۈپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پەس پاشنىلىق ئادانا ئايىغىدىن بىر جۈپ ئېلىپ بەرگەنىدى. خەلىل كىيىندۈرگەن كىيىملەر مەمەتكە بەكمۇ ياراشتى. يېڭى ۋە كۆنەلمىگەن بۇ كىيىملەر بىلەن مەمەت سەل كىچىكلەپ قالغاندەك، تېخىمۇ يەكرەك باللارغا ئوخشاپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇسۇپ كەتكەن بۇدۇر ساقاللىرى بولمىغان بولسا، شۇ بالىنىڭ مەمەت ئاۋاق ئىكەنلىكىگە مىڭ گۇۋاھچىنى سۆزلەتسەڭمۇ ھېچكىمنى ئىشەندۈرگىلى بولمايتتى.

— قولۇم تەگكەندىن كېيىن ئەمدى ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چىرايلىق قىلىپ چۈشۈرۈپ قوياي، — دېدى خەلىل.

ئۇستىرىسىنى ئۆزاقىچە كاپلىدى، نامازدىگەردىكى سالقىندا مەمەتنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چىرايلىق چۈشۈرۈپ قويدى. قالايمىقان چاچلىرىنى بىر تەرەپكە سىلىق قىلىپ تارىدى. مەمەت مەلۇم ۋاقىت خەلىلگە قارىدى. كۈلۈمسىرىدى ۋە قولىنى

چىلىق سىقتى. خەلىل يۈگۈرگەن پېتى چىنارنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان سەيران قىزنىڭ قېشىغا كەلدى، ھاياجاندىن دېمى سىقىلاتتى.

— سەيران قىز، ۋاي سەيران خېنىم، بولغان ئىشنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئۆزىگە كەلدى. ئۇنىڭغا جان كىردى! خۇدا ھەققى، قولۇمنى سىقتى. ماڭا قاراپ چىرايلىقىنا كۈلۈپ قويدى.

— كۈلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سەيران، — راست كۈلدىمۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەمەت تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

مەمەت ئۆرە تۇراتتى. كېلىۋاتقانلارغا قارايتتى. بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن، ئۇلارنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. قارىش بىلەن تەڭ كۈلۈمسىرەيتتى.

سەيران ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، يۈزى ھۆپپىدە قىزاردى.

— قېرىنداشىم، ياخشى بولۇپ قاپسەن! — دېدى.

مەمەت ھەيرانلىق ئىچىدە سەيرانغا قارايتتى ۋە كۈلۈمسىرەيتتى.

— تونۇدۇڭمۇ ئاغام، — دېدى خەلىل، — بۇ قىز سەيران قىز بولىدۇ. قەمەر ئانا بىلەن بىللە سېنىڭ ياراڭنى بۇ قىز ساقايتتى. مەن بولسام خەلىل كوسا بولىمەن، بۇ قوغۇنلۇقنىڭ كۆزەتچىسى.

خەلىل مەمەتنىڭ بىرنەرسە ئىزدەۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— نېمە ئىزدەيسەن، بۇرادەر؟ — دېدى خەلىل.

مەمەت ئۇيان - بۇيېنىغا قارايتتى.

— مىلتىقىڭنى ئىزدەۋاتامسەن؟ مانا بۇ يەردە، — قولىدىن تۇتۇپ باراڭنىڭ ئاستىغا ئەكەلدى. باراڭ ئاستىدىكى ئوتلارنى بىر چەتكە يۆتكىدى. ئوت دۆۋىسىنىڭ ئاستىدا بىر ئورەك كۆرۈندى. ئورەكنىڭ ئىچىدە يۆگەپ قويۇلغان بورا تۇراتتى. خەلىل كېلىپ بورىنى ئاچتى. مىلتىق، ئوقدانلار، دۇربۇن،



تاپانچا ھەممە نەرسە شۇ يەردە ئىدى. مەمەت بارلىق كۈچى بىلەن خەلىلنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم سىقتى.

توختىماستىن كۈلۈمسىرەيتتى.

سۆگەتنىڭ ئاستىغا كېلىپ سۆگەت غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى. سەيران كۆزلىرىنى مەمەتتىن ئۈزمەيتتى. ئىچىدە لەززەتلىك ۋە ئىسسىق بىرنەرسە قاينايتتى. بۇ ھېسسىياتنى خېلى زاماندىن بېرى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. مەمەتنىڭ چىرايىغا قارىغانسېرى قەلبىگە يىراق بىر يەرلەردىن ئىسسىققىنا بىر نەرسىلەر تامچىلايتتى. سەيران يەرگە قارىۋالاتتى ... يەنىلا كۆزلىرى مەمەتنىڭ يۈزىدە ... سەيران نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيتتى. ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىياتقا چۆمگەنىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ، خەلىل بىر نەرسىنى بىلىپ قالدىمىكىن، دەپ كۆزلىرىنىڭ قىرىدا قاراپ قوياتتى. ئەمما، بۇ خەلىلنىڭ خىيالىغا كىرىپ - چىقمايتتى. بۇ، سەيراننىڭ يۈرىكىگە سۆز سىيەتتى، يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. مەمەتنىڭ چىرايىغا قېنىپ - قېنىپ قارايتتى. قەلبىدە ئاللىقانداق بىرنېمىنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىقىنى، ياتقا بىر خىل ھېسسىياتنىڭ ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. مېھىر - شەپقەتكە، سۆيگۈ - مۇھەببەتكە، ئانا مېھرىگە، دوستلۇققا ئوخشاش قالايمىقان ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئىچىدە چايقىلاتتى.

خەلىل ئىككى - ئۈچ قېتىم قوغۇنلۇقنى ئايلىنىپ كەلدى. ئىككى دەستە مەخمەلگۈل بىلەن رەيھاننى ئۈزۈپ كېلىپ، بىرىنى سەيرانغا، بىرىنى مەمەتكە بەردى. مەمەت گۈللەرنى پۇرىدى. پۇراقنى چوڭقۇر نەپەس بىلەن ئىچىگە يۇتتى. ھېچقاچان گۈل پۇراپ باقمىغاندەك قىلاتتى.

غەرب شامىلى چىقىپ توپىلىق بوللاردا، ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ تۈۋىنىدە ئۇزۇن چاڭ تۇمانلىرىنى ئۇچۇرماقتا ئىدى. سەيران ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئوت قالاپ، سىلەرگە ئىسسىق كۆجە ئېتىپ بېرەي، —

دېدى.

چاۋار ـ خەتەكلەرنى يىغىشقا باشلىدى. خەلىلمۇ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. شۇ زامان ئوت قالىدى، كورىنى ئوچاقىقا ئاستى، ياغ چۈچۈدى. پىياز پۇرىقى كەلدى.

سەيران تېزلىكتە داستىخان سالدى، غىدىرلارنى قويدى.

— قېنى، ئېلىڭلار.

مەمەت بىلەن خەلىل ياداشقان قورۇپ ئولتۇرۇشتى.

مەمەت تۇنجى قېتىم بۈگۈن كۆجىنى سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ ئىشتىھا بىلەن ئىچەتتى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ، كۆجىنىڭ تەمىنى ئېتىمۇاتقاندەك، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قوشۇقىنى ئاغزىغا ئاپىراتتى. بۇنىڭغا خەلىلنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى.

كۆجە تۈگەش بىلەن مەمەت ئەتراپىغا بىرنەچچە قېتىم قاراپ قويدى. ئاستا ـ ئاستا سېھرىلىكى يېشىلگەن، چەكسىز ئۇيقۇدىن ئويغانغان، ئاجايىپ بىر چۈش دۇنياسىدىن ھەقىقىي دۇنياغا كەلگەن بىر ئادەمنىڭ ئىشەنچسىز ھودۇقۇشى ئىچىدە ئىدى. ئاخىر كۆزى سەيرانغا چۈشتى. كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. سەيران كۆزلىرىنى ئەپقاچتى.

مەمەت سۆز قىلدى:

— قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن، سىڭلىم، مۇنداق كۆجىنى زادىلا ئىچمىگەنىدىم، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى سەيراننى بېشىدىن ئايىغىچە پۈتۈن بەدىنىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. بەدىنىدىن بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە پەقەتلا بىرلا قېتىم ھېس قىلالايدىغان بىر خىل ئۇيۇشۇش پەيدا بولدى. پۇت ـ قولى بوشىشىپ كەتتى. مەمەتنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن يىراقلاردىن، باشقا بىر دۇنيادىن كېلەتتى. ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچتىن ...

كەچقۇرۇنقى ئالا كۆلەڭگىلەر چۈشۈشكە باشلىدى. كۆلەڭگىلەر ئىچىدە بىردىنلا مەمەتنىڭ چىرايىنى يېتتۈرۈپ قويدى. ئورنىدىن تۇردى، ئوڭ ـ سولغا ماڭدى. بىر سۆڭەتكە ئېسىقلىق تۇرغان كومزەكنى ئەكەلدى.



— ھەسەل، — دېدى، — بۇنى ساڭا سەلۋىر يەڭگە ئەۋەتتى. ئىسىل ھەسەل، ھېچكىمگە بەرمەيدۇ، يالغۇز ساڭىلا بەردى.

ئالدىراپ مەمەتنىڭ غىدىرىغا ھەسەلنى تۆكتى سەيران.

— رەھمەت، سىڭلىم، — دېدى مەمەت، — يارامنى تېمىدىگەن تېز ساقايتتىڭىز.

سەيران ئىزا تارتتى، قىزاردى، ئاۋازى تىترەپ چىقتى:

— قەمەر ئانا تېۋىپ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، قەمەر ئانا يۇقىرىقى تاغلاردىن، سارى تاغ شىماللىق تەرەپلەردىن كەلگەن. ئۇلار ئوق يارىسىنىڭ دورىلىرىنى ياساشقا ئۇستا كېلىدۇ. مەنمۇ تاغلاردىن كەلگەنمەن، بىزنىڭكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوقتا يارىلىنىدۇ، — دېدى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى. سۆز قىلغىنى ئۈچۈن مىڭ پۇشايمان قىلدى. پۇت ـ قولى دىر ـ دىر تىترەيتتى. بۇ ئەھۋالنى مەمەت بىلەن خەلىلنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇپ جېنى چىقاتتى. خۇداغا شۈكۈر، كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. يۇلۇتتەك ئۈچۈپ يۈرگەن چىۋىن ۋە پاشىلار قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىدە، باشلىرىنىڭ ئۈستىدە ۋىڭىلداشاتتى.

سەيران ھەم بۇ يەردىن تېزلىكتە قېچىپ كېتىشنى، ھەم زادىلا ئايرىلماسلىقنى خالايتتى. ھازىرغىچە مۇشۇنداق قاراڭغۇ چۈشكىچە يۈرمىگەنىدى. ئەمدى مەمەتنىڭ چىرايىنىمۇ قاراڭغۇدا ياخشى كۆرەلمەيتتى. ئورنىدىن تۇردى. مەمەت بىلەن خەلىلمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— كەچ قالدىم، ئامان بولۇڭلار! — دېدى سەيران.

— بۇ يېرىم كېچىدە ... يالغۇز ئۆزىڭىز ... — دېدى مەمەت.

خەلىل كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇھۇي، مەمەت قېرىندىشىم، — دېدى ئۇ، — سەن سەيران قىزنى بىلمەيسەن. ئۇ بۇ كېچىدە بىر ئارمىيەنىڭ ئىچىگىمۇ كىرەلەيدۇ. ئۇ ھېچ نەرسىدىن، ھېچكىمدىن قورقمايدۇ ...

سەيران يۈگۈرگەندەك مېڭىپ يىراقلاشتى. ھەتتا ساۋرۇننىمۇ يېتىپ باردى. ئاياغلىرىنى سېلىپ سۇدىن ئۆتتى. سۇدىنمۇ تېز-لا ئۆتۈپ ئاياغلىرىنى كىيدى. توپا يولغا چۈشتى. شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇنتۇپ قالغان بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە ھاياجانلىناتتى، بوشىشاتتى ۋە تېخىمۇ بەكرەك تىترەيتتى. بەزىدە ئۆزىنى ئىنتايىن قىزغىن، جۇشقۇنلۇق ئىچىدە ھېس قىلاتتى. بەزىدە لەززەتلىك بىر خۇشاللىق ئىچىگە ئۆزىنى تاشلايتتى.

## 43

شۇ كېچىسى سەيراننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمىدى. خۇشاللىقىدىن ئىچ - ئىچىگە سىغمايتتى. ئازادە كېرىلەتتى. لەززەتلىك سېھىرلىگۈچى، يۇمشاق، ئىسسىق بىر چۈشنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئېغىر، يۇراقلىق، ئىللىق بىر نەرسىلەر، مۇھەببەتكە، شەپقەتكە، مەرھەمەتكە، دوستلۇققا ئوخشايدىغان بىر نەرسىلەر ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا تېز ئايلىنىپ يۈرەتتى. قانلىرى تارتقان ئازابلاردىن ئارىلىناتتى، راھەتلىنەتتى. سەيران كۈن چىقماستىن ئورنىدىن تۇردى. پۈتۈن بەدىنى - چاچلىرى، تېرىسى، تىرناقلىرى، كۆزلىرى، قۇلاقلىرى بىلەن چىقىۋاتقان كۈنگە قاراپ كېرىلدى. ئۇ چەكسىز بەختلىك ھېسسىياتقا چۆمگەنىدى. قوغۇنلۇق، پاقالچاقلىرىغا كېلىدىغان، شېغىل تاشلارنىڭ ئارىسىدىن شارىلداپ ئاققان سۇ، سۆگەتلەر، ھاۋا رەڭ بۇلۇتتەك كېلىپ سازلىقتىكى يېشىللىق ئۈستىگە قونغان كېپىنەكلەر، چىنارلار، قۇشلار، خالىل كوسا، ھەممىلا نەرسە بەختىيارلىق يالقۇنلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئەتراپىدا قىمىلداپ تۇراتتى.

سەيران چەكسىز لەززەت ئىچىدە كېرىلگەندە، بەزىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى يالقۇنجاپ كېتەتتى، ئوت ئىچىدە قالاتتى. بۇ چاغدا قولۇڭ تېگىپ كەتسە كۆيدۈرەتتى.



شەرقتىكى تاغلارنىڭ چوققىسى ئاقىرىشقا باشلىدى. سەيران ھازىرغىچە كۈن چىقماستىن بۇرۇن تاغلارنىڭ چوققىسىنىڭ ئاقىرىدىغانلىقىنى زادىلا كۆرمىگەنىدى. كۈن چىقماستىن بۇرۇن تاڭ سەھەر شامىلى ئاستاغىنا چىقىپ تۇراتتى، يەردىن ھور كۆتۈرۈلەتتى. قۇشلار سايرىشاتتى. چوك - چوك، قاناتلىرى ھۆللەنگەندەك كۆرۈنىدىغان ھاۋا رەڭ، سېرىق، سۆسۈن، قىزىل كېپىنەكلەر ئۇچۇشاتتى. ھەرىلەر، چېكەتكىلەر، چۈمۈلىلەر ئويغىناتتى، ئۇۋىلىرىدىن تاشقىرىغا — نەم توپىنىڭ ئۈستىگە چىقىشاتتى، چىقىۋاتقان كۈننى كۆرۈشەتتى. يەر يۈزى، زەڭگەر ئاسمان، دەرەخلەر، سۇلار، گۈللەر، ھايۋانلار، قۇشلار، ھاشاراتلار چەكسىز ئويغىنىش ھاياجىنى ئىچىدە، چىقىدىغان كۈننىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە ئىدى. ھەممە نەرسە چىرايلىق كۆرۈنەتتى، ھەممە نەرسە خۇشاللىقىدىن ئۇچاتتى. بىر ئازدىن كېيىن كۈن چىقتى. سەيران كۈننىڭ مۇشۇنداق چىقىشىنىمۇ زادىلا كۆرمىگەنىدى. زەڭگەر ئاسمان ئېچىلدى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شېرىن بىر خىل ھاۋا رەڭ تۈسكە كىردى. پاك - پاكىز يۇيۇپ قويغاندەك پارقىراق ئاسمان. كۆكتە ھېچبىر بۇلۇت يوق، بىر دانە قۇشمۇ ئۇچمايتتى. سەيران ساۋرۇن دەرياسىغا قاراپ ماڭدى. سۆگەتلەر ئارىسىدىكى دالدىغا يۈگۈردى. ئۇ يەرگە كېلىپ ئانىدىن تۇغما بولدى. ئۆزىنى ساۋرۇن سۈيىگە ئاتتى، ئۈزدى. كېلىشكەن، ماسلاشقان ئورۇق ئۇزۇن بەدىنى ئاق شېغىل تاشلارنىڭ ئىچىدە سوزۇلدى ... ئۇ بارلىق خۇشاللىقى بىلەن ياتاتتى، ھاسىرايتتى. بىرى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ تېز-لا كىيىندى. ھېچقاچان مۇنداق چىرايلىق سۇنى، مۇنداق چىققان كۈننى، مۇنداق سۈزۈك ئېچىلغان ئاسماننى كۆرمىگەنىدى. مۇشۇنداق گۈزەل دۇنياغا تۇغۇلۇپ باقمىغانىدى. دۇنيا دوستلۇق خۇشاللىقى ئىچىدە قاينايتتى. دۇنيانىڭ ئۈستىگە خۇشاللىق يامغۇرلىرى ياغاتتى.

يېزىمۇ ئويغانغانىدى. سەيران ھۆل چاچلىرىنى ئۆرۈگەچ

يېزىغا كىردى. ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ ئەلى ئەخمەت ئۇچرىدى. ئۇ ياش تۇرۇپلا مۈكچىيىپ كەتكەن يەتمىش ياشلىق بوۋاي ئىدى. ئۇ تۇرۇپ قالدى. سەيران قىزنىڭ يۈزىگە قارىدى:

— ھوي قىز، ساڭا نېمە بولدى شۇنچە؟ كۈلۈپلا تۇرىسەن. خۇددى پەرىلەرگە ئوخشاپ قاپسەن، ساڭا نېمە بولدى؟

سەيران بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ قۇچاقلىدى.

— ۋاي سارالڭ قىز، ھە، ھە، تەلۋە قىز، ساڭا نېمە بولىدى، شۇنچىلىك؟ سەن نېمانچە چىرايلىق؟ سېنى ھېچكىم مۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەن. سەن راستىلا چىرايلىق ئىكەنسەن جۇمۇ سەيران قىز! سېنىڭ ئەۋلادىڭ ھۆر - پەرىلەردىنمىدى؟

ئەلى ئەخمەتنىڭ يۈزىمۇ، خېنە ياققان ساقىلىمۇ، دۈمچەك دۈمبىسىمۇ، چاپاق كۆزلىرىمۇ نېمىدېگەن چىرايلىق! خاپىغان، ئەتىدىن ئاخشامغىچە بالىلىرىنى ئۇرىدىغان ئەلى ئەخمەت نېمىدېگەن ياخشى؟!

سەيران ئۆيىگە كىردى. ساندۇقىنى ئاچتى، ساندۇقتىن تاشقىرىغا تاغ ئالمىسى، مەخمەلگۈل، قورۇتقان رەيھان، نەرگىس، ياپيۇز يوپۇرماقلىرى گۈپۈلدەپ ئۇردى. ساندۇقتىن پەقەت بىرلا قېتىم كىيگەن، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزىلىق كۆڭلىكىنى چىقاردى ۋە كىيدى. بۇ كۆڭلەكنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ كۆڭلەك ۋاي دېگۈدەك بولمىسىمۇ، خۇشاللىق ۋە ياخشى كۈننىڭ كۆڭلىكى ئىدى. سەيران بويىنىغا ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۇنتۇپ قالغان مارجىسىنى، ئالتۇن - كۈمۈش ئارىلاشقان زۇننارىنى ئاستى. پارقىراق ئۆتۈكىنى كىيدى. بېلىگە لاھورنىڭ ھال يىپەك بەلبېغىنى باغلىدى، قۇلاقلىرىغا ئالتۇن ھالقىسىنى، بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەزۈكلىرىنى تاقىدى. ئەينەككە قارىدى، قايتا - قايتا قارىدى. ئۇ ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. تاشقىرىغا چىقتى. ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە دەسلەپ سەلۋەر كېلىن كۆردى:

— ۋاي - ۋۇي، قىز، — دېدى ئۇ، — بۇ نېمىدېگەن



گۈزەللىك! چىرايىڭدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۆزۈڭ بىلمۇۋاتامسەن، سەيران؟ يۈزۈڭ كۈلۈۋاتىدۇ. چىرايىڭدا كۈلكە بىلىنمىش بىلەن ئۆزۈڭمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، سەيران. يۈز - كۆزۈڭدىن كۈلكە تېمىپ تۇرىدۇ، قىزىم.

سەيراننىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى، كۆزلىرى، يۈزى پارلىدايتتى.

— يائاللا سەيران قىز، سەن راستىنلا چىرايلىق ئىكەنسەن.

سەيران ئۇنىمۇ قۇچاقلىۋالدى، بويىنىدىن سۆيدى. سەيراننىڭ كۆڭلى سۆيۈشنى خالايتتى، جۇشقۇنلاپ تاشاتتى. ئالدىغا كەلگەنلا ئادەمنى، دوست - دۈشمەننى، دەرەخلەرنى، ھاشاراتلارنى، ھەرىلەرنى سۆيۈشنى خالايتتى. پۈتكۈل دۇنيانى سۆيۈپ چىقسا قانمايتتى. ئۇ يىللاردىن بېرى جۇشقۇن، ئىسسىق مۇھەببىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تېشىغا چىقىرالمىغانىدى، ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت توسۇقنى بۇسۇپ تاشماقتا ئىدى. ئۇنى كۆرگەنلەر، قولىنى تۇتقانلار ئىللىق مۇھەببىتىنىڭ ئۇنىڭ قوللىرىدىن ئۆز قوللىرىغا، كۆزلىرىدىن ئۆز كۆزلىرىگە ئېقىۋاتقانلىقىنى سېزىشەتتى ۋە بىر خىل مۇھەببەت ھاۋاسىدا راھەتلىنەتتى.

سەيران قىز كۈلەتتى، سىلايتتى، سۆيەتتى.

مەلۇم ۋاقىت ئۇنىڭ چىرايىنى تېپىمز غەم پەردىسى قاپلىدى. لېكىن، ئۇ شۇ زامان يۈزىدىكى غەم پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. يېزىنىڭ نېرىقى مەھەللىسىدىكى ئانىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ماڭدى. ئانىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانىدى. قېرىنداشلىرى، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى، تۇغقانلىرى، بالىلار، ئاياللار ھەممىسى سەيراننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يوللارغا چىقىشقانىدى. سەيران كۈلۈپ كېلىپ ئانىسىغا ئېسىلدى. كېيىن قولىنى سۆيدى. ئانىسى توختىماستىن يىغلايتتى. قىزىنىڭ

چاچلىرىنى، يۈزىنى توختىماي سۆيەتتى، يۈرايتتى.

— دېمەك، ئەمدى بىزنى كەچۈرۈپسەن ـ دە، سەيرانىم؟! — دەيتتى ئانىسى يىغلامسىراپ تۇرۇپ. — داداڭ هايات بولسىدى، كاشكى، بۇ كۈنىمىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا. داداڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە سېنىڭ ھەسرىتىڭنى چېكىپ ئۆلدى. مانا ئەمدى داداڭنىڭ روھى ئەمىن تاپىتتى. بىز ساڭا كۆپ قىلغۇلۇقلارنى قىلدۇق. قىزىم. سەن يەنە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ بىزنى ئەپۇ قىپسەن.

ئانىسىنىڭ كۆز يېشى توختىماستىن يامغۇردەك تۆكۈلەتتى.

قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى ۋە باللار سەيران بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. يۈرەكلىرىدىكى زور دەرد بۈگۈن ساقايغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەيرانغا نېمە بولدى؟ كۆلمىگەن چىرايى نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتقان چاغدىمۇ توختىماي كۈلىدۇ؟ ھازىر بۇنى سورايدىغان، ئويلايدىغان پەيت ئەمەس ئىدى.

ئانا، ئاكا ـ ئۇكىلار، كېلىنلەر بايرام قىلىشاتتى. سەيراننىڭ چىرايى ئېچىلمىغان زامانلاردا ئۇلارمۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈشمىگەنىدى. سەۋەبى نېمە بولسا بولسۇن، شۇنچە يىل يالۋۇرۇشسىمۇ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان چۆقۇر ئوۋۇغا ئارقىسىدىن بېرىشسىمۇ، بىرەر قېتىم ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا قاراپ قويمىغان، بىر ئېغىز گەپ قىلمىغان، زادىلا كۈلمىگەن سەيران مانا ئەمدى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆز خاھىشى بىلەن ھەممە بەختكە چۆمگەن ھالدا كەلگەنىدى.

ئانا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، ھودۇقۇپ كېتىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيتتى. ئۇ شۇنچىلىك ھەيران قالغانىدىكى، چىرايلىق قىزىدىن زادىلا كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى.

سەيران قىزنى بۇ ئىشلارمۇ توختىتالمىغانىدى. ئانىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ، باللارنىڭ خۇشاللىقلىرىمۇ ھاياجىنىنى



باسالمىغانىدى، ئەكسىچە بارغانسېرى جۇشقۇنلايتتى، قايناپ تاشاتتى. ئۇ بىردىنلا ئاشقىرىغا يۈگۈردى، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن يەنە كېلىمەن، — دېدى ـ دە، مېڭىپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بۇ باللارچە قىلىقلارنىڭ، بۇ كۈتۈلمىگەن كەچۈرۈم قىلىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئويلاپ ـ ئويلاپ ھېچقانداق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى ۋە بىرەر سەۋەب ئۈستىدە توختىتالمايتتى.

— ئويلاپ ئاۋارە بولماڭلار، — دەيتتى ئانا، — نېمە بولسا بولسۇن، ئۇ كەلسە بېشىمدا كۆتۈرىمەن. سەيران نېمە قىلسىمەن دېسە قىلسۇن، ئاخىرقى كۈنلىرىمدە مېنى خۇشال قىلدىغۇ چىرايلىق قىزىم، مېنىڭ سەيرانىم!

قېرىنداشلىرىغىمۇ جان كىرگەنىدى. ئۇلار چوقۇر ئوۋۇغا كەلگەندىن بېرى سەيراننىڭ ئەھۋالى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى. سەيراننىڭ ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىماي قويۇشى، ئۇلارنى كەچۈرمەسلىكى ۋە بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئۇلاردىن كۆرۈشى ھەممىسىنى غەزەپلەندۈرۈۋەتكەنىدى. دادىسى شۇ سەۋەبتىن ھەممىنى ئىچىگە سىڭىپ ئۆلگەنىدى. چوقۇر ئوۋۇدا قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى پەقەت سەيراننىڭ چىرايىدىن قورقۇپ تۇراتتى. ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايتتى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ كۆڭلى توغۇلدى. سەيراننىڭ چىرايى ئېچىلدى. سەيران ھەممىسىگە جان كىرگۈزگەنىدى.

سەيران يۈگۈرگەن پېتى قەمەر ئانىنىڭ قېشىغا باردى. قەمەر ئانا ئۇنى قورقۇپراق قارشى ئالدى.

— ساڭا نېمە بولدى، قىزىم! زادى نېمە ئىش بولدى؟ دېھقانلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ھەققىڭدە سۆزلىشىۋاتىدۇ. ياسىنىپ ـ تارىنىپ ئاناڭنىڭ قېشىغا كېتىپسەن. شۇنداقمۇ؟ ساڭا نېمە بولدى؟

سەيراننىڭ زىنىخلىرى چىقىپ، تاتلىق چوش ئىچىدە، يالىلىق خۇشاللىقىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كۆلەتتى.

— ۋاي قىز، ساڭا نېمە بولدى؟

قەمەر ئانا ئۆتمۈش چاچلىرىنى سىلىدى، يۈزىگە ئۇزاق قارىدى ۋە:

— سەيران قىزىم، سەن نېمانچە چىرايلىقسەن؟ ھېچكىم بۇنى بىلەلمەپتۇ. زادى ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

سەيران كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ، جاۋاب بەرمەيتتى. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى. يۈزى ئوتتەك ياناتتى ۋە قىزىرىپ كەتتى:

— قەمەر ئانا ... — دېدى ئاخىرى چۈشۈرەلمىدى. — قەمەر ئانا ...

قەمەر ئانا تاقەتسىزلىك بىلەن:

— سۆزلە دېمەن شەيتان قىز، نېمە بولدى؟ ئېسىمىنى يادلاۋاتامسەن؟ قەمەر ئانا، قەمەر ئانا!

سەيران يەنە يەرگە قارىۋالدى.

قەمەر ئانا مۇلايىملىق بىلەن ئاستاغىنا:

— سۆزلە قىزىم. كاللاڭغا كەلگەنلىرىنى ماڭا سۆزلە، ئىچىڭدە ياخشى بىر ئىش بار. ئاناڭغا سۆزلىگىنە ...

سەيران يەنە بېشىنى كۆتۈردى، يوغان قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. مۇھەببەت بىلەن تولغان كۆزدە قارايتتى.

— ئانا، ئانا، ئۇ يەرگە بارايلى، سېنىڭ بىلەن قوغۇنلۇققا ...

قەمەر ئانا سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە كۈلدى.

— ھە، شۇنداق دېگىن! دېمەك، سېنى كۈلدۈرگەن ... ۋاي سارالڭ قىزەي، — دېدى ۋە ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى، — ياللا، ھېچكىم بىلمىسۇن، سېزىپ قالمىسۇن، ۋاي سارالڭ قىزىم، تەلۋە قىزىم، ئەخمەق قىزىم!

ئاغزىدا سارالڭ قىزىم دەيتتى، قولىدا دۈمبىسىگە ئاستا - ئاستا ئۇرۇپ قوياتتى ۋە قۇچىقىدىكى سەيراننىڭ چاچلىرىنى سۆيەتتى.

— سارالڭ قىزىم، ھازىر ئۇ يەرگە بارىدىغان بولساق ھەممە



ئادەم ھەممە ئىشنى بىلىپ قېلىشىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن يېزا سېنىڭ ھەققىڭدە سۆزلىشىۋاتىدۇ. بۇ سەيرانغا نېمە بولغاندۇ، ئېچىلىپ، كۈلۈپ كەتتى؟! دېيىشىۋاتىدۇ. بىر ئامال تېپىپ بارىمىز.

— تۇرالمايۋاتىمەن، ئانا ... تۇرالمايمەن. ئانا، ماڭا ياردەم قىل، بېشىمغا مۇنداق ئىشلار كېلىپ باقمىغانىدى.

قەمەر ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دائىم شۇنداق بولىدۇ، — دېدى. — بۇنداق ئىش ھەق ئادەمنى ئورنىدا تۇرغۇزمايدۇ. ھەمىشە شۇنداق بولىدۇ. ئادەمنىڭ قېنىنى قايىنىتىدۇ.

ئۇ سەيراننىڭ قولىنى تۇتتى ۋە سىقتى.

— ئانا، قۇربانىڭ بولاي، ھازىر بارايلى، — دەپ يالۋۇردى سەيران، — ئانا، سەن ئەھۋالىمنى چۈشىنىسەن، ئانا، قەمەر ئانا، ئۆلۈپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپ ...

ئۇيگە ئوسمان چوڭ كىردى. سەيراننى كۆرۈش بىلەن:

— ھەي قەمەر، — دېدى خۇشاللىق بىلەن، — نېمە بوپتۇ بىزنىڭ بۇ سارالڭ قىزغا؟! چىرايى ئېچىلىپتۇ، كۈلۈپتۇ. پۈتكۈل يېزىدا شۇنىڭ گېپى! كۈلۈپتۇ - دە. ئانىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

قەمەر ئانا قوپاللىق بىلەن:

— ھېچ نەرسە بولمىدى! — دېدى، — ئۇ دېھقانلارنى يەر يۈتسۇن، قىلىدىغان ئىشلىرى يوق، قىزنىڭ كۈلۈشلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلاپتۇمۇ؟ ئادەم بالىسى دائىم بىر خىل تۇرامدۇ؟ بەزىدە كۈلىدۇ، بەزىدە يىغلايدۇ ... شۇنداق ئەمەسمۇ ئوسمان چوڭ؟! سۆزلىگۈدەك نېمە ئىش بار؟ بۇ دېھقانلارنى قويغىنا، بۇ قىز ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن ياخشىلىشىپ قالسا يامانمۇ؟ يامان بوپتۇمۇ؟

— قىزىرىپ كەتمە، ھوي قەمەر خوتۇن! دېھقانلار سەيران ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىدۇ دەپ ۋايىۋاي دېھقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى

ئۇققا ئۇتايمۇ؟ سەيراندا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، سەۋەبىنى سۈزلىشىپتۇ. بۇنىڭغا تېرىكىدىغان، خاپا بولىدىغان نېمىسى بار، ۋاي قەمەر؟ ! دېھقانلار سەيران قىز ئۈچۈن يامانلىق ئويلىمايدۇغۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۆزگىرىشىگە، بۈگۈنىگە خۇشال بولۇشىدۇ.

— سەيران ئۈچۈن يامان نىيەتتە بولسا بولامتىمۇ؟ يەنە نېمە دېمەكچى؟ — دەپ سىلكىۋەتتى قەمەر ئانا.

— سەن بىلەن سۆزلەشكىلى بولمايدۇ، قەمەر خوتۇن، چاچراپلا تۇرىسەن، — دېدى ئوسمان چولاق يۇمشاقلىق بىلەن.

— چاچرايمەن ! — دېدى قەمەر ئانا، — چاچرىسام نېمە بوپتۇ !

كېيىن ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. سەيراننىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى.

— ئوسمان چولاق، سەن بېرىپ تاماقنى ئوغۇللىرىڭ بىلەن يېگىن. مەن بۈگۈن ئاخشام ئۆيدە بولمايمەن. سەيران بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا، تۈزەڭكى قومۇشلۇققا بارىمەن، — دېدى.

ئۇلار ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى يولغا چىقتى. يول تويلىمىق ئىدى. توپا ئوشۇققا كېلەتتى. قىزىق توپىلار ئاياغلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن چۈشكەن ئاپتاپ دۈمبىلىرىنى، بويۇنلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. يول ياقىسىدىكى ئوتلارنىڭ، گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئاپپاق توپا قونغان بولۇپ، يوپۇرماقلار پۈرلىشىپ كەتكەنىدى. سىيىر قوۋرۇقى[①]غا ئوت قويغاندا كۆيمەي قالغان ھۆل جىغانلارغا باشتىن - ئاياغقىچە ئاپپاق تۈگمىلەردەك قۇلۇلەر يېپىشىپ قالغانىدى. سەيران قۇلۇلىلەرنى ياخشى كۆرمەيتتى. ھازىر ئۇلارمۇ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتاتتى.

سەيران ئالدىدا يۈگۈرگەندەك ماڭاتتى. قەمەر ئانا يارلىق

① بىر خىل ئوسۇملۇك.



كۆچى بىلەن ئۇنىڭغا يېتىشىپ مېڭىشقا تىرىشاتتى. قەمەر ئانا ھاسىراپ كەتكەن، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇ ئاخىر سەيراننىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— توختاپ تۇر، قىزىم، توختا ! يېتىشەلمەيۋاتىمەن، توختا !

سەيران ئارقىسىغا قاراپ قەمەر ئانىنىڭ خېلى ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆز قىلىقلىرىدىن خىجالەت بولدى. توختاپ، قەمەر ئانىنى ساقلىدى. قەمەر ئانا پۇتلىرىنى سۆرەپ ئاران مېڭىپ، خېلىدىن كېيىن يېتىشىۋالدى، نەپەسلىرى سىقىلىپ كەتكەنىدى:

— ساڭا يېتىشىمەن دەپ ئۆلەي دېدىم، قىزىم، ئۆلەي دېدىم. ۋاي قىزىم، قۇرۇپ كەتسۇن قىرلىق !

سەيران قىز بۇ بېپەرۋالىقىدىن ئىزا تارتىپ كەتتى. قەمەر ئانىنىڭ يۈزىگە قارىيالمايتتى.

قەمەر ئانا ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن:

— قىزىم، — دەپ كۈلدى ۋە، — نېمانچە ئالدىرايسەن؟ قاندىقىلا بولسۇن قوغۇنلۇققا بارىمىز. كۈن ئولتۇرماستىن بۇرۇن يېتىپ بارىمىز، — دېدى. ئۇ ھەم سۆزلەيتتى، ھەم كۈلەتتى.

ھاردۇقلىرى تېخى چىقماستىن، ئولتۇرار - ئولتۇرمايلا سەيران ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، سەيران تىكىلىپ تۇردى، نېمە ئۈچۈندۇر ئولتۇرالمايتتى، جايىدا تۇرالمايتتى. تاقىتى تاق بولاتتى. قەمەر ئانا ئۇزاق ئولتۇرالمايتتى. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ئاپتاپتا يەنە مېڭىشقا باشلىدى. سەيران بىر ئازدىن كېيىن يەنە ئۆزىنى ئۇنتۇدى. قەمەر ئانىنى يولدا تاشلاپ كېتىۋەردى. قەمەر ئانا ئەمدى ۋارقىرىمىدى. سەيران توپىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئۇچاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي يىراقلىشىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

قەمەر ئانا خېلى ۋاقىتتىن كېيىن قوغۇنلۇققا كەلدى. سەيراننىڭ چىرايىغا قارىيالمايتتى.

— ئانا ! — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى خەلىل كوسا، —

ئەجەب ياخشى كەلدىڭ، بۈگۈن ئىككى قىرغاۋۇل ئوۋلىدىم. بىرىنى سىزگە پولۇغا بېسىپ بەرگىن، يەنە بىرىنى ئوسمان تاغامغا ئەكەت، بولامدۇ؟ قىرغاۋۇللار شۇنچىلىك سېمىزكى ...

مەمەتمۇ يۈگۈرۈپ كەلدى، قەمەر ئانىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيدى. قەمەر ئانا مەمەتنىڭ يۈزىگە قارىدى، ئۇنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرگەندى. كۆزلىرىمۇ ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك كۆرۈنمەستىن سەل چاقناپ تۇراتتى.

— ئانا، ياخشى كەپسەن، سېنى سېغىنىپ كەتتىم، ئوسمان ئاغام قانداق؟ بېزىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟

— ھەممە ئىش ياخشى، — دېدى قەمەر ئانا.

قەمەر ئانا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەيرانغا سەپسالاتتى. سەيران ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەندى، نەپسى قىسىلاتتى. كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشەتتى ۋە تىترەيتتى. مەمەت بولسا بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇ ئەھۋال قەمەر ئانىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلمىدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «ۋاي قىزىم، چىرايلىق بالام، دېمەك، ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن - دە! دېمەك، سېنىڭ ئىشىڭ مۇشۇنداق ئىكەن - دە! ئۇ شۇ گۈلدەك چىرايلىق يۈزۈڭگە، تۇرتىدەك بويۇڭغا، شۇ قاپقارا كۆزلىرىڭگىمۇ قارىمايدۇ. شۇ ئۇستىبېشىڭغىمۇ قاراپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا يوپۇرماقتەك تىترەۋاتىسەن، ئۇنىمۇ سەزمەيۋاتىدۇ ... ئىككى مەڭزىڭ ئالمىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ، چىپ - چىپ تەرلەپ كېتىپسەن، ئۇنى ھەم بىلمەيۋاتىدۇ ... ۋاي قەدىرسىزىم، سەيران قىزىم، يەنە كۆيىسەن، مەن تېخى مۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدىم ... ئۇنى بىلىدۇ دەپ ئويلايتىمەن. ئاھ، چىرايلىق قىزىم، جېنىم بالام! ئاھ، ياخشى كۈن كۆرمىگەن قىزىم! ئەمدى سەن قانداقمۇ قىلارسەن؟ شۇ خەلىل كوسىمۇ سەزگەن يەردە ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمەيتۇ. ۋاي گۈل قىزىم، قەدىرسىزىم!» دەپ ئويلايتتى.

ھازىر سەيران مەمەتنىڭ سەزگەن - سەزمىگەنلىكىنىمۇ



ئويلىمايتتى. سېھىرلەنگەندەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئالمايتتى، داڭ قېتىپ قالغانىدى، سۆزلىمەيتتى، سەزمەيتتى، ھېچ نەرسىنى كۆرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭغىلا قارايتتى.

نامازدىگەرگىچە سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇشتى. مەمەت سەل - پەل ئۆزىگە كەلدى. بىراق، يەنىلا گەپ قىلمايتتى، ئويلايتتى، دەھشەتلىك ئويغا چۆمگەنىدى. قەمەر ئانا: «مۇشۇنداق بىر ياش يىگىت، تېخى ئۆيلەنمىگەن تۇرۇپ، سەيراندەك بىر گۈزەل قىز ياسىنىپ - تارىنىپ، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ، يېنىدا تۇرسا يۈزىگە قارىمامدۇ؟ سەزمەمدۇ؟ بۇ ئادەمنى راستىنلا پەرىلەر ئەپقېچىپتۇ، جىنلار چاپلىشىپتۇ، — دەپ ئويلايتتى. — ئەقلى جايىدا بولغان بىر ئادەم، يېنىدا سەيراندەك بىر قىز تۇرسا، ئۇنى كۆرمەي قالامدۇ؟ ۋاي مەمەتىم، ۋاي! بولۇۋسىمغا ۋاي! تاغلار، جىرالار، ئاچلىق ۋە يوقسۇزلۇقلار، دىنسىز ئاغىلار، ئىمانسىز ژاندارمىلار بىچارىنىڭ ھالىنى قويماپتۇ - دە ...»

قەمەر ئانا سەيرانغا شۇنچىلىك ئېچىنىدىكى، يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئاللا بىر ئادەمنى بەختلىك قىلماسا قىلمايدۇ. بۇرۇن ئەزىزنىڭ سەۋداسى، بەختلىك بولالمىغان، باشقا ئاچچىقلىمىغان بىر سەۋدا. ئەمدى مەمەتنىڭ سەۋداسى ... بۇ قىز تۈگىشىدىغان بولدى. بىكارىدىن - بىكارغىلا ئۆلگۈچە كۆيۈپ تۈگىشىدۇ. بىچارە سەيران مەمەتنىڭ يۈزىگە بىر قىسمىلا قارايدۇ، ھەيرانلىق بىلەن تەلۋىلەرچە قارايدۇ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قارايدۇ. لېكىن، ئۇ قانداقلارچە كۆرمەيدىغاندۇ؟ ...

مەمەت بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرىنى قەمەر ئانىنىڭ كۆزلىرىگە تىكتى.

— ئانا، — دېدى ئۇ ھاياجانلىق، تىترىگەن ئاۋازدا، — سەن ئەقىللىك، كۆپنى كۆرگەن ئانىسەن، سەندىن بىر نەرسىنى سورايمەن.

ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، ئانىسىنى، خەدىچەنى،

بالىسىنى، پەستىكى ئاقچەسازنىڭ پاتقاقلىقىدا ياتقان رەجەپ چاۋۇشنى، جاپپارنى، ئەلى توكۇرنى، سۇلايمان چوڭنى، دۇرمۇش ئەلىنى، ھۆرى ئانىنى، ھەمزەنى، يېزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى، ئىسمائىل چولاقنى، ھەممە نەرسىنى بىر - بىرلەپ، كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ساناپ چىقتى. ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دېدى:

— ئانا، سەن ئۇزۇن ياشىغان، كۆپنى كۆرگەن ئالتۇن يۈرەكلىك ئانىسەن. سەن ماڭا دېگىنە، مەن نېمە قىلاي؟ ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى. ھەمزە كېتىدۇ، بەكرى كېلىدۇ. ئەلى ساپا باي كېتىدۇ ...

— كەنان كېلىدۇ، — دېدى قەمەر ئانا.

— ۋايىۋاي يېزىمىزمۇ ماڭا دۈشمەن بولىدۇ، لەنەتلەر ياغدۇرىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى ئەلى ساپانىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ مەۋلۇت ئوقۇتىدۇ ... — دېدى مەممەت.

قەمەر ئانا ئويلىنىپ قالدى. كۆپ ئويلاندى. ئاخىر:

— ئەقلىم يېتىشىغا يەتمىدى، مەممىتىم، مېنى ئەيىبلىمە، — دېدى.

مەممەت سەيرانغا قارىدى:

— سىڭىل، بۇ ئىشقا سەن نېمە دەيسەن؟ دېگىنە، سەيران سىڭلىم!

ئۇ سەيراننىڭ چىرايلىقلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. كىيىنىشلىرىنى، ياسىنىشلىرىنى كۆردى، «شۇنداقمۇ چىرايلىق ئادەم بولامدۇ؟ شۇنداق كارامەت چىرايلىق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن - ھە؟» دەپ ئويلىدى.

سەيران تىترەپ كەتتى، سۆز قىلمىدى. قىزىرىپ، بوزىرىپ، تەرلەپ كەتتى، قوللىرى ئۈيۈشۈپ، ئاغزى قۇرۇدى.

— سەن نېمە دەيسەن، سىڭىل؟ سۇلايمان چوڭ قېرىشىش، ئۇرۇشۇش، زالىملارغا قارشى تۇرۇش ھەقلىق، دەيدۇ. سەن نېمە دەيسەن؟ ئاخىرى چىقمايدىغان ئىش بولسا، زالىملارغا قارشى ئۇرۇشۇشنىڭ، ئۇنى ئاغدۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟ سىڭلىم، سەن



نېمە دەيسەن؟

سەيراننىڭ كۆپ سۆزلىگۈسى بار ئىدى، ئەمما سۆزلىيەلمەيتتى، بوغۇلاتتى. سۆزلىسىلا ھەممە نېمە ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. شۇڭلاشقا، قورقۇپ ئۈنى ئاشاتتى. لېكىن، ئۆزىنى تۇتالمىدى، كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ:

— بىلمەيمەن، قېرىندىشىم، بىلەلمەيمەن، — دېدى ئاستاغىنا، — زادىلا بىلەلمەيمەن. سەن ھەممىمىزدىن، ھەممە ئادەمدىن ناھايىتى ياخشى بىلىسەن، سەن مەممەت ئاۋۇقسەن!

قەمەر ئانا ئورنىدىن تۇردى، شۇ يەردىلا ئوت ياقتى. خەلىل يارما خالتىسىنى، قەلەي كورىسىنى ئەكەلدى، قەمەر ئانىنىڭ قېشىغا قويدى. خەلىل كوسىنىڭ كورىسى پاك - پاكىز بولۇپ، پار - پار پارقىرايتتى. قەمەر ئانا شۇ كوسىنىڭ كورىسىنىڭ پاكىزلىقىغا ھەيران قالدى، تۇز، ماي، يۇڭدالغان سېمىز توخۇدەك بىر قىرغاۋۇل ... ھەممىسى تەييار بولدى. قەمەر ئانا پولۇنى زوق بىلەن پىشۇردى. غەرب شامىلى ئاستاغىنا چىقىۋاتاتتى. غەرب شامىلى پولۇنىڭ پۇرىقىنى ناھايىتى يىراقلارغا ئەكەتتى.

سەيران ئولتۇرغان يېرىدىن قىمىر قىلماستىن كۆزلىرى مەممەتتە قېتىپلا قالغانىدى.

مەممەت چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ پولۇنىڭ پۇرىقىنى ئىچىگە تارتتى:

— قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن، ئانا، مۇنداق مەززىلىك پولۇنى ساڭا ئوخشاش ياخشى ئانىلا پىشۇرىدۇ.

قەمەر ئانا سەيرانغا قاراپ:

— نۇر، ئورنۇڭدىن قىزىم، نېمىگە ئولتۇرۇپلا قالدىڭ؟ قويۇپ داستىخانىنى سال، — دەپ تاشقىرىغا ماڭدى.

سەيران شۇ زامان ئورنىدىن تۇردى. داستىخاننى بارگىدىن ئەكەلدى، چىمەنلىككە سالدى. ياغاچ قاچىدا سوغۇق سۇمۇ بار ئىدى. سۇنى خەلىل سەل يىراقتىكى ئېرىقتىن

ئەكەلگەنىدى.

تۆتىلىسى داستىخان ئەتراپىدا ياداشقان قوروپ ئولتۇرۇشتى. قىرغاۋۇل باسقان پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. تاماق يېيىشكە قارىغاندا مەمەت خېلىلا ئۆزىگە كېلىپ قالغانىدى. ئۆزىگە كېلىپمۇ نېمە ئۈچۈن شۇ كۆيۈپ يېنىۋاتقان چىرايلىق قىزنى سەزمەيدۇ؟ بۇ ئوغۇلدا بىر گەپ بار. بىر نۇقسان بار. ئەمما بۇ نېمە؟

تاماقلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قەمەر ئانا قاچىلارنى يۇماقچى بولدى، خەلىل ئۇنىمىدى. ئۆزى يۇماقچى ئىدى.

كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئالا كۆلەڭگىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. كۈن ئاناۋارزانىڭ ئارقىسىغا پېتىپ، بىر ئۈچى تۈزلەڭگە چۈشەي دەپ قالغانىدى. سەيران قىز خىيالغا چۆمگەن ھالدا مەمەتكە قارايتتى. خۇدايىم مۇنداق يامان سەۋدانى ھېچكىمنىڭ بېشىغا سالمىسۇن ... قەمەر ئانا نېرى كەتمەكچى بولاتتى. ئەمما سەيراننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يالتىيىپ قالاتتى. بىچارە سۆيگەن ئادىمىنىڭ چىرايىغا يەنە بىردەم قارىۋالسۇن، دەپ ئويلايتتى.

كۈن ئولتۇردى، قاراڭغۇ چۈشتى. مەمەتنىڭ چىرايى خىيالىي كۆرۈنەتتى، ئەمما سەيران يەنىلا كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەيتتى.

قەمەر ئانا «ئەمدى نېمىنى كۆرىدىغاندۇ، — دەپ ئويلىدى، — بۇ بالىنىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق. خەۋىرى بولسىمۇ قانداق قىلاتتى؟ بۇ، كېپەنلىكى بويىدا تۇرغان بىر قاراقچى ... قايسى تەرىپتىن ئويلىساڭمۇ چىقىش يولى يوق.»

— قېنى قىزىم، تۇر ئورنۇڭدىن، كەچ قالدۇق، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى قەمەر ئانا. — سالامەت قېلىڭلار، باللار. بىرتەرىپە كېرەك بولسا، بىز ئەتە - ئۆگۈن يەنە كېلىمىز.

مەمەت يۈگۈرۈپ گۈللۈككە باردى. ئىككى دەستە رەيھان بىلەن مەخمەلگۈلنى ئۈزۈپ كەلدى. بىرىنى قەمەر ئانىغا، بىرىنى



سەيرانغا بەردى.

ئۇلار يولغا چىقتى. سەيران ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى. بىر - ئىككى قەدەم مېڭىپ ئارقىسىغا قارايتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ ئاي چىققانىدى. مەمەت تۇرماق، شۇنچە چوڭ قوغۇنلۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ سەيران يەنىلا ئارقىسىغا يېنىپ - يېنىپ قارايتتى. پۇتلىرى ئارقىغا تارتاتتى. بۇ قېتىم قەمەر ئانا ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. سەيراننىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ساقلاپ تۇردى. ئەنە شۇنداق مېڭىپ، توختاپ، ئاران يېزىغا يېقىن كەلگەندە:

— توختاپ تۇر، قەمەر ئانا، قورقۇۋاتىمەن، — دېدى سەيران.

قەمەر ئانا توختىدى. ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەستىنلا:

— نېمىشقا قورقىسەن؟ — دەپ سورىدى.

سەيران كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى:

— ئۆلتۈرىدۇ، — دەپ ئىڭرىدى، — ئانا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىز قاراقچىنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدۇق؟ گېزىك تۇرانىنمۇ ئۆلتۈرۈشتى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈشىدۇ، ئانا!

قەمەر ئانا جىم تۇراتتى. سەيران توختىماي سۆزلەيتتى.

قەمەر ئانا زادىلا جاۋاب بەرمەيتتى. ئەڭ ئاخىر:

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، قىزىم، — دېدى قەمەر ئانا. — ئاغزىڭنى ياخشىلىق ئۈچۈن ئاچساڭچۇ. ئۇ ياخشىلىققا بولۇقسۇن! ئۇنى كىم ئۆلتۈرەلەيدۇ؟

— ھەممە ئادەم، ھەممىسى! — دېدى سەيران، — ئاغىلار، ژاندارمىلار، ھۆكۈمەت! ئۇنى ھەممە ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!

قەمەر ئانا ھودۇقۇپ كەتكەنىدى. بۇنداق سۆزنى زادىلا كۈتمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قالدى. ئۇمۇ خۇددى سەيراندەك ئويلايتتى. بىر قاراقچىنىڭ ئۇزاققىچە ياشىيالىشى مۇمكىنمۇ؟ بولۇپمۇ مەمەت ئاۋاقتەك بىر قاراقچىنى ياشاتقۇزامدۇ؟ تاغ، تاش، بۆرە، قۇش ھەممىسى قورال بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم

قىلاتتى، ئاغىلار، ياپىلارمۇ ...

— ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدۇغۇ ... ئۇنىڭ يېنىدا تۇمار بار. چاقماق ياققۇنى بار. خەزىرىمۇ دۈمبىسىنى سىلىيالمايدۇ.

قەمەر ئانىنىڭ تۇمار ئورنىدا تۇتۇۋاتقان بۇ سۆزلىرى تەسىر قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، سەيران ئاڭلىمايتتى، پەسەنتمۇ قىلمايتتى. ئۇ:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دەيتتى ھېچ توختىماستىن.

— چاقماق ياققۇنى بارغۇ ... چاقماق ئوتى بار.

قەمەر ئانىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇ:

— كۆزىدىن باشقا يېرىگە ئوق ئۆتمەيدۇ، — دەيتتى.

سەيران قەمەر ئانىنى قولتۇقلاپ يېزىغا سۆرەيتتى.

— ئوق ئۆتمەيدۇغۇ ئۇنىڭغا، يالغۇز كۆزىگىلا ...

— كۆزلىرىنى ساقلايدۇ ... — دەيتتى قەمەر ئانا.

## 44

ئەلى ساپا باي ئۇنداق ئويلاپمۇ، بۇنداق ئويلاپمۇ ھېچقانداق يەردىن ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلدى. ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى يېيىشنى قارار قىلدى. ھاكىممۇ، ۋالىيمۇ، ۋاڭۋاي يېزىسىنى ئورنىدىن يۆتكەشكە يېقىنلاشمايتتى. ئاخىرى نېمە بولۇپ چىقىشىدىن قورقاتتى. ھاكىم ۋاڭۋايدا قىلغان قارارىنى، ۋاڭۋايدىكى سۆزلىرىنى خېلىدىن بېرى ئۇنتۇغانىدى.

ئەلى ساپا باي ئۇلارغا يامان كۆزدە قارايتتى:

— قېنى دەپ بېقىڭلار، شۇمۇ ھۆكۈمەت بوپتۇمۇ؟ — دەيتتى، — شۇ ئادەملىرىگە قاراڭلارچۇ، شۇ ھاكىمغا، شۇ ۋالىيغا! مەن تېخى ئۇلارنى شۇ ئېتىزلىرىمغا مەدىكارلىققىمۇ ئالمايمەن! خۇدا ھەققى، يېقىن يولاتمايمەن. پاشامۇ، ئارىپ سايىمۇ ھۆكۈمەت قۇردۇق دېيىشىپ ئۆزلىرىچە كېرىلىپ



كېتىپتۇ. شۇنداقمۇ؟ مۇنداق ھۆكۈمەتنى بىزنىڭ قارا تاغلىق ئوغلى مۆرتىمزامۇ قۇرغان بولاتتى. تېخىمۇ ياخشى قۇراتتى.

ئۇ، چېكچېكلارنىڭ قولىدىن ئىش كېلىمدىغان، قورال تۇتالايدىغان يىگىتلىرىنى چاقىرىپ، ۋاڭۋاي يېزىسىغا ئاخىرقى زەربىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن كېچە ـ كۈندۈز پىلان تۈزۈيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئۆيلىرىنى مۇستەھكەم ھەربىي بازا ھالىغا كەلتۈرگەنىدى. يېپيېڭى گېرمان مىلتىقلىرى، ساندۇق ـ ساندۇق ئوقلار، تاپانچىلار، خەنجەرلەر، دۇربۇنلار، فەسلەر، ھەربىي كىيىملەر ... ئىشىكلەرگە، پەنجىرىلەرگە قۇم خالتىلىرىنى دۆۋىلەپ قويغانىدى. زېمىنىل بىلەن ئادىمىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتكەنىدى. شۇ ۋاڭۋايلىقلار بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، جانغىمۇ قەست قىلىشقا باشلىغانىدى.

— ئىزدىمىگەن يېرىم، سورىمىغان ئادىمىم قالمىدى. يا زېمىنىلنىڭ ئىزى يوق، ياكى ئادىمىنىڭ ... دېھقانلار زېمىنىلنى خوتۇنى بىلەن بوغۇپ ئاقچىسازغا كۆمۈپتۇ، ھېچقانداق ئىز قالدۇرماپتۇ. ئادىمىنىمۇ يوبار ئوغلى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېيىشىدۇ. كۆپ ئىزدىدىم، ھەر ئىككىسىنىڭ يا ئۆلۈكىنى، ياكى تىرىكىنى تاپالمىدىم، — دەپ خەۋەر ئەكەلگەنىدى زەكەرىيە.

ئەلى ساپا باي ئويغىنىش بىلەن ھازىرلىققا كىرىشكەنىدى. ۋاڭۋاي يېزىسىغا بۈگۈن بارىمەن دەپ خەۋەر بەرگەنىدى.

بۈگۈن زەكەرىيە پار ـ پۇر پارقىرىتىلغان سېرىق ئۆتۈكىنى، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى زامانىسىدىن قالغان يېپيېڭى ماش رەڭ ھەربىي شالۋۇرىنى كىيمەكچى بولدى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى تاقىمىغان ئالتۇن زەنجىرلىك سائىتىنى تاقىماقچى، بېشىغا كەڭ قارا سايىۋەنلىك قالپىقىنى كىيمەكچى بولدى.

كىيىندى، ياساندى، بۇرۇتىنى تولغاپ قويدى. سېپى پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن تاپانچىسىنى سول يېنىغا ئاستى. نەپىس ئىشلەنگەن ئوقدانلىرىنى بېلىگە باغلىدى. يارماقلىرىغا يوغان

ئالتۇن ئۈزۈكنى سالدى. چۈنكى، دېھقانلار ئالتۇنغا، قورالغا بولۇپمۇ ھەربىيگە ئالاھىدە قارايتتى. ھەربىي شىمىنى، سېرىق ئۆتۈكنىڭ قونچىغا قىستۇرۇلغان كۆمۈش سايلىق قامچىسىنى، مۇستەقىللىق ئوردېنى، تاپانچىسى، قارا قالپىقى، ئالتۇن زەنجىرى بىلەن كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇدەك بىر خىل ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگەنلىكىنى ئەينەكتىن كۆردى. بۇ قىياپىتى ئادەمنى ئۈركۈتەتتى. دېھقانلارمۇ بۇ قىياپەتكە ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. دېھقان خەقتىنىڭ ئەقلى ھېچقاچان جايىدا بولغان ئەمەس. ئەقىل سۆتىنى بىر نەرسىدۇر. دېھقانلارنىڭ ھەر قاچان ھەر نەرسىگە سەپسالمىدىغان ئادىتى بار. ئەگەر قولىدىن كەلسە، ئارىپ سايىم بەگنىڭ سەزمەي قىلمىشىنى بىلسە، باشتىن - ئاياغ ئوفىتسېرلار كىيىمىنى كىيىپ، بېزىلىقلارنىڭ ئالدىغا چىققان بولاتتى. شۇ ئارىپ سايىم چۈقۇر ئۇۋاننىڭ بېشىغا بىر بالا بولدى، بالا!

تۇرسۇن دۇرمۇشتا ھەربىي كىيىم كىيگۈزدى. زەكەرىيەنىڭ شىمىمۇ ماش رەڭ ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋاپۋاي بېزىسىغا بارىدىغان ئون سەككىز ئادەمنىڭ ھەربىرىدە ئازراق بولسىمۇ ھەربىيلىكنى ئەسلىتىدىغان بىر بەلگە بار ئىدى. بەزىلەرنىڭ شەپكىسىدە ژاندارما كاكارى، بەزىلەرنىڭ تىزىدا تىزلىقى، بەزىلەرنىڭ بېلىدا قىلىچ، بەزىلەرنىڭ بېلىدە تاسما، بەزىلەرنىڭ ئۈستىدە ھەربىي چاپان، مۆرىلىرىدە پاگون ...

ئوغرىلانغان ئاتلىرىنىڭ ئورنىغا دادىسىنىڭ دوستى ياغمۇر باي ئۇنىڭغا تۆت - بەش ياشلىق ئون بەشچە چىرايلىق ئاتنى ئەۋەتىپ بىر تىيىنىمۇ ئالمىغانىدى. ياغمۇر باي ئەۋەتكەن ئاتلار ھەقىقەتەن ئاجايىپ چىرايلىق، نەسىللىك ئاتلاردىن ئىدى.

ئەلى ساپا باي ئادەملىرىگە ئاتلارغا مىنمەستىن بۇرۇن ئاخىرقى بۇيرۇقنى قىلدى:

— مەن دېھقانلارغا سۆز قىلىۋاتقاندا ئارقامدا تىك تۇرىسىلەر. كۆزلىرىڭلارنى بىر نۇقتىغا تىكىسىلەر، ئوڭ



قولۇڭلارنى مىلتىقىڭلارنىڭ تەپكىسىگە قويىسىلەر. زادى مىدىرلىمايسىلەر!

ئاتلارغا مىنىپ چىقىشتى. دېھقانلار ئۇلارنى شاخلىرى دۈشمەننىڭ قانلىرىدەك ئېچىلىپ تۇرغان ئاجايىپ يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا كۈتۈپ تۇراتتى. ھەممىسىدە بىر خىل تاقەتسىزلىك، بىلىنىپ تۇرغان بىر خىل ھاياجانلىق بار ئىدى.

ئەلى ساپا باي ۋە ئارقىسىدىكى ئاتلىقلار توپا - چاڭنى توزۇتۇپ يېزىغا چاپتۇرۇپ كىرىشتى. ئەلى ساپا باي ئېتىنى توختاتماي تۇرۇپلا دەرەخ ئاستىدا ئېتىدىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

دېھقانلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ھاياجانلىرىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ، مۇلايىملىق بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى ساپا باينى بىر چېتى دەرەخنىڭ غولىغا تىرەپ قويۇلغان، ئۈستىگە كىگىز سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركمەن گىلىمى سېلىنغان بىر كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى. ئەلى ساپا باي ئالدىدا ئىككى ياققا ئېچىلىپ يول بېرىۋاتقان كۆپچىلىككە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، كارىۋاتقا كېلىپ پۇتلىرىنى ئالماي ئولتۇردى. ئىچىدىكى يىل چىشى سايلىق تاپانچىسىنى، ئوقدانلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى. ھەممە ئادەم بىلەن تىنچلىق سورىشىقاندىن كېيىن جىم بولدى. ئادەملىرىمۇ كېلىپ رەتكە تىزىلىپ، قورسىقىنى ئىچىگە تارتىپ كۆكسىنى تېشىغا چىقىرىپ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئوڭ قوللىرىنى مىلتىقلىرىنىڭ تەپكىلىرىگە قويۇپ، سول قوللىرىدا پار - پۇر ئوقدانلىرىنى تۇتۇپ، بۈتتەك تۇراتتى، مىدىر - سىدىر قىلمايتتى.

ئۇزاقتىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئويغا چۆمگەن ئەلى ساپا باي بېشىنى كۆتۈردى. ئوت چاقنىغان كۆزلىرىنى دېھقانلارنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرتتى. ئۆزى تونۇيدىغان ھەممە دېھقان بۇ يەردە

ئىدى. سەيپەلى قولىنى قوينىغا تىقىپ، قورقىنىدىن تىترىگەندەك قىلاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئەلى سايا باي خۇشاللاندى. ئوسمان چولاڭ بۇ ئىشلارغا پىسەنت قىلمىغاندەك ئەلپازدا تۇراتتى ۋە بالىلارچە چىرايىدىن ھېچ نەرسىنى بىلىپ بولمايتتى. بۇ چىراي تولىمۇ ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەنىدى. بىھېساب قورۇق بېسىپ كەتكەن، شۇنچىلىك كۆپ قورۇقلار ئىچىدىكى چىرايىدىن بىرنەرسىنى چۈشەنگىلى بولاتتىمۇ؟ ... پەرھات موللام بوينىنى ئوڭ تەرەپكە قىيسايتىپ، ئىككى قولى كۆكسىدە قوۋۇشتۇرۇلغان، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۆزىنى ئاللانىڭ مېھىر – شەپقىتىگە تاپشۇرغان ھالەتتە ئاللانى ياد ئېتىپ جىم تۇراتتى.

سەيچە ئاقساقالدا بۈگۈن باشقىچە بىر ئۆزگىرىش بار ئىدى. ئۇ ئاجايىپ كىيىنگەنىدى. شۇ ئىسسىق ياز كۈنىدە پۇتلىرىغا قېلىن، چىرايلىق ئىشلەنگەن تىزلىقى بار يۇڭ پايپاقلارنى تارتىپ، يۇڭ شالۋۇر كىيگەن، ئىككى ئوقدانىنى ئۈستى – ئۈستىلەپ بېلىگە باغلىغان. تاپانچىسىنى ئىككى ئوقدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىققانىدى. يوللۇق پەرىجىسى قېنىق كۆك ئىدى. بېشىغا ئاق سايىۋەنلىك قالپاق كىيگەنىدى. چوققىسىدىكى ئاپپاق كومۇشتەك ئۇزۇن چېچىنى ئىككى بارماق قېلىنلىقىدا ئۆرۈپ، قالپىقىنىڭ ئاستىدىن بېلىگىچە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئارقىسىدا، كالپۇكلىرىنى تۈرۈپ ئۆزىچە غودۇڭشىپ مىڭىپ يۈرەتتى. سەلۋۇر كېلىنمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ ئاپپاق، بۇلۇتتەك ئاق ياغلىقنى چىگىۋالغانىدى. سەيران ئوڭ يېنىدا چىرايلىقلارنىڭ چىرايلىقى، يېشىل چىمەنلەرنىڭ گۈلى بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا چەكسىز سائادەت جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

ئەلى سايا باينى بۈگۈن ئىنتايىن ئالاقزادە قىلىۋەتكەن، كۆڭلىنى ئىللەشتۈرگەن (ئاينىتقان). قورقۇتۇۋەتكەن نەرسە سەيراننىڭ قېرىنداشلىرى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ئىدى. بۇ تاغلىقلار قورقماس خەلقلەر بولۇپ،



ساۋاتلىق ئىدى. ھازىرغىچە ئۇلار يېزىنىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. مېھماندەكلا، بۈگۈن بار، ئەتە يوق دېگەندەكلا. ۋالىۋاي يېزىسى بىلەن كارى يوق. ئەگەر ئۇلار ۋالىۋاينىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقان بولسىدى، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولاتتى، ئەلى سايا باي تېخىمۇ زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولاتتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇلارمۇ ئىشقا ئارىلىشىش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئەلى سايا باي سۆزلىيەلمىگەنسېرى، دېھقانلارنىڭ چىرايىغا قارىغانسېرى چىدىغۇسىز بىر خىل غەزەپكە كېلەتتى. باشقا ۋاقىتلاردا بولسا ئۇ ئاچچىقلىماسقا تىرىشىپ غەزىپىنى يېگەتتى. ھازىر ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. غەزەپلىك ئاۋازدا سۆزلەش دېھقانلارغا تېخىمۇ قاتتىق تەسىر قىلاتتى.

گېلىنى قىردى، يۆتەلدى. ھەممە ئادەم جىم تۇرۇپ يۆتەلنىڭ ئاخىرىنى كۈتەتتى. ئەلى سايا باي سۆزىنى باشلىدى:

— ئەسلىدە مەن بۇ يېزىغا قەدەم باسماس ئىدىم، ماڭا شۇنچىلىك كۆپ يامانلىق قىلغىنىڭلار ۋە پۈتكۈل چوقۇر ئوۋادا سۆز – چۆچەككە قويغىنىڭلار ئۈچۈن يۈزۈڭلەرگە قارىماسلىقىم كېرەك ئىدى. سىلەرگە ئاخىرقى سۆزۈمنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىم. گۇناھىمدىن ساقىت بولاي دەپ كەلدىم. گۇناھ مەندىن نېرى كەتسۇن دەپ كەلدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەلى سايا باي، تەيپۇن باي سۆزلىمىدى دېمىسۇن دەپ كەلدىم. ئاغىنىلار، قېرىنداشلار! سىلەرنى ئاغا، قېرىنداش دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ. بىراق، نېمە بولسۇن ... ماڭا ئىنتايىن كۆپ يامانلىق قىلدىڭلار. ئالتۇنلارنى تۆكۈپ، دۇنيادا بىرلا ئېتىمنى بېرىپ ئالغان ئېتىزلىرىمدىن جاھىللىق بىلەن كەتمەي قويدۇڭلار. نېمە ئۈچۈن؟ باشقا يەردە بوش ئېتىزلار يوقمىدى؟ بۇ پاشىلىق، سېسىق، ھەربىر پاشىسى بىر يىرتقۇچ بۆرىدەك بۇ يەرلەرگە جاھىللىق بىلەن يېپىشىۋالدىڭلار. چوقۇر ئوۋادا بىرا قورۇغۇدەك. ماكان تۇتقۇدەك شۇنچە مۇنبەت، شۇنچىلىك كەڭ يەرلەر باركى،

ئۇ يەرلەردە مىڭلارچە يېزا قۇرغىلى بولىدۇ. سىلەر قانۇنسىزلىق قىلىپ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۆز كۈچۈڭلارغا تايىنىپ يەرلىرىمدىن چىقىپ كەتمىدىڭلار. قېنى سۆزلەڭلار، نېمە ئۈچۈن چىقمىدىڭلار؟ بۇ مۈلۈك مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ يەر خېتى قولۇمدا ئەمەسمۇ؟

دېھقانلارغا تەلۋىلەرچە قاراپ چىقتى. دېھقانلار جىم تۇرۇپ، خىيال سۈرۈپ ئاڭلىشاتتى. مىدىر - سىدىر قىلمايتتى. ئەلى ساپا باي ئىچىدە « مۇشۇنداق تۇرۇۋېلىشلىرى ياخشى ئەمەس، بۇ ئىشتا چوقۇم بىر نەسلىك بار » دەپ ئويلىدى.

سەپچە ئاقساقال ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— بالام، بۇ يەر سېنىڭ ئەمەس، ئەلى ساپا ئەپەندى، بۇ زېمىن بىزنىڭ، بۇ يۇرت ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ماكانىمىز بولۇپ كەلگەن. سەن نەدىن چىقىپ كەلدىڭ؟ تەيپۇن باي بولمىغاندا سەن نەدە قالغان، بالام؟ — دېدى.

ئاقساقال قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، ئارتۇق سۆزلىمىدى. بىرھازادىن كېيىن قولىنى چۈشۈرۈپ، ئاغزىنى چىقىرىپ تارتىشقا، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

ئەلى ساپا باي مۇنداق بولۇشىنى زادىلا كۈتمىگەنىدى. سەپچە ئاقساقالنىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى، شۇنداقلا قورقۇنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى:

— سۆزلەش مەندىن ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بىر يۈز ئەللىك يىللىق شەجەرىسى بار ئېتىمنى يوباز ئوغلىغا بېرىپ، ئۇ يەرلەرنى ئالغان مەن ئەمەسمۇ؟ بۇ يەرلەردە ھەققىم بولمىسا، نېمە ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ يېرىمى يېرىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى؟ يوباز ئوغلى نېمە ئۈچۈن كەتتى؟

ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن سەپچە ئاقساقال تۇرۇپلا قالدى، مۈكچەيگەن بېلىنى رۇسلىدى، بىردەم تىنىك تۇردى:

— ئۇ كەتكەنلەر، — دەپ ۋارقىرىدى، — ئۇ كەتكەنلەر سۈتى بۇزۇقلار. ئۇلار قورققىنىدىن كېتىپ قېلىشتى. يوباز ئوغلىنى



ئۆلگۈچە ئۇرغۇزدۇڭ. ئاجايىپ بىر قىزىلباش ئىدى. چىدىيالماستىن قېچىپ كەتتى.

— سەن قاچما ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلى ساپا، — سەن بۇ دۇنياغا قوزۇق بول، يەرلىرىمدە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇر. زەيتۇن دەرەخلىرىنى تىكىپ مېۋىلىرىنى يېگىن.

— قاچمايمەن، — دېدى سەپچە ئاقساقال، — قېلىمەن. كالپۇكلىرى تىترەيتتى، يوغان ئاغزىدىن كۆپۈكلەر چاچرايتتى.

ئۇ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. توختىماي ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەيتتى: « قۇرۇپ كەتكۈر شۇ ئوسمان چولاق، قاقشىر بويۇن سەيپىلى، قارا كۆزلۈك پەرھات موللا ! ئەلى ساپانىڭ ئالدىدا قايسىسى مۇشۇنداق بولۇۋاستەك سۆز قىلالايدۇ؟ ! دەپ بېقىڭلارچۇ قېنى؟ شۇنداق دېيەلەمسىلەر؟ خۇدا ھەققى، مەن قېرىپ قالدىم، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى ... ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن. تۇرۇپ تۇر، ئەلى ساپا ئەپەندى ۋە تەيپۇن باي ! تۇرۇپ تۇر، ئوغلۇم !»

— زەيتۇن دەرىخىمۇ تىكىمەن، چىنار دەرىخىمۇ تىكىمەن، سېرىق پورتۇكال، قىزىل گىلاس تىكىمەن. تېخى ئادىمىنىمۇ تىكىمەن ۋە ئۆستۈرىمەن !

ئەلى ساپا باي چىۋىن قوغلىغاندەك ھەرىكەت قىلىپ، قوللىرىنى يۇلاڭلىتىپ:

— نېمە ئۆستۈرسەڭ ئۆستۈر، — دېدى، — ماڭا نېمە ئىدى؟ مەن بۇ يەرگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. سىلەرگە دەپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم. خامانلىرىمغا ئوت قويدۇڭلار، گەپ قىلمىدىم، خامانغا ئوت قويۇش ئىنسانىيەتچىلىككە ۋە مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كېلەمدۇ؟ ئاتلىرىمنى ئوغرىلاپ كەتتىڭلار، ھەر كۈنى ئۆيۈمنى ئۈست - ئۈستىلەپ ئوققا تۇتتۇۋاتىسىلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قانۇنلىرىدا، ئىنسانىيەت قانۇنىدا، ئىسلامىيەت قانۇنىدا بارمۇ؟ مەن سەۋر قىلدىم. يۈرىكىمگە تاش قويدۇم. سەۋر ئېشىنى

ئالتىم، سەۋر تېشى بولدۇم. ھەممە يامانلىقنى چىدىدىم، جاۋاب بەرمىدىم. بۇنى چۈشەنمىدىڭلار. زادىلا بىلمىدىڭلار. قارشى تۇرۇپلا كەلدىڭلار، دۆلەتكە، خەلققە قارشى ئىسيان قىلىپ كەلدىڭلار. بۇ قىلغانلىقىڭلار توپتوغرا شىخ سەئىد ئىسيانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن بۇنى ھۆكۈمەتكە ئۇقتۇرمىدىم. ئۆز ئېنى ئۇقتۇرغان بولسام، ھازىر ھەممىڭلارنىڭ بويىنى ئىلمەكتە پۇلاڭلاپ تۇرغان بولاتتىڭلار.

ئىككى يارىمقىنى ئۆۋەنگە قارىتىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان پۇت ئىشارىتىنى قىلدى.

— مانا مۇشۇنداق، ئەمدى ئەپەندىلەر ئۆزۈڭلارنى بىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى سوراڭلار، ئەپەندىلەر!

ئاۋازى چاڭ - چاڭ چىقاتتى، يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. ئىسسىق كۆچەيگەنسېرى، يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ كۆلەڭگىسى سالقىن ئىدى. يىراق، ئېلى سايا ياي چىپ - چىپ تەرلىگەنىدى. تەر قولتۇقلىرىدىن، ئاغاقلىرىدىن چىپىلداپ ئاقاتتى.

— ئەمدى ئەپەندىلەر، سىلەر ... — ئاۋازىنىڭ تەسىر قىلىشىنى مۆلچەرلىدى، — ئەپەندىلەر، سىلەر يەنە نېمە قىلدىڭلار؟

يەنە جىم بولدى، كۆزىنى يارقىراتتى، بويۇن تومۇرلىرى يارماقتەك كۆپۈپ كەتتى. كۆزىنى دېھقانلارنىڭ كۆزىگە تىكتى.

— سىلەر، سىلەر ھەممىڭلار جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار، ئادەملىرىمنى ئۆلتۈردۈڭلار، ھە، ئادەملىرىمنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئەپەندىلەر! زەيتەل بىلەن ئادىمنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭلارنى پۈتكۈل چۇقۇر ئوۋا بىلىدۇ. جىنايىتىڭلارنى ئادانادىكى ۋالىي، ئەنقەرەدىكى ھۆكۈمەت، يېنىمىزدىكى ئارىپ سايىم بەگمۇ بىلىدۇ. دوستىمىز، قېرىندىشىمىز ئارىپ سايىم بەگ بۇ ئىشلارنى بىلىپ ساراڭ بولاي دېدى. ئادىم سىلەرگە نېمە قىلدى؟ زەيتەل ئۆز يېزىلىقىڭلار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بەش بالىسى يېتىم قالدى. ئەپەندىلەر، ھەي ئەپەندىلەر، بۇ جىنايەتلەرنىڭ



ھېسابىنى ئالماي قويمايمەن. ئادەملىرىمنىڭ قان قەرزىنى ئالماي قويمايمەن. ئەگەر بۇ مەملىكەتتە ھەقىقەت، ھوقۇق، قانۇن بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمايدۇ.

بىردىنلا سەكرەپ كەتتى، ساراڭلاردەك قوللىرىنى يۇلاڭلىتىشقا، ئاياغلىرىنى گۈرسىلدىتىپ يەرگە تېپىشكە باشلىدى.

— بىكار كەتمەيدۇ. بوشقا ئاقمايدۇ! بۇ جان تەندىلا بولسا بىكار كەتمەيدۇ. سىلەر ئارقا تىرىكىڭلارغا ئىشىنىۋاتىسىلەر. ئارقاڭلاردىكى كىم بولسا بولسۇن، مېنىڭ ئارقامدا ئۇلۇغ ئاللا بار.

ئارقىسىغا بۇرۇلدى. تىك قېتىپ تۇرغان ئادەملىرىنى كۆرسىتىپ، ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— مانا بۇلارمۇ بار، — دېدى ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ئاۋازدا، كۆزلىرىنى چىمىلداتقان ئىشارەت بىلەن.

— ھېچكىمگە ئىشەنمەڭلار، ئىشىنىپ ناھەق ئىشلارنى قىلماڭلار، — ئاۋازى خېلىلا پەسلەپ كەتكەنىدى، ئەمما قورۇق توم، كەسكىن ئىدى.

— ئەمدى دېمەكچى بولغان گېپىمگە كېلەي. سىلەرگە ئون كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن. ئون كۈن ئىچىدە بۇ يېزىنى بوشىتىپ كېتىسىلەر، كەتمىسەڭلار سىلەر بىلەن جان تىكىپ كۆرۈش قىلىشنى قارار قىلدىم. بۇ يېزا مېنىڭ، بۇ يېرىمنىڭ توپىلىرى مېنىڭ. ئۆز ھەققىمنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن! ئون كۈن ئىچىدە يېزىنى بوشىتىپ كېتىپ قالمىساڭلار، سىلەرگە قارشى بارلىق كۈچۈمنى ئوتتۇرىغا ئاتىمەن. سىلەرنى بۇ زېمىندىن مەجبۇرىي قوغلاپ چىقىرىمەن. مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار، ئۆلتۈرۈۋېڭلار. قان تۆكۈلىدۇ، ئائىلىلەر ۋەيران بولىدۇ. مەيلى ۋەيران بولسۇن. ئۆيلەر ئۆرۈلەرمىش، ئىماملار، قارىيالارنىڭ ساقاللىرىنى سۆرەپ ئوتقا تاشلىنارمىش، ئوت ئىچىدە جانلىرى چىقارمىش! مەيلى چىقسا چىقسۇن، ئۆيلەرگە كېچىدە باستۇرۇپ

كىرىپ، خوتۇنلارنى، قىزلارنى تاغقا ئەپقاچارمىش، مەيلى ئەپقاچسۇن! بىزنىغا ئوت قويارمىش، مەيلى ئوت قويسۇن! بۇلارغا كۆزۈمنى مەست قىلىپ قويمايمەن! ئۈستۈمگە بېسىپ كەلگەن ئوت بولسۇن، سۇ بولسۇن، ئەجەل بولسىمۇ، ھەتتا ئەجدىھا بولسىمۇ، ھۆكۈمەت بولسىمۇ كۆزۈمنى مەست قىلىپ قويمايمەن.

ئارقىسىغا قارىدى. بۆتىنەك قېتىپ تۇرغان ئادەملەرنى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ:

— مانا بۇلار ئۈستىمگە باستۇرۇپ كەلگەن دەھشەتلىك ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ! كۆزلىرىنى مەست قىلىپ قويمايدۇ!

— ياﺋاللا! — دەپ ۋارقىرىدى تۇرسۇن دورموش.

— شۇنداق، ئەپەندىلەر. مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە يەرلىرىمنى تاشلاپ كەتمەيدىغان بولساڭلار، ئويلاپ باقمىغان ئىشلار چىقىدۇ. بۇ يىزا كەربالا چۆلىگە ئايلىنىدۇ! گېپىمنى ئاڭلاڭلار. قۇلىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئويدان ئاڭلاڭلار. بۇ يېزا كەربالاغا ئايلىنىدۇ. كەربالا دېگەننى ئاڭلىغانمۇ؟ بىلەمسىلەر؟ مانا شۇنداق. بۇ يېزا خۇددى كەربالادەك كەربالا چۆلىگە ئايلىنىدۇ. كەربالا ...

دېھقانلار جىم تۇرۇشاتتى. چىرايىدىن ھېچ نەرسىنى بىلىپ بولمايتتى. دېمەك، قەتئىي ئىدى. سەيچە ئاقساقال توختىماستىن مېڭىپ يۈرەتتى. چىشىمىز ئاغزىدا غاڭزىسى! بىراق ئىسى يوق. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ ئەلى ساپا باينىڭ كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى: شۇ قېرى ئەجەبا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ بويىنى ساپاقتەك. ئون ياشلىق ئاغرىق يالىدەك بولۇپ قاپتۇ. يەنە ئۆرە تۇرىدۇ. يۈز ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنىدۇ.

— خوش، ئەپەندىلەر. بۈگۈن بۇ يەرگە ھەممە ئىشنى دېگىلى، چىقىدىغان بورانىنى، بولىدىغان بىر تەۋرەشلەرنى، كېلىدىغان توپان سۈيىنى سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم. يا ئون كۈن ئىچىدە يېزامنى بوشىتىپ كېتىسىلەر، ياكى ئۇرۇشقا تۇرىسىلەر! ئارقاڭلاردا كىم بولسا، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئېتىراپ



قىلىسىلەر، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۇرغانىنىڭ، قىرغان قىرغانىنىڭ، تاكى ...

ئۇ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن سەيچە ئاقساقالغا قارىدى. جاۋاب بېرىشىنى كۈتتى. سەيچە ئاقساقال بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئەلى ساپا باي كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. قىپقىزىل، پار ـ پۇر پارقىراپ تۇرغان ئۈنچە كۆزلۈك ئالتۇن بۇلاپكا تاقالغان گالستۇكىنى بوشاتتى. ئاق قول ياغلىقى بىلەن بويىنىنى، يۈزىنى سۈرتتى. قول ياغلىق سۇغا چىلىغاندەك ھۆل بولۇپ كەتتى.

سەيچە ئاقساقال ئۇنىڭغا بىر ئىستىدىن قاراپ قوياتتى. «ئىتقا ئوخشاپ قاپتۇ، — دەيتتى ئىچىدە، — ئىتتىراپ قاپتۇ، قورقۇتۇۋاتىدۇ، كۆزى قورقۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، يالۋۇرۇۋاتىدۇ. بۇمۇ يالۋۇرۇشنىڭ بىر خىلى، ئەگەر بۇ يەردە «ئۇ» نىڭ بارلىقىنى بۇ ئىت بىلگەن بولسىدى، ئۆتى تەرىتىگە ئارىلىشىپ كەتكەن بولاتتى. راستلا بۇ دۈيۈزنىڭ ئۆتى تېشىپ تەرىتىگە ئارىلىشىپ كېتەتتى.»

ئاقساقال يەنىلا ئالدى ـ ئارقىغا مېڭىشنى داۋام قىلدۇراتتى. ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى: «دېمەن، ئۇنىڭ چوقۇر ئۇۋاغا بىر بوز يۈركۈتتەك چۈشكەنلىكىنى ئەلى ساپاغا بىلدۈرىمەن. بۇ نومۇسسىز قورقۇپ جېنى چىقسۇن! بۇ ياخشىلىقنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىمەن. پۈتكۈل چوقۇر ئۇۋانىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداقسىگە تار كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قويسۇن! قېنى كۆرۈپ باقايلى، شۇ كەڭ تۈزلەڭدە يوشۇرۇنغۇدەك بىرەر تۆشۈك تاپالامدىكىن؟ — ئۇ، قىيسىق، قوۋۇ كۆلكە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن يۈزىنى ئېرتىۋاتقان ئەلى ساپاغا قاراپ قوياتتى، كېيىن يەنە ماڭاتتى. — بىر كۈنى يېرىم كېچىدە بېرىپ شۇنداق دېمەن: مەن سېنىڭ دوستۇڭمەن، ئەلى ئەپەندى. داداڭمۇ مېنىڭ سەپدىشىم ئىدى. مەمەت ئاۋاق مۇشۇ يەردە، چوقۇر ئۇۋادا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. دېھقانلار ئۇنىڭدىن مەدەت ئالىدۇ. مەمەت ئاۋاق سېنى

ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئوق قەيسىرىگىدىن تەگسە ئەلگ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقىڭنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. شۇ يەرنى تېپىشقا تىرىشىۋاتىدۇ.»

« نەدە، ۋاي نەدە؟ مەمەت ئاۋاق نەدە؟ نەدە يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ؟» دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

ئەلى ساپاغا قاراپ قويدى، كۈلۈپ كەتتى. قاقاقلاپ كۈلدى. ئەلى ساپا ئۇنىڭغا قاراپ بۇرۇلدى ۋە قارىدى. بۇ قىزغا نېمە بولغاندۇ؟ ئېلىشىپ قاپتۇمۇ نېمە؟ دېھقانلارمۇ ئۇنىڭغا قارىدى.

سەيچە ئاقساقال ئىچىمۇ كۈلۈپ كەتتى:

— ئەمدى قالغىنىنى بىلمەيمەن، — دېدى ـ دە، مېڭىشقا باشلىدى. «دېمەسلىكىم كېرەك، ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئەلى ساپاغا يېرىپ دېيدىغانلىقىمنى ئوسمان چوڭغا، موللامغا، سەيرانغا، ئادەم يالىسىغا دېمەسلىكىم كېرەك. ئالدىمغا ئۇتتۇۋالىدۇ، تاغا، نەدە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، دېيىشىدۇ.»

— مانا شۇنىسىنى بىلمەيمەن. ئەلى ساپا! — دەپ ۋارقىرىدى سەيچە ئاقساقال ... تۇرىدىغان يېرىنى بىلسەم قولىقىدىن تۇتۇپ ئۇ قاراقچى بالىنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئەكىلەتتىم. ئۇنىچىلىك چوڭ چوقۇر ئۇۋۋادا ئۇنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ ئادەم بالىسى ئۆكۈزنىڭ موزىيى ئەمەس ـ دە ... قانداق تاپقىلى بولسۇن؟ نەدىن؟ ئۇنى مەن بىلمەيمەن.

سەيپەلى قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، ئېگىلىپ ئەلى ساپا بايغا يېقىن كەلدى ۋە:

— باي، چۈش بولۇپ قالدى. سىزنى كېلىدۇ دەپ بىر قوي سويدۇرغانىدىم ... تاماقىمىزنى يەپ ئاندىن مېڭىڭ، — دېدى.

ئەلى ساپا باي ھودۇققان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئېتىغا قاراپ ماڭدى. بىر يىگىت ئېتىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۈزەڭگىگە پۇت قويدى. ئەلى ساپا باي ئاتقا مىنگەندىن كېيىن:

— سىلەرنىڭ تامىقىڭلارنى ... يېمەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.



ئادەملىرىمۇ ئاتلارغا مىنىشتى. توپا ـ چاڭلارنى توزۇتۇپ يېزىدىن چاپتۇرغان پېتى چىقىپ كەتتى.

ئوسمان چوڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇرۇپ:

— بۇ ئادەمدە ھېچقانداق ئادەمگەرچىلىك قالماپتۇ، — دېدى، — ئادەم ئۆچ كۆرگەن ئادەمنىڭ، ھەتتا مىڭ يىللىق دۈشمىنىنىڭمۇ تامىقىنى يەيدۇ ... — دەپ قويدى.

— ئۇنى ئىنسان دېگىلى بولامدۇ، ئادەمگەرچىلىكى يوق ... — دېيىشىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇشتى دېھقانلار.

سەيران قىز بەختىيارلىق، گۈزەللىك شامىلىغا ئوخشاش كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۇ بىر دەمدىلا يېزىدىن چىقىپ كەتتى، قوغۇنلۇقنىڭ يولىغا چۈشتى.

## 45

تۈۋەندىن — ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ ئاستىدىكى يولدىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆچمەنلەر تويى توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. دېھقانلار، ئوسمان چوڭ، پەرھات موللام ئۈمىدلىنىشكە باشلىدى. بۇ كېلىۋاتقانلار يېزىنى تاشلاپ كەتكەنلەر بولمىسۇن يەنە؟ چاشكا ۋاقتىغىچە كۈتۈشتى. دەل چاشكا بولغاندا يېزىغا بىرى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كىردى. بۇ ياش بالا ئىدى. ئىسمى سۆللۈ چېكەتكە. مىنگەن ئېتى يايداق، يوگەنسىز ئىدى.

— مۇساپىرچىلىق جېنىمىزغا تەگدى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ. — ئۇنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆيلىرىمىزنى بۇزدۇق، نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇردۇق. يولغا چىقتۇق. «ئەل بىلەن بولغان ئۆلۈم بەجايىكى توي» دېيىشىدىكەن، يېزىلىقلىرىمىز ئۆلسە، بىزمۇ بىللە ئۆلەرمىز. ئاچ قالسا بىزمۇ ئاچ قالارمىز. ئۆيلىرىمىز، خامانلىرىمىز كۆيسە بىللە كۆيۈپ كەتسۇن، دېيىشتۇق.

چۈشكە يېقىن كۆچمەنلەرنىڭ ئالدى يېزىغا كىردى.

كەلگۈچىلەر ئىنتايىن خىجىل بولاتتى. ھېچكىمنىڭ يۈزىگە قارىمايتتى. گەپ - سۆز قىلىشالمايتتى. ئەكسىچە، دېھقانلار كەلگەنلەرنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىشتى.

ھەممە ئادەم يۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا چۈشۈردى. نامازدىگەرگىچە دېھقانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەممىسى ئۆيلىرىگە جايلىشىۋالدى. كەچكى تاماقنى يوغان ئۈجمىنىڭ ئاستىغا پالاسلارنى سېلىپ بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشتى. ھەربىر ئۆي بىر خىل تاماق پىشۇرۇپ ئۈجمە ئاستىغا ئەكەلگەنىدى.

— ئەجەبمۇ تارتتۇق ! — دېيىشتى ئۇلار.

— خۇدايىم ھېچكىمنىڭ بېشىغا مۇساپىرچىلىق دەردىنى سالمىسۇن !

— مۇساپىرچىلىق ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق.

— شۇنداق بىر يەركى، خۇدايىم تووۋا !

— جەننەتتىنمۇ ئېسىل.

— جەننەتنى قوي، ماڭا ئاتا - ئانامنىڭ يۇرتى بولسا بولدى.

— ئاجايىپ دەرد تارتتۇقكى، نېمىسىنى دەيسىلەر !

— دوست - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار يوق.

— ھېچكىم يوق.

— بۇرۇنلا كەلمەكچىدۇق، يىراق كەلمىدۇق، ئىزا تارتىپ، چىرايىڭلارغا قانداق قارايمىز دەپ كەلمىدۇق.

— ئىلاجىمىز قالمىدى، جېنىمىز تۇمشۇقىمىزغا كەلگەندە ھەق دەپ يولغا چىقتۇق.

— بىز سىلەرگە قىلدۇق، سىلەر بىزگە قىلماڭلار، قېرىنداشلار.

— بىزنى ياخشى، دوستانە قارشى ئالدىڭلار.

— بىزنى دوستلاردەك ...

— قۇرۇپ كەتسۇن مۇساپىرچىلىق.

— مۇساپىرچىلىق بىر خىل رەزىللىك ...

— يەر يۇتسۇن مۇساپىرچىلىقنى.



— جەھەننەمگە كەتسۇن.

— قۇرۇپ كەتسۇن !

— بىزنى قورقۇتۇشتى.

— بىزنى ئالداشتى.

— ھۆكۈمەتتىن قورقتۇق.

— ھۆكۈمەت دېگەن چوڭ نېمە.

— شۇڭلاشقا، يارايلى دېدۇق.

— بېرىپلا يانايلى دېدۇق، يېزىمىزغا كېتەيلى، ئۆلسەكمۇ ئەل بىلەن چېدىرىمىز ئىچىدە ئۆلەيلى دېدۇق.

— تۇيا يوللارغا چۈشۈپ ماڭدۇق.

— يۈزۈڭلەرگە قارىغۇدەك يۈزىمىز يوق.

— ئالدىڭلاردا يەكمۇ خىجىلمىز.

— ھۆكۈمەت چوڭ، دەھشەتمۇ چوڭ.

— ھۆكۈمەتكە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ.

— ھۆكۈمەت بەتتەرنىڭمۇ بەتتەرى.

— ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئارقىسىدا، قاراقچىلار، ئاغىلار، بايلار ئۇنىڭ ئارقىسىدا، شەھەردىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ... بايلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدا، پۇقرالىرى ...

— قېيىنىلىپ كەتتۇق.

— بوغۇلۇپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن يۇرتىمىزنى، ماكانىمىزنى تاشلاپ قاچتۇق. ياخشى قىلمىدۇق.

تۇغقانلار، دوستلار پۇشايمانلىقنىڭ، سېغىنىشنىڭ، ئۇچرىشىشنىڭ تەمىنى تېتىۋاتاتتى. ئۈجمە ئاستىدا بىرىنىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى، پاراڭ سېلىشتى.

ئوسمان چوڭ بىلەن پەرھات موللام دېھقانلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ھەيران قالغانىدى. شۇنچىلىك يىلىنىپ - يالۋۇرسىمۇ شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن ئەكېلەلمىگەنىدى؟

ئوسمان چوڭ شۇنداق دەيتتى:

— ئۇنىڭدا بۇ شۇڭقارنىڭ، بوز قۇشنىڭ ئىسمىدا بىر خىل

كارامەت بار ھەممە ئىنتايىن زور بىر خىل كارامەت !

پەرھات موللام ئاستىرتىن كۈلۈپ قوياتتى، ئوسمان چولاق ۋە باشقىلار نېمە دېيىشىمىز زادىلا قارشى تۇرمايتتى، بېشى بىلەن ئەستىقلاپ قوياتتى. بۇ قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئاتلىرىمۇ بار ئىدى.

قايتىپ كەلگەنلەر شۇ كېچىسى زادىلا ئۇخلىمىدى. دېھقانلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئۇخلاتمىدى. دېھقانلار ھەۋەس بىلەن ئۇنى - بۇنى سورايتتى، زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۇ ھەقتىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى تىڭشايتتى. بىر ھېكايىنى بەش - ئالتە ئادەمدىن ئاڭلىسىمۇ يەنىلا شۇ ھېكايىنى ئاڭلايتتى، ئىچلىرىگە سىڭدۈرەتتى.

— قانداق، زادى قانداقراق ئادەم؟

— كۆزلىرى، قوللىرى، پۇتلىرىچۇ؟

— چاچلىرى قانداق، قاش - كىرپىكلىرىچۇ؟

— ئاۋازى قانداق، قانداق سۆزلەيدۇ؟

— بوي - تۇرقىچۇ؟

دېھقانلار نە ئۇنىڭ بويىنى، نە سۆزىنى، ھېچ نەرسىنى دەپ بېرەلمەيتتى، « باتۇر، شۇڭقار، ئوۋ قۇشىدەك، ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدۇ، ئۇنىڭدا چاقماق يالقۇنى بار، تۇمارنىڭ ئىچىدە ...» دەپلا ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى، بولۇپمۇ ياش قىزلار توختىماستىن ئۇنىڭ بوي - تۇرقىنى، كۆز - قېشىنى سورايتتى. لېكىن، ئۇنى كۆرگەنلەردىن راۋۇرۇس جاۋاب ئالالمايتتى. ھېچكىمنىڭ « ئۇنى كۆرسەڭلار بىر بالىدەك كىچىك، پەقەت يوغان ئىككى كۆزىلا بار» دېيىشكە تىلى بارمايتتى. «قوللىرى كىچىك » دېيەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە مەمەتنىڭ قوللىرى كىچىك ئەمەس ئىدى، مۇرىسىمۇ كەڭ ئىدى. ئەمما، ئۇلارغا مەمەتنىڭ ھەممە نەرسىسى كىچىككىنە بىلىنەتتى.

ئاۋازى ھەققىدە، سۆزلىشى ھەققىدىمۇ بىرنەرسە



دېيەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى، سۆز قىلغىنىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان تۇرسا ... يالغۇز قەمەر ئانا تۇرۇپ قېلىپ « ئۇ، ئادەمنىڭ ئادىمى» دەيتتى. ئىچىگە پاتمىغان خۇشاللىق بىلەن كۈلەتتى. كۈلۈپ تۇرۇپ يىپىدەكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشق سەۋداسىغا چۈشكەن سەيرانغا كۆز قىرىنى سالاتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېزا بۇرۇنقى ئەسلىگە كەلدى. خۇددى بۇ يېزىنىڭ يېرىمى كۆچۈپ كېتىپ نەچچە يىل سارىچامىنىڭ شورلۇق يېرىدە ياشىمىغاندەك، ھېچكىم شۇ زامانلاردا بۇ يېزىدىن ئايرىلمىغاندەك ئىدى.

ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا نەرسىگە روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. يېزىغا كىرەر - كىرمەيلا ئالدىلىرىغا قوراللىق، شاپ بۇرۇت، تاغدەك مەمەتنىڭ چىقىپ كېلىشىنى پەرەز قىلىشقانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ يۈزىنى ھېچكىم كۆرەلمەيتتى، تۇرغان يېرىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېزىغا يوباز ئوغلى يېتىپ كەلدى، ئۇ خوتۇنى ۋە بالىلىرى بىلەن كەلگەنىدى. بىراق، ئۇيى كۆيۈپ كەتكەنىدى. يوك - تاقلىرىنى يوغان ئۈجمىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدى. دېھقانلار شۇ زامان بىر ئېغىلنى بوشىتىپ، يوباز ئوغلىنى جايلاشتۇردى. يوباز ئوغلى، خوتۇنى، بالىلىرى ۋەيرانە ئىدى. ئۇنىڭغا ئېتىزدىن ياردەم قىلىشتى، كەم - كوتىلىرىنى قوللىرىدىن كېلىشىچە تەييارلاپ بېرىشتى.

— ھۆكۈمەت، ژاندارما، ئاغىلار تۇرماق، ئەزرائىل كەلسىمۇ ھەرگىز يۇرتۇمدىن ئايرىلمايمەن، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ كەتمەيمەن. بوينۇمنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرىمەن. بوينۇم قىلدىن ئىنچىكە، قېنى چېپىڭلار، چاپساڭلار قېنىم ئانا - بوۋامنىڭ يۇرتىنىڭ تۇپرىقىغا چېچىلسۇن دەيمەن، — دەيتتى ئۇ.

توختىماستىن ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكەتتى، ئوسماندىن، پەرھات موللامدىن ئۇززە ئۇستىگە ئۇززە سورايتتى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەلى سايا باي ئاڭلىدى. دەسلەپ

ئىشەنمەي، كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. كېيىنچە ۋايىۋايغا ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن زەكەرىيە بىلەن تۇرسۇن دۇرمۇشنى ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ ۋەقەنى ئېيتەن دەپ كەلدى. ئەلى سايانىڭ جىنى چىقاي دېدى، ئاغزى كۆپۈكلەشتى. بىر كۈنى ئەتىگەندىن چۈشكىچە مېھمانخانىسىنىڭ سۇپىسىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ:

— مەن، مەن، مەن، مەنچۇ، — دېدى، — مەن ئۇلارغا قىلىدىغىنىمنى قىلىمەن! دېمەك، قارشى چىقتى؟ دېمەك، قوزغالدى ... مەن، مەن ... مەن ... ئۇ ئىشلار كۆرىدىغىنىنى كۆرىدۇ ... ئىشلار، ئىشلار ... مەن ... مەن ... — ھېرىپ كەتتى، بەدەنلىرى بوشاشتى. كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

« يارەببىم، — دەپ قاقشاشقا باشلىدى، — نېمە گۇناھىم بار مېنىڭ. ساپ قەلبىم بىلەن مەملىكەت ئۈچۈن بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ بېرىشكە تىرىشتىم. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەرگە ھېچقانداق ئېھتىياجى يوق. جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارغا بۇ يەرلەردىن مىڭ ھەسسە ياخشى يەرنى تېپىپ بېرەتتىم. مەن نېمە قىلغانغا ئۇلار شۇنچە يىلدىن بېرى بېشىمغا بۇ بالا ـ قازالارنى كەلتۈرىدۇ؟ ھەققىمنى ئېلىۋالىدۇ؟! ئۇلارنىڭ كاساپىتىدىن ئىشتىرلىرىم نەچچە يىلدىن بېرى كېمگەيمىدى. ئېشەك قۇيرۇقىدىن ئۇزارمايدۇ، قىسقارمايدۇ ... ئىستانبۇل تاكى ئەنقەرەدە بىرەر ئىشقا كىرىپ، راھەتلىنىپ يېتىشنىڭ ئورنىغا چىشىمنى چىشلەپ مەشلىكتىم، ئېسىل ۋەتىنىم ئۈچۈن ... ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدۇ. بۇ دېھقانلار زادىلا چۈشەنمەيدۇ، چۈشەندۈرەلمەيمەن، سۆرىلىپ كېتىۋاتىمەن، مەلىخە بىلەن بىللە سۆرىلىپ يۈرىمەن. خوتۇنۇمنى بۇ جەھەننەمگە ئەكېلىپ سولاپ قويدۇم. پۈتۈن بەدىنىنى يارا بېسىپ كەتتى.»

ئۇ خوتۇنىنىڭ يارا باسقان سېمىز بەدىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.



« زۇلۇم، — دەپ ئىڭرىدى ئۇ، — شۇ دېھقانلارنىڭ ماڭا قىلغانلىرى ئىسكەنجە، زۇلۇم ... ئادەمگە نالايىق ھەرىكەتلەر. ھەي ئىنسانلار، چىدىيالمىدىم. بۇ يۈكنى كۆتۈرەلمەيمەن. بۇ ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا ئىڭرىماقتىمەن. ئىڭراۋاتىمەن، ئىڭرايمەن! ھەي دوستلار! ۋاي، جان دوستلار! ھەي سوقۇشقاق بۇرادەرلەر، ھەي يارەنلەر! بۇ ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرەلمەي قالدىم. ئىرغىتىپ تاشلىيالمىدىم. دۇنيا يارالغاندىن بۇيان بىر مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈلپەتلەر، ماڭا قىلىنغان پەسكەشلىكلەر ھېچقانداق بەندىنىڭ بېشىغا كەلمىگەندۇر.»

« بېشىمغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ياۋاشلىقىمدىن، ئادەمگەرچىلىكىمدىن، شەپقەتكە تولغان يۈرىكىمدىن بولغان.»

ئەلى سايا باي بېشىنى كۆتۈردى، يېنىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان خوتۇنىنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى كۆردى. كىرپىكلىرىمۇ يېپىشىپ كەتكەن، يۈزى ھۆللەنگەنىدى.

خوتۇنى ئېتەكلىرىنى مەيدىسىگىچە كۆتۈردى:

— مۇشۇنداق بولۇش ئۈچۈن دادام مېنى شۇنچىلىك يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتقانمىدى؟ ئىستانبۇللارغا ئەۋەتكەنمىدى؟ مۇشۇنداق بولۇش ئۈچۈنمىدى ھەممە ئىش، ئەلى سايا باي؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ؟ يات ئارىدا بۇ ئەتلىرىم چىرىپ، تىتىلىپ چۈشىدۇ.

ياقىلچاق ۋە پۇتلىرىنى پاشا ۋە باشقا ھاشاراتلارنىڭ يارىسىدىن باشقا، جاراھەتلەر قاپقارا قىلىۋەتكەنىدى.

— ۋايىۋاي زالىملىرىنىڭ بىزگە سالغان زۇلۇمى ۋە ئىسكەنجىسى مۇشۇلار ئۈچۈنمىدى؟ ئەھۋالىمىزنى، چەككەن ئازابلىرىمىزنى بىلەمدۇ؟ خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ زېمىنلار ئۇلارغا گۆرىستان بولار. ئىنشائاللا، ھەممىسىگە، بالىلىرىغا، خوتۇنلىرىغا گۆرىستان بولىدۇ!

ئەلى سايا باي خوتۇنىغا قاتتىق ئېچىندى. يۈرىكى قان يىغلىدى.

— گۆرىستان بولىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بۇ زېمىنلارنى ئۇلارنىڭ قەبرىستانلىقى قىلىمەن. گۆرىستان، قەبرىستانلىق ... مەن، مەن، مەن! مەن قىلىدىغىنىمنى قىلىمەن ... سەن تۆككەن ھەربىر تامچە ياش ئۈچۈن ئۇلاردىن بىر جان ئۈلىمەن. بىر جان! ماڭا ۋە ساڭا سالغان زۇلۇملىرى ئۈچۈن ... بىكار كەتكۈزمەيمەن. پۈتكۈل مۇقەددەس ئېتىقادلىرىم ھەققىگە، مىللىتىمنىڭ، ۋەتىنىمنىڭ مۇقەددەس نامى ھەققىگە قەسەم ئىچىمەنكى، بۇ يەسكەشلىك زۇلۇملىرىنى بىكار كەتكۈزمەيمەن. بىرگە مىڭنى ئۈلىمەن.

مەلىخە خانىم تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى. ئەڭ يېقىملىق، مۇھەببەتلىك ئاۋازدا:

— مەلىخەم، مېنى كەچۈر! — دېدى، — سېنى بۇ دەھشەتلىك يەرگە ئەكەلدىم. تەبىئەتنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ زۇلۇمىغا تاشلىدىم. زىندانغا سولىدىم، مەڭدىن رەنجىمە. بىراق، ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇسەنغۇ. خېلى كۆپ ئۈتۈققا ئېرىشتىم. ئىگىلىگەن يەرلىرىمىز ئاز ئەمەس، مىليوندىن ئاشىدۇ. ئەسلىنى سورىساڭ سەل خۇشالمەن. شۇنچىلىك قىممەتلىك بىرنەرسە ئۈنچىلىك ئوڭاي قولغا كەلمەيدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ قىممىتى نېمە بولىدۇ؟ ھايات كۆرەش دېمەكتۇر. ھايات كۆرەش بولمىسا ھېچ نەرسە بولمايدۇ، مەلىخەم. كۆرەشلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى يەر ئۈچۈن بولغان كۆرەشتۇر. بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىگە بولۇش بىر دۆلەتكە ئىگە بولۇش بىلەن تەڭ، ھېچقانداق پەرقى يوق. مەلىخەم، يىغلىما! بىز تېخى ياش، ئالدىمىزدا كەڭ، پارلاق ھايات يولى بار. ھازىر مەن بېرىپ شۇ ۋايىۋايىدىن سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالاي. ھەربىر تامچە يېشىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىغا مىڭ بالا - قازانى كەلتۈرەي. ئاتىمىدىن تۇغۇلغانلىقلىرىغا، تۇغۇلىدىغانلىقلىرىغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇراي.

ئۇ ئېگىلدى، خوتۇنىنىڭ چاچلىرىنى قايرىپ، تەر يۇراپ



تۇرغان بوينىدىن سۆيدى:

— مەلىخەم، سۆيۈملۈكۈم، بۇ ۋەھشىيلەرنىڭ ئىچىگە كېلىپ قىينالغان، ۋەيران بولغان خوتۇنۇم، پۈتكۈل چۇقۇر ئۇۋا سېنىڭ ئېلىۋەتكەن بىر تال تىرنىقىڭغا ئەرزىمدۇ؟ قانداق قىلىمىز، بۇ، ھايات ... كۆرەش قىلىشقا مەجبۇرمىز.

يەلەمپەيىنىڭ يەس تەرىپىگە كەلدى. ھوشىنى يىغىۋالدى. زەكەرىيە بىلەن تۇرسۇن دورمۇشنى چاقىردى:

— بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىڭلار، ئىشەنچلىك ئادەملەردىن بولسۇن، شەھەرگە كىرىمىز.

ئۇلار ئاتلىنىپ چىقىشتى. بازاردا ھەممە ئادەم دېھقانلارنىڭ ۋايىۋايىغا قايتىپ كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلىغانىدى.

— بىچارە ئەلى سايا باي، — دېيىشەتتى ئۇلار، — ھېچكىمى يوق، تاپاتچىسى يوق دېھقانلار قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىزلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىپتۇ.

ئەلى سايا باي شەھەرگە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن باشقا بىر خىل گەپ تارقالدى. ھەممە ئادەم سۆزلىشەتتى، ئەلى سايا بايغا تېخىمۇ ئىچىنىشاتتى:

— بىر ئادەم بىچارە بولسا، تەلەيسىز بولسا ئەلى سايا بايچىلىك بولار. ۋايىۋاي دېھقانلىرىغا بېمەي يېدۈردى، ئىچمەي ئىچۈردى، ئاغرىپ قالسا دوختۇر، موللاملارنى باشلىرىغا ئەكەلدى. ئۇلارغا بىرەر دەرد كەلسە بىچارە ئەلى سايا باينىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كېتەتتى. ئەلى سايا باينىڭ جىمى بايلىقى، بارى - يوقىنىڭ ھەممىسى ۋايىۋاي دېھقانلىرى ئۈچۈن ئىدى.» ئەلى سايا باي ئۇنداق قىلما، بۇ دېھقانلارنى بېشىڭغا چىقىرىۋالما، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ» دېگۈچىلەرگە: «ياق، ئۇلار كۆز قارىچۇقۇم، قېرىنداشلىرىمدۇر. ئۇلار بىزنىڭ خوجايىنلىرىمىز» دەيتتى. قوينىدا باققان يىلان ئاخىر يۈرىكىنى چېقىپتۇ. باققان قاغىلىرى كۆزىنى چوقۇپتۇ. ۋاي بىچارە ئەلى سايا باي، دېھقانلار بىر كېچىدە يېزىغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ.

ئوقىا تۇتۇپتۇ. ئىككى ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، دەرەخكە ئېسىپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىلىرىنى شىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تېنىنى پارچىلاپ، ئەلى ساپا باينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ.

ئادىم بىلەن زەينەل ھەققىدىكى ھەر خىل ھېكايە شۇنچىلىك ئېچىنىشلىقكى ... — شەھەردىكى ئاياللار ھەسرەتلىنىپ سۆزلىشەتتى:

— ۋاي مەلىخە خانىم، بۇ ئەقىلسىز ئەلى ساپانىڭ كاساپىتىدىن ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر بالا ـ قازالار كېلىدىغان بولدى.

— دېھقانلارغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ بۇ جانىۋارلارغا؟

— بۇ تۇزكورلارغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

— بۇ قان ئىچكۈچىلەرگە؟

— بۇ جاللاتلارغا؟

— بۇ ۋەھشىي ھايۋانلارغا؟

— ئادەم ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

— ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىنمۇ ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ.

— ۋاي مەلىخە خانىم، تەلەيسىز، غېرىب، مۇساپىر خانىم!

پۈتۈن تاھىيە ئەلى ساپانىڭ غېمىدە، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە ياش. تاھىيە بازىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەن دېھقانلارغا يىرگىنىپ، قورقۇپ، ئۆركۈپ قارىشاتتى. بۇ ئەسكى چاپان، يۇكچەيگەن، ھودۇققان ھالدا ئايلىنىپ يۈرگەن سەھرالىقلارغا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قارىشاتتى.

ئەلى ساپا باي ۋەقەنى ئالدى بىلەن ژاندارما قوماندانى، يۈز بېشى پاروخقا ئەڭ ئېچىنىشلىق ھالەتتە، كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئەڭ يامان تىل بىلەن دەھشەتلىك قىلىپ سۆزلىدى. يۈز بېشىنىڭ چىرايى ئاڭلىغان بۇ دەھشەتلىك ۋەھشىيلىك تۈپەيلى تاتىرىپ كەتتى. كەچقۇرۇن تارىپ ئوغلىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىككى رومكا قېقىۋالغاندىن كېيىن ئۇ ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ ئېسىنى يىغىۋالدى. سوتچىلار ۋە باشلىقلارنىڭ ئەھۋالىمۇ پاروخ بەگنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. يالغۇز ھاكىملا قوللىرىنى



ئۇۋۇلاپ، زور خۇشاللىق ئىچىدە: «ياخشى، بەك كاتتا ئىش بوپتۇ، — دېدى، — ئادەمنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئىش بوپتۇ. بىر ـ بىرىنى يېيىشسۇن، بىر ـ بىرىنى يوق قىلسۇن بۇ كاپىرلار، پادىشاھىمىز، ئەپەندىمىزنىڭ سەلتەنەتتى ۋاقتىدا مۇنداق ۋەھشىيلىكلەر بولارمىدى، ئەپەندىم؟»

ئەلى ساپا باي سىياسەتچىنىڭ، پەتخى باينىڭ، پەخرى ئەلۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئادانا ۋە ئەنقەرەگە ئۈست ـ ئۈستىگە تېلېگرامما يازدۇردى: دېھقانلار قوزغالماقتا، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئوت قويماقتا، ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلماقتا، قان تۆكۈلمەكتە، چۇقۇر ئوۋادىكى يەرلەر سۇ بىلەن ئەمەس، قان سۇغۇرۇلماقتا! ...

ۋالىي نېمە دېسە دېۋەرسۇن، بۇ يازغانلار راست ئەمەسمۇ؟

شۇ كۈنىلا ۋايۋاي يېزىسىغا بىر ئەترەت ژاندارما ئەۋەتىلدى. ژاندارمىلار ئادىمنىڭ قاتىلى دەپ يوبار ئوغلى ھەسەننى، زەينەلنىڭ قاتىلى دەپ پەرھات موللامنى تۇتۇپ كەتتى. ئەلى ساپا باي بىلەن سوتچى ئاللىبۇرۇن ھەممە ئىشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قېرىنداشلارچە سۆزلىشىپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا بۇ ئىككى كىشىنى قاتىللىق ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق دەپ بىلىشتى. ھەسەننىڭ چۇقۇر ئوۋادا ھېچكىمى، ئايانچىسى يوق ئىدى. پەرھات موللامنىڭمۇ قەيەردىن كەلگەنلىكى نامەلۇم ئىدى.

— ساپا باي، — دېدى مۇپەتتىش، — بۇ موللام سىرلىق بىر ئادەم، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ جاسۇس ئىكەنلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىمىز ۋە قولغا ئالىمىز. ئۇنىڭ جاسۇس ئىكەنلىكىگە ۋايۋاي يېزىسىدىكىلەرمۇ ئىشىنىدۇ. قېنى، يەڭلەرنى تۈرەيلى. ئېنىق پاكىتلار ئۇنىڭ جاسۇسلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. پەرھات موللامنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇرالايمىز. پەرھات موللامنى ناھايىتى ياخشى تاللىدۇق. شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئۇ بىر موللا. ئەنقەرەدە موللىلاردىن ئۆركۈيدۇ، بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ... ساپا باي ئۇقتى. جايىدا ئاتتۇق. تۇرتىنىڭ كۆزىگە تەگكۈزدۇق.

ئەلى سايا مۆيەتتەمشەمنىڭ قولىنى قىزغىنلىق بىلەن سىقتى:

— ئىنتايىن توغرا ئىش قىلدىڭىز. كۆپچىلىكنىڭ ئامانلىقىنى مۇداپىئە قىلغۇچى بەگ ئەپەندىم ! ھەم مولامنى، ھەم قىزىلباش①نى... ئەمدى بۇ دېھقانلارنىڭ، پەسكەشلەرنىڭ بېلى سۇندۇ، سىز تەييارلىقلارنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، — دېدى ـ دە، ناھىيەگە چاپتى.

ۋالىۋاي دېھقانلىرى قوللىرىغا كويزا سېلىنغان پەرھات موللام بىلەن يوباز ئوغلى ھەسەنتى يېزىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشتى:

— سالامەت بېرىپ، يات ئەلدە سالامەت قايتىڭلار ! ئۇلۇغ ئاللاغا تاپشۇردۇق !

يوباز ئوغلى يېزىنىڭ سىرتىغا چىققاندا توختاپ قالدى.

— بىلىپ تۇرۇپ كەلدىم، مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كەلدىم. ئەمما، شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى: ئادەم ئۆلتۈرۈش يامان ئىش، ھېچكىم ئىشەتمەيدۇ، بىراق سىلەر ئىشىنىپ تۇرۇڭلار، مەن ئادەمنى ئۆلتۈرمىدىم، باللىرىم سىلەرگە ئامانەت قالدى.

پەرھات موللام دەسلەپ گەپ قىلىشنى خالىمىدى. تېمە ئۈچۈندۇر كېيىنىرەك ئاچچىق ـ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ دېھقانلارغا قارىدى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى:

— سىلەر مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر، — دېدى بوغۇلغان ئاۋازدا، — گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئەمدى بۇ يېزىغا زادىلا كېلەلمەيمەن. مېنى دارغا ئاسىدۇ، قېرىنداشلىرىم، مەندىن رازى بولۇڭلار !

قايقارا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، ئايتايتا پارقىراپ تۇرغان ساقاللىرى بىردىنلا تۇرلىنىپ پارقىراپ كەتتى. لەۋلىرى مىدىر ـ مىدىر قىلىپ دۇئا ئوقۇۋېتتى. چىرايىدا ھېلىقى ئاچچىق

① قىزىلباش — قىزىل باياق، يەنى كوممۇنىست دېگەن مەنىدە. — تەرجىماندىن.



كۈلۈمسىرەش بىلىنىپ تۇراتتى.

ناھىيەگە ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشتى. پەرھات موللامنىڭ قايقارا، چىرايلىق قوي كۆزلىرى كۆپكۆك، ئىششىپ كەتكەن يۈزىمۇ كۆپكۆك ئىدى. ئېڭەكلىرىدە قان قېتىپ قالغان. تىتىلىپ كەتكەن كىيىملىرىمۇ قانغا بويالغان. شالۋۇرى جۇل ـ جۇل ئىدى. ئاياغلىرى ئاللىقاياقلاردا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، پۇتلىرىدىن، پاقالچاقلىرىدىن توپىلىق بوللارغا قان تېمىپ تۇراتتى.

يوباز ئوغلىنىڭ ئەھۋالى موللامنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە يامان ئىدى. ئۇنىڭغا قاراشقا بولمايتتى. بىر پارچە قان ئۇيۇتمىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ناھىيەگە يېقىن كەلگەندە ھەر ئىككىسىنىڭ بوينىغا قارا توم قىل ئارغامچىنى باغلىدى. ناھىيە بازىرىدا ناۋۇز شايىقى، سېسىپ كەتكەن كۆكتات، لاي، توقماق، تاش، سېسىق تۇخۇم، سېسىق پەمىدۇر، قاچا ـ قاچىدا ئېچىپ كەتكەن قېتىقلارنى قوللىرىدا تۇتۇۋالغان خالايىق ئۇلارنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى.

تۇۋەتتىن ئۇلارنىڭ باشلىرى كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەي ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ قارشى ئالدى. شاپاق، لاي، سېسىق تۇخۇم تاش يامغۇرىدەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېغىشقا باشلىدى. ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن تىللاشتى. ھاقارەت قىلىشتى ...

پەرھات موللام ئالدىدا، بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن يوباز ئوغلى ئارقىدا. ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى، كۆرمەيتتى، ۋارقىرىشىۋاتقان، تىللاۋاتقان، نەرسىلەرنى ئېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئالدى بىلەن بازار قايناپ يەرگە ئەكېلىشتى. دەللال ئەخمەت دوك بۇ يەردە ۋەھشىلەر ھەققىدە، ئادەمگەرچىلىك ئۈستىدە، قان تۆكۈلۈش ھەققىدە ئادەمنى يىغلاتقۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن بىر نۇتۇق سۆزلىدى. كېيىن يەنە تاش، لاي، پاسكىنىچىلىق يامغۇرلىرى، تىل ـ ھاقارەت يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى.

بويۇنلىرىدا ئارغامچا، ئارقىلىرىدا يۈزلەرچە ئالما بولغىنى

ھالدا پەرھات مۇللام بىلەن يوباز ئوغلى يۈنۈن تاھىيەنى ئايلىنىپ چىقتى. ئەخمەت دوك ھەربىر مەھەللىدە بىر ئاز توختاپ، دەھشەتلىك نۇتقىنى يىگىلاپ تۇردى.

تۇرمىگە ئەكەلگەن چاغدا ئۇلارنىڭ تورغۇدەك دەرمانى قالمىغانىدى، يېرىم ھوشسىز ھالدا تام تۈۋىگە كېلىپ يىقىلدى.

ئەلى سايا باي شۇ كۈنى كېچىسى نازىپ ئوغلىنىڭ ئاشخانىسىدا تاھىيەنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي باشلىقلىرىغا چوڭ بىر شاراب زىياپىتى بەردى. زىياپەتتە زېمىنلىنىڭ ۋە ئادىمىنىڭ ئاجايىپ ياخشى دوست، سادىق ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكلىرى، پەزىلەتلىرىنى ساناپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پەسكەش، رەزىل، ۋەھشىيلەرچە ئۆلۈمگە لايىق ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

ئەلى سايا باي شۇنچىلىك يۈرەكتىن چىقىرىپ، شۇنچىلىك چىرايلىق سۆزلىدىكى، بۇ كېچە ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى.

## 46

كۈن چىقىشقا تېخى خېلى ۋاقىت بولسىمۇ، ئەتراپ يورۇشقا باشلىغاندەك ئىدى. شارقىراپ ئاققان ساۋرۇن دەرياسىنىڭ لايلىق ئېقىنىنىڭ بويىدا ئۆسكەن ھاۋا رەڭ گۈللەر بىلەن پۈركەلگەن ياپيۈزلارنىڭ يوپيۇرماقلىرى تەمدەلگەنىدى. گۈللەرگە قونغان ھەسەل ھەرىلىرى ۋە باشقا ھەرىلەر قاناتلىرىنى دۈمبىلىرىگە چاپلاپ ئۇخلىشىۋاتاتتى. بەزىدە ھەرىلەر بىر خىل سىلكىنەتتى ۋە تىترىگەندەك قىلاتتى.

قوغۇن - تاۋۇز بارىڭىنىڭ ئاستى ۋە ئەتراپى تاۋۇز شاپاقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. تىلىنغان، غاجىلانغان ۋە چېقىلىپ كەتكەندىن كېيىن قول تەگمىگەن تاۋۇز شاپاقلىرى ... سېسىپ كەتكەن تاۋۇزلارنىڭ پۈرىقى پۈتكۈل ئەتراپنى قاپلاپ كەتكەنىدى.



مەمەت خېلى بۇرۇن ئويغىنىپ، تاۋۇزلۇقنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى ۋە ئويلايتتى. «بېشىمغا كەلگەن شۇ ئىشلارنى ...» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ۋە بېشىمغا چۈشكەن كۆلپەتلەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتەتتى ... خىيالى بۇ يەردىن باشلىنىپ ئۇ يەرگىچە كېتەتتى. شۇنچە چوڭ ھۆكۈمەتمۇ، چوقۇر ئۇۋا ئاغىلىرىمۇ جانلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى ئىزدىشەتتى، توپ - توپ ژاندارمىنى ئۇنى تۇتۇشقا ئەۋەتەتتى. ئۇ «ئۇ قاراقچىلاردەك بىر قاراقچى بولسامغۇ. كاشكى، تېمىلەر بولاتتىكىن! زادى مەندىن تېمىنى تەلەپ قىلماقچى؟» دەپ ئويلايتتى.

ئوسمان چوڭ بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال شۇنچە خۇشال ھالەتتە يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— شۈكۈر قىلارىم، بىز يېڭىپ چىقتۇق. ئەلى سايانىڭ بىلىنى سۇندۇردۇق. سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاڭلىغان دېھقانلار قورقۇشۇپ قېچىپ كېتىشكەنىدى. سېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلاپلا، كۆڭۈللىرىگە باتۇرلۇق يالقۇنى تۇتىشىپ، تۇرالماي يۈگۈرۈشۈپ بىزنىڭ قايتىپ كېلىشتى. يوباز ئوغلىمۇ كەلدى. سەن مۇشۇ يەردە، ھازىر تۇرغان جايىڭدا بولساڭلا دېھقانلار تاغلارنى ئۆرلىۋېتىدۇ. ئەلى سايا ئاخىر بىر كۈنى بېشىنى يەيدۇ. مۇسلۇ تەلۋە ياخشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. شۇ تەلۋە، باتۇرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى سېنىڭ يولىيورۇقۇڭ بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىشىدۇ. توغرا، سەن بولمىساڭ، سەن بىزنى جاسارەتلەندۈرمىسەڭ، بىز خوتۇن كىشىدەك ئەلى سايانىڭ ئاستىدا قالغان بولاتتۇق. راست، توپتوغرا شۇنداق بولاتتۇق. «ئاناۋارزا ئۆلاغلىرى، يۈرىگە ئوخشاش ياشلىرى» دېگەن گەپ بار. بالام مەمەت، شۇ سارايلارنى ئاغدۇرمىغۇچە سېنى ئوغۇل دېمەيمەن، — دېگەنىدى ۋە بۇ سۆزلەرنى ئوسمان چوڭ ئاغزىدىن چىقىرىپ قويۇپ پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى.

— شۇنداق، يەنى سارايلارنى بىز ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز. سەن

پەقەتلا مۇشۇ يەرلەردە تۇرسەن، يەپ ـ ئىچىپ ياتسەن ۋە بىزگە سايىۋەن بولسەن، خالاس. شۇنداق قىلساڭلا بىزگە كۇپايە. سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بەر، بىز ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز قىلىمىز.

ئوسمان چوڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدە ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇش ئالامەتلىرى بار ئىدى. ئۇ شۇنداق دېگەنىدى:

— شۇڭقارىم، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سېنىڭ چۇقۇر ئۇۋاڭدا ئىكەنلىكىڭنى پۈتكۈل ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكى بىلىدۇ. بىراق، نەدە ئىكەنلىكىڭنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. خىيالىڭغا ھېچقانداق ئەندىشە چۈشمىسۇن، چۇقۇر ئۇۋاڭغا چۈشكەنلىكىڭنى ھېچقانداق ئاغا، ھېچقانداق ھۆكۈمەت ئادىمى دېھقانلاردىن سوراپ بىلەلمەيدۇ. دېھقان دېگەننىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئاغزىنى ئاچماي تاشتەك تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزى چىڭ دېمەن، ئوغلۇم، خاتىرجەم بول!

مەمەت بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن كۆپ نەرسىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بولۇپمۇ ئوسمان چوڭنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەتتى. ئەجەبا، ئۇلار ئۇنى شۇنچە زور قۇدرەت ئىگىسى دەپ ھېسابلىشامدىكىنە؟ بىر نەچچە يىل تاغلاردا كېزىپ يۈرگەن، مەجبۇرىي تاغقا قوغلانغان، بېشىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك ئىشلار كەلگەن، ۋەيران بولغان، يېزىمۇيېزا، تاغمۇتاغ ئېلىنىپ يۈرۈپ بېشىنى تىققۇدەك بىرەر تۆشۈك تاپالمىغان، ئاخىر بۇ يەرگە كېلىپ پاناھلانغان بىرى ئىدىغۇ ئۇ ئۆزى؟!

مەمەت ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشىنىشكە تىرىشاتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە، تۈندىن تاڭغىچە ئويلىناتتى. ۋەقەلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى ئۆز كەچۈرگەنلىرىگە ئاساسەن چۈشىنىپ يېتەتتى، بىرمۇنچىسىغا زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. شۇ ئوسمان چوڭ بىكاردىن ـ بىكارغا ئاۋارە بولاتتى. ئەلى سايا باي بەربىر ئۇلارنى يېزىلىرىدىن ھەيدەپ چىقىراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ھۆكۈمەت، قېشىدا ئاغىلار، بېشىدا بىر توپ قوراللىق



ئادىمى بار. ئوسمان چوڭنىڭ ئىشەنگىنى پەقەتلا ئۆزى، يەنى مەمەت ئاۋاق ئىدى! يالغۇز بىرلا ئادەم. ئوسمان چوڭ شۇنى بىلمەمدىكىنە؟ ژاندارمىلار شۇنى بىلىپ قالسا، بۇ يەردە ـــ ئاقچەسازنىڭ ياتاقلىقىدا قىستاپ كەلسە، بىر ئەترەت ژاندارما ئۇنىڭ ئاۋاق مەمەتنى كەكلىكنى ئوۋلىغاندەك ئوۋلاپ كەتمەمدۇ؟

— تەسلىم بولمايمەن، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمدۇ، — دەپ كۇلۇمسىرىدى ئۇ.

ئەلى سايانى ئۆلتۈردى دېلى، ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئەلى سايا ئالدىلىرىغا كەلمەسمۇ؟ ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە يامىنى چىقماسمۇ؟ ئۇ، ھەمزەنىڭ دەگىرمەن ئولۇك دېھقانلىرىغا قىلغانلىرىنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە ئۇققانىدى. «بىر ئىش قىلاي، بىر ياخشىلىق قىلاي دەپ بىچارىلەرنىڭ بېشىغا بالا تېرىدىم. دېھقانلار مېنى قانچىلىك ئەيىبلىسە، قانچە تىللىسا، قانچىلىك جازالىسا ھەقلىق!...»

«بۇ چۇقۇر ئۇۋادىن ئەمدى تىرىك چىقالمايمەن، شۇ قوغۇنلۇقتا يېتىپ ئۆلۈمنى كۈتىمەن. ئۆلۈم خېتىم بوينۇمغا ئېسىقلىق، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە ئايلىنىپ يۈرىمەن. ئابدى كېتىپ ھەمزە كەلمىسە، ئىش قولاي ... بىر ئابدى كەتسە، مىڭ ھەمزە كېلىدۇ. ھەممە كۈرەش بىكارغا كېتىۋاتىدۇ. ئوسمان چوڭنىڭ، ۋايىۋاي يېزىسىنىڭ كۈرەشلىرىمۇ بىكارغا كەتمەكتە. پات ئارىدا بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا يەرگە يەرلەشسە ... ئۇ يەردىمۇ ئالدىلىرىغا يەنە بىر ئەلى سايا چىقماسمۇ؟»

كۆزگە بارماستىنلا بۇ يەردە مېنى ژاندارمىلار قولىغا ئالىدۇ. ۋايىۋاي دېھقانلىرى تۇرغان يېرىمنى يوزبېشىغا دەپ قويىدۇ. قانلىرىم ئاقچەسازنىڭ چىرىگەن تۈپلىرىگە تۆكۈلىدۇ.

بۇ يەردە گاراڭلىقتا خەلىل كوسىنىڭ قېشىدا ياشاشتىن باشقا چارە يوق. ئۇ، كېتىپ قالغان ئابدىنىڭ ئورنىغا كەلگەن ھەمزە ھەققىدە خەلىل بىلەن سۆزلىشەتتى، ئويلىناتتى. بىراق

ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمايتتى. قاچىدىغان ۋە يوشۇرۇنىدىغان بىرەر تۆشۈكنىمۇ تاپالمايتتى. «نەگىلا بارساڭ ئاغىلار بار، ژاندارمىلار بار. نەگىلا بارساڭ مەمەت ئاۋاقنى تونۇيدۇ. ھەي! شۇ مەمەت ئاۋاق دېگەن ئىسمىم قۇرۇسۇن، يەرنىڭ قەرىگە كىرىپ كەتسۇن! بۇ يەردە تۇرۇپ ئۆلۈمىنى كۈتىدۇ. قەيەرگىلا بېرىپ بېشىنى قانداقلا ئاشقا ئۇرسۇن، شۇ يەردە ئۆلۈم تەييار.»

خەلىل كوسا جىگەرلىك، پاك، قورقۇمسىز ئادەم بولۇپ، ئەلى ساپاننىڭ سارىيىغا بېسىپ كىرگۈدەك جاسارىتى بار ئىدى. مەمەت خەلىلگە ئەجەبلىنىپ قارايتتى. خەلىل بولسا ئۇنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە قالغانلىقىنى، تۇگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى ئۆز رازىلىقى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. مۇنداق بىر مەمەت ئاۋاقمۇ بولامدۇ؟ دەپ ئويلايتتى. كىم بىلىدۇ، مۇشۇنداق مەمەت ئاۋاقلارمۇ بولىدىكەنتە!

ئۆلۈشكۈن پەرھات موللام بىلەن يوباز ئوغلىنى ژاندارمىلارنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، مەمەتنىڭ چىرايىنى كۆرگەن خەلىل ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتتى. مەمەتنىڭ يۈزى، كۆزلىرى، قوللىرى، ئاۋۇشى بىردىنلا ئۆزگەرگەنىدى. تۇرقى ـ سىياقىمۇ شۇ ئان ئۆزگەرگەنىدى. خەلىل كوسا ئۆز ـ ئۆزىگە، «مەمەت ئاۋاق دېگەن دەل مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ خۇشال بولدى.

پەرھات موللامنىڭ، يوباز ئوغلىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، قوللىرىدىكى ئېغىر زەنجىرلەرنى، شەھەردىكى خورلىنىشلىرىنى ئۇششاق ـ چۈششەكلىرىگىچە سەيران دەپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا مەمەت شوك بولۇپ قالغان. خەلىل بىردىنلا ئۇنىڭ يۈزىنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆتكۈر پىچاقنىڭ بىسىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. مەمەتنىڭ كۆزلىرىدىن بىر ـ ئىككى قېتىم كىچىككىنە ئوتلار چاقنىغان، كېيىن بىر پولات ئۇچقۇنى كېلىپ كۆز قارىچۇقىغا ئورۇنلاشقان.

سەيران بىردىنلا سۆزىنى توختىتىپ، كۆزلىرىنى غەلىتە



قىلىپ، مەمەتنى ئېچى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك قارىغان. بۇ ئادەم غايىبتىن كەلگەندەك ئىدى. كۆزلىرىدىكى پولات ئۇچقۇن شۇ يەردە چاقنىغانىدى.

ئوتتۇرىدا چوڭقۇر بىر سۈكۈت داۋام قىلدى. چوڭقۇر، قورقۇنچلۇق ... چىۋىننىڭ ئۇچۇشى ئاڭلىناتتى، تىنچىق ئىسسىق ئىدى. ھەر نەرسە كۆزنى قاماشتۇرغۇچى نۇردا يانماقتا، ئېرىمەكتە، ئاقماقتا ئىدى.

مەمەتنىڭ بېشىدا سېرىق نۇرلار چاقنايتتى، ئۇچقۇنلىناتتى. ئەتراپىغا چېچىلاتتى، ئىسسىقتىن ئېرىلىكتە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان نۇرلار چاقنايتتى، ئايلىناتتى. دۇنيا ساپسېرىق تۈسكە كىرگەن، چاقنىغان، ئاققان، چېچىلغان، يالقۇنلانغان سېرىق نۇر ئىچىدە جۇشقۇنلىنىپ نۇراتتى.

مەمەت سەنتۇرۇلە ـ سەنتۇرۇلە ئېرىق بويىغا باردى، بېشىنى ئېرىقنىڭ مۇزدەك سۈيىگە تىقتى، تارتىۋېلىپ يەنە تىقتى. كېيىن ئېرىلىكتە بوستانلىققا كىرىپ، گۈلزارلاردەك بىلمەي، كۆتەكلەرگە پۈتلىشىپ مېڭىشقا باشلىدى. كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، ئوت ـ چۆپلەر، دەرەخلەر، ئاناۋارزا قىيالىقلىرى، سۇ، تۇپراق، ئاقچەسازنىڭ چاتقاللىرى، ئالدىدىكى يانتۇ تاغلار — ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. خەلىل بىلەن سەيران ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئالماي قارايتتى. مەمەت خېلىغىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. كېيىن بوستاننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، يەرگە قادالغان قىلىچتەك قادىلىپ تۇرۇپ قالدى.

خەلىل ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— قېرىندىشىم، — دېدى ئۇ، — مەمەت، بۇ يەردە تۇرۇپ قالما. بەك تىنچىق، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاغرىپ قالىسەن.

يىراڭنىڭ ئاستىغا كېلىشتى. تاۋۇز شاپاقلىرىنىڭ ئۈستىگە يېپىشىۋالغان مىڭلاپ قىزىل ئېشەك ھەرىسى، سارغۇچ ھەرە، ھەسەل ھەرىسى، پارقىراق ھەرە، قارامتۇل ھەرە ئۇچۇشۇپ، نېپىز قاناتلىرىنى قىزىق ئاپتاپتا تىترىتىپ ئۇچۇشاتتى.

مەمەت سەيرانغا قارىدى. ئۇنى كۆردى. بۇ قېتىم يۈزى تېخىمۇ باشقىچىرەك بولۇپ كەتتى: ئىللىق دوستلۇق، شېرىن، ئوماق بىر يۈز. ئۇ كۈلۈمسىرىدى.

بارىكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن مەمەت:

— ۋاي پەرھات موللام، ۋاي! — دېدى، — ئارسلاندەك ئادەم ئىدى، مەن مۇنداق موللىنى كۆرمىگەن. سۇلايمان چوڭ نېمە دېدى، بىلەمسەن خەلىل؟

— ياق، — دېدى خەلىل.

— سۇلايمان چوڭ ماڭا: ئابدى كېتىپ ئورنىغا ھەمزە كېلىدىغان بولسا، دېدى ... مۇنداق دېدى، دۇنيادا بىكار، ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغان ھېچ نەرسە يوق، دېدى. ئىشلەش ھەقتۇر، ئۇرۇشماق ھەقتۇر، ئىشلىشماق، بىكار تۇرماسلىق ھەقتۇر، دېدى.

ئۇنىڭ چىرايى سەل - پەل ئېچىلدى، كېيىن توختۇلدى:

— بۇ يەرنى تاشلاپ كېتەيلى. نەگە كېتىش كېرەك؟ كەمبەغەللەرگە زىيىنىم تېگەر. پەرھات موللام تۈرمىدە، شۇ بىچارىنى بىكاردىن - بىكار ئېسىۋېتىشى مۇمكىن. دېھقانلار ماڭا ئىشىنىپ ئەلى ساپاغا قارشى چىقىشسا، ئۇمۇ ئېتىشنىڭ تىزگىنىنى ئارتماستىن ئالىلىنىدۇ. دەھشەتلىك بىر ئۇرۇش باشلىنىدۇ. ئاقىۋەت نەگە بارىدۇ؟ ھېچ! ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئېزىلمۇۋاتقان نەرپىلىرىگە پايدىسى تېگىپ قالار ...»

« ئەمما نەگە. قايسى تەرەپكە كېتىش كېرەك؟ تاغلار، يېزىلار، ئادەملەر، دەرەخلىرى بىزنى قوبۇل قىلمايدىغان بولدى.»

ئۇ ئېغىر - ئېغىر تىندى.

شۇ ئوسمان چوڭ ئۇنىڭغا جىق نەرسىنى چۈشەندۈرگەنىدى. ھەقىقەتەن پىكىرلىك بىر ئادەم ئىدى. ئەلى ساپا يايىنىڭمۇ يېڭىلىدىغانلىقلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئەلى ساپا كەتسە ئۇنىڭ ئورنىغا كەتتان ساپانىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئۈستىلىرىگە مىڭبىر بالايىئاپەتنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى ھەم بىلەتتى، لېكىن



ئۆلۈمنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ يەنىلا قورالىلىنىشتىن يانمايتتى. ياشانغانلارنىڭ جېنى تاتلىق بولىدۇ. ئەمما، ئوسمان چوڭغا جېنىمۇ ئەھمىيەتسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ بولمىسا ئىدى، بۇ يېزىدا ئىنسان تۇگۇل ھاشاراتلارمۇ قالمايتتى. ئەلى ساپاغا بۇرۇنلا تەسلىم بولاتتى.

قىبۇرالدا جەنۇبتىن — چۆلدىن چوقۇر ئۇۋاغا، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە مىڭلاپ جەرەنلەر كېلەتتى، توپى - توپى بىلەن تۈزلەڭلىكتە يۈرۈشەتتى. جەرەن پادىلىرى ئۈستىدە ئۇچلۇق قاناتلىق، تېز ئۇچىدىغان قارا قۇشلار ... قارا قۇشلار جەرەنلەردىنمۇ تېز ئۇچۇشاتتى - دە، بىرىپ جەرەنلەرنىڭ دۈمبىسىگە قوناتتى، ئارقىدىنلا تۇمشۇقلىرى بىلەن جەرەنلەرنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇپ يەيتتى.

— كور جەرەنلەرنىڭ ھالى يۈرەكلەرنى ئېزەتتى، — دەيتتى ئوسمان چوڭ، — ياش چاغلىرىمىزدا ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە كور بولۇپ قالغان يۈزلەپ بىچارە جەرەن ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. كور جەرەنلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ھېچكىمنىڭ قولى بارمايتتى. ئۇلار شۇنداق ئۆلۈپ كېتىشەتتى.

مەمەت كور جەرەنلەرنى ئويلاشنى، ئاندىن ئاۋازىنىڭ بارىچە «مەن بىر كور جەرەنمەن، ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىگە چۈشتۈممەن. چارىسىز بىر كور جەرەنمەن، قارا قۇشنىڭ پەنجىسىگە چۈشكەنمەن ...» دەپ ۋارقىراشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكى ئاقىرىشقا باشلىدى. يەر ئۈستىنى ئادەمنىڭ كىندىكىگە كەلگۈدەك قويۇق چاڭ قاپلىدى. دەرەخلەر چاڭلارنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا. سۆگەتلەرنىڭ بۇ تەرىپىگە — دۆڭنىڭ ئۈستىگە بىر قارا سايە ئاستاغىنا كېلىپ قوندى. مەمەت بىر ھەپتىدىن بېرى بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىغان قارا سايىنى ئوبدان تونۇۋالغانىدى. قاراڭغۇ كېچىدە، يىراقلاردا تۇرۇۋېمۇ بىر خىل يېقىنلىق ئورنىتىشقانىدى.

بۇ ئات تورۇق بولۇپ، ئەرەب ئېتى ئىدى.

تورۇق ئات كېچىدە تارلىق قىشلاقنىڭ تۈۋىنىدىكى تۈزلەڭلىكتە چاپاتتى، كىرىشلەتتى، كىشنەيتتى. بىرەر يورۇقلۇقنى كۆرسە ئۆز ئەتراپىدا نۇردەك پىرقىرايتتى. كېيىنچە تاڭ ئاتماستىن بۇرۇن قوغۇنلۇققا كېلەتتى. ئاستاغىنا، ھېچقانداق ئاۋاز چىقارماستىن سۆگەتلەرنىڭ ئالدىدىكى دۆڭگە چىقاتتى، ئۇ يەردە قىمىر قىلماستىن تۇراتتى. مەمەتمۇ ئات كەلمەستىن خېلى بۇرۇنلا خەلىل ياساپ بەرگەن پاشىلىقتىن چىقاتتى. يىراقلاردىن ھەر كۈنى بىر ۋاقىتتا قوغۇنلۇققا كېلىدىغان ئاتنى تاماشا قىلاتتى.

تورۇق ئات بارغانسېرى يورۇۋاتقان تاڭ نۇرىدا ئاستا - ئاستا پەيدا بولاتتى. كۈن چىققاندا نۇرغا چۆمگەن بۇ ئات ئالاھىدە گۈزەل تۈسكە كىرەتتى. بۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل گۈزەللىك ئالدىدا مەمەتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كېتەتتى. كۆزىنى بۇ چىرايلىق ئاتتىن زادىلا ئۈزەلمەيتتى.

ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا ئاتتا ئىدى. ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئاستا - ئاستا چىقىشىنى، ھەربىر ھەرىكىتىنى دېمىنى چىقارماستىن كۆزىتەتتى. ئات كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ تولۇق كۆرۈنگەندە، يۈرىكى يەنە سېلىشقا باشلىدى. بىر خىل گۈزەللىك ئالدىدا ئۇزاق يىللاردىن بېرى يۈرىكى مۇشۇنداق سالغان ئەمەس ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ ئاتقاندا «بۇ ئاتنىڭ نەسلى ئادەم نەسلىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن!» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى.

ئاتنىڭ ئۇزۇن بېلى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ كەتكەندى. ئات قەلەمنىڭ ئۇچىدەك قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتاتتى. ئۇزۇن، تۇم، تاكى پاقالچاقلىرىغىچە چۈشۈپ تۇرغان قۇيرۇقىنى بىلىنەر - بىلىنمەس پۇلاڭشىتىپ قوياتتى. ئۇزۇن يالى ئوڭ تەرىپىگە قايرىلغانىدى. تۇپتۈز، جۇلالىق تۈكلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئاتنىڭ رەڭگى نۇرلار ئىچىدە ئۆزگىرىپ تۇراتتى. نۇرلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بەزىدە كۈمۈشتەك پارقىرايتتى، بەزىدە



قاپقارا تۈسكە كىرەتتى. تارتىشىپ تۇرغان تېرىسىدە ئۈستىگە چىۋىن، پاشىلار قونالمىغانلىقى ئۈچۈن قىمىرلاشلار بولمايتتى.

ئەمدى، بىر ئازدىن كېيىن ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشى بىلەن تورۇق ئات قىمىرلاشقا باشلىدى. بېشىنى بىر ئوڭغا، بىر سولغا تەسلىكتە پۇلاڭشىتتى. كېيىن بېرىپ ئۆزىراپ، بەلكى بويىدىن بىر ھەسسە ئۇزۇن ھالغا كېلىپ، قوغۇنلۇق ئۈستىدىن بىر توپ بۇلۇتتەك ئۈزىدۇ، ئۆزىرايدۇ، كېڭىيىدۇ، چوڭىيىدۇ، ئاقچەسازنىڭ ئۈستىگە ئاقىدۇ، رەڭگى ئاستا - ئاستا كۈمۈش رەڭگە كىرىدۇ، بارغانسېرى جۇلالىنىدۇ، پارقىراپ كۆزدىن غايىب بولۇپ، ھاۋاغا، چاتقاللىقلارغا، سۇلارغا، دەرەخلەرگە تارىلىشىپ كېتىدۇ.

مەمەت ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆرىدىغان بۇ ئاتنى خەلىل كوسىغا دېگەنىدى. مانا ھازىر خەلىل كوسىنى ئويغىتىپ ئاتنى كۆرسىتىمەن دەيتتى - يۇ، ئۇنتۇپ قالاتتى، بۇ چاغدا ئاتمۇ غايىب بولاتتى، ئاقچەسازدا يىردىنلا غايىب بولاتتى. قومۇشلارغا تارىلىشىپ كېتەتتى.

مەمەت يۈگۈرگەن پېتى باراڭلىققا كەلدى. ھاياجان ئىچىدە بوغۇق ئاۋازدا:

— خەلىل، تۇر! ئويغانغىنا! — دېدى.

خەلىل شۇ زامان ئورنىدىن تۇردى، كۆزلىرىنى مۇشتۇمى بىلەن ئۇۋۇلىدى. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋېتىلگەن، تومشۇقلىرىنى تۈرۈپ يىغلاشقا ھازىرلانغان بىر بالىغا ئوخشايتتى. شالۋۇرىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— مېنىڭگە كەل، خەلىل! ... — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۆرىدى مەمەت، — بۇ يەردە تۇرايلى!

ئېسىنى سەل يىغىۋالغان خەلىل ئۇيقۇلۇق ھالدا:

— نېمە بولدى، نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— ئات، — دېدى ئۇ، — ئەنە ئاۋۇ يەردە ...

كۈتۈشتى، رەسمىي ئۆزىگە كەلگەن خەلىل كۆزى

قاراڭغۇلۇقتا ئۆگىنگەندىن كېيىن:
— بۇ ئاتنى مەن بىلمەن، ناھايىتى ياخشى تونۇيمەن، — دېدى.
شۇنىڭدىن كېيىن جىم بولدى. زادىلا گەپ - سۆز قىلمىدى. يانمۇيان تۇرۇشۇپ ئاتنى تاماشا قىلىشتى. ھەر ئىككىسى تىنمە بولۇشنى بىلمەيتتى. كۆزنىڭ چېتى كۆرۈندى، تورۇق ئات پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن مەيدانغا چىقتى. قىمىرلىدى. ئۇچىدىغاندەك ئالدى پۇتلىرىنى ئىككى - ئۈچ گەز يۇقىرى كۆتۈرۈپ چاپچىدى. كېيىن سۆگەتلەرنىڭ ئاستىدىن ئاقچەسازنىڭ ئىچىگە ئۆزدى. ئاقتى، چاتقاللىقتا ئارىلىشىپ كەتتى.
— بۇ ئاتنى تونۇيمەن، — دېدى خەلىل، — بۇ ئات ...
بۇ ئاتنىڭ ۋەقەسىنى مەممەتكە سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.
— بۇ ئاتنى تۇتۇۋالايلى، خەلىل، — دېدى مەممەت، — مەنمۇ بۇ ئاتنى بىلمەن، يوبار ئوغلىنىڭ ئۆيى كۆيگەن كېچىسى يېزىدا ئىدىم. ۋاي - ۋاي ... شۇ ئاتنى بىر تۇتۇۋالالىساق ...
خەلىل كوسا كېيىنلا شۇنداق دېدى:
— بۇ ئاتنى ھېچقانداق ئادەم تۇتالمايدۇ. ھېچكىم بۇ ئاتنىڭ يېنىغىمۇ بارالمايدۇ. بۇ ئاجايىپ بىر ئات، بىردەم يوقاپلا كېتىدۇ، نەچچە كۈنلەپ كۆرۈنمەيدۇ. يەنە بىردەمدىلا كۈتمىگەن بىر چاغدا ئالدىڭغا چىقىدۇ. نەگە كەتكەنلىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.
— ئاھ ... بۇ ئاتنى تۇتۇۋالالىغان بولساق - ھە، — دەپ ئاھ ئۇردى مەممەت.
— ئۇنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت، — دېدى خەلىل ۋە ئات ھەققىدىكى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

## 47

مەممەت ئەمدىلا ئۇخلىغانىدى، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك بىر ئاتنىڭ كىشنىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى ...



كىشنەشتىن كېيىنلا ئۈچ پاي ئوق ئېتىلدى. ئات توختىماستىن، ساراڭلاردەك، قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئاتنىڭ كىشنىشىدەك كىشنەيتتى. مەممەت باراڭنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى، كېيىمنى كىيمەستىن ئالدىراشلىق بىلەن مىلتىقنى ئالدى ۋە ساۋزۇن دەرياسىنىڭ بويىغا باردى، دەريادىن ئۆتۈپ يارنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈندى. خەلىلمۇ كۆڭلەكچانلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى. خەلىلنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن مەممەت خاپا بولدى:
— بۇ يەرگە كەل! — دەپ چاقىردى.
خەلىل يېنىغا كەلدى، تىزلىنىپ ئولتۇردى. يىراقتىن يەنە ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى. ئاتنىڭ كىشنىشى تېخىمۇ كۈچەيدى، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق كىشنەپ كەتتى.
مەممەت ئۇدۇلىدا ئېتىلغان مىلتىقنىڭ ئۇچقۇنىنى قارىغا ئالدى ۋە بەش پاي ئوق ئاتتى. يېرىم كېچىدە قەيەردە ئىكەنلىكى نامەلۇم بىر مىلتىق ئۇچقۇنىغا ئوق ئېتىش ئۇنى ئاجايىپ قىلىپ قويغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئالدىلىرىدىن، يورۇنلىرىنىڭ تۈۋىدىن بىر ئات سايىسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشتى. مەممەت بىلەن خەلىل مەلۇم ۋاقىت ساقلاشتى. ئاتنىڭ سايىسى كۆزدىن غايىب بولدى. ناھايىتىمۇ يىراقلاردىن ئاتنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ تىۋىشلارنى تىڭشاپ تۇرۇشتى. بۇ تىۋىشلارمۇ بارغانسېرى پەسىيىپ ئاڭلانماي قالدى.
يەرنى تىڭشايتتى، بۇ ئوق ئاۋازلىرى نېمە ئۈچۈن چىقتى؟ مەممەتنىڭ تۇرغان يېرىنى ژاندارمىلار بىلىپ قالدىمۇ يا؟ بىلىپ قالغان بولسا، كىم خەۋەر قىلغاندۇ؟ بۇ يەرنى قەمەر ئانا، ئوسمان چوڭ، پەرھات موللام ۋە سەيرانلا بىلەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، قاقىر بويۇن سەيبەلى ... ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ھېچكىم بۇ يەرنى ژاندارمىلارغا دەپ قويمايتتى. بەلكى تۈرمىدە پەرھات موللام قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان بولسا، ئۇ قىيناقتا چىدىماي دەپ قويغاندۇ؟!
ياكى خەلىلمۇ؟ مەممەت ئاينىڭ يورۇقىدا خەلىلگە قارىدى.

ئۇزاقتىچە چىرايىغا قاراپ قالدى. خەلىلنىڭ دەپ قويۇشى مۇمكىنمۇ؟

— بۇ يەرنى كىم دەپ قويغاندۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى خەلىل، — بۇ يەرنى ھېچكىم بىلمىسە، كىم دەپ قويىدۇ. بىلىدىغانلارنى بوغۇزلىسىمۇ دېگۈزەلمەيدۇ.

— سەيپەلىچۇ؟

— ئۇنىڭ غازدەك ئۇزۇن بويىنىغا قارىما، ناھايىتى باتۇر ئادەم ئۇ.

— بۇ يەردە قورشىۋېلىنىدىغان بولساق قۇتۇلۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. خەلىل، بۇ يەر تاغلارغا ئوخشىمايدۇ. تاغلاردا ئادەمنى ھەربىر خادا تاش، ھەربىر تۈپ جىغان ساقلاپ قالىدۇ. بۇ تۈزلەڭدە ھەممە نەرسە ئادەمنى تۇتۇپ بېرىدۇ. چوقۇر ئورۋاغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. قېنى، ئورنۇڭدىن تۇر. ئاقچەسازغا كىرىپ كېتەيلى. سەن خالىساڭ مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر.

— مەنمۇ سەن بىلەن بارىمەن، — دېدى خەلىل، — ۋاي ئاللا، بىر قورالىم بولغان بولسىدى!

— بېرىپ باراڭنىڭ ئاستىدىن تاپانچامنى ئەكەل!

خەلىل يۈگۈرۈپ باراڭلىققا باردى. تاپانچا قولىدا شۇ زامان قايتىپ كەلدى.

— قارىغىنا، — دەپ مەمەت ئېڭىشتى، — قارا ئاۋۇ يەردە ... بىر قارا سايە كېلىۋاتىدۇ.

خەلىل شۇ تەرەپكە قاراپ:

— مىلتىقى بار، بىراق ژاندارما ئەمەس، — دېدى.

بىر ئادەم ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— مەن ئاۋۇ قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇراي، سەن كەلگۈچىنى قارشى ئال. ھەيران بولۇۋاتىمەن، زادى كىمدۇ؟

سايە ساۋرۇن دەرياسىدىن ئۆتتى. قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىردى، ئولتۇردى. بىردىنلا تۆۋەن تەرەپتىن ئات ئاياغلىرىنىڭ



ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى سايە تۇرۇپلا قالدى. كېيىن تېزلىكتە بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ياتتى. ئۇ يەردىن قورالنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئاتنىڭ ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلىشاتتى. دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئوت چاقنىدى، ئوق ئاۋازى كېچىنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئات بارلىق كۈچى بىلەن كىشنىدى. ئاتنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىرئازدىن كېيىن بېسىلدى. قارا سايە خەلىلدىن ئىككى يۈز قەدەم نېرىدا ئىدى. خەلىل ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇردى. سايە خەلىلنى كۆردى. خەلىلگە قاراپ بىرنەچچە قەدەم تاشلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر يەنە توختىدى. ئارقىسىغا بۇرۇلدى، كەلگەن تەرەپكە قاراپ قاچتى.

— ئاغام، مەمەت ئاغام! بىر ئادەم قېچىپ كەتتى، قانداق قىلىمەن؟

مەمەت قومۇشلۇقتىن چىقتى. يۈگۈرۈپ خەلىلنىڭ قېشىغا كەلدى. سايە بىرسەل جىلغىسىغا كىرىپ كۆزدىن يوقالغانىدى.

ئاي يورۇقى ئاناۋارزا قىيالىقلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. ئاناۋارزا قىيالىقلىرى يىراقتىن ئاي يورۇقىدا كۈمۈشتە بېزەلگەن يار - يۇر چوڭ كېمىگە ئوخشايتتى. تۇمان ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. تۆۋەندىكى ئاقچەساز پاتقاقلىقىمۇ چاتقاللىقلىرى، قومۇشلۇقلىرى ۋە سازلىقلىرى بىلەن قاپقارا، تۇمانلىق، دولقۇنلۇق بىر دېڭىزغا ئوخشايتتى.

بىرئازدىن كېيىن ئاي يوقاپ كەتتى. يىراقتىكى ئاناۋارزا قىيالىقلىرى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. بىلىنەر - بىلىنمەس بىر كۆلەڭگىدەك ئېقىپ ئۆتتى.

— ھېچ نەرسە قىلما! — دېدى مەمەت، — ئوقنى قەيەرگە ئېتىۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، — دېدى خەلىل، — ئاتنىڭ تىۋىشى كەلگەن

تەرەپكە قاراپ ئاتتى.

— ئاتنىڭ مىنگۈچىسى بارمىدى؟ — دەپ سورىدى مەمەت، — مەن كۆرەلمىدىم.

— مەنمۇ كۆرەلمىدىم، — دېدى خەلىل.

— ئات قايسى تەرەپكە كەتتى؟ ھېلىقى بىزنىڭ ئات بولمىسۇن يەنە؟

— بىزنىڭ ئات ! — دېدى خەلىل كەسكىنلىك بىلەن.

كېچە دىمىق ئىسسىق ئىدى. نەپەس ئېلىشمۇ تەس ئىدى. ئاجايىپ قۇش ئاۋازلىرى، مىڭلىغان ھاشاراتنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن چاڭقىلىپ كەتكەندەك، كېچە ھەر خىل ھاشاراتنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن جاڭگىلدايتتى. پاشا ۋە چىۋىنلەر مەمەت بىلەن خەلىلنىڭ ئۈستىدە بۆلۈنۈپ ئۇچۇشاتتى.

— ھەيرانمەن، — دېدى مەمەت، — بۇ چوقۇر ئورۇڭ ئاجايىپ بىر يەر. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا بىر ئادەم تۈزلەڭلىككە كېلىپ بىر ئاتقا ئوق ئاتماقتا. بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتنى ئاتالمىدى، بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟

— بىزنىڭ ھېلىقى ئىتىمىزنى دېسەڭچۇ، — دېدى خەلىل جىددىي ھالدا. سۆزلەشكەن پېتى باراڭغا كېلىشتى. پاشىلىق سارايلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىشتى. ئاي ئولتۇردى، يۇلتۇزلار كۆيەيدى، چوڭايدى. يۇلتۇزلار كۆكۈچ بولۇپ چاقنايتتى. كۆك يۈزى يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەنىدى. جىمجىت، شامالسىز بىر كېچە ئىدى.

ساۋزون دەرياسىنىڭ يوش شارقىرىشى قۇلاقلارغا ئاڭلىناتتى. قۇلاقلىرىغا يەنە ئات تۇياقلىرىنىڭ تىۋىشى كېلىشكە باشلىدى.

ئەمما، ئات ناھايىتى يىراقلاردا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تىۋىشلار بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلەتتى.

مەمەت پاشىلىقتىن چىقتى، باراڭنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى:

— قېرىندىشىم خەلىل، — دېدى ئۇ. — ئىنتايىن ھەيران



قېلىۋاتىمەن. بىزنىڭ ھېلىقى ئىتىمىزنىڭ ئۈستىدە بىرى بارمىدۇ؟

— مەنمۇ ھازىر يېتىڭغا بارىمەن، — دېدى - دە، خەلىل باراڭدىن چۈشتى. يەنە بۇرۇنقى ئورۇنلىرىغا كېلىشتى. يېرىم يوشۇرۇندى.

ئات تىۋىشى كېچىدە يېقىنلاشتى، كۆچەيدى. ئات ئالدىلىرىغا كېلىپ ئۆتمىدىغان چاغدا ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى، ئۈركۈدى. ئالدى پۇتلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ تىك تۇردى. ئاتنىڭ قارىسى يوقىرىغا قاراپ بىرنەچچە قېتىم كۆتۈرۈلدى، كۆتۈرۈلۈش بىلەن يوقالدى. ئات كۆزدىن غايىب بولدى. يىراقلاردىن تىۋىشى ئاڭلاندى.

— بىزنىڭ شۇ ئات، — دېدى مەمەت.

— بىزنىڭكى ... — دېدى خەلىل.

— ئاتنى بىرى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتسا كېرەك.

— ئەلى سايا باي.

— بەلكى شۇ.

يەنە باراڭنىڭ ئۈستىگە چىقىشتى، پاشىلىققا كىرىشتى. تۈن كېچىدىن تاڭ سەھەرگىچە ئاتنىڭ تىۋىشى يىراقلاشتى، پەسەيدى، يېقىنلاشتى، كۆچەيدى.

قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز چىقتى. كېچە سالقىنلىدى. بۇ يۇلتۇز بەك پارقىرايتتى؛ تۆت - بەش يۇلتۇزنىڭ چوڭلۇقىدەك كېلەتتى، بەزىدە قۇياشتەك پارلايتتى، بەزىدە يوروقى خىرەلىشەتتى، بەزىدە نۇرى سايىپىرىق بولاتتى، بەزىدە ئاقىرىپ كېتەتتى، ئايلىناتتى، چوڭىياتتى. ۋال - ۋۇل قىلىپ ۋاللىدايتتى، مۆزدەك توڭلايمۇ قالاتتى.

باراڭدىن چۈشۈپ سۆگەتلەرنىڭ ئاستىغا كېلىشتى ۋە بىر قومۇش يىلتىزىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋېلىشتى. ئات ئاستا - ئاستا تۇياقلىرى ئۇچىدا دەسسەپ كېلىۋاتقاندەك ئۇزۇن قەدەملەر تاشلاپ ماڭدى. كېلىپ بۇرۇنقى يېرىدە توختىدى.

ئەتراپ ئاستا ئاقىرىشقا باشلاش بىلەن ئاتمۇ ئېنىق

كۆرۈندى. تەرلەپ كەتكەنىدى. بويىنىدا، ساغرىسىدا كۆپۈكنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. تورۇق ئات چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمگەنىدى، كۈننىڭ ئىللىق نۇرىدا پارقىرايتتى. ھارغان، بويىنى تۆۋەنگە چۈشكەنىدى، مۈگدىگەندەك تۇراتتى.

— ئاتقا يېقىنلىشايمۇ؟ — دەپ سورىدى خەلىل، — يەلكى مىنىڭ يېنىمغا كېلەر، ھايۋانلار مەندىن قاچمايدۇ. ئەڭ ياۋايىلىرىمۇ، بۆرىلەر، تۈلكىلەرمۇ مەندىن قاچمايدۇ.

مەمەت گەپ قىلمىدى.

خەلىل ئورنىدىن تۇردى، ئايىغىنى يەشتى، ئاتقا قاراپ خۇددى تېيىلىۋاتقاندەك مېڭىشقا باشلىدى. ئاتقا يېقىنلاشتى. ئاتقا يېقىنلاشقاندا چۈك - چۈك قىلىپ قىچقىردى. ئات بولسا پىسەنت قىلماستىن جىم تۇراتتى. ئاتقا يېقىنلاشقانسېرى خەلىلنىڭ ئۈمىدى كۈچىيەتتى، مەمەت بولۇۋاتقان ئىشلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. خەلىل ئاتقا يېقىنلاشتى، يەنىمۇ يېقىن كەلدى. ئۈچ قەدەم ئارىلىق قالدى. دەل ئۈستىگە ئېتىلىپ تۇتىدىغان چاغدا ئات قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلدى، خەلىلگە قارىدى، ئادەمدەك قارىدى. بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى، بىردىنلا كىرىلدى. مەمەت ئۇنىڭ ئۇزىراپ سوزۇلغانلىقىنى كۆردى. ئات شۇ زامان قوغۇنلۇقتىن چىقتى، ئۆچتى، كېتىپ قالدى. قوغۇنلۇقنىڭ ئۈستىدە، بوشلۇقتا ئۇزۇن قارا بىر سايە مەلۇم ۋاقىت مەمەت بىلەن خەلىلنىڭ كۆزلىرىدە ئەگىپ يۈردى.

## 48

— ئانا، ئانا! — دېدى سەيران، — قەمەر ئانا، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ قىزىپ كېتىۋاتىمەن، بېشىم قېيىۋاتىدۇ، دەسسەپ تۇرالمايۋاتىمەن، قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ئانا!

قەمەر ئانا خۇشال ھالدا مەتىلىمەك كۈلۈپ قويدى، بىراق چىرايى غەمگە چۆمدى. مۇرادىغا يېتەلمىگەن قىزىم، دۇنيانىڭ



ئەڭ گۈزەل قىزى. يەنىلا يولنى خاتا باستىڭ، قورقۇنچلىرىڭ بىكار ئەمەس، مەمەت ئاۋاق دېگەن بىر قاراقچى، قاراقچىنى بۈگۈن بار دېسەك، ئەتىسى يوق. يەنىلا ئوت ئۇچقۇنى يۈرىكىڭدە قالمىدىغان بولىدى، ۋاي چىرايلىقلارنىڭ چىرايلىقى قىز، دەپ ئويلايتتى. بىراق، كۆڭلىدىكى خىياللىرىنى سەيرانغا دېيەلمەيتتى. ئەزىزنىڭ ئورنىغا مەمەت ... گۈزەل قىزلارنىڭ تەلىيى كەلمەيدۇ. چىرايلىقلار ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدىن تەلەيسىزلىكلىرى بىلەن تۇغۇلىدۇ. شۇنچە يىللاردىن بېرى شۇ يېزىدا ئۇنىڭغا ئاشىق بولمىغان ئەركەك قالمىغان بولسىمۇ، ئۇ ھېچقايسىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئەزىزنىڭ ئورنىغا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ، دېدى ... ئاخىر بېرىپ مەمەتكە ئاشىق بولدى. ئاشىقلىقنىڭ بۇ خىل سەۋداسى، ئۈمىدسىزى تېخىمۇ بەتتەر بولىدۇ. ئۇ بالىنىڭ — مەمەتنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايۋاتىدۇ. شۇنچە كۈندىن بېرى بۇ قىز كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتىدۇ. كۆزىنىڭ ئىچىگە قارايلا تۇرىدۇ. بىر ئامال قىلىپ يولىنى تېپىپ، مەيلى كېچە، مەيلى كۈندۈز بولسۇن ئۇنى كۆرىدۇ، ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، پۇرسەت تاپسىلا كەچكىچە كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تاماشا قىلىدۇ. بۇنى ئەركىشى بىلمەي قالامدۇ؟ بولۇپمۇ مەمەتكە ئوخشاش زېرەك يىگىت؟ ئۇمۇ بىلىدۇ. بىراق، بۇ سەۋدانىڭ ئاخىرى چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكى ئۈچۈن قىزنى تېخىمۇ خاپا قىلماي دەپ بىلمىگەنگە سېلىۋاتىدۇ ...

— خاپا بولما، قىزىم، — دېدى قەمەر ئانا. — چىرايلىقنى بىر كۆرگەن ھەرقانداق ئەر كىشى ساڭا ئاشىق بولىدۇ. جوقۇم ئاشىق بولىدۇ. شۇ چوڭ يېزىدا ساڭا ئاشىق بولمىغان ئادەم قالدىمۇ؟ مەيلى ياش، مەيلى قېرى، مەيلى ساق، مەيلى ئاغرىق بولسۇن، سېنى ياخشى كۆرمىگەن ئەركەك قالدىمۇ؟ ساڭا ئاسماندىكى قۇشنىڭ، يەردىكى چۈمۈلىنىڭ، يىلاننىڭ ئەركىكىمۇ ئاشىق بولىدۇ. مەمەتنىڭ بېشىدىكى دەرد ئېغىر، بىچارىنىڭ كاللىسى جايىدا ئەمەس.

سەيران:

— ئانا، ماڭا قارىمايدۇ، چىرايىمغا زادىلا قارىمايدۇ، مېنىڭ بارلىقىمدىن خەۋىرىمۇ يوق، چاتىقىمۇ يوق. ئەگەر يۈزۈمگە قاراپ قالغان ۋاقىتلىرى بولۇپ قالسىلا، مەندىن دائىم «ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى. بۇنىڭ بىر ئىلاجى يوقمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى زادىلا ئويلىمايدۇ. بۇ ئوي ئۇنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئەقلىدىن ئازدۇرۇپتۇ. بەلكى خەدىچەنى ئويلايدىغاندۇ. خەدىچە مەندىنمۇ چىرايلىقمىكىنە؟ — دەپ ئاھ ئۇراتتى.

ئۇ يېزىنى ئايلىنىپ چىقاتتى، ئۇتتۇر يېزىنىڭ چېتىگە چىقىپ، قوغۇنلۇققا قارايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئازراق راھەتلىنەتتى. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ياخشى كۆرمىسە، ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتسا ئۆلۈپلا قالىمەن، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن دەپ ئېچىنىشلىق ھېسسىيات ئىچىدە تولغىناتتى. مەمەتنىڭ ياللارنىڭكىدەك چىرايى، ئەركەكلەرچە بالقىپ تۇرغان ۋۇجۇدى كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى.

سەيرانىنىڭ ئۇنى كۆرۈش سەۋداسى پۈتۈن بەدىنىنى چىرمىۋالغاندا، چىدىيالماستىن قەمەر ئانىنىڭ قېشىغا كېلەتتى:

— ئانا، جېنىم چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئاپىرىدىغان بىرنەرسە تېپىپ بەرگىنە، ئاپىرىپ بېرەي، — دەپ يالۋۇراتتى.

— سارالڭ قىز، — دەپ كۈلۈپ كېتەتتى قەمەر ئانا. — قوغۇنلۇققا توشۇۋېرىپ ئۆيدە ھېچ نەرسە قويمىغان تۇرساڭ …

يەنىلا سەيرانغا قوغۇنلۇققا ئاپىرىدىغان بىرنەرسە تېپىپ بېرەتتى.

«تەلۋە قىزىم، چىرايلىقتىن چىرايلىق قىزىم، تەلەيسىز قىزىم، يېتىم قىزىم، بەختسىزىم، ئاقىۋىتىڭ نېمىمۇ بولار؟!»

سەيران بۇ ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى ئويلىمايتتى، پەقەتلا مەمەتنى ئويلايتتى. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولمىسىلا، سەيران ئۆلسىمۇ مەيلى ئىدى. مۇھەببەت سەۋداسىدىن، قايغۇ -



ھەسرەتتىن، مەمەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان يامانلىقلارنىڭ دەھشىتىدىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ مەيلى …

سەيران بىر كۈنى ئەتىگەن يەنىلا قەمەر ئانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇ كۈنى كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىگەنىدى.

— ئانا، چىدىيالمىدىم، بىرنەرسە تېپىپ بەر، ئۇنىڭغا ئاپىراي.

ئۇلار ئىزدەشتى، ئويلاشتى. ھېچ نەرسە تېپىشالمىدى. يېزىدا نېمە بولسا، ئۆيىدە نېمە بولسا ھەممىنى قوغۇنلۇققا توشۇپ بولغانىدى. سۈت، سېرىق ماي، ھەسەل، پاپاق، كۆشكەك، تەسۋى … سەيران ھەر كۈنى بىرنەرسىنى ئاپىرىش باھانىسى بىلەنلا قوغۇنلۇققا بارالايتتى.

— بۇ قېتىم بىرنەرسە ئالماستىنلا بارغىن، مۇشۇنداق قىلساڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بىرنەرسە ئېلىپ بارمىساڭ، ھەر كۈنى نېمە ئۈچۈن قوغۇنلۇققا كېلىدىغانلىقىڭنى ياخشى چۈشىنىدۇ. بىرنەچچە كۈن قۇرۇق قول بارغىن، ئاندىن كېيىنلا «بۇ قىز ھەر كۈنى نېمە ئۈچۈن مۇنداق كېلىدۇ؟» دەپ ئويلايدۇ.

سەيران مۇنداق قىلالمايتتى. قۇرۇق قول، باھانىسىز قوغۇنلۇققا بېرىش ئۇنىڭغا ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئىدى. قۇرۇق قول بېرىش ئۇنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگەتتى. مەمەتنىڭ ئالدىغا خۇددى يالىڭاچ چىققاندەك بىر خىل ھېسسىياتقا چۈمۈلەتتى.

ئۇنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ بىر قىلمۇەتتى، ئويلاپ ھېچ نەرسە تاپالمايتتى. ئاخىر قەمەر ئانا:

— تاپتىم! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان ئويما گۈللۈك ساندۇقنىڭ قېشىغا باردى. ساندۇقنى ئالدىراشلىق بىلەن ئاچتى، ئىچىنى ئاختۇردى، ئىزدىگەن نەرسىنى شۇ زامان تاپتى. سېرىق كەھرىۋا مۇشتەكنى كۆتۈرۈپ سەيرانىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مە، ئال! بۈگۈنگە مۇشۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەتىگە خۇدايىم

زادىلا ئات ئەمەس. بۇ ئات ياخشى بىر ئىنسان، بىر پەرى، بىر كۆرۈنمەس ... بىردەم ئالدىڭدا تۇرغان، بىردەمدىلا غايىب بولغان ...

سەيران ھەيران بولۇپ قورقۇشتىن قۇتۇلۇپ:

— سېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەمەسمىدى؟ سېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ يوباز ئوغلىنى تۈرمىگە سولاپ قويىدى.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئادىم، — مەن ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن، بۇ ئات جىن، پەرى ...

ئادىم ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، بارلىق كۈچى بىلەن سەلدارلىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئويغانغان مەممەت باراڭدىن تۆۋەنگە چۈشتى.

سەيران تىترەپ كېتىپ يەرگە يىقىلدى. مەمەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن يۈت ـ قولى بوشاپ كەتكەنىدى.

مەمەت بىلەن خەلىل ۋارقىرىشىپ قوغۇنلۇقنىڭ ئەتراپىنى ئىزدەپ چىقىشتى. ھېچكىمنى تاپالمىدى.

سەيران تاغ چوققىلىرى ئاقارغىچە، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆرۈنگىچە ياتقان يېرىدىن قوزغالمىدى. ئۇ يەردە پۇت ـ قولى بوشاپ تىترىگىنىچە يېتىپ قالدى. ئىسسىق تۇيراق شەھۋەتكە تولغان، ئۇنتەك يېنىپ تۇرغان ۋۇجۇدىنى تىخىمۇ قىزدۇراتتى.

## 49

دېھقانلارنى ئېغىر ئۇيقۇلىرىدىن ئۇوق ئاۋازلىرى ئويغىتىۋەتتى. يېزا قورشىۋېلىنغان، يېزىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئوق ئاۋازلىرى كېلەتتى. دېھقانلار مۇنداق بولۇشىنى ئويلىمايتتى. بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتى دەپ ھېسابلىشاتتى ۋە خاتىرجەم ئۇخلىشىۋاتاتتى. ئوق ئاۋازلىرى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. بىردەمدىن كېيىنلا يېزىنىڭ ئىچىدە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.



ھەر تەرەپتىن ئېتىلغان چاچما ئوقلار مەلۇم ۋاقىت يېزىنى قاپلىدى. بىردىنلا ئايالارنىڭ چىرقىراشلىرى كېچىنى بىر ئالدى. ئاتلار كىشنىشەتتى، ئىتلار قاۋىشاتتى، خورازلار چىللىشاتتى، خوتۇنلار ۋارقىرىشاتتى، بالىلار يىغلىشاتتى. ئوق ئاۋازى توختىمىدى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى يىراقلىشىپ كەتتى.

تاڭغا يېقىن يەنە ئوق يامغۇرى يېتىپ كەلدى. يەنىلا ئاتلار كىشنەپ، ئىتلار ھاۋىشىتتى، خوتۇنلارنىڭ چىرقىراشلىرى يېزىنى، پۈتكۈل تۈزلەڭلىكنى قاپلاپ كەتتى. خوتۇنلارنىڭ چىرقىراشلىرى بارغانسېرى ئۇزاقلاشتى ۋە كېچىدە جىمىپ كەتتى.

دېھقانلار ئۆيلىرىدىن تاشقىرىغا چىقىشتى. يېزىغا يېڭىدىن كەلگەنلەردىن ئۈچ قىزنى چاچلىرىدىن سۆرەپ ئېپقېچىشقانىدى. بۇ قىزلارنىڭ ئاتىلىرى ۋە باشقا خوتۇنلار يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا كېلىپ يۈزلىرىنى مورلىشىپ، پەرياد چېكىشەتتى، ئەلى سايانى قارغىشىپ يىغلىشاتتى.

كېچىدە يېزىغا باستۇرۇپ كىرگەنلەر يېزىدا قانچە كالا بولسا ھەممىسىنى ھەيدەپ كېتىشكەن، يېڭى كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلاپ كېتىشكەنىدى.

شۇ كۈنى دېھقانلار ھېچ نەرسە قىلماستىن، ھېچ نەرسە دېمەستىن قوللىرىنى سېلىپ يېزىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈشتى.

ئىككىنچى كۈنى كېچىدە ئاتلىقلار يەنە كېلىشتى. يېزىنى ئوقىقا تۇتقاندىن كېيىن ئۈچ كەپىگە ئوت قويۇشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەلى سايا باي تۆرۈسۈن دۇرمۇشنى يېزىغا ئەۋەتتى.

— ئەمدى بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى تۆرۈسۈن دۇرمۇش سەپيەلىدىن، — باي شۇنداق دېدىكى: ئەگەر بۇمۇ يەتمىسە، يەنىلا يېزىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشمىسە، بىزنىڭمۇ ئويلىغان بىرمۇنچە ئىشىمىز بار. بىز قىبرىنداش، تۇغقان دېمەك

ئاڭلاشمىدى تېخى ...

تۇرسۇن دۇرمۇش بىر قولىنى بېلىگە تىرەپ، ساپا بايدەك غادايدى، ئۇنىڭدەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر يېزا، بەش يېزا، ھەتتا شۇ ئادانا ۋىلايىتىمۇ بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ھەي دېھقانلار، قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار، شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، بىر ھەپتە ئىچىدە بۇ يېزىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەيدىغان بولساڭلار ۋە قارشىلىق كۆرسەتسەڭلار، بۇ يېزىنى گۆمران بولدى دەپ ھېسابلاڭلار. يېزىدىكى ئادەملەرنى، باللارنى، قۇشلارنى، ھايۋانلارنى، پۈتكۈل جانلىقلارنى يوق دەپ بىلىڭلار. بىر كېچىدىلا يېزىنى قورشىۋالىمىز. قورشىۋالغاندىن كېيىن شامال چىققان بىر كېچىدە يېزىغا ئوت قويىمىز، ھېچقانداق جانلىق مەخلۇقنى سىرتقا چىقارمايمىز. چىقىشقا ھەرىكەت قىلغانلارنى ئېتىپ ئوتقا تاشلايمىز. سىلەر نېمىدېگەن ۋىجدانسىز خەقلەر! ۋاي پەسكەش دېھقانلار! خەقنىڭ يەرلىرىنى نېمە ئۈچۈن تاشلاپ چىقىپ كەتمەيسەن؟

تۇرسۇن دۇرمۇش ئېتىغا مىندى ـ دە، كېتىپ قالدى.

ئاز ئۆتمەي يېزىنى دەھشەت قاپلاپ كەتتى. ئەپقېچىلغان قىزلار تۆگىشىپ كەتكەن: قىسىيالىغاچ، ئەمچەكلىرى قان، يەدەنلىرى كۆكەرگەن ھالدا يېزىنىڭ چېتىگە تاشلانغانىدى. قىزلار بىر قولى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى، بىر قولى بىلەن قانلىق ئەمچەكلىرىنى يېپىشقا تىرىشاتتى ۋە پەرىشان ھالدا يېزىغا كىرىشكە ھەرىكەت قىلىشاتتى. دېھقانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېپىنچىلارنى يېپىپ ئۆيلىرىگە ئەكېلىشتى. بىر توپ ئەر بۇ قىزلارنى قاتارى قىلىپ نومۇسىغا تەگكەنىدى. شۇڭا بۇلار ئاغرىق ئىدى.

ساقچىدىن ژاندارمىلار كېلىشتى، دېھقانلار ژاندارمىلارغا ھېچقانداق ۋەقە بولمىغانلىقىنى، ھېچقانداق شىكايەتلىرى يوقلۇقىنى ئېيتىشتى.

سەيچە ئاقساقال بوغۇلغىنىدىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ



كېتىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈن مەمەتنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا دېمىگەندىمەن دەپ ئاچچىقىدىن سارالڭ بولاي دېگەنىدى. كەچ كىرىشتى كۆتتى. ئوغلى، قىزلىرى، نەۋرىلىرى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن ئاستا تۇردى. ئاخشاملا رەسمىي كېيىنىپ ياتقانلىقى ئۈچۈن كىيىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. تېزدىن يولغا چىقتى. دېھقانچىلىق مەيدانى يېزىدىن قانچىلىك يىراقتا ئىدى؟ تاڭ ئاتقۇچە ئۇ يەرگە يېتىپ بارالارمۇ؟

كۈن چىققان ۋاقىتتا ئۇ تېخى يېرىم يولدا ئىدى. چۈشتىن كېيىن نامازدىگەرگە يېقىن ئاران ئەلى ساپا باينىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھويلىسىغا يېتىپ باردى. ئەلى ساپا باي ئۆيدە ئىدى. سەيچە ئاقساقالنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭدا بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى چۈشەندى.

— ھېرىپ كەتتىم، ئۆلگۈدەك ھاردىم. قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. ئەلى ساپا بالام، ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار. ئازراق ئۆزۈمگە كېلىۋالاي، — دېدى سەيچە ئاقساقال ھاسىراپ.

قاتتىق ئىسسىق ئىدى. سەيچە ئاقساقال كەچقۇرۇن ئۆزىگە كەلدى. ئۇنىڭغا سوغۇق، مۇزلۇق قېتىق. ھەر خىل تائام ۋە كەكلىك گۆشى بېسىلغان پولۇ بەردى.

سەيچە ئاقساقال تاماقلارنى يەپ بولغاندىن كېيىن:

— دەيدىغان سۆزلىرىم مەخپىي، — دېدى، — بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنىمۇ بىزنىڭ يېزىدىكىلەر ئۇقمىسۇن. بىلىپ قالسا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ جانىۋارلار مېنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىشىدۇ. ئۆمرۈمدە ناھايىتى كۆپ ۋەھشىي جانىۋارنى كۆردۈم، بىراق بىزنىڭ ۋايىۋاي دېھقانلىرىدەك يىرتقۇچلارنى كۆرمىدىم. ئاللا ئۇلارغا چىش بېرىپلا تىرناق بەرمىسۇن، تىرناق بەرسە چىش بەرمىسۇن!

ئەلى ساپا باي ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى، نېرىقى ئۆيگە باشلىدى. ھاۋا دىمىق ئىسسىق ئىدى.

— قېنى سۆزلە ئاغام، قۇلىقىم سەندە، — دېدى ئەلى ساپا.

— ئەلى ساپا ئەپەندىم، سەن مېنى تونۇمايسەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى سەيچە ئاقساقال، داداڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. بىر چاغلاردا ھەر ئىككىمىز كەھيا، يېزا ئاقساقىلى ئىدۇق. مەن ۋايىۋاي يېزىسىدا، داداڭ چىكچىكلار يېزىسىدا ... كەھيا دېگەن سۆز ھازىرقى يېزا ئاقساقىلى دېگەن سۆز. سىلەر تېخى يالا ئىدىڭلار، كەھيالىق دەۋرىنى بىلمەيسىلەر. ئۇ زامانلار ئوسمان خاندانى دۇنيانى ئىشغال قىلىۋالغان زامانلار ئىدى. مانا ھازىر سېنىڭ بېشىڭدا زور خەۋپ بار. ئۇنى ساڭا دېگىلى كەلدىم.

ئەلى ساپا باي ھاياجان بىلەن:

— دېگىن، ئاغا! — دېدى.

— سېنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى.

— كىم؟

— ناھايىتى يېقىن كۈنلەردە.

— كىم؟

سەيچە كەھيا پەرۋاسىزلارچە:

— مەمەت ئاۋاق! ئەلى ئەپەندىم، سېنى مەمەت ئاۋاق ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— مەمەت ئاۋاق نەدە؟ قاچان؟ نېمە ئىش بولدى؟ كىم؟ قانچە كىشى؟ — دەپ قورقۇپ كەتتى ئەلى ساپا باي. قورققان ئىشى ئەمدى بېشىغا كەلگەنىدى.

— كۆپ ئويلاندىم. ئىككى ئايدىن بېرى ئويلاۋاتىمەن. دېمەيلا قوياي دېدىم، ئەمما كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئۆلۈشۈڭنى خالىمىدىم. مانا ھازىر بولسىمۇ ئۆيۈڭگە كەلدىم. بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدۈم.

— بۇنى بىلگەنىدىم، — دېدى ئەلى ساپا باي، — ئارقىمىدا مۇشۇنداق بىرى بولمىسا دېھقانلار مۇنچىلىك قارشىلىق قىلالمايتتى. ئەمدى مەلۇم بولدى.



— مەلۇم بولۇشىنىغۇ بولدى ...

— ئۇلار نەدە؟ قانداق؟ نېمە قىلىشىۋاتىدۇ؟

— توختاپ تۇر، ئەلى ئەپەندى، سەۋر قىل! بىر كۈنى كېچىسى، بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ ئاي بۇرۇن ئىدى. مەمەت ئاۋاق يېزىغا كېلىپتۇ، دېيىشتى. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا كەلدىم، نېمىسىنى دەيمەن، قىيامەتنىڭ ئۆزى ... كۆپچىلىكنى يىغىپ، ئىچكىرىلىدىم. ئوتتۇرىغا گۈلخان يېقىپتۇ. گىلەم - كىگىزلەرنى سېلىۋېتىپتۇ. سەيپەلى ئۈچ قوي ئۆلتۈرۈپتۇ. پاراڭ قىزىپ كېتىپتۇ. مەمەت ئاۋاق دېگەن نېمە شۇنچىلىك ئاۋاق، خادىدەك ئېگىز بىر ئادەم ئىكەن. ئاللا ئۇنىڭغا بويىلا بەرگەن نېمە ئىكەن، تېرەكتەك ئېگىلىپ تۇرىدۇ. ھېلىقى قاقىر بويۇن سەيپەلى ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ ياخشى چاغدا كېلىپ بىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلدىڭ. قانداق ھاجىتىڭ بار؟» دەپ سورىغانىدى. ئۇ: «ئەلى ساپانى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم. دېھقانلارغا زۇلۇم سالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تاغلاردىن چۇقۇر ئوۋا تۈزلەڭلىككە چۈشتۈم» دەپ جاۋاب بەردى.

— دېمەك، شۇنداق دېدى دېگىن؟

— شۇنداق دېدى، ئۇنىڭدىن باشقا جىق گەپ قىلدى. شۇ سارايلارنى ۋەيران قىلىمىسام ئېتىمنى مەمەت دېمەڭلار دېدى. ئابدىنى ئۆلتۈردۈم، ئابدى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، ئەلى ساپانى ئۆلتۈرەيكى، نامىم دۇنياغا، سىرلىق تاغلارغا، ئەنقەرەگە پۈتۈن كەتسۇن دېدى - دە، كۈلۈپ كەتتى، قاتتىق كۈلدى. ھازىر ئۇ ئەلى ئىتىنىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق، ئۆلىدىغىنىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئەزرائىلنىڭ تاغلاردىن چۈشكەنلىكىدىن خەۋەرسىز، دېدى.

— دەۋەرسۇن، مەن، مەن، سەن ... ئۇلار قانچە كىشى ئىدى؟

— جىق، ناھايىتى جىق ... ھەممىسى قوراللىق. ئوقدانلارنى ئېسىۋالغان، ئىنتايىن كۆپ ئادەم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سۈرلۈك

پارقىرايتتى، توختىماستىن قەسەم ئىچەتتى. « دېھقانلار، قورقماڭلار، مەن هايات ئىكەنمەن، سىلەر قورقماڭلار. مەنلا بولسىملا شاھتىن، سۇلتاندىن ئەندىشە قىلماڭلار، ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن» دەيتتى. ئۇنىڭ قوللىرى يوغان، يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ پەنجىسىگە ئوخشايدۇ. « مەن ئەلى سايانى ئۆلتۈرمەستىن تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن مەمەت ئاۋاق بولىمەن ۋە تاغلارغا چىقىمەن؟ نېمە ئۈچۈن تاغلارنىڭ بۈركۈتى دەپ نام ئالىمەن؟» دەيتتى. ئۇنىڭغا ئەتراپتىكىلەر يېڭى بىر ئات قويۇشۇپتۇ. ئۇنى مەمەت ئاۋاق دېيىشمەيدىكەن، ھەممىسى شۇڭقار دېيىشىدىكەن.

— هازىر نەدە، يېزىدىمۇ؟

— ئۇ ئاجايىپ قۇۋ نېمە ! يېزىدا تۇرامدۇ؟ بىزنىڭ يېزىدىمۇ بىر كېچىلا تۇردى. ئۇ: « مەنمۇ چۇقۇر ئوۋادا تۇرمايمەن، ئۆز ئىشىمنى قىلىمەن. تېز ئارىدا شۇ ئەلى سايانىڭ قېنىنى ئىچىمەن ـ دە، ئاندىن تاغلىرىمغا چىقىپ كېتىمەن. قاراقچى ئادەمنىڭ بىر يۇرتى تاغدا، بىر يۇرتى باغدا بولىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە چۇقۇر ئوۋادىن كەتمەيمەن » دەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلمايتتى.

— هازىر نەدە بولۇشى مۇمكىن، ئاڭلىغىنىڭ بارمۇ؟ — ئەلى سايانىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

— بار. — دېدى سەيچە كەھيا. ئىچىدە بولسا، ئاھ، شۇ كۈنى ئۇنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىنى دېگەن بولساق ئىدى ... مەمەت ئاۋاقنىڭ چۇقۇر ئوۋاغا چۈشكەنلىكىنى بىلسە ... بۇ دۆيۈز مۇناپىق قورقىنىدىن بۇ بالىلارنى بېشىمىزغا سالالمىغان بولاتتى، دەپ ئويلايتتى. ئەلى سايانىڭ قورۇمىدەك يۈزى بارغانسېرى كۆكىرىشكە باشلىدى. سەيچە كەھيا بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىققا چۆمدى.

— هازىر ئۇ بىر بولسا ھەممىتە تېغىدا بولۇشى مۇمكىن، ھەممىتە تېغىدىكى زىيارەت دەرىخىنىڭ ئاستىدا ... بىر بولسا



ئاناۋارزا قەلئەسىدە بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەردە بولمىسا قاراتوپە تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنى بۇ تۈزلەڭدىن ئىزدىمەسلىك لازىم. بۇ شادىپاچاق قاراقچى يەكمۇ قۇۋ نەرسە !

ئەلى سايايى تۇرۇپ قالدى، ئويلاندى. كۆزلىرى پارقىرىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى يەرگەكتەك قىزىرىپ كەتتى. قورۇمغا مىلەنگەندەك قاپقارا بولۇپ كەتكەن يۈزى قىزىرىپ كەتتى. كېيىن چىپ ـ چىپ سوغۇق تەرگە چۆمدى.

— ئۇ قان ئىچكۈچى قانخوردۇر، سەن دىققەت قىل ! — دېدى سەيچە كەھيا. — مەمەت يەنە « كەينىمدە ئاھلىيىتى چوڭ بىر ئادەم بار. كەينىمدىكى تىرەكنى ئەلى سايا نەدىن بىلسۇن ! ئەگەر مەن تايىنىدىغان ئادەمنى ئەلى ئىت بىلىپ قالىدىغان بولسا ئىش چاتاق. جېنى چىقىپ كېتەتتى. قورقىنىدىن ئەلى ئىتنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەتتى. يالغۇز سىلەرنىڭ يېزىڭلا ئەمەس، شۇ چۇقۇر ئوۋانى، ئاناتولىيە تۇپراقلىرىنى تاشلاپ، ئاق دېڭىزنىڭ نېرىسىغىچە قاچاتتى. ئەمما، ئۇ بىلىپ قالمىسۇن، قېچىپ كەتسىلا ئۇنى ئۆلتۈرەلمەي قالىمەن. يائاللا، خۇدايىم ساقلىسۇن، ئۇ بىلىپ قالمىسۇن ! ئۇ ئىتلار قورقۇنچاق بولىدۇ. ئۇ ئىپلاسلار توشقاندەك قورقۇنچاق، يۈرەكسىز. راستىنىلا قېچىپ كېتىدۇ. شۇڭا، زادىلا بىلىپ قالمىسۇن. ھەممە ئىشنى بىلسە بىلسۇن، بۇنى بىلىپ قالمىسۇن » دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

ئەلى سايا شۇ زامان ئېتىلىپ كەلدى، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ:

— ئۇ كىم ئىكەن، دېمىدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— دېمىدى، — دېدى سەيچە كەھيا كېرىلىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئاجايىپ قۇۋ نېمە، دەمدۇ ! ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئىنتايىن كاتتا ئادەملىكىنى، ئەنقەرەدە تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— بىلدىم، بىلىمەن ! دەپ — سەكرەپ كەتتى ئەلى سايا باي ۋە سەيچە كەھيانىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. بوۋاينىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۆيدى، بېشىنى قويدى.

— دادامنىڭ دوستى بولغان سەن ھاياتىمنى قۇتۇلدۇردۇڭ. ھەممە ئېھتىماللىقنى ئويلىغانىدىم. بىراق، مەمەت ئاۋاقنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چۇقۇر ئوۋاغا كەلگەنلىكىنى ئەقلىمگە كەلتۈرمەپتىمەن.

— سەن خاتا قىلدىڭ، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى سىلىدى سەيچە كەھيا، — سەن ئادەملەرگە تولىمۇ ھەققانىيەتسىزلىك قىلدىڭ. ئەلى ئەپەندىم، ناھەق ئىش قىلىش ھەرقاچان خەيرلىك بولمايدۇ.

ئەلى ساپا قولىنى تارتىۋالدى. گېپىنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ تاقىلاركىن دەپ تاشتەك قېتىپ قالدى.

— يوباز ئوغلى بىلەن پەرھات موللامنى تۈرمىگە سولىتىپ ياخشى قىلمىدىڭ. بىرى ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسى، يەنە بىرى كەمبەغەل بىر بىچارە ئىدى. زەيتەل بىلەن ئادىمىنى ئۇلار ئۆلتۈرمىدى، مەمەت ئاۋاقنىڭ قاراقچى ئەترىتى ئۆلتۈردى. ھەر كۈنى كېچىسى ئۆيىڭنى ئوقچا تۇتقانلارمۇ ئۇنىڭ ئەترىتىدىكىلەر. بىزنىڭ يېزىنىڭ قىزلىرىنى ئەپقېچىپ تومۇسىنى بۇلغىتىشىڭمۇ ياخشى ئىش ئەمەس ... ئەلى ئەپەندى، ئىككىنچى مۇشۇنداق ئىشنى قىلما ! سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدۇ. بۇ كېچە ياخشى يوشۇرۇنغىن، بۇ كېچە بولمىسا ئەتە كېچە سارايلىرىڭنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىدۇ. ئاڭلىسام، مەمەت ئاۋاق يۈز كىشىلىك قاراقچى ئەترىتى بىلەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە بېسىپ كەلگۈدەك. پەرھات موللامنى بوشاتتۇر، ئاتلىرىمىزنى، كالىلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەر.

— بەرمەيمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلى ساپا، — يا ۋايىۋاي دېھقانلىرىنى يەر - زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن، ياكى ئۆلىمەن.

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئىشىكنى ئېچىپ تۈۋەنگە ۋارقىرىدى:

— ئاتلارنى تارتىڭلار !

سەيچە كەھيانىڭ قېشىغا كەلدى. ئۆرە تۇرغان سەيچە كەھيانى



قوچاقلىدى.

— ئامان بول ! — دېدى ۋە ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

تۈۋەندە ئاتلار تەييار ئىدى. سەككىز كىشى تەڭلا ئاتقا مىندى - دە، ناھىيەگە قاراپ چېپىشتى.

مەمەت ئاۋاقنىڭ ئاناۋارزادا پەيدا بولۇپ قالغانلىقى، قول ئاستىدا ئوتتۇز كىشىنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتكۈل ناھىيەگە، ناھىيەدىن پۈتكۈل چۇقۇر ئوۋاغا پۇر كەتتى. بۇ خەۋەر ئەلى ساپاغا بېرىپ يەتكۈچە پۈتۈنلەي باشقىچە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى: مەمەتنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەم تۆت ئەمەس، بىر يۈز سەكسەن تۆت ئىكەن. مەمەت ئاناۋارزاغا كېلىپلا قالماستىن، ئۇ يەردە بارگاھلارنىمۇ قۇرۇپتۇ. بارلىق ئاغىلارغا، بايلارغا، ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپتۇ.

ئۇ يەنە شۇنداق دېگۈدەكمىش: « جېنىم تېنىمدىلا بولسا، شۇ كەمبەغەل بىچارىلەرنى، يېتىم - يېسىرلارنى شۇ ھۆكۈمەت - قانخور ئاغىلارغا، بايلارغا قارشى تۇرغۇزىمەن. مۇمكىن بولسا ئۇلارنىڭ ھېممىسىنى يوقىتىمەن. ئاغىلارنىڭ كۈنى ئاخىرلاشسۇن ! »

ئاغىلار، بايلار قورقۇشقا باشلىدى. يوقسۇل دېھقانلار، بۇ جانىۋارلار تويپى قانداقتۇر بىر ئۈچقۇننى كۈتۈشەتتى. ئاغىلارنىڭ، بايلارنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى، تېشىغا چىقىرالمىغان، جان ئالغۇچى قورقۇنچلىرىمۇ مۇشۇ ئىدى.

ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا « مەمەت ئاۋاق دەيدۇكى » دېگەن جۈملە بىلەن باشلىنىدىغان قوشاقلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەل - خالايىقنىڭ بىر ئىشنى قوشاققا قېتىشى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. « چۇقۇر ئوۋادىن چىقمايمەن، ۋەيران قىلماي سارايىنى ... مەمەت ئاۋاق دەيدۇكى، ئاغىلارنىڭ ئۈستىدە، ژاندارمىلار باتۇرنىڭ ئارقىسىدا، كېچە - كۈندۈز ئاغىلارنىڭ چۈشىدە، بايلار قورقار شۇڭقاردىن ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا... »

ئەلى ساپانى بۇ قوشاق - ناخشىلار تېخىمۇ قورقۇتتى. ۋايىۋاي

دېھقانلىرى خۇشال ئىدى. مەمەت ئاۋاقفا — شۇڭقارغا، ئېگىز تاغ يۇركۈتىگە قۇتلۇق بولسۇن! جېنىمىز، مېلىمىز، بالىچاقىمىز ئۇنىڭغا قۇربان بولسۇن! دېيىشەتتى.

قىزىلىرىنىڭ تومۇسى يۇلغانغان، كاللىرى ئەكىتىلگەن، ئاتلىرى ئوغىرلانغان، ئۆيلىرى كۆيۈپ كەتكەن، ئادەملىرى تۈرمىگە سولانغان بولسىمۇ پەرۋا قىلىشمىدى. چۈنكى، مەمەت ئاۋاق ئاناۋارزا قىيالىقلىرىغا چىقىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى ئەمەسمۇ؟ ... ئەلى سايانىڭ جېنىنى ئېلىشقا قەسەم ئىچكەنىدىغۇ ... ئاخىر، نېمە بولسا شۇ بولسۇن، ئۇ تاغلارنىڭ يۈركۈتى، شۇڭقارلارنىڭ شۇڭقارى.

مەمەت ئاۋاق ئۈستىدە توقۇلغان قوشاقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، تىللاردا داستان بولغىنى ۋايۋاي يېزىسىدىن چىقاتتى. بۇ ناخشا ـ قوشاقلارنى كىم ئىجاد قىلغان، ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئوسمان چولاق بولسا: ياللا، يارەببىم، شۇ جاھاندا قانچە مەمەت ئاۋاق باردۇ؟ بىز بىلىدىغان مەمەت ئاۋاق قوغۇنلۇقتا، خەلىلنىڭ يېنىدا ياتىدۇ. بىزنىڭ بۇ يىگىت كۈندۈزى كۆلالىق، كېچىسى قوراللىقمۇ نېمە؟ دەيتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئاناۋارزا قىيالىقلىرىدا ژاندارمىلارنىڭ مەمەت ئاۋاقنى قورشىۋالغانلىقلىرى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى: يەر ـ جاھان ژاندارما بىلەن لىق توشۇپ، مەمەت ئاۋاقتا ئوق تۈگەپتۇ، شۇ كۈنى مەمەت ئاۋاق يالغۇز ئۆزى شۇنچە كۆپ ژاندارما بىلەن سوقۇشۇپتۇ، ئادەملىرى قېشىدا يوق ئىكەن، كوزان تەرەپكە كېتىپ قېلىشقانىكەن. مەمەت ئۇلارغا: سىلەر كېتىڭلار، بېشىڭلارغا بالا ـ قازا كەلمىسۇن. مەن يالغۇز ئۆزۈم بۇلار بىلەن ئېلىشىمەن، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يالغۇز ئۆزى ژاندارمىلارنى قىيالىقلاردىن جەيھان دەرياسىغىچە بولغان تۈزلەڭلىككە ئۈچ قېتىم قوغلاپتۇ ...

ئاناۋارزادا ئۇرۇش داۋام قىلاتتى. يېزىلارغا توختىماستىن بۇ خىل خەۋەرلەر، ئۈمىد بېغىشلىغۇچى، كۆڭۈللەرنى خۇشال



قىلغۇچى خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى.

ۋايۋايلىقلار شۇ كۈنى كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماستىن ئاناۋارزادىن مۇنداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ تۇرۇشتى: مەمەتمۇ كېچىچە يالغۇز ئۆزى ژاندارمىلارغا قارشى تۇردى، ئاتىلىرىدىن ئەمگەن سوتلىرىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلدى، مەمەت ئاغىلاردىن باشقا ئادەمنى ئۆلتۈرمەيدۇ ...

ئوسمان چولاق بىلەن سەيران قوغۇنلۇقتىكى مەمەت ئاۋاقنىمۇ بولغان ئىشلارنى بىرمۇبىر خەۋەر قىلىپ تۇراتتى. ئۇمۇ تاڭ ئاتقۇچە كۆزىنى يۇممىاستىن ئاناۋارزادا يۈزلەپ ژاندارما بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان مەمەت ئاۋاقنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشىنى كۈتەتتى.

تاڭ سەھەردە ژاندارمىلار پۈتكۈل ئاناۋارزانى ئىشغال قىلىۋالدى. ئوق ئاۋازلىرى توختىمىدى. ئۇرۇش قىلغانلار يا ئۆلگەن، ياكى قاچقانىدى. ژاندارمىلار ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ قىيالىقلىرىدىكى ھەممە ئۆڭكۈر ۋە غارنى ئىزدەشتى، ھېچقانداق جانلىقنى ئۇچراتمىدى. بىر يىلان ياكى بىرەر كەسلەنچۈكنىمۇ كۆرۈشمىدى. ئىزدەشمىگەن يېرى قالمىدى. توروسنىڭ قەلئەسى ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ ـ تىترىشىپ تۇرغان ئىككى يىگىتنى تېپىشتى. ژاندارمىلار بىلەن ئۇرۇشقانلار مۇشۇلار ئىدى. باشقا تەرەپلەردىنمۇ سىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلانغانىدى. بىراق، كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەيتتى.

بۇ يىگىتلەر دەسلەپكى كۈنى ژاندارمىلارغا قارشى تۇرغان، كېيىن قېچىپ بۇ يەرگە مۆكۈنۈۋالغان ۋە بۇ يەردە ھايات ـ مامات تىترىشى بىلەن پەرىشان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، ئەتراپىغا، ياتلىرىغا بىر يېرىم كۈنگىچىلىك توختىماستىن ئوق يامغۇرى يېغىپ تۇرغان. تۆۋەنگە ياغلاپ قويغان تۆت ئاتنىڭ تۆتىگىلا ئوق تېگىپ ئۆلگەنىدى، ئەنە شۇ يەردە يېتىشاتتى.

سېرىقىراق كەلگەن، ئېگىز بويلۇق بىرى سۆزلەيتتى، قارىقۇنچاق يەنە بىرى تىنماستىن تىترەيتتى، چىشلىرىنى

كاسىلدىتاتتى.

سىرىقراق يىگىت شۇنداق دەيتتى:

— يۈزبېشىم، بىز ياغمۇر ئاغىنىڭ ئۇغرىلىق شايكىسىغا ئىككى ئاي بۇرۇن كىرگەنىدۇق. ياغمۇر ئاغا بىزنى ئاتنىڭ ئۇستا ئوغرىسىنىڭ قىيىشىغا ئايرىپ بەردى، ئۇ يەردە تەلىم ئالدۇق. بۇ ئاتلارنى ئەندەل يېزىسىدىن ئوغرىلىدۇق. كېلىۋېتىپ يىراقتىن ژاندارمىلارنى كۆرۈپ قالدۇق، قىيالىقلارغا مۆكۈندۇق، ئات ئوغرىلىغانغا تووا ! مىڭ تووا !

— بۇ قورالالرنى سىلەرگە كىم بەردى؟

— ياغمۇر ئاغا !

يۈزبېشى پارۇخ سۆزلەۋاتقان يىگىتنى كۆچىنىڭ بارىچە بىر شاپىلاق ئۇردى:

— ياغمۇر ئاغىنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر قېتىم ئاغزىڭلارغا ئالساڭلار ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !

يۈزبېشى پارۇخ سارالڭ بولاي دېگەنىدى. بۇ مەمەت ئاۋاقنى نېمە ئۈچۈن، قانداق قىلىپ قولىغا چۈشۈرەلمەي قالدى، ھەر قېتىم قاچۇرۇپ قويىدى ـ ھە؟ چۇقۇر ئوۋانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۇ ئارالغا ئوخشاش قىيالىقلاردىمۇ بۇ ئادەم مۇشۇنداق قولدىن چىقىپ كېتىۋاتسا ... دېمەك، ئۇ ھېچقاچان تۇتۇلمايدۇ.

يۈزبېشى يازنىڭ شۇ ئىسسىق كۈنلىرىدە، چاڭ ـ توزان ئىچىدە چۇقۇر ئوۋادا پىرقىراپ يۈرەتتى. ھەممىتە تېغىدىن بىر خەۋەر كەلسە ئۇ يەرگە چاپاتتى. قارا تۆپىدىن، كازماچىدىن تاكى نۇرھاك تاغلىرىدىن، ئاق دېڭىزنىڭ بويلىرىدىكى پاياستىن بىر خەۋەر كەلسە دەرھال شۇ يەرگە چاپاتتى. ئۇنىڭ چۇقۇر ئوۋادىكى بۇ خىل چېپىشلىرى يالغۇز مەمەت ئاۋاق ھەققىدە ھەرخىل ئەپسانىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىلا پايدىلىق ئىدى ...

ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن قىيالىقلاردىن بىر ئاق بۈركۈت ئاسمانغا ئۆرلەيتتى، نۇردەك پارىلدايتتى. ئاپپاق بىر شۇڭقار ... شۇنداق تېز ئۇچاتتى، ئوق يېتىشەلمەيتتى، كۆزگە



كۆرۈنمەيتتى.

بۇ ئەپسانىلەرنى قوغۇنلۇقتىكى مەمەتمۇ ئاڭلايتتى.

يۈزبېشى مەمەتنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش جەريانىدا ئون سەككىز ئات ئوغرىسىنى، ئالتە قاراقچىنى تۇتتى. مەمەتنى نېمە ئۈچۈندۇر تاپالمىغان، تاپقاندا بولسا قولدىن قاچۇرۇپ قويغان يۈزبېشى پارۇخنىڭ جەھلى قاتقانىدى. مەمەت ھەققىدىكى ئەپسانىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. بۇمۇ ئۇنى سارالڭ قىلىۋېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇچرىغانلا دېھقاننى يانتۇرۇپ تاياققا ياساتتى.

ئۇ ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ تۈۋىنىدىكى ئاناۋارزا يېزىسىدا قالدى، دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنى قېرى ـ ياش دېمەستىن ئۇرۇپ چىقتى. ئىككى كۈندىن كېيىن ژاندارمىلار بىلەن يېزىدىن چىققان چاغدا ھېچقانداق دېھقان يەرنى دەسسىيەلمەيتتى، يۈتلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ توختىماستىن ۋاي ـ ۋايلاپ ئىڭرايتتى.

دېھقانلار مەمەتنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلمەيتتى، بىلسىلا دېگەن بولاتتى ... بىراق يۈزبېشى بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى. بۇ ئاسىي، يەسكەش دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خەۋىرى بار: ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشىدۇ. ئۇنى سىرلىق بىر قۇدرەت ئىگىسى قىلىۋالغان ... ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئادەمدىن ياشقىچە ئالاھىدە ياشقىچە بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر ھېكايە توقۇلۇپ چىقاتتى.

يۈزبېشى مەمەتنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچىدىغان بۈركۈت ھېكايىسىگە، چاقماق تۇمارىغا قاقاقلاپ كۈلەتتى. ھېچقايسىسىغا ئىشەنمەيتتى. ئەمما مەمەت بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان يەرلەرنىڭ ئاسمىنىغا قاراپ بىر ئاق بۈركۈتنى ئىزدەيتتى.

— مەمەت ئاۋاق نەدە؟

— كۆرمىدىم، بىلمەيمەن، ئىسمىنىمۇ ئاڭلىمىدىم.

— ئىسمىنىمۇ ئاڭلىمىدىڭما؟

— ئاڭلاپ باقمىدىم.

— ياتقۇزۇڭلار ئۇنى!

ئادەمنى ياتقۇزاتتى. ئۇرۇلغان ئادەملەرنىڭ پۇتلىرىغا قان ئۇيۇپتىتى. يۈز ــ كۆزلىرىدە ئۆتۈكنىڭ يارىلىرى، بەدەنلىرىدە نەيزە ئىزلىرى.

— ئاڭلىمىدىم، زادىلا بىلمەيمەن.

تۇزلۇق دېھقانلىرى، مەجىدىيە كۆچمەنلىرى، ئوكسۇزلۇق تۈركمەنلىرى، ئارلى قىشلاق دېھقانلىرى، دەدەپاكلىقلار ... ھېچقايسىسى يامەمەت ئاۋاقنى كۆرۈشمىگەن، ياكى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشمىغانىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا نۆۋەت ۋاليۋاي پىرىسىغا كەلدى. يۈزبېشى ياروغ ۋاليۋاي پىرىسىدا بىر ھەپتە تۇردى. ھەممە ئادەمنى بىرنەچچە قېتىم تاياق ئاستىغا ئالدى، باللىرىنى، ئاياللىرىنىمۇ ئۇردى. ئوسمان چوڭ بىر ھەپتە قان سىيىپ ياتتى. ئۆلىدىغان بولدى دەپ قورقۇشتى. بىر ھەپتە جۆيلۈپ ياتقاندىن كېيىن ئاران ھوشىغا كەلدى. يۈزبېشى سەيپىلىنىڭ تىرناقلىرىنى ئۆز قولى بىلەن يۇلۇپ چىقتى.

پىرىدا يالغۇز بىرلا ئادەمنى، يەنى سەپچە كەھياتى ئۇرمىدى. يالغاندىن بولسىمۇ تاك قىلىپ چەكمىدى. دېھقانلار بۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدى.

— يا مەمەت ئاۋاقنىڭ بار يېرىنى ماڭا دەپ بېرىسىلەر، ياكى ھەممىڭلارنى ئۇرۇپ ــ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— مەمەت ئاۋاقنى يا كۆرمىدۇق، يا بىلمىدۇق، ياكى ئىسمىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق.

دېھقانلار يىغلىشاتتى، داد ــ پەرياد چېكىشەتتى، قىينىلىپ ۋارقىرىشاتتى. بىراق، ئاغزىدىن بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق سۆز چىقمايتتى:

— مەمەت ئاۋاق، شۇڭقارىم!



## 50

ھەر كۈنى ئەتىگەنكىدەك بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن خەلىل بىر تۇتام يېشىل چۆپنى كۆتۈرۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئاتنىڭ ئالدىغا ماڭدى. چۆپنى ئاتقا ئۇزاراتتى. كۆزى ئاتقا تىكىلەتتى ... ئات قىمىر قىلمايتتى. ھېچ نەرسىنى تويىمىغاندەك ئوڭ ئارقا پۇتىنى قورسىقىغا تىرەپ تۇراتتى. قۇلاقلىرى سالپايغان. يالى تاراپ قويغاندەك سىلىق. قۇيرۇقىنىڭ بىر قىسمى ساغرىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. بۈگۈن ھەر كۈندىكىدىن بەكرەك تەسلىم بولۇشقا تەييار تۇرغاندەك قىلاتتى. مەمەت دېمىنى قىسىپ، بىردەم تۇرۇپ، بىردەم ئاتقا قاراپ مېڭىۋاتقان خەلىلگە قارايتتى. خەلىل مەھ ــ مەھ دەپ قولىدىكى چۆپنى ئاستا ــ ئاستا ئاتقا قاراپ پۇلاڭلىتاتتى. بىر قەدەم مېڭىپ يەنە توختايتتى. ئاتنىڭ يېشىل چۆپنى پۇراپ كېلىشىنى كۈتەتتى. بىراق، ئات قارايمۇ قويمايتتى.

خەلىل يېقىن باردى، ئوڭ قولىدىكى چۆپنى سول قولىغا ئالدى، ئاتقا بىرقەدەم قالغاندا توختىدى. قولىنى ئۇزارتتى. ئاتنىڭ بويىنىنى تۇتتى، ئۇزۇن، يالتىراق، سىلىق قارا بويىنىنى سىلاشقا باشلىدى. ئات بېشىنى خەلىل تەرەپكە بۇراپ قارىدى. خەلىل ئۆزىنى ئاتقا ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئاغزى قۇلاقلىرىغىچە يەتكۈچىلىك ھىجىيىپ كۈلدى. بۇ بىر خىل خۇشامەت كۈلكىسى ئىدى. مەمەتمۇ يىراقتا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا كۈلدى. خەلىل بىر قەدەمنى تاشلاپ، قايتىدىن ئاتنىڭ بويىنىنى سىلىماقچى بولغىنىدا، ئات بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى، قۇلاقلىرى دىڭ بولدى. دەل شۇ چاغدا خەلىل ئۇنىڭ يالىنى تۇتۇۋالدى، ئات ئىككى ــ ئۈچ قېتىم ئۇرسىدى. خەلىل ئىككى قولى بىلەن ئاتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىۋالغانىدى. ئات بارلىق كۈچى بىلەن بىرنەچچە قېتىم سىلكىندى، خەلىلدىن

ئاجرىيالمىدى. ئۆز ئەتراپىدا تۆردەك تىز يىرقىراشقا باشلىدى. خەلىلنىڭ پۇتلىرى، گەۋدىسى ھاۋادا ئۇچاتتى. ئۇ ئاتنىڭ تېزلىكى ۋە كۈچىگە خەلىلنىڭ كۈچى يەتمەي قالدى. قوللىرى بوشاپ كەتتى، يىراقلارغا ئۇچۇپ چۈشتى. سۆڭگىچى ئاغرىپ كەتتى. ئات بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن توختاپ قالدى. يەردىن قوپۇشقا تەمشىلىۋاتقان خەلىلگە كۆز سالدى، كېيىن قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن پۇتلىرى يۇمشاق توپىلارغا پېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. يايپېشىل، پاكىز پۇتالغان قومۇشلارنىڭ ئۇچىگە كىرىپ توختىدى. قومۇشلار ئۇنىڭ قورسىقى، ساغرىسىنى يېپىپ تۇراتتى. يەقەتلا كىچىككىنە ئۇزۇن بويىنى، يىرىك قۇيرۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاڭ قۇياشىدا يوگورگەن ئاتنىڭ دۈمبىسىدىن سۇس ھور كۆتۈرۈلەتتى.

خەلىل كوسا تۆگىشىپ كەتكەن ھالدا كەلدى:

— بۇگۈن تەسلىم بولاتتى، تەسلىم بولاي دەپ تۇراتتى، كۆزىگە يىرنەرسىلەر كۆرۈندى ـ دە، قورقۇپ كەتتى. مەمەت، بۇرنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ يوغان ئېچىلىپ تۇرىدۇ، خۇددى تۇمۇرچىنىڭ كۆرۈكىدەك نەپەس ئالىدۇ.

— تەسلىم بولىدۇ، — دەپ مەمەت كۈلدى، — ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىپ قالىدۇ. دەسلەپكى كۈنلەردە شۇنداقمىدى؟ يەلكى ئەتىلىككە تۇتۇۋالارسەن.

— تۇتۇۋالىمەن، — دەپ كىرىلدى خەلىل كوسا ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەتە ئەتىگەن كۆتىدۈرۈۋالىمەن. قارىغىنا، بۇگۈن يىراقمۇ كەتمىدى، شۇ يەردە توختىدى. كەل، خەلىل، مېنى تۇتۇۋال، دەۋاتىدۇ. مەن ئۇنى بولارمىدىم؟! تۇتۇلۇشنى خالىسا ئالدىمغا كەلسۇن. بۇ ھايۋانلار بارغۇ، مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇكى، كارامەت ئامراق ... ھەممىسى شۇنداق. ماڭا يىلانمۇ چېقىلالمايدۇ ... يىلانمۇ.

— پاشىلارمۇ ـ ھە، — دەپ كۈلدى مەمەت.

خەلىل ناھايىتى جىددىي ھالدا:



— ماڭا ھاشاراتلارمۇ چېقىلالمايدۇ. مەن جىمى ھايۋاننىڭ دەردىنى چۈشىنىمەن، — دېدى.

— تىلىنىمۇ دېگىنە ... سۇلايمان پادىشاھدەك، — دېدى مەمەت.

— سۇلايماندەك، — دەپ تەكرارلىدى خەلىل، — سۇلايماندەك ھەممە ئادەمنىڭ بىر خىل ھۈنىرى بولىدۇ. مېنى بولسا بۆرە ۋە قۇشلار ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭ ھۈنىرىم ئەنە شۇ.

ئۇ ئۇزىچە سۆزلەپ باراڭلىقا كەلدى، باراڭنىڭ تۈۋىدە ئىسقلىق تۇرغان تاسمىنى ئالدى، ئىنچىكە سۆگەتنىڭ غولىغا چىڭ باغلىغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن ئەلىمىستان ئۆستىرىسىنى چىقاردى، ھەيرانلىق بىلەن قاراپ «ساپ پولات!» دېگەندىن كېيىن ئۆستىرىنى ئاچتى، تاسمىغا جىق تۆكۈرۈپ كاپلاشقا باشلىدى.

خەلىل بىر ھەپتىدىن بېرى ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇراتتى، دەسلەپ ئات بىلەن ھەپلىشەتتى، كېيىن ئۆستىرىسىنى كەچكىچە بىلەيتتى.

— بۇگۈن ساقىلىڭنى ئېلىپ قويىمەن، سەل تۇرۇپ تۇر، شۇنچىلىك ئىتتىكلەپ كەتتىكى، تەگمەستىن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ياشقا، سوپۇن تاپىتىم. سەيران سىڭىل ئەكەلگەن ئەتىرنىمۇ سۈرتىمەن تېخى.

مەمەتنىڭ ساقىلى ئۆسۈپ، قىچىشىپ كەتكەنىدى. مەيلى خالاپ، مەيلى خالىماي، خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە ساقاللىق يۈرگەنىدى. ئەمما، مۇشۇ كۈنلەردە ساقىلىنى ئۆستۈرۈشنى خالىمايتتى. خەلىل ئۆستىرىنى بىلەيتتى، بىلەپ بولالمايتتى ... مۇشۇنداق بىلەۋەرسە، ئۆستىرىنى بىر يىلدا بىلەپ بولالمىدىكىنتاڭ؟! كوسا دەل جۇش ۋاقتىدا:

— بولدى. شۇنچىلىك ئىتتىككى، مايىنى كەسكەندەك كېسىدۇ، — دېدى.

مەمەتنى باراڭنىڭ يەلەمپىيىگە ئولتۇرغۇزدى، بويىنىغا بىر

لۆڭگىنى باغلىدى. ئىلمان سۇدا يۈزىنى سوپۇنلىدى، سوپۇن كۆپۈكلەندى. ئۇستا ساتىراشلاردەك ئۇستىرىنى ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىغا قىستۇردى، يۇقىرى كۆتۈرۈپ قارىغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشتى. مەمەتنىڭ ئۇسۇپ كەتكەن ساقىلىنىڭ بىر قىسمىنى قىلچە ئاغرىتماستىن ئېلىپ بولدى.

— ياشاپ كەت، خەلىل ئاكا، — دېدى مەمەت، — قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن، كۆپ ئاۋارە بولدۇڭ. ساقىلىمنى چۈشۈرگىنىڭنى تۇيمايلا قالدىم. قولۇڭ بەك يېنىك ئىكەن.

مەمەت كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۆزىنى خەلىلنىڭ ئۆتكۈر ئۇستىرىسىغا تاشلاپ بەردى.

خەلىل بىردىنلا ھەممىنى چۈشۈرۈپ بولدى، يۇدى، سۈرتتى، سەيران ئەكەلگەن ئەتىردىن جىقراق سەپتى.

— تۈز ئىمدى، ئۇكام، قالتىس بولۇپ كەتتىڭ.

— رەھمەت، خەلىل. تېمىدىغەن سىلىق ئالسەن، تۇيمايلا قالدىم.

مەمەت مېڭىپ كەتتى. كېيىن مېڭىشىغا بىرنەرسە كەلگەندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى:

— ھېلىقى ئادەمنى بۈگۈن كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆردۈم، يېرىم كېچىدە يىراقتىن ئۆتۈپ كەتتى، يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىدى.

مەمەت سوئالىغا جاۋاب ئالغان بولسىمۇ، ماڭماستىن تۇرۇپ قالدى.

خەلىل ئۇنىڭ نېمىشقا تۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى.

— سەيران سىڭىل بۈگۈن كېچىدە كەلمىدى، — دەپ ناھايىتى تېزلىكتە سۆزلەپ كەتتى. — مۇشۇ كۈنلەردە يېزىنىڭ ئىچىدە جىق ئىش بولۇۋاتىدۇ. بۇ كېچىدە ئۇنى كۆرمىدىم.

ئات بوستانلىققا ئۆتكىنىپ قالغاندىن بېرى، ئادېم ھەر كۈنى كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە قوغۇنلۇقنىڭ ئەتراپىنى يىراقتىن ئايلىنىپ يۈرەتتى. قوغۇنلۇققا زادىلا يېقىنلىشالمايتتى. ئاتنىڭ



ھەر كۈنى تاڭ ئاتماستىن قوغۇنلۇققا كېلىپ دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق قوغۇنلۇققا يېقىن كېلەلمەيتتى. قوغۇنلۇقتىن ئۆلۈمدىن قورققاندەك قورقاتتى. ئادېم يۈتكۈل ھاياتىدا قوغۇنلۇقتىكى ئادەمدەك ئۇستا مەرگەننى ئۇچراتمىغانىدى. شۇنچىلىك يىراقتىن مىلتىقىنىڭ ئوق ئۇچقۇنىغا ئوق ئاتقان ئادەم ئۇنى ئېتىپ تاشلايتتى. ئوق تېگىشكە قىل قالغانىدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىزدەپ ـ سوراپ بىلەلمىگەن. بىرى خەلىل كوسا ئىدى. ئۇنى ئۇزاق يىلدىن بېرى تونۇيتتى. يەنە بىرى يات كىشى ئىدى. بالىلاردەك گەۋدىسى بار ئىدى، بىراق ئوقلارنى ئاتقان خەلىل كوسا ئەمەس ئىدى. ئۇ يات ئادەم تۈرتىنىڭ كۆزىنى سوقالايدىغان كارامەت بىر ئادەم ئىدى.

ئادېمنىڭ ھەيرانلىقى مەمەت ئاۋاقنىڭ چۇقۇر ئوۋادا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان كۈنگىچە داۋام قىلدى. كېيىنچە ئويلاپ قالدى: مۇشۇنداق كارامەت مەرگەن بولسا، پەقەت مەمەت ئاۋاقلا بولالايدۇ! ... ئەگەر بۇ ئادەم مەمەت ئاۋاق بولۇپ قالسا، ئادېم بېرىپ ئۇنىڭ تۇرغان يېرىنى ئەلى ساپاغا دەپ قويسا، ژاندارمىلار بىر كېچىدە كېلىپ قوغۇنلۇقنى قورشىۋالسا، ئۇنى تۇتۇۋېلىشسا. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ جىن، پەرى نەسلىدىن بولغان بۇ سېسىق ئاتنى قوغلاشتىن قۇتۇلاتتى. بۇرۇنقى ھۆرمىتىگە ئىگە بولاتتى، خوتۇنىنىڭ ئېچىرقىغان قوينىغا كىرەتتى، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشەتتى. بىراق، بۇ ئادەم مەمەت ئاۋاق بولۇپ چىقمىسا، ژاندارمىلار بىكارغىلا قوغۇنلۇقنى قورشىۋالسا، قۇرۇق قول قايتىشسا. ئۇ چاغدا چىقىدىغان جاڭجالنى كۆر! ئۇنىڭدىن باشقا، قوغۇنلۇقنىڭ ئەتراپىدا ھەر كۈنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان بىر ئايالمۇ بار ئىدى. بۇ قوغۇنلۇق ئاجايىپ بىر يەر، قورقۇنچلۇق يەر. ئاتمۇ بېرىپىلا شۇ يەرگە يوشۇرۇنىدۇ ...

ئادېم نەچچە كۈندىن بېرى بىئارام بولۇپ يۈرەتتى. قورقۇش

بىلەن قوغۇنلۇقنىڭ ئەتراپىنى يېراقتىن تاڭ ئاتقۇچە ئايلىناتتى، ئۇ يەرگە يېقىن يولاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

مەمەت ساۋرۇن دەرياسىنىڭ بويىغا باردى، بىر قېرى سۆگەت كۆتىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. سۇ سۈپسۈزۈك ئىدى. بۇژغۇنلاپ، ئاق شېغىل تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېيىلىپ ئاقاتتى. مەمەت كۆزىنى بۇ سۈزۈك سۇغا تىكتى. سۇ پەقەت پاقالچاققىچە كېلەتتى. سۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرغان شېغىل تاشلارنىڭ ئۈستى قۇرۇپ كەتكەنىدى. مەمەتنىڭ ئالدىدىكى بىر خېلى چوڭقۇر ئىدى، ئاستى شېغىل تاشلىق بولماستىن، قىلىن، رەڭلىك قۇملۇق ئىدى. كىچىك بېلىقلار سۇ ئاستىدا تېخىمۇ پارقىراپ، يۇقىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلاتتى.

سۇ يۈزىدە دەسلەپ بىر تال يوپۇرماق ئاقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى چوڭ قىزىل ئىشەك ھەرىسىنىڭ ئۆلۈكى ... ئۇنىڭ ئارقىدىن قوشتەك بىر قىزغۇچ كېپىنەك قاناتلىرىنى سۇ يۈزىگە تەگكۈزۈپ ئۇچۇپ كەتتى. سۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەن كۆلەڭگىسى ئۆزى بىلەن بىللە ئاقاتتى ۋە ئاق شېغىل تاشلارنىڭ ئۈستىدە بىر چوڭىيىپ، بىر كىچىكلەيتتى.

كۈن چاقناپ تۇراتتى، دىمىق ئىسسىق تۇزلەڭلىكنى قىزدۇرۇپ كۆيدۈرەتتى. ھېچكىم كۆزىنى ئېچىپ ئۇزاق ۋاقىت بۇ تۇپراقنى كۆيدۈرگۈچى ئىسسىققا قارىيالمايتتى. ھەممە يەرنى يول - يول، تەگكەن يېرىنى ئېرىتىدىغان بىر خىل ئىسسىق باسقانىدى. بۇ ئىسسىقتا ئۇ ئېقىۋاتقان سۇ ئۇزاق ئۆتمەي پارغا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك، شېغىل تاشلار ئېرىپ پارچىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى ... بۇ سۇ شۇنچىلىك سۈزۈك، شۇنچىلىك جىرايلىق بولۇپ، ئاشۇ ئوۋۇا كۆرۈنۈۋاتقان تاغلاردىن كېلەتتى. قىيالىقلارنىڭ، ئارچىلارنىڭ، قارىغايلارنىڭ، ئېگىز سەدىرلەرنىڭ ئارىسىدىن قايناپ چىقىپ، جۇشقۇنلىنىپ، كۆپۈكلىنىپ، تۈزلەڭلىكلەرگە شېغىل تاشلارنى يېيىپ، چوڭقۇر جىرالاردىن ئۆتۈپ كېلەتتى ...



مەمەت بۇ ساۋرۇن دەرياسىنى بەك ياخشى بىلەتتى، قاراقچىلىق، ياللىق كۈتلىرىدە بۇ دەريانى ياشتىن - ئاياغ كېزىپ چىققانىدى. سۇغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. ئۇزاق زاماندىن بېرى تونجى قېتىم خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى دېگەن ئوي تونجى قېتىم مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. مېڭىسىگە كىرىۋالغان بۇ خىياللارنىڭ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزسە، كىم بىلىدۇ، قانچىلىك ھەيران قالغان بولاتتى؟!

سەيران ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنى دەسلەپكى كۈنلەردىلا سەزگەن ۋە بىرنەچچە كۈن ئىككىلىنىپ يۈرگەن، ئاخىر ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاشىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى. قىز كۆيۈپ - پىشاتتى، سارالغ بولاتتى. شۇنچىلىك مەغرۇر بىر قىز ھەرقانچە بېرىلسىمۇ شۇنچىلىك بېرىلگەن بولاتتى. تاڭ سەھەردە كېلىپ قوغۇنلۇقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشى مەمەتنى ئىنتايىن خۇشال قىلاتتى، تومۇرلىرىدىكى قاننى قايناتاتتى. سەيراننى ئويلىغانسېرى قانلىرى تېشىپ، ھاياجانغا تولۇپ سارالغ بولاتتى.

مەمەت سەيراننىڭ قوغۇنلۇق ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشىنى، ئۆزىنى دەپ ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولۇپ پىرقىراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن كېچىدىن باشلاپ كېچىلىرى ئۇخلىمايتتى، كۆزلىرىنى قاراڭغۇ يوللارغا تىكىپ، ئۇنىڭ سايىسىنى ئىزدەيتتى، ئۇنى تاپقاندا لەززەتلىنىپ مەست بولاتتى. بىراق، سەيراننى دېسە ئىنتايىن قورقاتتى. ئەسلىدە ئۇ بىچارىنىڭ بېشىغا جىق ئىش كەلگەن، ئەمدى بۇ كېچىلەردە ئۇنىڭغا يەنە باشقا ئىشلار كەلمىسە بولاتتىغۇ.

بىر كېچىدە سەيران بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇش ... بۇنى ئادەتتىن تاشقىرى خالايتتى. ئەمما، زادىلا قىلالمايتتى. ياخشى كۆرۈنۈش تۇيغۇسى ئۇنى باشقىچە بىر ئادەم ھالىغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ھازىر ئۇمۇ يالغۇز سەيراننىلا ئويلايتتى. مەخمەلدەك يۇمشاق، تۇم قارا كۆزلىرىنى ...

شۈنچىلىك ئىسسىق، كۆيدۈرىدىغان، مۇھەببەتكە تولغان، دوستلارچە، ئىنسانىي، ساپ بىر جۈپ كۆزنى ئادەمزات كۆرمىگەنىدى. يۈزى، زىنىخى، لەۋلىرى، ئىشىنىپ بولمايدىغان دەرىجىدىكى گۈزەل تېنى ... زىلۋا بويى، مىڭىشى، قوللىرىنى سىلىشى ... خۇددى يەرنى دەسسىمىگەندەك ماڭاتتى.

سەيران مەمەتنىڭ نەزىرىدە يۈكسىلىپ باراتتى ۋە بارغانسېرى گۈزەللىشەتتى. ھەر كۈنى كېچىدە ئويغىناتتى، سەيراننىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىنى تىڭشايتتى. ئىچ - ئىچىگە پاتماي كېتەتتى، چەكسىز مۇھەببەتنىڭ ھارارىتىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى، باراڭلىقتىن چۈشەتتى، ئالدىغا بېرىشنى، قولىنى تۇتۇشنى خالايتتى، بىراق قىلالمايتتى، ئۆزى بوشۇرۇنغان دەرەختىڭ تۈۋىدە شۈمشىيىپ تۇراتتى. بىر مۇھەببەت چاپقۇنىغا يولۇقۇپ، ئاستاغىنا ئىچ - ئىچىدىن لەرزەتلىنىپ تىترەيتتى. سەيرانغا قانداقمۇ چىقىلغىلى بولىدۇ. شۈنچىلىك بىر گۈزەلنىڭ قولىنى قانداق تۇتىدۇ؟ بۇلارغا مەمەتنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇنى ئويلىغانسېرى بېشى ئايلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەيرانغا بەكمۇ ئىچىناتتى. ئۇنى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئويلايتتى. كۆزلىرى ياشقا تولاتتى. قانداقلا بولسۇن بىر كۈنى ئۆلتۈرۈلەتتى. ئۆلتۈرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ بۇ يەردە ئۇزاق زامان قالالمايتتى. بۇلارنى ئويلىغىنىدا ئوت بولۇپ ياناتتى. مىڭىسى، يۈرىكى، قول - پۇتلىرى، چاچلىرى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىر خىل ئوتتا دىر - دىر تىترەيتتى.

مۇنداق ۋاقىتلاردا، بەزگەكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققاندەك بەدىنى كۆيۈپ كېتىۋاتقاندا، ھېلىقى پولات ئۇچقۇنى كۆزلىرىدە پارقىرايتتى. مېڭىسىدە بولسا سېرىق ئالتۇندەك قۇياش نۇرى ئەكس ئېتەتتى.

ئۇ ئاناۋارزانىڭ ئۈستىدە زەڭگەر ئاسماننى كۆردى. ئۇنىڭدىن ياشقا، زادىلا قىممىر قىلمايدىغان ئاق بۇلۇت ... ئاسمان نېمىدېگەن كۆك، بۇلۇت نېمىدېگەن ئاق؟! ... ئېگىز قولىنى



سۇغا تىقتى. سۇ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئاقتى. سۇ نېمىدېگەن سۈزۈك. ئېقىۋاتقان سۇ ئەمەس، نۇر ئىدى. خەلىل كوسا قوغۇنلۇقتا ئايلىنىپ يۈرەتتى. تەكلەرنىڭ تۈۋىنى كولايتتى، توپا دۆۋىلەپ قوياتتى. خەلىل كوسا نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن دوست، نېمىدېگەن سەمىمىي ئادەم!

يۈزبېشى پارۇخ، ئاناۋارزا ئۇرۇشى ... ئۇرۇشتا باتىلىرىدا ئەگىپ يۈرگەن ئاق بۈركۈت، يۈزبېشىنىڭ چوقۇر ئوۋادا قىيادىن - قىياغا، تاغدىن - تاغقا چېپىپ يۈرۈشى ... كېيىن دېھقانلارنى ئاياقىغا بېسىپ قان سىيدۈرۈشى ... بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى سەۋەبچى. ئوسمان چوڭغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىمامدۇ؟ بەلكى يۈز ياشقا كىرگەندۇ. مەمەت بۇلارنى ئويلاشنى زادىلا خالىمايتتى. يۈرىكىدىكى ئەلەمنىڭ بەزى كۈنلىرى تېرىسى ئاستىدىن تېشىپ چىققانلىقىنى سېزەتتى. سىقىلاتتى، ئۈمىدسىزلىكتىن بىئارام بولاتتى. خەلىل كوسىنىڭ تۇيۇپ قىلىشىغىمۇ پەرۋا قىلماي ۋار - ۋار ۋارقىرايتتى:

— يارەببىم، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت، ئۆلتۈرۈۋېتىپ مېنى قۇتۇلدۇرغىن! ياكى ماڭا بىر چىقىش يولىنى تېپىپ بەر، ياكى مېنى بىر يولى ئۆلتۈرۈۋەت! مېنى تاشلىۋەتكەن بۇ جەھەننەم ئازابىغا چىدىيالمىدىم، پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتىمەن!

ئوسمان چوڭنىڭ يىگەن تاياقلىرىنى يۈرىكىدە ھېس قىلاتتى: «شۇ قېرىنى ئۇرماستىن مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا بولاتتى. مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە نېمە بولاتتى؟» دەپ تاڭ ئاتقۇچە ئاھ ئۇرۇپ چىقاتتى ۋە توپىلارغا مىلىنەتتى.

كېچىدە بىردىنلا تەلۋىلەردەك ئورنىدىن چاچراپ تۇراتتى. مىلتىقىنى ئالاتتى، يۈگۈرگەن پېتى قوغۇنلۇققا چىقاتتى. ئاناۋارزانىڭ تۈۋەن تەرىپىگە قاراپ ماڭاتتى. كېيىنچە، بىردىنلا مېڭىسىگە ئايدى كەتتى. ھەمزە كەلدى دېگەن خىيال كىرىۋالاتتى، پۇت - قولى بوشاپ كېتەتتى، ئۈمىدسىزلىك تۈپىسىگە. ئوتتىغا ئولتۇرۇۋالاتتى. شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ قالاتتى.

ئەنە شۇنداق ئۆيدىن قېچىپ چىققان كۆزلىرى خەلىل كوسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭاتتى. ئۇنى بىرەر چوڭقۇرلۇقتا، بىرەر جىغان تۈۋىدە تۈگۈلۈپ قالغان، ئۆزىنى يوقاتقان هالدا كۆرەتتى، قولتۇقىدىن يۆلەپ قوغۇنلۇققا قايتۇرۇپ كېلەتتى.

ساقىلى چۈشۈرۈلگەن ئېڭەكنى خۇددى خەلىل كوسىدەك قوللىرى بىلەن سىلاپ قويىدى. كۆلەڭگىسى سۇنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ تۇراتتى. كۆلەڭگىسىنىڭ ئۈستىدىن بىر توپ بېلىق ئۈزۈپ ئۆتتى. بۇ بېلىقلارنىڭ هەر تەرەپكە ئۈچۈۋاتقان كۆلەڭگىلىرى سۈپسۈزۈك شېغىل تاشلارنىڭ ئۈستىگە چېچىلدى. ئەتراپتىن هايت① پۇرايتتى. چوقۇر ئۆۋاغا كەلگەندىن بېرى مەمەتنىڭ بۇرنى تونجى قېتىم بۈگۈن بىر نەرسىنى سەزگەندى. پۇراقلارنى سېغىنغانىدى، هايتنىڭ پۇرىقىنى قانغۇچە ئىچىگە تارتتى. بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىۋاتقان شامال سۇ رەيهىنىنىڭ پۇرىقىنىمۇ ئەكەلدى. بالىلىق چاغلىرى غۇۋۋا كۆز ئالدىغا كەلدى. ئىسمائىل چولاقنىڭ تۈگمىنى ئەتراپىدا ناهايىتى كۆپ سۇ رەيهىنى ئۆسەتتى ۋە پۇراقلىق ئىدى. ئانىسى رەيهاننىڭ شاخلىرىدىن سۈپۈرگە ياسايتتى. مەمەت ئىسمائىل چولاقنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئىلگىرى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇنى ئۇنتۇۋالغاندا چولاقنى نېمىلەر قىلىۋەتكەنلىكىنى ئويلىدى. چولاقنىڭ ئۆزىنى قارشى ئېلىشلىرىنى، كېيىنكى هەرىكەتلىرىنى ئويلىغانسېرى «شۇ ئادەم بالىسى دەپ ئاتالغان مەخلۇق چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە - هە!» دەپ قوياتتى. ئۇنى ئويلىغانسېرى خۇشاللىناتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يىتراق② پۇراشقا باشلىدى. بۇ پۇراق چوقۇر ئۆۋانىڭ پۇرىقى ئىدى. ئىسسىقتا پۈتكۈل چوقۇر ئۆۋا ئاچچىق - ئاچچىق يىتراق پۇرايتتى. بۇ پۇراق كۆيۈۋاتقان زېمىننى قاپلايتتى ...

① هايت — بىر خىل پۇراقلىق ئۆسۈملۈك.
② يىتراق — بىر خىل ئۆسۈملۈك.



مەمەت ئورنىدىن تۇردى، يېزا تەرەپكە قايرىلدى، تونۇشلۇق يولغا قارىدى. هېچكىم كۆرۈنمەيتتى. هازىر شۇ پېتى يولغا چىقسا، سەيرانىنىڭ ئۆيىگە بارسا، «سەيران، مەن كەلدىم» دېسە، قانداق بولار؟! سەيران نېمە دەر؟! يۈزلىرى ۋىل - ۋىل قىزىرىپ كېتەر، چىرايىغا قارىيالماس، چىرايلىق كۆزلىرىنى يەرگە تىكەر، بېشىنى كۆتۈرمەس، ئۇزۇن، چىرايلىق بويىنى ...

مەمەت ئولتۇرۇپ يەنە سۇغا قارىدى. سەيران كۆز ئالدىغا كەلدى. سەيرانىنىڭ چىرايىدىن باشقا هېچقانداق نەرسىنى كۆرمەيتتى. سەيرانىنىڭ يۈزى هەر خىل تۈسكە كىرەتتى، يىغلايتتى، كۈلەتتى، ۋارقىرايتتى، خاپا بولاتتى، يۇمشايتتى، جىددىيلىشەتتى، كېيىنچە قارا مەخمەلدەك كۆزلىرى ئېچىلاتتى، نۇرلۇق مۇھەببەت بىلەن پارقىرايتتى. مەمەت هەيران بولاتتى، يالغۇز شۇ كۆزلەرنى كۆرەتتى باشقا هېچقانداق نەرسىنى ئويلىمايتتى. سۆزلىمەيتتى، هېس قىلمايتتى. يېتىككىنە سېهىر ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ، چەكسىز لەززەت ئىچىدە قىزغىن مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلىرىغا چۆكۈپ كېتەتتى. بىردەم چۈشىدىن سېهىرلەنسە، بىردەم سېهىردىن چۈش كۆرەتتى.

مەمەت تاياق يېگەنلەرنى، ئوسمان چوڭنى، ساقلاۋاتقان ئەلى توكۇرنى، ئەلى ساپاننىڭ زۇلۇمىنى، ژاندارمىلارنى، ئايدىنى، هەمزەنى، ئۆلۈمنى، ئايرىلىشنى — هەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى.

ئۇدۇلىدا — ئوتلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن، قىزىل پاچاقلىق لەيلەكلەر ئىرغاڭلاپ يۈرۈشەتتى.

شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە بىردەم - بىردەم ئورنىدىن تۇرۇپ يېزا تەرەپكە قارىدى، قايتىپ سۇ بېشىغا كەلدى. سۇنىڭ سۈزۈك تۈۋىگە، سۇنىڭ ئۈستىدە ئېقىۋاتقان نەرسىلەرگە قارىدى. ئاران كۈننى كەچ قىلدى. سەيران كەچقۇرۇنلىرى كەلمەيتتى. كۆپىنچە بىرىم كېچىدىن كېيىن كېلەتتى. قوغۇنلۇقتىكى هەر دائىم ياتىدىغان يېرىگە كېلىپ تۈگۈلۈپ ئۇخلاپ قالاتتى.

شۇ كۈنى مەمەت خەلىل كوسا بىلەنمۇ پاراڭلاشمىدى. خەلىل كوسا مەمەتنىڭ بۇ دەردىنى چۈشىنەتتى.

مەمەت ئورۇنغا كىرىپ ياتتى، ئۇخلىيالمىدى. سىرتقا چىقتى، قوغۇنلۇقنى ئايلاندى. يېزىنىڭ قاراڭغۇ يوللىرىغا قارىدى. ئاي تېخى ئولتۇرمىغانىدى، ئەمما قىيالىقلارنىڭ ئارقىسىغا ئېگىلگەنىدى. قوغۇنلۇقنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئادىم ئايلىنىپ يۈرگەن يەرلەردە ئۇمۇ ئايلىنىپ يۈرۈشكە باشلىدى. بەزى كېچىلىرى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئات شەرق تەرەپتىن چېپىپ كېلەتتى، ئاناۋارزاننىڭ تۇۋۇن تەرىپىگە كېتەتتى. تاڭغا يېقىن قوغۇنلۇقنى بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن سۇنىڭ تېرەن يېرىدىكى دەرەخلەرنىڭ يېنىدىكى دۆڭگە چىقىپ مىختەك تۇراتتى.

ئادىم يەنە بۇ يەرگە كەلگەنىدى. مەمەت ئۇنى كۆرمەستىن خېلى بۇرۇنلا مەمەتنى كۆرۈپ، قېچىشقا باشلىغانىدى.

ئادىم ئۇزاقلىشىپ كەتكەنىدى. ئولتۇرۇۋاتقان ئاي نۇرىدا مەمەتنىڭ كۆزىگە ئىنتايىن ئېگىز بىر ئادەم كۆرۈندى.

بىر دەمدىلا ئاي ئولتۇرۇپ كەتتى. مەمەت كۈندۈزى بېرىپ ئولتۇرغان يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. پۇتلىرىنى سۇغا چىلىدى، سۇ سەل سوغۇق ئىدى. نامازدىگەردىن باشلاپ چىققان غەرب شامىلى تېخىچە ئاستا - ئاستا چىقىۋاتاتتى. بىردەم توختاپ قالاتتى، بىردەم چىقاتتى.

مەمەت بىر ئاياغ تىۋىشى بىلەن سەسكىنىپ كەتتى. بىراق ئورنىدىن قوزغالمىدى. سەيراننى چۆچۈتۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. سەيران ئاستا كېلىپ سۇدىن ئۆتتى. بېرىپ ھەر دائىم ئولتۇرىدىغان يەردە ئولتۇردى. يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى سەل بۇرۇنقى نۇرسىز ئاي يورۇقىدىن كۈچلۈك ئىدى. مەمەت سەيراننىڭ سايىسىنى غۇۋا كۆرەلەيتتى. سەيراننىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىنى تونۇش بىلەن تەڭ قول - پۇتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشىشىپ كەتتى. يۈرىكى دۈك - دۈك سالدى. بىرنەچچە قېتىم



ئورنىدىن تۇرۇپ سەيراننىڭ قېشىغا بېرىشقا تەمشەلدى. يۈرىكى شۇنچىلىك قاتتىق سالاتتى. ئۆزى شۇنچىلىك قاتتىق تىترەيتتىكى، ئورنىدىن تۇرالماستىن ئولتۇرۇپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئاران دېگەندە تۇرالىدى. سەيران تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سەيران ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆردى، ئورنىدىن تۇرماستىنلا دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى، شۇ تەرەپكە سۈرۈلدى.

مەمەت ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمەكچى بولدى، ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى، جىم بولدى. سەيران بۇ ئاۋازنى تونۇپ توختاپ قالدى. مەمەت ھاياجان ئىچىدە ئۇچقاندەك بېرىپ سەيراننىڭ قولىنى تۇتتى. سەيراننىڭ قولى قىزىق تۆمۈردەك كۆيۈپ تۇراتتى. مەمەت ئۇنى تۇرغۇزدى، ئۆزىگە تارتتى. سەيران ئۆزىنى يۇمشاقىنا، جانسىزلارچە مەمەتنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى، كۆكسىگە باش قويدى. مەمەت ئۇنى قۇچاقلىدى، بويىنىدىن سۆيدى، لەۋلىرى كۆيگەندەك بولدى.

شۇ چاغدا پۈتكۈل كېچىنى، دەرەخلەرنى، ياتلىرىغا كېلىپ تۇرغان ئاتنى، دۇنيانى ئۇنتۇشقانىدى. قاچان يېشىنگەنلىكلىرىنى، ئىككى ۋۇجۇدنىڭ قاچان بىر خىل يالقۇن ئىچىدە بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. يا ئەتراپلىرىدا گىڭگىلداپ بۇلۇتتەك ئايلىنىپ يۈرگەن ھاشاراتلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىمايتتى ياكى يالىڭاچ بەدەنلىرىنى تىلمۇتكەن تىكەنلەرنىڭ، پىتىراقلارنىڭ ئاغرىقىنى سەزمەيتتى. بۇ يالغۇز بىر - بىرنى ياخشى كۆرۈشتىنلا ئەمەس، ئىككى ھەسرەتلىك ۋۇجۇدنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئوتنىڭ، لەززەتنىڭ، سېھىرلىك كۈچنىڭ سېھرى ئىدى.

بىرنەچچە قېتىم سۇغا چۈشۈپ چىقىشتى، بەدەنلىرى زادىلا ئايرىلمايدىغاندەك چەكسىز يالقۇن ئىچىدە بىرلەشتى. ئۇلار بۇ خىل بىرلىشىشتىن توپىدەك، يورۇقلۇقتەك، تەرەققىي قىلىۋاتقان - كېڭىيىۋاتقان ھاياتتەك مول بىر خىل لەززەت

ئالاتتى. دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز ئۆزلىرىلا تۇرغان، چىدىغۇسىز سېغىنىش ئىچىدە، مۇھەببەت يالقۇنىدا بىرلەشكەن ئىنسان نەسلىنىڭ تۇنجى ئايالىغا، ئەر كىشىسىگە ئوخشايتتى.

تاغ چوققىلىرى ئاقىرىشقا باشلىغاندىلا مەمەت ئېسىگە كەلدى. سەيران تېخىچە ھاسىرىغان پېتى ئاغزىنى ئېچىپ، سۇ بويىدىكى قۇملارنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. تاپانلىرىنى سۇلار يالاپ ئاقاتتى. مەمەت ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزمىسا، بۇ خىل تەلۋىلەرچە ئىستەكتە نەپەس ئېلىپ، كۈن قىزىغىچە ياتقان بولاتتى.

سۇغا چۈشۈشتى. ئايرىم – ئايرىم يەرلەردە بىر – بىرىگە كۆز قىرلىرىدا قاراپ قويۇشۇپ تەرەت ئېلىشتى. يۈرگۈزگەن پېتى كىيىملىرىنى ئېلىپ ئالدىراش كىيىنىشتى. بىر – بىرىنىڭ يۈزلىرىگە قارىيالماستىن سۇ بويىدىن تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشتى، كېيىن ئارقىغا يېنىشتى. مەمەت ئېتىزلىققا كىرىپ بىر تاۋۇزنى ئۈزۈپ كەلدى. چېقىپلا چىشلەپ يېيىشتى. تاۋۇز مۇزدەك بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار سەل تىترەشكە باشلىدى.

كۈن چىقتى، بىر – بىرىگە قاراشتى، بىردىنلا كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر – بىرىگە قارشاتتى، ھەيرانلىق بىلەن ھودۇقۇش، سېھىر ۋە مۆجىزە ئىچىدە كۈلۈشەتتى.

ئۇلار ئاتنى كۆرۈپ قېلىشتى، ئات يەنە بۇرۇنقى يېرىدە تۇراتتى. ئارقىدىكى ئۇلاڭ پۇتىنى قورساقلىرىغا تىرەپ، قولاقلىرىنى سالپايتىپ تۇراتتى. سەيران ئاتقا قاراپ ماڭدى. خۇددى قەدىناس دوستلاردەك ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. بوينىنى سىلىدى، يالىدىن تۇتۇپ باشلاپ ماڭدى، ئات ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوزىلاردەك ماڭاتتى.

مەمەت ياراڭلىققا قاراپ ۋارقىرىدى:

— خەلىل! خەلىل! ھەي خەلىل!

خەلىل يېرىم ئويغاق، ئۇيقۇلۇق ئىدى. كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن، دەپ ئۆزىچە پىچىرلىدى.



— خەلىل، ھەي خەلىل! بۇنىڭغا قارىغىنا!

خېلىل كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، يەنە بىر قېتىم قارىدى:

— يائاللا، يارەببىم!

سەيران ئاتنى باشلاپ كەلدى. ياراڭلىقنىڭ قېشىدا توختاتتى. ئات ئورنىدىن قىمىرلىمىدى. سەيران ئاتنىڭ بوينىنى، ساغرىسىنى، پېشانىسىنى توختىماستىن سىلىدى. يۈزىنى ئاتنىڭ يۈزىگە ياقتى. مەلۇم ۋاقىت يۈزىنى يېقىپ تۇردى.

مەمەت ئويلاپ قالدى، ئۆزىچە شۇنداق دېيتتى: «بۇ دوستلۇق شۇ كېچىلەردە ئورنىتىلغان بولسا كېرەك. كېچىلىرى يانمۇيان تۇرۇشقان ۋە مۇشۇنداق قوچاقلاشقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇرىقىغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا بىر ئايال بىلەن بىر ئات مۇنداق دوست بولالمىغان بولاتتى ياكى سەيران ئۆزگىچە بىر ئىنسانمۇ؟»

خەلىل شۇ زامان يوغان بىر ئارغامچا ئەكەلدى، ئاتنىڭ بوينىغا سالدى. ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تارتىپ ياندا تۇرغان دەرەخكە باغلىدى.

## 51

ئەلى سايا باينىڭ جاڭگىرىسىغا قاراپ توختىماستىن يۈگۈرۈۋاتقان ئادەم:

— ئەللا – بىللا ئۆزى شۇ، خۇدا ھەققى، شۇ! — دېيتتى.

ئۇ: «قۇتۇلدۇق. ئاتنى ئېتىشتىن، بۇز ئاتنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ قۇتۇلدۇق. باي ئەمدى مېنى ھەر يان چاپتۇرمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ تۇرغان يېرىنى كىم تاپالايتتى. كىم مۇنداق خەۋەرنى بايغا يەتكۈزەلەيدۇ ...» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

— ئەللا – بىللا! دەل ئۆزى!

«بىر ئازدىن كېيىن، تېخى كۈن چىقماي تۇرۇپلا ژاندارمىلار يۈزبېشىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرنەچچىلەر ئەلى سايا باينىڭ

باشچىلىقىدا ئۇنىڭدىن باشقا، شۇنچىلىك كۆپ دېھقان ... قوغۇنلۇقنى قورشىۋالىدۇ. ئۇ مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ بولغۇچە، تەسلىم! تەسلىم! دەپ ۋارقىرايدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

«ئەگەر ئۇ بولماي قالسىچۇ؟»

ئادىم پۇتلىرى زىڭ قىلىپ توختاپ قالدى. كېچىدە قوغۇنلۇققا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى ۋە «ئىسمىنى ئاڭلاپ قالدىم، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىدىم. لېكىن، مۇشۇنداق بىر داڭلىق قاراقچى شۇنچە ئايدىن بېرى خەلىل كوسىنىڭ يېنىدا! قوغۇن ـ تاۋۇز ساقلاپ ياتامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرى يوقمۇ؟ مۇشۇ سازلىقتا پاتما ـ چىۋىنلەرگە يەم بولامدۇ؟ ...تېخى باينى ئۆلتۈرمەكچىمىش، ئۆلتۈرىدىغان ئادەم ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرامدۇ؟ لېكىن ئۇ تۇرغان يېرىدىن قىمىرلىيمۇ قويمىسا، باينى ئۆلتۈرىدىغان ئادەم قىمىر قىلماي ئۆلتۈرەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ مەھەت ئاۋاق بولسا ھەرىكەت قىلماستىن بۇ يەردە ياتامدۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

«ئۇ ئەمەس، راستتىنلا ئۇ ئەمەس!»

ئادىم تەرگە چۆمگەنىدى. كېچىلىك ھاۋاغا سىيمىق تەر پۇرىقىنى تارقىتىپ كەينىگە قايتاتتى ۋە ئاستا ـ ئاستا ئىرغاڭلاپ ماڭاتتى.

«باينى ئالدىغىلى بولمايدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئادىم، — يالغان سۆزلىگۈچىنىڭ تىرنىقىنى يۇلۇپ تاشلايدۇ. ھېلىقى خوتۇن، كېچىدىكى چىرايلىق ئاۋازلىق خوتۇن: ئادىم، سەن ئۆلتۈرۈلىدىغان بولدۇڭ!» دېگەن ئەمەسمىدى؟ مېنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟ مېنى بۇ تورۇق ئات ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئات مېنىڭ جېنىمنى ئالىدۇ. بۇ ئات شەيتان ياكى پەرى! بۇ سېھىرلىك ئات! ۋاي بېگىم، خۇدا ھەققى، بۇ سېھىرلىك ئات! بۇنى ئاتقىلى بولمايدۇ. ھېچكىم ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئۆلتۈرگۈچىنىڭ قولى تۇتماس، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىر يۈز ئەللىك يىللىق نەسىللىك قەغىزى بار. زادىلا يالغان ئەمەس. ئۇ پەرىلەر



نەسلىدىن، خېتى بولسا كېرەك. بېگىم، سەن خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايسەن. خاتالىشىپ مېنى بۇ ئاتنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويۇپسەن، بۇ ئات ئەمەس!»

خوتۇنى، ئۇنىڭ يوغان ئەمچەكلىرى، ئەملىك، قېلىن لەۋلىرى، ھەر دائىم كېرىلىپ تۇرۇشلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. بۇ ئات ئادىمنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. خوتۇنى ئېسىگە كېلىش بىلەن تارتقان جىمى ئازابى، ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ قالاتتى، لەززەتكە چۆمەتتى. خوتۇننىڭ چىڭ، ئەملىك كاسىلىرى ئېسىدىن چىقمايتتى، كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. خوتۇننىڭ كاسىلىرى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن تەڭ قوللىرى كۆيۈپ كېتەتتى.

«ئەللا ـ بىللا شۇ! خۇدا ھەققى، شۇ!»

ئادىم ئارقىغا قايتتى، يەنىلا جاڭزىغا قاراپ يۈگۈردى.

«ئادەم ئىسسىقتا تەرلەپ ـ پىشىپ، ئاغزى قۇرۇپ تۇرغاندا، ئالدىغا كەلسە، كەل بۇرادەر، قوغۇن ـ تاۋۇزدىن ئۈزۈپ يېگىن، يۈرىكىڭ سەگىسۇن دەيدىغان خەلىل كوسىنىمۇ ئۆلتۈرۈشىدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بوپتۇ، كوسىنىمۇ ئۆلتۈرۈشسۇن، ۋاي نائەھلى، مەيلى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن!»

تاڭ سەھەرگىچە تۈزلەڭلىكتە بىردەم جاڭزىغا، بىردەم سازلىققا قاراپ ماڭاتتى، كۈن چىققاندا تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز، خالتىسىدىكى ئوزۇقى، قاچىدىكى سۈيى تۈگىگۈچە بىردەم جاڭزىغا، بىردەم سازلىققا چېپىپ يۈرەتتى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىككىلىنىش جەھەننەمىدە ئازابلاندى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە باينىڭ پەلەمپىيىنىڭ ئاستىغا كەلگۈچە مۇشۇ ھالەتتە يۈردى.

پەلەمپەيدە ئولتۇردى، تاڭ ئېتىشىنى، باينىڭ ئويغىنىشىنى كۈتتى. سارايىنىڭ كۆزەتچىلىرى كۈن چىققاندا «كىمسەن!» دەپ ۋارقىراپ ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى. ئادىم شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ

«بۇ مەن ! باي ئويغاندىمۇ؟» دېدى.

بايمۇ دەل شۇ چاغدا ئۇنى كۆردى، پەلەمپەيدىن غەزەپ بىلەن چۈشتى. ئۇنى كۆرگەن ئادىم « بايىم، بايىم ! مەن ... بايىم !» دېيىشكە باشلىدى.

— تۇرسۇن دۇرمۇش، ھەي بالام، كەلگىنە ! — دەپ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقاردى ئەلى ساپا باي.

تۇرسۇن دۇرمۇش شۇ يەردىلا ئىدى.

— خوش، بايىم ! — دەپ ئالدىغا كەلدى.

— كېلە، مېيرگە كەل ! — دەپ ئەلى ساپا باي پەلەمپەيننىڭ يۇقىرىغا ماڭدى، پەلەمپەيننىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختىدى. تۆۋەندە قالغان، تىتىماي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرغان، شالۇۋۇرى تىزلىرىغىچە يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن، قوللىرى، يۈزى، پۇتلىرى قاسماق باسقان، جاراھەتلەنگەن، ئادەم سىياقىدىن چىققان، كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر مەخلۇققا ئوخشاپ قالغان ئادىمنى كۆرسەتتى.

— ئوغلۇم تۇرسۇن دۇرمۇش، بۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەسمىدى؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر تۈرمىگە سولانغان ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ تېخى ئۆلتۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلغاندۇققۇ؟ ئەمدى بۇنى نېمە قىلىمىز؟

— نېمە قىلساق بولاركىن، بايىم؟

ئۇلار كۆزلىرىنى ئادەمغا تىككىشتى، ئۇنىڭغا يىرگىنىش بىلەن سەپسېلىشتى. ئەلى ساپا باي خاتىرجەم - تەمكىن ئاۋازدا:

— بالام تۇرسۇن، شۇنچىلىك ئويلاپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بار؟ ئۇ ئەسلىدە ئۆلتۈرۈلگەنىدىغۇ؟ بىز ئۆلتۈرمىدۇققۇ ئۇنى؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، بايىم !

— ئۇنداق بولسا ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ئۇنى ئاقچەسازغا ئېلىپ بار. ھېچكىمگە كۆرسەتمەستىن جوتۇ، گۆرچەكنى



ئېلىۋال، يېنىڭغا ھېچكىمنى ئەگەشتۈرمە. بۇ ئىشنى يالغۇز ئۆزۈڭ جايلا. شۇنداق ياخشى كۆمۈپ تاشلىغىنكى، ھېچكىم تاپالماي قالسۇن. كۆمگەن يېرىڭگە بەلگە قىلىپ قوي، بەلكى لازىم بولۇپ قالار.

— بېشىم بىلەن ئورۇنلايمەن، بايىم !

— مەندىن رەنجىمە، ئوغلۇم، سېنى مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا سېلىپ ئاۋارە قىلىمدىغان بولدۇم، چۈنكى بۇنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشسا شەھەردىكى ئابرۇيۇم بىر تىيىن بولىدۇ. نەدىن چىقتى بۇ كاپىر بېشىمىزغا بالا تېرىپ؟ بۇمۇ ئادەم بولامدۇ؟ شۇنچە ئايدىن بېرى كۆرۈنمەيدۇ. كېيىن بىردىنلا... بۇنداقلاردىن يىرگىنىمەن. ئىنتايىن يىرگىنىمەن. باشقا كەلسە ئارتماسقا چارە يوق، بولۇپمۇ بۇنداق ئەقىلسىز ئىتلارنىڭ دەردىنى تارتىدىغان بولدۇق.

— تارتىمىز، بايىم، سەنلا سالامەت بولساڭ بولدى.

تۇرسۇن پەلەمپەيدىن چۈشتى، ئادىمنىڭ مىلتىقىنى، ئوقدانلىرىنى ئېلىپ شۇ يەردىكى بىرىگە تۇتقۇزدى.

— ئارقامدىن ماڭ ! — دەپ ئادىمغا قاتتىق بۇيرۇق قىلدى.

— تۇرسۇن، قېرىندىشىم، باينى كۆرۈشۈم كېرەك. ئۇنىڭغا بىر خۇش خەۋەر ئەكەلدىم، — دېدى ئادىم.

— خۇش خەۋىرىڭ قۇرۇپ كەتسۇن، ماڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى تۇرسۇن، — بېشىمغا بالا بولغان كاپىر ...

— باينى كۆرمىسەم بولمايدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، باي سېنى كۆرۈشنى خالايدۇ دەپ ئويلامسەن تېخى، چۈش ئالدىمغا !

ئادىم ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

— مېلى بارساق يارايلى، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىن: قېنى شۇ ئاتقان ئوق ئۆتمىدىكىن، كۆرۈپ باقايلى. ياخشى بولدى. ئاتىنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىمەن. ھازىر بېرىپلا ئۆز قولۇم بىلەن ئاپىرىپ قويغاندەك تېپىپ بېرىمەن. ئۇنىڭغا ئوق تەگمەيدۇ،

تەگسىمۇ ئۇتمەيدۇ ئەمەسمۇ ... مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم باشقا ... ھېلىقى مەمەت ئاۋاق بارغۇ. مانا شۇنى مەن كۆرۈپ قالدىم، يەنە بىر قىزىمۇ بار ...خالىساڭ سەنمۇ بىر پاي ئوق ئېتىپ كۆر قېنى، تەگكۈزەلەمسەن؟ ئۇنى ھېچكىم ئاتالمايدۇ، پەرىلەر نەسلىدىن، ياخشى نەسىللىك ... ھە، دېيدىغىنىم بۇ ئەمەس، مەمەت ئاۋاق بارغۇ، مانا شۇنى مەن كۆردۈم. ئالدى بىلەن ساڭا ئاتنى كۆرسىتەي، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۇرغان يەرنى كۆرسىتەي. ئەگەر باي بۇ ئىشنى ئاڭلىسا سېنىمۇ، مېنىمۇ ياخشى كۆرۈپ كېتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، تۇرسۇن قېرىندىشىم؟

تۇرسۇن دورمۇش جۆيلۈگەندەك سۆزلەۋاتقان بۇ ئادەمگە خاپا بولۇپ، بىزار بولۇپ كەتكەندى، يوق يەردىن بۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ قولىنى قانغا بويايدىغان بولدى ـ دە! بۇنداقلارغا ئۆلۈم شۇنچىلىك ھەققى، شۇنداق بىر ... تۇرسۇن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى زادىلا ئاڭلىمايتتى.

ئادىم ئاتنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ توختاپ قالدى ۋە كۈلۈمسىرىدى:

— بۇرادىرىم تۇرسۇن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئورنىنى بايغا كۆرسىتىپ قويساق كارامەت خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، مېنىمۇ، سېنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ ...

— ھەئە، ياخشى كۆرىدۇ، ماڭ! — دەپ ۋارقىرىدى تۇرسۇن.

كۈن ئولتۇرغاندا ئاقچىسازغا يېتىپ كېلىشتى.

— قېرىندىشىم تۇرسۇن، — دېدى ئادىم، — بىر تۇرۇپ ئات كېلىدۇ. دەل مۇشۇ يەردىن چېپىپ ئۆتىدۇ. ساقلاپ تۇرايلى. سەنمۇ سىناپ باق. بەلكى تەگكۈزەلەرسەن. بىراق، ئىشەنمەيمەن. سېنىڭ مېھنەتلىرىڭمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش بىكارغا كېتىدۇ. بىز بۇ يەردىن قوغۇنلۇققا بارايلى. سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن بىر قېتىم كۆرۈپ قوي، بولامدۇ؟ سەن مەمەت ئا ...

ئۇنىڭ سۆزى ئاغزىدا قالدى. بىر پاي ئوق كۆكرىكىنى تېشىپ چىقتى.



— قېرىندىشىم تۇرسۇن، مېنى ئۆلتۈرمىگىن، نېمە ئۈچۈن ئاتىسەن؟ مەن تېخى خوتۇنۇمنى كۆرەلمىدىمغۇ ...

ئادىم سەنتۈرۈلۈپ يەرگە يىقىلدى. تۇرسۇن يەردە تولغىنىپ ياتقان ئادىمغا قارىتىپ يەنە ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. ئادىمنىڭ سول پۇتى توختىماي سىلكىنەتتى، كېيىن تىنچىدى.

ئادىم يۈز ـ قوللىرىنى كېرىپ دۈم ياتاتتى. ئېگىمكىنىڭ ئاستىنى بويلاپ قان ئېقىۋاتاتتى.

## 52

چۇقۇر ئوۋادا تومۇز ئايلىرىدا ئىسسىق قاتتىق بولاتتى، يەر ۋە ئاسمان قىزىپ كېتەتتى، تۇپراقلار يېرىلىپ، ئوت ـ چۆپلەر سارغىيىپ كېتەتتى، ئەتراپ سارغۇچ تۈسكە كىرەتتى. يېپىشقاق ھاشارەتلار قۇرۇپ كەتكەن ۋە كۆيۈپ كەتكەن چۆپلەرگە يېپىشىۋالاتتى. ھاشارەتلارنىڭ رەڭلىك قاتتىق دۈمبىلىرى ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ ئاقۇچ ئۇچقۇندەك يالتىرايتتى. ھەرىلەر، چىۋىنلەر، پاشىلار، ئەتىيازدىن قېلىپ قالغان بەزى كىچىك كېپىنەكلەر يوغىنايتتى ۋە قېرىپ كېتەتتى. ئۇلار بۇرۇنقىدىن بىرنەچچە ھەسسە چوڭىياتتى. تومۇزدا قۇشلارمۇ ئەركىن ـ ئازادە ئۇچالمايتتى. بولۇپمۇ چىڭقىچۈشتىكى ئىسسىقتا ئاسماندا بىرمۇ قۇشنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ ئىسسىقنى قۇشلارنى ھاۋادىن ئېلىپ يەرگە ئاتىدىغان ئىسسىق دېيىشەتتى.

تاغلار، چوققىلار بىر خىل ئىسسىق ۋە يورۇق تۇمان ئىچىدە ياناتتى، خۇددى ئېرىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاپپاق ئاسماندىن مىڭلاپ، مىليونلاپ، كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولمىدىغان، ئىنچىكە زەر تالالىرى ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەك بولاتتى. تۈزلەڭلىكنى ئوراپ تۇرغان تۇرۇس، ھەممىتە تېغى، نۇرھاك، كادۇر تاغلىرى، يىلانقەلئە، دوملۇ قەلئە، ئاناۋارزا قەلئەسى، چوڭ ـ كىچىك يۈزلەپ دۆڭ ۋە كەپە يىراقتىن — ئىسسىق

يوروق تۇمانىنىڭ ئىچىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بىلىنەر ـ بىلىنمەس پەردىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنگەندەك بىلىنەتتى.

يۇتكۈل تۇزلەڭلىك ئەتىگەندىن چۈشكىچە بىژغىراپ كېتەتتى. ئەتراپتا ھېچقانداق جانلىق كۆرۈنمەيتتى. ئادەم بۇ ئىسسىقتا توختىماستىن تەرلەيتتى، تەرلەش بىلەن تەڭلا تەرمۇ قۇرۇپ قالاتتى.

تاش ـ تۇپراق ۋە قىيالاردىن ھور كۆتۈرۈلەتتى ۋە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى. پەقەت قاتتىق ئىسسىقلاردا سۇلاردىن ھور كۆتۈرۈلمەيدۇ، جىمجىت، دىمىق ئىسسىقتا بولۇشىچە يېپىلىپ ئاقىدۇ.

مەمەت بۇ خىل ئىسسىقنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى. بەزىدە بوغۇلۇپ كېتەتتى، خەلىل كوسا بولسا ئۆگىنىپ كەتكەنلىكتىن پەرۋا قىلمايتتى. «قېرىنداشىم مەمەت، كېرەك يوق، كۆنۈپ قالسەن، قىيىن كەلمەيدۇ» دەيتتى.

نامازدىگەردىن كېيىن ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكى جانلىنىپ كېتەتتى. يىراقلاردا — ئاق دېڭىزنىڭ ئۈستىدە ئاق يەلكەندەك بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا كۆچەتتى. كۆتۈرۈلگەن بۇلۇتلارغا ئەگىشىپ سالقىنلاتقۇچى غەرب شامىلى چىقاتتى. شامال ئالدى بىلەن ئازراق چىقىپ، كېيىن توختاپ قالاتتى. بىر چىقىپ، بىر توختايتتى. ئاخىر بىردىنلا كۈچىيەتتى. ئاق دېڭىز بويلىرىدا، يوللاردا، دۆڭلەردە، تۈزلەڭلىكتە خادا قۇيۇنغا ئايلىناتتى. ئۇ يەردە كۆچىيىپ، بۇ يەردە پەسىيىپ، بىردەم چوڭلاپ، بىردەم كىچىكلەپ، بىردەم ئۈزۈلۈپ، بىردەم قىسقىراپ، ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىردىنلا يوغان بىر چاڭ ـ توپا بۇلۇتىغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى. شۇنداق كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە بۇ بۇلۇتنىڭ ئىچىدە قالاتتى. توپا ـ چاڭدىن ھېچقانداق يەرنى، يۇرۇتنىڭ ئۇچىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. بەزىدە غەرب شامىلى شۇنداق چىقاتتىكى، بىر تامچە چاڭنىمۇ قالدۇرمايتتى، خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى شامالدەك ...



بەزىدە شۇنچىلىك ئىسسىق بولۇپ كېتىدۇكى، ھەرىلەر كۆنەلگۈلىرىدە، قۇشلار ئۇۋىلىرىدا، تاشپاقىلار قايلىرىدا، گۈللەر بەرگىلىرىدە، چۈمۈلىلەر ئۇۋىلىرىدا قۇرۇپلا كېتىشەتتى. قاغجىراپ كەتكەن تۇپراقنىڭ ياشقىچە يۈرىقى، قۇرغاق، ئاچچىق، چۈچۈمەل بىر خىل تەمى بولاتتى. ھىلتانلار، قۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق يىتىراقلار، سۇ رەيھانلىرى چارس ـ چارس قىلىپ تۆكۈلگەن، قۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقلىرى بىلەن بىژغىراپ كەتكەن چوقۇر ئۇۋا تۇپراقلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇملۇكلىرى ئىدى.

ئىيۇن ئايلىرىدا ئاقچەسازنىڭ پاتقاقلىرىمۇ قايناپ كېتەتتى. پاتقاق شۇنچىلىك قىزىپ كېتەتتىكى، بارمىقىڭنى تىقالمايتتىڭ. پاتقاقلار يوروق ـ يوروق قايناتتى. قازاندا سۇ قانداق پورۇقلاپ قاينىسا پاتقاق سۇيىمۇ خۇددى شۇنداق ئاۋاز چىقىرىپ قاينايتتى. دىۋىلەردەك چوڭقۇرلۇقتىن يەرنى تەۋرىتىپ قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ نەپەس ئالغاندەك قىلاتتى. پاتقاقلىقنىڭ نەپەس ئېلىشى، تىنماستىن پورۇقلاپ قاينىشى، چوڭقۇرلۇقتىن چىققان گۈرۈلدەشلەر بۇ يەردە ياشىمىغان ئادەملەرنى قورقۇتاتتى. بولۇپمۇ كېچىلەردە بەدەنلەر تىكەنلىشىپ كېتەتتى.

مەمەتنىڭ قېشىدا خەلىلگە ئوخشاش بۇنداق تۇپراقلارنى ياخشى بىلىدىغان بىرى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ئاناۋارزا تۇپرىقىنى، ئاقچەساز پاتقاقلىقىنى مۇنداق ئوڭاي بىلمەۋالالمايتتى.

مەمەت ھەر كۈندىكىدەك ئەتىگەن ئويغاندى، سۇ بويىغا باردى. چۈمۈلمەكچى ئىدى. كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. كۆرگەنلىرى ئوڭىمۇ ياكى چۈشىمۇ؟ بۇ يەردە سۇدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئېڭىشىپ تۇتۇپ كۆردى. قۇملار، شېغىل تاشلار قولىغا ئۇرۇندى. خاتالاشقان بولماي يەنە دەپ ئوڭ ـ سولىغا، يۇقىرى ـ تۆۋەنگە قوللىرىنى سوزۇپ سىيپىلاپ باقتى. ئۇزىگە تونۇش بولغان، ھەر دائىم چۈمۈلىدىغان يەرگە قارىدى.

خاتالاشمىغانىدى. سۇ قۇرۇپ كېتكەنىدى. ئېقىۋاتقان شۇنداق ئۇلۇغ سۇ نەگە ئېقىپ كەتكەندۇ؟ كىم بىلىدۇ، بەلكى بۇ چوڭقۇر ئۇۋانىڭ خۇيى شۇنداقتۇ، دەپمۇ ئويلىدى. خەلىلنى ئويغىتىپ سوراپ بېقىش ئەقلىگە كەلدى.

— خەلىل، ھەي خەلىل! سۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى. خەلىل ئويغىنىپ:

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ.

خەلىل يۈرگۈرگەن پېتى كەلدى. سۇغا قارىدى، سۇ يوق ئىدى.

— ھەر دائىم سۇ مۇشۇنداق قۇرۇپ كېتەمتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

خەلىل كوسا ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— بەزى - بەزىدە شۇنداق بولاتتى. شال تېرىلىدۇ. بىراق، مۇنداق پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم.

دەريا بويىدا ئولتۇرۇشتى. پۇتلىرىنى ساڭگىلاتتى. گەپ - سۆز قىلىشماستىن كۈن چىققۇچە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى ۋە خىيالغا چۆمۈشتى.

كۈن چوغدەك ئاستا كۆتۈرۈلدى. شەبنەملەرنى شۇ زامان قۇرۇتۇپ ئەتراپنى قىزىتىۋەتتى. ساۋۇرۇن دەرياسىنىڭ نەم توپىلىرىمۇ چۈشكىچە قۇرۇپ كەتتى. قىرغاقتىكى تىك يەرلەر كىچىك - كىچىك، ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك يېرىلىپ كەتتى.

ئامازدىگەرگە يېقىن ھاياجانلانغان، يۈزلىرى قىزارغان، چاچلىرى، قاشلىرى، كىرپىكلىرى، قول - پۇتىنى توپا باسقان، پەقەت چىشلىرى پارقىراپ تۇرغان سەيران يېتىپ كەلدى. يۈگۈرگەچكە ھاسىراپ تۇراتتى.

— توسۇپ قويىدى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئەلى ساپا سۇيىمىزنى توسۇپ قويىدى. ھەممە نەرسىگە چىداپ كەلدۇق. ئەمدى قانداق قىلىمىز.

مەمەت چۈشەنمىدى، شۇنچە ئۇلۇغ سۇ قانداق توسۇلاتتى؟



سەيران چۈشەندۇردى: خېلى يىللار بۇرۇن بۇ يەرگە بىر ماراشلىق ئادەم كەلگەن، ئۇنىڭ ئىسمى پۇشمان ئوغلى مۇستاپا ئىكەن. ساۋۇرۇن دەرياسى ئەتراپىغا ئېرىقلارنى قېزىپ، توسمىلارنى قۇرغان، تۇزلەڭلىكنى مولۇق يەر قىلىپ شال تېرىغانىكەن. ئەمما، ھېچقاچان سۇنى قۇرۇتالمىغانىكەن. ئازراق بولسىمۇ شاللىقتىن ئېقىپ چىققان سايسىبىرىق سۇ بىر تۈگمەننى چۆرگىلەتكەنىدى.

— تونۇگۈن يېزىغا ئۈچ ئاتلىق چېپىپ كەلدى، — دېدى سەيران، — ئالدىدا تۇرسۇن دۇرمۇش. دېھقانلارنى ئەتراپىغا توپلاپ: بايدىن خەۋەر ئەكەلدىم، سايا باي سىلەرگە سالام ئېيتتى ۋە: يېرىمدىن چىقىپ كېتىشسۇن، يېرىمنى بوشاتسۇن، ئەگەر ئۇلار يېرىمنى تاشلاپ كەتمەيدىغان بولسا، ئۇ سازلىق قۇرۇتقاندەك مەمەت ئاۋاقتا ئىشىنىپ يەرلىرىمنى بوشاتمايدىغان بولسا، ئاچ قويۇپ، تومۇزغا تېگىپ ئەدىپىنى بېرەلمىگەن بولسامۇ، سۇسىز قويۇپ ياخشى ئوقۇتۇپ قويىمەن، ۋايىۋاي يېزىسىنى كەربالانىڭ چۆلىگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، باشقا يېزىلار مۇشۇنداق بولىدۇ. شۇلارنىڭ كاساپىتىدىن باشقا يېزىلارمۇ ۋەيران بولىدى. ئىلاج قانچە؟ مەيلى كۆيۈپ كۈل بولسۇن، گۇناھ مەندە ئەمەس، ۋايىۋاي دېھقانلىرىدا! مەيلى سۇسىز قالغان باشقا دېھقانلار ئۆزلىرى بېرىپ ۋايىۋايلىقلار بىلەن داۋالاشسۇن، ۋايىۋايلىقلارنى مېنىڭ يېرىمدىن قوغلىسۇن، ئۇ چاغدا سۇلىرى تەييار بولىدۇ، دېدى. باي يەنە: ئۇلار جاھىللىق قىلىشمىسۇن، ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا چىدىغىلى بولىدۇ، ئەمما سۇسىزلىقتا چىدىغىلى بولمايدۇ. بالىلارغا يانتاقلىقنىڭ سۈيىنى ئىچۈرمىسۇن، ھەممىسى بىلىجاندەك قىرىلىپ كېتىدۇ. مەن دەپ قويىاي، ئەمدى مەندە گۇناھ قالمىدى ... دېدى. تۇرسۇن دۇرمۇش مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپلا ئېتىغا مىندى، چېپىپ كەتتى.

سەيران خۇددى گۇناھ قىلىپ قويغاندەك مەمەتنىڭ چىرايىغا قارىيالمايتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەسىلە ئايدىڭلاشتى. ئەلى ساپا يۇشمان ئوغلىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مۇستاپا باي، ساۋرۇن دەرياسىنىڭ يارلىق سۈيىنى توختىتىدىغان بولسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن ۋايىزلىقلار يېرىمتى تاشلاپ كېتىدىغان بولسا، شال تېرىشىڭىز ئۈچۈن يەرلىرىمنى ئۈچ يىل ھەقسىز بېرىمەن» دەپتۇ. يۇشمان ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش بوپتۇ. ئۇ تېزلىكتە بېرىپ توسمىلارنى ئېگىزلىتىپتۇ، كېڭەيتىپتۇ، توسمىلاردىن تۆۋەنگە بىر تامچە سۇنى ئېقىتماپتۇ.

ئەلى ساپا باي كۈلۈپتۇ ۋە: «مەن، مەن ئۆزۈم مانا مۇشۇنداق قىلىمەن، ئادەملەرگە بىرنەرسە قىلماقچى بولسام، مۇشۇنداق قىلىمەن. ئەمدى ئۇ خىيالىي مەمەت ئاۋاقلىرىغا ئىشتىنىپ بېقىشسۇن!» دەپ كېرىلىپتۇ.

يۈزبېشى پاروخ تۈزلەڭلىكتە ھېچ يەرنى قويماي ئارىلاپ چىقىپ مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىزىنى تاپالمىغان، دېھقانلارنىڭ خىيالىي بىر مەمەت ئاۋاقنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقلىرىغا ئىشەنگەن ۋە بۇ ئىشەنچىنى ھەممە ئادەمگە دەپ يۈرگەنىدى. سۆزلىگەنلا ئەمەس، بۇنى دوكلات ئورنىدا نازارەتكە يوللىغانىدى. ئەلى ساپا باي يۈزبېشىغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، تەدبىر قوللىنىشتىن ۋاز كەچمىگەنىدى. جاگىرنى باشقۇرۇشنى شۇ مەمەت ئاۋاق تېپىشمىقى تېپىلمىغۇچە ۋاقىتلىق تۇرسۇن دۇرمۇشقا تاپشۇرغان ۋە ئۆزى شەھەردىكى ئۆيىگە كەتكەنىدى. مەيلى خىيالىي بىر نەرسە بولسۇن، مەيلى باشقا بىر نەرسە بولسۇن، ئىشقىلىپ، جېنىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان بىر بالا ــ قازا بار ئىدى. بۇ بالا ــ قازا بېشىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئەلى ساپا باي سۇنى توختىتىپ قويۇشنى ئويلاپ، دېھقانلارغا قارشى ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلگەن ئەڭ ياخشى قورقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاپقانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. بولۇپمۇ ئالتىنچى ئاي تومۇزدا چىداپ باقسۇن قېنى! دېيەتتى.

دېھقانلار بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرى



كۆلچەكلەردىكى سۇنى ئىچىشتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆلچەكلەرمۇ قۇرۇپ قالدى. ئورەكلەرنى قېزىشتى. ئورەك باشلىرىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە، كەچقۇرۇندىن ئەتىگەنگىچە تىزىلىپ تۇرۇشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئورەكلەردىنمۇ سۇ چىقمايدىغان بولدى. ئوتلاقلاردا، يارلاردا ئاچقان چوڭقۇرلۇقلاردىنمۇ سۇ چىقمىدى.

دېھقانلار قودۇقلارنى كولاشتى. يېزىلاردىكى يەرلەرنىڭ بىر غولاچ چوڭقۇرلۇقىدىن شىغىللىق قۇملا چىقاتتى. قانچىلىك قودۇق قازغان بولسا ھەممىسى بىرنەچچە چېلەك سۇ ئالماستىنلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشەتتى. قودۇق كولاپ دېھقانلارنىڭ ئالىقانلىرى قاناپ، جاراھەتلەنەتتى. ۋايىۋاي يېزىسىدا بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا سەككىز بالا ئۆلۈپ كەتتى.

دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە توختىماستىن كۆيدۈرگۈچى سېرىق توپا ياغاتتى. ئادەملەر، يەر ــ زېمىن توپا تەرەت ئىدى.

بىر يۇرتۇم سۇ ئۈچۈن تۆۋەنكى چىيەنلى يېزىسىدا بىرى ئەڭ يېقىن دوستىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مەمەت تاڭ سەھەردە ئويغاندى، سۇنىڭ ئىز ــ دېرىكىگە چۈشتى. سائەتلەپ يۇقىرىغا ــ شەھەرنىڭ چېتىگە باراتتى، يەنە ئارقىغا قايتاتتى. ئېرىق ــ ئۆستەڭلەر كۆتلەرنىڭ ئۇتتۇشى بىلەن بارغانسېرى قاتتىق يېرىلاتتى. يېرىقلار چوڭىياتتى. بەزى يەرلەر كۆل رەڭ ئىسسىق توپىغا ئايلانغانىدى. يۈزىنى لەش باسقان، سېسىپ كەتكەن كۆلچەكلەر، يېرىلغان يەرلەر بېلىقلار ۋە پاقىلارنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن تولغانىدى ...

لەش باسقان، پاسكىنا، بېلىق ئۆلۈكلىرى بىلەن سېسىپ كەتكەن بىر كۆلچەكتە ئۆمىدسىزلىك ئىچىدىكى بىر تاشپاقا ئۆلمەسلىك ئۈچۈن تىرىشاتتى. بېشىنى لاي سۇدىن چىقىرىپ ئەتراپىغا قارايتتى. ئۆمىدسىز بېشىدا لايلار قۇرۇپ قالاتتى.

مەمەت بۇ ئۆلۈك سۇغا سۆيگەن ئادىمىنىڭ ئۆلۈكىگە قارىغاندەك ئېچىنىپ قارايتتى. خاراب بولغان، سېسىپ كەتكەن،

ئۆلگەن، مىليونلاپ يېرىق بىلەن پارچە - پارچە بۆلۈنگەن بىر يەر تۇراتتى. مەمەت ھەر كۈنى بۇ يەردە ماتەم تۇتۇۋاتقان بىر ھازىداردەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشنى خالىمايتتى. ئۇلارنى مېڭىسىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا تىرىشاتتى. پەقەت ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ:

— بۇ ئادەملەرنىڭ بېشىغا بالا بولدۇم، بالا! — دەيتتى.

تۇۋەنكى چىيەنلى، كۈمبەت، ئامبەرى، ناركى يېزىلىرىنىڭ دېھقانلىرى بىر يەرگە توپلىناتتى، چارە تېپىشقا تىرىشاتتى، لېكىن زادىلا ئامال تاپالمايتتى.

ئەگەر ئەلى ساپا باي مەمەتتىن قورقۇپ شەھەرگە كىرىپ كەتمىگەن بولسىدى، بەلكى ۋايىۋاي دېھقانلىرى بىر كۈنى چۈشتىكى ئاپتاپتا، سۇسىزلىق جېنىغا پاتقاندا، قەلئەدىكى قورقۇش ئەۋجىگە چىققاندا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يېزىسىنى يىكار قىلغانمۇ بولاتتى. باشقا يېزىلاردىن، مەيلى دەدەپاكلىدىن، مەيلى نارلى قىشلاقتىن بولسىمۇ بىرەر كىشى چىقىپ:

«بۇرادەرلەر، مۇشۇ يېزىنى تاشلاپ كېتىڭلار، بىزمۇ بۇ سۇسىزلىق ئاپىتىدىن قۇتۇلايلى، سىلەرمۇ قۇتۇلۇڭلار. بىزمۇ قۇتۇلايلى، قاراڭلار، بالىلىرىمىز ۋاباغا يولۇققاندەك قىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ» دېمىدى.

ھەربىر يېزىدىن بىردىن ۋەكىل سايلاپ بىرنەچچە قېتىم ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىشتى، ئەھۋالنى، ۋەزىيەتنى، بالىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقلىرىنى سۆزلەشتى.

ھاكىم ھەر قېتىمدا بىر خىل ياسىما ئېچىنىشلىق قىياپەتتە زور خۇشاللىق بىلەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ:

— قاتتىق قايغۇردۇم، ئېچىندىم، سەۋر قىلىڭلار، سىلەر ئامان بولساڭلار ... ئىنتايىن قايغۇردۇم، ئەمما ئىلاجىمىز قانچە! پوشمان ئوغلى مۇستاپا باي شال تېرىپتۇ، بۇ دۆلەت بايلىقى، ئۇنى قۇرۇتۇپ قويۇشقا بولمايدۇ ... — دېدى.

— خوش، بىز قانداق قىلىمىز؟



— ئىنتايىن قايغۇردۇم، بەك ئېچىندىم، بىر ئىلاجىنى قىلىڭلار، ئەپەندىلەر، بىر چارە تېپىڭلار. بولمىسا سىلەرگە سۇ توشۇپ بېرىشىمنى خالامسىلەر، مەن ھاكىممۇ ياكى سۇ توشۇغۇچى؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ھاكىم.

— قەستەن قىلدى، بىزنى ھەيدىۋېتىپ، يەرلىرىمىزنى ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئەلى ساپا قەستەن قىلدى! سۇ ئېقىۋاتقان يەردە شاللىق يوقتۇ ... ئۇ تەرەپتىكى باشقا يېزىلارنى سۇ بېسىپ كەتتى. پاتقاق ئىچىدە قالدى ... — دېدى بىرى.

— چاتىقىم يوق، — دېدى ھاكىم، — ئەپەندىلەر، بولۇپمۇ ئەلى ساپا باينىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمەن. مەن ئۇنىڭ كەھياسىمىدىم ياكى مەن بىر سوتچىمىدىم؟! مېڭىڭلار، بېرىپ ئەلى ساپا باي بىلەن كېلىشىڭلار، ئاندىن كېيىن كېلىڭلار. ئەلى ساپا باي بىلەن كېلىشمەي تۇرۇپ نېمىدەپ ئالدىمغا كەلدىڭلار؟ ئەلى ساپا باينىڭ ئالدىغا، ئۆيىگە بېرىڭلار، يا سىلەر پاتقاق ئىچىدە قالغان دېھقانلارنىڭ ئادۋوكاتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەرزلىرى بولسا بىزگە كېلىپ ئېيتسۇن. يەنە قانچىلىك قالدى، ئاۋغۇست، سېنتەبىرگە... چىداپ تۇرۇڭلار، چىداش بەدەننى چېنىقتۇرىدۇ. سۇنى ئاز ئىچىش سالامەتلىككە تېخىمۇ پايدىلىق. سۇسىز قالغانلىقىڭلارغا ئېچىندىم، ئىنتايىن قايغۇردۇم. سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار ئىنتايىن ئىسسىق، قاتتىق ئىسسىق، ئادەم بىردەمنىڭ ئىچىدە تەرگە پاتىدۇ، سۆڭەكلىرىمۇ تەر بولۇپ ئاقىدۇ. كارامەت ئىسسىق، ئاجايىپ ئىسسىق!

ئەنقەرەگە، ئاداناغا تېلېگراممىلارنى ئەۋەتىشتى. ھېچقانداق جاۋاب كەلمىدى، بىرەر شەپىنىمۇ ئاڭلاشمىدى.

مەمەت بىلەن خەلىلمۇ يېزىدە سۇسىز قالاتتى. خەلىل بىر ئامال قىلىپ پاتقاقلىقتىكى چوڭقۇردىن سوغۇق سۇلارنى تېپىپ كېلەتتى، بۇ سۇ ھەم سوغۇق، ھەم پاكىز ئىدى ...

سەيران پۈرسەت تاپسىلا مەمەتنىڭ قېشىغا كېلەتتى، كېچىلىرى ساۋرۇن دەرياسىنىڭ قۇرۇپ قالغان داللىرىدا يەنە

ھېلىقىدەك مۇھەببەتلىك قىزغىن سۆيۈشۈشلەرنى داۋام قىلدۇراتتى.

دېھقانلار ئاز - تولا بولسىمۇ مەمەتتىن رەنجىپ قېلىشتى. قورققانلار، ئۈمىدسىزلىككە چۆشكەنلەر سۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا خالىمىسىمۇ مەمەتنى ئەيىبلەيدىغان سۆزلەرنى قىستۇرۇپ قويۇشاتتى. بۇ سۆزلەر سەيرانتىنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلاتتى. مەمەتكە تويپا قوندۇرۇشنى خالىمايتتى. يېزىدىكى بۇ ئەھۋالنى مەمەتكە سەزدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ھەرىكەت قىلاتتى. ئوسمان چولاق بۇ گەپ ئارىسىدىكى ئاز - تولا تەنە سۆزلەرگە قارشى غەزەپلىنەتتى، جەھلى قاناتتى، شۇنداق سۆزنى قىلغانلارنى ئاتىسىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەر ئاغزى تىكىپ قويىدىغان خالتا بولمىغاچقا، توسۇپ قالالمايتتى:

— مەمەت ئاۋاق چۇقۇر ئوۋاغا كېلىپ نېمە ئىش بولدى؟

— ئەلى سايا بىزنى يەپ تۈگەتتى.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا يېزىمىزغا قايتىپ كەلدۇق.

— ئىسمى قۇرۇپ كەتسۇن.

— ئۇنىڭدىن بىز ئۈمىد كۈتكەنىدۇق.

— ئۈمىدلەر قۇرۇپ كەتسۇن.

— ئېتىمىزدىن ئايرىلدۇق.

— مېلىمىزدىن ئايرىلدۇق.

— نومۇسلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق.

— جېنىمىزدىن ئايرىلدۇق.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەنلا يېزىنى تاشلاپ كېتەلمىدۇق.

— ئىسمى قۇرۇپ كەتسۇن.

يېزىدا سۆزسىزلىقتىن ئاغرىق - سىزلاق كۆپەيگەنسېرى ئوسمان چولاق ۋە مەمەت ئاۋاققا گۇناھ ئارتىلىۋېرەتتى:

— ئۇلارنىڭ كاساپىتىدىن پەرھات موللام، خۇدانىڭ شۇ



بەندىسىمۇ تۈرمىلەردە چىرىمەكتە ...

— ئۇلارغا ئەگەشمىگەن بولسىدى.

— بىچارىنى دارغا ئاسىدۇ.

بولۇۋاتقان بۇ گەپ - سۆزلەرنىڭ مەمەتنىڭ قۇلىقىغا يەتمەسلىكى، بۇ ئېغىر ۋەزىيەتنى مەمەتنىڭ سەزمەسلىكى لازىم ئىدى. بۇ ئىشلار سەيرانغا ئېغىر كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەمەت بۇ تەرسىلەرنى سەزگەندەك قىلاتتى، بىر نەرسىلەرنى پىلانلايتتى، چېچىلاتتى، غەزەپلىنەتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى توختىماستىن سەيرانتىنىڭ ئاغزىنى كوچىلاشلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ بۇ خىل خاتىرجەمسىزلىكلىرىگە ئۆتكەن بىر كۈنى قەمەر ئانىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بىر سۆز سەۋەب بولسا كېرەك.

قەمەر ئانا شۇنداق دېگەنىدى:

— ۋاي ئوغلۇم مەمەت، بۇ يەردە يېتىۋېرەمدىڭ، ئىچىڭمۇ پۇشمىدى! سېنىڭ سۆيۈك، مۇزدەك سۆيۈك بارغۇ! بىز يېزىدا كۆيۈپ پىشىۋاتىمىز، بىر تامچە سۇ ئۈچۈن جېنىمىزنى بېرىۋاتىمىز.

قەمەر ئانا ئەسلىدە بۇ سۆزلەرنى يامان نىيەتتە دېمىگەن بولغىيدى. بىراق، بۇ سۆزلەر ئادەتتىكى سۆزگە ئوخشىمايتتى. سۆزنىڭ تېگىدە خاپىچىلىق بار ئىدى. قەمەر ئانىنىڭ سۆزلىرى مەمەتنىڭ يۈرىكىگە ئوق بولۇپ قادالدى.

قەمەر ئانىمۇ بۇ سۆزلەرنى قىلغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلغانىدى. ئەمما، ئوق يادىن چىقىپ كەتكەنىدى.

شۇ كۈندىن بېرى قەمەر ئانا قوغۇنلۇققا كەلمەس بولدى.

«ئادەملەرنىڭ بېشىغا بالا بولدۇق، ئۇلارنى سۇسىز قويدۇق، ۋاي ئاللا! ئاچ قويدۇق، ۋەيران قىلدۇق، يا ئاللا، نومۇسلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلدۇردۇق، ئۈمىدلىرىنى كەستۇق، يۈرەكلىرىدىكى ئىشەنچلىرىنى يوقاتتۇق، ئاھ، خۇدا!»

## 53

ئىدرىس بەگ خۇددى ئوۋچى بۈركۈتتەك كېچىلىرى چوقۇر ئوۋادا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭغا قارشى قانچىلىك ژاندارما كەلگەن بىلەنمۇ ھەممىنى يوق قىلىۋېتەتتى. مۇنداق ھەممە ئىشتا پىشقان بىر ئادەم چوقۇر ئوۋادا كەم تېپىلاتتى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى، ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرۇشىنى، ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماسلىقىنى ياخشى بىلىدىغان ژاندارمىلارمۇ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيتتى. ئىدرىس بەگنىڭ بۇ تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ تەرەپكە كېتىشەتتى ۋە شۇ تەرەپلەرنى ئىزدەپ يۈرۈشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلىشاتتى.

ئىدرىس بەگ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قۇشلاردىنمۇ مەدەت كۈتەتتى. چوقۇر ئوۋادا ئۇ بارمىغان ئاغا، باي، مەرتىۋىلىك كىشى قالمىغانىدى. ھەتتا ئانتەپتىكى چارۋا ئىگىسى خۇرشىت كۈرد باينىڭ ئالدىغىمۇ بارغانىدى. خۇرشىت باي: تونۇيمەن، ئۇ ئارىپ سايىمنى ياخشى بىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقانىدۇق. بىراق، ئۇ ھازىر ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇ ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا گەپ ئۇقتۇرۇش تەس، ئۇنىڭغا سېنىڭ ھازىر دېگەنلىرىڭنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، دېگەن ۋە شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئېتىغا مىنىپ ئانتەپتىن ئارىپ سايىم بەگنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە ئىدرىس بەگ بىلەن ئېپلىشىپ قېلىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

ئارىپ سايىم بەگ ئۇنىڭغىمۇ باشقىلارغا بەرگەن جاۋابنى بېرىپ، قۇرۇق قايتۇرغانىدى.

قىشتا چوقۇر ئوۋانى قىشلاق قىلىدىغان، يازدا تورۇس تاغلىرىنى يايلاق قىلىدىغان، ئۈچ جىلغىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان



تۈركمەن بېيى. ھۆرمەتلىك ئەلى ئاغىنىمۇ ئۈچ قېتىم ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. غۇرۇرلۇق ئەلى ئاغا ھەر قېتىم بارغىنىدا ھېچ نەرسە ھەل قىلالماستىن قايتقان بولسىمۇ، ئىدرىس بەگكە يۈز كېلەلمەستىن ئۈچ قېتىم بارغانىدى.

ئاخىر كوزاندىكى بىلىملىك كۈرد ئوغلىنى ئەۋەتتى. ئۇ ئوسمانلى ۋە قايخانلى نەسلىدىن ئىدى، ئۇمۇ قۇرۇق قايتتى.

چوڭ ساراي ئىچىدە يالغۇز ئۆزى ياشاۋاتقان كەمبەغەل، يىراق ئېسىلزادىلەر ئەۋلادىدىن بولغان پاياسلى ئوغلىنىمۇ ئەۋەتتى. ئۇمۇ قۇرۇق قايتىپ كەلدى.

ئادانادىكى رامىزان ئوغلى، ئاتچىلارنىڭ باشلىقى ياغمۇر، قارا مۇيتى ئوغلى تەۋپىق ئاغا، چوكاكلىق شاپ بۇرۇت ئەخمەت ئەپەندى، ئوغۇللىرى كۆپ، مېڭىسى ئۆتكۈر، بويىنى قىڭغىر پولات مۇستاپامۇ ئارىپ سايىم بەگنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىدرىس بەگنىڭ سۆزىنى يەردە قويۇشمايتتى، بىكار قايتىپ كېلىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بېرىشقانىدى.

ئارىپ سايىم بەگ ئېيلەشتۈرگۈچى. ھەممە ئەلچىگە ئوخشاشلا جاۋاب بېرەتتى:

— دېمەك، ئاخىرى يامان بولىدىكەن — دە، تېخى ئۇنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېگەن گەپتىن باشقىنى قىلمايتتى.

ئارىپ سايىم بەگ ئىدرىس بەگكە ئىنتايىن ئېچىناتتى ۋە ئۇنى ئويلىسا يۈرىكى ئېچىشاتتى. بىراق، قانداق قىلسۇن! ئۇ ئادەم بۇ چاغدا نەسلى تۈگەپ كەتكەن ساپ، مەرد، باتۇر ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. مۇنداق بىر دۈشمەننىڭ بولۇشى بىر ئادەم ئۈچۈن شۇنچىلىك بىر شەرەپ ئىدى. ئارىپ سايىم بەگ ئىدرىس بەگدەك دۈشمىنىنىڭ بولۇشى بىلەن ھەقىقەتەن مەغرۇرلىناتتى.

— ئىست، ۋاي ئىست. شۇنچىلىك ئېچىنىدىغان بىر ئىش! بۇ دۇنيادا يالغۇز شۇنىڭ بىلەنلا دوست بولۇش لازىم ئىدى.

ئىدرىس بەگ يالۋۇرمىغان ئادىمى قالماستىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن بىر كۈنى ئاخشىمى ئوسمان چوقنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئېتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ توۋلىدى:

— ئوسمان ئاغا! ھەي ئوسمان ئاغا!

ئوسمان ئاغا ئۇنىڭ چېركەس شېۋىسىدىنلا تونۇۋالغانىدى. تاشقىرىغا چىقتى. نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلىدى.

— قېنى ماڭايلى، — دېدى - دە، ئىدرىس بەگنىڭ ئېتىنى پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيى تەرەپكە تارتتى، تارتىمغا چىقىپ ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى. — ھەيدە!

قوغۇنلۇققا يېتىپ بېرىشقان چاغدا مەمەت تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشتى. قاراڭغۇدا ئىدرىس بەگ مەمەت بىلەن قۇچاقلاشتى.

— تېزدىن ئوت يېقىڭلار، بىر - بىرىمىزنىڭ چىرايىنى كۆرەيلى.

شۇ زامان قۇرۇق چاۋارلارنى تېرىپ كېلىشتى، ئوت ياقتى، ئۇلار ئەتراپىدا ئولتۇرۇشتى.

ئىدرىس بەگ گەپنى باشلىدى. مەمەتكە قارىمىغاندەك قىلاتتى، بىراق كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى. مەمەتمۇ بۇ مىس رەڭلىك يېقىملىق ئادەمنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ، ئادەمگە بىر خىل ئىشەنچ بېغىشلايتتى. ئىدرىس بەگمۇ مەمەتنى خۇددى ئۇزۇن ئاڭلىغاندەك ھېس قىلدى. ئەمما، سەل ساددا، بالا چىراي بولۇپ، قول - پۇتلىرى شوخ بالىلارنىڭ پۇت - قولىغا ئوخشايتتى. سەل بۇرۇنلا تۇرىتى — ئويۇنچۇقنى يوقىتىپ قويۇپ بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كەلگەن بالىنىڭ قوللىرىغا ئوخشايتتى ... مەمەتنىڭ بۇ تۇرقى - ھالىتى ئىدرىس بەگنى ھەيران قالدۇرمىدى.

— ئۇكام مەمەت، سەن بىلەن ھەمكارلىق تۈزمەكچىمەن. ساڭا بۇ تەكلىپنى بېرىش ئۈچۈن كەلدىم. قول ئاستىڭدا بولىمەن. چۈنكى، سەن ئاجايىپ داڭلىق، ئىنتايىن باتۇر، ساپ، ئېسىل



سوۋېت ئادىمىمەن، قوماندانلىقىڭ ئاستىدا دۈشمەنلەر بىلەن سوقۇشۇش مەن ئۈچۈن بىر شەرەپ!

ئۇزاق سۆزلەشتى، مەمەت ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەر بولۇندى، مەمەتنى ماختىدى. ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى.

مەمەت جىم ئولتۇراتتى، جاۋاب بەرمەيتتى. بىرىم كېچە بولغاندا ئۇنىڭ داۋاملىق يالۋۇرۇشلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئاخىر، ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى دېگەن مەسىلىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا، يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە چۈشەندۈردى ۋە سۆزىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

— خەدىچەنىڭ قېنى، ئانامنىڭ ئۆلۈمى، مانا بۇ ئىككىسى تاغلارغا چىقىپ تاپقان پايدام بولدى. ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى!

— ھەمزەنىمۇ ئۆلتۈرگىن، — دېدى ئىدرىس بەگ.

مەمەت ئىدرىس بەگنىڭ ساددىلىقىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— يەنە بىر ھەمزە كېلىدۇ، جاھاندا ھەمزە ناھايىتى كۆپ، ھەمزىلەرنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

— ئۇنى بىلمەيمەن، — دېدى ئىدرىس بەگ، — مەن ئالدى بىلەن ھازىرقى ھەمزەنى يوق قىلالايمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان ھەمزەنى ۋاقتى كەلگەندە ئويلايمەن.

ئوسمان چوق، خەلىل ۋە باشقا چېركەسلەر گەپكە ئارىلاشماستىن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشايتتى. مەمەتنى ھەقلىق دەپ ھېسابلىشاتتى. بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، ئورنىغا مىڭى چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۈپلەپ ئۆلتۈرسەڭمۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەنە بىر توپى كېلەتتى.

مەمەت سۆزىنى شۇنداق دەپ تۈگەتتى:

— قول - پۇتۇمنى چۈشەپ تۇرىدىغان تەرسە مۇشۇ، تەتۈر قىلىنايدىغانمۇ مۇشۇ ئىش. كۈچۈمنىڭ يەتمەيۋاتقانلىقى كېرەككە كەلمەيۋاتقانلىقىدا ئەمەس، ئاقىۋەتنىڭ تېخىمۇ يامان بولۇشىدا، ئىشلارنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىشىدە. مېنى ئىچىمدىن يەپ تۈگەشتۈرۈۋاتقان، ئۇيقۇمنى ھارام قىلىۋاتقان

مەسىلە مۇشۇ. مەن چاپىقنى ئالمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويدۇم. قانداق دېمەمسىلەر، شۇنچە چوڭ بىر يېزىنى ئوتقا تىقتىم. مېنىڭ كاساپىتىمدىن پۈتكۈل يېزا خەلقى زۇلۇم چېكىۋاتىدۇ، ئاچلىقتىن ئىششىپ ئۆلۈۋاتىدۇ. ھەي، مېنىڭ كاساپىتىمدىن ... مېنىڭ كاساپىتىمدىن گۈلدەك قىزلىرىنىڭ تومۇشلىرى بۇلغاندى. ئەمدى بىلدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ پۈت - قولۇمنى چۈشەپ تۇرغان نەرسە مانا شۇ!

ئىدرىس بەگ مەمەتنىڭ دەردىنى زادىلا چۈشەنمىگەنىدى.

— مەن كېتىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى، — ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىمەن. ئاق مۇھىم ئىشىمنى تۈگىتىپ كېلىمەن. ھازىر ۋاقىت قىس، مەن كەلگەندىن كېيىن تاغقا چىقىمىز، شۇ يەردە بۇ دېگەنلىرىڭنى چۈشەندۈرەرسەن، ئۇ چاغدا مەنمۇ چۈشىنىپ قالارمەن ۋە جاراھىتىڭگە مەلھەم بولارمەن.

مەمەت جاۋاب بەرمىدى. ئىدرىس بەگ ئېتىغا مىندى.

— خەير - خوش، خۇداغا ئامانەت! ئىككى كۈندىن كېيىن ...

— خەير - خوش ... — دېدى ۋە ئارقىسىدىن غەمكىن قاراپ قالدى مەمەت.

ئوسمان چوڭ مەمەتنىڭ چىرايىغا زادى قارىمايتتى. ئۇنى شۇڭقارىم دەپمۇ چاقىرمايتتى. كۆزلىرىدە چوڭقۇر بىر ئەلەم ۋە خاپىچىلىق بار ئىدى. چىرايىنى ماتەم تۇيغۇسى قاپلىغانىدى. قورۇقلار تېخىمۇ كۆپەيگەن، يۈزى ئۈست - ئۈستىگە قالايمىقان تۇقۇلغان ئۈمۈچۈك تورىغا ئوخشاپ كەتكەنىدى.

ئاق سەھەردە قوغۇنلۇقتىن ئايرىلىش ئالدىدا ئوسمان چوڭ:

— ئوغلۇم مەمەت! بۇ ئەلى سايا بىزنى تۈگەشتۈرىۋەتتى، يىقىتتى، ئۇنىڭغا قارشى قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمىدى، — دېدى، ئارقىسىغا قارىماستىن مېڭىپ كەتتى.

ئۇ چىرىپ يورلىشىپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن قوۋزاق تاشلىغان قاقشال دەرەخكە ئوخشاپ قالغانىدى. يىرىغىرىم ئىسسىقتا ئەلەم - ھەسرەت ئىچىدە دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.



مەمەتنىڭ كېلىشىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالدى. قاراپلا قالدى.

ئىدرىس بەگ ئەتىسى ئەتىگەندە تېخى كۈن چىقماستىن تۇرۇپ ئارىپ سايىم بەگنىڭ سارىيىغا باردى. سارايىنىڭ قورالللىق كۆزەتچىلىرى ئۇنى كۆرۈشتى. توختا، دېيىشمىدى. ئىدرىس بەگ ئېتىنى ھەيدەپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا — مېھمانخانىغا يىگىرمە قەدەم قالغاندا توختىدى.

— ئارىپ سايىم بەگ! ھوي ئارىپ سايىم بەگ! — دەپ ۋارقىرىدى، — مەن ئىدرىس، مەن ئىدرىس، مانا ئالدىڭغا كەلدىم!

ئارىپ سايىم بەگ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، پەنجىرە ئالدىغا كەلدى، پەردىنى ئېچىپ تاشقىرىغا قارىدى. ئىدرىس بەگ ئارقىسىدىكى ئۈچ ئادىمى بىلەن ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدە تىك ئولتۇراتتى. ئۇ، سارغۇچ چىرايى، كۈمۈشتىن بېزەلگەن ساۋۇتى، قارا قالپىقىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرى، يىرتقۇچ قۇشنىڭكىدەك كۆزلىرىدەك نۇرلۇق كۆك كۆزلىرى بىلەن مەغرۇر، پاتۇرلۇق ھەيكەلدەك كۆرۈنەتتى.

— ئارىپ سايىم بەگ، مەن ئىدرىس! مانا كەلدىم!

ئارىپ سايىم بەگ پەنجىرىنى ئاچتى.

— قېنى مەرھەمەت، ئىچكىرىگە كىرىڭ، — دېدى ئۇ ئەڭ سىلىق، ئەڭ قىزغىن دوستانە ئاۋازدا، — يۇقىرى چىقىڭ، ھازىر كېيىنىپ ئالدىڭىزغا چىقىمەن.

— مەن يۇقىرىغا چىقمايمەن، ئارىپ سايىم بەگ، سىز تۆۋەنگە چۈشۈڭ، تاپانچىڭىزنى ئېلىپ چۈشۈڭ. سىز بىر ئەسكەر، سىز بىلەن ئېلىشىشقا، كۈچىمىزنى سىناپ كۆرۈشكە كەلدىم، تاپانچىڭىزنى ئېلىپ يەنىكە چۈشۈڭ! ...

ئارىپ سايىم بەگ پەنجىرىنى ئەتتى، ئىچكىرىگە ئۆزىنى ئالدى.

ئىدرىس بەگ تۇرغان يەردە، ئاتنىڭ ئۈستىدە تاقەتسىزلىك بىلەن تۇراتتى، كۆزلىرى مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىدە، چىقىپ

كېلىدىغان ئارىپ سايىم بەگنى ساقلايتتى، ساقلىدى، تاقەتسىزلەندى.

كۈتنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى تۈزلەڭلىكنى قاپلاپ كەلدى. كۈن تېرەك بويى ئۆرلىدى. ئىدرىس بەگ يەنە ساقلاپ تۇراتتى. ئاخىر چىدىيالمىدى.

— ئارىپ سايىم بەگ ! هوي ئارىپ سايىم ! ...

گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپ ئارقىدىن ئېتىلغان بىر پاي ئوق مۈرىسىدىن كىردى، گېلىدىن تېشىپ چىقتى. ئىدرىس بەگ ئېتىنىڭ ئۈستىدىن جانسىز سىيرىلىپ يەرگە يىقىلدى. قالپىقى بىر چەتكە، بېشىنىڭ تېرىسىغا چۈشتى. سېرىق چاچلىرى تۇپىغا مىلەندى. قېنى مۈرىسىدىن ئېقىپ چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا كىردى.

سەپداشلىرى ئاتلىرىدىن چۈشتى، قالپاقلىرىنى باشلىرىدىن ئالدى. قالپاق تۇتقان ئۇلۇغ قوللىرىنى كۆكسلىرىگە قويۇپ خوجايىنىنىڭ ئالدىدا مەلۇم ۋاقىت سۈكۈتتە تۇردى. ئاخىرقى ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتى. كېيىن جەسەتنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئاتنىڭ ئۈستىگە ئېلىشتى. ئۇ يەردىن جىمجىت ئايرىلىشتى. ئارىپ سايىم بەگ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى:

— ئىست، ئۇۋال بولدى، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇش مۇمكىن ئىدى.

ئىدرىس بەگنىڭ ئېتىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئەلى توكۇر مەمەتكە يەتكۈزدى. مەمەت ئىدرىس بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە قانچىلىك قايغۇرغان بولسا، ئەلى توكۇرنىڭ كەلگەنلىكىگە شۇنچىلىك خۇشال بولدى.

## 54

بىر كۈنى ئەتىگەن تاڭ ئەمدى يورۇۋاتاتتى. ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭدىن بىر توپ ئادەم شەرق



تەرەپكە قاراپ ماڭدى. نېمە ئۈچۈن كېتىۋېتىشقانلىقلىرىنى، نەگە بارىدىغانلىقلىرىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىرئازدىن كېيىن ساۋرۇننىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى يېزىلاردىن، چىچەكلى، ئارلى قىشلاق، دەدەپاكلى يېزىلىرىدىن دېھقانلار كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. دېھقانلار ئۆز-ئۆزىدىن چۇۋۇلۇپ چىققان ھەرىلەردەك مىغىلدىشىپ كېلەتتى، بالىچاقا، ئەر - ئايال، ئاغرىق - ساق، ياش - قېرى ھەممىسى كېلىپ بۇ توپقا قېتىلاتتى. ئازاپلى يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانلارمۇ بۇ ئادەملەر دولقۇنىنىڭ سەلدەك دەۋرەپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلىدى، كۆردى ۋە ئۇلارمۇ يېزىلىرىدىن چىقىشتى. مانا ئەمدى دەۋرەپ كېلىۋاتقان ئادەم توپىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. شەھەرگە قاراپ ئۇزۇن، قويۇق چاڭ - توپا بۇلۇتى ئۇزۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئۇزۇن بۇلۇت بارغانسېرى ئۇزىراپ - كېڭىيىپ باراتتى. خەلىل بىر دەرەخنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ مىغىلدىغان توپنى كۆزىتەتتى ۋە بولۇۋاتقان ئىشلارنى تۆۋەندە تۇرغان مەمەتكە دەپ بېرەتتى. بىرئازدىن كېيىن دەرەختىن ئالدىراش پەسكە چۈشتى ۋە مەمەتكە: «مۇكۇنۇۋال، بىر توپ ئادەم بىزنىڭ يېزىدىن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ» دېدى.

ۋايۋاي دېھقانلىرىمۇ يولغا چىققانىدى. ئالدىدا ئاياللار، ئارقىدا بالىلار. ئاڭ كەينىدە ئەركەكلەر مېڭىپ قوغۇنلۇققا يېتىپ كېلىشتى، ھەربىر قوغۇنلۇقتىن بىر - ئىككى تاۋۇز، قوغۇننى ئۈزۈپ قولتۇقلىرىغا قىسىشتى. توختىماستىن، گەپ قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىشتى. سەل ئالدىدا كېتىۋاتقان ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇشتى. خەلىلمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

كۆپچىلىكنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۈستىبېشى لاي ئىدى. پوشمان ئوغلى ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سۇنى تۆۋەندىكى تۈزلەڭلىككە قويۇپ بەرگەن بولۇپ، بىرمۇنچە يېرىنى سۇ بېسىپ كەتكەنىدى.

«ھەي پوشمان ئوغلى، بۇ نېمە قىلغان ئىشىڭ؟» دەپ

سورىغانلارغا، يۈشمان ئوغلى: «قانداق قىلىمەن؟! شۇنچە كۆپ سۇنى ئىچىپ تۈگىتەلىشىم مۇمكىن ئەمەس ـ دە! چوقۇم بىر يەرگە تۆكۈۋېتىشىم كېرەك» دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى. يۈشمان ئوغلى بەستلىك، كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئادەم ئىدى.

ـــ ئاقسۇن، ـــ دەيتتى ئۇ، ـــ شۇ ئاتەش يازدا سۇغا ياخشىلاپ تويۇۋالسۇن بۇ كېلىشتۈرگۈچى دەللاللار! ئۇلار سۇسىزلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولسا قانداق قىلىشاتتى؟ خەلقلەر تۈۋەندە بىر تامچە سۇ ئۈچۈن جانلىرىنى بېرىۋاتسا، بۇ دەللاللار ئالدىغا كەلگەن نېمەتلەرنى تەپمەكتە. سۇنى قويۇۋېتىمەن! ئۇستىگە قويۇۋېتىمەن! شۇ ئىسسىقتا كۆزلىرى سۇغا تويسۇن!

شەھەردە تىنىماستىن بازارمۇبازار، دۇكانمۇدۇكان يۈرۈپ سۆزلەيتتى ۋە ئادەملەرنى كۈلدۈرەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەللى سايا باي، ھاكىم، يۈزبېشى ياروغ قورساقلىرىنى تۇتۇپ تىلىقىپ كۈلۈشەتتى.

ئۇزۇن ۋە كەڭ، بارغانسېرى ئۇزىراپ كېڭىيىۋاتقان، چاڭ ـ توپا بولۇتتىنىڭ ئىچىدە قالغان كۆپچىلىك شەھەرنىڭ يېنىدىكى مۇنارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. بىردەم قالايمىقانچىلىق باشلاندى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار شەھەرگە ئاڭلاندى. مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختىغۇچە كۆپچىلىكتىن ھېچقانداق سادا چىقمىغانىدى.

ساۋۇرۇن بويىدىكى دېھقانلار، سۇ بېسىپ كەتكەن پاتقاق ئىچىدە قالغان ئازابلى ئەتراپىدىكى دېھقانلار قول ـ پۇتلىرى، يۈز ـ كۆزلىرى، چاچلىرى، بەدەنلىرى بەجايىكى گۆردىن ئېچىۋالغان توپا تەرەت ئادەملەرگە ئايلانغانىدى.

شەھەرلىكلەر دېھقانلار مۇنار ئالدىغا كېلىپ توختاپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنلا ئىنتايىن كۆپ غەزەپلىك دېھقان توپىنىڭ شەھەر ئىچىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلىشتى. دەسلەپ ھودۇقۇش ئىچىدە بىر ـ بىرىنىڭ چىرايلىرىغا قاراشتى، ئىشىنىشمىدى، جىمجىت



كېتىشتى، كېيىنچە كۈلۈشتى، چاقچاقلاشتى، ئاخىر بېرىپ كۆرۈشتى. مۇنارنىڭ ئاستىدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان سانسىز ئادەم توپى ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. شۇ زامان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ ئارقىلىرىغا يېنىشتى. دۇكانلىرىنى تاقاشتى، ئۆيلىرىگە كىرىشتى. دەرۋازا ـ ئىشىكلەرنى ئىچىدىن تاقىۋېلىشتى. يۈزبېشى ياروغ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيتتى. ھاكىم ۋە باشقا خىزمەتچىلەر، ئاغىلار، ژاندارمىلار ئىدارىسىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇشتى.

ئاخىر يۈزبېشى ياروغ ژاندارمىلارغا «ھازىر بول» بۇيرۇقىنى بەردى.

بۇ بىر ئىسيانمىدۇ؟ ئاغىلارنىڭ ھەممىسى دىر ـ دىر تىترىشەتتى. ھەممىسىنىڭ چىرايلىرى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ھاكىم بىر تامنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇراتتى، تەسۋىسىنى تارتاتتى، كالپۇكلىرىنى مىدىر ـ مىدىر قىلغان ھالدا دۇرۇت ئوقۇيتتى ۋە ئەتراپىغا ھۈرۈيتتى.

دېھقانلار توپى شەھەرنىڭ ئايىغىدىكى ئاق تاشتىن ياسالغان چىرايلىق چوڭ كۆۋرۈكنى كۆرۈش بىلەنلا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. توسمىلار كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ئىدى. يۈشمان ئوغلى ساۋۇرۇن دەرياسىنىڭ سۈيىنى مۇشۇ يەردىكى توسمىلار بىلەن توسۇپ قويغانىدى. كۆپچىلىك كېلىشتى. كېلىۋاتقانلار يېتىپ كېلىشتى. كۆزلىرىنى توسمىلارنىڭ ئىچىدە يىغىلىپ قالغان سۇلارغا تىكەتتى. ساقلاپ تۇرۇشاتتى.

بىردىنلا ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ئاستا ـ ئاستا سۇغا سەكرەشتى، بىردەمنىڭ ئىچىدە قىيامەت باشلاندى. سۇ ئىچىدە ئادەمدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى. كۆپچىلىك چەتكە چىققان چاغدا توسمىلارنىڭ ئورنىدا كىچىككىنىمۇ بىر نەرسە، بىرەر تاش، بىرەر ياغاچ، بىرەر شاخمۇ قالمىغانىدى. كۆپچىلىك قاپقارا بۇلۇتتەك بىر ئېچىلىپ، بىر تۈتۈلاتتى.

سۇلار تۈۋەنگە قاراپ ئاقاتتى. سۇلارنىڭ شارقىراشلىرى بىلەن

تاڭ كۆپچىلىك ئارىسىدىن شۇنچىلىك قىيقاس - چۇقانلىق خۇشاللىق سادالىرى ياڭراپ كەتتىكى، شەھەر زىلزىلىگە كەلدى، ھەممە لەرزىگە كەلدى. شارقىراپ تۆۋەنگە ئاققان سۇ بىلەن بىللە دېھقانلار يۈگۈرۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن ھەممىسى سۇغا ئېگىلىپ، كۆپۈكلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇنى ئىچىشكە باشلىدى. ئۇلار سۇغا سەكرىشەتتى. غەلىبىنىڭ مەست قىلغۇچى كۈچى بىلەن تەلۋىلەرچە ھاياجانلىناتتى، كۈلۈشەتتى، تاماشا قىلىشاتتى، شۇنچىلىك ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشەتتىكى، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمايتتى. قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ قالغانىدى.

شارقىراپ ئاققان سۇ بىر خىل تېزلىكتە بىرنەچچە كىلومېتىر تۆۋەنگە ئاقتى ۋە ئېقىشى ئاستىلاپ قالدى. ئۇلۇغ سۇ ئادەمنىڭ پاچىقى كىرىپ كەتكۈدەك مىڭلاپ يېرىققا كىرىپ كېتەتتى. يېرىقلارنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئاقاتتى. باشقا يېرىقلارغا دۈچ كەلگەندە يەنە توختاپ قالاتتى. ئۇنى تولدۇراتتى. كۆپچىلىك كۆزلىرىنى تىكىپ، ئاقماستىن توختاپ قالغان بۇ لەنىتى سۇغا قارايتتى. ئۇلار شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماستىن سۇ بېشىدا ساقلاپ تۇرۇشتى، سۇ كېچىدىن ئەتىگەنگىچە ئاران دېگەندە مىڭ - مىڭ بەش يۈز قەدەمچىلىك يەردە ئاققانىدى.

سۇ كېلەتتى، شارقىراپ كېلەتتى، شارقىراپلا يېرىقلارغا كىرىپ كېتەتتى.

شەھەردىكىلەر ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كېيىن خۇشاللىق ئىچىدە تاشقىرىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئۇلارمۇ توختىماستىن ئاققان، ئېقىپ كېلىپ يېرىقلارنى توشقۇزغان، ئاقالماستىن تۇرۇپ قالغان سۇ بېشىغا يىغىلىشتى، دېھقانلاردەك كۆزلىرىنى سۇغا تىكىپ ساقلاشتى.

ھاكىم شۇنچىلىك قورقۇپ كەتكەنىدىكى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن غەزەپلىنىپ:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سولاش كېرەك، — دەپ



ۋارقىرىدى.

ئەلى ساپا باينىڭ كۆڭلىدىكى ئىشمۇ مۇشۇ ئىدى. ھاكىمنى كۈشكۈرتتى، پەقەت يۈزبېشى پارۇخ بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈردى: ئادەملەر سۇسىز قاپتۇ، كېلىپ بىر ئادەمنىڭ توسمىسىنى بۇزۇپتۇ، بۇنىڭ جازالىغۇدەك نېمىسى بار، شۇنچىلىك؟

ئەلى ساپا باينىڭ تەزبىرىچە بۇ بىر ئىسيان ئىدى. دېھقانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەنىدى.

— ئۇلار، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى جىنايەت ھېسابلانمىسا، ئېغىر جازاغا تارتىلمىسا، ئاخىر ناھايىتى چوڭ ۋەقەلەر تۇغۇلىدۇ. بۇ بىر ئىسياندۇر. بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان ھەممە دېھقان قولغا ئېلىنىشى كېرەك، — دەپ تۇرۇۋالدى ئەلى ساپا باي.

مۇيەتتىش شۇ يەردە جىم تۇراتتى، سۆزگە ئارىلاشمايتتى. ئەلى ساپا باي ئۇنى بىر چەتكە تارتتى، قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى، قولىغا قېلىن بىر كونۋېرتنى تۇتقۇزدى.

ئاز ئۆتكەندىن كېيىن مۇيەتتىش:

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىگە بىرنەرسە يېزىپ بېرىمەن. ئاز ئۆتمەستىنلا قولغا ئېلىش ھۆكۈمى چىقىدۇ، — دېدى. يېنىدىكى سوتچىنى قولتۇقلاپ تاشقىرىغا چىقىشتى.

ئىككىنچى كۈنى تامازدىگەر ۋاقتى ئىدى. غەرب شامىلى چىقىۋاتاتتى. توپا توزۇپ تۇراتتى. بىر توپ ژاندارما يۈزبېشى پارۇخنىڭ رەھبەرلىكىدە يېتىپ كېلىشتى. يېرىقلارغا يىغىلىۋېلىپ ئېقىپ چىقالمايۋاتقان سۇغا كۆزلىرىنى تىكىپ ساقلىشىپ تۇرغان دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە ھاۋاغا قارىتىپ ئوق ئېتىشتى. دېھقانلار بىر - بىرىگە يېپىشىۋېلىشتى. ژاندارمىلار يەنە ئوق ئېتىشنى لازىم تاپمىدى. دېھقانلارنى يىغىپ ساقچى قورۇسىغا توشقۇزدى. ئۇ يەرگىمۇ سىغىشمىدى. جامەگە توشتۇردى. ئۇ يەرگىمۇ سىغىشمىدى. چوڭ جامەگە ئېلىپ باردى ...

باشلانغۇچ مەكتەپكە، ئەرمەنلەر ئۈيۈشمىسى قورۇسىغا كىرگۈزدى. شەھەردىكى بوش قورۇلار دېھقانلار بىلەن تولۇپ تاشتى. دېھقانلارنىڭ ياشلىرىدا ژاندارمىلار قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئايىتايىتا ئاچ، ئۇسسىز قاغجىراپ تۇراتتى. ئۇسسىزلىق، ئاچلىق دەستىدىن قىيىنىلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ قېشىغا ھېچكىم يېقىنلىشىپ كېلەلمەيتتى. بىر يۇتۇم سۇ، بىر پارچە نان بېرەلمەيتتى.

شۇ ئەسنادا ئەلى سايا باي ۋالىيلىقلارغا ئۇست - ئۈستىگە خەۋەر ئەۋەتىپ تۇردى:

— بىزامنى تاشلاپ كېتىدىغان بولساڭلار سىلەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇرۇۋېتىمەن. ئۇنداق قىلمىساڭلار ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگىنىڭلار ئۈچۈن باشلىقىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، باشقىلار ئون بەش - يىگىرمە يىللىق كېسىلىدۇ.

دېھقانلار بىرتەچچە كۈن قاتتىق تۇردى، رازى بولمىدى، ئەمما ئاچلىق، ئۇسسىزلىق ئۇلارنى شۇنچىلىك قىيىندىكى، باللارنىڭ چىرقىراشلىرى، ئاياللارنىڭ ئىڭراشلىرى تاڭ ئاتقۇچە شەھەرنى بىر ئالدى. ئۇ قىيا - چىيالارغا چىدىيالمىغان شەھەرلىكلەر تاڭ سەھەردە مەھبۇسلارغا سۇ، نان ئەكىلىپ بېرىشتى.

ئوسمان چوڭ ئەلى سايانىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى.

— ئۆلسەممۇ شۇ كاپىرنىڭ ئىپلاس تەلەتىگە قارىمايمەن، — دەيتتى ئۇ.

يارىسى تېخىچە ساقايمىغان قاقىر بويۇن سەيپەلى، ئوسمان چوڭنىڭ ئوغلى ھۇسام ھەم ۋەلى ئەلى سايا باينىڭ ھويلىسىغا بېرىشتى. مۇيەتتىش بىلەن ھاكىممۇ شۇ يەردە ئىدى، قىزغىن سۆزلىشىۋاتاتتى. كەلگەنلەر بىر چەتتە تۇرغان كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قوللىرىنى تىزلىرىغا قويۇپ، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشتى، باشلىرىنى كۆتۈرمەيتتى.

— سىلەر، — دەپ سۆز باشلىدى مۇيەتتىش، — ئەلى سايا بايغا ئىنتايىن كۆپ يامانلىق قىلدىڭلار. بۇ ئادەمگە زۇلۇم



سېلىۋاتىسىلەر.

— خوش، — دەپ ئورنىدىن تۇردى سەيپەلى. ئۇنىڭ بېشى لاپاسقا تېگىپ قالدى.

— جىم! — دېدى مۇيەتتىش، — ئورنۇڭدا ئولتۇر. بۈگۈن كېچە سىلەردىن يەنە بەش كىشى ئەلى سايا باينىڭ جاگىرىسىغا ئوت قويۇۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالدى.

ئەلى سايا باي سۆزگە ئارىلاشتى:

— مۇسلۇ تەلۋە، يەنە بىرى سۆلايمان. شۇنىڭ بىلەن بەش ئادەم! بۇرادەرلەر، مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلماقچىسىلەر؟ مەن زادى سىلەرگە نېمە قىلدىم؟

سەيپەلى ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— بىزنى قويۇپ بېرىڭلار، ۋالىۋاي يېزىمىزنى تاشلاپ كېتىمىز. ئولتۇراقلىشىش باشلانغاندىن بېرى ماكانلاشقان ئانا تۇپرىقىمىزنى تاشلاپ ... قانداق قىلىمىز؟! نەقەدەر شۇنداق ئوخشايدۇ، ئانا - بوۋىلىرىمىزنىڭ زېمىنىنى ...

ئۇنىڭ ئاۋازى ماتەم قوشىقى ئېيتقاندەك چىقاتتى.

— قاچان؟ — دەپ ھاجايان بىلەن سورىدى ئەلى سايا باي.

سەيپەلى يەنە ھازىندار ئاۋاز بىلەن:

— ھازىر ئادەملىرىمىزنى قويۇپ بېرىش بىلەن تەڭلا بېشىمىزنى ئېلىپ كېتىمىز، — دېدى.

— قېنى ئۇنداق بولسا بېرىڭلار، ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ سىلەر ئازاد بولىسىلەر! — دېدى مۇيەتتىش.

كەلگەنلەر كېتىپ قېلىشتى، ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئادەملەر قويۇپ بېرىلدى.

تىللىرى تاڭلايلىرىغا چاپلاشقان ۋالىيلىقلار يېزىلىرىغا قايتىشتا ساۋۇرۇن ئۈستىگىنى بويلاپ جىمجىت مېڭىشتى. سۇ پەقەت ئامبەرى ئاركى يېزىسىغىچىلا ئېقىپ كەلگەنىدى. ئامبەرى ئاركىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا كەلگەندە سۇ «شور» قىلىپ يېرىقلارغا كىرىپ كېتەتتى.

# 55

مېگىسىدىكى سىرىق ئۇچقۇنلار كېڭەيدى، كۆپەيدى، پىل ـ پىل قىلىپ يىراقلاردىن كەلدى، تارقالدى، چەكسىز تېزلىكتە ئايلاندى. يالقۇنلاندى، ئەتراپقا چېچىلدى. كېيىنچە كۈچلۈك چاقنىدى.

قاتتىق ئىسسىق ئىدى. مەمەت قورۇپ كەتكەن جىلغىغا قارىدى. ئازراق سۇ ئېقىپ كېلىپ يىرىقلاردا توختاپ قالاتتى. «دېمەك، ۋايۋاي يىرىسىدىكىلەر كۆچۈۋېتىپتۇ ـ دە! ...» دەپ ئويلىدى. ھېلىقى پولات ئۇچقۇنلىرى يەنە كۆزلىرىگە كېلىپ ئورناشتى. كۆز قارىچۇقىغا قادىلىپ قالدى. ئوسمان چولاق، سەيران، قاقىر بويۇن سەيپەلى، چىرايلىق كۆزلۈك پەرھات موللام، جاھىل يوباز ئوغلى. قەمەر ئانا. سەلۇۋەر يەڭگە كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى ۋايۋاي يىرىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالاتتى. بەلكى خېلىدىن بېرى كېتىپ قالغاندۇ، ۋايۋاي يىرىسىنى بوشىتىپ بەرگەندۇ؟! سەيرانمۇ ئىككى كۈندىن بېرى كەلمىگەنىدى. ئاخىرقى كېلىشىدە ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى جاننى ئالىدىغان بىر خىل قايغۇدا پارقىراپ تۇراتتى. مەمەتكە بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلمىغان بولسىمۇ شۇنچىلىك ئەلەم بىلەن قارىغانىدىكى، مەمەتنىڭ يۈرىكى ـ يۈرىكىگىچە تىترەپ كەتكەنىدى. يېڭىلىش، قورقۇش تامغىسى سەيراننىڭمۇ پېشانىسىگە بېسىلغانىدى. ئۇنىمۇ ئاخىر بىر كۈنى ۋەيران قىلاتتى.

ئەلى توكۇر شۇ يەردە تۇراتتى، توكۇر پۇتىنى يىغىپ، سۆگەتنىڭ تېلىدىن ئاجايىپ بىر خىل پۇشتەك ياساۋاتاتتى. خەلىل كوسا بولسا دەريا بويىغا بېرىپ سۇلارنىڭ يىرىقلارنى تۇشتۇرۇشلىرىنى تاماشا قىلاتتى.

ئەلى بىرھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى، مەمەتنىڭ



چىرايىغا قارىدى. قاراش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇچقۇننى بايقىدى. چىرايىدىن خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، كۈلۈش بىلەن يىغلاش ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ھاۋا ئىسل ـ پال ئۆتۈپ كەتتى. مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ يەرگە باردى. ئەلىنىڭ قېشىدا تۇردى، دوستانە تەبەسسۇم بىلەن قارىدى، قولىنى مۈرىسىگە قويدى. مەلۇم ۋاقىت شۇ پېتى تۇردى. كېيىن باراڭلىققا كەتتى، بېشىغا قويغان بوغچىسىنى ئالدى. ئۈستىدىكى چاپان ۋە شالۋۇرىنى سالدى، بىر چەتكە قويدى. ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك تېزلىكتە كىيدى. تاپانچىسىنى، خەنجىرىنى، دۇربۇنىنى ئاستى. ئوقدانلىرىنى باغلىدى. مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئارتتى، ئۈستىگە ماراش پەرىجىسىنى كىيدى. قىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ چىققاندىن كېيىن پەرىجىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سالدى. پايپاقلىرىنى تىزىغىچە تارتتى. پايپىقىنىڭ بېشى سەل قورۇلۇپ قالغانلىقىدىن پۇتىنى قىستاپ قويدى، بىراق كېڭىيىپ كېتەتتى. ھازىرقى قىياپىتى چوقۇر ئوۋغا كەلگەن ۋاقتىدىكى قىياپىتىنىڭ ئەينى ئىدى.

ئەلى توكۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، كۆزلىرىدىكى ئۇچقۇن تېخىمۇ پارقىراپ كەتكەنىدى. مېگىسىدىكى سىرىق ئۇچقۇن سەلدەك ئاقاتتى، چوڭقۇرلارنى تولدۇراتتى، نۇر چاچاتتى.

— مەندەك قول سەندەك غوجايىنغا شۇنى دەپ قويسۇنكى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئەلى توكۇر، — ھەمزە مەيلى ئامان قالسۇن، مەيلى مىڭ يىل ياشىسۇن، بۇ قورقۇش ھەمزىنى تىنچ ياشاتمايدۇ، ئۇنى يوق قىلىۋېتىدۇ. مۇنداق قورقۇش قانداقلا ئادەمنىڭ قېنىغا ئارىلىشىپ، يۈرىكىگە ئورنىشىپ قالسا، ئۇ ئادەمنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. بۇرادەر. ساڭا دەپ قوياي، ھەمزە تاغۇتاشتىن، ئۇچار قاناتتىن قورقىدۇ. ئاسماندا بىر قۇشنىڭ قانىتىنى كۆرۈپ قالسا، ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىنى ئاڭلاپ قالسىلا

مەمەت كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇراتتى ۋە ۋارقىرىغان پېتى ئاشقىرىغا چىقاتتى. ئاخىر ئۆيلەرگە، تاملارنىڭ ئىچىگە، يېزىغا سىغماي قالدى. تاغلارغا چىقىپ كەتتى. ھەر كۈنى بۇ ئۆڭكۈردە، بىر غاردا يوشۇرۇناتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ جايىغا مۆكۈنەتتى. يېمەي ـ ئىچمەي، ئۇخلىماي تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇراتتى، «كېلىۋاتىدۇ، ئەلى مېنى قۇتۇلدۇرغىن، ئۇ كېلىۋاتىدۇ» دەپ يارلىق كۈچى بىلەن ۋارقىرايتتى. ماڭا ئېسىلاتتى. ئەنە شۇنداق. ئەلى تېغىدا بىرمۇ غارنى قويماستىن ئايلىنىپ چىقتۇق. سىپىنىڭ چۇقۇر ئۇۋاغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىر پادىچىدىن ئاڭلىغان چاغدىكى ھالىتىنى زادىلا تەرىپلەپ بېرەلمەيمەن. شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، تىل بىلەن سۆزلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ھەقىقەتەن ھەمزەگە ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

— ھەمزەگە ئىچىڭ ئاغرىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— خۇدا ھەققى، ئىچىم ئاغرىدى، — دېدى ئەلى توكۇر، — تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا: ئۇ چۇقۇر ئۇۋادىن ساق چىقمايدۇ، چۇقۇر ئۇۋا قاراقچىنىڭ ئۆلۈم تۇزىقىدۇر. قۇتۇلۇپ چىققان ھالەتتىمۇ يېرىم جان چىقىدۇ. بۇ يەردە مېنىڭ قولۇمغا چۈشىدۇ، مەن مەمەت ئاۋاققا ھېچ نەرسە قىلمايمەن، جىنىمنى پىدا قىلىمەن، ئىككى يېزامنى بېرىمەن، ئۇمۇ مېنىڭ قېنىمدىن كېچىدۇ، دەيتتى. ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، بېشىنى ياستۇققا قويار ـ قويمايلا ئۇخلاپ كەتتى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئويغانمىدى. ئويغىنىشى بىلەنلا مېنى چاقىردى. «ئەلى، تېز بول، ئېتىمنى مىنگىن، ھازىرلا چۇقۇر ئۇۋاغا بارغىن. ئەلى ساپا بايغا، ياروخ يۈزبېشىغا ياردەم قىل. سەن بولمىساڭ چۇقۇر ئۇۋادا ئۇنىڭ ئىزىنى ھېچكىم تاپالمايدۇ ... مەمەت ئاۋاقنى، ئۇ شەيتاننى...» دېدى. ئاتقا مىندىم، چۇقۇر ئۇۋاغا كەلدىم، ئەلى ساپا باينىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. «ھەمزە ئاغا سالام دېدۇ، مۇبارەك قوللىرىڭىزنى



سۆيىدۇ» دەپ ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردىم. ئەلى ساپا باي مېنى ياقتۇرۇپ قالدى، نەچچە كۈن قېشىدىن ئايرىمىدى. پادىشاھلاردەك مېھمان قىلدى. ماڭا ئىز قوغلاشنىڭ سىرىنى سۆزلەتكۈزدى. ئاخىر مەن ئۇنىڭغا: «باي ئاغا، مەن بۇ يەرگە ۋەزىپە بىلەن كەلدىم. ئەمدى كېتەي، شۇ ھارامزادە مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىزىنى تاپاي، سىلەرگە شۇ ئۆلۈم كەلمەيدىغاننى تۇتۇپ بېرەي، ئۇ ساق بولسىلا بىزگە خاتىرجەملىك يوق» دېدىم. بۇ يەردە سىز ئەپەندىمگە دېسەم: شۇ مەمەت ئاۋاق دېگەن رەزىلنىڭ ئىزىنى قوغلىدىم ۋە تاپتىم.

مەمەتنىڭ چىرايىنى ئەلى ھېچقاچان مۇنداق ئېچىنىشلىق، مۇنداق جىددىي كۆرمىگەنىدى. كۆزلىرىگە قادىلىپ قالغان پولات ئۇچقۇنلىرىنىمۇ ھازىرقىدەك كۆرمىگەنىدى.

ئامازدىگەردىن ئۆتكەنىدى. يىراقتا، جەنۇبتا — ئاق دېڭىزنىڭ ئۈستىگە ئاق پەلەكتەك بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلەتتى، كۆككە قاراپ ئۆرلەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن غەرب شامىلى چىقتى، ئەتراپ سالقىنلىدى. شامال بىردەم توختاپ، يەنە بىردەم چىقىشقا باشلىدى، يەنە توختاپ قالدى. كېيىنچە پەلەكتەك بۇلۇتلار خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۆرلىگەنسېرى پارقىرايتتى، چوڭىيىپ باراتتى.

بىردىنلا غەرب شامىلى كۈچەيدى، توپا ـ چاڭ تۇزۇتتى، توپىلار ھەممە يەرنى قاپلىدى، جەنۇبتىن توروس تاغلىرىغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. مەمەت ئەلى توكۇرنىڭ قولىنى تۇتتى، كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى ۋە جىم تۇردى.

— ياخشى، — دېدى ئەلى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ.

— مەن ۋايۋاي يېزىسىغا بېرىپ باقاي ... — دېدى مەمەت.

— ئۇنداق بولسا سېنى شەھەر سىرتىدا ساقلايمەن، — دېدى ئەلى توكۇر، — ماڭا قارا، ئوبدان ئاڭلا، شەھەر سىرتىدىكى قورۇق ئۈستىگە بىلەمسەن؟

— بىلمەن.

— يولنىڭ ئولۇق چېتىدىن ئۆستەڭنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشسەڭ يوغان بىر توپ قارىغاي بار. ئۇنىڭ تۆۋىدە مازار بار. بۇ دەرەخ توپ قاراڭغۇدىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سېنى شۇ دەرەخنىڭ تۆۋىدە كۈتىمەن.

مەمەت يايداق ئاتقا مىندى. خەلىلنىڭ خېلى كۈندىن بېرى ئۆرۈپ توقۇغان چۇلۇۋۇرنى تارتتى.

خەلىل كوسا ئۆيىگە ياتقاندى. يېرىقلارغا تۇشۇپ كەتكەن سۇغا قارايتتى.

— خەلىل، مەندىن رازى بول! — دېدى مەمەت ۋە ئېتىنى چاپتۇردى، قوغۇنلۇقتىن چىقىپ كەتتى، تويا - تۇمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئاتنىڭ بېشىنى ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا قايرىدى.

ئوسمان چولاق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ ياتقانىدى. ئورنىنى ئۆيگە ئەمەس، يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتقا سېلىپ بەرگەنىدى. قەمەر ئانا بىلەن سەيران ئۇنىڭ بېشىدا ساقلىشىپ ئولتۇراتتى. ئوسمان چولاقنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى باشقا بىر كارىۋاتتا سەيپەلى ياتاتتى ... چىنارنىڭ ئاستىغا ئۆتكەن قېتىم ئوتتۇلغان مۇسلۇم ئەلۋىنىڭ ئانىسى بىلەن سەيراننىڭمۇ ئانىسى كەلگەنىدى. يېزىدا يوللاردىن باشقا ھېچكىم قالمىغان، دېھقانلار ئارقىلىرىغا قارايمۇ قويماستىن بېشى قايغان تەرەپكە كېتىشكەنىدى.

سەيپەلى: «كەتمەيمەن، زادىلا كەتمەيمەن، ئانا تۇپراقىمدا ئۆلىمەن، باشقا يەردە ئۆلۈپ قېلىشتىن قورقىمەن» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالغانىدى. خوتۇنىمۇ، بالىلىرىمۇ ئۇنى مۇشۇنداق ئاغرىق پېتى تاشلاپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تاغلىقلار — سەيراننىڭ قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى ئۆيلىرىدىن چىقماي ئولتۇرۇۋالغان. پەرھات



مولللامىننىڭ خوتۇنىمۇ ئۇلارنىڭ قېشىدا قالغانىدى.

مەمەت ئاتتىن چۈشتى، ئوسمان چولاققا قاراپ ماڭدى. ئوسمان چولاق ئۇنى كۆرۈش بىلەن بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، ئۇنىڭغا قارىدى. كېيىن بېشىنى يەنە ياستۇققا قويدى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

ئۇنىڭ يۈزى سولغان بولۇپ، تېرىسىمۇ كۆپ قورۇق چۈشكەنىدى. يۈزى قورۇلۇپ كەتكەچكە كۆزلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. مەمەت يېنىغا كەلدى، قوللىرىنى تۇتتى، ئالقىنىغا ئېلىپ سىلىدى. ئوسمان چولاق كۆزلىرىنى ئەستە ئاچتى، مەمەتكە قارىدى. مەمەت ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كەچۈرگۈسىز بىر خاپىلىقنى سەزدى:

— قانداق ئەھۋالىڭ، تاغا؟ ئاللا شىپالىق بەرسۇن، — دېدى بوغۇق ئاۋازدا.

ئوسمان چولاق جاۋاب بەرمىدى. مەمەت ساقلاپ تۇردى، خېلى ساقلىدى، ئوسمان چولاقتىن سادا چىقمىدى.

— قانداق ئەھۋالىڭ دەۋاتىمەن، ئوسمان تاغا.

ئوسمان چولاق يەنىلا جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن قەمەر ئانا ئارىغا كىردى:

— ئوسمان، ھوي ئوسمان، قارىغىنا، مەمەت سېنى يوقلاپ كەپتۇ، بۇ بالا كەتمەكچى، سەندىن ئەھۋال سوراۋاتىدۇ.

ئوسمان چولاق كۆزلىرىنى ئاچتى، مەمەتنىڭ چىرايىغا قارىدى، تىكىلىپلا قالدى. بىر ھازادىن كېيىن بىلىنەر - بىلىنمەس ئاۋازدا:

— قېرىپ قالدىم، ئاۋۇقىم، قېرىلىق يەتتى، ھېرىپ قالدىم، مەمىتىم، ھاردۇق يەتتى، يىڭىلدىم، ئوغلۇم، يىڭىلدىم ... — دېدى.

كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. مەمەت ئوسمان چولاقنىڭ ئۆزىگە قاتتىق خاپا بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئەگەر خاپا بولمىغان بولسىدى، ئۇنى شۇڭقارىم دېگەن بولاتتى.

مەمەت سەيپەلنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭدىنمۇ ئەھۋال سورىدى. سەيپەلنىڭ ئۇزۇن بويىنى تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەن، يۈز ـ كۆزىنى يارا باسقان، ئىششىپ ـ كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

مەمەت ئورنىدىن تۇردى، بوشاپ قالغان، جىمجىت يېزىغا كۆز يۈگۈرتتى. كـۆزى سەيرانغا چۈشتى. يەنە ئوسمان چوڭنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ئالىقىنىغا ئالدى، سىلىدى، سۆيدى. يىغلامسىرىغان، بوغۇلغان ئاۋازدا:

— ئوسمان ئاغا، مەندىن رازى بول ! — دېدى.

ئوسمان چوڭنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. مەمەت قەمەر ئانىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيدى. قەمەر ئانىمۇ ئۇنى قۇچاقلاپ بويىندىن سۆيدى.

مەمەت شۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن سەيراننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ سەيراننىڭ يۈزىگە قارىيالمايتتى. سەيراننىڭ سائىگىلاپ تۇرغان ئوڭ قولىنى ئاستاغىنا تۇتتى ۋە سىقىپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستاغىنا، رەنجىتىپ قويۇشتىن قورققاندەك قىلىپ قۇچاقلىدى. بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئېتىغا مىندى، چاپتۇردى. توپا ـ چاڭ بۇلۇتىنىڭ ئىچىدە ئاتنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ يېزىدىن چىقىپ كەتتى. سەيران ئۇنىڭغا خوش ياكى ئاقيوللۇق بول دېيەلمىدى، ئارقىسىدىن قارىيالمىدى، يىغلىيالمىدى، كۈلەلمىدى. شۇ بويغان ئۆجمە دەرىخىنىڭ يېنىدا، كۆز نۇرى ئاستىدا قېتىپلا قالدى.

مەمەت شەھەر چېتىدىكى قارىغاينىڭ قېشىغا بارغاندا كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەلى توكۇر ئۇنىڭ قارىسىنى خېلى يىراقتىن كۆرگەن ۋە ئالدىغا چىققانىدى.

— ئەلى ! — دېدى مەمەت.

— ھە، بۇ مەن ! — دېدى ئەلى.

مەمەت ئاتنىڭ بېشىنى تارتتى.

— ئەمدى بارىمىز، باي ئۆيىدە، ئۆيدە بولمىسا، يوقىرىغا



چىقىپ مېنى تۇرسۇن دۇرمۇش ئەۋەتتى دەيسەن، ئۇنتۇپ قالما ! تۇرسۇن دۇرمۇش جۇمۇ ! — دېدى ئەلى.

— ئۇنتۇمايمەن، بىلىمەن، — دېدى مەمەت.

— سېنىڭدىن زادىلا گۇمانلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ قېشىغا ھەر كۈنى سەندەك قوراللىق كىشىلەر كۆپلەپ كېلىپ ـ كېتىدۇ.

شەھەرنىڭ چىراغىسىز، قاراڭغۇ كوچىلىرىدىن ئۆتۈشتى. ئېگىز تاملىق قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشتى. دەرۋازا يوغان، ئۇيمىلىق ئىدى. ئەلى ئاتتىن چۈشتى. دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا غىچىرلىدى. مەمەت ئاتنى ئىچكىرىگە ھەيدەپ كىرىپ ئاتتىن چۈشتى.

ئەلى ئاتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا سەل نېرىدىكى پەلەمپەينى كۆرسەتتى. مەمەت پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، ئىشىكنى قاقتى. ئىچكىرىدىن بىر ئايال:

— كىم؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مەن، جاڭزىدىن كەلدىم. تۇرسۇن دۇرمۇش ئاغام ئەۋەتتى. باي ئۆيىدىمۇ؟ — دەپ خاتىرجەم جاۋاب بەردى مەمەت.

— بىر ئادەم كەلدى، جاڭزىدىن كەپتۇ، تۇرسۇن دورمۇش ئەۋەتىپتۇ، — دەپ ئىچكىرىگە، بايغا خەۋەر بەردى.

مەمەت باينىڭ «ئۇ ئادەمنى ئىچكىرىگە كىرگۈزگىن !» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. دەسلەپ ئۆزىدىكى خاتىرجەملىكنى يوقىتىپ يۈرىكى سىلىشقا باشلىدى. باي ئورنىدا ياتاتتى، قولىدا بىر گېزىت بار ئىدى. مەمەت ئىچكىرىگە كىرىش بىلەن ئىشىكنى ئاستا ياپتى. باي گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— نېمە ئىش، يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ پەرۋاسىزلارچە سورىدى.

— بۇ مەن. ئىسمىم مەمەت ئاۋاق ! — دېدى بىردىنلا تۇم، ئىسيانكار بىر ئاۋازدا، — مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

ئەلى سايا باينىڭ قولىدىكى گېزىت چۈشۈپ كەتتى. ئورنىدا ياتقۇ پېتىپلا قالدى، يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى، كۆزلىرىنىڭ

قارىسىمۇ ئاقاردى، كالپۇكلىرى تىترىدى، ئاغزىنى بىرنەچچە قېتىم ئاچتى، ياپالمىدى، ئاۋازى چىقمىدى.

مەمەت قولىدىكى مىلتىقنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى. ئۈچ پاي ئوق ئاتتى، ئوقلارنىڭ شامىلىدىن ئۆيدىكى لامپا ئۆچۈپ قالدى. شۇ زامان مېھمانخانىنىڭ ئىچىدە قىيامەت باشلاندى. مەمەت پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈپ، ئەلى تۆتۈپ تۇرغان ئاتنى ئالدى، مىندى، چاپتۇرغان پېتى شەھەردىن چىقتى. بىر مەزگىل چاپقاندىن كېيىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، شەھەر ئىچىگە قولاق سالدى. شەھەردىن ئېچىنىشلىق پەريادتىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، يا بىر پاي ئوق ئاۋازى ياكى باشقا بىر ئاۋاز كەلمەيتتى. ئېتىنى قايتىدىن چاپتۇردى.

كۈن چىققان چاغدا دەڭگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىغا كىردى. توپتوغرا ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئىشىكتە توختىدى.

— ھەمزە ئاغا! ھوي ھەمزە ئاغا! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ھەمزە سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى، مەمەتنىڭ قېشىغا كەلدى. مەمەت تاپانچىسىنى چىقىرىپ سىلىق ئاۋازدا:

— ئالدىمغا چۈش! — دېدى.

ھەمزە تۇرۇپ قالدى. بىرھازا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئات ئۈستىدىكى ئادەمگە قارىدى، ئۇنى تونۇدى. كېيىن يېزىنىڭ ئىچىگە قاراپ: «ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ئۆلتۈردى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇ چەتتىن — بۇ چەتكە يۈگۈرۈيتتى، بېشىنى ئۇ ئىشىكتىن — بۇ ئىشىككە ئۇراتتى. ئىشىكلەر ئېچىلمايتتى، مەمەتمۇ سەل نېرىدا ئات ئۈستىدە ئۇنى تاماشا قىلاتتى. ھەمزە چىرقىراپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈم يورىتىدەك مەلۇم ۋاقىت بارلىق كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ، بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ دېگەندەك يېزىدىكى ھەممە ئىشىكنى ئۇرۇپ چىقتى:

— ئۆلتۈرۈشىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. ۋاي سادىغاڭ كېتەيلەر، ئۆلتۈرىدۇ، — دەپ نالە قىلدى.

ئۇز ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىمۇ باردى، يالۋۇردى. ئۇز



ئۆيىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىك ئىدى، ئېچىلمىدى.

چاچلىرىغىچە تەرلەپ كەتكەن، ئەسەبىيلىشىپ كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالماس بولۇپ قالغان ھەمزە بېشى كېسىلگەن توخۇدەك تېپىرلىغان ھالدا ئۇ يەردىن — بۇ يەرگە يۈگۈرۈيتتى، بىئارام بولاتتى. بىر قېتىم بارغان ئىشىككە يەنە بىر قېتىم باراتتى. چۈشكۈن، تۈگەشكەن ھالەتتە يېزىنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ يۈرەتتى. بىردىنلا توختاپ قالدى، سەل ئويلاندى، كېيىن بارلىق كۈچىنى توپلاپ يېزىنىڭ سىرتىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. يېزىدىن چىققۇچە بەلكى ئون قېتىم موللاق ئېتىپ چۈشكەندۇ، يىقىلاتتى، يەنە قوپاتتى.

مەمەت ئەپتىنى بۇزماستىن ئۇتتۇرىدىكى مۇساپىنى بىر خىل قويۇپ، ئۇ تېزلىسە ئېتىنى تېزلىتەتتى، ئاستا ماڭسا ئاستىلىتاتتى. مانا شۇ پېتى ھەمزە ئالدىدا، مەمەت ئارقىدا يېزا ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىشتى. ھەمزە يەنە توختىدى، يورۇلدى. ئۆلۈك كۆزلىرى بىلەن مەمەتكە قارىدى، يەنە سارائىلاردەك يۈگۈرۈشكە باشلىدى. يېزىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ئىككى — ئۈچ قەدەمدە بىر يىقىلىپ چۈشەتتى. توپىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى، يەنە مىڭ تەسلىكتە تۇراتتى، قېچىشقا تىرىشاتتى، مەمەت ئۇنى يەنىلا قوغلا — قوغلا يېزا مەيدانىغىچە ئەكەلدى.

— شۇ يەردە توختا! — دەپ ۋارقىرىدى مەمەت.

ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. ھېچقانداق جانلىق مەخلۇق كۆرۈنمەيتتى. يا مۈشۈك، يا ئىت ياكى باشقا جانلىق ... ھەتتا ئاسماندا بىر قۇشمۇ ئۇچمايتتى.

ھەمزە ئاخىرقى كۈچىنى توپلاپ:

— تېز كېلىڭلار! ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ! — دەپ يەنە ۋارقىرىدى. كېيىن تۇرغان يېرىدە توختاپ قالدى. ئۆلۈك — سولغۇن ئىرغاڭلايتتى، يوپيۇرماقتەك تىترەيتتى. چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ:

— مېنى ئۆلتۈرمىگىن، ئەپەندىم، شۇ بەش يېزىنىڭ

ھەممىسىنى ساڭا بېرەي، خۇدا يولىدا رەھىم قىلغىن! — دېدى.

سۆزىنىڭ ئاخىرى ئاغزىدا قالدى. مەمەت ئۇنىڭ مېڭىسىگە تاپانچىسىنىڭ ئوقلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. ھەمزەنىڭ شۇ زامان جېنى چىقمىدى. تويىنى سىقىملاپ، يەرلەرنى تاتىلاپ ئىڭرىنايتتى، جان تالىشىپ تولغىناتتى.

مەمەت مۆرىسىدىكى مىلتىقنى ئاستا قولىغا ئالدى، بەتلىدى، ھەمزەنىڭ ئۈستىگە چاچما ئوقلا چىچىلدى. ھەمزە ياتقان يېرىدە دۈم بولدى. مەمەت ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى، يەنە مىلتىقىغا ئوق سېلىپ قاپقارا تۈگۈلۈپ قالغان جەسەت ئۈستىگە ئاتاتتى، ئۆلۈكنىڭ ئەتراپىدا سارائىلاردەك ئات چاپتۇراتتى، كېلەتتى، كېتەتتى. ئاچچىقى چىقمايتتى، يەنە ئوق يامغۇرىغا تۇتاتتى.

سىرتتىن مەمەتكە قاراپ تۇرغانلار ئۇنى ئاجايىپ بىر خىل قەدىمكى ئات ئويۇنىنى ئويناۋاتىدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى.

مەمەت ئاخىر ھېرىپ كەتتى. ئات ئۈستىدە، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆلۈكنىڭ بېشىدا تىك تۇردى. تەرلىرى چاچلىرىدىن چىپىلداپ ئاتنىڭ بويىنىغا تاماتتى. دۈمبىسىدىن چىققان تەر پەرىجىسىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئاتمۇ كۆپۈك ئىچىدە قالغان، تېخىمۇ قاپقارا تۈسكە كىرگەن، خۇددى كۆمۈر قارىسىدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

دېھقانلار بىرنەچچە قېتىم ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىدىن، پەنجىرىلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ يەنە تارتىۋېلىشتى. ئۇنى ئات ئۈستىدە تىك ئولتۇرغان قىيادەك ھالەتتە كۆرۈشتى.

تورۇق ئات شامال ساندۇقىدەك نەپەس ئالاتتى. ئۈستىدىكى مەمەت بولسا راۋۇرۇس، مىدىرلىماستىن ئولتۇراتتى.

كۈن تېرەك بويى ئۆرلىدى. قارا كوكۇلىسى، يۈزى چىپ - چىپ تەرگە چۆمگەن مەمەتنى كۆپۈكلەنگەن ئۇزۇن بويۇنلۇق، يوغان كۆزلۈك تورۇق ئېتى ئاپتاپتا قويدى. كۆلەڭگىلەر سۈرۈلدى. يېزىدىن سادا چىقمايتتى، ئۇچقان چىۋىننىڭ ئۈنى



ئاڭلىناتتى. ھەممە ياق جىمجىت. بۇ يېزا بەرپا بولغاندىن بېرى ھېچقانداق جانلىق بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغاندەك تۇراتتى. ئەتراپ تىمتاس. بىرى، تورۇق ئات، ئات ئۈستىدىكى مەمەت، يەنە بىرى، يەردە تۈگۈلۈپ قاپقارا ياتقان جەسەت ... دۇنيا بوشاپ قالغان، باشقىچە تۈس ئالغان. ھەتتا قۇشمۇ ئۇچمايتتى، ھەرىمۇ غوڭۇلدىمايتتى. نېرىدا پارقىراپ تۇرغان كۆپكۆك دىكەنلى تۈزلەڭلىكى. بۇ تۈزلەڭ بوپبوزۇق. بارغانسېرى گۈزەللىشىپ كەتكەن تورۇق ئاتنىڭ ساغرىسىغا نۇرلار ۋال - ۋال قىلىپ چۈشەتتى ...

مەمەت ئات ئۈستىدە قېتىپ قالغان. كۆزلىرى يېزىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىنى بۈركۈتتەك كۆزىتەتتى. بوش قالغان مەيدانلاردىن بىرەر قىمىرلاش ۋە بىرەر ئاۋاز ئىزدەيتتى. بىر ئىشىك، بەش ئىشىك، ئون ئىشىك ئېچىلىدۇ، يېزىدىكى ھەممە ئىشىك ئېچىلىدۇ، ئادەملەر بىردەمدىن كېيىن شۇ مەيداندا ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ، دەپ ئويلايتتى. مەمەت نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇشنى كۈتىدۇ؟ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، بىراق يەنىلا كۈتەتتى.

ئۇزاققىچە ساقلاپ تۇردى. يېزا تېخىمۇ تىمتاس بولۇپ كەتتى، تېخىمۇ بوشاپ قالدى، كەلگەن - كەتكەنلەردىن ئەسەر يوق ئىدى. مەمەت تىرىك قىلغان بىرەر ئاۋازغا تەشنا ئىدى. بىردىنلا، يىراقلاردىن ئاستا كېلىۋاتقان بىر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ سەسكەندى. بېشىنى يانغا بۇراش بىلەن ياسانغان، ئاق ياغلىق سالغان، ھالقا، مارجان ۋە زۇننارىنى تاقىغان، ھەر خىل رەڭدىكى تىرايلوس بەلبېغىنى بېلىگە چىرايلىق چىگكەن ھالدا يۇقىرىدىن كېلىۋاتقان ھۆرى ئانىنى كۆردى. مەمەت ئېتىنىڭ بېشىنى ئۇ كېلىۋاتقان تەرەپكە بۇراپ چاپتى. ئۇلار ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ قېلىشتى. مەمەتنىڭ چىرايى ئېچىلدى، كۈلۈمسىرىدى. يەردە ياتقان ئۆلۈككە قاراپ قويۇشتى، ھۆرى ئانىمۇ كۈلۈمسىرىدى، ھەر ئىككىسى يېزىنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. كېلىپ ئۆلۈكنىڭ يېنىدا تۇرۇشتى. ئۆلۈكنىڭ يېنىدىكى

ئۆرەككە قان توشۇپ ئۇيۇپ قالغان. بۇ قانغا يوغان بىر يېشىل چىۋىن قونۇۋالغانىدى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. مەمەت ھۆرى ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئانا، جېنىم ئانا، ھۆرى ئانا، مەندىن رازى بول!

ئۇنىڭدىن باشقا سۆز قىلالمىدى. ھۆرى ئانىمۇ سۆز قىلالمىدى. ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتتى. ئەلى تېغىغا قاراپ بۇرۇلدى، چېپىپ كەتتى. تورۇق ئات ئۇچقاندەك يېزىدىن چىقتى. ئەلى تېغىغا قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى، بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى.

ھەمزىنىڭ ئۆلۈكى ياتقان يېرىدە ئىككى كۈن شۇ پېتى تۇردى. دېھقانلار ئۆيلىرىدىن چىقىشمىدى. بەزى بەك قىزىقسىنىپ كەتكەنلەر باشلىرىنى ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىرىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقان ئۆلۈكنى كۆرەلىگەنچە كۆرۈپ، باشلىرىنى شۇ زامان تارتىۋېلىشتى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە پانجار ھۇسۇك قولىغا بىر ئارغامچىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقتى، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. ئارغامچىدا ئۆلۈكنىڭ پۇتىنى باغلىدى. ئۆلۈكنى يېزىنىڭ سىرتىغا سۆرىدى، يىراق بىر يەرگە ئاپاردى، چولاقنىڭ تۈگمىنىنىڭ ئاستىدىكى ياردىن تۆۋەنگە دومىلاتتى:

— ئۆزۈڭگە لايىق جاجاڭنى تارتتىڭ، ئىپلاس! — دېدى ۋە كۈلۈپ كەتتى، — كايىر تاز، مانا ئىزدىگىنىڭنى تاپتىڭ! ماڭ ئەمدى، بېرىپ تاز قوزغۇنلارغا يەم بول!

شۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار مەلۇم ۋاقىت ھېچ نەرسە قىلماستىن، قوللىرىنى سوغۇق سۇغا تىقماستىن، بىر - بىرى بىلەن سۆزلەشمەستىن قورقۇپ، يېزىنىڭ ئىچىدە بىكارچىلىق، ھورۇنلۇق بىلەن قوللىرىنى سېلىپ ئىلىنىپ يۈرۈشەتتى ...

بىر كۈنى ئۇلار ئاستا بېرىپ ھەمزە تازنىڭ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشتى. ھەمزىنىڭ خوتۇنلىرى



ئاغزىلىرىنى ئاچماستىن، ئىشىكنى ئېچىۋاتقان دېھقانلارغا يىراقتىن پەرۋاسىزلارچە قاراپ تۇرۇشتى. ئامبار كوزا - كوزىدا ماي، ھەسەل، شېكەر، ساندۇق - ساندۇق قۇرۇق ئۈزۈم، بادام، ياڭاق ۋە ئەنجۈر، ئۈجمە، ئامۇت، ئالما قاقلىرى، تاتلىق كاۋىلار بىلەن لىق تولغانىدى. بۇ نەرسىلەرنى ھەممە دېھقاننىڭ كۆز ئالدىدا ھېچقانداق تالاش - تارتىش قىلماستىن قېرىنداشلارچە بۆلۈشتى. بىر بۆلىكىنى ھەمزىنىڭ خوتۇنلىرىغا ئايرىپ: «بۇ سىلەرنىڭ ھەققىڭلار» دېيىشتى. ئامباردىكى نەرسىلەرنى بۆلۈشۈپ بولۇپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ھەمزىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلىشىپ، ئۇنىڭ خوتۇنلىرىدىن پۇللارنى سورىدى. خوتۇنلىرىدىن بىرى ئاغزىغىچە لىق تولغان بىر پۇل خالتىسىنى ئاچىقىپ ئۇلارغا بەردى. ئۇنىمۇ ئولتۇرۇشۇپ چىرايلىق بۆلۈشتى، ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىپ ھەمزىنىڭ خوتۇنلىرىغا بېرىشتى. كېيىنچە ھەمزە تاز ساتالمىغان ئېتىنى، ئېشىكىنى، ئۆچكىسىنى، ئۆكۈزلىرىنى، ئىنەكلىرىنى ھەمزىنىڭ ئېغىلىدىن ئاچىقىشتى ۋە ئۆيلىرىگە ئەكېتىشتى. ئاخىر، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇغداي، ئارپا، تېرىقلار بىلەن توشقۇزۇلغان ئاشلىق ئامبىرىنى ئېچىپ، ئۇنىمۇ قېرىنداشلارچە بۆلۈشۈۋېلىشتى. ئۇنىڭدىن ھەم بىر قىسمىنى ئايرىپ ھەمزىنىڭ خوتۇنلىرىغا بېرىشتى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جىمجىت، سەل قورقۇپراق، ئارتىنىپراق، سەل - پەل ئىززا تارتىپراق، ئۈن چىقارماستىن چىرايلىق تۈگەتتى.

كۈز كەلدى. ھېچكىمدە بىرەر ھەرىكەت كۆرۈلمىدى. سوغۇق شاماللار باشلاندى، كۆلەڭگىلەر يېيىلىپ يوقالدى. چېقىر تىكەنلەر قۇرۇدى، چاراسلىدى. يەنىلا ھېچكىم قىمىرلىمىدى. قوش ھەيدەش ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى. دېھقانلار يەنىلا قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ، كېرىلىپ، بىر - بىرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، يېزىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىشىپ يۈرۈشەتتى. ئەگەر ئابدال

ئوغلى بايرامنىڭ تاڭ ناغرىسى چېلىنمىغان بولسا بۇ ئەھۋال داۋام قىلغان بولاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەن، تېخى كۈن چىقمىغانىدى. يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر خىل تاڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ناغرا ئاستا، ئىنچىكىلىك، تەسىرلىك چېلىناتتى.

ناغرىچىنىڭ دەل ئابدال ئوغلى بايرام ئىكەنلىكىنى شۇ زامان بىلىۋېلىشتى. سۇنايىنى ئوغلى جۇمەك چېلىۋاتاتتى. ئۇنىمۇ بىلىۋېلىشتى. چۈنكى، توروستا ھېچقانداق ئابدال مۇنداق ناغرا چالالمايتتى.

ئابدال ئوغلى بايرام ناغرىنى ئوغلى بىلەن بىللە چالاتتى، ياتاتتى، تۇراتتى، سەكرەيتتى، تولغىناتتى، ۋارقىرايتتى، ئايلىناتتى، ئوينايتتى، ئۆزىنى ئىنتايىن قىزغىن، جۇشقۇنلۇق ئىچىگە غەرق قىلىپ خۇشاللىق بورىنىدەك يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاماشا كۆرسىتەتتى. ئابدال ئوغلى بايرام ئېسىنى بىلگەندىن بېرى بۇ خىل جۇشقۇنلۇق ئىچىگە چۈشمىگەنىدى.

چاشكا ۋاقتىدا دېھقانلار بىر - بىرلەپ مەيدانغا كېلىشتى. پاك - پاكىز يۇيۇنۇپ - تارانغان، ئاق چىرايلىق بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشكەنىدى.

قېرى ئاياللار سۈتتەك ئاق ياغلىقلارنى سالغان، ياش قىزلار قىزىل - يېشىل ياغلىقلار سالغان ۋە ئالىيېشىل، كۆك رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشكەنىدى. ھۆرى ئانا بۈگۈن گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدىكى، شۇنچە ئادەم ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

دېھقانلار كەلدى، توپلاندى. يېزىنىڭ چوڭ مەيدانىغا توشۇپ كەتتى. مەيداندا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن يىڭنە تاشلىسا يەرگە چۈشمىگۈدەك دەرىجىدە ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن كۆپچىلىك بايرام بىلەن جۇمەكنىڭ ئويۇنلىرىغا قېتىلدى. مەيداندا زور خۇشاللىق تەنتەنىسى ئىچىدە پىرقىرىشىپ ئويناشتى. ئاخىر ئوينا - ئوينا چېقىرتىكەنلىككە قاراپ مېڭىشتى.



بايرامنىڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازىنى ئېرىقى دىكەنلى تۆزلەڭلىكنىڭ دېھقانلىرىمۇ ئاڭلىدى ۋە ئۇ يەرلەردىمۇ ناغرا - دۇمباقلار چېلىندى. ئۇلارمۇ چېقىرتىكەنلىككە قاراپ ئېقىشتى. بەش يېزىنىڭ پۈتكۈل دېھقانلىرى يولغا چىقىشتى. شەرقتە چېقىرتىكەنلىكنىڭ باش تەرىپىدە — ئەلى تېغىنىڭ ئېتىكىدە بىرلەشتى. ياش يىگىتلەر چالغىلىرىنى كۆتۈرۈپ چېقىرتىكەنلەرنى ئورۇشتى، ياش قىزلار ئورۇلغان چېقىرتىكەنلەرنى تويلىدى. تاغدەك دۆۋىلىدى. بايرام قولىدىكى ناغرىسى بىلەن بىر دۆۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ھازىرغىچە دېھقانلار كۆرۈپ باقمىغان بىر ئويۇننى باشلىدى. بىر ئۆزىرايتتى، بىر قىسقىرايتتى، بىردەم پىرقىرايتتى، بىردەم قوللىرىنى ئېگىپ بىر خىل قەدىمكى زامان ئويۇننى ئوينايتتى. ئۇ ئويناۋاتقاندا دېھقانلار ئۇنىڭ بىر ئىشارىتى بىلەن ئاستىدىكى دۆۋىگە ئوت ياقتى. بايرام مەلۇم ۋاقىت يالقۇنلار ئىچىدە يالقۇن بىلەن تەڭ ئوينىدى. دولقۇنلاندى، ئۇچتى، كېيىن ئوت ئىچىدىن تىك مېڭىپ چىقتى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدى. يالقۇنلار تىككەن دۆۋىلىرىدىن تۆزلەڭلىككە يېيىلدى. قۇرۇپ كەتكەن چېقىرتىكەنلىك تۆزلەڭلىكى بىردەمنىڭ ئىچىدە باشتىن - ئاياغ ئوتقا يۈركەندى. شۇ چاغدا شامال چىقتى. ئوت ئۇچقۇنلىرىنى ئەتراپقا چاچتى. يالقۇنلارنى جەنۇبقا ئەكەتتى. چېقىرتىكەنلىكتىن چاراسلىغان ئاۋازلار چىقاتتى. ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلار كېچىنى بىر ئالاتتى. يالقۇنلار تۆزلەڭنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە ئۇتتىشاتتى. تاڭ سەھەرگىچە پۈتكۈل دىكەنلى تۆزلەڭلىكى يالقۇنغا چۆمدى. تۆزلەڭلىك ئوت دېڭىزى ئىچىدە چايقىلاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەمەت ئاۋاقتىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. ئۇ ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتتى.

شۇ كۈندىن ھازىرغىچە دىكەنلى تۆزلەڭلىكىدىكى دېھقانلار ھەر يىلى يەرگە سايان سېلىشتىن بۇرۇن چېقىرتىكەنلىككە كېلىدۇ. زور توي - بايرام قىلىپ تىكەنگە ئوت قويۇشىدۇ.

تۈزلەڭلىك ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. كۆيۈۋاتقان تىكەنلىكتىن ۋالىق ـ چۇلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئوت بىلەن بىللە ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدا بىر توپ يورۇقلۇق كۆتۈرۈلىدۇ. تاغنىڭ چوققىسى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئاقىرىدۇ، يوپيورۇق كۈندۈزدەك بولۇپ تۇرىدۇ.



بۇ كىتاب 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىستانبۇل «تۇروس نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据伊斯坦布尔《图如斯出版社》1984年8月土耳其文版翻译出版。

## مەمەت ئاۋاق (2)

ئاپتورى: ياشار كامال (تۈركىيە)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتاي ساقىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەيسا
مۇھەررىرلىرى: تۇختى باقى، قۇربان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شىڭتوڭ مەتبەئەچىلىك ياي جەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 19.5
نەشرى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 − 7 − 228 − 14416 − 7
باھاسى: 53.00 يۈەن

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# مەمەت ئاۋاق

ISBN 978-7-228-14416-7

9 787228 144167 >

定价：53.00元